

# ئەقىدە

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئەقىدە

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : مەمەت نەۋبەت



ISBN 978-7-228-12203-5
定价:35.00元


ئەقىدە
رومان
تەرجىمە قىلغۇچى : ئۆمەرجان ئاموت
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

誓鸟：维吾尔文/张悦然著；吾买尔江·阿木提译.
乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008.12
ISBN 978-7-228-12203-5

Ⅰ.誓… Ⅱ.①张…②吾… Ⅲ.长篇小说-中国-当代-维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 210762 号

责任编辑 穆纳尔江·托合塔洪
责任校对 再米拉,沙娜瓦尔
特约校对 万力·在顿
出版发行 新疆人民出版社
地　　址 乌鲁木齐市解放南路 348 号
电　　话 (0991)2827472
邮　　编 830001
经　　销 新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷 新疆新华印刷二厂
开　　本 880×1230 毫米 1/32
印　　张 14.875
版　　次 2008 年 12 月第 1 版
印　　次 2008 年 12 月第 1 次印刷
印　　数 1-3000 册
定　　价 35.00 元

# مۇندەرىجە

قۇلۇلە قېپى ........................................ 1
موكا سىلىش ........................................ 67
ئەينەك سىلىقلاش ........................................ 149
قەغەز سار ........................................ 251
قاشتېشى تېرىش ........................................ 283
خۇشبۇي مۇشۇك ........................................ 325
كېمە كۆيدۈرۈش ........................................ 399
قۇلۇلە قېپى ........................................ 453
مەن بىر چۈشپەرەس، چۈش سېتىپ جاھاندارچىلىق
قىلىمەن (خاتىمە) ........................................ 470

*ئەسلىمە شۇنچىلىك گۈزەلكى، روھ ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈكۈم- تالقان بولۇپ كەتسىمۇ ئەرزىيدۇ .*

# قۇلۇلە قېپى

گۈللەر ھامان تۇزۇيدۇ سولۇپ ،
يىللار ئادەمچۇن قېرىتقۇچ بولۇپ ،
ئەينى چاغ بىپايان دېڭىز بولغان جاي ،
ئۇشبۇ چاغ تۇرمامدۇ تۇپىلار تۇزۇپ .

— خەن شەنزى : «شاپتۇل چېچىكى»دىن

# ئالدىنقى بۆلەك

*ئۇنىڭ كۆزلىرى قارىغۇ بولۇپ قالغىلى ئۇزۇن يىللار بولغان، قارىچۇقلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، لېكىن كىشىلەر يەنىلا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ناھايىتى ئۆتكۈر نۇرنى كۆرەلەيدۇ؛ ئۇنىڭ قورغاقلىشىپ يېرىلىپ كەتكەن لەۋلىرى قاچانلا قارىسا تاتىرىپ تۇرىدۇ، سۆيۈلۈشكە نائىل بولمىغىلى قانچىلىك ئۇزاق ۋاقىت بولغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ؛ ئۇ ئەزەلدىن ئاياغ كىيمەي، يالاڭ ئاياغ يول ماڭىدۇ. قاننى كېچىپ مېڭىپ باققان پۇتلىرىنىڭ تاپىنى قىزىل، مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان بۇ قىپقىزىل رەڭ يامغۇر سۈيىنىڭ يۇيۇشى بىلەن تېخىمۇ قېنىق كۆرۈنىدۇ؛ ئۇزۇن چاچلىرى تۇپىلاشقان ھايۋانلارغا ئوخشاش ئىزچىل ھالدا ئۈن ـ تىنسىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈرىدۇ، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قارا چاچلار چارلىشىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئۆسۈۋاتىدۇ، داۋاملىق ئۆسۈپ، خۇددى يىلتىزغا ئوخشاش زېمىنغا چوڭقۇرلاپ كىرىپ، ھەر قېتىم ئەزرائىل ئۇنى ئېلىپ كەتمەكچى بولغاندا، ئۇنىڭغا چىرمىشىپ، ئۇنى قەدەم ئالدۇرمايدۇ. ئەزرائىل ئۇنى ئامالسىز قويۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ يەنە ئون يىل ۋاقىت ياشىۋېلىشىغا يول قويىدۇ. ئون يىل، يەنە ئون يىل ...*

## 1

چۈن چى بىلەن بىللە سەيلىگە چىققانلىق ھەققىدە مېنىڭ خاتىرەمدە بىرلا ئەسلىمە ساقلىنىپ قالغان، ئۇ مېنىڭ توققۇز ياشلىق چاغلىرىم ئىدى. ئۇ مېنىڭ زېرىكىشلىك بالىلىق چاغلىرىمدىكى ئەڭ خۇشال، شۇنداقلا ئەڭ ھەسرەتلىك بىر كۈن

بولغانىدى .

ئۇ كۈنى چۈن چى مېنى گۈللۈك پانۇس سەيلىسىگە ئاپىرىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا ، مەن ھەم ھەيران قالدىم ، ھەم خۇشال بولدۇم .

ئۇ بىر قارىغۇ ئايال تۇرسا ، قانداقسىگە پانۇس سەيلىسىگە بېرىشقا ئىشتىياقى قوزغىلىپ قالغاندۇ ؟ مەن بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى بەلكىم پەقەت مېنى خۇشال قىلىش ئۈچۈنلا بولۇشى مۇمكىن ؛ دەپ ئويلىدىم . مەيلى قانداقلا بولسۇن ، چۈن چى بىلەن بىللە سەيلە قىلىشنى ئۆزۈم ئۈچۈن تولىمۇ شېرىن مۇكاپات ھېسابلايتتىم ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە يۈرىدىغان چاغلار ، ھەربىر دەقىقە توققۇز ياشلىق ئوغۇل بالا ئېرىشىشنى ئەڭ ئارزۇ قىلىدىغان نەرسە ئىدى .

ئۇ كۈنى بىر بايرامغا ئوخشاش تۈس ئالغان ، ئۇچامغا كېيىۋالغىنىم ئىنىكئانام لەن ھاماچا چاغاندا تىكىپ بەرگەن يېڭى كىيىم ، پۇتۇمدىكىسىمۇ يېڭى كەش ، بۇلارنى كىيىپ سىرتقا چىقىپ باقمىغانىدىم . چۈن چى يەنە لەن ھاماچىغا چىلانلىق ھورنانىدىن بىرقانچىنى سالدۇرۇپ ، ئوزۇق - تۈلۈك خالتىسىغا قاچىلىتىپ ، مېنىڭ ئېلىۋېلىشىمغا تاپشۇردى ، بەلكىم پانۇس سەيلىسىدە ئۇزاق مېڭىپ قورسىقىمنىڭ ئېچىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن بولسا كېرەك . بىز بارىدىغان بازار ئۆيدىن ناھايىتى يىراق بولغاچقا ، چۈن چى بىزنى ئاپىرىپ قويۇشقا ئالايىتەن ئات ھارۋىسى ياللىۋالدى .

پانۇس سەيلىسىدە بىز ناھايىتى يېقىن ماڭدۇق . ئۇ مېنىڭ يېتىلىۋېلىشىمنى رەت قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپ كەتكەن كوچىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىتتىرىشى بىلەن يەڭلىرىم چۈن چىگە نەچچە قېتىم تېگىپ كەتتى . ئۇ دائىم دېڭىز سەپىرىگە چىقىدىغان بولغاچقا ، ئۇنىڭ كىيىملىرىدىن دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ پۇرىقى كېلەتتى ، بۇ خىل پۇراق لەشكە ئوخشاش رايىش ئىدى ، قىستاڭچىلىق كوچىدا كېتىۋاتقان بولساقمۇ ، چۈن چىنىڭ ئەتراپى يەنىلا شۇنداق ئۆزگىچە ، مەن ناھايىتى ئاسانلا ئۇنى

باشقىلاردىن پەرقلەندۈرەلەيتتىم . ئۇ ئەزەلدىن ئۆزىنى باشقىلارغا يېتىلەتمەيتتى ، شۇڭا يېنىدا ئاستا قەدەملەر بىلەن كېتىۋاتقان ئايالنىڭ بىر ئەما ئىكەنلىكىنى ھېچكىم سېزىۋالالمايتتى .

رەڭلىك پانۇسلار بىلەن تولغان بۇ كوچا تولىمۇ ئۇزۇن ئىدى . بىز كىشىلەر ئېقىنىغا ئەگىشىپ بىر ـ بىرىمىزگە لام ـ جىم دېمەي كېتىۋاتاتتۇق . چوكىلىق قەندالەت ساتىدىغان يايمىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ يايمىچىنىڭ خېرىدار چاقىرىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىلا ، ئۇ تۇيۇقسىز توختاپ ، چوكىلىق قەندالەتتىن بىرنى سېتىۋېلىپ ماڭا سۇندى . مەن داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدىم ، بىرھازادىن كېيىنلا ئۇنىڭ ماڭا ئۇزاتقان نەرسىسىگە قول سۇندۇم ، چۈنكى نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان ئۇ ماڭا ھېچقانداق بىر نەرسە ئېلىپ بېرىپ باقمىغانىدى . بىز داۋاملىق ماڭدۇق ، ئۇ يەنە توختاپ ماڭا قەغەز پانۇس ئېلىپ بەردى . مەن تېخىمۇ ھەيرانلىق ئىچىدە ئۇنىڭ قولىدىن ئالدىم . پانۇستىكى ئوت خۇددى كومزەككە قاپسىلىپ قالغان قارا چېكەتكىگە ئوخشاش ساراسىمە ئىچىدە ئۆزىنى ئۇياق ـ بۇياققا ئۇرۇپ ، ئاران تىنچلاندى .

شۇ چاغدا كۆڭلۈم قانداقتۇر بىر خىل شۇملۇقنى سەزگەندەك تىنچسىزلىنىپ كەتتى .

ئۇ ماڭا ئېلىپ بەرگەن چوكىلىق قەندالەتنى ئىشتىھا بىلەن يەۋەتتىم ، قەغەز پانۇسنىمۇ خۇشال ھالدا كۆتۈرۈۋالدىم . مەن يەنىلا قولىقى يۇمشاق بالا ئىدىم ، ئۇ مېنى ئازغاشتۇرۇۋەتمەكچى بولغان تەقدىردىمۇ ، يەنىلا ئەڭ رايىش چېپار بۇغا بالىسىدەك ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈرەتتىم .

ئىككى ئاش پىشىمچە ۋاقىتتا بىز كوچىنىڭ ئاخىرىغا چىقتۇق . چۈن چى گۈيخۇا گۈلى ئارىلاشتۇرۇلغان گۈرۈچ پىروژنىسى يېگۈسى كېلىۋاتقانلىقى ، لېكىن ماڭغۇدەك مادارى قالمىغانلىقىنى ئېيتىپ ، مېنى ئۇدۇلدىكى يايمىدىن سېتىۋېلىشقا بۇيرۇدى . مەن ئۇنىڭ قولىدىن پۇلنى ئېلىپ ، پانۇسنى كۆتۈرگىنىمچە يولنىڭ قارشى تەرىپىگە قاراپ ماڭدىم . ھېچقانچە ماڭماستىنلا ئارقامغا

بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم : ئۇ يەنىلا ئەسلىدىكى ئورنىدا تۇرۇپ مېنى ساقلاۋاتاتتى ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى چىراغلاردىن نۇر چاقناپ تۇراتتى . جۇيخۇا گۈلى شەكلىدىكى چىراغنىڭ يورۇتۇشىدا ئۇ شۇنچىلىك جۇدەڭگۈ ، مەيۈس كۆرۈنەتتى ، يوشۇرۇشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىۋاتقان بولسىمۇ ، كۆزلىرىدىكى ئاشۇ ئېسەنگىرەش ئالامەتلىرى هامان كۆزگە چېقىلىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر يورۇش چىراغلار «مۆتىۋەر كىچىك خانىشنىڭ مەست بولۇشى» دەپ ئاتىلاتتى ، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئازغىنىپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ ، بۇ چىراغلارنى كۆڭلۈمدە بەلگە قىلىۋالدىم .

مەن قىزىق هورى چىقىپ تۇرغان گۇرۇچ پىروژنىسنى كۆتۈرۈپ «مۆتىۋەر كىچىك خانىشنىڭ مەست بولۇشى» دېگەن چىراغنىڭ تۈۋىگە كەلگىنىمدە ، چۈن چىنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى . تۇيغۇم مېنى ئۇنىڭ بۇ يەردىن قەستەن كېتىپ قالغانلىقىغا ئىشەندۈرۈۋاتقان بولسىمۇ ، مەن يەنىلا شۇ ئورۇندا ئەخمەقلەرچە ساقلاپ تۇرىۋەردىم . بۇ چاغدا هاۋا بىردىنلا ئۆزگىرىپ ، شىمال شامىلى غالجىرلارچە ئەدەپ ، كىشىگە تولىمۇ يېقىشلىق بۇ ئاخشام ئەپت - بەشىرىسى يىرگىنچلىك تۈسكە كىردى . يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەر ئېقىنى بارغانسېرى شالاڭلىدى ، «مۆتىۋەر كىچىك خانىشنىڭ مەست بولۇشى» دېگەن چىراغنىڭ نۇرىمۇ ئاستا - ئاستا سۇسلىدى ، ئەتراپتىكى يايمىچىلارمۇ يايمىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئۆيلىرىگە ئالدىراپ مېڭىشتى .

ۋەهالەنكى ، مەن يەنىلا شۇ جايىمدا تۇرۇۋاتاتتىم ، مەن ئۇ يەردە قار قاتتىق ياققۇچە تۇردۇم .

مەن چۈن چىنىڭ قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم ، ئۇ مېنى تاشلىۋەتكەنىدى ، بۇ دەل ئۇنىڭ مېنى پانۇس سەيلىسىگە ئېلىپ كېلىشىدىكى مەقسىتى ئىدى . مۇشۇلارنى ئويلاۋاتقىنىمدا ، ياشلىرىم كۆز چاناقلىرىمغا پاتماي قالدى .

مەن ئەڭ ئاخىرقى كىشىلەر توپىغا ئەگىشىپ بازاردىن

چىقتىم، قەغەز پانۇستىكى سەكرەپ تۇرۇۋاتقان ئوت يالقۇنىنى ئۆچۈرۈپ، ئۇنى يىرتىق قەغەز پانۇسلار دۆۋىلەپ قويۇلغان ئەخلەت دۆۋىسىگە تاشلىۋەتتىم. مانا مۇشۇنداق قىلىپ ئۆينى ئىزدەش سەپىرىگە قەدەم قويدۇم. ئۇشقىرتىپ چىقىۋاتقان شىمال شاملى ماڭا يول باشلىماقتا، مەن بىر يۆنىلىشكە قاراپ يۈگۈرۈپ مېڭىۋاتاتتىم، ئۆي چوقۇم ئالدىمدا دەپ قەتئىي ئىشىنەتتىم. يەلكەمگە ئارتىۋالغان ئۈچ هورنان بارغانسىرى قېتىپ، خۇددى چىلىك تۈگۈلگەن ئۈچ موشتەك دۈمبەمگە زەرب بىلەن ئۇرۇلاتتى.

يېڭى ياغقان قار يەر يۈزىدە نېپىز بىر قەۋەت يېپىنچا هاسىل قىلغان، ئادەم بۇنداق يولدا يۈگۈرگەندە هە دېگەندىلا يېقىلىپ چۈشەتتى. يول بويى يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ قانچە قېتىم يىقىلغانلىقىمنى بىلمەيمەن. يول ئېغىزلىرى بەك كۆپ ئىدى، ئازراقلا يۈگۈرگەندىن كېيىن يول سوراشقا توغرا كېلەتتى. لېكىن، بارغانسىرى كېچە بولۇپ كېتىۋاتقاچقا، كوچىدا ئادەم تاپقىلى بولمايتتى، مەن ئامالسىز يول ياقىسىدىكى ئىككى ئۆيلۈكنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ، ئاشۇ ئۇيقۇسىراپ تۇرغان كىشىلەردىن ئۆيۈمگە قايتىدىغان يولنى سورىدىم.

مەن ئاخىر تاڭ ئاتقاندا ئۆيگە يېتىپ كەلدىم. قار توختار ئەمەس، بارغانسىرى ئەدىمەكتە. بۇ قىش كىشىلەر تەسەۋۋۇرىدىكىدىن كۆپ ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتكەنىدى.

لەن هامماچىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كۆرگىنى پۇت - قولى قولاشمايۋاتقان قار ئادەم بولدى، ئۇ قولىدا قۇرۇقدىلىپ قالغان ئوزۇق - تۈلۈك خالتىسىنى تۇتقىنىچە تىترەپ تۇراتتى. لەن هامماچا هەم هەيران، هەم خۇشال بولغان هالدا:

— هەرنېمە بولسا قايتىپ كەپسەن. چۈن چى خانقىز سېنىڭ بىلەن ئازغىشىپ كەتكەنلىكىنى دېۋىدى، ئۇ شۇنچىلىك كىچىك تۇرسا ئۆينى تېپىپ كېلەلەرمۇ، دەپ بەك ئەنسىرىدىم، كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم، — دېدى.

ئۇ سۆزلىگەچ مېنى ئالدىغا تارتىپ ئۇستۇبېشىمدىكى قارلارنى قاقتى.

چۈن چى خېلىلا ۋاقچە ئويغاندى ، ھۇجرىسىدىن چىقىپ ، مېھمانخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختىدى ، خۇددى مېنىڭ ھىدىمنى ئالغاندەك قىلاتتى . ئۇ جايىدا قىمىر قىلماي ، ئەتراپتىكى تىۋىشقا سۈكۈت ئىچىدە قۇلاق سالدى .

مەن دېمىمنى چىقارماستىن ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىگە قارىدىم ، چىرايىدىن خاتىرجەملىك چىقىپ تۇراتتى . ئۇ ماڭا قىلچىلىكمۇ خاپا بولمىغاندەك بىلىندى ، كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشتى . مەن بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ ، ھورى چىقىپ تۇرغان ئاشنى خولۇپىلىتىپ ئىچىشكە باشلىدىم .

خۇددى ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك كەيپىيات ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى .

ئۇنى كۆرگەن چېغىمدا ياشلىرىمنىڭ ئىختىيارسىز تۆكۈلگەنلىكىنى ئۇ بىلمەيدۇ ، ئاخىر ئۇنى يەنە كۆردۈم ، ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇنداق يېقىن ئارىلىقتا تۇرالىدىم ، ئۇنىڭ ماغدۇرسىز ، ئەمما تەكەببۇر يۈرەك سوقۇشلىرىنى يەنە ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولالايدىغاندەك قىلاتتىم . مەن كۆزلىرىمدە ياش ، چۆپنى ئاغزىمغا سالاتتىم ، ياشلىرىمنى يوشۇرۇش ئۈچۈن بېشىمنى بەكلا تۆۋەن قىلىۋالدىم ، يۈزلىرىم قاچىغا تېگىپ قالايلا دېدى .

شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەر يەنە ئادەتتىكىچە ئۆتىۋەردى ، بىز بۇرۇنقىدەكلا بىر تورۇسنىڭ ئاستىدا تىنچ ـ ئىناق ياشاۋەردۇق . قىش چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇن چۈن چى يەنە بىر قېتىم دېڭىز سەپىرىگە ماڭدى ، مېڭىش ئالدىدا لەن ھاماچىغا ماڭا ياخشى قاراشنى تاپىلاشنى ئۇنتۇپ قالمىدى .

## 2

ئەقلىمگە كەلگەندىن باشلاپلا چۈن چىنىڭ مېنىڭ تۇغقىنىم ئەمەسلىكىنى بىلگەنىدىم ، ئۇ پەقەت مېنى بېقىۋالغۇچىلا ئىدى ، خالاس . ئاتا ـ ئانامنىڭ نەگە كەتكەنلىكى توغرىسىدا ئۇ ئەزەلدىن ماڭا ئېغىز ئاچمايتتى .

لەن هاماچىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ مېنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن چاغدا مەن تېخى يېشىمغىمۇ توشمىغان، كۆزلىرىم تولىمۇ تەشۋىشلىك ئىكەن. ئۇ چاغدىكى چۈن چى هازىرقىدىن مۇلايىم ئىكەن، لېكىن ئاسانلىقچە كۈلمەيدىغان بولۇپ قالغانىكەن، ئۇ مېنى ئىنىكئانام (لەن هاماچا) نىڭ قۇچىقىغا بېرىپلا، بىرەر ئېغىزمۇ چۈشەنچە بەرمەي هۇجرىسىغا كىرىپ كەتكەنىكەن.

لەن هاماچا دەسلىپىدە پەقەت چۈن چىنىڭ مىجەزى غەلىتە قېرى قىز ئىكەنلىكىنى، هېچقانداق ئۇرۇق - تۇغقىنىنىڭ يوقلۇقىنى، بىر چوڭ قورۇدا ئۆزى يالغۇز تۇرىدىغانلىقىنى، كۆزى ئەما بولسىمۇ، شۈكۈر قىلىپ ئۆيىدە ئولتۇرماي، بىر يىلنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەك ۋاقتىنى جۇڭگو بىلەن مالايا تاقىم ئاراللىرى ئارىسىدا قاتنايدىغان كېمىدە ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىكەن. كېمىدىكى تۇرمۇش لەن هاماچىغا ئوخشاش قائىدە - يوسۇنلۇق ئايالنىڭ نەزىرىدە ئەيش - ئىشرەتكە تولغان ۋە قالايمىقان هېسابلىنىدىكەن. بىر ئەما ئايال قانداقمۇ كېمىدە غەزەلخانلىق قىلىپ جان باقالايدىغاندۇ، دېگەننى ئويلىغاندا، لەن هاماچا ئۇنى جەبىر - جاپادا سولغۇنلىشىپ هالى قالمىغان قىياپەتتە تەسەۋۋۇر قىلغانىكەن.

لېكىن، ئۇ بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، چۈن چىنىڭ كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرىدىغانلىقىنى، كۆز تەكتى نەمخۇش، كىچىك قىزلارنىڭكىدەك سۈزۈك ئىكەنلىكىنى، يۈرۈش - تۇرۇشىدىكى تەمكىنلىكتىن ئەمالاردا كەم ئۇچرايدىغان مەغرۇرلۇقنى كۆرۈپ هەيران قالغانىكەن.

ئۇ كۆرگەن چۈن چى گۈزەل، ئەمما سوغۇق چىراي، جۇدەڭگۇ تېنى كەينىگە غايەت زور مەخپىيەتلىك يوشۇرۇنغان قىز ئىكەن. لەن هاماچا كۈچلۈك قىزىقىش ئىچىدە ئۇنىڭ دۇنياسىغا كىرىپتۇ. ئۆزىنىڭ ئاخىر بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشىنى لەن هاماچا مېنىڭ بىچارە قىياپىتىمگە ئىچى ئاغرىغانلىقىدىن دەپ چۈشەندۈردى. بىراق، مەن بىلىمەن، ھەقىقىي سەۋەب چوقۇم بۇ

ئەمەس .

لەن هامماچا مەن بىلەن چۈن چى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ تېگىگە يېتىشكە كۆپ يىللاردىن قىزىقىپ كېلىۋاتاتتى . ئەگەر باشقىلار بالا بېقىۋالسا ، بۇ بالىنىڭ ئۆز پۇشتى ئەمەسلىكىنى ئائىلىنىڭ بارچە يوشۇرغان بولار ئىدى ، چۈن چىدە مېنىڭ ئانام بولۇش خىيالىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى ، ماڭىمۇ ناھايىتى سوغۇق مۇئامىلە قىلاتتى . لەن هامماچا بۇنى زادىلا چۈشىنەلمەيتتى ، چۈن چىنىڭ كۆزى قارىغۇ ، بۇ بالىنى بېقىۋېلىشتىكى مەقسىتى ئۇنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ، ئاخىر ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولغاندا ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلدۇرۇش ئەمەسمىدۇ ؟ نېمىشقا بۇ بالىدىن قەستەن يىراقلىشىدىغاندۇ ؟ بۇ لەن هامماچىنىڭ خىيالى ئىدى .

چۈن چىنىڭ مېنى يېنىدا قالدۇرۇپ ئۆلۈمىنى ئۇزارتقۇزۇش خىيالى يوق ئىدى ، ئەمما لەن هامماچىدا دەل مۇشۇنداق ئوي بار ئىدى . لەن هامماچا يىراق جايدىن بۇ يەرگە ياتلىق بولۇپ كەلگەن ياقا يۇرتلۇق ئايال ، ئېرى بالدۇرلا تۈگەپ كەتكەن ، ئۇنىڭغا بىرەر پەرزەنتمۇ قالدۇرمىغان ، مەندەك بىر يېتىم بالىغا ئۇچراشنى ئۇ تەقدىر - قىسمەتنىڭ ھىممىتى دەپ بىلگەنىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ، مەن تولىمۇ ياۋاش ئىدىم ، لەن هامماچىنىڭ ئېيتىشىچە ، مەن كىچىك ۋاقتىمدا ھېچكىمنىڭ كارى بولمىسىمۇ يىغلاپ جاپا سالمايدىكەنمەن ، مۇشۇ خىل رايىشلىقىم بىلەن كىشىلەرنىڭ ئامراقلىقىنى قوزغايدىكەنمەن . ئۇنىڭ كۆڭلىدە ، مەن ناھايىتى ئاسانلا قانائەت تاپىدىغان ، قورسىقىنى تويدۇرۇپ ، كىيىمىنى كىيدۈرۈپ قويسىلا ، ئۆزى بىلەن ئۆزى يۈرۈۋېرىدىغان ، جاپا سالمايدىغان بالا ئىدىم .

لەن هامماچىنىڭ ماڭا كۆيۈنىدىغانلىقى ، لېكىن بۇنىڭ ئۇچۈن بىرەر جاۋابقا ئېرىشىشنى ئويلاپ باقمىغانلىقى ماڭا ئايان ، ئۇنىڭ كۆيۈنۈشى تولىمۇ پارچە - پۇرات ۋە ئاددىي ، كۈندىلىك تۇرمۇشقا چېچىلىپ كەتكەن ، ئۇنى ئايرىۋېلىش ۋە يوكسەكلىككە كۆتۈرۈش

تەس . بەلكىم مەن كىچىك چاغلىرىمدىلا تەقدىر دەرياسىنىڭ ئېقىش يۆنىلىشىنى كۆرۈپ يەتكەن بولسام كېرەك ، لەن هامماچىنى مەن ناهايىتى تېزلا غايىب بولىدىغان تارماق ئېقىن دەپلا تونۇيتتۇم .

پەقەت چۈن چىلا مېنىڭ قانىلىم ، قانداشلىقتىنمۇ چوڭقۇر بىر خىل هېسسىيات بىزنى بىر ـ بىرىمىزگە باغلاپ تۇراتتى ، بۇنى مەن چوڭقۇر هېس قىلغانىدىم .

## 3

چۈن چى كۆپىنچە ۋاقتىنى شىمالىي جۇڭگو بىلەن مالايا تاقىم ئارالـلىرى ئارىسىدا قاتنايدىغان كېمىدە ئۆتكۈزەتتى . بۇ كېمە بىرنەچچە ئايدا بىر قېتىم بۇ كىچىك شەهەرنىڭ جەنۇبىدىكى پرىستاندا توختىغاندا ، چۈن چى قىرغاققا چىقىپ ئۆيىگە قايتىپ قىسقا ۋاقىت تۇراتتى .

ئۇ هەر قېتىم پرىستانغا كەلگەندە ، هامان بىر ئېغىر ياغاچ ساندۇقنى ئېلىپ كېلەتتى ، بىرەر قارا ئىشچىنى ياللاپ خېلى جاپادا ئۆيىگە ئەكەلدۈرەتتى . قارا ئىشچى دەرۋازا ئالدىدا تۇراتتى ، توك ـ توك ـ توك… دەرۋازا هالقىسى كۈچلۈك تاراقلايتتى .

هەر قېتىم دەرۋازىنىڭ كۈچلۈك قېقىلغانلىقىنى ئاڭلىساملا ، چۈن چى قايتىپ كەپتۇ دەپ بىلەتتىم . مەن شەرقىي يان ئۆيدىن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چىقىپ مېهمانخانىدا ئۇنىڭ ئالدىغا چىقاتتىم .

ئۇ پەلەمپەيلىك دەرۋازىدىن كىرىپ كەلدى ، لەن هامماچا ئۇنىڭغا يول باشلاۋاتاتتى . ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى يىراقتىن كۆرۈپلا يۈرىكىم قاتتىق سىلىپ كەتتى .

ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى سۆسۈن رەڭلىك يىپەك كىيىمنىڭ رەڭگى ئۆڭگەن ، ئۇ كىرىشى بىلەنلا ماڭا ئۆيئىچى خىرەلىشىپ كەتكەندەك بىلىندى .

ئۇنىڭ بېشىدىن ئايىغىچە سەپسېلىپ چىقتىم ، بېشىدا هىلال ئاي شەكىللىك تارغاقتىن بىرى پەيدا بولۇپ قاپتۇ ، ئالتۇندىن نەقىش سېلىنغان تارغاق ئىكەن ، چوقۇم كېمىدىكى مېهمانلار سوۋغا

قىلغان دەپ ئويلىغىنىمدا، ئىختىيارسىز نۇرغۇن پەرەز، خىياللار پەيدا بولدى.

ئۇ لەن هاماچىنىڭ ھېلىقى ياغاچ ساندۇقنى ئىشىك ئالدىغا ئېھتىيات بىلەن ئەكەلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىلا، ئاندىن سەككىز كىشىلىك چاسا شىرە يېنىدا ئولتۇردى. مەن ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرىمەن، كۆزىنىڭ ئەمالىقىنى بىلىپ تۇرساممۇ بېشىم يەنىلا تۆۋەن سېلىقلىق، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاريالمايمەن. ئۇنداق قىلسام ئۇنىڭ چىشىغا تەگكەنلىك بولىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ.

بەك ئۇزاق كۆرۈشمىگەچكە، ئارىمىزدا قىلىشىدىغان گەپ يوقتەك بىلىندى. ئەگەر باشقىلار بولىدىغان بولسا، قايتا كۆرۈشكىنىدە جىمجىت ئولتۇرۇشقان تەقدىردىمۇ، بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇشىلا كۈچلۈك مۇھەببەتنى ھېس قىلىشقان بولاتتى. بىراق، بىزگە بۇ خىل مۇمكىنچىلىك يوق، ئۇ مېنىڭ چوڭقۇر مۇھەببەتلىك كۆزلىرىمنى كۆرەلمەيدۇ.

ئۇنىڭ كۆزلىرى مەن تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا قارىغۇ بولۇپ قالغانىكەن، ئۇ ئەزەلدىن مېنى كۆرۈپ باقمىغان.

ئەقلىمگە كەلگەندىن بۇيان ئۇ مېنى باغرىغا بېسىپ باققىنى يوق. ئالدىدا تۇرغان بۇ ئوغۇل بالا ئېگىزمۇ، پاكارمۇ، سېمىزمۇ، ئورۇقمۇ، ئۇ ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، ئۇزاق ھەم غېرىب يىللارنىڭ ئۇنى بارغانسېرى زەئىپ ۋە نازۇك قىلىپ قويۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈشكە ئامالسىز. ئوغۇل مېھىر ـ مۇھەببەتكە نائىل بولالماي تەمتىرەش ئىچىدە ئۆسۈۋاتقان بولسىمۇ، قەددى ـ قامەتلىك چوڭ بولۇۋاتاتتى.

كۆپىنچە ھاللاردا جۈرئىتىمگە مەدەت بېرىپ ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ بولغۇچە، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيگە كىرىپ كېتىشكە ماڭاتتى. مەن جىددىيلىشىش ۋە ئامالسىزلىق ئىچىدە قالاتتىم. ئۇ ئۆيگە بىرلا كىرىپ كەتسە ئۇزاققىچە چىقمايتتى، ھېچكىمنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلمايتتى. مانا ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىۋاتىمەن، گەپ قىلاي دەيمەنۇ، گېپىمنى تاپالمايۋاتىمەن.

ئۇ ئىشىك ئالدىدا توختاپ، ئېغىشىپ ساندۇقنى تاپتى ـ دە، قۇچاقلاپ كۆتۈرگىنىچە ھۇجرىسىغا ئاستا كىرىپ كەتتى. لەن ھاماچا مېنىڭ كەينىمدە تۇرۇپ، چۈن چىنىڭ ھۇجرىسىغا بوينىنى سوزۇپ قاراپ قويدى. ئىشىك يېپىلغاندىن كېيىن لەن ھاماچا ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ پەس ئاۋازدا:

— يەنە شۇ گۆھەرلىرىنى ئاختۇرغىلى كىرىپ كەتتى، — دېدى.

لەن ھاماچىنىڭ دەۋاتقىنى چۈن چى ساندۇققا سېلىپ ئەكەلگەن قۇلۇلە قاپلىرى ئىدى، لەن ھاماچا ئاشۇ ئۇزاق يىللاردىن بۇيان كۆزىتىپمۇ، چۈن چىنىڭ بۇ نەرسىلەرنى شۇنچە يىراق جايدىن ئەكېلىپ نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلەلمىگەنىدى.

مەن تېڭىرقىغان ھالدا ئاشۇ ئىشىككە قاراپلا قالدىم. ئۇ ئەمدى قاچان ئېچىلار، مېنىڭ بىردىنبىر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقىنىم مۇشۇ ئىدى.

چۈن چى ئۆيدە بولغان ئاشۇ كۈنلەردە مېنىڭ مەكتەپكە بېرىشقا رايىم تارتمىدى، ھەتتا ئۆيدىن بىرەر قەدەم ئايرىلىشقىمۇ كۆڭلۈم ئۇنىمايتتى. بىراق، لەن ھاماچا مېنىڭ دەرس قالدۇرۇشۇمغا يول قويمىدى، ئۇ: «ئەگەر ئۇنداق قىلساڭ، چۈن چىمۇ خاپا بولۇپ قالىدۇ» دەيتتى.

مەكتەپتىن ئۆيگە قايتىشىمدا يول ھەمىشە شۇنداق ئۇزۇن بىلىنەتتى. مەن كوچىلاردىن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ ئۆتەتتىم. قوشنىلار ئادەتتە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ماڭىدىغان، روھسىز بۇ بالىنىڭ كېيىنكىتەك چەبدەس يۈگۈرۈۋاتقىنىدىن ھەيران قېلىشاتتى. دەرۋازا قىيا يېپىقلىق ئىدى، مەن يېنىك ئىتتىرىپ ئاچتىم، يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپلا قالدى. ئۇدۇل ئۇنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىگە كەلدىم، كۆز ئالدىمدا قاپقاراڭغۇ قۇرۇق ئۆي ھەم ئىشىك يېنىغا سانجىپ قويۇلغان ئۆچۈرۈلمىگەن يېرىم كۈجە، يۈرىكىم قاتتىق ئېغىپ كەتتى، ئاستا مېھمانخانىغا چىقتىم.

ئوتتۇرىدىكى سەككىز كىشىلىك چاسا شىرە ئۈستىگە قويۇپ قويۇلىدىغان، چۈن چىغىلا خاس بولغان فارفور ئىستاكاننى لەن هاماچا يىغىشتۇرۇۋېتىپتۇ.

بەدىنىم بىردىنلا بوشىشىپ كەتتى، ماغدۇرسىزلىقتىن بوسۇغىدىلا ئولتۇرۇپ قالدىم، ئۇ كېتىپتۇ! بۇ گەپنى ئىچىمدە تەكرارلايتتىم. پۇتۇمنى سوزدۇم، پۇتلىرىم هويلىدىكى قويۇق يوپۇرماقلىق ئوت - چۆپلەر ئارىسىدا غايىب بولدى.

تومۇزغىلار قۇلاقنى يارغۇدەك چىرىلدىماقتا، ياۋا ئوت - چۆپلەر ئەسەبىيلەرچە ئۆسمەكتە، تۇيۇقسىز هاۋا بۇلۇتلاندى، بىرقانچە قېتىم چاقماق چېقىپ يامغۇر قۇيۇۋەتتى.

پۇتلىرىم ئاستىدىكى تۇپراق ئاززاق - ئاززاقتىن يۇمشاپ، لايىنىڭ يېقىشلىق پۇرىقى كۆتۈرۈلدى، يازنىڭ هىدى دىمىغىمغا ئۇرۇلدى، ئۇ شۇنچىلىك قۇدرەتلىك ئىدىكى، دۇنيادىن رايى يېنىپ كەتكەن ئادەمدە يەنە ئاززاق ئۈمىد تۇيغۇسىنى ئويغىتالايتتى. مۇشۇ كەمدە كېمىدىكى يولۇچىلار كېمە بۆلمىسىدىن قوللىرىنى چىقىرىشىپ سەگىتكۈچى يامغۇر تامچىلىرىدىن هۇزۇرلىنىشۋاتقانمىدۇ؟

## 4

لەن هاماچا چۈن چىنىڭ تېزرەك كېتىشىنى، بولسا زادىلا قايتىپ كەلمەسلىكىنى ئارزۇ قىلاتتى.

چۈن چى هەر قېتىم قايتىپ كەلگەندە لەن هاماچا بىلەن جېدىلى تۈگىمەيتتى. چۈن چى قۇسۇرچى هەم سەزگۈر ئىدى، لەن هاماچا نېمىلا ئىش قىلسۇن، ئۇ هامان رازى بولمايتتى. چۈن چى هەر قېتىم مېنى كۆرگەندە، مەن ئۇنىڭغا تېخىمۇ قالايمىقان ۋە چېچىلاڭغۇ بولۇپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتىم، ئۆيئىچى كۆكىرىپ قالغان نەرسىنىڭ پۇرىقى بىلەن توشۇپ كەتكەندەك بىلىنەتتى، هەتتا لەن هاماچا كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلغان گۈللۈكمۇ ئۇنىڭ نەزىرىدە گۈيخۇا گۈلى زىيادە كۆپ تېرىلغانلىقتىن پۇراق بەك

كۈچلۈك بولۇپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى . ئۇزۇن ئىشلىتىلمىگەن ھېلىقى ئىستاكانى يۇيۇلغاندىن كېيىن يەنىلا ئېچىغان نەرسىنىڭ سۇس پۇرىقى كېلىۋاتقاندەك بىلىنىپ ، مۇشۇنىڭ ئۇچۇنمۇ قاتتىق چېچىلاتتى . چۈن چىنىڭ تەلىپى بويىچە بولغاندا ، ئۇ بۇ يەردىن قانچىلىك ئۇزاق ۋاقىت ئايرىلسۇن ، بۇ يەردىكى بارلىق نەرسىلەر ئۆزگەرمەسلىكى ، ئۇ كېتىشتىن بۇرۇنقى ھالىتىدە تۇرۇشى كېرەك ئىدى .

لەن ھاماچا ئىزچىل تاقەت قىلىپ كېلىۋاتاتتى ، بۇنىڭدىكى سەۋەب ، ئۇنىڭ تەبىئىتىدىكى رايىشلىقتىن باشقا ، ئۆزى بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا ھېسسىيات جۇغلاۋاتقانلىقىدىن ئىدى . ھەش - پەش دېگۈچە ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى ، ئۇ كېتىدىغان چاغدىلا ، ئاندىن ئۆزىنىڭ بۇ يەردە شۇنچە كۆپ يىل تۇرغانلىقىنى سەزدى . ئەينى چاغدا ئۇنىڭ قۇچاقلىرىغا سىيىپ يۇرىدىغان بالا ھازىر ئۇنىڭدىن بىر باش ئېگىز ، ئۇ تىكىپ بەرگەن كۆك كىيىمنى كىيىۋالغان ، سىياقىدىن كېلىشكەن يىگىتچاقا ئايلانغانلىقى چىقىپلا تۇراتتى .

ئۇ مەن ئون ئۇچ ياشقا كىرگەندە ئاخىر يەنىلا كېتىش يولىنى تاللىدى . يېشى چوڭىيىپ قالغاچقا ، ئۆزىنى داۋاملىق جاپا ۋە كۆڭۈل ئاغرىقىغا دۇچار قىلماسلىقنى قارار قىلدى .

— شياۋ شىڭ ، — دېدى ئۇ ماڭا ، — سەن مەن بىلەن كەتكىن ، ئۇ ساڭا ئازراقمۇ كۆڭۈل بۆلمەيدۇ ، ئۇنىڭ يېنىدا قېلىپ نېمە ئىش قىلىسەن ؟ ئەگەر ئۇ ساڭا كۆڭۈل بۆلگەن بولسا ، سېنى تاشلىۋېتىپ بىر يىلنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەك ۋاقىتنى كېمىدە ئۆتكۈزمىگەن بولاتتى ! ئۇنىڭ يېشى چوڭىيىپ كەتكەن تۇرۇقلۇقمۇ يەنە نېمىشقا كېمىدىلا يۈرىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى كىم بىلىدۇ ؟ ئۇنى كېمىدە نېمە ئىش قىلىدۇ دەپ ئويلايسەن ؟ غەزەل ئېيتىپ ، نايناقلاپ ئەرلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېچىشتىن باشقا يەنە نېمىمۇ قىلسۇن ! ئۆيدىكى چاغلىرىدىمۇ ھەمىشە ھۇجرىسىغا سولىنىۋېلىپ

ئاشۇ قۇلۇلە قاپلىرى بىلەن ھەپىلىشىدۇ ، خۇددى كىشىلەرنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورقىدىغان ئىشى باردەك . ئۇنىڭ كۆزى كۆرمەيدىغانلىقى ئېنىق ، لېكىن ئەتراپتىكى ھەممىنى ئېنىق بىلىپ تۇرىدۇ ، ئۇ بەلكىم بىر ئالۋاستى بولۇشى مۇمكىن .

شۇنچە يىل بىللە تۇردۇق ، لېكىن لەن ھاماچا مېنى ئازراقمۇ چۈشەنمىگەنىكەن . چۇن چىنىڭ يامان گېپىنى قىلىۋاتقىنىدا مېنىڭ ئۇنىڭدىن قانچىلىك بىزار بولغانلىقىمنى ئۇ بىلمەيدۇ ، مەن ئۇنىڭ پاتقاق سۇۋۇشىپ كەتكەن پاسكىنا قولى بىلەن مېنىڭ چۇن چىگە بولغان سۆزۈك ھېسسىياتىمنى ئىلەشتۇرۇپ قوچۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمەن .

مەن بېشىمنى ئېچىمگە تىقىپ ئۇنىڭ يۇك ـ تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇشۇپ بېرىۋاتىمەن .

ئۇ مېنىڭ زۇۋان سۇرمىگەنلىكىمنى كۆرۈپ :

— نەچچە يىلدىن بۇيان ئازراق پۇل غەملەپ قويغانىدىم ، تېجەپ خەجلىسەكلا ئىككىمىزگە خېلى ۋاقىتقىچە يېتىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، مەن يەنە بىرەر يەردە ئىشلىسەممۇ بولىدۇ ، ئىشقىلىپ ، مەيلى قانداقلا بولسۇن ، سېنى جاپاغا قويمايمەن ، — دېدى .

ئۇ مېنىڭ يەنىلا گەپ قىلمايۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ ، ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىد ئىچىدە مېنى ئەسكەرتتى :

— توققۇز ياش ۋاقتىڭدا ئۇنىڭ سېنى پانۇس سەيلىسىگە ئاپارغانلىقى ئېسىڭدىمۇ ؟ ئۇ يىلى مەن تېخى ساڭا بىر يېڭى كەمزۇل تىكىپ بەرگەن ، قېنىق كۆك رەڭلىك . چۇن چىنىڭ قانداقسىگە مېھربانلىقى تۇتۇپ كەتتىكىن ، سېنى پانۇس سەيلىسىگە ئاپىرىدىغانلىقىنى ئېيتتى . سېنىڭ ئەينى چاغدا خۇش بولۇپ كەتكىنىڭ ، ماڭا قاراپمۇ قويماستىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چىقىپ كەتتىڭ . ئاقىۋەتتە قانداق بولدى ؟ ئۇ پانۇس كۆرۈۋاتقان جايدا سېنىڭ بىلەن ئازغىشىپ كېتىپتۇ . سەن تېخى كىچىككىنە بىر بالىغۇ ، بىر كېچە تېنەپ ئاران دېگەندە ئۆيىنى تېپىپ كەلدىڭ ! ئۇنى بىر قېتىملىق تاسادىپىيلىق دەپ ئويلامسىنا ؟ ئۇ قەستەن قىلغان ،

ئۇ سەندىن ۋاز كەچكەن، سېنى تاشلىۋەتمەكچى بولغان!

بۇ ئەلۋەتتە ئېسىمدە، يادىمدا ئىزچىل تۇرۇپ كەلگەن. لېكىن، ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، شۇ ئەسلىمىنى ھازىر يەنە بىر قېتىم يادىمغا كەلتۈرگەن چېغىمدا ھېچقانداق ئەلەم ۋە ئازاب ھېس قىلمىدىم. دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، شۇ يىلقى ئەھۋالنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە، قەلبىمدە چەكسىز يېقىملىق تۇيغۇ پەيدا بولدى، بۇ خىل تۇيغۇ خۇددى باھاردىكى يامغۇر تامچىلىرىدەك يېقىشلىق.

— شۇنداقلىقىنى بۇرۇنلا بىلەتتىم، — دېدىم مەن سوغۇققىنا. لەن ھاماچا ھەقىقەتەن ھەيران قالدى، لېكىن ئۇنىڭ يەنىلا بولدى قىلغۇسى كەلمىدى. ئۇ مېنىڭدىن:

— ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئاشۇ قېتىم نېمىشقا شۇنداق قىلغانلىقىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى.

بېشىمنى چايقىدىم.

— شۇنىڭدىن بۇرۇن مەن ئۇنىڭ بىلەن سەن توغرۇلۇق پاراڭلاشقانىدىم. مەن: «شياۋ شىڭ بەگزادە بارغانسېرى چىرايلىق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، كۆزلىرى شۇنداق چوڭقۇر، تېخى كۆك، پارسلارغىلا ئوخشايدۇ. ئوغۇل بالا ئاپىسىغا ئوخشايدۇ دېيىشىدىكەن، شاۋ شىڭ بەگزادىنىڭ ئاپىسى تەڭداشسىز ساھىبجامال بولسا كېرەك» دېدىم. مەن بۇ گەپلەرنى ئەسلىي ئۇنىڭغا ياخشى نىيەتتە دېگەنىدىم. چۈنكى، ئۇنىڭ سېنى شۇنچە يىل بېقىپ تۇرۇقلۇق تەقى - تۇرقۇڭنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى كۆرەلمىگەنلىكىگە ئىچىم ئاغرىيتتى. كىم بىلسۇن، گېپىمنى ئاڭلاپلا، ئۇنىڭ چىرايلىرى ئۆزگىرىپ غەزەپلىك تۈسكە كىردى. مەن ئۇنىڭدىن نېمە بولغانلىقىنى سورىسام، ئۇ سوغۇق كۈلۈپ شۇنداق بىر گەپنى قىلدى، پەرەز قىلىپ باقە، ئۇ نېمە دېگەندۇ؟ — لەن ھاماچا مېنى قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن تۈيۇقسىز توختىۋېلىپ ماڭا قاراپ تۇردى.

— نېمە دېدى؟ — پىچىرلىدىم مەن.

— ئۇ : «شياۋ شىڭنىڭ ئاپىسى ھەقىقەتەنمۇ بىر ساھىبجامال ئىدى ، بىراق ئۆمرى بەك قىسقا كەلگەن . ئەگەر شياۋ شىڭ ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان بولسا ، تۇزۇكرەك ئۆمۈر كۆرەلمەسمىكىن» دەۋاتامدۇ . قارا ، بۇ نېمىدېگەن زەھەرخەندىلىك بىلەن قىلىنغان گەپلەر ـ ھە ! ئېھتىمال... — لەن ھاماچا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ماڭا قاراپ قويدى ، — ئۆز ئاپاڭنى دەل ئاشۇ ئۆلتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن !

ئەڭ ئاخىرقى بىر جۈملە سۆز خۇددى كۆكۈچ ئېزىتقۇ ئوتتەك تۇيۇقسىز پۈركىلىپ چىقتى ، مەن ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتىم . لەن ھاماچىنىڭ چىرايىغا ئەمدى قارىغىنىمدا ، خۇددى كۆكۈچ ئوت پەيدا قىلغان كۆلەڭگىدەك پۈتۈنلەي ناتونۇش قىياپەتتە كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى .

— مەن بىلدىم ، — ئاستا گەپ قىلغاچ ئۇنىڭ يۇك ـ تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بېرىشنى داۋاملاشتۇردۇم .

ئۇ يۇك ـ تاقلىرى ئارىسىغا ئوغرىلىقچە تىقىۋالغان گۈللۈك جام ، غاز بويۇن لوڭقا قاتارلىق بىرقانچە دانە ئاسارئەتىقىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئورنىغا بەردىم . ھەممە نەرسە يىغىشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا :

— مەن سىزگە بىر ئات ھارۋىسى چاقىرىپ بېرەي ، ئەمدى كېچىكسىڭىز قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىدۇ ، يولمۇ دېگەندەك بىخەتەر ئەمەس ، — دېدىم .

لەن ھاماچا پەرىشانلىق ئىچىدە ماڭا قاراپ قالدى . كۆز ئالدىدىكى بۇ باغرى تاش بالا بارغانسېرى چۈن چىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىۋاتقان سۆز ئۇرانىدا ئۇنىڭغا سوغۇق گەپ قىلىۋاتاتتى . بۇ بالا بۇرۇن ئۇنىڭ باغرىدىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەن ، ئۇنىڭ يۇمشاق كۆكسىدىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەن ، سۈت پۇرىقى كېلىپ تۇرىدىغان كىيىملىرىدىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەن .

لەن ھاماچا ئەلەم ئىچىدە يىغلاشقا باشلىدى ، ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ماڭا ۋارقىرايتتى . ئۇ مېنى ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ،

ۋىجدانىنى ئىت يەپ كەتكەن، دەپ تىللايتتى، كىمنىڭ سۈتىنى ئىچىپ چوڭ بولغانلىقىنى، ھەر كۈنى كىمنىڭ ساڭا تاماق ئېتىپ بەرگەنلىكىنى، يامغۇر يېغىپ كەتكەندە كىمنىڭ مەكتەپ ئالدىغا بېرىپ سېنى ساقلايدىغانلىقىنى… ھەممىنى ئۇنتۇپسەن، دەپ تىللايتتى.

مەن مۇشۇنداق بىر كۈننىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئاللىبۇرۇن پەملەپ قويغاندەكلا قىلاتتىم. ئۇ ئەزەلدىن مېنى چۈشىنىپ باقمىغان، بۇ ئۇنىڭ خاتالىقى ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ سۆزلىرى مېنى نىيىتىمدىن ياندۇرالمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ماڭا بولغان مېھىر - شەپقىتىنى كېمەيتىۋېتىش رولىنى ئويناۋاتاتتى. مەن ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا كەم سۆزلۈكنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرگە تەۋە، مەيلى نېمىلا ئىش قىلاي، ئوچۇق - ئاشكارا ۋە پەرۋاسىز، باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشىگە ئېرەن قىلىپ كەتمەيمەن، كىشىلەر مېنىڭ نەزىرىمدە خۇددى يەر يۈزىدە يېيىلىپ يۈرىدىغان نېپىز تۇماندەكلا بىلىنىدۇ.

لەن ھاماچا يىغلاپ ھېرىپ، ۋارقىراپ ئاۋازلىرى پۈتۈپ، ئاخىر توختىدى، قولۇمدىكى يۈك - تاقنى يۇلۇۋېلىپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى. ئۇ بىر پۇتىنى بوسۇغىدىن ئېلىپ، يەنە تۇيۇقسىز قايتىپ كەلدى، ئاغزىنى قۇلىقىمغا يېقىن قىلىپ پەس ئاۋازدا:

— بۇ يەردە سەن زادى نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ — دېدى.

ئۇ مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى - دە، بوغجۇمنى ئېلىپ دەرۋازىدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان سىيماسىغا قارىغىنىمچە تۇرىمەن، ئۇنى، قېتىپ كەتكەن كىچىك پۇتلىرىنى، مەيدىسىدە لىغىلداپ تۇرغان كۆكسىنى تېخىمۇ ئېنىقراق كۆرۈۋېلىشقا تىرىشماقتىمەن. ماڭا ئايان، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭ قىياپىتىنى ئۇنتۇپ كېتىشىم مۇمكىن.

ئىنىكئانام بىر بىخەستە ئايال، لېكىن ئۇ مېنىڭ بېلىق يېيىشكە ئامراقلىقىمنى، باشقا گۆشلەرنى يېگۈم كەلمەيدىغانلىقىنى

بىلەتتى؛ يامغۇر ياغسا ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتىدىغانلىقىمنى، خۇشاللىق ئىچىدە يامغۇردا يۈرۈپ سوغۇق ئۆتكۈزۈۋالىدىغانلىقىمنى بىلەتتى؛ ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇمنىڭ دېڭىز ياقىسىغا بىرەر قېتىم بېرىپ بېقىش ئىكەنلىكىنى، ئەڭ چوڭ ئىنتىلىشىمنىڭ بىر كېمىچى بولۇش ئىكەنلىكىنى بىلەتتى… مېنىڭ ئەڭ كىچىك ئىستەك ياكى نەپرەتلىرىمدىن تارتىپ ئۇلۇغ غايىلىرىمغىچە ئۇ ھەممىنى بىلەتتى.

ئەمما، ئۇ نېمە ئۇچۇنكى، مېنىڭ چۇن چىگە نېمىشقا شۇنچە قىيالمايدىغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەيتتى.

يىللار ئۆتۈپ ئەقىل كىرگەنسېرى، ئۆز تەبىئىتىمدە بىر خىل سۆرۈنلۈكنىڭ بارلىقىنى بايقىدىم، بۇ تەرىپىم چۇن چىگە تولىمۇ ئوخشايتتى، ئۇزاق ۋاقىت بىللە ياشىغان كىشىلەرمۇ مەندە يېقىملىق ۋە ئىللىقلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلالمايتتى. ئۇلار مەن ئۇچۇن بىر خىل ھاۋا رايى، مەيلى قانداق ئۆزگەرسۇن، ماڭا ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى. ئەمما، چۇن چى بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

لەن ھاماچىنىڭ ئۆز ئاپامنى چۇن چىنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى مۇدھىش پەرىزى كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدە سۇس كۆلەڭگە پەيدا قىلىپ قويدى. لەن ھاماچىنىڭ خاتىرەمدىن ئۆچۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ خىيال ئاستا ـ ئاستا ئۆزۈمنىڭ خىيالىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى. كۈنلەر تولىمۇ زېرىكىشلىك بولۇپ كەتكەن ياكى چۇن چىگە بولغان سېغىنىشىم زىيادە كۈچىيىپ كەتكەن چاغلاردا، بۇ خىيالنى قېزىپ چىقاتتىم، بۇ خىل ئەھۋال خۇددى ئۆز لېۋىنى چىشلەپ يېرىۋەتكەندە سىرغىپ چىققان قان ھىدىنىڭ ئادەمدە قوزغىتىش پەيدا قىلغىنىغا ئوخشايتتى.

قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا بىر خىل غۇۋا ئىستەك پەيدا بولۇپ قېلىۋاتاتتى، يەنى ئۆز ئاپامنى راستىنلا چۇن چى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولۇپ قالسىكەن، دەپ ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتىم. چۇنكى، بۇ ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان سەۋەب، ئۇ

چۈن چى ئىككىمىزنىڭ ھاياتىنى بىر ـ بىرىگە چەمبەرچاس باغلاپ ، ئۆمـۈرۋايـەت ئـايـرىلماسلىقتەك قىسمەتنى پېشانىمىزگە پۈتكەن بولىدۇ .

كېيىنچە دائىم ئۆز ئاپامنىڭ ئىشىك ئالدىدا يىغلاۋاتقانلىقىنى چۈشەيدىغان بولۇپ قالدىم . ئۇنىڭ يىغا ئاۋازى شىلدىرلىغان بۇلاق سۈيىدەك كېچىدە ئاقاتتى . بۇ خىل چۈشنى نۇرغۇن قېتىم كۆردۈم ، بىراق ئاشۇ ئىشىكنى ئەزەلدىن ئېچىپ باقمىدىم . ئىشىكنى ئېچىش چۈن چىگە ئاسىيلىق قىلىشتىن دېرەك بېرەتتى ، مانا بۇ ئىشىكنى ئاچماسلىقىمدىكى سەۋەب بولسا كېرەك . مەن ئۆز ئاپامنىڭ تۇرقىنى كۆرۈپ باقمىدىم ، ئۇ كەلگەندە ھاۋا ھەمىشە ئالاھىدە خۇش پۇراققا تولاتتى .

## 5

چۈن چى ئۆيگە قايتىپ ئازلا ۋاقىت تۇرىدىغان ئاشۇ كۈنلەردە مەن مەكتەپكە بېرىپ باقمىدىم ، ھەر كۈنى ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدىلا يۈردۈم . ئۇ سىرتقا چىقمىسىمۇ ، ھەر كۈنى ئەتىگىنى يەنىلا تۈجۈپىلەپ پەرداز قىلاتتى ، كەچ بولغاندا ئاندىن كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ ، پەردازلىرىنى يۇيۇۋېتەتتى ، بۇ بەلكىم ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كېمىدە يېتىلدۈرگەن ئادىتى بولسا كېرەك ، دەپ ئويلايتتىم مەن .

بەزىدە ئۇنىڭ ھۇجرا ئىشىكى قىيا ئوچۇق قالغان چاغلاردا ، ئۇنىڭ ئۆزىنى پەردازلاۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيتتىم . ئۇنىڭغا ئەينەكنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى ، ئۇ دېرىزە ئالدىدا سەھەردىكى قۇياش نۇرىغا يۈزلىنىپ قاشلىق ئېتەتتى ، قاشلىق ئەتكەندە بارماقلىرىنى يۈزىدە بىر ئىلىك ـ بىر ئىلىكتىن يۆتكەپ ، قېشىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى تېپىپ ، ئاندىن قاش قەلىمىنى شۇ نۇقتىغا قويۇۋېلىپ ، قېشىنىڭ قۇيرۇقى تەرەپكە قارىتىپ ئاستا ـ ئاستا سىزاتتى . بەزىدە يۈزىدە يۆتكىلىۋاتقان بارماقلىرى مەلۇم جايلاردا تۇيۇقسىز توختاپ قاتتى ـ دە ، ئۇنىڭ خىيالى چېچىلاتتى . بۇنداق

چاغدا ئۇ چوقۇم يېڭىدىن پەيدا بولغان بىرەر قورۇقنى تۇتۇپ قېلىپ، مۇشۇنىڭ ئۇچۇن ئازابلىنىدىغان بولۇشى مۇمكىن.

ياسىنىپ ـ تارىنىپ بولغاندىن كېيىن، چۇن چى چوقۇم ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنى ھەم ئېتىپ، ئۆزىنىڭ قولۇلە قاپلىرىنى تەتقىق قىلىشقا باشلايدۇ.

ئاشۇ كېچىلەردە، ھەر قېتىم ئايال خىزمەتكار پۇت يۇيىدىغان سۇنى تەييارلاپ چۇن چىگە ئەكىرىپ بەرمەكچى بولغاندا، مەن يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ قولىدىكى ياغاچ چېلەكنى ئېلىۋېلىپ، ئۇنى قايتۇرۇۋېتەتتىم. مۇشۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىرەتتىم، ئۇنىڭ پۇتلىرى يېنىدا ئېگىشىپ، سۇ قولنى كۆيدۈرمىگۈدەك بولغۇچە ئىلەشتۇرەتتىم. ئۇ پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ سۇغا تىقاتتى. ئۇنىڭ پۇتلىرى تولىمۇ چىرايلىق ئىدى، تېرىلىرى كىچىك قىزلارنىڭكىدەك ئاق، لېكىن ئادەمنى ھەيران قىلىدىغىنى، تاپانلىرى قىزىل ئىدى. چۇن چىنىڭ تاپىنىنىڭ قىزىل ئىكەنلىكىنى، يۇغانسېرى قىزىرىپ، رەڭگى قېنىقلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى، يۇيۇپ چىقىرىۋېتىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.

دەرۋەقە ئاشۇنداق قىزىل ئىدى، قىزىللىقىدىن كۆزگە قادىلاتتى. مەن قاراپلا تۇراتتىم، قولۇمنى ئۇزىتىپ تۇتۇپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم. بۇ بىر خىل غەلىتە تۇيغۇ، قورقۇش ئەمەس، بەلكى ئەيمىنىش. بۇ پۇتلار ئىلگىرى قانداق يەرلەردە مېڭىپ باققان بولغىيدى، دەپ ئويلايتتىم. ئاستا سوزۇلغان بارماقلىرىم ئاخىر تاپان ئاستىدىكى قىزىل يوللارغا تەگدى. بۇ پۇتلاردىن چوقۇم نۇرغۇن قانلار ئېقىپ باققان، ھازىرمۇ ئاغرىمدىغاندۇ؟ توساتتىن قولۇمنى تازا سىلىق ئەمەستەك ھېس قىلىپ، يېرىك تېرىلىرىمنىڭ ئۇنىڭ پۇتىنى ئاغرىتىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالدىم. مەن ھودۇققىنىمچە بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇنىڭ چىرايىدا ئىپادە يوق، ھەيرانمۇ قالمىغانىدى.

ئوچۇق ھەم كۆركەم پۇتلار، سۇدىكى ترۇت بېلىقىغا ئوخشاش

ئۆزىگە خاس ھاياتلىققا ئىگە، ئۇ غوۋا ئۆتمۈش بىلەن باغلانغان. ئىككى قولۇم بىلەن تۇتۇپ تۇرغىنىمدا ئۇنىڭ تىنىقىنى ھېس قىلدىم، قولۇم ئاستا ـ ئاستا قىزىشقا باشلىدى.

مۇشۇنىڭ بىلەن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ، مەن سەزمەي قاپتىمەن.

ئۇ تۇساتتىن قاپىقىنى تۈرۈپ قوپال ھالدا:

— سۇ سوۋۇپ كەتتى، — دېدى.

مەن ئۇنىڭ پۇتلىرىنى ئالدىراپ ـ تېنەپ سۇدىن چىقاردىم، بۇ ھۆل بېلىقلارنى قۇرۇق لاتا بىلەن ئورىدىم.

— سۇنى ئالماشتۇرۇپ كىرەي، — مەن بەكلا ھودۇقۇپ كەتكەنىدىم.

— ھاجىتى يوق، — ئۇ سوغۇققىنا رەت قىلدى.

مەن ياغاچ چېلەكنى كۆتۈرگىنىمچە ئۇنىڭ ھۇجرىسىدىن مەيۇسلۇك ئىچىدە يېنىپ چىقتىم.

ئۇنىڭ ھۇجرىسىدا ياغاچ ساندۇقلار دۆۋىلىنىپ كەتكەن، بۇ ساندۇقلارغا كۆپ يىللاردىن بۇيان يىغقان قولۇلە قاپلىرى قاچىلانغان. ئۇ خۇددى مېيىتنىڭ قەبرە تاختىسىغا مۇئامىلە قىلغاندەك، بۇ قولۇلە قاپلىرىغا تولىمۇ ھۆرمەت كۆرسىتەتتى.

ئۇنىڭ مەخپىيەتلىكى قولۇلە قاپلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭ مەخپىيەتلىكىگە قىزىقمايمەن، پەقەت ئۇنىڭدىن ئەنسىرەيمەن. ئۇ ھەر قېتىم مەخپىيەتلىكى ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرگىنىدە، ھەمىشە قاتتىق ئازابلىناتتى. مەن ئۇنىڭ بەكلا غېرىب ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، بىرەر ئادەمنى تېپىپ دەردلىرىنى تۆككۇسى كېلىدىغاندۇ. بىراق، مەن ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا قانداق كىرەلەيمەن؟

*مالايا تاقىم ئاراللىرىدىكى بىر قىسىم يەرلىك قەبىلىلەردە ئەسلىمە ئادەمنىڭ ھاياتىدىكى قىممەتلىك نەرسە، ئۇ تەندىن ئايرىلىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ، دەپ قارىلىدىكەن. يەنە بىر*

قىسىم رىۋايەتلەردە، قۇلۇلە قاپلىرىغا ئەسلىمىلەر يوشۇرۇنغان بولىدۇ، دېيىلگەنىكەن.

ھەر كۈنى دېگۈدەك كېمىلەر ھالاكەتكە ئۇچراپ تۇرىدىكەن، ئۆلگەنلەرنىڭ جەسىتى دېڭىز ئاستىغا چۆكۈپ كېتىدىكەن. تەن سۇغا چىلىنىپ يۈرۈش جەريانىدا ئاستا - ئاستا ئاجرايدىكەن، ئەسلىمە خۇددى يېڭىدىن ئاپىرىدە بولغان بېلىق تۇخۇمىدەك ئىللىق سۇلارغا قېچىپ بېرىۋالىدىكەن، ئاندىن پاك قۇلۇلە قاپلىرىغا چاپلىشىۋالىدىكەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار ئاستا - ئاستا ئېرىپ، قۇلۇلە قاپلىرىنىڭ چوڭقۇر - تېيىز سىزىقچىلىرىغا سىڭىپ كېتىدىكەن.

ئېيىتىشلارغا قارىغاندا، بۇ مەخپىيەتلىكنى ئەڭ بۇرۇن بايقىغىنى بىر ئەما كىشى ئىكەن. ئەما بىر قېتىم تاسادىپىي ھالدا قۇلۇلە قېپىنى سىلاپ قاپتۇ، ئۇنىڭدىن ئاجايىپ بىر خىل ئاۋاز چىقىپتۇ. بارماقلىرىنىڭ قۇلۇلە قېپى ئۈستىدىكى ھەرىكىتى بارغانسېرى تېزلىشىپتۇ، ئاغزىدا دەۋاتقىنى ساپلا ئۇ تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن يۈز بەرگەن ئىشلار ئىكەن، ھەربىر گېپى توغرا بولغاچقا، ئاڭلىغان ئادەم ئىشەنمەي قالمايدىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئەما ھەممىلا جايدا قۇلۇلە قاپلىرىنى ئىزدەپ، خۇددى ئۇنىڭغا شەيدا بولۇپ قالغاندەك، كۈن بويى يېمەي - ئىچمەي، قۇلۇلە قاپلىرىنى سىلاش بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ. مۇشۇنداق قىلىپ، ئۇ يەنە خېلى يىللار ياشاپتۇ. ئەما ئۆلۈش ئالدىدا كاللىسى تۇيۇقسىز ناھايىتى سەگەكلىشىپ، مۇشۇ قەبىلە نەچچە يۈز يىل مابەينىدە باشتىن كەچۈرگەن ئىشلارنى بىردەم ئۈزۈك، بىردەم ئۇلانما ھالەتتە يەتتە كېچە - كۈندۈز سۆزلەپتۇ.

## 6

چۈن چى قۇلۇلە قېپىنى ئالىقىنىغا قويغاندا، ئۇنىڭدىكى سىزىقچىلار بىلەن ئالىقاندىكى سىزىقچىلار ئۇدۇل چۈشۈپ، ئىرماش - چىرماش بولۇپ كېتەتتى. ئۇ لەۋلىرىنى قۇلۇلە قېپىغا

يېقىن قىلىپ، ئۇنىڭغا پەس ئاۋازدا شىۋىرلايتتى، قۇلۇلە قېپى ئۇنىڭغا ئىككىلىنىپ جاۋاب قايتۇراتتى. قۇلۇلە قېپى ئۇنىڭ قولىدا ئارام تاپقان، ئۇ كۆندۈرۈۋالغان جانىۋار ئىدى.

مەن چىمىلدىقنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇپ، ئۇنىڭ قۇلۇلە قېپىغا قىلغان گەپلىرىنى ئاڭلايتتىم، ئاشۇ سىلىق پىچىرلاشلار ھەمىشە مېنى مەپتۇن قىلىۋالاتتى. ئۇ خۇددى يېپيېشقاق نەمخۇش ھاۋاغا، شۇنداقلا بالىلىق چاغلىرىمدا دېرىزە تەكچىسىگە چىقىۋېلىپ، زىچ ئۆسكەن يالمانقۇلاقنى قايرىپ تۇرۇپ كۆرىدىغان سۇزۇك ئاسمانغا ئوخشاش مېنى شەيدا قىلاتتى. قۇلۇلە قاپلىرىنىڭ جاۋابى خۇددى تەمتىرىگەن يامغۇر سۇلىرىنىڭ لەمپىگە ئۇرۇلغىنىغا ئوخشايتتى. سۇنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازى مېنىڭ پۈتكۈل بالىلىق چاغلىرىمغا سىڭىپ كەتكەن، ئەڭ ئاخىردا يىغىلىپ بىر ئېقىننى شەكىللەندۈرگەن. مەن بۇ ئېقىنغا چۆكۈپلا كېتىشكە، بۇ ئاۋازنىڭ قۇلى بولۇشقا رازى.

قۇلۇلە قېپىنىڭ سىرتقى يۈزى ئازراق قىزىغاندا، ئۇ پىچىرلاشتىن توختاپ، بارماقلىرى بىلەن قۇلۇلە قېپىنى سىيپاشقا باشلايتتى، بۇ خىل سىيپاش قۇلۇلە قېپى پىرقىرىغۇچقا ئوخشاش ئۆزى پىرقىرىغۇچە داۋاملىشاتتى. چېۋەر بارماقلار قۇلۇلە قاپلىرىنىڭ سىزىقچىلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئەسلىمىلەرنى بىردىن - بىردىن يىغاتتى...

ئۇيقۇدىن ئۇسساپ ئويغانغان بىر چۈشتىن كېيىنلىكى، مەن تۇيدۇرماي مېھمانخانىغا كىرىپ سۇ ئىچتىم، ئاندىن ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا بېرىپ، چىمىلدىقنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇپ ئۇنى ئوغرىلىقچە كۆزىتىشكە باشلىدىم.

ئۇ شىرەگە لىق كەلگەن، گۆھەردەك پارقىراپ تۇرىدىغان قۇلۇلە قاپلىرىغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇلار قولياغلىق بىلەن سۈرتۈلۈپ، خۇددى كىچىك قىزلارنىڭ قوۋۇزىدەك پارقىراق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىم غۇۋالىشىپ كەتكەچكە، ئۇ قۇلۇلە

قاپلىرى كېسىلگەن كاللىلاردەك كۆرۈنۈپ كەتتى، قەيەردىن كىرگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان شامال ئۇلارنى يېنىك تەۋرىتىپ تۇراتتى. چۈن چىنىڭ قۇرۇپ كەتكەن كۆز ئۇۋىسى ئازراق ـ ئازراقتىن نەمدىلىشكە باشلىدى، خۇددى ماياك قاپقاراڭغۇ دېڭىز يۈزىنى يورۇتقاندەك. پەقەت مۇشۇنداق چاغلاردىلا ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرىنى ئېنىق كۆرەلەيتتىم. ئاشۇنداق چىرايلىق قارىچۇقلارنىڭ كۆرەلمەيدىغانلىقىغا ھېچكىمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

ئۇ بارماقلىرىنى قۇلۇلە قاپلىرىغا سوزۇپ، ئۇلارنىڭ پارقىراق ھەم سىلىق پېشانىسىنى سىلىدى. ئۇلارغا كۈچلۈك ھەسەتخورلۇقۇم قوزغالدى. ئۇ ئەزەلدىن مېنى بۇنداق سىلاپ باقمىغان، ئەزەلدىن. مەن كەينىمگە بۇرۇلۇپ ھۇجرامغا يۈگۈرۈپ قايتىپ كىردىم ـ دە، ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم، كۆزۈمنى يۇمۇپ، سۆسۈن يىپەك پەردىنىڭ بىر بۇرجىكىدىن تارتىپلا، كۆزلىرىمدىن سىرغىپ چىقىۋاتقان ياشلىرىمنى ئىمكان بار سىلىقراق سۈرتۈشكە تىرىشتىم.

مەن بۇرۇن چۈن چى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېيىپ قويغان قۇلۇلە قېپىنى چېقىۋەتكەنىدىم، مېنىڭ چېقىۋەتكىنىم بىر ئاق رەڭلىك قۇلۇلە قېپى، ئۇنىڭ چوققىسى ۋە سىرتقى لېۋىنى پۇچۇق قىلىپ قويغانىدىم.

ئۇ ماڭا تەن جازاسى بېرىپ، مېنى تىزلاندۇرۇپ قويدى ھەمدە چېقىلغان قۇلۇلە قېپىنى قايتىدىن چاپلاشقا بۇيرۇدى. يازنىڭ تومۇز ئىسسىقىدا باشلىرىم قېيىپ، كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ كەتتى، تىزىمدىكى ئاغرىق ئاستا ـ ئاستا كېڭىيىشكە باشلىدى. بارماقلىرىم ئاق رەڭلىك شىلىم بىلەن چاپلىشىپ قالغان، ئەلۋەتتە ھېلىقى قۇلۇلە قېپىمۇ بىللە چاپلاقلىق. مەن ئاخىر ھوشۇمدىن كېتىپ يەرگە لاسسىدە يىقىلغان چېغىمدىلا، ئاندىن جازالىنىۋاتقان تىزلىرىم ئازادلىققا چىقتى.

ئۇ چاغدا ئون ئۈچ ياشتا ئىدىم، بويۇم چۈن چىدىن ئېگىز

ئىدى .

ھوشۇمغا كەلگىنىمدە ، ئۆزۈمنىڭ يەنىلا ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياتقانلىقىمنى ، بارمىقىمغا ھېلىقى قۇلۇلە قېپىنىڭ چاپلاقلىق تۇرغانلىقىنى بايقىدىم . ئۇ خۇددى قۇياش نۇرى ئاستىدىكى كىچىك تەشتەككە ئوخشايتتى ، ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان ئۇرۇق تۇپراقنى يېرىپ چىقىپ مېنىڭ تېرىلىرىمگە چاپلىشىپ تېز سۈرئەتتە ئۆسۈۋاتقاندەكلا قىلاتتى . سېزىمىمنى يوقاتقان مۇشۇ كۇنلەردە ، ئۇ خۇددى مەن بىلەن سۆكۈت ئىچىدە قان ئالماشتۇرۇپ بىرىكىپ كېتىۋاتقاندەكلا ئىدى . بىز ئۆزئارا تۇتاش بىر دەرەخ بولۇپ ئۆستۇق . مەن ئاخىر ئۇنىڭغا يەنە ئۆچلۈك قىلمايدىغان بولدۇم .

قۇلۇلە قېپىنى چاپلاپ بولدۇم ، پۇچۇق جايلىرىنى گەج بىلەن توشتۇردۇم ، ئۇستىگە بىر قەۋەت سىلىق ھەم پارقىراق ئاق سىر بەردىم . قۇلۇلە قېپىنى شىرەگە قويدۇم ، قىمىر قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي جايىمدا تۇراتتىم . بۇ قۇلۇلە قېپى رېمونت قىلىنىپ ، سىلىقلىنىپ پارقىراپ كەتكەن ، يىراقتىن قارىغاندا ناھايىتى نۇرلۇق ، خۇددى بىر سىرلىق ماياكقىلا ئوخشايتتى . چۈنچى قولىنى سوزۇپ بۇ قۇلۇلە قېپىنى قولىغا ئېلىپ ئويناشقا باشلىدى .

— سېپىنىڭچە ، قۇلۇلە قېپى ئادەمنىڭ قۇلاق سۆپىرىسىغا ئوخشىمامدۇ ؟ — ئۇ تۇساتتىن مەندىن سورىدى .

ئۇ خېنىگۇل بىلەن بويىغان ھال رەڭلىك تىرناقلىرىدا قۇلۇلە قېپىنى چېكىپ باقتى ، تەلەپپۇزى تۇيۇقسىز مۇلايىملىشىپ كەتتى . ھەيران قالدىم ، بۇ ئۇنىڭ كۆزقارىشىمنى تۇنجى قېتىم سورىشى ئىدى .

— بەك ئوخشايدىكەن ، — بېشىمنى لىڭشىتتىم .

— قۇلۇلە قېپىنى ئاغزىڭغا يېقىن قىلىپ ، ئۇنىڭغا گەپ قىلىشنى سىناپ باققانمۇسەن ؟

— ياق .

— سىناپ باقساڭ بولىدۇ ، خۇددى بىر قۇلاققا پىچىرلىغانغا ئوخشاشلا ساڭا جاۋاب قايتۇرىدۇ .

مەن ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە لېۋىمنى قۇلۇلە قېپىغا يېقىن ئاپىرىپ ، ئۇنىڭغا پەس ئاۋازدا سۆزلىدىم . قۇلۇلە قېپى سىلىقلىغاندا بەك نېپىزلەپ كەتكەن ، ئاۋازىم سۇزۇك ئەينەككە ئوخشاپ قالغان قۇلۇلە قېپى ئىچىدە بىرنەچچە قاينام ھاسىل قىلدى ، ئارقىدىنلا ئادەمنىڭ پىچىرلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم ، ئۇنىڭغا دېڭىز دولقۇنىنىڭ ئاۋازى قوشۇلۇپ كەتكەن ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلىشىپ كېلىۋاتقان بۇژغۇنلار ماڭا جاۋاب بېرىۋاتاتتى . ئالىقىنىمدىكى بۇ قۇلۇلە قېپى خۇددى بىر پلانېتىغا ئوخشاش پىرقىراشقا باشلىدى . مەن مۇشۇ چاغدىلا ئاندىن بىلىپ يەتتىمكى ، ئەسلىدە ئۇ ھېكايىگە تولۇپ كەتكەنىكەن . مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ چۇن چىگە قاراپ شادلىق ئىچىدە كۇلدۇم .

چۇن چىمۇ كۇلدى ، كۇلكىسى تولىمۇ يېقىملىق ، مەن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان . ئۇ كۇلكە كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە غايىب بولدى ، بىراق مەن ئۇنى مەڭگۈ قەلبىمدە ساقلايمەن . شۇ دەقىقىلەردە قانچىلىك ھاياجانلانغانلىقىمنى ھېچكىم تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ ، پۈتۈن ئۆمرۈمدىكى بەختلىرىم شۇ دەقىقىدە ۋۇجۇدۇمغا تۆكۈلگەندەك تەسىراتتىمەن . ھاياتىمدا بەخت بۇنىڭدىن ئارتۇق بولمايدۇ ، شۇنداقلا مېنى ئۇنداق قانائەتلەندۇرەلمەيدۇ .

## 7

ئەگەر جۇڭ ئۇستام بولمىغان بولسا ، چۇن چىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى مەڭگۈ بىلەلمىگەن بولاتتىم .

كىچىكىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە جۇڭ ئۇستامنى بىزنىڭ ئۆيگە كېلىدىغان بىردىنبىر مېھمان دېيىشكە بولاتتى . ئۇ خۇددى سىم ـ سىم يامغۇرغا ئوخشاش بەزىبىر تىنچ كېچىلەردە قورۇغا غىپلا قىلىپ كىرەتتى .

ئۇنىڭ خىزمىتى چۇن چىگە قۇلۇلە قاپلىرىنى سىلىقلاپ

بېرىش ئىدى . ئۇ سىلىقلاپ بولغان قۇلۇلە قاپلىرىنى چۈن چىگە ئەكېلىپ بېرىپ ، يەنە بىر ساندۇقتىكى يېڭىلىرىنى ئەكېتەتتى . ئۇ قۇلۇلە قاپلىرىنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئىچىدە پاكىز چىقىرىۋېتىلمىگەن گۆشلەر قېلىپ قالغان بولاتتى ، ئەگەر پاكىز چىقىرىۋېتىلمىسە تېزلا چىرىپ كېتەتتى . بۇنىڭدا ئالدى بىلەن قۇلۇلە قاپلىرىنى سوغۇق سۇغا بىردەم چىلاپ ، ئاندىن چوڭراق قازاندا ، سۇس ئوت بىلەن قاينىتىش ، چىرىگەن گۆشلەرنى قىزىقىدا كىچىك پىچاق ۋە ئۇزۇن يىڭنە بىلەن ئېلىۋېتىش ، ئاخىردا قۇلۇلە قاپلىرىنى كۈن چۈشىدىغان جايغا يېيىپ ، شامالدىتىپ قۇرۇتۇش كېرەك ئىدى . بۇ تېخى پەقەت بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئاددىي قەدەم باسقۇچلار ئىدى . قۇلۇلە قاپلىرىنىڭ سىرتقى يۈزىگە كۆپىنچە ھاللاردا مارجانقۇرت ۋە دېڭىز يۇسۇنى يېپىشىپ ياشايدۇ ، چىلىغان چاغدا ئاتنىڭ توم ھەم يىرىك يالىدىن ياسالغان چوتكا بىلەن تازىلاش كېرەك ، ناۋادا قالدۇقلىرى قېلىپ قالسا ، كىچىك ئۈشكە بىلەن قىرىشقا توغرا كېلىدۇ . بۇ خىل ئىنچىكە خىزمەت يېتەرلىك سەۋر ـ تاقەت ۋە ھۈنەر تەلەپ قىلاتتى ، جۇڭ ئۇستامدىن باشقا ، ئىككىنچى بىر ئادەم قىلالمايتتى .

جۇڭ ئۇستام ھەر ئايدا كېلەتتى ، كېلىدىغان مۇددىتى خۇددى ئاياللارنىڭ ھەيز ۋاقتىدەك توغرا چىقاتتى . ئۇنى مەن ئالاھىدە ھۈنەرۋەن دەپ قارايتتىم (ئەگەر مۇشۇمۇ بىر خىل ھۈنەر ھېسابلىنىدىغان بولسا ) ، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۆتكۈر ، لەۋلىرى نېپىز ، قوللىرى قورايدەك ئىدى ، تېنىدىن تۇزلۇق بېلىق پۇرىقى گۇپۇلدەپ تۇراتتى ، خۇددى ھازىرلا دېڭىزدىن چىققاندەك .

جۇڭ ئۇستام چۈن چى بىلەن قۇرداش كېلەتتى ، قاش ـ كۆزلىرى جايىدا ، يېشى خېلىلا چوڭ بولسىمۇ ، ساقال ـ بۇرۇت چىقمىغان ، قورۇقمۇ چۈشمىگەن ، يۈز تېرىسى يەنىلا پارقىراپ تۇراتتى ، شۇڭا ئايال چىرايلىق كۆرۈنەتتى . قارا كۆك ياكى قېنىق يېشىل رەڭلىك شايى نىمچە كىيىپ يۈرەتتى ، رەختنىڭ سۈپىتى نەپىس ، ھەربىر پۇرمىسىدە گۈل ـ نەقىشلەر بار ئىدى . ئەگەر ،

ئۇنى كوچىدا ئۇچرىتىپ قالغان بولسام چوقۇم سالاپىتى بار ئادەم ئىكەن، دېگەن تۇيغۇغا كېلىپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى. بىراق، چۈن چىنىڭ ئالدىدا ئۇ تولىمۇ ئىتائەتچان ئىدى. لەن ھاماچىدىن ئاڭلىشىمچە (ئەلۋەتتە، ئۇمۇ پەقەت خەقتىن ئاڭلىغان)، چۈن چىنىڭ دادىسى بۇرۇن ئوردىدا چوڭ ئەمەلدار بولغانىكەن، مەرتىۋە ۋە شۆھرىتى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەنىكەن. ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئۆيىدە نۇرغۇن قول - چاكارلار بار ئىكەن، ئەتىدىن - كەچكىچە خوجايىنىنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرىدىكەن. جۇڭ ئۇستام ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى چاكىرى بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدىم. ئەگەر شۇنداق بولمىسا، ئۇنىڭ مۇشۇ يېشىدىكى ئادەملەردە بۇ خىل سەۋر - تاقەتنىڭ بولۇشىنى، ئۆزىنىڭ يۈز - ئابرۇيى بىلەن ھېسابلاشماي، چۈن چىنىڭ ئوسال مىجەزىگە باشتىن - ئاخىر تاقەت قىلىپ كېلىشىنى، ئۇنىڭ ئۇچۇن مۇشۇنداق زېرىكىشلىك ئىشنى ئىزچىل قىلىپ كېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس.

جۇڭ ئۇستام ماڭا تولىمۇ ئامراق ئىدى، گەرچە بىز ئانچە پاراڭلىشىپ كەتمىسەكمۇ، ئۇ ھەر قېتىم مېنى كۆرگىنىدە ناھايىتى خۇشال بولاتتى. ئۇنىڭ ھەر قېتىملىق خۇشاللىقى شۇنچە داغدۇغىلىق ئىدى، يەلكەمگە شاپىلاقلاش، بوغۇق ئاۋازى بىلەن «شىياۋ شىڭ، شىياۋ شىڭ» دەپ توۋلاش بۇنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىناتتى.

ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۇنىڭ ماڭا بولغان قىزغىنلىقىنى خاتا چۈشىنىپ، ئۇ چۈن چىنى بەك چوڭ بىلگەچكە، «ئىگىسىنى ياخشى كۆرسەڭ، ئىتىغىمۇ سۆڭەك سال» دېگەندەك ئىش قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. شۇڭا، ئۇنىڭغا ئانچە دوستانە بولمايتتىم، قوللىرىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ، چۈن چىنىڭ ھۇجرىسىدا ئىكەنلىكى ياكى دېڭىزغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى سوغۇق تەلەپپۇزدىلا ئېيتىپ قوياتتىم. سوغۇق مۇئامىلەمگە ئۇ ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمەيتتى. بىر قېتىم ئۇ ماڭا سوۋغا ئالغاچ كەلدى، ئەكەلگىنى

بىر دەستە ئېتىياڭقى گۈلى ئىدى.

— لوڭقىغا چىلاپ، كارىۋىتىڭىنىڭ بېشىغا قويۇۋال، باشقىچە چۈش كۆرۈشۈڭ مۈمكىن، — دېدى ئۇ ماڭا مۇلايىملىق بىلەن.

ئۇ گۈل قىزىل ئىدى، ئاسما سائەتكە ئوخشايتتى، ناھايىتى خۇشبۇي پۇرايتتى. مەندە لوڭقا بولمىغاچقا، ئۇنى مېھمانخانىدىكى بىر ئىستاكانغا چىلاپ قويدۇم. ئاقىۋەتتە چۈن چى گۈلنىڭ پۇرىقىنى پۇراپ قېلىپ قاتتىق غەزەپلىنىپ كەتتى. ئۇ پۇراقنى بويلاپ مېڭىپ ئىستاكاننى تاپتى ـ دە، يەرگە ئاتتى.

مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن جۇڭ ئۇستامغا خېلى ۋاقىتقىچە ئاداۋەت ساقلاپ يۈردۈم. ئۇ چۈن چىنىڭ ئېتىياڭقى گۈلگە ئۆچ ئىكەنلىكىنى جەزمەن بىلىدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇنى ماڭا سوۋغا قىلىپ، مېنىڭ چۈن چىنى خاپا قىلىپ قويۇشۇمدەك ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

نۇرغۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى «باشقىچە چۈش كۆرۈشۈڭ مۈمكىن» دېگەن گەپنىڭ مەنىسىنى ھەقىقىي چۈشەندىم.

ئېتىياڭقى گۈلنى لوڭقىغا چىلاپ كارىۋىتىمنىڭ بېشىغا قويۇپ سىناپ باقتىم، لېكىن چۈش كۆرمىدىم.

## 8

جۇڭ ئۇستام كەلگەن چاغلاردا، چۈن چى ئۇنى ئۆيگە كىرگۈزۈشنى خالىمايتتى. ئۇ باشتىن ـ ئاخىر قورۇدىلا تۇراتتى، خۇددى خاتا ئۇسۇپ كىرگەن ھايۋاندەك.

جۇڭ ئۇستامنىڭ چۈنجە تام تۈۋىدە تۇرۇپ، غېرىبانە يۆتەلگىنىنى ئاڭلاپ قالاتتىم.

ھازىرمۇ ئېنىق ئېسىمدە، بىر يىلى يازدا يامغۇر ئادەمنى ئېقىتىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە قاتتىق يېغىپ كەتتى. جۇڭ ئۇستام كەلدى. چۈن چى ئۆيدە ئىدى، يامغۇر يەنىلا يېغىۋاتاتتى، بىراق ئۇ يەنىلا جۇڭ ئۇستامنى ئۆيگە كىرگۈزمىدى، ئۇنىڭ باش ـ كۆزلىرى يامغۇردا ھۆل بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ يۈزىنى ئېنىق

كۆرەلمىدىم ، لېكىن خىجىللىق قاپلىغان ، شۇنداقلا كېتىشكە قىيمايۋاتقان چىرايىنى ھازىرمۇ ئېنىق ئەسلىيەلەيدىغاندەكلا قىلالاتتىم . ئۇنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇردۇم . ئۇ ئاقۇچ تۇمان ئىچىگە كىرىپ كەتتى ، ئۇنىڭغا بولغان بۇرۇنقى ئۆچ ـ ئاداۋىتىم نەلەرگىدۇر غايىب بولدى . بۇ چاغدا كۆڭلۈمدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن پەقەت چوڭقۇر ھېسداشلىقلا بار ئىدى . بۇرۇن ئۇ چوقۇم بىر پاكىز ، كېلىشكەن ئادەم بولۇشى مۇمكىن ، ئەمدى ھازىر ياش ئەمەس ، ھەتتا ئازراق مۈكچەيگەن ، ئۈچىسىدىكى قېنىق يېشىل نىمچىسى ئومۇرتقىسىغا چاپلىشىپ قالغان ، خۇددى ئالىچىپار تاشپاقىنى يۈدۈۋالغاندەكلا كۆرۈنەتتى .

كۆپ يىللاردىن بۇيان يۈدۈپ كەلگەن بۇ مۇھەببەت ئاخىر ئۇنى مۈكچەيتكەنىدى .

ئۇ قېتىم جوڭ ئۇستام كەتكەندىن كېيىن ، چۈن چى ئۆيگە سولىنىۋېلىپ ، نەچچە كۈنگىچە سىرتقا چىقمىدى ، خۇددى ئېغىر يارىلانغان ، پۈتۈن كۈچى بىلەن داۋالانمىسا بولمايدىغان ئادەمدەك . مەن گاراڭ ھالدا ئۇنىڭ ھۇجرا ئىشىكىگە چاپلىشىپ ، كۆزلىرىمنى يۇمۇپ ، ئىچىمدىن چىقىۋاتقان ھەربىر تىنىقنى دىققەت بىلەن ئاڭلايمەن .

چۈن چى ھۇجرىسىدىن چىققاندا ، ھۇجرا ئىشىكىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بۇلۇڭدا ئوخلاۋاتاتتىم . ئۇ «شياۋ شىڭ ، شياۋ شىڭ» دېگىنچە مېنى ئويغاتتى ، ئۇ پەقەت مېنىڭ ئىسمىمنىلا چاقىرىۋاتاتتى . بىراق ، كۆزلىرىمنى ئېچىپ ، چۈشىنىڭ چوڭقۇر ئازگىلىدىن ئۇستىگە لەيلەپ چىقىۋاتقىنىمدا ، ئۇنىڭ ماڭا قاراپ ئاستا ـ ئاستا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم ، ئۇ قولىنى سوزۇپ بېشىمغا يېنىككىنە ئۇرۇپ قويدى ، شۇنچىلىك مۇلايىم ، خۇددى ئاشۇ قۇلۇلە قاپلىرىنى سىلىغاندەك .

بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدىم ، ئۇيقۇم دەرھال ئېچىلدى . ئۇ ئورۇقلىغان ، كۆز چىيەكلىرى قارىدىغان ، ئۇزۇن چاچلىرىنى سول مۈرىسىدىن ئالدى تەرەپكە ساڭگىلىتىۋالغان ،

چاچلىرىغا يامغۇر تامچىلىرى چۈشكەن (ئۇ چوقۇم گۈللۈككە بېرىپ كەلگەن، بۇ ئاشۇ مىسكىن هالدا بۇ يەردىن كەتكەن ئەر ئۇچۇنمىدۇ؟)، سۇ تامچىلىرى تامچىلاشقا باشلىدى. مەن لەۋلىرىمنى يالاپ بېقىپ، ئاندىن ئۆزۈمنىڭ ناهايىتى ئۇسساپ كەتكەنلىكىمنى سەزدىم.

— بېرىپ كەچلىك تاماق يېگىن، — ئۇنىڭ ئاۋازى قانچىلىك پەس بولسىمۇ، يەنىلا بۇيرۇق.

ئارقىدىنلا چۈن چى يەنە هۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ئىشىكنى يېپىۋېلىشتىن بۇرۇن، ئاخىر ئۆزۈمنى ئاۋازىمنى چىقىرىشقا قىستاپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم:

— مەن سىزگە قىلىپ بەرگۈدەك بىرەر ئىش بارمۇ، سىزنى خۇشال قىلالايدىغان ئىش؟

قوشۇمىلىرىمنى تۈرۈپ، قىيامىغا يەتكەن ئەرنىڭ قىياپىتىدە بولۇشقا تىرىشاتتىم، يەردىن ئاستا ـ ئاستا تۇردۇم. خۇددى ئۇستىخانلىرىم ئۆسۈۋاتقاندەك، هەتتا بامبۇكتىنمۇ تېزرەك ئۆسۈۋاتقاندەك هېس قىلاتتىم.

— يوق، — ئۇ بېشىنى چايقاپ، هۇجرا ئىشىكىنى ياپماقچى بولدى.

— مەن سىز ئۈچۈن هەرقانداق ئىشنى قىلىشقا رازى، — ئۆز ئاۋازىمنى ئاڭلىدىم، ئۇنىڭ جاراڭلىقلىقى مېنى تەسىرلەندۈردى. بەلكىم ئاشۇ تاشپاقا يۈدۈۋالغان ئەرنىڭ يامغۇردا تۇرغاندىكى قەتئىي ۋە ئۈمىدسىز چىراي ئىپادىسى مېنى تەسىرلەندۈرگەن بولۇشى مۇمكىن، پۈتكۈل بالىلىق دەۋرىمگە سىڭىپ كەتكەن بۇ گەپنى ئاخىر ئېغىزىمدىن چىقاردىم. خۇددى مۇشۇنداق قىلىش مېنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك بۇرچۇمدەك. يىگىتچاق ئۆز خانىشى ئالدىدا تۇرماقتا، ئۇنىڭ سادىقلىقى ۋە ئىخلاسى خانىشى ئۈچۈن ئۆز رىتىمىنى ئۇنتۇغان يۈرىكىنى قوش قوللاپ سۇنۇشقا تەييار.

چۈن چى ئۇ يەردە تۇرماقتا، كۆرۈشتىن مەھرۇم

قارىچۇقلىرىدا ئازراق نۇر پەيدا بولدى، يىگىتچاق ئۇنى ئاخىر تەسىرلەندۈرگەندى.

بىراق، ئۇ ئاخىر يەنىلا بېشىنى چايقىدى، بىر قولى ئاستا - ئاستا ئىشىكنىڭ قىرىنى سىلاپ تاپتى - دە، ئۇنى قايتىدىن يېپىۋالدى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ھىم ئېتىلگەن قۇلۇلە قېپى دۇنياسىغا قايتىپ كەتتى.

## 9

بەزىدە بىر قىزچاق جۇڭ ئۇستام بىلەن بىللە كېلەتتى. ئۇ جۇڭ ئۇستامنىڭ ئاسراندى قىزى، ئىسمى خۇاخۇا، مەندىن بىر - ئىككى ياش كىچىك، ئىككى مەڭزى تومپىيىپ چىققان، سۈزۈك ھەم يېقىملىق قىز، دائىم ئىشىكىمىز ئالدىدىكى ئېگىز تۇخۇمەك دەرىخى ئاستىدا تۇرىدۇ، خۇددى نەدىن دومىلاپ كېلىپ قالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان قىزىل ئالمىدەك. بەلكىم ئۇ خېلى بۇرۇندىنلا جۇڭ ئۇستامغا ھەمراھ بولۇپ كېلىپ يۈرگەن بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئەزەلدىن ھويلىمىزغا قەدەم بېسىپ باقمىغان.

خۇاخۇا تۇخۇمەك دەرىخى ئاستىدا ئوينايدىغان پۇرسەت ئايدا بىر قېتىم بولاتتى. كىچىك نارەسىدىدىن گۈلدەك قىزغا ئايلانغۇچە بولغان نۇرغۇن يىللار جەريانىدا، ئۇ جۇڭ ئۇستامنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىدى، يامغۇر ياغقاندا ئۇنىڭ بىلەن يامغۇردا قالدى، تومۇز ئىسسىقلاردا كۈننىڭ كۆيدۈرۈشلىرىگە چىداپ ئۇنىڭ يېنىدا يۈردى، خۇددى جۇڭ ئۇستامنىڭ ئەتىۋارلىق سۆسۈن شايى يەكتىكىدىكى قاشتېشى بېزەك بۇيۇمىدەك، ئۇنىڭغا جىمجىت ئەگىشىپ، ئۈن - تىنسىز يالتىراپ كەلدى.

ئۇنىڭ ھودۇقۇش ۋە يېتىرقاش ئىچىدە دەرۋازا ئالدىدا تۇنجى قېتىم پەيدا بولغان چاغدىكى قىياپىتى مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئۇ چاغدا مەن ئۇ توغرۇلۇق ھېچنېمە بىلمەيتتىم، پەقەت ئۇنىڭ غېرىبلىق چىقىپ تۇرىدىغان، ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتىدىغان

كۆزلىرى دىققىتىمنى تارتقانىدى .

ئۇ يىلى خۇاخۇا ئون ئۈچ ياشتا ئىدى ، ئۇنىڭ يۇڭلۇق ، ئاق پارس مۈشۈكى تولىمۇ ئاجىز مىياۋلايتتى . ئۇ ئاشۇ مۈشۈكنى باققاچ دەرۋازىمىز ئالدىدا جۇڭ ئۇستامنىڭ چىقىشىنى ساقلاۋاتاتتى .

ئەزەلدىنلا ماغدۇرسىز ، رايىش كۆرۈنىدىغان بۇ مۈشۈك ئۇنىڭ قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ يەرگە سەكرەپ چۈشتى ـ دە ، دەرۋازىدىن غىپلا قىلىپ كىرىپ كەتتى . قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر تاش ئىدىش قويۇلغان ، چۈن چى بىر قىسىم قۇلۇلە قاپلىرى ۋە دېڭىز قۇلۇلىسىنى ئۇنىڭغا چىلاپ قويغانىدى . مۈشۈك گۆش ھىدىنى بويلاپ ھويلىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ ئىدىش ئەتراپىدا ئايلىنىشقا باشلىدى .

خۇاخۇا دەرۋازا ئالدىدا بىتاقەت بولۇپ ساقلاۋاتاتتى ، توختىماي قورۇغا بويىنىنى سوزۇپ قارايتتى . باھار شامىلى دەرۋازىنىڭ تۆمۈر ھالقىسىنى تاراقلىتىپ ، ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇراتتى . خۇاخۇا تۇيۇقسىز ناھايىتى ھاياجانلىنىپ كەتتى ، چۈنكى ئۇ بۇ سىرلىق دەرۋازىدىن كىرىشكە دەبدەبىلىك باھانىدىن بىرنى ئاخىر تاپقاندەك قىلاتتى .

مېنىڭچە ، بۇ خۇاخۇانى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈم ئەمەس . ئۆيىمىز يېقىن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئۇ تولىمۇ تېتىك ، مەن بۇرۇن ئۇنى چوقۇم كۆرگەن بولۇشۇم مۇمكىن . ئۇ تولىمۇ ۋىجىك ، بېشى دەرۋازىدىكى تۆمۈر ھالقىغا ئارانلا تاقىشاتتى . بولۇق سېپكىلەك چاچلىرى تۇرۇۋېلىنغان ، چاچ قىسقۇچ دېگەندەك نەرسىلەرنى تاقىمىغان .

ئۇزاق ۋاقىت گەپ قىلمىغانلىقتىنمىكىن ، ئۇنىڭ ئاۋازى خىرىلداپ چىقتى . ئۇ ماڭا قاراپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن :

— مۈشۈكۈمنى ، ئاق ، ئۇزۇن يۇڭلۇق ، كۆردىڭىزمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

شۇنداق قىلىپ ، خۇاخۇا قورۇيىمىزغا ئۇسۇپ كىرگەن

بولدى. ئۇ تاش ئېدىشنىڭ قېشىدا خېلى كۆپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى، چۈنكى ھويلىغا چۇغلۇق دېگەندەك قىزلار ياخشى كۆرىدىغان گۈل - گىياھلار تېرىلغان، ئۇ بۇلارغا مەپتۇن بولۇپ قالغانىدى. تاش ئېدىشقا چىلاقلىق ھەر خىل رەڭ، ھەر خىل شەكىلدىكى قۇلۇلە قاپلىرىنى كۆرگەندە، ئۇ تېخىمۇ ھەيران قالدى. ئېدىشتا سۇس سۆسۈن رەڭلىك قىزىلگۈل گۆھەر قۇلۇلىسىدىن تارتىپ قىزغۇچ سېرىق رەڭلىك نۇرلۇق قاشتېشى قۇلۇلىسىغىچە، يۇپيۇمىلاق سۈزۈك دېڭىز توشقىنى قۇلۇلىسىدىن تارتىپ مۇنار شەكىللىك سۇمۇرغ قۇلۇلىسىغىچە ھەممىسى بار ئىدى. تاشتىن ئەكس ئەتكەن سوغۇق نۇر سۇنى سۇس يېشىل رەڭگە كىرگۈزۈپ، ئېدىش ئاستىغا يىغىلىپ قالغان قۇلۇلە قاپلىرىنى پارقىراق ھەم سۈزۈك خرۇستال ئوردىغا نەقىشلىۋەتكەنىدى. ئېگىز توخۇمەك دەرىخى تۈۋىگە ئاندا - ساندا توخۇمەك گۈل بەرگىلىرى چۈشۈپ، يەر يۈزىنى ئاق شايىدەك يېپىۋالغان، تاش ئېدىشنىڭ سىرتقى يۈزىگە يەنە نېلۇپەرنىڭ سۈرىتى نەقىشلەنگەن. خۇاخۇانىڭ بارماقلىرى ئۇنى ئېھتىيات بىلەن سىلاپ ئۆتتى، خۇددى پۈتۈن گۈل نۇسخىسىنى چۈشۈرۈۋالماقچى بولۇۋاتقاندەك.

خۇاخۇا مۈشۈكنى تۇتۇۋالدى، بىراق دەرھال كەتمىدى. ئۇ ئېدىشنى كۆرسىتىپ:

— بۇلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، ھەدەمنىڭ، — ئىككىلىنىپرەك جاۋاب بەردىم. باشقىلارنىڭ ئالدىدا چۈن چىنى تىلغا ئېلىپ باقمىغانىدىم، شۇڭا ھەتتا ئۇنى نېمىدەپ ئاتىشىم كېرەكلىكىنىمۇ بىلمەيتتىم.

— ھە، دادام دائىم ئۇنىڭ گېپىنى قىلىدۇ، لېكىن مەن ئەزەلدىن ئۇنى كۆرۈپ باقمىدىم، — خۇاخۇا بېشىنى يەڭگىل لىڭشىتتى، — ئۇ چوقۇم ناھايىتى چىرايلىقتۇ؟

— ئەلۋەتتە، — دېدىم مەن. خۇاخۇا جىمىپ قالدى، ئېدىشنىڭ گىرۋىكىدىن ئېڭىشىپ قۇلۇلە قاپلىرىغا قارىدى. خۇاخۇا تولىمۇ ۋىجىك ئىدى، بەدىنىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئېدىش ئىچىگە

سوزدى ، يۈزى سۇغا تېگىپ قالىدىغاندەكلا قىلاتتى .
ئۇ بىردەم قارىغاندىن كېيىن مېنىڭدىن :
— ئۇ قۇلۇلە قاپلىرى بىلەن پال ئاچامدۇ ؟ — دەپ سورىدى .
قاتتىق ھەيران قالدىم ، كىچىككىنە قىزچاقنىڭ بۇ گېپى ئادەمگە خۇددى كۆڭلى بىردىنلا يورۇپ كەتكەندەك تۇيغۇ ئاتا قىلاتتى . ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن سەممىيلىك ۋە تۇزلۇك چىقىپ تۇراتتى ، گۇلچېكى رېئاكسىيە قىلىدىغان بۇرنىنى بىردەم - بىردەم تارتىپ قوياتتى . ئارمىزدىكى كەيپىيات تۇيۇقسىز ۋەزنىلىك بولۇپ كەتتى .
ئۇنىڭغا قاراپلا قالدىم ، ئۇنى ئىلاھ ماڭا ياردەمگە ئەۋەتكەن پەرىشتىدەك ھېس قىلاتتىم .
شۇنداق ، پال سالىدۇ ، چۈن چى چوقۇم قۇلۇلە قاپلىرى بىلەن پال ئېچىۋاتقان بولۇشى كېرەك .
ھەيرانلىقىمنى يوشۇرۇپ ، ئەتەي ئېغىر - بېسىق ھالەتتە بېشىمنى لىڭشىتتىم :
— ھەئە ، ئۇ كەلگۈسىدىكى ئىشلارنى بىلەلەيدۇ .
خۇاخۇا ئاق مۇشۇكىنى سىلىغىنىچە ماختاشقا باشلىدى :
— ھەقىقەتەن قالتىس ئىكەن ، ئۇنداقتا ئۇ سىزگە پال ئېچىپ بېرىپ باققانمۇ ؟ سىز كەلگۈسىدە قانداق بولىدىكەنسىز ؟
— ئۇ ئەلۋەتتە ماڭا پال ئېچىپ باققان ، بىراق بۇنى سىزگە دېسەم بولمايدۇ ، — ناھايىتى كەسكىن جاۋاب بەردىم . خۇاخۇا بېشىنى لىڭشىتىپ چۈشەنگەنلىكىنى بىلدۈردى . ئۇ يېنىك ئۇھ تارتىپ :
— ئۆزۈمگە بىر پال سالدۇرۇپ باقسام دەيمەن . كەلگۈسىدىكى ئېرىمنىڭ قانداقراق ئىكەنلىكىنى تولىمۇ بىلىپ باققۇم بار ، — دېدى ، دەپ بولۇپلا تىلىنى چىقىرىپ قويدى ، سەل خىجىل بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى .
بۇ ئون ئۈچ ياشلىق خۇاخۇانىڭ كۆڭلىدىكى ئەڭ بىلگۈسى كېلىدىغان ئىش ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا ، بۇ ئارزۇ - ئىستەك

ۋە كۆتۈشلەردىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇن ياشلاردىكى قىزلار قىلچە نىشانسىز ھالدا شىددەت بىلەن يېتىلىدۇ، ئۇن تۆت - ئۇن بەش ياشلارغا كىرگەندە سەل توختاپ قالىدۇ، تۇيۇقسىز كەلگۈسىنى كۆرەلمەي، ئۆزىدىن بىزار بولۇشقا باشلايدۇ، ئۆزىنى بارغانسېرى خەتەرلىك بولۇپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياتلىق بولۇش ئارقىلىق ئۆزىنى بىرەرىگە تاپشۇرۇۋېتىپ، غەمسىز ياشاشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئاشۇ كەچ ئەتىيازنىڭ چۈشتىن كېيىن ۋاقتىدا ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز بىزگە سىرلىق تۇيۇلغان پال سېلىش بۇيۇملىرى لىق قاچىلانغان ئىدىش يېنىدا تۇراتتۇق، قىلىشقىنىمىز دەسلەپكى تونۇشۇشتا قىلىشىدىغان گەپلەر، تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز بىر خىل كەيپىيات بىزنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغان، ئازراق مەيۇسلىنىۋاتاتتۇق. نۇرغۇن يىللاردىن كېيىنلا، ئاندىن خۇاخۇا بىلەن مەن تۇخۇمەك گۈلى ئاستا - ئاستا تۆكۈلۈپ پۈتۈن قورۇنى قاپلىۋالغانغا ئوخشايدىغان بۇ خىل كەيپىياتنى چۈشەنگەن بولدۇق. بۇنى ئىككى نىشانسىز يولۇچىنىڭ ئاچا يولدا ئۇچرىشىپ قېلىپ، بىر - بىرىگە تېڭىرقىغان ھالدا قارىشىپ قالغىنىغا ئوخشىتىش مۇمكىن. كېسىپ ئېيتقاندا، بولىدىغان بىردىنبىر مۇقەررەرلىك شۇكى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلار بىر يولدا ماڭاتتى.

ئۇلارنىڭ يولى باشقا، مەنزىلى بىر. توغرا، دەل شۇنداق. بىراق، مەن كۆپ يىللاردىن كېيىن مېنىڭ ئايالىم بولۇپ قالغان خۇاخۇادىن ئەينى يىلى ئۇ پال سالدۇرۇپ بىلىپ بېقىشقا ئەڭ قىزىقىدىغان ئىشنىڭ سىرى يېشىلگەندە، ئۆزىنىڭ ئۈمىدسىزلىنىپ قالغان - قالمىغانلىقىنى باشتىن - ئاخىر سوراپ باقمىدىم. بەلكىم ئەينى يىلى ئېڭىشىپ ئىدىشقا قاراپ سۇ ئاستىدىكى ئوڭ - تەتۈر يۈزلىرى ئوخشىمايدىغان، ئۆز مەيلىچە تىزىلىۋالغان قولۇلە قاپلىرىنى كۆرگەن چېغىدا، بۇ سىرنىڭ تېگىگە يېتىپ بولغان بولۇشى مۇمكىن.

## 10

شۇنچە يىللاردىن بېرى خۇاخۇا مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا ئۇسۇپ كىرگەن بىردىنبىر ئادەم.

ئائىلىمىز ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەردىن مۇستەسنا، ھېچكىم بىلەن باردى - كەلدىمىز يوق ئىدى، چاغاندىمۇ ئۆيىمىزدە سولغۇنلۇق، مەيۇسلۇك ھۆكۈم سۈرەتتى. كىچىك ۋاقتىمدا يېڭى يىلنى بۇنداق زېرىكىش ئىچىدە ئۆتكۈزۈشكە كۆڭلۈم ئۇنىماي، كۆپىنچە ھارپا كېچىسى يوشۇرۇنچە قېچىپ چىقىپ باشقىلارنىڭ پوجاڭزا ئاتقىنىنى كۆرەتتىم.

يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەن باللار پوجاڭزىلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈشۈپ، قاردا چېپىشىپ يۈرەتتى. پوجاڭزىغا ئوت يېقىلغان ئاشۇ دەقىقىدە كۆپچىلىك جىم بولۇشاتتى. جۇخارگۇلى شەكىللىك نۇر چاچىدىغان پوجاڭزا ئاسماندا ئېتىلىپ، ئىرماش - چىرماش نۇر سىزىقلىرىنى ھاسىل قىلىپ، ئاستا - ئاستا يەرگە چۈشكەندە، ئۇ باللار خۇددى رەڭلىك قەپەستىكى سېرىق قۇچقاچلاردەك ھەم خۇشال بولغان، ھەم قورققان ھالدا قاناتلىرىنى پىلتىڭلىتاتتى. مەن ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق ئازراق قورققان ھالىتىنى ياقتۇراتتىم، بۇ خىل ھالەت ئۇلارنى يېقىملىقراق كۆرسىتەتتى، ئادەتتىكى ھاكاۋۇر قىياپىتىدىن مەھرۇم قىلاتتى. مەن قوللىرىدا ھېچنېمىسى يوق بىردىنبىر بالا، قار دۆۋىلىنىپ قالغان بىر بۇلۇڭدا تۇرىمەن؛ مېنىڭچە، ئۇلار مېنى كۆرمەيدۇ، شۇڭا پەس ئاۋازدا ئۆزۈم بىلەن گەپلىشىمەن، ئۆزۈمنى قويۇۋېتىپ قاتتىق كۈلىمەن. كۆپ يىللاردىن كېيىن، خۇاخۇا ھارپا كېچىسى مېنى كۆرگەنلىكىنى، پاكىز كىيىنىپ يىراقتا تۇرغان قىياپىتىمنىڭ ئۆز قولى بىلەن پوچاڭزىغا ئوت يېقىشنى خالىمايدىغان بەگزادىلەرگىلا ئوخشاپ قالغانلىقىنى، پوجاڭزا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ھەر خىل نۇر چىقارغاندا خۇشال بولۇپ كۈلگەنلىكىمنى، يەنە يالغۇز ھالدا غۇدۇراپ بىرنېمىلەرنى دەۋەتقانلىقىمنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى.

پوجاڭزا كۆرگىلى چىققانلىقىمنى چۈن چىگە بىلدۈرۈپ قويۇشقا بولمايتتى . ئارىمىزدا كۆڭلىمىزدىلا بىلىندىغان بىر قىسىم قائىدىلەر بار ئىدى ، ئۇ چوقۇم مېنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش مېھرسىز ، ئارتۇقچە ئارمانلاردىن خالىي ئادەم بولۇشۇمنى ، باشقىلارنىڭ قىزغىن كەيپىياتىغا قىلچە پەرۋا قىلماسلىقىمنى ئۈمىد قىلىدۇ ، شۇنداقلا ئۇ مېنىڭ يېقىن دوستلىرىمنىڭ بولۇشىنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ . دوستلۇق ئورتاق بەھرىمەن بولۇش ۋە ئۆزئارا ياردەم بېرىشتىن دېرەك بېرىدۇ ، ئۇنداق بولغاندا ، ئادەمنىڭ مۇستەقىللىقى شۈبھىسىز ھالدا زىيانغا ئۇچرايدۇ . ئۇ مېنىڭ مۇتلەق مۇستەقىل ئادەم بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلىدۇ . مېنىڭ پەرىزىمچە ، ئۇ ئازغىنىشىپ كەتكەندىن كېيىن جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە ئۆيىنى تېپىپ كەلگەن مېنى ، ياۋا ئوت ـ چۆپلەردەك ھاياتى كۈچكە تولغان مېنى بەكرەك ياخشى كۆرىدۇ .

ئۆزۈممۇ بىلىپ ـ بىلمەي خۇاخۇا بىلەن دوست بولۇپ قالغاندىن كېيىن ، خۇددى چۈن چىگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىلىپ قويغاندەك ، كۆڭلۈم ھەمىشە دەككە ـ دۈككە ئىچىدىلا تۇرىدىغان بولۇپ قالدى . ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، چۈن چى بەكلا چىڭ ئورالغان بىر سىر ، لەن ھاماچا كەتكەندىن كېيىن بۇ سىرنى يېشىشتە ماڭا ھەمراھ بولىدىغان ئادەم قالمىغانىدى ، لېكىن خۇاخۇا بۇ بوشلۇقنى تولدۇرالايتتى .

خۇاخۇانىڭ ئۇ چاغدىكى سىياقى بەك چىرايلىققا كىرمەيتتى ، لېكىن ئۇ ناھايىتى جانلىق ئىدى ، كۈلگەندە كۆزلىرى يۇمۇلۇپ ، لەۋلىرىنى يىمىرىۋالاتتى ، بۇنداق چاغدا ئادەتتىكىدىن كۆپ چىرايلىق بولۇپ كېتەتتى . ئەگەر بىر ئايال زاتى كۈلگەن چېغىدا ئادەتتىكىدىن چىرايلىقلىشىپ كەتسە ، بۇ ئۇنىڭ قىيامىغا يەتمىگەنلىكى ۋە مۇكەممەل بولمىغانلىقىنى ، سىرتقى قىياپىتىنىڭ كۈچى ئارقىلىق ئۆز سېھرىي كۈچىنى ئاشۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . ھالبۇكى ، چۈن چى بىر مۇكەممەل ئايال ، مەيلى قايغۇغا چۆمسۇن ياكى خۇشال بولسۇن ، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى لال

قىلىدۇ .

بىرنەچچە يىلدىن كېيىن خۋاخۋا كۆز ئالدىمدا قايتا پەيدا بولغاندا ، بىر لەۋەن قىزغا ئايلانغان ، چىرايىدا كىچىك قىزلاردا بولىدىغان گۆدەكلىك ۋە يېتىرقاشتىن ئەسەرمۇ قالمىغان . كېيىن ئۇنىڭ ماڭا دەپ بېرىشىچە ، ئەگەر كۆڭلىدە سېغىنىدىغان سۆيگىنى بولسا ، چوڭ بولغانسېرى گۈزەللىشىپ كېتىدىكەن . ناۋادا ئۇنىڭ ئېيتقىنى توغرا بولسا ، چۈن چىنىڭ كۆڭلىدە ناھايىتى قۇدرەتلىك سۆيگىنى بولسا كېرەك... كۈتۈش چۈن چىنى گۈزەللەشتۈرگەن ، شۇنداقلا ئۇنى ئاستا - ئاستا سولدۇرماقتا ئىدى .

## 11

ئاشۇ قېتىمدىن كېيىن ، جۇڭ ئۇستام كەلگەندە خۋاخۋا ئىستائەتچانلىق بىلەن دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ تۇرمايدىغان بولۇپ قالدى . ئۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن قورۇغا كىرىپ ، ئاشۇ ئاجايىپ - غارايىپ ئوت - چۆپلەرنى ۋە ئىدىشتىكى قۇلۇلە قاپلىرىنى ئىنچىكىلەپ كۆرەتتى . ھەر قېتىم جۇڭ ئۇستامنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرسەملا ئۇن - تىنسىز ھالدا ھويلىغا چىقاتتىم . ئۇ يەردىن خۋاخۋانى چوقۇم تاپالايتتىم ، ئۇ خۇددى مەلۇم بىر تۈپ گۈل - گىياھتىن ئادەمنى مەستخۇش قىلغۇچى گۈل شىرنىسىنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن شوراۋاتقان كېپىنەكتەك ، گۈل - گىياھلار بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان بولاتتى ياكى يەڭلىرىنى تۈرۈۋېلىپ ، ئاق بىلەكلىرىنى ئىدىشتىكى سۈزۈك سۇغا تىقىپ ، قوللىرىنى ئېغىر ئۆيقۇدىكى ئاشۇ قۇلۇلە قاپلىرىغا سوزۇۋاتقان بولاتتى . ئۇ قۇلۇلە قاپلىرىنى يەڭگىل ئىلەشتۈرەتتى ، سۇ دولقۇنلىرى قۇلۇلە قاپلىرىنى سىلاپ ئۆتكەندە ، قۇلۇلە قاپلىرى بىر - بىرىگە سوقۇلۇپ شاراقلىغان ئاۋاز چىقىراتتى . خۋاخۋا ئىككىمىز خۇددى ۋەدىلەشىۋالغاندەكلا كۆزلىرىمىزنى يۇمۇپ دىققەت بىلەن ئاڭلايتتۇق ، بۇ خىل ئاۋاز باشقا بىر دۇنيادىن كېلىۋاتقاندەك ۋەزىنلىك ، بوغۇق ئىدى ، خۇددى كەلگۈسىدىن ئالدىن بېشارەت

بېرنۋاتقاندەكلا قىلاتتى .

ئەسلىدە بۇ ناھايىتى ئاددىي بىر ئىش بولۇشى مۇمكىن . لېكىن ، خۇاخۇا ئىككىمىزنىڭ كۆزىمىزنى تەڭ يۇمۇپ ، تەڭ ئېچىشىمىزدەك يوشۇرۇن كېلىشىم نەتىجىسىدە بارلىق نەرسىلەر سىرلىق تۇسكە كىرەتتى . ئۇ كۆزلىرىنى ئېچىپ ، پەس ئاۋازدا مەندىن :

— نېمىنى ئاڭلىدىڭىز ؟ — دەپ سورايتتى .

بېشىمنى چايقىغىنىمچە گەپ قىلماي كۈلۈپ تۇرۇۋالاتتىم ، ناھايىتى مۇھىم مەخپىيەتلىكنى چىڭ ساقلاۋاتقاندەك سىرلىق قىياپەتكە كىرىۋېلىشىم ھەمىشە خۇاخۇانىڭ ئىچىنى سىقاتتى . ئۇ مەندىن قايتا سورىماي ، ئېغىزلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويۇپ ، سۇدىكى قۇلۇلە قاپلىرىغا داۋاملىق قارايتتى .

ئىچكى دۇنيايىم كۆرۈنۈشتە خاتىرجەم تۇرغان تاشقى قىياپىتىمدەك تىنچ ئەمەس ئىدى . ھەر قېتىم خۇاخۇا بىلەن كۆرۈشۈش ، ئۇنىڭ بىلەن تاش ئىدىشنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ قۇلۇلە قاپلىرى بىلەن سۇ بىرلىكتە ئورۇندىغان مۇزىكىنى ئاڭلاش مەن ئۈچۈن خۇددى بىر مۇراسىمغا ئايلىنىپ قالغان ، ھەر ئايدا بىر قېتىم ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇراسىم ئىدى .

خۇاخۇا دائىم چۈن چىدىن ئۆزىنى تارتاتتى ، ئەگەر چۈن چى مېھمانخانىدا بولسا ياكى قورۇغا تۇتىشىدىغان ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق بولسا ، مەن دەرھال قورۇغا چىقىپ خۇاخۇاغا قول ئىشارىسى قىلاتتىم . شۇنىڭ بىلەن خۇاخۇا قورۇغا كىرمەيتتى .

شۇڭا ، خۇاخۇا چۈن چىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى . مېنىڭچە ، ئۇ چۈن چىنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ كۆرۈۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى . باغۋەنچىلىك ۋە پال ئېچىشقا ئۇستا چۈن چى ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئاددىي كىشىلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان پەرىشتىگە ئايلانغانىدى .

قار قاتتىق يىغىۋاتقان بىر قىش كۈنى ، خۇاخۇا دەرۋازا ئالدىدا مېنى كۈتمەكتە . ئۇ بىر قاراشقا پەرۋاسىز كۆرۈنەتتى ، دېمىسە بولمايدىغان بىرەر ئىشىمۇ يوق ئىدى ، بىراق كۆڭلىدە مېنىڭ

چىقىشىمنى ، ئۆزىنى كۆرۈشۈمنى ئارزۇ قىلاتتى . بىراق ، ئۇ چاغدا مەن ئىسسىق ئۆيدە ئولتۇرۇپ ، سۈزۈك بولاق سۇيىدە لۇڭجىڭ چېيىـــنـــى دەملەپ ، چۈن چىنىڭ ئىچكىلى كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتىم .

مەن سەككىز كىشىلىك چاسا شىرە يېنىدا بىر چەينەك قىزىق لۇڭجىڭ چېيىنى ساقلاپ ئولتۇرىمەن . بۇ باھار پەيتىدە ئۈزۈلگەن يېـڭى چاي ، پۇرىقى ناھايىتى كۈچلۈك ، ئۇزاق ۋاقىت پۇرىغان ئادەمنىڭ بېشىنى قايدۇرىدۇ . خۇاخۇا دەرۋازا ئالدىدىكى بىر پارچە كۆتەكتە ئولتۇرۇپ تىترىمەكتە ، پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرغاچ پەس ئاۋازدا ناخشا ئېيتماقتا ، ئىككى قولى توڭلاپ قېلىشتىن بۇرۇن بىر تال شاخ تېرىپ كېلىپ ، قارلىق يەرگە ئىسمىمنى يازماقتا — كېيىن قارلىق يەردە ئۇنىڭ بۇ خەتلىرىنى كۆردۈم .

ئۆينىڭ ئىچىدىمۇ كۈتۈش ، ئۆينىڭ سىرتىدىمۇ كۈتۈش ، ھەر ئىككىمىز كۈتۈۋاتاتتۇق .

قاراڭغۇ چۈشكىچىمۇ چۈن چى ھۇجرىسىدىن چىقىپ باقمىدى . ئاخىر ئۇنى ساقلاشتىن ۋاز كېچىپ ، رايىم يانغان ھالدا ئۆزۈم يالغۇز چاي ئىچىشكە باشلىدىم . چاي سوۋۇپ تېخىمۇ قىرتاقلىشىپ كەتكەن ، خۇددى سەكراتتىكى بىماردەك زەئىپ پۇراق تارقاتماقتا ئىــدى . ئــۆزۈمــنــى دۇنــيادا ئەڭ ئىخلاسى قايتقان ئادەم دەپ ئــويـلايتتىم ، لېكىن سىرتتا يەنە بىر قىزنىڭ ئۈششۈپ كەتكەن پۇتلىرىنى سۆرىگىنىچە ئۆيىگە قايتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتىم ، قار ئــۇچــقــۇنلىرى ئۇنىڭ باش - كۆزلىرى ۋە مۈرىلىرىنى سىيپاپ ئــۆتــمەكــتــە ، بــەلكىم بۇ ئاشۇ قىشتا ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگەن بىردىنبىر قول بولۇشى مۇمكىن .

## 12

يــاز ، بــەس - بەستە چىرىلدىــشــىۋاتــقــان تومــۇزغا ئاۋازىغا خۇاخۇانىڭ يىغا ئاۋازى قوشۇلۇپ كەتكەن ، ئۇ دەرۋازا سىرتىدا تــۇرۇپ ئــىــســمــىمنى چاقىرماقتا ، دەرۋازا ئالدىدىكى تۇخۇمەك

دەرىخىدىكى گۈل بەرگىلىرى تەۋرىنىشتىن تۆكۈلمەكتە. مەن يۈگۈرۈپ چىققىنىمدا، ئۇنىڭ دەرەخكە يۆلىنىپ ھارغىن ھالەتتە تۇرغانلىقىنى، ئۈستىۋېشىنى بىر قەۋەت ئاق گۈل قاپلىۋالغانلىقىنى كۆردۈم.

خۇاخۇا دادىسىنىڭ كېچىلەپ ئىشلەپ سوغۇق تەگكۈزۈۋالغانلىقىنى ئېيتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئىزچىل ياخشى بولماي كەلگەن، چارچاشتىن كېسەل تېپىۋالغان، بۇ قېتىملىق سوغۇق تەگكۈزۈۋېلىشتىن ئامان- ئېسەن ئۆتۈپ كېتەلمەيدىغاندەكلا قىلاتتى.

چۈن چى يوق ئىدى. سەكراتقا چۈشۈپ قالغان جۇڭ ئۇستامنى يوقلاش ئۈچۈن خۇاخۇاغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە ماڭدىم. تۇساتتىن جۇڭ ئۇستامنىڭ تولىمۇ مۇھىملىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم، ئۇ چۈن چىگە تۇتىشىدىغان يولنىڭ ئىشىكى ئىدى، مۇشۇ پەيتتە بۇ ئىشىك ئاستا - ئاستا يېپىلماقتا. جېنىمنىڭ بارىچە يۈگۈرمەكتىمەن، خۇاخۇا مېنىڭدىنمۇ تېز يۈگۈرمەكتە، ئۇنىڭ سۈرئىتى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ، خۇددى قۇياشقا قاراپ چېپىپ كېتىۋاتقان چىپار بۇغىدەك. ئۇ مېنى باشلاپ، نۇرغا قارشى يۆنىلىشتە ئاشۇ يېپىلىۋاتقان ئىشىككە قاراپ يۈگۈرمەكتە.

خۇاخۇا جۇڭ ئۇستامنىڭ ئىشىكىنى ئىتتىرىپ ئېچىپ مېنى باشلاپ كىرگەندە، پەس ئاۋازدا ئۇنىڭغا دېدىم:

— رەھمەت.

بۇ سۆزنى قىلغان چېغىمدا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدىم، ناھايىتى سەمىمىيلىك بىلەن.

جۇڭ ئۇستامنىڭ ئۆيى تولىمۇ ئاددىي ئىدى، ئۆيگە بىر كەڭ شىرە ۋە ئەڭ ئىچكىرىسىگە ئۇ ئۇخلايدىغان كارىۋاتلا قويۇلۇق. شىرەدىكى جىنچىراغ يورۇپ تۇراتتى، چىراغ تۈۋىگە ماڭا تونۇش قۇلۇلە قاپلىرى قويۇلغانىدى.

مەن كارىۋات يېنىغا بېرىپ، ئېڭىشىپ ئۇنىڭغا قارىدىم.

قارىماققا ئۇ يەنىلا شۇنداق پاكىز تۇراتتى ، كېسەللىكمۇ ئۇنى دۇغلاشتۇرالمىغانىدى . هازىر ئۇنىڭدا پەقەت سېغىنىش بىلەن مىننەتدارلىقلا قالغان ، ئۆزىنى ناهايىتى ئازادە قويۇۋەتكەن ، خۇددى يامغۇرغا ئايلىنىش ئالدىدا تۇرغان بۇلۇتتەك .

جوڭ ئۇستام كۆزلىرىنى ئاچتى ، كەلگەن كىشىنىڭ چۈن چى بولماستىن ، مەن ئىكەنلىكىمنى كۆرۈپ ئازراق ئۈمىدسىزلەندى . بىراق ، بۇ ئۈمىدسىزلىنىش قىسقا ۋاقىتلا داۋاملاشتى ، ئۇ خۇشال هالدا پەس هەم بوغۇق ئاۋازى بىلەن مېنى چاقىردى :

— شياۋ شىڭ ، شياۋ شىڭ .

ئۇ تۈيۈقسىز قولۇمنى تۇتۇۋالدى ، قوللىرىمنى سىقىشى تولىمۇ كۈچلۈك ئىدى ، بەلكىم بۇ ئۇنىڭ ئېشىپ قالغان بارلىق كۈچى بولسا كېرەك .

— چۈن چىنىڭ هالىدىن ياخشى خەۋەر ئالغىن . ئۇ بەك غېرىب ، ئۇنىڭغا پەقەت سەنلا بار ، — دېدى ئۇ ماڭا .

بۇ ئەسلىدە تولىمۇ ئادەتتىكىچە بولغان ۋەسىيەت ئىدى ، ماقۇل دېسەملا بولاتتى ، بىراق ئۇنىڭ هالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىشنى هەددىدىن زىيادە ئارزۇ قىلىدىغانلىقىم سەۋەبىدىن ، مۇنۇ سەكراتتىكى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى تىنچسىزلاندۇرۇپ قويۇشتىنمۇ ئايانماي :

— ئۇ ماڭا موهتاج ئەمەس . ئۇ ماڭا ئازراقمۇ موهتاج ئەمەس ، — دەۋەتتىم .

— ئۇنىڭ نېمىگە موهتاج ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە شۇنداق دەۋاتىسەن ، — جوڭ ئۇستامنىڭ ئازراق ئەيىبلەش ئاهاڭىدىكى سۆزلىرىدىن كۆيۈنۈش مەنىسى چىقىپ تۇراتتى ، — ئۇنىڭ ساڭا موهتاج بولۇشىنى ئارزۇ قىلامسەن ؟ ئۇ موهتاج بولغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىزدەشنى خالامسەن ؟

دۇرۇس ، چۈن چىنىڭ نېمىگە موهتاج ئىكەنلىكىنى ئەزەلدىن بىلمەيتتىم . ئۇ خۇددى هېچنېمىگە موهتاج ئەمەستەك ، هاياتى ئاخىرلىشىپ بولغاندەك ، پانىي ئالەمدە قالغىنى پەقەت ئۇنىڭ هېچ

ئىش بىلەن مۇناسىۋەتسىز تېنىدەكلا كۆرۈنەتتى ماڭا .
— خالايمەن ، — دېدىم قەتئىيلىك بىلەن .
— كەل ، ساڭا دەپ بېرەي ، — دېدى جۇڭ ئۇستام ماڭا پەس ئاۋازدا .
كارىۋاتتا يانچە ئولتۇرۇپ ، قولىقىمنى ئۇنىڭ يۇمشاق ئېغىزىغا يېقىن ئېلىپ باردىم .
— چۈن چىنىڭ قولۇلە قاپىلىرىنى نېمىشقا يىغىۋىغانلىقىنى ، ئۇلارنى نېمىگە ئىشلىتىدىغانلىقىنى بىلەمسەن ؟
— ئۇلار بىلەن پال سالامدۇ ؟ — دەپ سورىدىم خۇاخۇانىڭ گېپى ئېسىمگە كېلىپ .
جۇڭ ئۇستام بېشىنى چايقىدى :
— ياق ، ئۇنداق ئەمەس . چۈن چى ئەزەلدىن كەلگۈسىدىكى ئىشلارنى بىلىشكە قىزىققان ئەمەس ، ئۇ پەقەت ئۆتمۈشتە يۈز بەرگەن ئىشلارغىلا قىزىقىدۇ .
— چۈشەنمىدىم ، — دېدىم مەن . يۈرەك سوقۇشلىرىم تېزلىشىپ كېتىۋاتاتتى ، چۈنكى چۈن چىنىڭ مەخپىيەتلىكىگە بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتاتتىم .
— چۈن چى ئىزچىل تۈردە ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان نەرسىنى ئىزدەۋاتىدۇ ، — دېدى جۇڭ ئۇستام .
— ئۇ… ئۇ زادى نېمە ؟
— خۇاخۇا ، چىقىپ قاراپ باققىنا ، مېيىت ساندۇقى دۇكىنىدىكى ئۇستام كەلدىمىكىن ، مەن شىياۋ شىڭ ئاكاڭ بىلەن ئازراق پاراڭلىشىۋالاي ، — جۇڭ ئۇستام تۇيۇقسىز ئىشىككە قاراپ دېدى . شۇنىڭدىلا خۇاخۇانىڭ سىرتتا ئىكەنلىكىنى ، بېشىنى ئىشىكتىن ئازراق تىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم .
خۇاخۇا غۇدۇرىغىنىچە ئىشىك ئالدىدىن غايىب بولدى . بىراق ، ماڭا ئايانكى ، ئۇ يىراققا كەتمەيدۇ . ئۇ چۈن چىگە تولىمۇ قىزىقىدۇ ، شۇڭا ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلايدىغان پۇرسەتنى ھەرگىز قولدىن بېرىپ قويمايدۇ .

ئۇنىڭ ئۇستىگە، بۇ ئەگرى ـ توقايلىقتا تولغان ھېكايە. ئارىلىقتا جۇڭ ئۇستام بىرقانچە قېتىم تۇيۇقسىز توختاپ قالدى، قاش ئارىسى تۇيۇقسىز كېڭىيىپ كەتتى، ئۇنى ئۆلۈپ كەتتىمىكىن دەپ ئويلاپ قالغانىدىم. نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەيۋاتقان چېغىمدا، ئۇ يەنە ئېغىز ئېچىپ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى. يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا ئۇنىڭ نەپىسى يېتىشمەي قالدى، ھەربىر سۆزنى ناھايىتى تەستە قىلاتتى. ئۇنىڭ بېشىنى مۇرەمگە يۆلەتتىم. ئۇ ئاستا ـ ئاستا ئۇخلاپ قالغاندەك بولۇپ قالدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنە تۇيۇقسىز گەپ قىلىپ قېلىشى مۇمكىن.

ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادىن مېھرىنى ئۈزمىكى تولىمۇ قىيىن ئىش ئىكەن.

ئۇ كېچىسى ئۇنىڭ تېنىنىڭ بارا ـ بارا سوۋۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدىم، دۇمچەك دۈمبىسى تۈزلىنىپ كەتكەنىدى. بىلىمەن، ئۇ بارلىق يۈكتىن خالاس بولدى، ئۇ ئەزەلدىن مۇنداق راھەت سوزۇلۇپ باقمىغان. سۈبھى پەيتىدە ئۇنى كارىۋاتقا ئاۋايلاپ ياتقۇزۇپ قويدۇم. ئىشىكنى يېپىپ ئۆيدىن چىقىدىغان چاغدا ئۇنىڭغا ئاخىرقى قېتىم يەنە بىر قارىدىم، قاغجىرىغان ئۇ ئورۇق بەدەن خۇددى چوڭ يانغىندىن كېيىنكى كۆل ئىچىدە قالغان ياغاچقىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

ئۇنىڭ ھېكايىسىنى يۇتۇۋەتتىم، يېڭى ئىرادىنىڭ ھەمراھلىقىدا داۋاملىق ئۆسۈپ يېتىلىمەن، ھودۇقمايمەن.

ئىشىكتىن چىقىپ، خۇاخۇانىڭ سىرتتا ماڭا تەشۋىش ئىچىدە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئەمدى ئۇ بىر يېتىم قىز بولۇپ قالغانىدى. بىچارە يېتىم قىز، جۇڭ ئۇستام پەقەت ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىلەردىلا ئۇنى ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا تىلغا ئېلىپ: «خۇاخۇانى ئېلىپ كەتكىن، توقال قىلىۋالساڭمۇ مەيلى، چاكار قىلىۋالساڭمۇ مەيلى، ئۇنىڭ باشقا يېقىن ئادىمى قالمىدى» دېگەنىدى، سۆز ئۇرانى خۇددى سىرتتىكى بىر كونا كۇنلۇكنى تاپىلاۋاتقانغىلا ئوخشايتتى.

بېشىمنى لىڭشىتتىم . بۇ بىزنىڭ خۇاخۇا توغرىسىدا قىلىشقان بىردىنبىر پاراڭىمىز بولۇپ قالدى ، كۆنلۈكنىڭ ئىگىسى مۇشۇنداق ئاسانلا ئالماشتى .

خۇاخۇا چوقۇم ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قالغان بولسا كېرەك ، ئەمدى ئۇنىڭ ماڭا قارىشىدىن تۆۋەنچىلىك ۋە ئىنائەتچانلىق چىقىپ تۇراتتى .

## 13

جۇڭ ئۇستامنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ، ئۇنىڭ ئەڭ ئىچىگە كىيىۋالغان كىيىمىدىن ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن ، سىغىزغان بىلەن مېيخۇا گۈلى نەقىشلەنگەن ياغاچ ئەسۋابنى تاپتىم . قاپتىكى نەرسىنى ئېلىپ بۇرۇنقى ئورنىغا جايلاشتۇردۇم . ئۇ قاپنى جۇڭ ئۇستام دەپنە قىلىنغاندا ئۇنىڭ يېنىغا قويۇپ بىللە كۆمۈۋەتتىم .

ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ، جۇڭ ئۇستام چۈن چى ئۈچۈن سىلىقلىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر خالتا قۇلۇلە قېپىنى ئېلىپ خۇاخۇاغا :

— ماڭايلى ، — دېدىم .

ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ ، رايىشلىق بىلەن كەينىمدىن ئەگىشىپ ماڭدى . تويۇقسىز ئارىمىز يىراقلىشىپ قالغاندەكلا قىلاتتى . شۇنىڭدىن تارتىپ جۇڭ ئۇستامنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن خۇاخۇادا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى ئاستا - ئاستا سېزىشكە باشلىدىم . ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرى جۇڭ ئۇستام ئۆلۈپ كەتكەن ئاشۇ دەقىقىدىن باشلاپ ئاخىرلاشقانىدى ، خۇشال كۈلكىلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان ئاشۇ قىز كەلمەسكە كەتكەنىدى .

مەن ئايال خىزمەتكارنى خۇاخۇاغا ساراي ئۆيدىن بىرنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇدۇم . لېكىن ، خۇاخۇا ئۇ ئۆيدە تۇرغىلى ئۇنىماي ، ئايال خىزمەتكارنىڭ خانىسىدا قىستىلىشنى تاللىۋالدى . ئۇنىڭ ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇشلىرى پەقەتلا قولاشمىغاندەك كۆرۈنەتتى ، ئازراقمۇ تەبىئىي ئەمەس ئىدى ،

خۇددى قېيىداۋاتقاندەكلا تۇيغۇ بېرەتتى. ئامالسىز ئۇنىڭ رايىغا باقتىم.

ئەتىسى ئەتىگىنى مېنى كۆرگەندە، ئۇ ماڭا سالام بېرىپ، مېنى «بەگزادە» دەپ چاقىردى. ئۇنى يېنىمدا ئولتۇرغۇزماقچىدىم، لېكىن ئۇ ماڭا قاراپمۇ قويماي، يەنە قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشىم بار، دەپلا ئىشىكتىن ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن خۇاخۇا ئۆزى ئارزۇ قىلغىنىدەك مېنىڭ دېدىكىم بولۇپ قالدى. ئۇ مېنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشۇمغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇل بولۇپ، كىر يۇيۇش، تاماق ئېتىش، ئۆي تازىلاش دېگەندەك ئىشلارنى قىلىپ يۈردى. گەرچە ئىشلارنى ياخشى قىلالمىسىمۇ، لېكىن ئىشلارغا بەك ئۆزىنى ئۇراتتى. بىراق، بۇلار بىزنى باشتىن ـ ئاخىر يېقىنلاشتۇرالمىدى. ئۇ ھەمىشە مەندىن ئۆزىنى قاچۇراتتى، گەپ قىلغاندا ماڭا قاراپمۇ قويمايتتى، ھەمىشە بىرەر باھانە تېپىپ يېنىمدىن كېتىشكە ئالدىرايتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيىسى ئاخىر ئاچچىقىمنى كەلتۈرۈپ قويدى، نېمىلا ئىش قىلسۇن، ئۇنىڭدىن قۇسۇر ئىزدەيدىغانلا بولۇۋالدىم. كىرلىك ۋاقتىدا ئالماشتۇرۇلماپتۇ، چاي بەك قېنىق دەملىنىپ كېتىپتۇ، شورپا تۇزسىز بولۇپ قاپتۇ، دېگەندەك باھانىلەر بىلەن ئۇنى ئەيىبلەيتتىم··· ئەسلىدە، خۇاخۇانىڭ سەۋر ـ تاقىتى ھامان بىر چاغدا توشۇپ مەن بىلەن جاڭجاللىشىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. مەيلى ئۇنى قانداق تەڭقىسلىقتا قوياي، چىرايى ئىپادىسىزلا تۇراتتى، قىلچە ئاچچىقلانمايتتى.

ئەڭ ئاخىردا خۇاخۇانىڭ ئاشخانا ئۆيدە يوشۇرۇنچە يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چېغىمدا يۈرىكىم ئېچىشقاندەك بولدى. ھەممە ئىشتا ئۇنى مەيلىگە قويۇپ بېرەي دېگەن يەرگە كەلدىم، ئېھتىمال ئۇ مۇشۇنداق رولنى ئالغىنىدىلا، ئاندىن ئۆزىنى بىخەتەر ھېس قىلسا كېرەك.

خۇاخۇانىڭ خۇشاللىق ۋە قايغۇلىرىغا كۆڭۈل بۆلگۈدەك مېنىڭمۇ ئانچە كۆپ ۋاقتىم يوق ئىدى. چۈن چى قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇن جۇڭ ئۇستام تازىلاپ، سىلىقلاپ بولالمىغان قۇلۇلە قاپلىرىنى پۈتتۈرۈشۈم كېرەك. جان ئۈزۈش ئالدىدا جۇڭ ئۇستام قۇلۇلە قاپلىرىنى تەييارلاش ئۇسۇلىنى ماڭا پەقەت بىرلا قېتىم دەپ بەرگەن، ھازىر ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىشىم، قايتا - قايتا مەشىق قىلىشىم كېرەك.

ئەگەر جۇڭ ئۇستامنىڭ ئورنىنى ئالالىسام، ئۇنداقتا مەن چۈن چى ئەڭ موھتاج بولىدىغان ئادەمگە ئايلىنىمەن.

ساپ ھاۋالىق سەھەر، مەن قورۇدىكى تاش ئۇستەل ئالدىدا ئولتۇرىمەن، يۇيۇپ تازىلانغان قۇلۇلە قاپلىرى ئۇستەلگە يېيىقلىق. ئىشلىتىۋاتقىنىمغا ئۇزاق بولغان ھېلىقى ئۇزۇن ساپلىق نەققاشلىق پىچىقنى ئەسۋاب خالتىسىدىن چىقىرىپ، بىر ئېغىز قۇلۇلە قېپىنى ئالدىم - دە، سىلىقلاشقا باشلىدىم. قۇلۇلە قېپى ئۈستىدىكى بارلىق ئارىلاشمىلارنى چىقىرىپ تاشلاش كېرەك، لېكىن قۇلۇلە قېپىنىڭ يۈزىدىكى قىلچىلىك سىزىقچىنىمۇ زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىتىشقا بولمايدۇ، بۇ پىچاق ئىشلىتىشتە ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۆدۈنە قۇلۇلىسى ۋە قىزىل قۇلۇلە دېگەندەك بەزى قۇلۇلىلەرنىڭ قاپلىرى چۈرۈك ھەم نېپىز كېلىدۇ، ئازراقلا بىخەستەلىك قىلىنسا، قۇلۇلە قېپىنىڭ يۈزى زەخىمگە ئۇچرايدۇ، زەخىملەنگەن قۇلۇلە قېپى مەيلى قانچىلىك ئاز ئۇچرايدىغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، چۈن چى چوقۇم تاشلىۋېتىدۇ. جۇڭ ئۇستام بۇنى ماڭا چىن كۆڭلىدىن تاپىلىغان.

بەزىدە خۇاخۇا ئالدىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ماڭا بىر خىل غەلىتە نەزەردە قاراپ قوياتتى. بەلكىم ئۇستەلگە مۆكچىيىپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن قۇلۇلە قاپلىرىنى سىلىقلاۋاتقان ھالىتىم ئۇنىڭغا بىر ئاز تونۇش بىلىنگەندۇ، قادىلىپ ئىشلەۋەرگەچكە قان ئۇيۇپ قالغان كۆزلىرىمدىن باشقا بىر ئادەمنىڭ كۆلەڭگىسىنى

كۆرۈۋاتقاندۇ .

خۇاخۇا ئۇندىمەيتتى ، غۇۋا چىراغ يورۇقىدا مېنىڭ ئاستا ـ ئاستا چوڭ بولۇپ ، ئۇ ئالەمگە كەتكەن بىرىنىڭ سىياقىغا كىرىپ قېلىۋاتقانلىقىمغا قاراپ تۇراتتى . بۇ نېمىدېگەن يېقىملىق ئىزنا ـ ھە . ئىشلەۋاتقان چېغىمدا خۇاخۇا يېنىمدا جىمجىت تۇراتتى ، بەزىدە يېقىن كېلىپ ، غۇۋالىشىۋاتقان چىراغنىڭ پىلىكىنى پەرلەپ ، يورۇقراق قىلىپ قوياتتى .

بۇ ئۆيدىكى ھەربىر ئادەم ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ھىم ئېتىلگەن چىمىلدىققا ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى .

## 14

مەن زارىقىپ كۈتكەن چۈن چى قايتىپ كەلدى .

چۈن چى ئۆيدە بىر قىزنىڭ كۆپىيىپ قالغانلىقىنى ناھايىتى تېزلا بايقاپ قالدى . خۇاخۇا چاي تۇتقىلى چۈن چىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، ئۇنىڭغا ھاڭۋېقىپ قاراپلا قالدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى شۇنچىلىك نۇرلۇق ئىكەن ، قانداقسىگە ئەما بولسۇن؟ خۇاخۇا جەزمەن مۇشۇنداق ئويلاۋاتاتتى . شۇڭا ، ئۇ قولىنى سوزۇپ ، چۈن چىنىڭ كۆز ئالدىدا پۇلاڭلىتىپ باقتى .

چۈن چى ئادەتتىن تاشقىرى سەزگۈر ئىدى . خۇاخۇانىڭ بۇ ھەرىكىتى ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى .

ئۇ ئۆيدە بىر يات ئادەمنىڭ ئاينىپ قالغانلىقىدىن ئىنتايىن بىزار بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، خۇاخۇانىڭ ئۆزىگە قىلغان ھۆرمەتسىزلىكىگە زادىلا چىداپ تۇرالمىدى . ئۇ خۇاخۇا چاي سۇنغان ئىستاكاننى كۈچەپ ئىتتىرىۋەتتى ، قىزىق چاي خۇاخۇانىڭ ئۈستىۋېشىغا تۆكۈلدى ، ئۇ چىدىيالماي چىرقىراپ كەتتى . بۇ ئۆيدە ئەزەلدىن ھېچكىم بۇنداق چىرقىراق ئاۋاز چىقىرىپ باقمىغانىدى . ۋارقىراش ، ئېچىنىشلىق يىغلاش ۋە خۇشال كۈلۈش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەردە مەنئى قىلىنغان ، خۇاخۇا بەلكىم مۇشۇ پەيتتە بۇ يەردىكى قەبرىستانلىققا خاس پۇراقنى پۇرىغاندۇ . چۈن چى

خىزمەتكار ئايالنى چاقىرىپ خۇاخۇانى ھەيدىگۈزۈۋەتتى .
ئۇ كۈنى خۇاخۇا ھويلىدىكى گۈللۈككە يوشۇرۇنۇۋالغان ، غال - غال تىترەيتتى . ئۇنى تاپقان چېغىمدا ، ئۆزىنى ھەيدىۋەتمەسلىكىمنى مەندىن ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋالدى ، قورقۇنچ سەۋەبىدىن ماڭا نىسبەتەن ئازراق تايىنىۋېلىش ئىپادىسىدە بولدى . بىراق ، مەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشقا ئامالسىز ، ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن چۈن چىنى يەنە خاپا قىلىپ قويسام بولمايتتى . مەن ئامالسىزلىقتىن ئۇنى قورۇدا ۋاقىتىنچە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇدۇم .
ئۇ كېچىسى خۇاخۇا ھويلىغا يېگانە ھالدا يوشۇرۇپ قويۇلدى . بىرىم كېچىدە ئۇنى كۆرگىلى چىقسام ، بىز تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەن چاغدىكى ھېلىقى تاش ئىدىشنى باغاشلاپ ، غەمكىن ھالدا ئۇخلاۋېتىپتۇ .
مەن ئىزچىل تۇردە ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا قەرزدار ھېسابلايتتىم ، بۇ قەرزنى مەڭگۈ قايتۇرۇپ بولالمايتتىم . بىراق ، چوڭ بولغاندىن كېيىن مەن دائىم شەپقەتسىزلەرچە مۇنداق ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم : دۇنيا ئەسلىدىنلا مۇشۇنداق ، ھەربىر ئادەم بىر قىسىم كىشىلەر ئالدىدا قەرزدار بولىدۇ ، شۇنداقلا يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنى قەرزدار قىلىدۇ . بۇ خىل مۇناسىۋەت زەنجىرگە ئوخشاش گىرەلىشىپ كەتكەن ، ئۇنىڭ بېشى بىلەن قۇيرۇقى تۇتاشقاندا بۇ دۇنيا ئادىل بولغان بولىدۇ .

ئەتىسى ئەتىگىنى چۈن چى ھۇجرىسىدىن چىقىپ جۇڭ ئۇستام ئەكېلىپ بەرگەن قۇلۇلە قاپلىرىنى سورىدى . تاغارنى ئاچتىم ، قۇلۇلە قاپلىرىنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇنىڭ ئىچىدە ساقلاۋاتاتتىم . چۈن چى قولىنى تاغارغا تىقىپ سىلاپ باقتى ، ئاندىن رازىمەنلىك بىلەن تاغارنى ئېلىپ كىرىپ كەتتى .
ئۇ ھۇجرىسىغا قايتىپ ئىشىكنى ياپتى . بۇ مەن ئەڭ ھاياجانلىنىۋاتقان ۋە ئەڭ ئەنسىرەۋاتقان پەيت . چۈن چى بۇ قۇلۇلە

قاپلىرىنىڭ بۇرۇنقىلىرىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلىپ قالارمۇ؟
ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇرۇۋاتىمەن، قۇلىقىم ئۆيدىكى ھەربىر تىۋىشتە. جوڭ ئۇستامنىڭ دېيىشىچە، ئەڭ تىنچ ۋاقىتتا چۇن چىنىڭ بارماقلىرى قولۇلە قاپلىرىنى سىلاپ ئۆتسە، ئۇلاردىن يېقىملىق كۈي ئاڭلىنىدىكەن. بۇ خىل ئاۋازنى بۇرۇنمۇ ئاڭلىغانمەن، تېخى ئۇنى پەقەت خىيالىي تۇيغۇ دەپ قارىغانىدىم. بىراق، بۇ قېتىم ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ ئەستايىدىل قۇلاق سالغىنىمدا، دەرۋەقە ئۆيدىن نازۇك مۇزىكا ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى. بۇ كۈي بىردەم ئۈزۈلۈپ قالاتتى، بىردەم داۋاملىشاتتى، بۇ ئاۋازنىڭ ساھىبلىرى زىچ باغلانغان، ئۇلار تۇنجى قېتىم راستقا ئايلىنىۋاتاتتى.

توساتتىن، چۇن چى ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ كەلدى. ئۇ مېنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئىكەنلىكىمنى سەزدى.

— جوڭ ئۇستامنى چاقىرىپ كەل، ئۇنىڭغا دەيدىغان گېپىم بار، — دېدى ئۇ ماڭا.

— ئۇ كېلەلمەيدۇ. بىر ئاي ئىلگىرى كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى، — تەمكىن جاۋاب بەردىم.

چۇن چى داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى، تېنى يېنىك دەرىجىدە دەلدۈگۈنۈپ كەتتى.

ناھايىتى ئۇزاقتىن كېيىن ئۇ ئاران ئېغىز ئاچتى:

— ئاخىرقى قېتىم ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرەلىدىڭمۇ؟

— ھەئە، كۆرەلىدىم.

— ساڭا نېمىلەرنى دېدى؟ — سەگەكلىك بىلەن سورىدى ئۇ.

— ھېچنېمە دېمىدى. ئۇ پەقەت ماڭا قولۇلە قاپلىرىنى قانداق يۇيۇپ - تازىلاش ۋە سىلىقلاشنى ئۆگىتىپ قويدى. مۇشۇنداق قىلغاندا، كېيىن ئۇنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، بۇ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىكەنمەن، — مەن يالغان سۆزلەۋاتاتتىم، چۈنكى جوڭ ئۇستام چۇن چىنىڭ بۇ ئىش سەۋەبلىك ئۆزىگە ئۆچ بولۇپ قېلىشىنى خالىمايتتى.

— ئۇنـــداقـــتـا بـــۇ قـۇلـــۇلە قـاپـــلـىرـــنى سەن سـىـلـىقلىغانمىدىڭ؟ — چۈن چى جۇڭ ئۇستامنىڭ زادى ماڭا نـېـمـىلەرنى دېگەنلىكىنى قىستاپ سوراپ تۇرۇۋالمىدى. ئۇنىڭ دىققىتى يېڭىۋاشتىن قۇلۇلە قاپلىرىغا قايتىپ كەلدى.

— ھە ... شۇنداق، ياخشى قىلالمىغانلىقىمنى بىلىمەن، بىراق مەن قېتىرقىنىپ مەشىق قىلىۋاتىمەن، چوقۇم بارغانسېرى ياخشى قىلىدىغان بولۇپ كېتىمەن.

چۈن چى ناھايىتى قىسقا ۋاقىتلىق سۈكۈتتىن كېيىن دېدى:

— چارچاپ قالدىم، ھۇجرامغا كىرىپ كېتەي.

جـۇڭ ئـۇسـتـامـنىڭ ئۆلۈمى چۈن چىنىڭ بارلىق كۈچىنى سۈمۈرۈپ كەتكەندەكلا قىلاتتى.

— يەنە بىر ئىش... تۈنۈگۈن سىز كۆرگەن ھېلىقى قىزنى جۇڭ ئۇستام ماڭا تاپشۇرغان، ئۇنى ئېلىپ قېلىشقا بولامدىكىن؟

چۈن چى بېشىنى لىڭشىتىپ، بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى.

كـېـيـىـن يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. بۇ يىل يازنىڭ تومۇز كۈنلىرىدە يامغۇر تولىمۇ كەم بولۇپ كېلىۋاتاتتى، جۇڭ ئۇستام ئـۆلۈپ كەتكەن ئاشۇ كۈنى ھاۋا ناھايىتى تۇتۇق ئىدى، لېكىن بـاشـتـىـن ـ ئاخىر يامغۇر ياغالمىدى، ھەممىلا جاينى ئادەتتىن تاشقىرى دىمىقتىلىق قاپلاپ كەتكەن، خۇددى ھەممە نەرسە كۈتۈش ھالىتىدە تۇرغاندەك. بەلكىم چۈن چى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئـۆلگۈچى كۆڭلى خاتىرجەم ھالدا يىراقلارغا كەتكەندۇ، شۇنىڭ بىلەن يامغۇرمۇ بەھۇزۇر يېغىۋاتقاندۇ.

چۈن چى تاشقىرىقى ئۇزۇن كارىدوردىن تاپتىم. ئۇ بىر ئـورۇنـدۇقـنى لەمپە ئاستىغا يۆتكەپ كېلىپ، يامغۇر سۈيىنىڭ ئـاۋازىـغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى. يامغۇر سۇلىرى لەمپىدىن شـىـددەت بـىـلەن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭ جۇخارگۇللۇك يىپەك كۆڭلىكىنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم، ئۇ ئاياغ تـىـۋىـشـىـمنى ئاڭلاپ، بەدىنىنى سەل قىمىرلىتىپ قويدى. ئۇ ھـالـىـتـىـز، غېرىب ئىدى، ئورۇقلۇقىدىن خۇددى يامغۇر سۈيى

سوقۇپ چۇشۇرۈۋەتكەن بىر تال شاپتۇل چىچەكلىگىلا ئوخشايتتى .

كۆز چاناقلىرىمدىن ياشلار سىرغىپ چىقتى .

يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن مۇڭداشقۇم ، يامغۇر سۈيىگە چىلىشىپ ھۆل بولۇپ كەتكەن كۆڭلەكلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ قويغۇم كەلدى . بىراق ، ئۇنداق قىلمىدىم ، بەلكى بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدىم . مەن ئۇنى ئەركەكلەرنىڭ ئۇسۇلى بىلەن سۆيۈشۈم كېرەك ، شۇنداق ، بۇنى مەن قىلالايمەن ، ھازىر مەن ئۇنىڭ نېمىگە موھتاج ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم .

قورۇنىڭ بۇلۇڭىدا سوغۇق نەزەرلىك بىر جۈپ كۆز ماڭا ئاداۋەتلىك تىكىلمەكتە . ئارىمىزدا يامغۇر ۋە تۇمان بولسىمۇ ، لېكىن ئاززاق ئۆچمەنلىكنى يەنىلا ھېس قىلالىدىم . چۈن چى ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىنلا ، ئاندىن ئارقا ھويلىغا ئۆتۈپ ، غول ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدىن خۋاخۋانى تاپتىم . يامغۇر سۈيى ئۇنى قورشىۋالغانىدى . ئۇنى يۆلىمەكچى بولدۇم ، بىراق ئۇ مېنى ئىتتىرىۋەتتى .

ئۇنىڭ قېلىپ قېلىشىغا چۈن چىنىڭ قوشۇلغانلىقىنى ئېيتتىم . ئۇ ئاززاقمۇ خۇشال بولغاندەك كۆرۈنمەيتتى ، پەقەتلا يەنە بۇرۇنقىدەك ئاشخانىغا بېرىپ ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولدى . مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئۇنىڭ كۆڭلىدە چۈن چىگە قارىتا ئۆچمەنلىك پەيدا بولۇشقا باشلىدى . ئۇ خۇددى قىز مېلى يىغقاندەك بۇ ئۆچمەنلىكنى ئاززاق ـ ئاززاقتىن جۇغلىماقتا ، شۇنداقلا ئۇ يەنە تۆۋەنچىلىك پوزىتسىيىدە چۈن چى بىلەن بىر تورۇسنىڭ ئاستىدا ياشاشقا مەجبۇر .

چۈن چى دۇنيادىكى ئەڭ سەزگۈر ئايال ، كۆرەلمىسىمۇ ، لېكىن كۆز ئالدىدىكى بۇ قىزنىڭ ئۆزىگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى سېزىۋالالايتتى .

مۇشۇنداق قىلىپ ، مەن تىركىشىپ تۇرۇۋاتقان ئىككى ئايال زاتى ئارىسىغا قىسىلىپ ، ياشلىق باھارىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر مەزگىلىنى ئۆتكۈزدۇم .

# 15

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە يىل ئىچىدە خۇاخۇا مېنىڭ بارغانسېرى چوڭ چىگە ئوخشاپ كېتىۋاتقانلىقىمنى ئاستا ـ ئاستا ھېس قىلىۋاتاتتى. قولۇلە قېپىغا شەيدا بولۇش، ئەتراپتىكى نەرسىلەرگە پەرۋاسىز قاراش، كىشىلەرگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىش بىزدىكى ئورتاقلىق.

ھەم ئېيتىلگەن ھۇجرىغا بېكىنىۋېلىشقا باشلىدىم، دېرىزىلەرنىمۇ ھەم چاپلاپ، ئازراقمۇ كۈن نۇرى ئۆتمەس قىلىۋەتتىم. سىلىقلانغان بىر قولۇلە قېپىنى ئېلىپ، كۆزلىرىمنى يۇمۇپ، ئاستا ـ ئاستا سىلىماقتىمەن. بۇ بىر خىل ئۇنسىز ئوقۇش، پەقەت ئەڭ جىمجىت چاغدىلا ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

دەسلىپىدە ناھايىتى ئۇزاق مەشىق قىلدىم، كۆڭۈلدىكى غەيرىي خىياللارنى چىقىرىپ تاشلاش، پۈتۈن دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش تولىمۇ تەسكە چۈشتى. ئۆيىنىڭ سىرتىدىكى ئازراق تىۋىشمۇ مېنى يېپىتىلەپ كېتەتتى. مەن ھەمىشە، چۈن چى ھۇجرىسىدىن چىققانمىدۇ، ئۇ يەنە يىراق سەپەرگە چىقارمۇ، دېگەنلەرنىلا ئويلايتتىم...

بىراق، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى كۆڭلۈم تىنچلىنىپ قېلىۋاتاتتى. ئۆيىنىڭ سىرتىدىن ئەمدى ئاۋاز كىرمەيدۇ، بىلىپ ـ بىلمەي ئۆزۈمنى چەكسىز جىمجىتلىق ئىچىدە تەنھا قالدۇرغاندىم. قولۇلە قېپىدا باشقا بىر دۇنيا بار، بارماقلىرىم بىلەن قولۇلە قېپى ئارىسىدىن قىسقا كۈيلەر سەكرەپ چىققىنىدا خۇشاللىقتىن ۋارقىرىۋەتتىم. شۇ دەقىقىلەردە لەمپە ئاستىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان خۇاخۇامۇ قەدەملىرىنى توختىتىپ، دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ مېنىڭ خۇشاللىقىمنى چۈشىنەرمۇ؟ ئەگەر ئارىمىزدا مۇشۇنداق چوڭ ئارىلىق پەيدا بولۇپ

كەتمىگەن بولسا ، مۇشۇ چاغدىكى خۇشاللىقىمدىن ئۈنىڭ بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولغان بولاتتىم .

بۇ بەش يىلدا چۈن چى يەنىلا قۇلۇلە قىپىدىن ئۆز مەخپىيەتلىكىنى تاپالمىدى . ئۇ دېڭىز سەپىرىگە تېخىمۇ كۆپ چىقىدىغان بولۇپ كەتتى ، دېڭىزدىكى غەزەلخانلىق تۇرمۇشى ئۈنىڭ تېنىنى تېز سۈرئەتتە خوراتماقتا ، ئۇ تاقابىل تۇرالماي ، ئاخىر قېرىشقا باشلىدى .

يەنە بىر قېتىملىق دېڭىز سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەن چۈن چى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى . ئۇ مەزگىلدە ئۇ ئۆيدىلا بولدى ، ھەر كۈنى كېسەل كارىۋىتىدا يېتىپ پەس ئاۋازدا ناخشا ئېيتاتتى ، ئەتىگەندىن كەچكىچە قۇلۇلە قاپلىرىنى چىڭ سىقىملىۋالىدىغان قوللىرى زادىلا بوشىشىپ قالمايتتى . بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۈنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدىم ، گەرچە ئۈنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن غەزەلخان ئىكەنلىكىنى ئەزەلدىنلا بىلىدىغان بولساممۇ . چۈن چىنىڭ ناخشىسى ئادەمنى مەست قىلاتتى . بەزىدە خۇاخۇا ئىككىمىز تالادا ئۆز ئىشلىرىمىزنىڭ ھەلەكچىلىكىدە يۈرۈۋاتقان چاغلىرىمىزدا ئۈنىڭ ناخشىسى ئاڭلىنىپ قالسا ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزدىن ئىختىيارسىز توختاپ ، تىپتىنچ ھالدا ئۈنىڭ ناخشىسىغا قۇلاق سالاتتۇق . ناخشا ئاۋازى تولىمۇ تونۇش ، بىر يەرلەردە ئاڭلىغاندەكلا قىلاتتىم . بەلكىم زاكىدىكى چېغىمدا چۈن چى مېنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ مۇشۇ ناخشىنى غىڭشىغاندۇ ياكى ئۈنىڭدىنمۇ بۇرۇن بولۇشى مۇمكىن . خۇددى بۇ ناخشىنى بۇ دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇنلا ئاڭلىغاندەك قىلاتتىم .

ئاڭلىغانسېرى غەمكىنلىشىپ كېتىۋاتاتتىم ، چۈن چى بىلەن ئايرىلىش ۋاقتىنىڭ يېقىنلاپ قېلىۋاتقانلىقىنى خىرە ھېس قىلىۋاتاتتىم . كىچىك چېغىمدا چۈن چىنىڭ يىراق دېڭىز سەپىرىگە چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتىم . بىراق ، ئۇ ھازىر سەپەرگە چىقمايدىغان بولۇپ قېلىۋاتقاندا ، ئاندىن ھجراندىنمۇ قورقۇنچلۇق

نەرسىنىڭ قېرىش ئىكەنلىكىنى بىلمەكتە ئىدىم .

خۇاخۇا مېنىڭ كۆزلىرىمدىكى ياشنى كۆرۈپ قالغان بولسا كېرەك ، مەنسىتمەسلىك ئىپادىسىدە كۈلۈپ قويدى . بۇ مېنىڭ ئاجىزلىقىم ئۈچۈن قىلىنغان مەسخىرە ئىدى . ئۇنىڭ بۇ خىل چىراي ئىپادىسىگە ئىنتايىن ئۆچلۈكۈم كەلدى . ئۇ چۈن چىنىڭ ناخشىسىنى زادىلا چۈشەنمەيدىغان ئادەم .

خىزمەتكار قۇلۇلە قاپلىرى قويۇلغان ياغاچ شىرەنى چۈن چىنىڭ كارىۋىتى يېنىغا ئېلىپ كەلدى . سوغۇق ئۆتكۈزۈۋېلىشنىڭ ئاسارىتى نەچچە كۈندىن بۇيان قىيناپ كېلىۋاتقاچقا ، ئۇنىڭ تېنى تولىمۇ ئاجىزلاپ كەتكەن ، قۇلۇلە قېپى ئۈستىگە قويۇلغان بارماقلىرى تىترەشتىن توختاشقا ئامالسىز ، قۇلۇلە قېپىنى بارماقلىرى قىزىغۇچە سىلىسىمۇ ، پەقەت قىسقىلا ئاۋاز چىقىراتتى .

بىلىمەن ، ئۇ تىت ـ تىت بولۇۋاتاتتى ، ئېشىپ قالغان ۋاقتى بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلغاچقا ، مىجەزى بارغانسېرى ئۇساللىشىپ ، ئىشلىتىپ بولغان قۇلۇلە قاپلىرىنى يەرگە قالايمىقان تاشلايتتى .

ئۇ ئېلىپ كەلگەن قۇلۇلە قاپلىرى تۈگەي دەپ قالدى ، ئۇ ئىزدەۋاتقان نەرسە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن تېپىلمىدى . چۈن چى يەنە دېڭىز سەپىرىگە چىقىپ قۇلۇلە قېپى يىغىپ كەلمەكچى بولدى . ئۇنىڭ تېنى ناھايىتى ئاجىزلاپ كەتكەندى ، تېۋىپتىن ئېلىپ كەلگەن دورىلارنى ئۇلاپ ئىچكەن بولسىمۇ ، ئازراقمۇ مەنپەئەت قىلمايۋاتقاندەك تۇراتتى .

ئاخىر مۇشۇ چاغقا كەلگەندە ، بۇ ئائىلىنى بېقىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستۈمگە ئېلىشقا توغرا كېلىۋاتاتتى . كۆپ يىللاردىن بۇيان بۇ ئائىلىنىڭ بارلىق چىقىملىرىنى چۈن چى كېمىدە غەزەلخانلىق قىلىپ تاپقان پۇللىرى بىلەن قامداپ كېلىۋاتاتتى . چۈن چى پەقەت قۇلۇلە قاپلىرىنىلا يىغاتتى ، ئەزەلدىن پۇل يىغمايتتى ، بارلىق پۇللىرىنى ماڭا ۋە بۇ ئائىلىگە سەرپ قىلىۋەتكەندى . بىراق ، ئەمدى ئۇ غەزەلخانلىق قىلىش ئۈچۈن

دېگىز سەپىرىگە چىقالمايدىغان بولۇپ قالدى . بۇ ئائىلىنى بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قامداش كېرەك ؟

ھەقىقەتەن كېرەكسىز ئىكەنمەن . چۈن چىنىڭ مېنى ئىنچىكە تۇردە شۇنچىلىك ئەركە ئۆگىتىپ قويغانلىقىنى مۇشۇ چاغدىلا ئاندىن ھېس قىلدىم . ئۇ ئەزەلدىن مەندىن ھېچنېمە تەلەپ قىلىپ باققان ئەمەس ، مېنى ئۆز مەيلىمگە قويۇۋېتىپ چوڭ قىلغان ، مەن ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغان تەقدىردىمۇ ، ئۇ ھامان مېنى بېقىۋېرەتتى ، مېنىڭ بىر ئاجىز بەگزادە بولۇپ قېلىشىمغىمۇ يول قوياتتى .

ئۈسۈپ يېتىلىش سەپىرىمدە ، مەن ئەڭ ئىخلاس قىلىدىغان ئىش چۈن چىگە مەپتۇن بولۇش ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىشتىن ئىبارەت بولدى . بۇ بەلكىم چۈن چىنىڭ ئەجرىگە ياندۇرغان جاۋابىم بولسا كېرەك .

## 16

چۈن چى مېنىڭ دېگىز سەپىرىگە چىقىشىمنى توسىدى ، ئۇنىڭ باشقا ئامالى قالمىغانىدى . قۇلۇلە قاپلىرى ئۇ تايىنىپ ياشايدىغان زەھەرلىك دورىغا ئوخشاپ قالغانىدى . ھازىرقى ئۇ قۇلۇلە قاپلىرىدىن ئايرىلسا ياشاشقا ئامالسىز . ئۇ توساتتىن ناھايىتى مۇلايىملىشىپ كەتتى ، خۇددى رايىش كىچىك قىزچاقتەك . بۇ چاغدىكى تۇيغۇم تولىمۇ گۈزەل ئىدى ، چۈنكى ئۇ ماڭا مۇتلەق تايانماقتا . ئۇ بارلىقىنى ماڭا ھاۋالە قىلىپ تاپشۇرۇۋاتاتتى .

ئۇزۇن سۆھبەتتىن كېيىن ھەر ئىككىلىمىز ئېغىر كەيپىيات ئىچىدە قالدۇق ، ئۇزاققىچە گەپ قىلىشمىدۇق .

ئۇ قىمىرلاپ قويدى ، بۇنىڭدىن بىر نەرسىنى سەزگەندەك بولدۇم :

— توڭلىدىڭىزمۇ؟ ئىسسىق سۇ ئەكېلىپ پۇتىڭىزنى

ئىسسىتاي .
قىزىل تاپان سوغا چىلانغاندا كىشىنى چۆچۈتەتتى . بارماقلىرىمنى سوغا تىققىنىم ، بارماقلىرىم خۇددى سۇ ئۆسۈملۈكلىرىدەك خۇشال ھالدا ئۇنىڭ پۇتلىرىغا چىرماشتى . بۇ قېتىم ئۇنىڭ پۇتى بەكلا سوۋۇپ كەتكەنىدى ، خۇددى پۇتىدا شامال ئېغىزى پەيدا بولۇپ ، تېنىدىكى ئىسسىقلىق مۇشۇ يەردىن ئېقىپ تۈگىگەندەك . قوللىرىم بىلەن ئۇنىڭ تاپىنىنى چىڭ باستىم ، ئۆز ۋۇجۇدۇمدىكى ئىسسىقلىقنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ بېرىش مېنىڭ ئارزۇيۇم ئىدى .
ئۇنىڭ پۇتلىرىنى سۈرتتۈم ، بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدىم . ئۇ مېنى كۆرەلمەيدۇ ، قاراشلىرىمنىڭ قانچىلىك ساپ ئىكەنلىكىنى ، مېنىڭ يەنىلا نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى ئۇنىڭ ئايىغىغا يېتىشۋېلىپ ، ماڭا كۆپرەك ئىچ ئاغرىتىشىنى ئۈمىد قىلىدىغان ئاشۇ بالا ئىكەنلىكىمنى بىلمەيدۇ .
مەن پەس ئاۋازدا ئۇنىڭغا دېدىم :
— ساقلىيالايسىز ، شۇنداقمۇ ؟ سىزگە كېرەك بولغان نەرسىنى چوقۇم ئېلىپ كېلىمەن .
تالادا خۇاخۇانى كۆرۈپ قالدىم . ئۇ ئۆيدىكى ئۆزگىچە كەيپىياتنى ھېس قىلغان بولسا كېرەك ، چىراي ئىپادىسى جىددىي ئىدى ، لېكىن ماڭا ئۇدۇل قاراشقا پېتىنالمايتتى . ئۇ يەنە مەندىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ دەرھال كەتمەكچى بولدى ، مەن ئۇنى چاقىرىپ توختىتىۋالدىم . ئۇ جايىدا توختىدى . ياغاچ چېلەكنى قويۇپ ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدىم . ئەمەلىيەتتە ، خېلى ئۇزۇندىن بۇيان ھەر ئىككىلىمىز غەلىتە ھەم جىددىي بىر خىل كەيپىيات ئىچىدە تۇرىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتۇق ، ھەتتا مەن ئۇنىڭغا ئىنچىكىلەپ قاراپ باقمىغانىدىم . ئۇ ئاللىقاچان بويىغا يەتكەن قىز بولۇپ قالغانىدى ، ئائىلىمىزدە تۇرۇۋاتقان بۇ بىرنەچچە يىل جەريانىدا بويى خېلىلا ئۆسۈپ ، زىلۋا قىزغا ئايلانغان ، كىچىك چېغىدىكى بودەكلىكىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ، ھەمىشە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ،

كۆكسىنى يوشۇرۇپ ماڭغانلىقتىنمىكىن ، بەدىنى ئاللىقاچان تۈپتۈز ھالەتكە كەلمەيدىغان بولۇپ قالغان ، يېنىك دەرىجىدە دۈمچەك ئىدى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن بىر خىل غەمكىنلىك چىقىپ تۇراتتى ، بۇنى چۈشىنىش تەس ئەمەس ، بىزنىڭ بۇ قورۇدا ئۇزاق تۇرغان ھەرقانداق ئادەم مۇشۇنداق بولۇپ قالاتتى . مېنىڭ ئەپسۇسلىنىدىغىنىم ، ئاق مۈشۈكنى كۆتۈرۈۋېلىپ تاش ئىدىش ئالدىدا قولۇلە قاپلىرىنىڭ سىرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان كىچىك قىزچاق ئاللىقاچان ئۆلگەنىدى ، ئۇنىڭ شوخلۇقى ۋە سەبىيلىكى بۇ ئۆيدە ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنىدى .

— دېگىنىزگە چىقىدىغان بولدۇم ، — دېدىم مەن .

ئۇنىڭ چېكى چىشلەنگەن لەۋلىرى تىترىگەندەك بولدى .

— مەن كەتكەندىن كېيىن چۈن چى خانقىزنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىڭ ، ئۇقتىڭىزمۇ ؟ — ئۇنىڭ بۇ خىل جېكىلەشنى ئاڭلاشنى خالىمايدىغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى .

ئۇ ئاخىر جۇرئەتكە كېلىپ ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى ۋە :

— ئەڭ ئاخىردا يەنە بىر قېتىم پۇتىڭىزنى يۇيۇپ قويغۇم بار ، — دېدى .

سەندەل كۆجىسىنىڭ خۇش پۇرىقى بىلەن تولغان ئۆي . ياغاچ چېلەك . ئەتراپقا ئىسسىقلىق تارقىتىۋاتقان سۇ . خۋاخۋا پۇتۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ ، سىلىق ھەرىكەت بىلەن سۇنى پۇتۇمغا قۇيۇشقا باشلىدى . تاپانلىرىم بارغانسىرى يېنىكلەپ قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن ، خۇددى پۇتۇمنى چوڭ بىر پارچە بۇلۇت تىرەپ تۇرۇۋاتقاندەك . بۇ كېچە تولىمۇ ئارامبەخش ئىدى . تۇساتتىن كۆڭلۈمدە بىر خىل ھارغىنلىق ھېس قىلىپ قالدىم ، بەلكىم يىراق سەپەرگە چىقىشتىن يەنىلا ئازراق تەشۋىشلىنىۋاتقان بولسام كېرەك . بېشىمنى ئارقىغا تاشلاپ ، ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈككە يۆلىنىپ ، كۆزۈمنى يۇمغىنىمچە دەم ئېلىشقا باشلىدىم ، ئۇششاق ھەم ئىللىق سۇ تامچىلىرى پۇتلىرىمغا يامىشىشقا باشلىدى . بۇلۇت

ئېرىپ ، يامغۇر تامچىلىرىغا ئايلانغانىدى . كۆزلىرىمنى ئاستا ـ ئاستا ئېچىپ ، ئۇنىڭ ياش تۆكۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم ، ئۇ بېشىنى تىزىمغا قويۇۋالغانىدى .

— مېنىمۇ ئېلىپ كېتىڭە ، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا .

بېشىمنى چايقىدىم ، ئۇنى ئالدىمغا تارتىپ ، چاچلىرىنى سىلىدىم . بارماقلىرىم قولۇلە قاپلىرىنى ئوقۇشقا باشلىغاندىن بېرى بارغانسېرى سەزگۈر بولۇپ كېتىۋاتاتتى . قىزنىڭ چاچلىرىنى سىيپاپ ئۆتكەندە ، بارماقلىرىمدىن بىر خىل ئىستەك ئۇچقۇنلىرى چىقىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم . ئۇلار خۇددى يالتىراق قوڭغۇزغا ئوخشايتتى ، جىمجىتلىقتا چۆمگەن ئوت ـ چۆپلەرنىڭ چوڭقۇر جايلىرىدىن توساتتىنلا ئۇچۇپ چىققانىدى . ئۇ خىل قۇترىغان نۇر ئادەمنى ئىختىيارسىز ھالدا قول سوزۇپ ، ئۇلارنى تۇتۇش ئارزۇسىغا كېلىشكە قىستايتتى .

خۇاخۇا ئاخىر قۇچىقىمغا ئۆزىنى ئېتىپ بۇقۇلداپ يىغلاشقا باشلىدى . ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئېسەدىگەن ھالدا :

— سىز كۆڭلىڭىزدە ماڭا ئامراق ، شۇنداقمۇ ؟ — دېدى .

ئۇنىڭغا مەيۇس ھالدا قاراپ تۇرىمەن . شۇنداقمۇ ؟ بۇنى ئۆزۈمدىن سورىدىم ، لېكىن جاۋاب بېرىشكە ئامالسىز ئىدىم .

— مۇشۇنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك ، ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلىۋاتىمەن ، — دېدى ئۇ پىچىرلاپ .

خۇاخۇا كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە قۇچىقىمدا ياتتى ، لەۋلىرىدىن ئازراق تەبەسسۇم چىقىپ تۇراتتى .

— مەن بەخت ئىچىدە ، — دەيتتى خۇاخۇا .

بەخت ؟ بەخت دەل مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئىزچىل كېلەلمەيۋاتقان ئەۋلىيا ، ئەزەلدىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ باققان ئەمەسمەن . شۇڭا ، خۇاخۇانىڭ مۇشۇ دەقىقىلەردىكى تۇيغۇسىنى بىلىشكە ئامالسىزمەن . بىراق ، بۇ ئەۋلىيا مېنى ئىزچىل ئازدۇرۇپ كەلدى ، ئۇ ، چۈن چىگە چوقۇنۇش ھەم ئۇنى سۆيۈش ، قولۇلە قاپلىرىنى ئىزدەشنىڭ بەختكە ئۇزلۇكسىز يېقىنلىشىدىغان يول

ئىككەنلىكىمگە مېنى ئىشەندۈردى. ۋەھالەنكى، ئۇ پەقەت يېقىنلىشىشتىن ئىبارەت، ئەزەلدىن تۇتۇپ باققىنىم يوق.

مېنىڭ قەلبىم شۇنچىلىك غۇربەتچىلىكتە، خۇاخۇانىڭ بولسا شۇنچىلىك باي. خۇاخۇا يۆگىمە رەسىمدەك يېيىلدى، سىرلىق غايىبانە دۇنيا كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى. ئۇ خۇددى گاھ غايىب بولۇپ، گاھ پەيدا بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن بۇ دۇنياغا ئىككىلىنىگەن هالدا كىرىپ كەتتىم، مېنى جەلپ قىلىۋاتقىنى خۇاخۇامۇ ياكى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئوراپ تۇرغان بەختمۇ؟ بۇنىسى ماڭا نائېنىق.

ئوچۇقىنى ئېيتسام، ئاللىقاچان چوپچوڭ ئادەم بولۇپ قالغان بولسامىمۇ، ئەزەلدىن يىراق سەپەرگە چىقىپ باقمىغانىدىم، ئائىلىنى قامداش دېگەندەك ئىشلارنى ئويلاپ باقمىغانىدىم. تۇيۇقسىز يەلكەمگە چۈشكەن ئېغىر يۈك مېنى تەمتىرىتىپ قويۇۋاتاتتى. يىراق، بۇلارنى كىمگىمۇ ئېيتالايمەن؟ مەن خۇددى قەپەستىكى هايۋاندەك چىقىش ئېغىزىنى ئىزدىمەكتە ئىدىم، مۇشۇ پەيتتە خۇاخۇا قۇچىقىنى ماڭا كەڭ ئاچتى.

ئەتە يولغا چىقىشقا يېتەرلىك جۈرئەت توپلاش ئۈچۈن، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئۇنىڭ ئاجىز تېنىگە كىرىپ ئىللىقلىق ئېلىشقا باشلىدىم. مەندە ئەزەلدىن قىزلارنىڭ تېنىگە قارىتا هېچقانچە ئىستەك يوق دېيەرلىك بولۇپ كەلگەنىدى. خۇددى بىر مۇرىتقا ئوخشاش، كۆڭۈلنى غەيرىي خىيالدىن خالىي تۇتۇپ تاۋاپ قىلىش يولىدا مېڭىشنى راستتىنلا ئىشقا ئاشۇرغانىدىم.

يىراق، خۇاخۇانىڭ تېنى قىزىق، ئۇنىڭدا مەن موهتاج بولۇۋاتقان ئىللىقلىق بار. كىچىككىمدىن تارتىپلا غېرىبلىق ئىچىدە ياشاپ كەلدىم، هازىرقى پەيتتە ئاخىر ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمىدىم. بىز ئەڭ يېقىنلاشقان پەيتلەردىمۇ، ئۇ يەنىلا ناهايىتى غۇۋا كۆرۈنەتتى، خۇددى رەڭگى سۇس، پۈرىقى ئاجىز هەشقىپېچەككە ئوخشايتتى. ئۇنى كۈچەپ تۇتۇۋالدىم، ئۇنىڭ تېنىدىن يىراقلاشسىملا، بۇ يەردىكى هەممىنى ئۇنتۇپ كېتىشتىن

ئەنسىرەيتتىم .

ئۇ ئاچچىق ئاغرىقنى سەزدى ، كۆزلىرىدىن ئاززاق ياش چىقتى ، بىراق ياشلىرىنى ناھايىتى تېزلا توختىتىۋېلىپ ، مېنى يەنىلا چىڭ قۇچاقلاپ تۇرىۋەردى . ئۇ ناھايىتى ياخشى قىلدى ، ماڭا ئەڭ زور خۇشاللىق ۋە تەسەللى ئاتا قىلدى . ئاجرىغان چېغىمىزدا ، ئۇنىڭ تېنىگە قىيالمايۋاتقانلىقىمنى ئېنىق ھېس قىلدىم .

ئۇ بەك چارچىغانىدى . قۇچىقىمدا ئۇخلاپ قالدى . ئۇنىڭ تەنلىرىنى ئاستاغىنا پاكىز سۈرتۈپ چىقتىم ، ئۇ خىل قەدىرلەش خۇددى قۇلۇلە قاپلىرىمغا قىلغان مۇئامىلەمگىلا ئوخشايتتى .

ئەتىسى ئۇ مېنى ئۇزاتقىلى چىقمىدى .

كېيىن ئويلىسام ، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر ئاجايىپ كېچە بولغانىكەن . مېنىڭ يىراق سەپەرگە چىقىشىم سەۋەبلىك ھەممە نەرسە ئىللىق ۋە نازۇك بولۇپ كەتكەن . خۇددى بىر قول يۇرەكتىكى يارىنى ئاستا ـ ئاستا سىلىغاندا ، ئاغرىق بەئەينى گۈل بەرگى كەبى توزۇپ كەتكەندەك ، بۇ يەردىكى ھەربىر گۈل ـ گىياھ ، ھەربىر قۇلۇلە قاپلىرىغىمۇ قىيالمايۋاتاتتىم . بۇ خىل تارتىنىشىمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قانداقتۇر بىر ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى قىسمىتىمگە پۈتۈلگەندەكلا قىلاتتى .

## 17

شۇ يىلى 8 ـ ئايدا دېڭىز سەپىرىم باشلاندى ، كېمە چۈن چى ئەينى چاغدا بېسىپ ئۆتكەن يولنى بويلاپ ماڭا نائېنىق ھەم تونۇش بولغان جەنۇبقا ئىلگىرىلىمەكتە .

بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم يىراق سەپەرگە چىقىشىم ، يېشىم ئەينى چاغدىكى چۈن چىنىڭكى بىلەن تەڭ دېگۈدەك .

ئۇ قېتىمقى دېڭىز سەپىرى مېنى ئادەتتىن تاشقىرى ھاياجانلاندۇرۇۋەتكەنىدى ، مەن ھەربىر بۆلەك دېڭىز سۈيىدىن چۈن

چىنىڭ پۇراقلىرىنى ئىزدەيتتىم، ئۇدۇلدىن كېلىۋاتقان كېمىدە چۇن چىنى كۆرگەندەكلا قىلاتتىم.

يىگىرمە ئىككى ياشلىق چۇن چى كېمىدە ئولتۇرۇپ لىيەنيەن ئارىلىدىن يولغا چىقتى. كېمە ھىندى ئوكياننى كېسىپ ئۆتۈپ، چوڭ قۇرۇقلۇقنى بويلاپ ئەڭ جەنۇبىي ئۇچىتكى بوخەي دېڭىزى قولتۇقىغا ئىلگىرىلىمەكتە. ئۇزاققا سوزۇلغان بۇ سەپەردە ئۇ چوقۇم كېمە ماچتىسىغا يۆلىنىپ پەس ئاۋازدا يىغلىغاندۇ، بەزىلەر ئۇنىڭ بىر بوۋاقنى كۆتۈرۈۋېلىپ مالاي تىلىدا ئەللەي ناخشىسى ئېيتىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن. ئۇ يەنە قارتا بىلەن كۆپچىلىككە پال سېلىپ بەرگەن؛ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ھەمىشە نۇر چاقناپ تۇرغان، ھېچكىم ئۇنىڭ بىر ئەما قىز ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشنى خالىمىغان. كېيىن ئۇ ئاخىر چارچاپ، ئەڭ ئاخىرقى رەتتىكى ئورۇندۇقتا ياتقىنىچە ئۇخلاپ كەتكەن، كېچە ـ كۈندۈز دېمەستىن ئۇخلاۋەرگەن، سەپەردە بوران ـ چاپقۇنلۇق يامغۇرغا دۈچ كەلگەنلىكىنىمۇ سەزمىگەن.

ئۇ بىر قېتىملىق تولىمۇ ئۇزۇن سەپەر، ئۇزۇنلۇقىدىن خۇددى بارلىق ئەسلىمىلەرنى پالوبىغا تۈز دانچىلىرىدەك تۆكۈپ، ئاندىن كۈچلۈك قۇياش نۇرىدا قۇرۇتقانغىلا ئوخشايدۇ.

كۆپ يىللاردىن كېيىن مەن چۇن چىنىڭ ئەسلىمىسىگە تۇنجى قېتىم كىردىم، ئۇ دېڭىز قۇلۇلىسىدەك ئايلانما شەكىللىك يەر ئاستى ئوردا ئىدى، بۇ يەرگە نۇرغۇنلىغان ئەسلىمىلەر مەھكۇم قىلىنغان، ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ بۇ ئەسلىمىلىرى خۇددى ئېچىرقىغان ئەرۋاھتەك، ئادەم ھىدىنى ئېلىپلا قالسا ھەممىسى يوپۇرۇلۇپ كېلەتتى. قارىماققا ۋەھشىيانە كۆرۈنىدىغان بۇ تاشقى قىياپەت ئاستىغا يوشۇرۇنغىنى ئەمەلىيەتتە زېرىككەن، ھېچكىمنىڭ كارى بولمايدىغان بىر قىسىم قەلبلەردىن ئىبارەت ئىدى.

بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئەسلىمە ئادەملەر بىلەن يېقىنلىشىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن، ئۇلار ئەسلىدىنلا ئادەم تېنىدە

پارازىتلىق قىلىدىكەن ، ھەر قېتىملىق ئەسكە ئېلىنىش ۋە زىيارەت قىلىنىش جەريانى بۇ ئەسلىمىلەرنى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەپ ، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ياردەم قىلىدىكەن . ئەگەر ئەسلىمە بەختكە قارشى ئادەمدىن ئايرىلىپ كەتسە ، ئۇنىڭدىكى سۇ تەركىبى ئازراق - ئازراقتىن ئېقىپ تۈگەپ ، ئەڭ ئاخىردا بىر قىسىم قۇرغاق تالقانغا ئايلىنىپ ، ھاۋادا چېچىلىپ چۈشىدىكەن . تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ دېڭىزغا چۈشكەن ئەسلىمىلەرلا قۇلۇلە قېپىنىڭ چوڭقۇر جايلىرىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ ، شامالدا قۇرۇپ كېتىشتىن قۇتۇلۇپ قالالايدىكەن . ئۇلار پارقىراق ، جانلىق بولسىمۇ ، ئادەملەردىن ئايرىلىپ تۇرغانلىقتىن غېرىبلىق ئازابىغا دۇچار بولىدىكەن ، قۇلۇلە قاپلىرىنىڭ قاراڭغۇ تۆشۈكلىرىدە قانچىلىك ئۇزاق ساقلىغاندىن كېيىن ئاندىن يورۇقلۇققا چىقىپ ئادەملەر بىلەن يېقىنلىشالايدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەن .

بۇ جۇدەڭگۈ ئايال يۇمشاق بارماقلىرى بىلەن قۇلۇلە قاپلىرىنى ئېچىپ ئەسلىمىلەرنى چاقىرغاندا ، بۇ ئەسلىمىلەر ئويغىنىپ ، بۇ ئايالنىڭ تېنىدىكى ھارارەتنى بويلاپ ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ تېنىگە ماكانلىشىدىكەن .

ئۇ خۇددى گۈلخان بايرىمىدىكىدەك قىزغىن مۇھىتقا كىرىپ قالىدىكەن ، ئەسلىمىلەر يېنىۋاتقان مەشئەللەرگە ئايلىنىپ ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۇسسۇل ئوينايدىغان كەپىزلەردىن بولىدىكەن . ئۇ نۇرلۇق يالقۇنلار چۇن چىنى كۈچلۈك جەلپ قىلىۋالىدىكەن . مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنىڭ كۆرۈش سەزگۈسىدىن ۋاز كېچىشكە رازى بولۇپ ، شۇ ئارقىلىق ئەسلىمىگە بولغان سادىقلىقىنى ئىپادىلىگەن .

ھازىر مەن چۇن چىنىڭ ئەسلىمىسىدە ئولتۇرىمەن ، ئۇنىڭ ئاشۇ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ تاشقىنىدەك ئېقىپ كېلىپ مېنى غەرق قىلىۋېتىشىنى كۈتۈۋاتىمەن . ئۇلار ھەرە توپىدىنمۇ تېز ، يانار تاغدىنمۇ قىزىق ، بەلكىم بۇ ئۇلارنىڭ ئاخىر بىر يېڭى تەنگە ئۇچراشقانلىقىدىن بولسا كېرەك .

مەن ئۇلارنى بىردىن - بىردىن يەڭلىرىمگە يىغىۋالدىم . ئۇلار مېنى شورىماقتا ، خۇددى سۇلۇككە ئوخشاش . مەن جىمجىت ئولتۇرىمەن ، قانلىرىمىز ئۆزئارا تۇتاشقاندا ، بۇ ئەسلىمىلەر ماڭا مەنسۇپ بولىدۇ .

مەندە قورقۇنچ يوق ، رازىمەنلىكلا بار .

# موكا سىلىش

بىلسەڭ بۇگۇن تۇنۇگۇندەك ،
ئەتىمۇ بۇگۇندەك .

— «رۇبائىيات»تىن

# ئالدىنقى بۆلەك

## 1

3 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ، بىر ئەر لىيەنيەن ئارىلىدىكى مۇساپىرلار لاگېرىغا كېلىپ چۈن چىنى ئىلىپ كەتتى .

ئۇ كۈنى ئۇ ئەر دېرىزە سىرتىدىن چۈن چىگە ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى . كېيىن يامغۇر بارغانسېرى قاتتىق يېغىشقا باشلىدى ، ئەرنىڭ چاڭگىلىشىپ كەتكەن بومبا ساقىلى خۇددى ھاشارات ئەۋرىشكىسىدەك يۈزلىرىگە چاپلىشىپ تۇراتتى . ئەر لەمپە ئاستىغا كېلىپ دېرىزىنى يەڭگىل چەكتى ، چۈن چى ئورنىدىن تېزلىكتە تۇردى ، يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭغا ئىشىك ئاچتى . ئەر ئىشىكتىن كىرىۋاتقان ئاشۇ دەقىقىدە ، دۇنيا چۈن چىنىڭ نەزىرىدە ئېچىلىۋاتقان مۇزىكا قۇتىسىغا ئايلانغاندى .

بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئۇ ئەرنىڭ دالدا جايدا تۇرۇپ ئۆزىگە ئاستىرتىن دىققەت قىلىۋاتقانلىقى چۈن چىگە ئايان ئىدى . بەزى كېچىلىرى چۈن چى ئۇنىڭ سايىسىنى كۆرۈپ قالاتتى . بۇ سايە خۇددى ئىسسىق بەلۋاغدىكى نەمخۇش پالمىزارلىقىغا ئارىلىشىپ قالغان ئاق شەمشادقا ئوخشايتتى . چۈن چى ئۇ ئەرنىڭ قىياپىتىنى ئېنىق كۆرۈپ باقمىغان ، ئۇنىڭ ساقىلى ناھايىتى قويۇق ، يۈزىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىۋالغان ، كۆزلىرى بۇلۇت ئارىسىغا يوشۇرۇنغان ئايدەك گاھ غايىب بولۇپ ، گاھ كۆرۈنەتتى . نېمىشقىكىن ، چۈن چىدە ئاززاقمۇ قورقۇنچ يوق ئىدى . چۈن چى ئەرنىڭ قاراشلىرىدا بىر خىل نەمخۇش نەرسە باردەك ھېس قىلاتتى ، بۇ نەرسە بىر خىل ئىللىق چاقىرىقتەك بىلىنەتتى .

چۈن چى ، ئۇ ئەر مېنى تونۇسا كېرەك ، دەپ پەرەز قىلاتتى ،

بەلكىم ئۇ مېنىڭ بۇرۇنقى ئاشىقىم بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلايتتى. بىراق، بىر قېتىملىق دېڭىز تاشقىنى ئۇنىڭغا ئىلگىرىكى بارلىق ئىشلارنى ئۇنتۇلدۇرۇۋەتكەنىدى، ھەتتا ئۆزىنىڭ كىملىكىنىمۇ ئېسىدە يوق ئىدى. بىر قېتىم ھويلىدا ئەر ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى، يوغان قوللىرىنى سوزۇپ چۇن چىنىڭ قول بېغىشىدىن تۇتتى. چۇن چى ناھايىتى ساراسىمىگە چۈشۈپ، ھويلىدىكى بىر ياغاچ چېلەكنى ئۆرۈۋەتتى، پاسكىنا سۇ ئەرنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە چاچراپ كەتتى، چۇن چى پەرىشانلىق ئىچىدە قېچىپ كەتتى.

ئۇ ئەرنىڭ چوقۇم كۆڭلى ئاغرىدى، مەشۇقى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە تولىمۇ سوغۇق مۇئامىلە قىلدى، خۇددى ناتونۇش ئادەمگە دۇچ كەلگەندەك يىراققا قېچىپ كەتتى. بۇ نېمىدېگەن ئازاب ـ ھە! بۇ چۇن چىنىڭ پەرىزى ئىدى. بىراق، ئۇ ئەر ئىرادىسىدىن يانمايدىغان ئادەم بولغانلىقتىنمۇ ياكى ئۇلار ئارىسىدىكى سۆيگۈ بەك چوڭقۇر بولغانلىقتىنمۇ، ئىشقىلىپ، ئۇ چۇن چىدىن ۋاز كەچمىدى. لېكىن، ئەمدى چۇن چىگە يېقىنلىشىش غەرىزىدە بولمىدى، پەقەت پىنھان جايغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ ئۇنىڭغا يىراقتىن كۆز سېلىپ يۈردى.

خاتىرىسىنى يوقاتقاندىن كېيىن چۇن چى خۇددى چەكسىز قىشلىق ئۆچەككە كىرگەندەك بولۇپ قالغانىدى. بۇ ئەرنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن مۇز ئۆڭكۈر يېرىلىپ ئۇنى ئويغاتتى. ئەرنىڭ كۆز ئىپادىسى چۇن چىنى سەگەكلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ تېخى ياش بىر ئايال زاتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى. ئۇنىڭ مەڭزىلىرى خۇددى باھار شامىلىدا ئېچىلغان شاپتۇل چېچىكىدەك قىزىل ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ گۈزەللىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئەتراپىتىكى كىشىلەرنىڭ سەزمەيۋاتقانلىقىغا ھەيران قېلىۋاتاتتى.

چۇن چى تاغدىن چۈشۈپ سەيلە قىلىشقا ئامراق بولۇپ قېلىۋاتاتتى، ئۆزى يالغۇز قانچە يىراقلارغا بارسا، شۇنچە ياخشى دەپ ئويلايتتى. مۇشۇنداق بولغاندا، ئۇ ھېلىقى ئەرنىڭ

مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلالايتتى . ئەر ئون قەدەمچە ئارىلىق قالدۇرۇپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلەتتى ، ئاياغ تىۋىشىنى ئېنىق پەرقلەندۈرگىلى بولاتتى . ئەرنىڭ پۇتلىرى كۈچلۈك ئىدى ، ناھايىتى يىراقلارغىچە ماڭسىمۇ قەدەملىرىدە بوشىشىش ئالامەتلىرى كۆرۈلمەيتتى . چۈن چى ئۇنىڭ ئالدىدا مېڭىپ ، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ كېتەتتى ، لېكىن قەلبىگە چەكسىز شادلىق ھەمراھ ئىدى . چۈن چىنىڭ خاتىرىسىدە ئاشۇ بىر بۆلەك تاغ يولى بەكمۇ ئۇزۇن ، بۈك ـ باراقسان دەرەخلەر سايە تاشلاپ ، قۇشلار سايرىشىپ تۇرىدۇ ، تولىمۇ پىنھان ، خۇددى ئۇلار ئىككىسىدىن باشقا ھېچكىم ئاياغ بېسىپ باقمىغاندەك . ئەتراپ تىپتىنچ ، تۇيۇقسىز «توك» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى ، بۇ يوغان بىر دانە كوكۇس ياڭىقى يەرگە چۈشۈپ چىقارغان ئاۋاز ئىدى . كوكۇس ياڭىقى دومىلاپ ئەرنىڭ پۇتى يېنىغا كېلىپ توختىدى . چۈن چى ئارقىسىغا قاراشقا جۈرئەت قىلالمايتتى ، ئارقىسىغا قارىسىلا ئەرنىڭ ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ يوشۇرۇنۇۋېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى . چۈن چى ئۇ ئەرنى مەۋجۇت ئەمەس دەپ قاراشقا مەجبۇر . ئۇ ئەرنىڭ چۈن چىگە ھەمراھ بولۇپ بۇ تاغ يولىدىن قانچە قېتىملاپ ئۆتكىنىنى ھېچكىم كۆرگىنى يوق ، بەلكىم دەرەختىن چۈشۈپ كېتىپ يەردە خۇشال دومىلاۋاتقان ئاشۇ كوكۇس ياڭىقىلا ئۇلار بىرلىكتە بېسىپ ئۆتكەن مۇشۇ يولنىڭ گۇۋاھچىسى بولسا كېرەك .

ھاۋانى قارا بۇلۇتلار قاپلىغان مەلۇم بىر چۈشتىن كېيىن ، چۈن چى توساتتىن ئەرنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ھېس قىلالمىدى . ئۇ ئۆزى يالغۇز دېڭىز ياقىسىغا باردى ، ئاندىن ئارقىسىغا ياندى ، لېكىن ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغان ئاياغ تىۋىشى يوق . ئۇ تەشۋىشلىنىشكە باشلىدى ، ئەتراپتا ھېچنېمە يوق . ھەر قېتىم يامغۇر يېغىشتىن بۇرۇن مۇساپىرلار لاگېرى جايلاشقان تاغ باغرىدا نۇرغۇن قاغىلار ئەگىپ يۈرەتتى ، ئېچىنىشلىق قاقىلداشلىرى ئادەمنى پەرىشان قىلاتتى . ھېلىقى ئەر ئاخىر ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىپ ، بۇ ئىللىق

ئويۇننى ئاخىرلاشتۇرغانىدى .

يولدا چۈن چى بىر كۆل بويىدىن ئۆتتى ، ئېگىشىپ سۇدىكى شولىسىغا قارىدى ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئازراقمۇ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى تۇيۇقسىز ھېس قىلدى ، تەلەتىدىن يەنىلا مۇز يېغىپ تۇراتتى ، جىنسىنى پەرقلەندۈرۈشمۇ تەسكە چۈشكۈدەك دەرىجىدە سەت ئىدى . ئۇ ، ھەممە ئىش بىر خىل خاتا تۇيغۇ بولۇشى مۇمكىن ، دەپ گۇمانلىنىشقا باشلىدى . بەلكىم ئەزەلدىنلا قانداقتۇر بىرەر ئەرنىڭ قاراشلىرى ۋە ئاياغ تىۋىشى مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان بولۇشى ، قانداقتۇر باھار كەلگەنلىكىنىڭ بېشارەتلىرى كۆرۈلمىگەن بولۇشى مۇمكىن . بەلكىم ئۆزى بۇ يەردىن كېتىشكە تولىمۇ ئىنتىزار بولۇۋاتقاچقا ، ئۆزىگە ئۈن - تىنسىز قارايدىغان ، ئۆزىنىڭ قوغدىغۇچى ئىلاھى بولىدىغان بىر ئادەمنى ئويدۇرۇپ چىقارغان بولسا كېرەك .

تۇيۇقسىز ئارقا تەرەپتىن بىرىنىڭ پىخىلداپ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى ، كۈلكە ئاۋازى توختاۋسىز ئىدى ، خۇددى پىلە قۇرتىدىن يىپەك ئېتىلىپ چىققاندەك . چۈن چى ئارقىسىغا قارىمىدى ، لېكىن ساراڭ ئايالنىڭ كەلگەنلىكىنى پەرەز قىلدى . ئارقىغا ئۆرۈلۈپ قارىۋىدى ، دەرۋەقە ئاق چاچلىق مومايىنىڭ مۈكچەيگەن گەۋدىسى كۆز ئالدىدا نامايان بولدى . موماي كۈلگىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى .

بۇ ساراڭ ئايال تولىمۇ سىرلىق ، ئۇ ئېلىشىپ قالغىلى ئۇزاق ۋاقىت بولغان ، غېرىب - مىسكىنلىك ئۇنىڭ بىردىنبىر ھەمراھى ، شۇنچە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭ قانداق ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىدىغان ئادەم يوق . ئۇنىڭ يۈرگەن - تۇرغان يېرىنى بىلمەك قىيىن ، ئويلىمىغان يەردىن ئادەمگە تاساددىپى ئۇچراپ قالىدۇ . دېڭىز تاشقىنىدىن كېيىن بولسا كېرەك ، كىشىلەر ، ساراڭ ئايالغا ئۇچراپ قېلىش شۇملۇقنىڭ بېشارىتى ، ئۇنىڭغا ئۇچرىغان ئادەمگە كېلىشمەسلىك كېلىدۇ ، دېيىشىدىغان بولۇپ قالغانىدى . چۈن چى ساراڭ ئايالدىن بىزار ئەمەس ئىدى ،

چۈنكى ئۇ ساراڭ بولسىمۇ، لېكىن پاسكىنا ئەمەس ئىدى، تەلۋىلىكى سەل پەسەيگەندە چىراي ئىپادىسى مۇڭلۇق، مەغرۇر قىياپەتكە كىرىپ، خۇددى جۇڭگونىڭ باي ئائىلىلىرىدىن چىقىۋاتقان ئېسىلزادە خېنىملارغا ئوخشاپ قالاتتى. چۈن چى ئىلگىرى پەقەت باشقىلار بىلەن بىللە كېتىۋاتقان چاغلىرىدىلا ئۇنى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم كۆرگەن، ئەزەلدىن ھازىرقىدەك يالغۇز، يۈزمۇيۈز ئۇچرىشىپ باقمىغانىدى.

چۈن چىنىڭ ئىچ ـ باغرى ئەلەمگە تولدى، ساراڭ ئايالنى كۆرۈپلا كىشىلەرنىڭ شۇملۇق دېگىنى ئېسىگە كېلىپ قالدى، ناتونۇش ئەرنىڭ غايىب بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئويلىغىنىدا كۆڭلىدە ئۆچمەنلىك پەيدا بولدى. ئۇ ساراڭ ئايالغا قاراپ بىرنەچچىنى ۋارقىراپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئۇنى قوغلىۋەتتى. ساراڭ ئارقا ـ ئارقىدىن چېكىنىپ، كىچىك پۇتلىرىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ قاچتى. ئەتراپ تۇيۇقسىز ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك جىمجىتلىققا چۆمدى، ساراڭ ئايالنىڭ كۈلكە ئاۋازى يەنىلا ئاڭلىنىۋاتقاندەك، خۇددى سىياتېئا پاپورتنىكنىڭ شېخىغا ئوخشاش ئاسماندا چەمبەر ھاسىل قىلىپ ئۇچۇپ يۈرگەندەك قىلاتتى. بىرمۇ ئادەم يوق. چۈن چى ھودۇقىنىدىن قېچىشقا باشلىدى.

ئۇ تۇرالغۇسىغا قېچىپ كەلدى. ئاياللار قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ كەچلىك تاماق يەۋاتاتتى. قىزىق بېلىق شورپىسىدىن دىماغنى ئېچىشتۇرىدىغان پۇراق كېلىپ تۇراتتى، پۈتۈن قورۇنى ئاياللارنىڭ رازىمەنلىك بىلەن تاماق چايناۋاتقان ئاۋازى قاپلىغان، ئۇلار خۇددى ۋەھشىي قۇشلارغا ئوخشايتتى، قاناتلىرىنى پالاقلىتاتتىيۇ، قانداقلا قىلسۇن زادىلا ئۇچالمايتتى. بىراق، كەچلىك تاماق ۋاقتى ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ئىللىقلىققا تولغان ۋاقىت ھېسابلىناتتى. ئاياللار كۆپ جايدا ھېچبولمىغاندا غېرىبلىق تۇيغۇسى بولمايتتى. چۈن چى ھەمراھى سۇڭ سۇڭنىڭ ئۆزىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى. سۇڭ

سۈڭ دائىم دېگۈدەك ئاشۇ بىرنەچچە ساھىبجامال ئايال بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىلگىرى ئەرلەر بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگەن چاغلىرىدىكى ھېكايىلىرىنى ئاڭلاشقا ئامراق ئىدى.

چۇن چى بېلىق ۋە كۆكتاتتىن قىلىنغان ئاچچىق شورپىدىن ئازراق يۇتتى، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان ئايالغا قارىدى. ئۇ ئىلگىرى كېمىدە ئاغۋاتنى كۆرگەنلىكى توغرىسىدىكى ھېكايىنى قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ سۆزلەۋاتاتتى. چۇن چى ئۇنىڭ سول مەڭزىدىكى تەكشى سۇۋالمىغان ئەڭلىككە دىققەت قىلدى، ئەڭلىك ئۇنىڭ تېرىسىدە يالت - يۇلت قىلىپ تۇراتتى، گەرچە مۇھەببەتلىك ئۇچرىشىش پۇرسىتى يوق دېيەرلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا پەرداز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتاتتى؛ ئۇنىڭ ئەڭلىكى دېڭىز تاشقىنىنىڭ غەرق قىلىشىدىن ئۆتكەن بولسا كېرەك، بىر قۇتا قىزىل پاتقاقتا ئايلانغانىدى.

ئەڭلىككە قاراپ چۇن چىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. ئۇ ئەڭلىكنى ئاشۇ ئايالنىڭ ئاشىقى سوۋغا قىلغان بولغاچقا، ئۇ شۇنداق جۇلالىق كۆرۈنۈپ، مەغرۇرانە قىياپەت بىلەن ئۇنىڭ يۈزىگە چاپلىشىپ تۇرۇۋاتسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدى چۇن چى. چۇن چىنىڭ ئېسىگە تۇيۇقسىز بىر ئىش كەلدى، بىر قېتىم بىر پاھىشە ئايال يۈزىدىكى ئەڭلىكنى پاھىشىۋازنىڭ يالاپ تۈگىتىۋەتكەنلىكىنى، ھۆل تىلىنىڭ ئۆز تېرىسىدە مىدىرلاپ يۈرگەنلىكىنى سۆزلىگىنىدە، چۇن چى ئاشۇ ھالەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، تېزدىنلا يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى.

چۇن چىنىڭ ئەسلىدىلا ناچار ھالەتتە تۇرۇۋاتقان كەيپىياتىنى بۇ ئەڭلىك تېخىمۇ يامانلاشتۇرۇۋەتتى.

ئۇ كەچلىك تاماقنى يېمىدى، مىجەزى يوقلۇقىنى باھانە قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ قالدى. سىرتتا يامغۇر يېغىۋاتاتتى. ئۇ يۈگۈرگىنىچە ئۇزۇن كارىدورنى كېسىپ ئۆتۈپ ھۇجرىسىغا قايتىپ كەلدى. بۇنداق چاغدا ھۇجرىدا ئادەم بولمايتتى، ھۇجرا تىپتىنچ، پەقەت تورۇستىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يامغۇر سۈيىنىڭ چۈشۈۋاتقان

ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. چۈن چى ئىشىكنى يېپىپ، ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان ئاشۇ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى.

دۇنيا شۇنچىلىك كەڭ، بىراق پەقەت مۇشۇ كارىۋاتلا ئۇنىڭغا تەئەللۇق. ئۇ زەي پۇراپ تۇرغان يوتقان - كۆرپىسىگە تاشلانغىنىچە يىغلاشقا باشلىدى.

ئۇ ئاياللار كەچلىك تامىقىنى يەپ بولۇشتىن بۇرۇن يىغلاپ بولۇشى كېرەك ئىدى.

چۈن چى ئۆزىنى تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندەك ھېس قىلدى. ئۇنىڭ بىلەن كۈنلەرنى بىللە ئۆتكۈزىدىغان بۇ ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى ئىلگىرى كېمىدە غەزەلخانلىق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ناخشىچى ئاياللار ئىدى. ئۇلارنى يامان دەپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى، بىرلا يېرى، تۇرمۇشتا زىيادە ئېرىنچەك ۋە چېچىلاڭغۇ بولغاچقا، چىرىكلىك پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى. بۇ غەزەلخان ئاياللار جۇڭگودىن كېلىدىغان كېمىنى ساقلاۋاتاتتى، كېمە كەلسىلا، ئۇلار كېمىگە قايتىپ، ئىلگىرىكى ئاشۇ نەغمە - ناۋاغا تولغان تۇرمۇشنى داۋاملاشتۇراتتى. ئۇلار ھەشەمەتلىك كېمىدىن، ئۆزلىرىگە يېقىنچىلىق قىلىدىغان ئەرلەردىن، ھاراقتىن، پىغاننى چىقىرىدىغان ناخشا - ئۇسسۇلدىن ئايرىلىپ قالسا، خۇددى دولقۇنلار قىرغاقا ئىتتىرىپ چىقىرىپ قويغان بېلىققا ئوخشاش نەپەسلەنگۈدەك ماغدۇرىدىنمۇ مەھرۇم قالاتتى.

مانا ھازىر چۈن چى شۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالدى، ئۆزىنىڭ ئۇلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ھېچقانداق بىر يېرىنىڭ يوقلۇقىنى تونۇپ يەتتى، ھەتتا ئۆزىنى تېخىمۇ بىچارىدەك ھېس قىلدى. ئۇلار ھېچبولمىغاندا بىرەر ئەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكىنى سېتىۋېلىپ، بۇ يەردىن ئېلىپ كېتىشىدىن ئۈمىد كۈتۈپ ئولتۇرۇۋشىدۇ. چۈن چىنىڭ ئۈمىد كۈتكۈدەك نېمىسى بار؟

سۇڭ سۇڭ چۈن چىگە ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى، چۈن چىنىڭ ھاياتىنى سۇڭ سۇڭ قۇتۇلدۇرۇۋالغانىدى. ئەگەر سۇڭ

سۈك دېگىنىز ساھىلىدا ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ تېخى تىنىقى بارلىقىنى بايقاپ قالمىغان بولسا، ئۇ ئاللىقاچان قىرغاقتا ئۇن ـ تىنسىز ئۆلگەن بولار ئىدى.

بىراق، سۈك سۈگىنىڭ ئامراقلىقى خۇددى ئارغامچىغا ئوخشاش ئۇنى مەھكەم چۇشەپ قويۇۋاتاتتى. سۈك سۈك ھەيپارلىق بىلەن:

— سىزنىڭ جېنىڭىزنى مەن قۇتقۇزۇپ قالغان، ماڭا قانداق رەھمەت ئېيتىسىز؟ — دېگەنىدى چۇن چىگە.

چۇن چىنىڭ يۈرىكى ئېغىپ:

— مېنى قانداق رەھمەت ئېيتسۇن دەيسەنكىن؟ — دەپ سورىغان.

سۈك سۈك قوللىرىنى سوزۇپ چۇن چىنىڭ ماڭلاي چاچلىرىنى قايرىپ، ئۇنىڭ پارقىراق پېشانىسىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— سىزنى ماڭا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولسا ئىكەن دەيمەن، — دېگەنىدى.

قىزنىڭ ئالقىنى خۇددى سوغۇق ئاق يىلاندەك چۇن چىنىڭ پېشانىسىدە ئۆمىلەپ يۈرەتتى.

سۈك سۈك يەنە دائىم چۇن چىگە:

— كەلگۈسىدە بىز بىرلىكتە كېمىگە چىقىپ تۇرمۇش كەچۈرەيلىچۇ، — دەيتتى.

— ئۇ خىل تۇرمۇشتا ئەركىنلىك يوقتۇ ھەرقاچان، ھەمىشە باشقىلارنىڭ قاش ـ قاپىقىغا قاراپ، ئۆزىنىڭ قايغۇ ۋە خۇشاللىقلىرىنى بېسىپ تۇرىدىغان گەپ، — چۇن چى ئۆزىنىڭ قارشىنى سىپايىلىك بىلەن پۈرىتىپ قويىدى. سۈك سۈگىنىڭ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بىر خىل يوشۇرۇن خاراكتېرنىڭ كېمىدىكى غەزەلخان ئاياللارنىڭ سەرگەردانلىق تەبىئىتى بىلەن بىر يەردىن چىقىپ قېلىۋاتقانلىقى چۇن چىگە ئايان ئىدى.

— ياق، ئۇ دېگەن ھەقىقىي ئەركىن تۇرمۇش، ئەتراپىڭىزدا

قانچە كۆپ ئادەم بولسىمۇ، ئۇلار قەلبىڭىزگە كىرەلمەيدۇ، خۇددى كىمە ئاستىدىكى دېڭىز دولقۇنلىرىغىلا ئوخشايدۇ. كېمىدە ئۇزاق ۋاقىت تۇرسىڭىز، ئاستىڭىزدىكىنىڭ كەڭ دېڭىز ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىسىز. بىز ناخشىمىزنى ئېيتىپ، ھارىقىمىزنى ئىچىمىز، خالىغىنىمىزنى قىلىمىز.

سۇڭ سۇڭىنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن دېڭىز تۇرمۇشىغا بولغان ئىنتىلىش كۆۋرەپ تۇراتتى. چۇن چى باشقا بىرنېمە دېمىدى.

ساقاللىق ئەر پەيدا بولغان چاغدا، چۇن چى سۇڭ سۇڭىنىڭ چۇشكىدىن قۇتۇلۇشقا ئۇن - تىنسىز ئۇرۇنۇۋاتاتتى. چۇن چى كۆرۈنۈشتە تولىمۇ خاتىرجەم، تەقدىرىگە تەن بەرگەن ھالەتتە ئىدى، بىراق ئۇ بىر خىل ساختا قىياپەتلا ئىدى، خالاس.

## 2

چۇن چى بىرىنىڭ دېرىزىنى چېكىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ كارىۋاتتا ياتقىنىچە بېشىنى كۆتۈرۈپ، ساقاللىق ئەرنىڭ دېرىزە سىرتىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى. يامغۇر شۇنچىلىك قاتتىق يېغىۋاتاتتى، لېكىن ئۇ ئەر قىمىر قىلماي تۇراتتى. ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسى پەرۋاسىز، بويى بەستلىك، خۇددى بىر سۇرلۇك بۇتخانىغا ئوخشايتتى.

ئۇ چوقۇم چۇن چىنىڭ ياش تۆكۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. بىراق، ئۇ بۇ ياشلارنىڭ ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. باشلىنىشىدىلا ئۇ بىر تەلۋە ئۇسۇپ كىرگۈچى ئىدى، بىراق ئۇنىڭ كىچىككىنە بىرەر ھەرىكەتلىرىمۇ چۇن چىنى ھاياجانلاندۇرۇۋېتىشكە يېتەرلىك ئىدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، تايلاندتا بىر خىل يېپىلىق ياغاچ قونچاق ئويۇنى ساقلىنىپ كېلىۋاتقانىكەن. قونچاقنىڭ ئېگىزلىكى ئادەمنىڭ يېرىمىچىلىك كېلىدىكەن، قىياپىتى تولىمۇ كۆركەم ئىكەن. قونچاق ئوينىتىدىغان پېشقەدەم سەنئەتكارنىڭ ماھارىتىمۇ قالتىس ئىكەن، ئۇ قولىدىكى تاياقنى سەللا كۆتۈرۈپ قويسا، ياغاچ قونچاق

تولغىنىشىپ كېتىدىكەن، سەنئەتكار قولىدىكى بىر تال يىپنى تەكرار مىدىرلاتسا، قونچاق سەھنىدە مەجنۇنلارچە ئۇسسۇل ئويناپ توختىمايدىكەن. چۇن چىنىڭ ئەھۋالى دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشاش. ياغاچ قونچاق جاپا تارتىشنى بىلمەيدۇ، خۇشال، چۈنكى ئۇنىڭ كېيىنكى قەدەمدىكى يۆنىلىش ئۈستىدە ئويلىنىشىنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇ پەقەت يىپقا ئەگىشىپ ھەرىكەت قىلسىلا بولىدۇ.

چۇن چى نۇرغۇن ئاياللارنىڭ ئۆزىگە ئوخشايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، ئۇلارنىمۇ پىشقەدەم سەنئەتكار قولىدىكى ياغاچ قونچاق بولۇشقا، ئۇنىڭ كونتروللۇقىدا سەۋدايىلارچە توختىماي ئۇسسۇل ئويناشقا رازى، دەپ ئويلايدۇ.

ئۇ ئەر ئالدى بىلەن كۆز ئىپادىسى ئارقىلىق چۇن چىنى سىناپ باقتى. ئەڭ ئاخىردا، دەل مۇشۇ 3 ـ ئاينىڭ بىر چۈشتىن كېيىنلىكى، ئۇ يېرىم يىپىلغان دېرىزىدىن يىپ كىرگۈزدى. چۇن چى يۈلقۇنمىدى، بوينىغا ئۇنىڭ يىپ سېلىۋېلىشىغا يول قويدى. بەلكىم ئۇنىڭ كۈتۈۋاتقىنى دەل مۇشۇ بولسا كېرەك. چۇن چى ئىنتىلىش ئىچىدە ئۇنىڭغا ئىشىك ئاچتى، خۇددى ھېلىقى ياغاچ قونچاقتەك. ئۇلارنىڭ باغلىنىش ئويۇنىنىڭ پەردىسى مۇشۇنىڭ بىلەن ئېچىلدى. ئۇ بابا ئارىلىدىن كەلگەن تېرىسى قارا ئادەم ئىدى، مالاي تىلى بىلەن فۇجيەن تەلەپپۇزى ئارىلىشىپ كەتكەن يەرلىك شېۋىدە سۆزلەيتتى، خەنزۇ تىلىنى بىلەتتى، لېكىن كەمدىن ـ كەم ئىشلىتەتتى.

ئەر كىرگەندىن كېيىن چۇن چى تارتىنغىنىچە جايىدا تۇرۇپلا قالدى، بىرھازادىن كېيىن:

— دېگىنىز تاشقىنىدىن كېيىن كاللام قۇپقۇرۇقلا بولۇپ قالدى، ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسى ئېسىمدە يوق… شۇڭا ماڭا ئەگىشىۋالغان چېغىڭىزدا قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم، سىزگىمۇ بەك سوغۇق مۇئامىلە قىلدىم… كەچۈرۈڭ، — دېدى خىجىل بولغان ھالدا.

ئەر ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ بىردەم تۇرۇپ قالدى، چۇن چىگە سەل

گۇمانىي نەزەر بىلەن قارىدى . ئەر خېلى ئۇزۇنغىچە گەپ قىلمىدى . چۈن چى ئۇنىڭ چىرايىدىن خاپىلىق ۋە ئۈمىدسىزلىكنى كۆردى ، چۈن چى ئۇنىڭ ئاچچىقىدا ئۆزىنى تاشلاپ كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ :

— بىراق ، مېنىڭچە ، بۇ ۋاقىتلىق ئەھۋال ، ناۋادا سىز ئىلگىرىكى بەزى ئىشلارنى ئېسىمگە سېلىپ قويالىسىڭىز ، ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېسىمگە ئالالىشىم مۇمكىن ، دەپ ئويلايمەن ، — دېدى ئالدىرىغىنىچە .

ئەر بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن :

— ماڭايلى ، — دېدى .

— ھازىرلا يولغا چىقالايمەن ، بۇ يەردە ئېلىپ كەتكۇدەك ھېچ نەرسە يوق ، — چۈن چى سۆزلىگەچ ، ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى . راست ، تارتىنشقۇدەك ھېچنېمە يوق ئىدى .

ئەر بېشىنى لىڭشىتىپ ، ئالدىدا ئىشىكتىن چىقتى ، چۈن چى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى . بۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئايالانما كارىدورىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ، چۈن چى ئاياللارنىڭ ئويۇن - كۈلكە ئاۋازىنى ئاڭلىدى ، ئۇلارنىڭ كەچلىك تاماقتىن يانغانلىقىنى بىلدى . ئۇ سۇڭ سۇڭغا يولۇقۇپ قېلىشتىن بەكلا ئەنسىرىدى ، شۇڭا ئەرنى تارتقىنىچە تېز قەدەملەر بىلەن يۈگۈرۈشكە باشلىدى ، پۈتلىرىدىن چاچرىغان يامغۇر سۇلىرى يەر يۈزىگە ئۇرۇلغاندىكى سادا تولىمۇ ياڭراق ئىدى . ئەرنىڭ ئالىقىنى شۇنچىلىك ئىسسىق ، ئىسسىقلىقىنى چۈن چىنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۇزلۇكسىز كىرگۈزمەكتە ، يامغۇر سۇلىرى ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىشكە ئامالسىز .

چۈن چىنىڭ قەلبى شادلىق ئىلكىدە ، خۇددى بىر غەلبىلىك جەڭ قىلىشۋالغاندەك . ھېلىقى ئاياللار بىر ئەرنىڭ چۈن چىنى ئېلىپ كېتەلىشىنى كۆرسە چوقۇم چۇرقىرىشىپ كەتمەي قالمايدۇ . ئۇلارنىڭ كۆن بويى زارىقىپ كۈتىدىغىنى دەل بىرەر ئەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئېلىپ كېتىشى ئەمەسمىدى ؟ كۆزلىرىدىن ھاڭۋاقتىلىقى چىقىپ تۇرىدىغان ، مۆرمەس ، كاللىسى قۇپقۇرۇق بۇ قىزنى ئەر

زاتىنىڭ بىرىنچى بولۇپ ئېلىپ كېتىشىنى ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئويلاپ باقمىغان بولغىيدى! ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ كۈلۈپ تاشلىدى.

ئۇلار ئىبادەتخانىنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن چىقتى، شۇ يۈگۈرگىنىچە تاغقا چىقىپ كەتتى. چۈن چى ئۆزىنىڭ شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئەزەلدىن بىلگەن ئەمەس، ئۇ ئىلگىرىكى بىرقانچە ئايدىن بۇيان كۈچ توپلاۋاتقاندەك، بۇ كۈچ چىڭقىلىپ مۇشۇ دەقىقىدىكى قارا يامغۇرغا ئەگىشىپ ئېتىلىپ چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى. چۈن چى ئىنساننىڭ تولىمۇ سىرلىق ۋە مۇرەككەپلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئۆز نىيىتىنى ئەسلا چۈشەنمەيتتى، بىراق ئۇ ئۆزىنى مەيلىگە قويۇۋېتىشنى خالايتتى، خۇددى ۋۇجۇدىغا ھېسسىياتى ئۇقچۇپ تۇرىدىغان بىر ياۋايى ھايۋان كىرىۋالغاندەك، ئۇنى قاتمۇقات قورشاۋنى بۆسۈپ ئۆتۈشكە، بېكىتىلگەن مەلۇم بىر نىشانغا قاراپ ئۇچقاندەك چېپىشقا قىستاۋاتقاندەك قىلاتتى.

## 3

قاراڭغۇ چۈشەي دېگەندە، چۈن چى ساقاللىق ئەرگە ئەگىشىپ ئايلانما يوللار بىلەن ئاخىر دېڭىز بويىغا يېتىپ باردى. يامغۇر توختىدى، ئۇلار ئىككىسى خۇددى سۇدىن ئۆملەپ چىققان جانىۋارلاردەك ھۆل پېتى قۇملۇق ساھىلدا ئاستا ماڭماقتا ئىدى. بۇ يەر بىر ئاۋات كەنت ئىدى، دېڭىز تاشقىنى ئۇنى ئۇزۇل-كېسىل ۋەيران قىلدى. ئۇلار كىچىك ئارالنىڭ ياقىسىنى بويلاپ ناھايىتى يىراقلارغا ماڭدى، يولدا بىرەر ئادەمنىمۇ ئۇچراتمىدى، پەقەت ئۆرۈلگەن ۋە بۇزۇلغان ئۆيلەرلا خۇددى تەكشىسىز چىش پارچىلىرىغا ئوخشاش كىچىك ئارالنىڭ قان ئېقىۋاتقان چىش مىلىكىدە قالدۇق بولۇپ قالغان.

يولدا ئۇلار پاراڭلاشماي دېگۈدەك كەلدى، قىلىشقان بىردىنبىر گېپى ئەرنىڭ چۈن چىگە ئۆز ئىسمىنىڭ تۆگە ئىكەنلىكىنى دەپ بەرگىنى بولدى.

تۆگە؟ چۈن چى بۇ خىل جانىۋارنىڭ قىياپىتىنى دەماللىققا ئېسىگە ئالالمىدى. بىراق، مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدىغىنى شۇكى، ئۇ جانىۋار نەمخۇش ھەم ئالىچىپار زېمىن بىلەن يېقىنمۇ كەلمەيتتى.

تۆگە زېرىكىش، غېرىبلىققا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، پۈتىنىڭ ماغدۇرى بار ھايۋان، ئۇلار ئۆز - ئۆزىنى قامدىيالايدۇ، ئۆزىنى تۇتالايدۇ، نەپسى ئۇچۇن كونتروللۇقىنى يوقىتىپ قويمايدۇ. چۈن چى بۇنى كېيىنچە بىلدى. ئۇزاق سەپەرلەردە تۆگىلەر پەقەت ئالدىدىكى يولنىلا كۆرەلەيدىغاندەك قىلاتتى، ئەتراپتىكى مۇھىتقا كەلسەك، ئۇ پەقەت ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتسىز مەنزىرە، ئۇلارغا نىسبەتەن ھېچقانداق ئېزىقتۇرۇش كۈچى يوق.

چۈن چى تۆگە مىنى يىراقلارغا ئاپىرىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن تۆگە ئۇنى ھېچ يەرگە ئاپارمىدى. ئۇلار دېڭىز ساھىلىدا ناھايىتى ئۇزاق تۇرۇشتى.

چۈن چى ئېچىرقاپ كەتكەنىدى. گۇگۇمدىكى كۈچلۈك دېڭىز شامىلىدا جىسمى خۇددى نەيدەك ھۇۋ - ھۇۋ قىلغان ئاۋاز چىقىراتتى. ئۇ تۆگىگە زارلانغان قىياپەتتە قارىدى، تۆگە قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە يىراقتىكى دېڭىزغا نەزەر سالماقتا ئىدى. دېڭىز شامىلى تۆگىنىڭ نەپەسلىرىنى ئۇچۇرۇپ كەلدى، ئۇ خۇددى چۆچۈپ كۆتۈرۈلگەن كىچە قۇشىدەك ۋەزنىلىك ئاۋاز ئىدى. چۈن چى ئەڭ ئاخىرقى ئاززاق قۇياش نۇرىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ سىياقىغا ئىنچىكىلەپ سەپسالدى. ئۇنىڭ بويى ئېگىز، بەدەن تۈكلىرى قويۇق، كۆز ئىپادىسى چۈشىنىكسىز ئىدى، ئېغىزى خۇددى ئوت - چۆپلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنغان قۇدۇققىلا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ گەپ قىلغاندىكى ئاۋازى چۈن چىگە يىراقتىن كېلىۋاتقان ئەكس سادادەك بىلىنەتتى.

كەچ كىرگەندە ماغدۇرىدىن كەتكەن ئىككى كېمە قىرغاقتا توختىدى. چۈن چى بىردىنلا ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ،

تۆگە مىنى مۇشۇ كېمىگە چىقىرىپ بۇ يەردىن ئېلىپ كېتىدۇ ، دەپ ئويلىغانىدى . بىراق ، كېمىگە چىققاندىن كېيىن ، بۇ ئىككى كېمىنىڭ قازا قىلغانلارنى سۈزگىلى كەلگەن كېمە ئىكەنلىكىنى بىلدى . دېڭىز تاشقىنى ئۆتۈپ كەتكىلى بىرنەچچە ئاي بولدى ، بىراق جەسەتلەر ھەدېگەندىلا سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىپ تۇراتتى .

پالوبىغا دېڭىزدىن سۈزۈۋېلىنغان جەسەتلەر دۆۋىلەپ قويۇلغان ، سوزۇلۇپ ياتقان ئۆلۈكلەر دۆۋىسى تولىمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى . كېمە كۆتۈرۈلگەن دېڭىز دولقۇنىنىڭ ئىتتىرىشى بىلەن تەۋرىنىپ تۇراتتى ، كېمىگە دۆۋىلەپ قويۇلغان ئاق گەۋدىلەرمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تەۋرىنىپ ئادەمنى چۆچۈتەتتى . چۇن چى بەكلا قورقۇپ كەتتى ، تۆگىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ ، ئۇنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتۇۋالدى ، ئۇ تۆگىنى تارتىپ بۇ يەردىن تېزرەك كەتمەكچى بولدى .

چۇن چىنىڭ قورقۇپ كېتىشى بىلەن تۆگىنىڭ قىلچە كارى بولمىدى ، يەنىلا كېمىگە قاراپ ماڭدى . چۇن چى ئۇنىڭغا ئېسىلىۋالدى ، ئۇنىڭ سۆرىشى بىلەن كېمىگە چىقىپ قالىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندە ، ئاخىر ۋارقىراپ تاشلىدى . تۆگە ئارقىسىغا قايرىلىپ چۇن چىگە بىر قاراپ قويۇپ ، ئۇنىڭ چىڭ تۇتۇۋالغان قولىنى سىلكىۋېتىپ ، ئۆزى يالغۇز كېمىگە چىقتى . كېمە تۇمشۇقىغا ئىككى ـ ئۈچ پانۇس ئېسىلغان ، بىرنەچچە قاۋۇل ئەر پالوبىدا تۇراتتى ، تۆگىنىڭ كېمىگە چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇلار تۆگىنىڭ ئالدىغا چىقتى . قارىغاندا ، ئۇلار تۆگە بىلەن بۇرۇندىنلا تونۇشتەك قىلاتتى . بۇ بىرقانچە ئەر ئارالدا ياشايدىغان ۋۇزۇ بېلىقچىلىرى بولسا كېرەك ، ئۇلار تۆگە بىلەن مالاي تىلىدا پاراڭلاشتى . ئۇلار تۆگىنى تولىمۇ ھۆرمەتلەيدىغاندەك قىلاتتى ، تۆگە سورىغان گەپلەرگە ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن جاۋاب بېرەتتى .

ساھىلدا تەنھا قالغان چۇن چى كېمىگە قارىغىنىچە تۇراتتى . كېمە تۇمشۇقىدا تۇرغان ئەرلەر تولىمۇ بەستلىك كۆرۈنەتتى ، چۇن

چىدە ئۇلارغا نىسبەتەن ئازراق قورقۇنچ پەيدا بولۇپ قالدى .

ئارقىدىنلا ئۇلار قولمۇقول تۇتۇپ كېمىدىكى جەسەتلەرنى چۇشۇرۇشكە باشلىدى . چۇن چى تۆگىنىڭ بىر جەسەتنىڭ قولىدىن تۇتقانلىقىغا قاراپ تۇردى ، يەنە بىر جەسەتنىڭ پۇتىدىن تۇتتى . مۇشۇنداق قىلىپ ئۇلار جەسەتلەرنى بىر - بىرلەپ قىرغاققا ئېلىپ كەلدى . ھاۋا يېپىشقاق دېڭىز سۇيى ۋە چىرىگەن ئەتنىڭ بەتبۇي پۇرىقى بىلەن تولدى . چۇن چى سەنتۇرۇلگىنىچە ساھىلغا يىقىلىپ قۇسۇشقا باشلىدى .

ھەممە جەسەتلەر چۇشۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ، تۆگە ھېلىقى بىرقانچە ئەر بىلەن يەنە بىرنەچچە ئېغىز پاراڭلاشتى ، ئاندىن چۇن چى تەرەپكە كەلدى . ئۇ چۇن چىنى يۆلەپ ، ئۇنىڭ قولىدىن تۇتقىنىچە ئېلىپ ماڭدى . تۆگىنىڭ بايىلا جەسەتلەرنى تۇتقان قولى تېگىشى بىلەنلا ، چۇن چى بىزارلىق ئىچىدە قارشىلىق كۆرسەتتى ، لېكىن ئۇ بىر جۇپ قول تولىمۇ يوغان ھەم ئىللىق ئىدى ، ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم قاماللاپ تۇتۇۋالغانىدى . چۇن چى داۋاملىق يۇلقۇنۇشتىن ۋاز كەچتى .

ئەمدى چۇن چى جەسەت يۆتكەشكە قىزغىن بۇ غەلىتە ئەرگە ئەگىشىشى كېرەك ئىدى .

## 4

بىرىنچى كېچىنى ئۇلار ئەبجەق ساتمىدا ئۆتكۇزدى . ئەسلىدىكى تورۇسنى دېڭىز تاشقىنى ئېقىتىپ كەتكەن ، كىشىلەر پالما دەرىخى يوپۇرمىقى بىلەن ۋاقىتلىق تورۇس ياساپ قويغان ، بىراق چۇشتىن كېيىنكى قاتتىق يامغۇردا بۇ تورۇسمۇ ئۆرۇلۇپ چۇشكەنىدى . ساتمىدا بىر سەگەنچۇك ۋە بىرنەچچە تاش ئۇستەلدىن باشقا ھېچنېمە يوق .

كېچە ئاسمىنىنى ۋە يۇلتۇزلارنى كۆرگىلى بولىدۇ ، چاچلارغا ئاي نۇرى چۇشۇپ تۇرىدۇ ، سەگەنچۇك تازا پۇختا ھەم خېلى راھەت ، ئۆتۇشۇپ تۇرىدىغان دېڭىز شامىلى ئادەمنى ھەر دائىم

سەگەكلەشتۈرۈپ تۈرىدۇ ... چۈن چى بۇ غىرىب - غۇرۋانە ئۈي ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك ئارتۇقچىلىقلارنى تېپىپ چىقىپ، شۇكۇر قىلاي دېدى. تۆگە ئۇنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، يېگۇدەك بىر نەرسە تېپىپ كېلىشكە چىقىپ كەتتى.

چۈن چى پۇچۇق تامنى باغاشلىرىغىنىچە تۆگىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋاتاتتى. كۆز ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتقىنى دەل ئەيىبدار دېڭىز ئىدى. سۇس يورۇقتا مۇشۇ يەرلىك بىرقانچە بالا بۇ دېڭىزنىڭ قورۇقلىرىنى يىرىك پۇتلىرى بىلەن دەسسەپ ئوينىماقتا. بەزى ئىشلار چۈن چىگە بارغانسېرى قاراڭغۇ بولۇپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ساقاللىق ئەر بابا ئارىلىدىن كەلگەن، مالاي تىلىدا سۆزلەيدۇ، قارىغاندا، بىر قوۋمنىڭ ئاتامانىدەك قىلىدۇ، ئۇ قانداقسىگە ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى سۆيگىنى بولسۇن؟ ئېسىنى يوقىتىشتىن بۇرۇن ئۇلار ئارىسىدا قانداق ھېكايىلەر بولۇپ ئۆتكەن بولغىيدى؟

تۆگە بىر ياخشى ئوۋچى ئىدى. قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئۇ بىرنەچچە قۇشقاچ ۋە قاغا ئوۋلاپ كەلدى. ئۇ يەنە كوكۇس ياڭىقىدىن ئىككىنى ۋە پالما دەرىخى يوپۇرمىقىدىن قىلىنغان نەيچىدىن بىرنى ئېلىپ كەلگەنىدى.

تۆگە يەنە «داما» دەپ ئاتىلىدىغان دەرەختىن بىر سىقىم دېۋىرقاي يىغدى. دېۋىرقايىنى پالما دەرىخى يوپۇرمىقىدىن قىلىنغان نەيچىگە قويۇپ ئوت يېقىۋىدى، ئۇ بىر مەشئەلگە ئايلاندى. ئۇ مەشئەلدىن ئۈچىنى ياساپ تاش يېرىقچىلىرىغا قىستۇرۇپ، بۇ ۋەيرانە ساتمىنى يورۇتتى.

ئۇ يەنە گۈلخان ياقتى، ھېلىقى قۇشلارنى ياغاچ زىخقا ئۆتكۈزۈپ كاۋاپ قىلىشقا باشلىدى. ئۇ قۇشلارنىڭ ھەممىسى ئورۇق، ئازراقمۇ ماي يوق ئىدى، كاۋاپ قىلىنغاندىن كېيىن قۇرۇپ قارىداپ كەتكەن دەرەخ شېخىغىلا ئوخشاپ قالدى، كۆرۈنۈشى ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئىدى. بەكلا ئېچىرقاپ

كەتكەنلىكتىن، چۈن چى ئۈنىڭ قولىدىن بىر زىخنى ئېلىپ يېگىلى تۇردى. كاۋاپ بەكلا قاتتىق ئىدى، چۈن چى ئاستا چايناشقا باشلىدى.

ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇشتى، گەپ قىلماقچى بولاتتىيۇ، ئېغىزىدىن چىقىرىشمايتتى. ئاخىر يەنىلا تۆگە ئالدى بىلەن ئېغىز ئاچتى:

— بۇرۇنقى ئىشلار زادىلا ئېسىڭىزدە يوقمۇ؟

چۈن چى ئۇنىڭ دىمەكچى بولغىنىنى تەستە چۈشىنىپ، خىجىل بولغان هالدا بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇ تۆگىنىڭ ئۈمىدسىزلەنگەن هالىتىنى كۆرۈشنى زادىلا خالىمايتتى. چۈن چى ئۆزىمۇ بىلىپ ـ بىلمەي پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانىدى، تۆگىنىڭ خۇشاللىقى ۋە خاپىلىقىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن كۆزىتەتتى.

— ئۆتكەن ئىشلاردىن ماڭا ئازراق سۆزلەپ بەرسىڭىز بولامدۇ ··· مەن خاتىرەمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشاتتىم، — دېدى چۈن چى.

بىراق، تۆگە ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك، سەگەنچۈكتە ئولتۇرغىنىچە ئاغزىدىكى يېمەكلىكنى گۇچۇلدىتىپ چايناۋاتاتتى. چۈن چى ئۇنىڭ خاپا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ يەنە گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. چۈن چى ئۆزىنى يامان ئەهۋالدا قالغاندەك هېس قىلماقتا ئىدى، ئۆتكەن ئىشلارنى داۋاملىق ئېسىگە ئالالمىسا، تۆگە هامان ئۇنى قوغلىۋېتەتتى.

تۆگە چۈن چىنىڭ ئەنسىزلىكىنى سېزىۋالغاندەك قىلاتتى، ئۇ چۈن چىنىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ ئولتۇردى. ئۇ تۇيۇقسىز بىخ سۈرگەن ئۇرۇقۇقا ئوخشاش چۈن چىنىڭ يېنىدا پەلەككە تاقاشقۇدەك دەرەخ بولۇپ ئۆسكەنىدى. تۆگە تۇيۇقسىز چۈن چىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئۇنى ئالدىغا تارتتى ۋە چۈن چىنىڭ بوينىدىكى تۇم مىس زەنجىرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سورىدى:

— بۇچۇ، بۇ ئېسىڭىزدە بارمۇ؟

چۇن چى تېگىرقىغان هالدا بېشىنى چايقىدى :

— ئېسىمدە يوق ... مۇساپىرلار لاگېرىدىكى ئانىلارنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇلار دېڭىز ياقىسىدا مېنى بايقىغان چاغدا بۇ زەنجىر بويىنۇمغا چىڭ يۆگەكلىك ئىكەن .

چۇن چى بۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەرنىڭ چىراي ئىپادىسىگە قاراپ باقتى ، بۇ زەنجىرنى ماڭا مۇشۇ ئەر سوۋغا قىلغان بولسا كېرەك ، دەپ پەرەز قىلدى ، شۇڭا :

— ئۇلارنىڭ دېيىشىچە ، بۇ مەن ئايرىلىپ قېلىشنى زادىلا خالىمايدىغان نەرسە بولغاچقا ، ئۇنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بويىنۇمغا قاتمۇقات ئورىۋالغان بولۇشۇم مۇمكىن ئىكەن ، — دېدى .

ئاي نۇرى ئېچىلىپ قالغان تورۇستىن كىرىپ ، بۇ قارامتۇل زەنجىرنى ئالتۇندەك نۇر چاچتۇراتتى . مۇشۇ دەقىقىلەردە دېڭىزمۇ جىمجىت بولۇپ قالغان ، پەقەت مۇشۇ زەنجىرلا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شىرىقلىغىنىچە پۇلاڭلاپ تۇراتتى . مىس زەنجىرنىڭ ئەڭ تۆۋەنكى ئۇچىدا نەپىس ، ئەپچىل ياسالغان قىسقا ئالتۇن پىچاق تۇراتتى ، پىچاققا ئۇششاق قىزىل ياقۇتلار قويۇلغانىدى .

تۆگە قولىنى سوزدى ، پىچاقنى كاپلا قىلىپ تۇتۇۋېلىپ ئالىقىنىدا دەڭسەپ باقتى . ئۇ بېلىگە ئېسىۋالغان خالتىسىدىن مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان مىس زەنجىردىن بىرنى چىقاردى ، ئۇنىڭدىمۇ ئوخشاشلا بىر پىچاق تۇراتتى ، بىرلا يېرى ، بۇ پىچاق سەل چوڭراق ئىدى ، بۇنىڭغىمۇ ئوخشاشلا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن ، پارقىراق قىزىل ياقۇتلار قويۇلغانىدى . بۇ بىر جۈپ قىسقا پىچاق خۇددى سۇنغان مىس ئەينەككە ئوخشاش قايتىدىن بىر يەرگە جەم بولدى . چۇن چى خۇددى پارقىراق ، سىزىلغان ئىزلار بىلەن تولغان مىس يۈزىدە لىپىلداپ تۇرغان نۇرغۇن ئەسلىمىلەرنى كۆرگەندەك بولۇۋاتاتتى . چۇن چى شادلىق ئىچىگە غەرق بولدى : ئەسلىدە بۇ پىچاقلار بىر جۈپ ئىكەن ـ دە . بىرى ئەردە ، بىرى ئايالدا .

ئەر چاپىنىنىڭ پېشى بىلەن ھېلىقى كىچىكرەك پىچاقنى

سۈرتكەچ :

— بۇ پاسكىنا بولۇپ كېتىپتۇ ، ئازراقمۇ پارقىرىمايدىغان بولۇپ قاپتۇ ، — دېدى .

ئەردىكى چوڭراق پىچاق بىلەن سېلىشتۇرغاندا چۇن چىدىكىسى ھەقىقەتەن خۇنۇك كۆرۈنەتتى ، جىق كونىراپ كەتكەنىدى .

— دېڭىز سۈيىدە مۇشۇنداق بولۇپ كېتىپتۇ ، — چۇن چى تەمتىرىگەن ھالدا شۇنداق دېگەچ ، تۆگىنىڭ قولىدىكى كىچىك پىچاقنى تارتىۋېلىپ بارماقلىرى بىلەن يېنىك سۈرتۈشكە باشلىدى . ئۇ بۇ پىچاقنى ئەزەلدىن مۇنداق ئەزىزلەپ باقمىغانىدى ، ئۇ ھەتتا ئۇنى قورۇدا چۈشۈرۈپ قويغاندىمۇ ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىگەن ، قايتا ئىزدەپمۇ بارمىغان ، كۆڭلىدە پىچاق ئۇ جايدا تۇرمايدۇ ، دەپ ئويلىغان . يەنىلا شۇ سۇڭ سۇڭ جاھىللىق قىلىپ چۇن چىنىڭ ئورنىدا پىچاقنى ئىزدىگەن ، ئەگەر ئۇ پىچاقنى ئائىلىدىكىلىرىڭىز سوۋغا قىلغان بولسا ، مۇشۇنداقلا يوقىتىپ قويسىڭىز بەك ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولىدۇ ، دەپ تۇرۇۋالغانىدى . ئۇ كۈنى كەچقۇرۇن سۇڭ سۇڭ يىتىپ كەتكەن مىس زەنجىرنى تۇتقىنىچە يامغۇر ئىچىدىن چىقىپ كەلگەن ، ئۇ يامغۇردا چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن مىس زەنجىرنى چۇن چىنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويغاندىن كېيىن :

— كەلگۈسىدە مەندىن مىننەتدار بولۇشىڭىز مۇمكىن ، — دېگەنىدى كۈلۈپ تۇرۇپ .

بۇ چۇن چىنىڭ مۇساپىرلار لاگېرىدىن قېچىپ چىققاندىن بۇيان سۇڭ سۇڭنى تۇنجى قېتىم ئەسلىشى ئىدى ، ئۇ سۇڭ سۇڭنىڭ ئاشۇ گەپنى قىلغان چېغىدىكى ئالدىن بىلگۈچىلەرگە خاس تەلەپپۇزىنى ئويلاپ كۆڭلىدە ئەيمىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولدى .

چۇن چى ئىككى پىچاقنى قاتار قىلىپ ئالىقىنىغا قويدى . ئۇلار خۇددى ئۇزۇن ئايرىلىپ قايتا كۆرۈشكەن جانىۋارلاردەك ئۇنىڭ ئىللىق ئالىقىنىدا قۇچاقلىشىپ ئۇخلىماقتا ئىدى . ئۇ ئىككى

ئـالىقىنىنى جۇپلىشۇدى ، پىچاقلار بىر ـ بىرىگـە سـوقـۇلـۇپ ، تـىـرىق ـ تىرىق ئاۋاز چىقاردى . ئۇلارنىڭ روھى ئاللىقاچان قول تۇتۇشقىنىچە باشقا بىر دۇنياغا قىچىپ بېرىشۇالغاندۇ .

چۈن چى سانسىز قېتىم ئەسلەيدىغان بۇ كېچىدە ئىككى پىچاق بىر ـ بىرىگە سوقۇلغاندا ، هاياجاندىن چۈن چىنىڭ كۆز ياشلىرى تـۆكـۈلـۈشـكە ئازلا قالدى . ئىككى پىچاقنىڭ ئۇچرىشىشى ئۇنى سـەرگـەردانلىق كۈنلىرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىغا ئىشەندۈردى ، بۇ بەخت سۆڭ سۇڭغا ئاسىيلىق قىلىشنى بەدەل قىلاتتى .

گەرچە ئۇلار هېسسىيات ئۇرغۇپ تاشىدىغان ئەڭ دەسلەپكى پەيتلەردە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن تۆگە بىر تايىنى يوق مەشۇق چىقىپ قېلىشۇاتاتتى . بۇ چاغدا ئۇلار توسالغۇسىز يېقىنلىشالايتتى . قىزنىڭ كۆزىدىكى ياش ، ئەرگە بولغان ئىشەنچ ۋە ئارزۇ بۇ هارغىن سەپەردە بۇنى ئارزۇ قىلمىغانىدى . تۆگە ئىختىيارسىز هالدا قىزنىڭ ماڭلاي چاچلىرىنى قايرىپ ، ئۇنىڭ تولغان پېشانىسىنى سىلىغاندا ، ئـۆزىـنـىـڭ بـۇ كاللىسى قۇپقۇرۇق قىزغا شۇنچىلىك قىزىقىپ قـېـلـىـۋاتـقـانـلىقىنى بايقىدى . تۆگە ئۇنىڭ پېشانىسىنى ياخشى كـۆرەتـتـى ، ئـايـال زاتـىـدا بۇنداق ئېگىز پېشانىسى بارلار كەم ئۇچرايتتى ، بۇ پېشانە خۇددى مىس ئەينەكتەك پارقىراق ئىدى . ئـۇنـىـڭ چـىرايىدىن هاكاۋۇرلۇق ، جاهىللىق ، تىركىشىشتىكى ئـۆتـكـۈرلـۈك چـىـقـىپ تۇراتتى . تۆگىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرىدىغان ئاياللاردا بۇنداق ماڭلاي بولمايتتى .

تۆگە چۈن چىنىڭ ماڭلاي چاچلىرىنى بىر تال ـ بىر تالدىن قايرىپ ، پېشانىسىدە بىرەر تالمۇ چاچ قويمىدى . ماڭلاي خۇددى نۇقسانسىز زۇمرەتكە ئوخشاپ قالدى ، تۆگە خۇددى بىباها گۆھەر تېپىۋالغاندەك ، بۇ پېشانىنى توختىماي سىلايتتى . تۆگە ئەزەلدىنلا ئـۆزىـنـى هـەيـران قالدۇرىدىغان نەرسىلەرنى ياخشى كۆرەتتى . مەسىلەن ، دېڭىز سەپىرىدە تۇيۇقسىز كەلگەن بوران ـ چاپقۇن ، دۈشمەنلەرنىڭ تۇيۇقسىز هۇجۇمى هەمدە كۆز ئالدىدىكى لاتاپەتنى ئۇرغۇپ تۇرغان ئايال دېگەندەك .

— ماڭا ئۆتكەن ئىشلاردىن ئازراق سۆزلەپ بەرسىڭىز بولامدۇ؟ بەلكىم ئۇنىڭ خاتىرەمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشۈمگە ياردىمى بولۇپ قالار، — چۈن چى جىمجىتلىقنى بۇزدى، ئۇ بەكلا روھلۇق كۆرۈنەتتى، ئۆتكەن ئىشلارنى بىلىشكە ئالدىراۋاتاتتى.

تۆگە ئۇنىڭ گەپ قىلمىغان چاغدىكى ھالىتىنى بەكرەك ياخشى كۆرەتتى. چۈن چى تۆگىنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالغانىدى، خۇددى ئۇنىڭ بىلىكىگە قونغان شاتۇتىدەك. تۆگە تۇيۇقسىز غەزەپلىنىپ قالدى، چۈن چىنىڭ چېچىنى كاپلا قىلىپ تۇتۇپ، ئۇنى يېنىغا تارتتى ھەمدە:

— ئۆتكەن ئىشلار راستىنلا ئېسىڭىزدە يوقمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

چۈن چى جېنىنىڭ بارىچە بېشىنى چايقايتتى. ئەرنىڭ قولى بەكلا كۈچلۈك ئىدى، خۇددى ئۇنىڭ باش تېرىسىنى يۇلۇۋېتەلەيدىغاندەكلا قىلاتتى. ئۇلار مۇشۇ ھالەتتە خېلى ئۇزاق تىركىشىپ تۇرۇشتى. ئەر ئاستا - ئاستا پەسكويغا چۈشتى، قولى ئاخىر ئاستا - ئاستا بوشاشتى، شۇ چاغدىلا چۈن چى سەل ئارام تاپقان بولدى. بۇنداق زوراۋان مىجەزنى ئۇ ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ مۇساپىرلار لاگېرىدا ئۇچراتقان بىرنەچچە ئەرنىڭ ھەممىسى سولغۇن، قورقۇنچاق كۆرۈنەتتى، بەلكىم دېڭىز تاشقىنى ئۇلارنىڭ روھىنى چىقىرىۋەتكەن بولسا كېرەك، چۈن چى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇلاردەك بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلايتتى. ئۇ باياتىنقى دەقىقىلەردىلا ھەقىقىي ئەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى. ئۇنىڭ باش تېرىسىدىكى ئاغرىق ئازراق - ئازراقتىن تارقىماقتا، لېكىن تۆگىنىڭ قولى يەنىلا بېشىنى قاماللاپ تۇرۇۋاتقاندەك، خالىغان چاغدا ئۇنى يەنە تارتىدىغاندەكلا تۇيغۇدا ئىدى. ئۇ تۆگىنىڭ ئوسال مىجەزىدىن ئۆزىنىڭ قورقمايۋاتقانلىقىغا ھەيران ئىدى، ئەكسىچە، تۆگە ئۆزىنىڭ يېقىن ئادەملىرىگىلا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلسا كېرەك، دەپ ئويلايتتى.

ئۇلار ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى دېڭىز شاۋقۇنىغا سۈكۈت ئىچىدە قۇلاق سالغىنىچە قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى سەزمەي قېلىشتى . تۆگە سەل ئۇسسىغانىدى ، ئۇ باياتىن ئېلىپ كەلگەن ئىككى دانە كوكۇس ياڭىقىنى ئەكېلىپ ، ئۇچتىن بىر قىسىم كېلىدىغان جايغا پىچاق ئۇردى ، يۇملاق كوكۇس قېپى يەرگە چۈشتى ، ئىچى لىققىدە شەربەت ئىدى . تۆگە بىرنى چۈن چىگە سۇندى .

كوكۇس بۇ يەردە كۆپ چىقىدىغان بولسىمۇ ، لېكىن مۇساپىرلار لاگېرىدا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە چۈن چى زادىلا ئېغىز تېگىپ باقمىغانىدى . كوكۇس ياڭىقى يېرىلغاندا ، بۇ خۇش پۇراق چۈن چىگە تولىمۇ تونۇش بىلىندى ، ئۇ بىر خىل چۈشەنگىلى بولمايدىغان شادلىققا غەرق بولدى . ئۇ تۆگە ئۇزاتقان كوكۇس ياڭىقىنى ئېلىپ بىر يۇتۇم ئىچتى ، كۆڭلى ناھايىتى ھۇزۇر تاپقاندەك بولۇپ ، توساتتىن خېلىلا سەگىپ قالغاندەك ھېس قىلدى . باشتىكى زارلىنىشلىرى قاياقلارغىدۇر تارقاپ كەتكەنىدى . ئۇ قەلبىدىكى شادلىقنى بېسىپ تۇرۇپ :

— بۇ كوكۇسنىڭ پۇرىقى تولىمۇ تونۇش بىلىنىدى ، مېنىڭچە ، بۇرۇن كوكۇسقا بەكلا ئامراق بولسام كېرەك ، — دېدى تۆگىگە .

تۆگە كوكۇس سۈيىنى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى ، كۆزىدىن نۇر چاقناپ تۇرغان ھالدا چۈن چىگە قاراپ سورىدى :

— ئىلگىرى يەنە نېمىلەرگە ئامراق ئىكەنلىكىڭىزنى بىلگۈڭىز بارمۇ ؟

تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بېشارەتلىك سېزىم چۈن چىنى بىر خىل قېتىپ قېلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويۇۋاتاتتى ، ئۇنىڭ قوللىرى تىترەپ ، كوكۇس سۈيى تۆكۈلۈپ كەتتى . ئاشۇ دەقىقىدە ئۇ مەۋج ئۇرۇۋاتقان دېڭىز شاۋقۇنىنى ئاڭلىيالمىدى ، چۈنكى تۆگىنىڭ ئوت - چۆپلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنغان سىرلىق ئېغىزى ئاللىقاچان ئۇنىڭ قۇلىقىغا چاپلىشىپ بولغانىدى .

تۆگە ئۇنى تامامەن كونترول قىلىش نىيىتىگە كېلىپ ، ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان بۇ شاتۇتنى يېگىچە سىلىۋالماقچى

بولدى .

چۈن چى چىرقىرىماقتا ئىدى . بىراق ، ئۇنىڭ ئىغىزىمۇ ناھايىتى تېزلا تۆگىمىنىڭ چاتقاللىقىغا چۈشۈپ كەتتى . تۆگە ئۇنىڭغا ئازراق - ئازراقتىن چاپلىشىۋاتاتتى . مۇسكۇل ۋە تېرىلەر ئۇچراشتى ، قاشتاش بۇيۇملار تېگىشكەندە چىقىدىغاندەك بۇ خىل ئاۋاز ئەڭ نازۇك چاقىرىق ئىدى . ئۇ قاتمۇقات توسالغۇلارنى يىمىرىپ تاشلايتتى ، ئەكس ساداسى تەننىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگىچە يېتىپ باراتتى .

چۈن چى بىر تەرەپتىن ، ئەرنىڭ بۆسۈپ كىرىشىگە قارشىلىق كۆرسىتەتتى ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۇنىڭ چاقماقتا ئوخشاش چېقىن چېقىپ كېلىپ ، ئۆزىنىڭ قاراڭغۇ جىسمىنى تېشىپ ئۆتۈپ ئۇنى يورۇتۇشىغا ، ئۆزىنى تونۇش ۋە ئۆتكەن ئىشلارنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىغا تەشنا ئىدى . بۇ خىل تۇيغۇنى بىر شەھەرنى قوغداۋاتقاندىكى تۇيغۇغا ئوخشىتىشقا بولاتتى ، شەھەرنىڭ سېپىلى ناھايىتى ئېگىز ، شەھەردە نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى ھەتتا ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ . ئاخىر بىر كۈنى بىرلىرى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كەلدى ، ئۇ توسۇۋاتىدۇ ، شۇنداقلا يەنە ئۇلارنىڭ ئىشغال قىلىشىنى ئۈمىد قىلىۋاتىدۇ . ئۇ بۇ چوڭ قوشۇننىڭ سېپىل دەرۋازىسىدىن خۇددى كەلكۈندەك باستۇرۇپ كىرىپ بۇ شەھەرنى تولدۇرۇۋېتىشىنى ، ئۇنىڭ ئەمدى چۆلدەرەپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلاتتى .

تۆگە ئۆزىنىڭ قاتتىقلىقىنى چۈن چىنىڭ ھەيرانلىقىغا سانجىدى . قاغجىراپ كەتكەن يەر بوشاشقا باشلىدى ، ئاندىن ئازراق - ئازراقتىن نەمدىلىپ يۇمشىغىلى تۇردى . يېپىشقاق تۇپراق ھېبىلىقى سوزۇلۇپ كىرگەن ئۆسۈملۈكنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئورىۋالدى ، ئۆسۈملۈك ئىلھام ئېلىپ تېز سۈرئەتتە يىلتىز تارتتى ، ئۇ تەگكەن ھەربىر دانە قۇم - شېغىل تىترەپ كەتتى .

چۈن چى ئۆزىنىڭ تىترىگەن چاغدىكى بۇ خۇشاللىقىدىن نومۇس قىلدى .

تېپىپ ئۆرۈۋېتىلگەن كوكۇستىن يامغۇر تامچىلىرى چۈشۈۋاتاتتى. بىراق، ئۇ ھەرگىزمۇ مۇشۇ دەقىقىلەردىكى يالقۇنجاپ تۇرغان ئىستەكنى ئۆچۈرەلمەيتتى. چۈن چى ياش تۆكۈشتىن بۇرۇن، تۆگە تاشلىنىپ قالغىنىغا ئۇزۇن بولغان ئۇ سوغۇق ئورىغا ئاللىقاچان يوشۇرۇنچە كىرىپ بولغانىدى.

## 5

ئۇلارنىڭ بىللە يۈرگەن ۋاقتى پەقەت يەتتە كۈنلا بولدى.

ئۇ كۈنلەر ئاددىيلىق ھەم تەكرارلىق بىلەن خاراكتېرلەندى، شۇڭا چۈن چىنىڭ كاللىسىدا ساقلىنىپ قالغان ئەسلىمىلەر نۇرغۇن يىللاردىن كېيىنمۇ ئېنىقلىقىنى يوقاتمىدى. تۆگە ئۇنىڭ بىلەن ئىشقۋازلىق قىلاتتى، جەسەت كۆتۈرگىلى دېڭىز بويىغا كېتەتتى، ئوزۇقلۇق ئۈچۈن قۇشلار ۋە ياۋا توشقانلارنى ئوۋلاپ كېلەتتى. بۇنداق تۇرمۇش ئەڭ ئىپتىدائىي، شۇنداقلا ئەڭ مەنىلىك ئىدى.

ھەر كۈنى كېچىسى ئۇ چۈن چىنىڭ تېنىدە تالان ـ تاراج ئېلىپ باراتتى، چۈن چى بۇ ئەرنىڭ ئۆز تېنى ۋە ئەقلىنى ئىگىلىۋېلىشىغا يول قوياتتى. چۈن چى ئۆزىنى مۇشۇ ئەر ئۈچۈنلا تۇغۇلغاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇلارنىڭ پۇچۇق تاملار ئاساسىدا ياسالغان بىر ئېغىز غېرىبانە ئۆيىلا بار ئىدى. ئۈچىنچى كۈنى تۆگە ساتما ئۈستىنى قومۇشتا ياپتى. بىراق، دېڭىز شامىلى يەنىلا تۆت تەرەپتىن كىرىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ كېچىسى دولقۇن كۆتۈرۈلگەندە ئالاھىدە سوغۇق بولۇپ كېتەتتى. ئۇلار لەپەڭلەپ تۇرىدىغان سەگەنچۈكتە ئۇخلايتتى. چۈن چى ئەرنىڭ ئۈستىدە تۈگۈلۈپ يېتىشى كېرەك ئىدى، شۇنىڭدىلا سەگەنچۈك تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىيالايتتى. ئۇلار يۈزلىرىنى بىر ـ بىرىگە قارىتىپ ياتاتتى، قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن ئەرنىڭ نەپىسى كۈچىيىپ، خورىكى ئاڭلىناتتى. يېرىم كېچىدە چۈن چى تۇيۇقسىز ئويغاندى، ئۇ ئۆزىنى ھەربىر دەقىقىدە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان دېڭىز ئۈستىدە تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلدى. چۈن چى سەگەنچۈكنى بەكلا ياخشى

كۆرەتتى ، ئىككى تەننى بىر ـ بىرىگە مۇشۇنداق جىپسىلاشتا ھەرقانداق كارىۋات سەگەنچۈكنىڭ ئالدىدا ئاجىزلىق قىلاتتى ، سەگەنچۈكتىكى ئىككى تەن بىر ـ بىرىدىن نەپەسلىنىۋاتقاندەك ، بىر باليانقۇدا يېتىۋاتقاندەك ھالەتتە ئىدى .

چۈن چى تاڭ سەھەردە تولغاپ ئويغاندى . ئۇ يۈزىنى ئەرنىڭ بوينىغا چاپلاپ ، ئۇنىڭ قىزىق تېنىنى سىلىۋىدى ، تېزلا ئىسسىپ قالغاندەك بولدى . بۇ چاغدا دېڭىز ئەڭ تىنچ ئىدى ، يۇچۇق تامغا بىرقانچە كۆكتارغاق قونۇۋالغان ، خۇددى ئارقىسىدىكى دېڭىز سۈيىگە چىلىنىپ چىققاندەك پەيلىرى پارقىراپ تۇراتتى . دېڭىز تاشقىنىدىن كېيىن بۇ قۇشلار خېلىلا غېرىبسىنىپ قېلىۋاتاتتى ، چۈنكى دېڭىز ياقىسىدا ھايات ئادەملەرنى كەمدىن ـ كەم ئۇچرىتالايتتى . ھازىرقى مىنۇتلاردا ئۇلار چىرمىشىپ كەتكەن بۇ بىر جۈپ تەنگە قارىماقتا ، بۇ بىر جۈپ تەن گومۇش ھەم چوڭقۇر ھېسسىياتلىق كۆرۈنەتتى . مەشئەل ئالىلىقاچان ئۆچۈپ ، ئەتراپتا بىرنەچچە سىقىم كۈلىلا قالغان ، ئۇ ئىللىق ھەم تونۇش ، ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ .

ئەڭ دەسلەپكى بىرقانچە كۈندە چۈن چى ئەتىگەنلىرى ئويغىنىپ قالسىمۇ ، تۆگىنى ئويغىتىۋېتىشتىن ئەنسىرەپ مىدىرلاشقا جۈرئەت قىلالمايتتى . بىراق ، كېيىنچە چۈن چى ئۇنىڭ ئۇخلاپلا قالسا دېڭىز تاشقىنى كەلسىمۇ ئويغانمىغۇدەك دەرىجىدە ئۇيقۇسى قاتتىق ئىكەنلىكىنى بىلدى . شۇڭا ، سەھەرلەردە ئويغىنىپ قالغان چاغلىرىدا تۆگىنىڭ ئۇستىدىن تۇرۇپ ھاجەتكە بارىدىغان ، دېڭىز ياقىلىرىنى ئايلىنىپ كېلىدىغان بولدى ، ئۇ ھەتتا يىراق بولمىغان جايدىكى ئورماندىن بىر سۈزۈك سۇلۇق بۇلاقنىمۇ تېپىۋالدى . ئۇ سۇلارنى ئوچۇملاپ ئېلىپ بەدىنىنى يۇياتتى . ئۇ ئۆزىدىكى كىچىك ئۆزگىرىشلەرنى بايقاپ قېلىۋاتاتتى : تېرىلىرى ناھايىتى نازۇكلىشىپ قالغان ، ئەمما يەنىلا ناھايىتى يۇمشاق ھالەتتە .

چۈن چى كۆزلىرىنى يۇمۇپ ، تېرىلىرىنى بارماقلىرى بىلەن

سىلىغاندا، تۆگىنىڭ قالدۇرغان ھىدى خۇددى چوغقا ئوخشاش يېلىنجاشقا باشلىدى، بارماقلار ئوت يالقۇنىنى قوغلىغىنىچە دوۋساقنى بويلاپ ئۇدۇل تۆۋەنگە يۆتكەلدى. ئۇ ئاخىر ئىس ـ تۈتەك تولغىنىپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان جاينى تۇتتى. ئۇ جاي ئۇدا قىزىماقتا ئىدى، چوغ بۇ جايغا چۈشۈپ، نۇرلۇق يالقۇن پەيدا قىلدى، خۇددى ئاسماندىكى كۆيۈۋاتقان بۇلۇتتەك، بۇ جاي تېز سۈرئەتتە قىزىلغا بويالدى.

بۇ خىل يۇيۇش تۆگىنىڭ ھىدىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى، خۇددى مۇشۇ يەرگە سىڭىپ كەتكەندەك.

بۇ ئىشلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن، چۈن چى ئۆزلىرىنىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى كەپىسىگە قايتىپ كېلەتتى. بەزىدە يولدا كەلگۈچە سۆسۈن رەڭلىك كەترەن گۈلىدىن بىرنەچچە تال ئالغاچ كېلەتتى. چوڭ دەرەخلەرنىڭ پاكار شاخلىرىدا ئۈنىدىغان، قېنىق سۆسۈن داغلىرى بار كىچىك گۈللەرنىڭ ساپاقلىرى يەرگە ساڭگىلاپ تۇراتتى، بەزىدە ئۇچى يەرگە تېگىپ قالايلا دەپ قالاتتى، خۇددى كىشىلەرنىڭ ئۈزۈشىگە تەقەززا بولۇۋاتقاندەك.

تۆگە تېخى ئويغانمىغان، خورەك ئاۋازى سەل پەسىيىپ قالغان، ئۇ بەلكىم سەھەردىكى ئەڭ ئاخىرقى چۈش قوينىدا يۈرگەن بولسا كېرەك. چۈن چى ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى، ئۇنىڭ تۈرۈلگەن قوشۇمىلىرىنى سىلاپ تۈزەپ قويدى. قارىغاندا، بۇ چۈش ئۇنچە يەڭگىل چۈش ئەمەستەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۇخلىغاندىكى قىياپىتى تولىمۇ قېرى كۆرۈنەتتى، ئويغاق ۋاقتىدىكىگە زادىلا ئوخشىمايتتى. كۈندۈزلىرى ئۇ پۈتمەس ـ تۈگىمەس كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغان ھالەتتە ئىدى، بىراق ھازىر بەك ئۇزاق ئۇخلاپ كەتكەنلىكتىنمىكىن، چۈن چىنىڭ كۆز ئالدىدىكى تۆگىنىڭ يۈزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، بىر خىل خارابلىق پۇرىقىغا تولغانىدى. چۈن چى ئۇنىڭ تۈرۈلگەن قوشۇمىلىرىنى سىلاۋېتىپ، ئۇنى قاتمۇقات ئۆمۈچۈك تورىنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالغاندەك ھېس قىلدى، ئۇ خۇددى يىغىپ تاشلاپ قويۇلغان، پۇرلاشقان

كۆنلۆكتەك ياتاتتى ، ئۇنىڭدىن كېلىۋاتقان يامغۇرلۇق كۆنلەردىكى كـۆكـــرىـــپ قـالــغان نەرسىنىڭكىدەك پۇراق ئادەمنىڭ دىمىنى سىقاتتى .

بىراق ، بۇ كۆنلۆك ئۇنىڭغا ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ئەگىشىپ يۈرگەندەك قىلاتتى ، ئىزچىل ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ، ئۇنىڭ ئەڭ مەخپىي گۆھىرى بولۇپ قالغانىدى .

تۆگىنىڭ كۆزى ئاستىدا قورۇقلار ئەڭ كۆپ ئىدى ، چۈن چى بۇ قورۇقلارنى بىردىن ـ بىردىن سىلىغان چېغىدا ، ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى كۆرگەندەك ، بارلىق ئېرىشىش ۋە يېڭىشلارنى چۈشەنگەندەك بولاتتى . ئۇ ئۇنىڭ كونىــراپ مېـڭىش جــەريانىنى باشتىن ـ ئاخىر كۆرۈپ كېلىۋاتقاندەك تۇيغۇدا ئىدى ، شۇنداقلا بۇ كونىلىق ئۇ ئەڭ قەدىرلەيدىغان نەرسە ئىدى .

ئەتىگەنلىكى بەك جىمجىت بولغاچقا ، ۋاقىت ناھايىتى ئۇزاق بىلىنەتتى . دېڭىزغا چۈشكەن قۇياش نۇرىنى دولقۇنلار ئاستا ـ ئاستا قـــىرغـاقـقا ئىتتىرىپ ئەكېلەتتى ـ دە ، بۇ نۇر ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى قۇملارغا چۈشۈپ ، ئۇلارنى ئاستا ـ ئاستا ئالتۇن رەڭ بىلەن بويايتتى .

چـۈن چـى سـەل ئـارىــسـالدى بولۇپ قالدى ، يەنە ئازراق ئۇخلىغاندىلا ئاندىن بۇ مېھرى ئىسسىق سەھەرنىڭ ئۇمىدىنى يەردە قـويـمـىـغان بولىدىغاندەك ھېس قىلدى . ئۇ قايتىدىن تۆگىنىڭ ئۇستىدە يېتىپ داۋاملىق ئۇخلاشقا باشلىدى .

كـىـچـىــك كـەتــرەن گۈلى چۈن چىنىڭ بوش قويۇۋەتكەن بارماقلىرى ئارىسىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ ، دېڭىز شامىلىدا يەرگە چاپلىشىپ ئۇچۇۋاتاتتى . چۈن چىنىڭ ئارقا تەرەپكە توكۇۋالغان چاچلىرى شامالدا چۇۋۇلۇپ تۆگىنىڭ بەدەنلىرىگە تېگىپ قالدى . تـۆگــە چـۈشــــدىـــن قولىنى چىقىرىپ چاچلار قىچىشتۇرۇۋاتقان كۆكرىكىنى بىرنەچچە قېتىم قاشلىدى .

بــەزىــدە تــۆگـــــنى قارا بېسىپمۇ قالاتتى ، بۇنداق چاغلاردا ئــۆرۈلمەكچى بولاتتىيۇ ، سەگەنچۈك بەك چىڭ سىقىپ تۇرغاچقا

مىدىرلىيالمايتتى. ئۇ ھاسىراپ ئويغاندى، ئۈستىدە چۈن چى يېتىۋالغانلىقتىن نەپەس ئالالمايۋاتقانلىقىنى بايقاپ، قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئىككى قولى بىلەن چۈن چىنى ئېگىز كۆتۈردى. چۈن چى ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ كەتمىگەچكە، تۇيۇقسىز ئۆز تېنىنىڭ بوشلۇقتا لەيلەپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇچۇۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى؛ پەقەت ئاشۇ ئىككى چوڭ قول بەك چىڭ قىسىپ، قوۋۇرغىلىرىغا پېتىپ كەتكەنلىكتىن پەيدا بولغان ئاغرىققا چىداش ئاسان ئەمەس ئىدى. بىراق، چۈن چى يەنىلا ئۈن چىقارمىدى، قارشىلىقمۇ كۆرسەتمىدى، تۆگىنىڭ ئاچچىقى يېنىپ ئۆزىنى ئاستا - ئاستا چۈشۈرۈشىنى ساقلىدى. ئۇنىڭ تېرىسى بىلەن قايتا ئۇچراشقان چاغدا، چۈن چى ئۇنىڭدىن يەنە ئايرىلىپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ بوينىغا مەھكەم گىرە سېلىۋالدى.

— نېمە بولدىڭىز؟ — پەس ئاۋازدا سورىدى چۈن چى.

— ئىنىلىرىم چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ، ئۇلار ئولتۇرغان كېمە دېڭىز تاشقىنىغا دۇچ كېلىپ قالغۇدەك، كېمە ئۆرۈلۈپ، ئىنىلىرىمنى سۇ سۆرەپ ئەكىرىپ كېتىۋاتقۇدەك.

— ئىنىلىرىڭىز؟

— شۇنداق، مەن ئىزچىل شۇلارنى ئىزدەۋاتىمەن. ئۇلارنىڭ دېڭىز سەپىرىگە چىقىپ كەتكىنىگە بىرقانچە ئايلار بولۇپ قالدى، بەلكىم راستىنلا ئاشۇ قېتىملىق دېڭىز تاشقىنىغا دۇچ كېلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

ئەسلىدە ئۇ ئايرىلىپ قالغان ئىنىلىرىنى ئىزدەۋاتقانىكەن. ھەر قېتىم دېڭىز بويىغا بېرىپ جەسەت كۆتۈرگەندە، ئۇنىڭ چىرايىنىڭ قايغۇلۇق بولۇپ قالىدىغانلىقى بىكار ئەمەس ئىكەن - دە.

— بۇ دېگەن بىر چۈشقۇ، ئىشەنگىلى بولمايدۇ. دېڭىز تاشقىنى ھەققەتەن نۇرغۇن كىشىلەرنى سۆرەپ ئەكىرىپ كەتكەن، بىراق ئۇلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ھايات قالغانلىرى يوق ئەمەسقۇ، — چۈن چى ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تەسەللى بەردى.

تۆگىنىڭ قاراشلىرىدىن غەمكىنلىك چىقىپ تۇراتتى ، گەپ قىلماي ئولتۇراتتى ، ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىنلا ئۇ ئېغىر ئۇھسىنىپ ، كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە يەنە ئۇيقۇغا كەتتى .

چۇن چى قولىنى سوزۇپ ، تۆگىنىڭ چىڭ تۇرۇلگەن قوشۇملىرىنى يېنىك سىلاپ تۈزەشكە باشلىدى . ئۇ تۆگىنىڭ غەزەپلەنگەن ھالىتىنىمۇ ، غەمكىنلەشكەن ھالىتىنىمۇ ياخشى كۆرەتتى . غەمكىنلەشكەن چاغدىكى تۆگە خۇددى چۇن چىنىڭ تەسەللى بېرىشكە كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان بالىدەك بىچارە كۆرۈنەتتى .

ئەگەر چۇن چىنى ئەنسىزلىككە سېلىۋاتقان بىرەر ئىش بار دېيىلسە ، ئۇ دەل تۆگىنىڭ ھەر كۈنى ئۇنىڭ ئۆتكەن ئىشلارنى ئېسىگە ئالالىغان - ئالالمىغانلىقىنى سوراپ تۇرۇۋېلىشى ئىدى . بەزىدە كەچلىك تاماقتا ئىككىسى گەپ قىلىشماي ، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ تاماق يەۋاتقان چاغلىرىدىمۇ ، تۆگە تۇساتتىن :

— ئىلگىرىكى ئىشلارنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ زادى ؟ — دەپ سوراپ قالاتتى .

تۆگە چۇن چىنىڭ بېغىشىنى كۈچەپ سىقاتتى ، نۇر چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرى چۇن چىنىڭ ئۆزىنى قاچۇرۇشىغا ئورۇن قالدۇرمايتتى .

ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ بېشىنى چايقايتتى .

بەزىدە تۆگە جىنسىي ھەۋىسىنى قاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن شۇنداق ئۇيقۇسى كېلىپ كەتسىمۇ ، كۆڭلى ئارامىدا بولمىغاچقا :

— ئېسىڭىزگە ئالالمىغىنىڭىز راستمۇ ؟ — دەپ سورايتتى چۇن چىدىن .

تۆگىنىڭ قوللىرى چۇن چىنىڭ بىلىكىنى مەھكەم تۇتۇۋالغان ، چىرايى ئازابلىق ئىدى .

چۇن چى تەشۋىشلەنگىنىچە بېشىنى چايقىدى .

تۆگە قاتتىق ئۇمىدسىزلىنىپ ، ھارغىنلىق ئىچىدە تېزلا

ئۇيقۇغا كەتتى . بۇنداق كېچىلەردە چۈن چى ئاسانلىقچە ئۇخلىيالمايتتى ، تەشۋىش ئۇنى ئازراق ـ ئازراقتىن خورىتىپ ، كۆڭلىدە ئۆزى تاشلىنىپ قالىدىغاندەك تۇيغۇ پەيدا بولۇپ قىلىۋاتاتتى . ۋەھالەنكى ، چۈن چىنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى پەقەت كۆز ئالدىدىكى قاتتىق ئۇخلاۋاتقان بۇ ئەرنى قۇچاقلاشلا ئىدى .

## 6

بىراق ، يەتتە كۈندىن كېيىن چۈن چى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالدى .

تۆگە كەچلىك تاماقتا توشقان كاۋىپى قىلىۋاتقان چېغىدىلا ئاندىن چۈن چىگە :

— ياۋا توشقان تۇتۇشنى ، ئۇنى قانداق پىشۇرۇشنى ئۆگىنىۋالسىڭىز بولاتتى ، — دېدى . تۆگىنىڭ روھىي ھالىتىنى سۇرلۇك جىمجىتلىق قاپلىغانىدى . چۈن چى قورقۇمسىرىغان ھالدا :

— ئەمدى ماڭا سىز تۇتۇپ بەرمەمسىز ؟ — دەپ سورىدى .

— بۇنىڭدىن كېيىن يېنىڭىزدا بولمايمەن ، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ ، — دېدى تۆگە توساتتىن .

چۈن چى كۈتۈلمىگەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇتالماي قالدى ، كۆز چاناقلىرى ياشقا لىق تولدى . ئۇ تۆگىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ :

— مېنى تاشلىۋېتەمسىز ؟ — دەپ سورىدى تىترەك ئاۋازدا .

— ئارالدا شۇنچە ئۇزۇن تۇرۇپمۇ ئىنىلىرىمنىڭ جەسىتىنى سۈزۈۋالالمىدىم . ئەمدى ساقلاپ تۇرىۋەرسەم بولمايدۇ ، ھازىر بۇ يەردىن كېتىشىم كېرەك .

— مېنى بىللە ئېلىپ كەتسىڭىز بولمامدۇ ؟

— مەن قەبىلىدە ياشايمەن ، سىز جۇڭگولۇق ئايال ، بىز بىلەن تۇرۇشىڭىز مۇمكىن ئەمەس ، — ئەرنىڭ گەپلىرىدىن جۇڭگولۇق ئاياللارغا بولغان كەمسىتىش چىقىپ تۇراتتى ، سۆزلىرى ئۆتكۈر

مىختەك قەتئىي ئىدى. بۇ ئۆتكۈر مىخنىڭ سانجىلىشى ئۇنىڭ قەلبىدە قاتتىق ئاغرىق پەيدا قىلدى.

چۇن چى بۇرۇن بابىلىقلارنىڭ جۇڭگولۇقلارنى كەمسىتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، بىراق ھازىر ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن ئازراق كەمسىتىشنى بايقاۋاتاتتى.

— مېنى قانداق قىلسۇن دەيسىز؟ مەن نەگە بارىمەن؟ مۇساپىرلار لاگېرىغا قايتىپ، ئاشۇ غەزەلخان ئاياللار بىلەن بىللە كېمىدە غەزەلخانلىق قىلىپ جان باقامدىمەن؟

— بۇنى ئويلاپ باقمىدىم، — سوغۇقلا جاۋاب بەردى ئۇ.

— كېمىدە غەزەلخانلىق قىلىپ، ئەرلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ يۈرگىنىمنى كۆرۈشنى خالامسىز؟

— سىلەر جۇڭگولۇق ئاياللارنىڭ ھەممىسىلا شۇنداققۇ؟

چۇن چىنىڭ يۈرىكى پىچاق تىققاندەك ئاغرىدى، بېشىنى لىڭشىتقىنىچە پەرىشان ھالدا كۈلدى:

— توغرا، ھەممىسى شۇنداق، ئۇنىڭدىن باشقا يولمۇ يوق.

ئاشۇ دەقىقىلەردە چۇن چى ئۈچ تال مەشئەل كۆيۈپ تۇرغان ۋەيرانە ساتمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇپ، ئۆيىنىڭ لەمپىسىدىن ساڭگىلاپ تۇرغان پالما دەرىخىنىڭ ئارىلىرىدىن دېڭىزغا قاراپ ئولتۇراتتى (بۇ غېرىبانە ساتما بوران ـ چاپقۇنلارغا تاقابىل تۇرالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان، ئۆزۈنىچە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغاندەك قىلاتتى)، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش تامچىلىرى لىغىلداپ تۇراتتى، چۇن چى ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئاللىقاچان پەملەپ بولغانىدى. ئۇ تۆگىنىڭ ئايىغىغا تىزلىنىپ، ئۆزىنى بىللە ئېلىپ كېتىشنى قايتا ـ قايتا ئۆتۈندى، ئەڭ خار قۇل ـ دېدەك بولۇشقىمۇ رازى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ يالۋۇردى.

تۆگە بەلكىم ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇنى باغرىغا باسقاندۇ، مەڭزىلىرىنى سىلىغاندۇ، كۆز ياشلىرىنى شورىغاندۇ، بىراق بۇ

ئۇنىڭ ئېسىدە يوق . ئۇ يىغلاپ ھاردى ، تۆگىنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاپ قالدى ، تۆگىنى چىڭ تۇتۇۋالغان قوللىرى ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قاتقۇچە شۇ ھالەتتە تۇردى .

## 7

ئەتىسى تۆگە كېمە بىلەن كەتمەكچى بولدى . ھەر كۈنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە جەسەت يۆتكەيدىغان ھېلىقى بىرقانچە ئەر كېمىنى قىرغاقتا توختىتىپ ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئاتامانىنى ساقلاپ تۇرۇشقانىدى . چۈن چى قىرغاقتا قوغلىشىپ باردى ، تۆگىنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ ، ئۇنى كەتكىلى قويماي تۇرۇۋالدى .

كېمە قوزغىلىش ئالدىدا تۇراتتى ، چۈن چى يەنىلا كەتمەي تۆگىگە ئېسىلىۋالغانىدى ، چۈن چىنىڭ ئەس ـ ھوشى جايىدا ئەمەس ئىدى . ئەرلەر تاقەتسىزلىنىشكە باشلىدى ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئاتامانىدىن قوپاللىق بىلەن ئايرىۋەتتى . ئۇلار ئۇنى كېمىنىڭ گىرۋىكىگە سۆرەپ كېلىپ ، ئەگەر ئۆزى كېمىدىن چۈشۈپ كەتمىسە ، سۇغا ئىتتىرىۋېتىدىغانلىقى توغرىسىدا ھەيۋە قىلىشتى . چۈن چى ئۇلارنىڭ قورقۇتۇشلىرىغا پەرۋا قىلمايتتى ، ئۇنىڭ كۆرۈش دائىرىسىدە ئۇلار يوق ئىدى ، كۆزلىرى تۆگىگىلا تىكىلگەنىدى . ئۇ مېنىڭ بۇ ھالىتىمنى كۆرۈپ چىداپ تۇرالماسلىقى مۇمكىن ، دەپ ئويلايتتى چۈن چى . بىراق ، تۆگە ئەرلەرنىڭ ئۇنى سۇغا ئىتتىرىۋېتىشىگە قاراپ تۇردى . چۈن چى كېمىدە ساراسىمە ئىچىدە لەپەڭلىدى ـ دە ، سۇغا يىقىلىپ چۈشتى .

ئۇ سۇغا چوڭقۇر چۆكۈپ كەتتى ، گېلىغا كىرىپ كەتكەن ئىككى يۇتۇم سۇدىن قېقىلىپ كەتكەندىن كېيىن ، يەنە تېزلا سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىقتى . سۇ تامچىلىرى ئۇنىڭ چېچىنى بويلاپ سارقىپ ، يۈزلىرىنى توسۇۋېلىۋاتاتتى . ئۇ تۆگىگە تىكىلگەن نەزىرىنى توسقۇنلۇققا ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن قولى بىلەن يۈزىنى سۈرتتى .

— نېمىشقا مېنى تاشلىۋېتىسىز ؟ — چۈن چىنىڭ

قورۇقدىلىپ قالغان كۆڭلىدە پەقەت مۇشۇ بىر جۈملىلا قېلىپ قالغانىدى .

ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان تۆگە ئاخىر ئېغىز ئېچىشىپ ، دانىمۇدانە قىلىپ دېدى :

— چۈنكى ، سىز ئىلگىرىكى بارلىق ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىپسىز ، سىزگە بولغان كۆيۈنۈشلىرىم ۋە ياخشى كۆڭۈللىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئېسىڭىزدە قالماپتۇ . ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، بۇ كەچۈرگىلى بولمايدىغان ئىش . ئەسلىمىزنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىغا قايتىپ ، ئىلگىرىكى بارلىق ئىشلارنى قايتىدىن يەنە بىر قېتىم قىلالىشىمىز مۇمكىن ئەمەس ، ئەمدى چۈشەندىڭىزمۇ ؟

ئەمدى چۈن چى ھەممىنى چۈشەندى ، تۆگىنىڭ ئۇنى تاشلىۋېتىشى ئۇنىڭغا بولغان جازا ، ئۇنىڭ ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىشى بۇنىڭدىكى سەۋەب .

ئۇلار بىر - بىرگە ئۇدۇلمۇئۇدۇل قارىشىپ تۇراتتى ، تۆگە تۇيۇقسىز ناھايىتى مېھرىبانلىشىپ قالدى ، قويندىن چۈن چىگە ساقلاپ بېرىۋاتقان قىسقىراق كىچىك پىچاقنى ئېلىپ ، ئۇنى قايتىدىن چۈن چىنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويۇپ :

— قايتىڭ ، ئۆتكەن ئىشلارنى ياخشىراق ئويلاڭ ، ئاشۇ ئىشلار ئېسىڭىزگە كەلگەندە ، ئاندىن بۇ قىسقا پىچاقنى ئېلىپ مېنى ئىزدەپ كېلىڭ ، — دېدى .

تۆگە تولىمۇ مۇلايىم بولۇپ قالغانىدى ، ھەتتا ئۇنىڭ چاچلىرىنى بىرقانچە قېتىم سىلاپمۇ قويدى . ئۇنىڭ مېھرىبانلىقى چۈن چىنى تەسىرلەندۈردى ، چۈن چى بىردەم جىمىپ قالدى . ئەمەلىيەتتە ، چۈن چىنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنىمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى ، تۆگىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئازراق ياخشى مۇئامىلىسىنىڭ ئۆزىلا ئۇنى ئۆزۈنغىچە خۇشال قىلالايتتى . چۈن چى تۆگىنىڭ يېڭىنى بوشقىنا تارتىپ يۈزىگە ياقتى . ئۇ تۇيۇقسىز قاتتىق چارچاش ھېس قىلدى ، مۇشۇ پەيتتە دېڭىزدا ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كەتكۈسى كەلدى .

چۈن چىنىڭ تېنى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، دېڭىزغا چۆكۈپ كېتەيلا دەپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ تېنىنى يۇقىرىغا كۆتۈرمەكچى بولدىيۇ، ئەكسىچە تېخىمۇ چوڭقۇر چۆكۈپ كەتتى. كېمە قوزغىلىپ بولغاندى، ئۇنىڭ قوللىرى كېمە گىرۋىكىنى يەنىلا چىڭگىدە تۇتۇۋېلىپ قويۇپ بەرمەيتتى. بىر ئەر ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ قوللىرىغا زەرب بىلەن نەچچىنى دەسسىۋەتتى. ئۇ ئاغرىق دەستىدىن ئايلىنىپ كەتتى، لېكىن چىشىنى چىشلەپ، ۋارقىرىۋېتىشتىن ئۆزىنى توسۇپ قالدى، قوللىرى ئاخىر كېمە گىرۋىكىدىن ئاجرىدى.

ئۇ تىرىشىپ - تىرمىشىپ سۇ يۈزىگە چىقتى - دە:

— بىراق، سىزنى نەدىن تاپالايمەن؟ — دەپ ۋارقىراپ سورىدى.

— لومبوك ئارىلىدىن. ئارالدا مېنىڭ قەبىلەم بار، نامى ھونپېن. تۆگىنى ئىزدەيمەن دېسىڭىزلا، ئۇلار سىزنى مېنىڭ يېنىمغا باشلاپ بارىدۇ. بولدى، ئەمدى مېنى قويۇۋەتسىڭىز بولار؟ — ئۇنىڭ كىچىك بالىنى بەزلەۋاتقاندەك مۇلايىم تەلەپپۇزدا سۆزلىشىدىن چۈن چى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قېلىۋاتاتتى.

چۈن چى داۋاملىق كىرىشۋېلىشىنىڭ بىھۇدە ئىكەنلىكىنى، پەقەت ئۇنىڭدىكى بىزارلىق تۇيغۇسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدىغانلىقىنى بىلدى. ئۇ تۆگىگە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىر قارىۋېلىپ، بېشىنى دېڭىزغا چۆكتۈردى. تۆگىنىڭ كېمىسى يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىنلا ئاندىن سۇ يۈزىگە چىقىپ، ئاغزىدىكى قىرتاق دېڭىز سۈيىنى ئاستا - ئاستا چىقىرىۋەتتى. بەختىگە يارىشا دېڭىز سۈيى ئانچە چوڭقۇر ئەمەس ئىدى، قىرغاقمۇ ئانچە يىراق بولمىغان جايدا تۇراتتى. ئۇ بويىنىغا ئېسىلغان ئاشۇ ئېغىر قىسقا پىچاقنى ئىككى قوللاپ تۇتقىنىچە ئاستا - ئاستا قىرغاققا يېقىنلاشتى.

چۈن چىنىڭ كاللىسىغا ھەر خىل خىياللار چاقماق تېزلىكىدە ئۈزلۈكسىز كېلىۋاتاتتى. ئىلگىرىكى ئەسلىمىلەرنى قانداق تېپىش

كېرەك ؟ ئۇنىڭ تېنى ھازىر تولىمۇ ئاجىزلىشىپ كەتكەنىدى ، ھۆل بولۇپ كەتكەن كىيىملەر ئۇنىڭ تېرىسىگە چاپلىشىپ ، ئۇنىڭ جىسمىدىن ئىسسىقلىق ئېلىنىۋالماقتا ئىدى . چۇن چى دېڭىز بويىدىكى كىچىك ساتمىغا ، يەنى ئائىلىسىگە (ئەگەر ئۇ ئائىلە ھېسابلىنىدىغان بولسا ) تېزرەك قايتىشى كېرەكتەك ھېس قىلدى .

ئۇ يەنە بۇ سەگەنچۈككە قايتىپ كەلدى . بىر ئادەم يالغۇز ياتسا سەگەنچۈك ھەمىشە لەپەڭلەپ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلاتتى . تۆگىنىڭ ھىدى قېلىپ قالغان بۇ سەگەنچۈك ئۇنى ئىسسىق ھالەتتە كۆتۈرۈپ تۇرماقتا . ئۇنىڭ تۈگۈلگەن بەدىنى قاتمۇقات يىپلار بىلەن ئورالغان ، خۇددى بىر ئاجىز پىلە قۇرتىدەك . ئۇ مۇشۇنداق ھۆل پېتى ئۇيقۇغا كەتتى ، ھەتتا تۆگىنىڭ كېتىپ قالغانلىقىنىمۇ بىردەم ئۇنتۇپ قالدى .

بۇ كۈن چۇن چى ئۇچۇن ئېيتقاندا بىر چېگرا ئىدى . ئۇ بىر خىل قىشلىق ئۆچەككە كىرگەندەك قىلاتتى ، چىقىرىدىغان يىپىكى بولسا خىيالىي تۇيغۇدىن ئىبارەت ئىدى ، ئۇ مۇشۇ رەۋىشتە ئۆزىنى تەنھا قالدۇرماقتا . يېتەرلىك سۆيگۈلا بولىدىكەن ، چوقۇم يېتەرلىك خىيالىي تۇيغۇ بولىدۇ .

يۇمشاق ھەم قېلىن پىلە غوزىسى ئىچىدە چۇن چى خىيالىي تۇيغۇ ئارقىلىق ئۆزىنى باقماقتا ئىدى .

ئۇنىڭ بۇ ئۆمرىدىكى سۆيگۈ مۇشۇ يەردە ئاللىقاچان ئاخىرلاشقانىدى ، بىراق يەنە ئەمدىلا باشلىنىۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى .

# كېيىنكى بۆلەك

## 1

ئــۇلار قايتا كۆرۈشكەندە ، ئالىلىقاچان بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەنىدى .
بــۇ بـــىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ، تۆگە ھونپېن قەبىلىسىنى باشلاپ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بىرقانچە قەبىلە بىلەن ئۇرۇش قىلدى ، ئۇلار بارغانلىكى جايدا قانلىق جەڭلەر بولدى . ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن تۆگە تېخىمۇ كەڭ زېمىنغا ئىگە بــولدى . لومبوك ئارىلىدىن باشقا ، ئۇ يەنە ئەتراپتىكى سۇمباۋا ئــارىــلــى ، فــلــورېس ئــارىلى قاتارلىق ئاراللارنى ئىگىلەپ ، بۇ تەۋەلىكنىڭ سەلتەنەتلىك خوجىسىغا ئايلاندى .
چــۇن چــى لــومــبوك ئارىلىنىڭ يەر تۈزۈلۈشىنى پىششىق بــىــلــەتتى ، لېكىن ئەزەلدىن ئۇ ئارالغا بېرىپ باقمىغانىدى . ئۇ لومبوك ئارىلى بىلەن دېڭىز ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدىغان باندا ئارىلىدا ياشايتتى .
ئەگەر كېيىنكى كۈنلەردە تۆگە باندا ئارىلىغا قوشۇن تارتىپ ، ۋېنگېلارنى مەغلۇپ قىلىپ بۇ ئارالنى ئىشغال قىلمىغان بولسا ، تۆگە بىلەن چۇن چى مۇنداق تېزلا ئۇچرىشىپ قالمىغان بولاتتى .
تۆگە قوشۇن باشلاپ بۇ ئارالغا يۈرۈش قىلىۋاتقان چاغدا ، چۇن چى ئالىلىقاچان ئۇنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ھىدىنى سەزگەنىدى ، ئۇنىڭغا ئەتراپقا تاراۋاتقان قان ھىدى ئارىلىشىپ كەتكەنىدى . چۇن چــى تــۆگــىــگە مۇناسىۋەتلىك چۈشلەرنى كۆرۈشكە باشلاۋاتاتتى ، ســەھــەرلــەردە ئــويــغــانغان چېغىدا خۇددى ھېلىقى سەگەنچۈكتە يېتىۋاتقاندەك ، تېنى ئاستىدىن ئۇنىڭ خورەك ئاۋازى ئاڭلىنىپ

ئۆزىنى ئويغاتقاندەك تۇيغۇلاردا بولاتتى .
ئاخىر چۇن چى ئۇنىڭ ئاۋازىنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلىدى . ئۇ بىر تۇپ دەرەخ كەينىگە يوشۇرۇنۇپ ، بۇ ئاۋازنى ئېنىق پەرق ئېتىشكە تىرىشاتتى . تۆگىنىڭ بىر چۈشكۈرۈشمۇ ئۇنىڭ تېنىگە تىترەك ئولاشتۇراتتى . بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئالىلقاچان قارىغۇ بولۇپ قالغان كۆزلىرى ئۇنى يەنە خىرە - شىرە كۆرگەندەك بولدى . تۆگە ئۇنىڭ كۆرۈش پەردىسىدە كىچىكلەپ بىر تال قارا ھەم تولغان ئۆرۈقتەك كۆرۈنۈۋاتاتتى . بۇ ئۆرۈقنىڭ كۆچىنى ھېچكىم پەرەز قىلالمايتتى ، ئۇ ئالىلقاچان ئەسلىگە كېلىپ قالغان لاي تۇپراقنى يېرىلىش ۋە ئاجراشقا مەجبۇر قىلاتتى .
ھازىر تۆگە بىر تەكەببۇر ئىستېلاچى ، ئۇ بىر ئېگىز تۆپىلىككە چىقىۋېلىپ ، ئۆزىگە بويسۇنغان ئاۋامغا نەزەر سالماقتا . ئۇ چۇن چىنى كۆرەلمەيدۇ ، ئەلۋەتتە . ئۇنىڭ نەزىرىدىكى ھەربىر ئادەم پەقەت مەھبۇسلۇق تامغىسى بېسىلغان ئەسىردىنلا ئىبارەت ، خالاس . ئۇنىڭچە بولغاندا ، بۇ كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغان يېرى يوق .
قولىدا شەمشەر تۇتقىنىچە تۆپىلىكتە تۇرغان ئاشۇ ئەر چۇن چى بىلەن خېلى كۈنلەرنى بىللە ئۆتكۈزگەن ھېلىقى ئادەمگە زادىلا ئوخشىماي قالغانىدى ، ئۇ ياڭراق ئاۋازدا مالايچە سۆزلەۋاتاتتى ، چۇن چى ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمىسىمۇ ، ئۇنىڭ تەكەببۇرلارچە تەلەپپۇزىدىن ئۆز غەلىبىسىنى كۆز - كۆز قىلىۋاتقانلىقىنى ، كۆرەڭلەپ ئۆزىنى بىلەلمەيۋاتقانلىقىنى بىلدى . بۇ چۇن چىگە ئازراق كۆلكىلىك تۇيۇلدى ، ئۇ ھازىر ھېلىقى بوران - چاپقۇنلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ھەم ھۆللۈكىدىن يامغۇرلۇق كۈندىكى زەي پۇرىقى كېلىپ تۇرىدىغان ، شۇنداقلا پۇرلىشىپ كەتكەنلىكتىن ئادەمنىڭ كۆڭلىگە مەيۈسلۈك سالىدىغان كونا كۈنلۈك ئەمەس ئىدى . ھازىر ئۇ بۇ يەرنى ۋەھىمىلىك قارا كۆلەڭگىگە مەھكۇم قىلغان بىر بەتلەنگەن ئوق ياغا ئايلانغانىدى .
چۇن چى ئىككى كۆزى قارىغۇ بولغاندىن بۇيان ، كۆزلىرىنىڭ

كـۆرەلـەيدىغان بولۇشىغا بۇگۈنكىدەك تەشنا بولۇپ باقمىغانىدى.
كۆز ياشلىرى تۇتۇق كۆزلىرىنى يۇيۇپ تازىلىغۇچە بولغان پۈتكۈل جـەريـاندا تىت ـ تىتلىق ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى. ئۇ راستتىنلا تۆگىنى كۆرۈۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بـۇيـان تـۆگىنىڭ ئەتراپىتىكى نۇرغۇن ئارىلارغا قەدىمى يەتتى، ئىسسىق بەلۋاغدىكى كۈچلۈك قۇياش نۇرى ئۇنىڭ قارىچۇقلىرىنى خوراتـتى، ئاپتاپ ئۇنىڭ چاچلىرىنى ئاقارتتى، تېرىلىرىنى قارايتتى ... مەيلى ئۇنىڭدا قانداق ئۆزگىرىش بولسۇن، ھېلىقى ھىد ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈرگەنىدى. چۈن چى بۇ خىل ھىدنى ئۇنىڭ ناتونۇش تېنىدىن ئازراق ـ ئازراقتىن يىغىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ سۆيگەن ئادىمى قايتىدىن تىرىلگەندەك بولدى.
چۈن چى دەرەخكە يۆلەنگىنىچە ئاستا ـ ئاستا زوڭزايدى. بىر لەشكەر سەگەكلىك بىلەن يېتىپ كېلىپ، شەمشىرىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىرقانچە قېتىم پۇلاڭلىتىپ، ئۆز ئاتامانىنىڭ گېپىنى چۈن چىنىڭ ئۆرە تۇرۇپ ئاڭلىشى كېرەكلىكىنى ئىشارەت بـىـلەن بىلدۈردى. ئەمەلىيەتتە، چۈن چى تۇيۇقسىز قاتتىق ماغدۇرسىزلىنىپ ئورنىدىن تۇرالمايۋاتاتتى. لەشكەر شەمشىرىنى چـۈن چىنىڭ بېلىگە تىرىدى، چۈن چى تۆگىنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئۆزىگە بىر قاراپ، تېزلا باشقا نۇقتىغا يۆتكەلگەنلىكىنى كۆرگەندەك بولدى، ئۇ چۈن چىنى تونۇمىغانىدى، تۆگىنىڭ نەزىرىدە ئۇ پەقەت شۇكۇر قىلمايدىغان مەھبۇستىنلا ئىبارەت ئىدى.
چۈن چى قايتا ئورنىدىن تۇرۇپ، قوشۇمىلىرىنى تۈرگىنىچە تۆگىگە قارىدى، ئۇنىڭ ياشلىرى قۇرۇغان، تۆگە ئۇنىڭ كۆرۈش پەردىسىدىن غايىب بولغانىدى.
چۈن چىنىڭ كەينىدە تۇرغان سۇدىيە جۇڭگولۇقنىڭ پۈشتىدىن بولغان شالغۇت، ئۇنىڭ ئاپىسى ۋۇزۇ مىللىتىدىن ئىدى، شۇڭا ئۇ مالاي تىلىنى پىششىق بىلەتتى. ئۇ چۈن چىنىڭ قۇلىقىغا يېقىن كېلىپ:
— ئـارالـدىـكـى ۋېـنگې قوشۇنلىرىنىڭ قالدۇقلىرى تېخى

تەلتۆكۈس يوقىتىلمىدى ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇش توختىماي يۈز بېرىشى مۇمكىن ، بۈگۈن كېچە ئۇ ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ئارالغا بارگاھ تىكىپ ئورۇنلاشتى ، — دەپ چۈشەندۈردى .

چۇن چى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ سۇدىيەگە بېشىنى لىڭشىتتى .

سۇدىيە چۇن چىنىڭ كەيپىياتىدىكى نورمالسىزلىقنى بايقىمىدى . بۇ ئۆسكىلەڭ بالا يېرىم يىل بۇرۇن چۇن چى بىلەن تونۇشقان ، ئۇ چۇن چىنىڭ ئارالدىكى بىردىنبىر دوستى ھېسابلىناتتى .

## 2

چۇن چى سىياتېئا پاپورتنىكنىڭ سىرتقا چىقىپ قالغان يىلتىزىدا ئولتۇراتتى ، ئۇ ماغدۇرسىزلىنىپ ، قولى بىلەن يەرنى تىرنۇۋالمىسا بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالغانىدى .

سۇدىيە چۇن چىنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ ئۇنىڭ مۈرىسىنى قاقتى :

— سۇرۇشتۇرۇپ باقتىم ، لەشكەرلەر بۈگۈن كېچە دېڭىز بويىغا بارگاھ تىكىپتۇ ، بۈگۈن دېڭىزغا چىقالمىغۇدەكمىز .

— ھە ، — چۇن چى بوش ئاۋازدا جاۋاب بەردى ، تەلەپپۇزىدىن ئۈمىدسىزلىك چىقىپ تۇراتتى .

— بىراق ، تۈنۈگۈن كەچتە تىرنۇۋالغان قۇلۇلە قاپلىرىمىزدىن ئازراق ئېشىپ قالغان ، بۈگۈن ئىشلەتسەكمىز بولىدۇ .

چۇن چى يەنە بىر قېتىم «ھە» دەپلا قويدى . سۇدىيە ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى ، ئۇلار تۇرالغۇسىغا قاراپ ماڭدى .

يېرىم يىل بۇرۇن سۇدىيە چۇن چىنى ئېلىپ قېلىپ باشپاناھ بولغانىدى . چۇن چى ئۇنىڭ تېكتونا ياغىچىدىن ياسالغان كەپىسىدە تۇرۇۋاتاتتى . باندا ئارىلىنىڭ تۇپرىقى بەكلا زەي ئىدى ، ئۆينىڭ ئۇلى خېلىلا ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ سېلىنسا ئاندىن پۇختا بولاتتى . ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ كەينىدە قويۇق ئورمان بار ئىدى . چۇن چى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇ ئورمانغا بېرىپ ، ئۆلۈپ قالغان ياۋا توشقان ،

ياۋا مۈشۈك، كەسلەنچۈك قاتارلىق ھايۋانلارنى كۆمگەن. ئۇن سەككىز ياشلىق بۇ بالا كىچىكىدىلا ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قالغان، ئۇ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، ئاق كۆڭۈل بولۇش ئۇنىڭ مىزانى ئىدى، ئەزەلدىن ھەرقانداق جانىۋارنى ئۆلتۈرمەيتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشىغاندىن تارتىپ چۈن چى كاۋاپ قىلىنغان جانىۋارلارنى يەپ باقمىدى. بۇ خىل تۇرمۇش غورىگىللىك ۋە ئاددىيلىق بىلەن خاراكتېرلەنگەن بولاتتى، ئۇيغاق ھالەتتىمۇ خۇددى ئۇخلاۋاتقاندەك، ۋاقىت بارماقلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ كېتەتتى.

سۇدىيە ئىشىكنى ئېچىپ بىر مەشئەلنى ياندۇردى. چۈن چى چىۋىقتىن توقۇلغان چىمىلدىقنى قايرىپ، ئۆزىگە تەۋە بولغان ئاشۇ يېرىم ئېغىزلىق ئۆيگە كىردى. بۇ يەردە پەقەت بىرلا چىغ كارىۋات بار ئىدى، بۇ كارىۋاتمۇ ھەر خىل، ھەر رەڭلىك قۇلۇلە قاپلىرى تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغاچقا، چۈن چى بۇ كارىۋاتتا ئۇخلاشقا ئامالسىز ئىدى. كارىۋاتنىڭ يېنىدىكى يۇڭ ئەدىيال ئۇنىڭ كېچىسى ياتىدىغان جايى ئىدى. سۇدىيەنىڭ ياردىمى بىلەن چۈن چى تامدىكى دېرىزىنى ئېتىۋەتكەنىدى. ئۇ قاراڭغۇلۇققا موھتاج ئىدى، كېچە - كۈندۈز قاراڭغۇ بولۇشى كېرەك ئىدى.

تۆگە كەتكەندىن كېيىن چۈن چىنىڭ ھەممە خىياللىرى كۆپۈككە ئايلاندى، ئەسلىملىرىنى قانداق تېپىشنى زادىلا بىلەلمەيۋاتاتتى، تۆگىنىڭ ھىدى بىلەن تولغان بۇ ئارالدىن تېزرەك كېتىشنىلا ئويلايتتى. بۇ ئارالدىن كېتىدىغان كۈنى چۈن چى پىرىستاندا يەنە ھېلىقى ساراڭ ئايالنى كۆرۈپ قالدى. يىرگىنچلىك كۆرۈنىدىغان بۇ چىراي ھازىر باشقىچە يېقىملىق كۆرۈنۈۋاتاتتى. ساراڭ موماي ئاغزىدا بىر قۇلۇلىنى شورىغىنىچە چۈن چىنىڭ ئالدىدىن ھىجىيىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ شامالدەك تېز ئۆتكەن كۆلەڭگىسى چۈن چىنىڭ كۆڭلىدە بىردەملىك غەم پەيدا قىلدى، چۈن چى ئەمدى ئۇنى كۆرەلمەيدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قېلىۋاتاتتى.

چۈن چى ئىختىيارسىز ھالدا ئېغىز ئېچىپ، ئۇنى بوش

چاقىردى :
— موما .
ساراڭ ئايالنىڭ قولىقى تولىمۇ ئۆتكۈر ئىدى ، ئۇ دەرھال قەدەملىرىنى توختىتىپ ئارقىغا بۇرۇلدى . چۈن چى بىلىكىگە ئېسىۋالغان خالتىسىدا يەنە بىرنەچچە تال مېۋە بارلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ ئايالنىڭ ئالدىغا باردى ، خالتىنى ساراڭ ئايالنىڭ بىلىكىگە ئېسىپ قويدى . چۈن چى بۇنداق ئىنچىكە بىلەكنى كۆرۈپ باقمىغانىدى ، ئۇستىخاننى ئوراپ تۇرغان تېرە نېپىزلىكىدىن خۇددى بىر قەۋەت سۇزۇك يوپۇقىلا ئوخشاپ قالغانىدى ، بىرنەچچە تال مېۋىلا بۇ بىلەكنى سۇندۇرۇۋېتەلەيدىغاندەك قىلاتتى . چۈن چى بۇ قولغا بىرقانچە قېتىم قارىغاندىن كېيىن يەنە داۋاملىق قاراۋېرىشكە چىدىيالماي ئۇھسىنىپ تۇرۇپ :
— ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭىز ھەم تۇرىدىغان يېرىڭىز بولمىغاچقا ، چوقۇم دائىم ئاچ قېلىپ مۇشۇنداق ئورۇقلاپ كېتىپسىز ـ دە ، — دېدى .
ساراڭ ئايال بېشىنى كۆچەپ چايقاپ ، قولىدىكى قولۇلىنى كۆرسىتىپ سىرلىق كۈلۈپ قويدى .
چۈن چىنىڭ نەزىرى قوڭۇر رەڭ چېكىتلەر بىلەن تولغان ئاشۇ دېڭىز قولۇلىسىگە چۈشتى . ساراڭ ئايال بارماقلىرىنى قولۇلە ئۈستىدە پىرقىرىتاتتى ، بارماقلار قولۇلە ئۈستىدە قوشتەك ئۇچقانغا قەدەر بۇ ھەرىكەتلەر تەكرار داۋاملىشاتتى ...
ساراڭ ئايال چۈن چىنى سۆرىگىنىچە ئەسلىمە كارىدورىدىن ئۆتكەندە ، چۈن چى يىغلاپ تاشلىدى . ئۇ ئەسلىمىلەرنى قانداق تېپىشنى ئاخىر بىلگەنىدى ، ئۈمىدسىزلىكتىن پەرقلەنمەيدىغان بۇ ئۈمىد چۈن چىنى خۇشاللىق بىلەن قايغۇ گىرەلىشىپ كەلگەن بىر خىل روھىي كەيپىياتقا ئېلىپ كىردى .
ساراڭ ئايالنىڭ بۇ مەخپىيەتلىكنى قانداق بىلگەنلىكىنى ، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا شۇنچىلىك بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى چۈن چى بىلىشكە ئامالسىز . ئۇ قولۇلە قېپىدىكى ئەسلىمىلەرنى قوبۇل قىلىشقا

تايىنىپ ياشاپمۇ ھازىرغىچە ھايات تۇرۇۋاتاتتى ، ئەسلىمە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئوزۇقلۇق ئىدى .

چۆن چى ھەم ئېتىلگەن ھۇجرىغا بېكىنىۋېلىپ ، ھەر خىل قۇلۇلە قاپلىرىنى سانسىز قېتىم سىلايتتى ... قۇلۇلە قاپلىرىغا چاپلىشىپ ياشايدىغان مارجانقۇرت ۋە دېڭىز يۇسۇنىنى ئويما پىچىقى ئارقىلىق ئېھتىياتچانلىق بىلەن چىقىرىپ تاشلايتتى ، ئاندىن قايتا ـ قايتا يۇيۇپ ، سۇغا ئۇزاق ۋاقىت چىلاپ قوياتتى ... پاكىز تازىلانغان قۇلۇلە قېپىنىڭ سىرتقى يۈزى سىلىق ، سىزىقچىلىرى ئېنىق بولىدۇ ، بارماقلار ئۇنى سىلاپ ئۆتكەن چاغدا تار چېكىلگەندەك يېقىملىق كۈي چىقىدۇ . چۆن چى كۆزلىرىنى يۇمۇپ دىققەت بىلەن ئاڭلايدۇ ، يورۇق بىر نۇر كۆز ئالدىدىن يالت قىلىپ ئۆتۈپ ، تار ، ئۇزۇن ھەم چوڭقۇر كارىدور كۆز ئالدىدا پەيدا بولغاندەك تۇيغۇغا كېلىدۇ . ئۇنىڭغا كىرىپ ماڭغاندا ، ھەربىر قەدەمدىن ئەكس سادا ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ ، بۇ ساداغا تامچە سۇنىڭ تاشنى تەشكەن ئاۋازلىرى ، پۈتۈن كائىناتتىكى گۈللەرنىڭ ئېچىلىۋاتقان ئاۋازلىرى ، خۇشال كۈلكە ئاۋازلىرى ، ئېچىنىشلىق يىغا ئاۋازلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن ، ئۇنىڭ قوللىرى بارغانسېرى تېزلىشىپ ، توختىتىۋېلىشقا ئامال قىلغىلى بولمايدىغان بولۇپ كېتىدۇ . ئۇ ئېرىشكەن ئەسلىمىلەرنىڭ كۆپىنچىسى مۇكەممەل ئەمەس ئىدى ، بەزىلىرى باللىق دەۋرىدىكى مەلۇم بىر كۈندىن باشلانغان بولاتتى ، بەزىدە ياشلىق دەۋرىدىن باشلانغان ئەسلىمىگە كىرىپ قالاتتى ، يەنە بەزىدە ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپ بولغانلارنىڭ ئەسلىمىسىگە كىرىپ قالسا ، بەزىدە ياشانغانلارنىڭ ئەسلىمىسىگە كىرىپ قالاتتى . ۋەھالەنكى ، ئەسلىمىگە كىرىپلا قالسا ، يېرىم يولدا چېكىنىپ چىقىش مۇمكىنچىلىكى يوق ئىدى . ئەسلىمە چەكسىز كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە ، ئۇ خۇددى شورىغۇچ تەخسىگە ئوخشاش ئادەمنى ئۆزىگە چاپلاشتۇرۇۋالاتتى . ئەسلىمىنىڭ ئاخىرىغا بارمىغۇچە ، بۇ بىر بۆلەك ئەسلىمىدىن قۇتۇلغىلى بولمايتتى .

سۇدىيە چۆن چىنى ئۇچراتقان چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرى

ئاللىقاچان كۆرمەس بولۇپ قالغانىدى، كۆزلىرىدە ئادەمنىڭ قورقۇسىنى كەلتۈرىدىغان قانلىق قاقاچ ئويۇپ قالغان، نۇرنى كۆرۈشتىن قورقاتتى، قۇياش نۇرى ئاستىدا ئانچە ئۇزۇن تۇرمىسىمۇ، كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇشقا باشلايتتى. ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسى غەلىتە ئىدى، بەزىدە زارلىنىپ قاقشىسا، بەزىدە تىرىككەك بولۇپ قالاتتى، بەزىدە قاراشقا ئاجىز كۆرۈنەتتى، لېكىن ناھايىتى تېزلا قەيسەر ھالەتكە ئۆتەتتى. سۇدىيەنىڭ يېنىدا قېلىپ قالغان چۇن چى ھەر كۈنى دېڭىز بويىغا قۇلۇلە قاپلىرىنى تېرىشكە چىقاتتى، جىق تېرەلمىگەن چاغلىرىدا ئۆزى يالغۇز كېمىگە ئولتۇرۇپ دېڭىز سەپىرىدە تېرەتتى. قۇلۇلە قاپلىرىنى كۆتۈرگىنىچە سەپەردىن قايتىپ كەلگەندە، چۇن چىنىڭ چىرايىدا ئادەتتە كۆرگىلى بولمايدىغان خۇرسەنلىك ئىپادىلىنەتتى. چۇن چىنىڭ قۇلۇلە قاپلىرىنى قىستاڭچىلىق بىلەن تولغان ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ كېتىپ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سۇدىيە زادىلا بىلمەيتتى.

دېڭىز سەپىرىگە چىقىپ قۇلۇلە قاپلىرىنى تېرىش ۋە ئۇلارنى سىلىقلاپ يۇيۇش قاتارلىق ئىشلار كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان چۇن چى ئۈچۈن تەسكە چۈشمىگەن بولسا، چۇن چىنىڭ ئۆز مەخپىيەتلىكىنى دەپ بەرمەيدىغانلىقى سۇدىيىگە ئايان ئىدى.

مەيلى قانداقلا بولسۇن، سۇدىيە چۇن چىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى بىلدى. بۇ راستىنلا ئۇنى ھەيران قالدۇرىدىغان مەخپىيەتلىك ئىدى، ئۇ بۇ مەخپىيەتلىكنى ئاڭلاپ ھەيرانلىقتىن داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى. سۇدىيە گاڭگىرىغان ھالدا سورىدى:

— بىراق، دېڭىزدا ساناپ تۈگەتكۈسىز قۇلۇلە قاپلىرى تۇرسا، پۈتۈن ئۆمرىڭىزنى سەرپ قىلسىڭىزمۇ تېرىپ تۈگىتەلمەيسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىز نۇرغۇن قۇلۇلە قاپلىرىنى تېرىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ، قايسى قۇلۇلە قېپىدىكى ئەسلىمىنىڭ سىز يېتتۈرۈپ قويغان ئەسلىمە ئىكەنلىكىنى قانداق بىلەلەيسىز؟

— شۇڭا ، بۇ قۇلۇلە قاپلىرىدىكى ئەسلىمىلەرنىڭ ھەممىسىنى كاللامغا قاچىلىۋېلىشىم كېرەك ، — قەتئىي تۇردە جاۋاب بەردى چۇن چى .

سۇدىيە ھاڭۋاقتىنچە چۇن چىگە قاراپلا قالدى ، خېلى ئۇزۇندىن كېيىن :

— ساراڭ بولدىڭىزمۇ ؟ بىر ئادەمنىڭ كاللىسى شۇنچە كۆپ ئەسلىمىلەرنى قانداق سىغدۇرالايدۇ ؟ بۇنداق كېتىۋەرسىڭىز تۈگىشىپ كېتىسىز ، — دېدى .

— باشقا ئامالىم يوق ، — چۇن چى ئازابلانغان ھالدا بېشىنى چايقىدى .

— بۇ نېمىدېگەن ئەخمىقانە ئۇسۇل ، سىزدىن باشقا ئادەمنىڭ بۇنى سىناپ بېقىشنى خالىمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن .

— بەلكىم .

— ئاشۇ ئەرنىڭ بىرنەچچە ئېغىز گېپى ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىپ كېتىشىڭىزگە ئەرزىمدۇ ؟ ئۇ بەلكىم پەقەتلا ئۇنىڭ باھانىسى بولۇشى مۇمكىن . ئۇ دېگەن بابالىق ئەر ، شۇنداقلا بىر قەبىلە ئاتامانى ، ئۇ قانداقمۇ بىر جۇڭگولۇق ئايال بىلەن بىللە ئۆتسۇن ؟ مۇشۇنىمۇ ئويلاپ يېتەلمەمسىز ؟

— بۇ ماڭا ئايان . بىراق ، ئازراقلا ئۈمىد بولىدىكەن ، مەن چوقۇم سىناپ باقىمەن . ھازىر مەن ئىككىمىزگە تەئەللۇق بولغان بۇ بىر بۆلەك ئەسلىمىنى يوقىتىپ قويغاچقا ، مەن ئۇنىڭغا قەرزدار ، بىراق ناۋادا مەن بۇ ئەسلىمىلەرنى تاپالىغان تەقدىردىمۇ ، ئۇ يەنىلا مېنى قوبۇل قىلمىسا ، ئۇ ھالدا ئۇ ماڭا قەرزدار بولغان بولىدۇ .

— سىز بىرنەچچە يىل ، ئون نەچچە يىل ، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق ۋاقىت تىرىشقاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ سىزگە قەرزدار بولىدىغانلىقىنى بىلسىڭىز ئۇنىڭ نېمە پايدىسى ؟ ئەجەبا سىزنىڭ پۈتۈن ئۆمرىڭىزنى سەرپ قىلىشىڭىز مۇشۇنداق بىر جاۋابقا ئېرىشىش ئۈچۈنلىمۇ ؟ بۇ جاۋاب شۇنچىلىك مۇھىممۇ ؟

— ھېچنېمىسى يوق بىر ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا ھەقىقەتەن

بەك مۇھىم .
سۇدىيە چۇن چىنىڭ ئاشۇ مەجنۇنلۇق چىقىپ تۇرىدىغان ھالىتىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى ، غۇۋالىقا يوشۇرۇنغان كۆزلەر ، چىڭ جۇپلەشكەن لەۋلەر ، يەنە ھېلىقى مەڭگۈ بوشىشىپ قالمايدىغانلىقى چىقىپ تۇرغان كىچىك ئېڭەك بۇ مەجنۇنلۇقنىڭ بەلگىسى ئىدى ، گەرچە بۇ مەجنۇنلۇق ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ ، شۇنداقلا يىراق جايدىكى بۇ ئىشتىن قىلچە خەۋەرسىز ئەرگە باغلانغان بولسىمۇ ، سۇدىيەنىڭ بۇ خىل مەجنۇنلۇقنى ياخشى كۆرۈشىگە تەسىر يەتكۈزەلمەيتتى .

ئۇلار كىمنىڭ كىمگە قەرزدار بولۇشى توغرىسىدىكى مۇنازىرىسىنى ئاخىر توختاتتى ، سۇدىيەنىڭ چۇن چىنى تەڭلىكتە قويغۇسى يوق ئىدى ، شۇڭا گەپنى بۇرىۋەتتى :

— سىز قولۇلە قاپلىرىنى يىغىۋاتقىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى ، ئۇنداقتا ... سىزنىڭ كاللىكىز نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئەسلىمىلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەندۇ ؟

— شۇنداق .

سۇدىيە چۇن چىنىڭ ئالدىغا كەلدى ، قوللىرىنى سوزۇپ ئۇنىڭ پېشانىسىنى سىلىدى . بۇ تاتارغان ھەم كەڭ پېشانە خۇددى دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇق خادا تاش دولقۇنلارنىڭ شىددەتلىك ئۇرۇلۇشلىرىغا جىمجىت ھالدا بەرداشلىق بەرگىنىدەك قىمىرلىماي تۇراتتى . چۇن چىدە ئازراق خىيالىي تۇيغۇ پەيدا بولۇپ ، ئۆزىنى بىر يىل بۇرۇنقى ۋاقىتقا قايتىپ كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلدى . شۇنداق ، تۆگە ئۇنىڭ پېشانىسىنى سىلاۋاتاتتى ، ئۇنىڭ تولغان ، لىققىدە ھېكايە قاچىلانغان بۇ پېشانىسىنى ئەرلەرنىڭ ھەممىسىلا ياخشى كۆرىدىغاندەك قىلاتتى . چۇن چى ئالدىدىكى بۇ يىگىتنىڭ ھەرىكىتىدىن ئەدەپسىزلىك ھېدىنى سېزىپ ، ئۇنىڭ قولىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى .

سۇدىيە خىجىل بولۇپ قالدى ، ئۇ باشقا ياققا قارىۋېلىپ :

— ئۇ ئەسلىمىلەر قانداق ئىكەن ؟ — دەپ سورىدى .

— نېمىشقىكىن ، ھەربىر ئادەمنىڭ ئەسلىمىسىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدە ساقلىنىپ قالغىنى ئاساسەن ئازاب ئىكەن .

— كېچىلىرى سىزنىڭ قورقۇنچلۇق چۈشلەردىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىشىڭىز بىكار ئەمەس ئىكەن - دە .

ئىككىلەن سۈكۈتكە چۆمدى . سودىيە چۈن چىنىڭ بۇ يولدا بەك يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى ، ھەرقانداق چاقىرىشنى ئاڭلىمايدىغانلىقىنى بىلدى . كۈندىن - كۈنگە چارچاپ ، ئاجىزلاپ كېتىۋاتقان مۇشۇ چاغلاردا چۈن چىنىڭ ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقىنى ياردەم ئىدى .

ئاق كۆڭۈل بۇددا مۇرىتى چۈن چىنگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ياردەم قىلىپ ، ئۇنىڭ ئەسلىمىسى يوشۇرۇنغان ئاشۇ قۇلۇلە قېپىنى ئىزدىشىپ بېرىش نىيىتىگە كەلدى . گەرچە بۇ ئاڭلاشقا تولىمۇ بىمەنە بولسىمۇ ، بىراق بىز ئاشۇ غۇۋا ئىشلارغا ئىشىنىشىمىز كېرەك ، ئۇ ئىشلار بىر خىل يىراق ھەم گۈزەل بولغان سېھىرلىك پەللە ، شۇنداقلا ئاجىز ھەم يورۇق چوغ . بۇ سۇدىيەنىڭ ئۆزىگە دېگەن گەپلىرى ئىدى .

*ئۇ جېڭ خېنىڭ كېمە ئەترىتىدىكى بىر دېڭىزچى ئىدى . كېمە ئەترىتى بەختسىزلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن ، ئۇ ئۆزى يالغۇز سەرگەردان بولۇپ بۇ كىچىك ئارالغا كەلگەن . ئارالدا مالايشىيالىقلارنىڭ بىر قەبىلىسى بار ئىدى ، ئەرلىرى يوپكا كىيىپ يۈرەتتى ، بىراق تولىمۇ ۋەھشىي ئىدى . مۇشۇ يەرلىك بىر ئايال ئۇنىڭغا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلدى ، ئۇنىڭغا ياۋا مېۋە ۋە پېچىنىلەرنى بەردى . ئومۇمەن ئېيتقاندا ، بۇ يەردىكى كىشىلەر ئېرىنچەك ئىدى . كېيىنچە ئۇنىڭ قېلىپ قېلىشنى قارار قىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى ، بۇ كىچىك ئارال ھەقىقەتەن ناھايىتى جىمجىت ، كىلىماتىمۇ ياخشى ئىدى ، يامغۇر مەۋسۇمى يېتىپ كەلگەندە ، ئەتراپتىكى مۇھىت جەنۇبىي جۇڭگونىڭكىگە ئوخشاش پۇراققا ئىگە بولۇپ قالاتتى .*

*ئۇ يەرلىك ئاياللاردىن ھاراق ئىچىشنى ئۆگىنىۋاتقان مەزگىلدە، مىندى ئىسىملىك قىز بىلەن ئاشىق ـ مەشۇقلاردىن بولۇپ قالدى. ئۇ قىزغا ۋۇزۇ مىللىتىنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكلىرى مۇجەسسەملەنگەن، بۇرنى پاناق، كۆزلىرى چوڭ، ئېغىزى يوغان، بەدىنى تولغانىدى. ئىككىيلەننىڭ كۆڭلى بىر ـ بىرىگە چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، ئۇ ئاشۇ قىزنىڭ ئۆيىدە تۇرۇشقا باشلاپتۇ. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى زادىلا ياقتۇرمايتتى، چۈنكى ئۇ ئوۋ ئوۋلاشنى بىلمەيتتى، ئىسلام دىنىغىمۇ ئېتىقاد قىلمايتتى. ئۇلار ئۇنى تاغقا ئاپىرىپ ھايۋانلارنى ئوۋلاشنى ئۆگەتتى، مەسچىتلەرگە ئاپىرىپ مۇراسىملارغا قاتناشتۇردى. ئۇ مالاي تىلىدا سۆزلەشنى بىلمەيتتى، ئۇنىڭ بىلەن خەنزۇچە گەپلىشىدىغان ئادەم يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇ بارغانسېرى جىمغۇر بولۇپ كەتكەنىدى.*

*ئۇ مىندى بىلەن ئۆزىگە تەئەللۇق ھۇجرىغا بۇزرۇكۋار ئانا سىياقىدىكى كىچىك بۇتنى يوشۇرۇنچە تىزىۋالدى. مىندى بوشىنىدىغان چاغدا تۇغۇتى تەسكە چۈشتى، ئۇ بۇزرۇكۋار ئانا بۇتى ئالدىدا بىر كېچە تىزلىنىپ چىقتى، لېكىن مىندى يەنىلا ئۆلۈپ كەتتى.*

## 3

چۈن چى كۆزلىرىنى ئۆزى قارىغۇ قىلىۋالغانىدى. بۇنى سۈدىيە كېيىنچە بىلدى. كۆرۈش سەزگۈسى ئىزچىل ئۇنىڭغا توسالغۇلۇق قىلىپ كېلىۋاتاتتى، كۆز ئالدىدىكى نۇر خۇددى ئوت يالقۇنىغا ئوخشاش پىتىراپ، پۈتۈن نىيەت ـ ئىقبالى بىلەن قۇلۇلە قېپىغا كىرىشىشكە قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇۋاتاتتى. چۈن چى لاتا بىلەن كۆزلىرىنى تېڭىپ قويۇپمۇ باقتى، ھۇجرىنىڭ تۈكلۈك ـ پەنجىرىلىرىنى ھەممىدە ئېتىۋېتىپمۇ باقتى، لېكىن ئۆزىنى نۇردىن پۈتۈنلەي ئايرىۋېتىشكە ئامال قىلالمىدى. ئۇ تېخىمۇ ھەم ئېتىلگەن بىر چىمىلدىققا موھتاج بولۇۋاتاتتى.

يىڭنە ئۇتقا قاقلانماقتا، چۈن چى گۈلخان ئالدىدا ھاڭۋاقىنىچە

ئولتۇرىدۇ . ئوت يىڭنىنى چوغدەك قىزارتىۋەتكەن ، يالقۇن يىڭنە ئۈستىدە مەۋج ئۇرۇپ تۇرىدۇ . ئۇ توساتتىن ئېسىنى يىغدى ، كىيىمى بىلەن قولىنى ئورىۋېلىپ ، يىڭنىنى ئاستا قىسىپ ئالدى - دە ، ئۇنى ئاززاق - ئاززاقتىن كۆزىگە يېقىنلاشتۇردى . يىڭنە يېقىنلاشقان چاغدا ، ئۇ كۆز ئالمىسىنىڭ چۆرگىلىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى ، ئۇنىڭ قوللىرى تىترەشكە باشلىدى . ئۇ مۇقىم بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قاراپ ، كۆز ئالمىسىنى توختاتماقچى بولدى . يىڭنە كۆز ئالمىسىغا تېگىش ئالدىدىكى ئاشۇ دەقىقىلەردە ، بىر نۇقتىغا بەك ئۇزاق تىكىلىپ قارىغان بۇ كۆزلەردىن ياش ئېقىشقا باشلىدى . ئۇ بۇ ياشلارنى يەڭگىلىگىنە سۈرتىۋېتىپ ، يىڭنىنى كۆزىگە توغرىلىدى . بېشىنى ئارقىغا غادايتىپ تۇرۇۋاتقىلى ئۇزاق ۋاقىت بولغاچقا ، ئۇ باشلىرىنىڭ قېيىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ، ئەمدى تۇرىۋېرىشكە بولمايتتى . ئۇنىڭ قوللىرى ئارقىغا بىر ياندى - دە ، ئاندىن كۆزىگە زەربە بىلەن ئۇرۇلدى . يىڭنە يۇمشاق كۆز ئالمىسىغا سانجىلىپ تۇرۇپ قالدى ، ئاپئاق ئىس كۆتۈرۈلدى ، يۈرەك - باغرىنى قوچۇۋەتكۈدەك ئاغرىق زەربىسىدىن ئۇ ئوڭدىسىغا يىقىلدى . ئۇ يەردە ئوڭدىسىغا ياتاتتى ، ئاغرىق دولقۇن يانغاندەك تاراپ كەتكەندىن كېيىنلا ، ئاندىن ئۇ يىڭنىنى سۇغۇرۇۋالدى . بىراق ، چاچراپ چىققان قان بەك كۆپ بولغاچقا ، يەنىلا ئۇنى ئاززاق تەمتىرىتىپ قويدى . ئۇ قاتتىق ھارغىنلىق ھېس قىلدى ، كۆزىگە ئاززاق ئۆسۈملۈك دورىسى سۈركەپ قويۇپلا ئۇخلاپ كەتتى . بۇ قېتىم ئۇ ناھايىتى ئۇزاق ئۇخلىدى ، چۈنكى كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالماشقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ھېچقانداق ئەسكەرتمە بولمىغاچقا ، ئۇ بىرقانچە قېتىم ئويغىنىپ ، يەنىلا كېچىمىكىن دەپ ئويلاپ ئۇخلاۋەردى . ئۇ يەنە بىر قېتىم ئويغانغاندىن كېيىن قايتا ئۇخلىيالمىدى ، ئۆيدىن چىقتى ، يىراقتىن كېلىۋاتقان ئىس پۇرىقىدىن ئاللىقاچان گۈگۈم چۈشكەنلىكىنى بىلدى .

ئۇ ئاخىر پۈتۈن دىققىتى بىلەن قۇلۇلە قېپىغا كىرىشەلەيدىغان بولدى . دەل ئۆزى ئارزۇ قىلغىنىدەك ، بىر ئەما بولۇش سۈپىتى

بىلەن ئۇنىڭ تېگىش سىزىمى كۆندىن ـ كۈنگە سەزگۈرلىشىپ كېتىۋاتاتتى ، قۇلۇلە قاپلىرىدىكى ھەربىر سىزىقچىنىمۇ ناھايىتى ئېنىق ھېس قىلالايتتى . بەزىدە كۆز ئالدىدا يەنىلا ئاق نۇر پەيدا بولۇۋېلىپ ئۇنى ئەنسىزلىككە سالاتتى ، خۇددى بىرەرى ئۇنىڭ بۇ ھەممىدىن مۇستەسنا دۇنياسىغا باستۇرۇپ كىرىدىغاندەك .

چۈن چى كۆرمەس بولغان كۆزلىرىدىن ناھايىتى رازى ئىدى . بۇ خۇددى ئۇنىڭغا يەنە بىر دۇنياغا بېرىشتىكى يولەنچۈكتەك بىلىنەتتى . بۇنىڭدىن باشقا ، ئۇنىڭ بىر جۈپ خاسىيەتلىك قولى بار ، ئىنچىكە ھەم ئەپچىل بارماقلار ھاۋادا سىزىپ ئۆتكەن ھەربىر ئەگمە سىزىق شۇنچە گۈزەل ، خۇددى ئورمانىنىڭ پىنھان جايلىرىدا ياشايدىغان ئەتىۋارلىق قۇشلاردەك . سۇدىيە بۇنىڭغا تولىمۇ ھەيران ئىدى . چۈن چى كىچىكىدىن تارتىپلا يەتتە تارلىق ساز ئۆگەنگەن ، ئۇنى يەتتە تارلىق سازدىن چىقىۋاتقان لەرزان مۇزىكىغا ھېرىس دېگەندىن كۆرە ، تارلارنى ئىلىش ، چېكىشتىكى قول ھەرىكەتلىرىگە مەستانە بولغان دېگەن توغرا . بۇنداق بىر جۈپ قول تەبىئىيلا قۇلۇلە قاپلىرىنى ئوقۇش ئۈچۈن يارالغاندەك ئىدى ؛ كۆرۈش سەزگۈسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن تېگىش سىزىمى تېخىمۇ سەزگۈرلىشىپ ، بارماقلىرى نەرسىلەرنىڭ سىرتقى يۈزىدىكى ئازراق ئوخشىماسلىقلارنىمۇ ناھايىتى ئېنىق پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولۇپ كەتكەنىدى .

بىراق ، تىرناقلىرى ئىنچىكە تۇردە ئۇنى پاراكەندە قىلىپ كېلىۋاتقان قىيىن مەسىلە بولۇپ قېلىۋاتاتتى ، تىرناقلىرىنى قانچىلىك قىسقا ياساپ سىلىقلىۋەتسىمۇ ، قۇلۇلە قاپلىرىنى سىلىغاندا ھامان ماسلاشمىغان ئاۋازلارنىڭ چىقىپ قېلىشىدىن خالىي بولالمايۋاتاتتى ، بۇنىڭ بىلەن راۋان ئەسلىمىلەر ئۈزۈلۈپ قالىدىغان ئەھۋال دائىم كۆرۈلۈپ قېلىۋاتاتتى . ئاخىر ئۇ قوللىرىنى ئاق ئاچچىقسۇغا چىلاپ ، تىرناقلار يۇمشىغاندىن كېيىن ، ئۇلارنى پىچاق ۋە موچىن ئارقىلىق ئەتتىن يۇلۇۋېتىشقا باشلىدى .

بىر تال ، ئىككى تال ، ئۈچ تال ... تىرناقلىرى يۇلۇپ تاشلانغان قوللار قان بىلەن بويىلىپ كەتتى ، سوغۇق سۇ بىلەن تەكرار يۇيۇش ئارقىلىق ئىككى كۈندىن كېيىن قان ئاران توختىدى . چۈن چى بۇنىڭدىن ناھايىتى رازى بولدى ، بۇنداق يۇمشاق قولدىن يەنە بىر جۈپنى تاپقىلى بولمايتتى .

سۇدىيە بۇ بىر جۈپ كەمتۈك قولنى تۈنجى قېتىم كۆرگەندە ، بارماقلاردىكى بىغىر رەڭ كامار ئۇنى چۆچۈتۈۋەتكەنىدى . بىراق ، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن بۇ بارماقلار ئۇنىڭغا سەت كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى . ئەكسىچە ، ئۇلار ھەرقانداق ئادەمنىڭ بارماقلىرىدىن ئەپچىل ، يەڭگىل ھېسابلىنىدىغان تۇغما ئۇسسۇلچى ئىدى . سۇدىيە بارا - بارا بۇ بارماقلاردىن ھەم ئۇلارنىڭ ئۇسسۇللىرىدىن زوقلىنىدىغان بولۇپ قالدى .

بەزىدە سۇدىيە چىمىلدىق كەينىدىن بېشىنى چىقىرىپ ، قېچىپ كىرگەن ئازراق ئاي نۇرىدا چۈن چىنىڭ ئاشۇ تەڭدىشى يوق بارماقلىرىنى قۇلۇلە قېپى ئۈستىگە ئاستا قويۇۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى . ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايتتى ، بىراق سۇدىيە ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ بوشلۇقتا قالدۇرغان كۆلەڭگىسىنى ئېنىق ھېس قىلاتتى ، ئۇ بارماقلار شۇنچىلىك ئىنچىكە ھەم يۇمشاق ئىدىكى ، خۇددى بوشلۇقتا لەرزان تۆكۈلۈۋاتقان ئاق رەڭلىك جوخارگۈلىنىڭ بەرگىلىرىگىلا ئوخشايتتى .

تۆگە خۇددى بىر دەھشەتلىك توپاندەك بۇ ئارالغا كەلدى . سۇدىيە چۈن چىنىڭ تىنچسىزلىنىۋاتقانلىقىنى ئازراق ھېس قىلدى ، لېكىن ئۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىدى . چۈن چى بارلىق قۇلۇلە قاپلىرىدىكى ئەسلىمىلەرنى بىر كېچىدىلا يۇتۇۋەتمەكچى بولۇۋاتقاندەك بىر خىل جىددىيلىك ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالغانىدى . ئۇ لەشكەرلەرنىڭ دېڭىز بويىغا بارگاھ قۇرغانلىقىغا ھەم كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئاساسەن يوقالغانلىقىغا قارىماي ، جاھىللىق بىلەن دېڭىزغا چىقىپ قۇلۇلە قاپلىرىنى تېرىپ كېلىۋاتاتتى .

— ماڭا تېخىمۇ كۆپ قۇلۇلە قاپلىرى كېرەك ، تېخىمۇ كۆپ ... — چۇن چى ئىشىكتىن ئېتىلىپ چىقىپ كېتىۋاتقاندا ، سۇدىيە ئۇنى توختىتىۋالدى . بۇ چاغدا سىرتتا يامغۇر قاتتىق يېغىۋاتاتتى ، يامغۇر مەۋسۇمى يېتىپ كەلگەنىدى ، ۋاقىت يازنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە چۇن چىگە يېتىشىۋالغانىدى . سۇدىيە ئۇنىڭ ھۆل بولۇپ كەتكەن ماڭلاي چاچلىرىنى چەكسىز مېھرىبانلىق بىلەن سۈرتتى . چۇن چىنىڭ ئەس ـ ھوشى تازا جايىدا ئەمەس ئىدى ، خۇددى جۆيلۈۋاتقاندەك :

— تېزرەك بېرىشىم كېرەك ، سۇدىيە ، ئەمدى ماڭا ۋاقىت قالمىدى ، — دەيتتى .

— سىز ئاشۇ قۇلۇلە قېپىنى تېپىش ئۈچۈن پۈتۈن ئۆمرىڭىزنى سەرپ قىلىشقا رازى ئىدىڭىزغۇ ؟ نېمە ئۈچۈن تۇيۇقسىزلا بۇنداق ئالدىراپ قالدىڭىز ؟

چۇن چىنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار تۆكۈلمەكتە . نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئاشۇ كۆرەڭ ئەر مۇشۇ پەيتتە ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن قەدەھ سوقۇشتۇرۇپ غەلىبىسىنى تەبرىكلىشىۋاتقانمىدۇ ؟ مىڭلىغان مەشئەللەر يېقىلغان ، قەدەھلەرگە شارابلار لىق تولدۇرۇلغان ، گۈلخانغا قاقلانغان كاۋاپلار پىشىپ ، مايلىرى يەرگە ئېقىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن . چۇن چى ئۇنىڭ بارگاھىغا تۇيۇقسىز كىرىپ ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇرۇشنى خىيال قىلىۋاتاتتى . چۇن چى خۇددى باياتىنلا يەردىن قېزىۋېلىنغان تاش ھەيكەلدەك پۈتۈن ئۆيدىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنىڭ ئوتتۇرىسىدا تىك تۇرىدۇ . ئۇ ئاخىر تاپقان ھېلىقى قۇلۇلە قېپىنى ئالىقىنىغا ئالىدۇ ، دولقۇندەك كۆتۈرۈلگەن نۇر تۆگىنىڭ خىرەلىشىپ كەتكەن قارىچۇقلىرىغا كىرىدۇ . تۆگە ئۆزىنى ئوڭشاشقا ئۈلگۈرەلمەي ، ئۆتكەن ئىشلارنىڭ زەربىسىدىن زەخىملىنىپ ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتىدۇ ، تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ يەرگە يىقىلىدۇ . تۆگە نۇرغۇن ئىشلارنى باشتىن كەچۈرگەن بوۋايغا ئايلانغان ، ئەتراپتىكى ئەيش ـ ئىشرەت ئۇنىڭ تېنىگە سىڭىشكە ئامالسىز ، غېرىبلىق ئۇنىڭ

يـــۈرـــــكـــنـــى پارە ـ پارە قىلىۋاتقان بولىدۇ . چۈن چى ئۇ ئىككىنىى ئارىسىدىكى سۈزۈلدۈرۈلگەن مۇھەببەتنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئـالـدىـغا بارىدۇ ، ئۇنى يۆلەپ تۇرۇپ ، ئۇنىڭغا : «مانا مۇشۇلا ئىلكىڭىزدە قىلىپ قالغان نەرسە» دەيدۇ .

بىـراق ، چـۈن چـى ھـبـلـىـقـى قـۇلـۇلە قىپىنى تىخىچە تاپالمايۋاتاتتى .

سۇدىيە چۈن چىنى ھۇجرىسىغا قايتىپ ئارام ئېلىشقا دەۋەت قىلدى ھەمدە ئۇنىڭغا تىخىمۇ كۆپرەك قۇلۇلە قىپى تېپىپ ئەكىلىپ بېـرىـشكە ماقۇل بولدى . چۈن چى يەنە ئۆزىنىڭ قۇلۇلە قىپى دۇنـيـاسىغا قايتىپ كەلدى ، مىسكىن سازەندىنىڭ ئەڭ ئاخىردا قۇلۇلە قىپى كۈيىدىن يەنە بىرنى چالغۇدەك ماجالى قالمىغانىدى .

— سۇدىيە ، مەن قانداق قىلىشىم كېرەك ؟ — دەيتتى ئۇ پىچىرلاپ .

## 4

تۆگىنىڭ تىنچلىق تەنتەنىسى قىلىشىغا ، غەلىبە شادلىقىدىن قانغۇچە بەھرىمەن بولۇشىغا تېخى بالدۇردەك قىلاتتى . ئارالغا يەنە دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ قالدۇق قىسىملىرى يوشۇرۇنۇۋالغان ، ھەر ۋاقىت قايتۇرما زەربىگە ئۆتۈش ئېھتىماللىقى بار ئىدى . ئۇرۇش ئوتى يەنە تېزلا يالقۇنجاشقا باشلىدى ، باندا ئارىلىدىكى ئاھالىلەر كۈن بويى ئەنسىزلىك ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى ، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ جايدىن يوشۇرۇنچە قېچىپ كېتىۋاتاتتى .

مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، چۈن چى بۇ يەردىن كېتىشكە زادىلا ئۇنىمايتتى . سۇدىيە بۇنىڭ سەۋەبىنى ئاخىر بىلدى .

— ئۇنى ئۇچرىتىپ قالدىڭىز ، شۇنداقمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .

— شۇنداق .

— سىـز بـۇرۇن مـاڭـا ئۇنىڭ بىر ئاتامان ئىكەنلىكىنىلا ئـېيتقانىدىڭىز ، ھازىر بىلدىمكى ، ئۇ بىر ۋەھشىي ، رەھىمسىز

ئاتامان ئىكەن .

— مەنمۇ بۇنداق بولۇشىغا ئىشىنىشنى خالىماي كەلگەنىدىم ...

— ئۇنى ئىزدەپ بارماقچىمۇ سىز ؟

— مەن پەقەت ئەسلىمىلىرىمنىلا ئىزدەۋاتىمەن ...

— ئىۇ بۇ ئارالدا تۇرۇۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە ئەسلىمەمنى تاپالايمەن دېگەن خىيالدىمۇ سىز ؟

— ھەئە ، — چۇن چى سوغۇققىنا كۈلۈپ قويدى .

— ئەگەر بۇ ئارالدا تۇرىۋەرسىڭىز ، ھاياتىڭىز ھەر ۋاقىت خەۋپ ئىچىدە تۇرىدۇ ، بەلكىم سىز ئۇنىڭغا يېقىنلاشماي تۇرۇپلا ئۇنىڭ لەشكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشىڭىز مۇمكىن .

— مەن ھامان ئۈمىدۋار . تەڭرىنىڭ ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ ئاشۇ قۇلۇلە قىپىنى ماڭا ئەۋەتىشىگە ھەم مېنى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈرۈشىگە تەقەززامەن .

چۇن چىنىڭ سەۋدالىق چىقىپ تۇرغان بۇ چىرايىنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشىنىڭ يەنە ئارتۇقچە گەپ قىلىشقا تىلى بارمايتتى .

— تەڭرى سىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن ، — دەپ پىچىرلىدى سۇدىيە . مۇشۇ گەپنى دەپ بولۇپلا ئۇ ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئىچىپ يامغۇر ئىچىگە كىردى ـ دە ، يەنە قۇلۇلە قىپىنى يىغقىلى دېڭىز بويىغا كەتتى .

ئۇرۇش ئوتى ھەممىلا جاينى قاپلاپ ، پۈتۈن ئارال قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالدى . ئارالدىكى ئاھالىلەرنىڭ بۇرۇن قېچىپ كەتكەنلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆيىگە بېكىنىۋېلىپ سىرتقا چىقىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى . تۆگە ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى پارتلاتقۇچ دورىلارنى قالايمىقان ئىشلەتكەنلىكتىن ، پارتلاشتا سۇنغان دەرەخلەر ۋە ئۆلگەن ھايۋانلار ھە دېسىلا كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى .

سۇدىيە بىلەن چۇن چى ئۆيگە قاپسىلىپ قالدى ، سىرتتىن

تۇرۇپ - تۇرۇپلا پارتلىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇراتتى ، ئوت ئاسماننى قىزىل رەڭگە كىرگۈزگەن ، كۈندۈز بىلەن كېچە پەرقلەندۈرگىلى بولماس بولۇپ كەتكەنىدى . چۈن چى بارغانسېرى سولغۇن بولۇپ كېتىۋاتاتتى ، سۇدىيە قولىدىن كېلىشىچە ئامال قىلىۋاتاتتى . سىرتتا ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى يامرىغان ، ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك پەيتتە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ ، ئۇ يەنىلا سىرتقا چىقىپ ، ئۆلۈم خەۋپىگە قارىماي قۇلۇلە قېپى ئىزدەشكە باراتتى .

قۇلۇلە قېپى لىق قاچىلانغان خالتىنى يۈدۈپ ئۆيگە قايتىپ ئۇنى چۈن چىگە سۇنغاندا ، ئۇنىڭ چىرايىدا لەپپىدە پەيدا بولۇپ يوقاپ كېتىدىغان سۈس كۈلۈمسىرەش سۇدىيە ئۈچۈن تولىمۇ قەدىرلىك ئىدى . سۇدىيە چۈن چىگە ئېلىپ كەلگەن قۇلۇلە قېپى ئاتمىش ئالتە تال چىقتى ، ئاتمىش ئالتە تال قۇلۇلە قېپى ئاتمىش ئالتە ئۈمىد دېگەنلىك ئىدى . چۈن چى قۇلۇلە قاپلىرىنى كارىۋاتقا ئېھتىيات بىلەن تۆكۈپ ، بىردىن - بىردىن سانىماقتا . ئۇ خۇددى ئاخىر كەمپۈتكە ئېرىشكەن كىچىك بالىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى ، چىرايىدىن رازىمەنلىك ھەم ئاچ كۆزلۈك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى . سۇدىيە ئۇنىڭ كەينىدە تۇراتتى ، ئۇ سۇدىيەنىڭ تىنىقىنىڭ تېزلىشىۋاتقانلىقىنى سەزگەنمىدۇ ؟ مۇشۇ دەقىقىلەردە سۇدىيەنىڭ ئۇنى قۇچاقلاشقا قانچىلىك ئىنتىلىۋاتقانلىقىنى ، خۇددى كېچە كىچىك ئارالنى ئۆز قوينىغا ئالغاندەك ، تۇمان ئورماننى قاپلىۋالغاندەك ، تەكشى ، يەڭگىل قۇچاقلاش ئارقىلىق ئۇنى تولۇق باغرىغا بېسىشقا ئالدىراۋاتقانلىقىنى ئۇ بىلەمدىغاندۇ ؟ سۇدىيە ئۇنىڭغا جىمجىت قۇچاقلاش ئاتا قىلىشقا ئامالسىز ، چۈنكى سۇدىيەنىڭ تېنى ئاللىقاچان تېپىرلاۋاتقان ئىستەكنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالغان ، كېچىكىپ كەلگەن بالاغەتكە يەتكەن مەزگىل سۇدىيەنىڭ ئالدىدا ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان تاغ چوققىسىدەك تىك تۇرۇۋالغان ، يىگىتچاق تاغ ئېتىكىگە يىقىلىپ چۈشۈپ ، ئۆمىلەپ ئىلگىرىلىمەكتە . ئۇنىڭ تىترەۋاتقان تېنى بىر بىپايان دېڭىزغا ئايلانغان ، دېڭىز دولقۇنلىرى خادا تاشلارغا زەربە بىلەن ئۇرۇلماقتا . ئۇ نەچچە قېتىم ئۆز كونتروللۇقىنى يوقىتىپ

قويغىلى تاسلا قالدى.

چۈن چى يىگىتنىڭ يالقۇنجاۋاتقان ئىستىكىگە پەرۋا قىلماستىن، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆزىنىڭ خىيالىي تۈس ئالغان قۇلۇلە قېپى دۇنياسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ئەزەلدىن ئەرلەرنى ھەقىقىي چۈشىنىپ باققان ئەمەس، جىنسىي ئىستەكنىڭ ئازابىغا بەرداشلىق بېرىپ تۇرىدىغان ئەرنى ئۇ ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان (تۆگە بىلەن مۇناسىۋەتلىك كەچۈرمىشلىرى ئۇنىڭدا، ئەرلەر بوراندەك باستۇرۇپ كېلىدۇ، ئىككىلىنىش، ئارىسالدىلىق ئۇلارغا يات، دېگەن قاراشنى شەكىللەندۈرۈپ قويغان). چۈن چىنىڭ كۆزى كۆرەلىگەن تەقدىردىمۇ، يىگىتنىڭ قىزىرىپ كەتكەن يۈزلىرى، تىترەۋاتقان تەنلىرىدىن بىرەر نەرسىنى ھېس قىلالمىغان بولاتتى.

سۇدىيە مەيۈسلەنگەن ھالدا چىمىلدىقتىن چىقىپ ئۆز كارىۋىتىغا قايتىپ كەلدى. سۇدىيە كۆپ چاغلاردا چۈن چى باشتىن ئۆتكۈزگەن مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرىنىڭ راست ـ يالغانلىقىدىن گۇمانلىنىپ قالاتتى. چۈنكى، ئۇ قاراشقا تولىمۇ سەبىي كۆرۈنەتتى، خۇددى ئۇنىڭغا ئەر زاتى يېقىنلىشىپ باقمىغاندەك. سۇدىيە يوتقىنىغا پۈركۈنۈۋېلىپ، ئۆزىنىڭ قۇترىغان ھېسسىياتى بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى، بۇ خىل ئېلىشىش ئۇنى چارچىتىپ ماغدۇرىدىن كەتكۈزۈۋەتكەندىن كېيىنلا، ئۇ ئاران دېگەندە غەمكىنلىك ئىچىدە ئۇيقۇغا كەتتى.

## 5

ئۇ كۈنى بىرەر ۋەھىي كەلگەندەك، چۈن چى قولىدىكى قۇلۇلە قېپىنى تاشلاپ ئىشىكتىن چىقتى ـ دە، ئۆزىنى سىرتتىكى قاراڭغۇلۇق ئىچىگە غەرق قىلدى. ئۆيدىكى كارىۋاتتا سۇدىيە تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى.

چۈن چى تېڭىرقاش ئىچىدە بىر ئېيىقتاپان چاتقاللىقىغا كىردى. قۇلۇلە قېپى تېرىشكە كېتىۋاتامدۇ ياكى تۆگىنىڭ

بارگاھىغىمۇ ؟ زادى نەگە ماڭغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى . ئۇ پەقەت مۇشۇ چاتقاللىقتىن ئۆتسىلا دېڭىز بويىغا بارغىلى بولىدىغانلىقىنى غۇۋا بىلەتتى .

ئېيىقتاپان چاتقاللىقنىڭ ھەممىلا يېرى تىكەن بىلەن تولغان ، چاتقالنىڭ تىكىنى بار ، پېلەك غوللۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تىكىنى بار ، ھەتتا بامبۇكنىڭمۇ تىكىنى بار . كېچە بولغاچقا ، چۈن چى ئالدىدىكى يولدىن ھېچنېمىنى ئىلغا قىلالماي ، قارامىلىق بىلەن ئالدىغىلا ماڭاتتى . ئۆتكۈر تىكەنلەر ئۇنىڭ بىلەكلىرى ، پۇتلىرى ، ھەتتا يۈزلىرىگە سانجىلاتتى . ئۇ يۈزلىرىدىن سىرغىپ چىقىۋاتقان قان تامچىلىرىنى يەڭگىل سۈرتىۋېتىپ ، تېخىمۇ ئىچكىرىسىگە قاراپ داۋاملىق ماڭاتتى . ۋەھالەنكى ، ئالدى تەرەپتىكى چاتقاللار بارغانسېرى ئېگىزلىشىپ ھەم قويۇقلىشىپ كېتىۋاتاتتى ، خۇددى بۇ يەرگە ئادەم ئاياغ بېسىپ باقمىغاندەك قىلاتتى . چۈن چىدە قورقۇنچتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى ، بىراق ، سېغىنىش تۇيۇقسىز بېسىپ كەلدى ، ئۇ تۆگىنى تولىمۇ سېغىنىۋاتاتتى . ئۇلارنىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى ساتمىسى چۈن چىنىڭ ئېسىگە كەلدى ، بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاشقىلا باب كېلىدىغان ھېلىقى سەگەنچۈك ئۇنىڭدا شېرىن ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغانىدى ، بۇنىڭغا ئەمدى ئىمكانىيەت يوق ، ئەمدى ھېچكىممۇ ئۇنىڭ بىلەن ئاشۇنداق يېقىنلىشالمايدۇ .

قويۇق چاتقاللىقتا ئەما ئايال ئالدىنى توسۇغان شاخ ـ شۇمبىلارغا ئەسەبىيلەرچە ئۇرۇلماقتا . ئۇ يۈگۈرۈپ ئۆتكەن جايلاردىن سۇنغان چاتقاللارنىڭ ، چۆچۈپ كۆتۈرۈلگەن قۇشلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ . ئۇزاق ئۆتمەي ، ئۇنىڭ سەزگۈر بۇرنى ئوق دورىسىنىڭ ھىدىنى ئالدى . ئەتراپتا چوقۇم ئادەم بار ، تۆگە مەغلۇپ قىلغان ۋېنگېلار ئەتراپتا پىستىرما قۇرغان بولۇشى مۇمكىن . ئۇ قەدەملىرىنى ئاستىلاتتى ، بىرى ئارقا تەرەپتىن ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلدى . قاچقۇدەك يەر يوق ئىدى ، ئالدىدىكى چاتقاللار يېرىم ئادەم بويى ئېگىزلىكتە بولغاچقا ، كېسىپ ئۆتۈش قىيىن ئىدى . ئارقا تەرەپتىكى ئادەم بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلدى ،

ۋەھشىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان پۇشۇلدىغان ئاۋاز چۇن چىگە ئىنىق ئاڭلاندى ، چۇن چى يەنە ئەگرى قىلىچنىڭ چاتقاللارنى كەسكەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى . ئۇ ئادەم مىنىڭ يېنىمغىلا كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلاپ تۇرۇشىغا ، مۇزدەك قىلىچ ئۇنىڭ بېلىگە تىرەلدى .

كەينىدىكى ئادەم مالاي تىلىدا ئۇنى توختاشقا بۇيرۇدى ، چۇن چى چۇشەنمەي مېڭىۋەردى ، ئەگرى قىلىچ ئۇنىڭ بەل قىسمىغا سانجىلدى . قاننىڭ پۇرىقى بۇ نەم ، دىمىق چاتقاللىقتا باشقىچە ساپ بىلىندى . چۇن چى ئوڭدىسىغا يىقىلدى . قويۇق يوپۇرماقلاردىن ئۆتكەن ئاي نۇرى ئاخىر ئۇنى تېپىپ ، ئۇنىڭ جاراھىتىنى يالىماقتا ئىدى .

ئۇزاق تۇن ئاخىر ئاياغلاشتى . چۇن چى ئەمدى ئۇيقۇسىزلىق سەۋەبىدىن ئارامسىزلانمايدىغان بولدى .

## 6

ئۇ ھوشىغا كەلگەندە ، جاراھەت ئېغىزىدىن تېخىچە قان ئېقىۋاتاتتى . ئۇ جاراھەت ئەتراپىنى كۆچەپ بىسىپ تۇرسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى ، بىراق پۇتۇن بەدىنى ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەننىدى . ئۇ ئارغامچا بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ ، خۇددى يىپ ئورالغان ئۇرچۇققا ئوخشاش بىر بۇلۇڭغا تاشلاپ قويۇلغاننىدى . ئۇ بىرلىرىنىڭ مالاي تىلىدا پىچىرلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى ، بەلكىم ئۇلار ئۇنىڭغا قاراۋاتقان لەشكەرلەر بولسا كېرەك . ئەتراپتىن ئاجىز نەپەس ئاۋازى ئاڭلاندى ، دېمەك ، چۇن چى بۇ يەرگە قامالغان بىردىنبىر تۇتقۇن ئەمەس ئىدى .

ۋېنگېلار ئۇنى تۆگە ئەۋەتكەن پايلاقچى دەپ قاراپ ، باشقا تۇتقۇنلار بىلەن بىللە قاماپ قويغاننىدى . ئۇلارنىڭ بۇ ھۆكمى تولىمۇ بىمەنە ئىدى ، كىممۇ بىر ئەما ئايالنى پايلاقچىلىققا ئەۋەتسۇن ؟

ئۇدا بىرنەچچە كۈن تومۇز ئىسسىق بولدى . ھاۋا ئۆتۈشمەيدىغان قاماقخانىدا كىشىلەرنىڭ جاراھەتلىرى سېسىشقا

باشلىغان ، قان ـ يىرىڭلار توختىماي ئېقىپ ، ھەممە يەر بەتبۇي پۇراقتا تولغانىدى ، بۇ پۇراق باشلاپ كەلگەن چىۋىنلار گىژىلدىشىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى . تۇتقۇنلار يىغلاپ ، قاقشاپ ، زارلاپ ، تىللاپ توختىمايتتى … پەقەت چۇن چىلا بىر بۇلۇڭدا قىمىر قىلماي جىمجىت ئولتۇراتتى ، خۇددى سوغۇق بىر پىلە قۇرتى قورچىقىدەك . تاماق ۋاقتىدا ياخشى نىيەتلىك تۇتقۇنلار ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ ، غىزانى ئۇنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ قويۇشتى . ئۇ غىزاغا تېگىپمۇ قويمىدى . چىۋىنلار ئۇنىڭ جاراھىتى ئەتراپىدا ئۇچۇپ يۈرەتتى ، تۇتقۇنلار بۇلۇڭدىكى بۇ ئايالنى ئۆلدىمىكىن دەپ ئويلاپ قېلىشاتاتتى .

بىراق ، چۇن چىنىڭ مېڭىسى ناھايىتى سەگەك ، قۇلىقى يەنىلا ناھايىتى سەزگۈر ئىدى ، تۇتقۇنلارنىڭ قىلىشقان پاراڭلىرىنى ئېنىق ئاڭلاۋاتاتتى . ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە ئوخشاش بىگۇناھ كىشىلەر ئىدى ، ۋېنگېلارنىڭ تەۋەلىكىگە خاتا كىرىپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا پايلاقچى دەپ قارىلىپ تۇتۇپ كېلىنگەن ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر ـ بىرىگە تايىنىپ ياشايدىغان ياشانغان ئەر ـ خوتۇنلار ، ھامىلىدار ئاياللار ۋە ياشلار بار ئىدى . چۇن چى ئەزەلدىن بۇنداق كۆپ ئادەملەر بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇپ باقمىغان ، ئىنچىكىلىك ئۆزىنى تەنھا قالدۇرۇپ كېلىۋاتقانىدى ، ئەتراپىتىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ باقمىغانىدى .

ياشانغان ئەر ـ خوتۇنلار بىر ـ بىرىنى يۆلىشىپ زادىلا ئايرىلمايتتى ؛ قورساقتىكى ھامىلىگە بولغان ئۈمىد ھامىلىدار ئايالنىڭ ھايات قېلىش ئارزۇسىنى كۈچەيتمەكتە ئىدى ؛ يىگىت ئۆزىگە كۆڭلىنى بەرگەن قىزنى ھەر دائىم ئەسلەپ تۇراتتى ، ئۇ قاماقخانىنىڭ تېمىغا ئاشۇ قىزنىڭ ئىسمىنى ئويماقتا …

سۆيگۈ ئۈزۈلمەس رىشتە ، پۈتمەس ـ تۈگىمەس كۈچ ، ئازاب ـ ئوقۇبەتتىكى پاناھگاھ . چۇن چىمۇ ئۆز كۆڭلىدىكى بىئاراملىقنى سەزمەكتە ئىدى . ئۇنىڭ بىر قىسىم قىممەتلىك ئەسلىمىلىرى تېخى تېپىلمىدى . ئەجەبا ئۇ گۆھەردەك

نۇر چاچىدىغان مۇھەببىتىنى تۆگىنىڭ ئالدىدا نامايان قىلىش ئارزۇسىدىن ۋاز كېچەمدۇ؟

تۇتقۇنلار بۇ يەرگە سولىنىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىردىنبىر نەتىجىسىنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىنى بارغانسېرى ئېنىق بىلىپ يەتمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ھونپېن قەبىلىسىنىڭ پايلاقچىسى ئەمەس، شۇڭا تۆگىنىڭ ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارنى قۇتقۇزۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس؛ ۋېنگېلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار گۇناھكار ھېسابلىناتتى ھەم ھېچقانداق پايدىلىنىش قىممىتى يوق ئىدى. ۋېنگېلارنىڭ قوشۇنى ھونپېن قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بىلەن ئالدىراش، بۇ بىرقانچە كۈندىن بۇيان تاماق توشۇغۇچىمۇ ۋاقتىدا كەلمەيدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى، قاماقخانىدىكىلەر ئۇنتۇپ كېتىلگەنىدى، بۇ يەردە ئاچ قېلىپ ئۆلۈشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

ياشانغان ئەر - خوتۇنىنىڭ گەپ قىلغۇدەكمۇ ماغدۇرى قالمىغانىدى؛ يىگىت باشتىكى قەيسەر ھالىتىنى ساقلاپ قالالماي، تۆمۈر ۋادەككە يۆلەنگىنىچە ئۈنسىز يىغلىماقتا؛ ھامىلىدار ئايال دەۋرىيلىك ئاغرىق دەستىدىن ئىڭرايتتى، بەلكىم بوشىناي دەپ قالغان بولسا كېرەك. ۋەھالەنكى، ئۇلار ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتتى دەپ ئويلىغان ھېلىقى ئايال توساتتىن دەلدەڭلىگىنىچە ئورنىدىن تۇردى. ئۇ يىغا ئاۋازىنى بويلاپ مېڭىپ ھامىلىدار ئايالنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. بۇ ھەرىكىتىدىن چۇن چىنىڭ ئۆزىمۇ ھەيران قالدى، ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ تېخىچە مىدىرلىيالايدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى.

— قاتتىق ئاغرىۋاتامدۇ؟ — ئارالدا تۇرۇۋاتقىلى خېلى ئۇزۇن بولغاچقا، چۇن چى مالاي تىلىنى ئانچە - مۇنچە بىلەتتى.

ھامىلىدار ئايال ئاغرىق ئازابىدىن گەپ قىلالماي قالدى، ئۇ پەقەت چۇن چىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدى. ئۇنىڭ تېنى قىزىق ئىدى، تېخىچە تىترەۋاتاتتى. چۇن چىنىڭ قولى ئۇنىڭ تومپىيىپ تۇرغان قورسىقىغا تېگىپ كەتتى، بۇنىڭدىن چۇن چىدە ئاجايىپ بىر خىل تۇيغۇ پەيدا بولدى. ھامىلە مىدىرلاۋاتاتتى، خۇددى سۇ

ئاستىدىن ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلگەن دېڭىز ئاپتاپپەرىسگە ئوخشاش يۇمشاق ئانتېننىسىنى چىقىرىپ بۇ دۇنيا بىلەن يەڭگىل سوقۇلۇپ باقماقتا ئىدى .

بالا ، بالا سۇ ئاستىدا ئاپىرىدە بولغان روھ .

چۈن چى تۇساتتىن قاماقخانىنىڭ تۆمۈر ۋادىكى ئالدىغا ئېتىلىپ باردى ـ دە ، سىرتقا قاراپ ۋارقىرىدى :

— مېنى ھونپېين قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ يېنىغا ئاپىرىڭلار ، بىز ئۇلار ئەۋەتكەن پايلاقچىلار ، ئۇلار ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە قارىماي بىزنى قايتۇرۇۋالىدۇ !

قاماقخانىدىكى تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسى ھەيرانلىقىدىن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ چۈن چىگە قاراپ قېلىشتى . بۇ يەرگە شۇنچە ئۇزۇن قامالغان بولسىمۇ ، بۇ جۇدەڭگۈ ئايالنىڭ تېنىدىكى قان تېخى ئېقىپ تۈگىمىگەنىكەن ، ئۇ تۇيۇقسىز ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك كۈچىنى نامايان قىلدى ، خۇددى بىر قېتىم قايتىدىن تۇغۇلغاندەك ! ئۇلار گۇمانلىنىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ ، يەنىلا ئۈمىدلىنىپ قېلىشتىن ئۆزىنى تۇسۇپ قالالمىدى .

ئەتىسى چۈشتە ۋېنگېلار ھونپېينلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن چۈن چىنى تۇتقۇن سۈپىتىدە يالاپ مېڭىشتى . ئۇلار چۈن چىنىڭ گېپىدىن گۇمانلىنىۋاتاتتى ، لېكىن قوشۇنى ناھايىتى پايدىسىز ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقاچقا ، ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش مۇمكىنچىلىكى بولغان ھەرقانداق چارىنى سىناپ بېقىشنى خالايتتى .

چۈن چى خۇددى بىر ئولجىغا ئوخشاش تۆگىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى . ئۇ ئاخىر تۆگە بىلەن يۈز كۆرۈشتى . ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ھەممە كىشى تىكىلىپ قاراپ تۇرغان كۆرۈشۈش بولدى . چۈن چى يەرگە قاتتىق تاشلاندى ، بېلىدىكى يىرىڭلاپ كەتكەن جاراھەتنى تۆگە ئاۋۋال كۆرۈپ قالدى . چۈن چى ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى ـ دە ، يۈزىنى يۇقىرىغا قاراتتى . چۈن چى بىر دۆۋە قالايمىقان ئەسلىمىلەر

ئىچىدىن ئازراق كۆلۈمسىرەشنى تەستە تېپىپ يۈزىگە ئېلىپ چىقتى، بەلكىم زارلىنىشمۇ ئازراق بولسا كېرەك، لېكىن ئۇنى ئاسانلىقچە سەزگىلى بولمايتتى.

ئىككى تەرەپ مالاي تىلىدا سۆھبەتلىشىۋاتاتتى. چۇن چى تۆگىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ كۆزلىرىنى ئاستا ـ ئاستا يۇمدى ـ دە، لەرزان يىقىلدى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىلا، چۇن چى ئۆزىنىڭ بىختەر بولغانلىقىنى بىلگەنىدى. ئۇ ئاۋاز كەسكىن، جاراڭلىق ئىدى، چۇن چىگە ئايانكى، تۆگىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي قالمايدۇ.

## 7

ئۇ ئويغاندى، ئۆزىنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى. بېلىدىكى يارا تېخىچە ئاغرىۋاتاتتى، تۇتۇپ بېقىپ ئاللىقاچان تېڭىپ قويۇلغانلىقىنى بىلدى.

ئۇ قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى كۆڭلىدە ھېسابلاشقا ئامالسىز، بەلكىم بەكلا ئۇزاق ئۇخلىغان بولسا كېرەك. ئۇ سەل نېرىغا بارسىلا بىر يورۇقلۇقنى بايقايدىغاندەك، ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ قۇلۇلە قاپلىرى تولۇپ ياتقاندەك خاتا تۇيغۇغا كېلىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ بېرىپ تۇتۇپ باقماقچى بولدى، لېكىن ئورنىدىن سەل قوزغىلىۋىدى، دۈمبىسىدىكى جاراھەت تارتىپ يىرتقاندەك قاتتىق ئاغرىپ، بەللىرى خۇددى سۇنۇپ كېتىدىغاندەك بولۇپ كەتتى. ئۇ يەنىلا يېتىشقا مەجبۇر بولدى.

ئۇزاق ئۆتمەي، تۆگە كىرىپ ئۇنىڭ كارىۋىتى يېنىغا كەلدى. چۇن چى قوللىرىنى سوزدى، ماغدۇرسىز قوللىرى لەپەڭلەپ، تۆگىنىڭ پېشىنى ئاران دېگەندە تۇتتى.

— تۆگە، — چۇن چى ئۇنى چاقىردى.

— بۇرۇنقى ئىشلار ئېسىڭىزگە كەلدىمۇ ـ يوق؟ — تۆگە يەنىلا ئۇنى تەڭلىكتە قالدۇرىدىغان سوئالنى باشتا سورىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چۇن چىنىڭ بوينىدا ئېسىقلىق تۇرغان قىسقا ساپلىق

پىچاققا چۈشتى ، بۇ قېتىم ئۇ خېلى رازى بولغان بولسا كېرەك ، چۈنكى چۈن چى ئۇنى سورتۇپ پارقىرىتىۋەتكەنىدى . چۈن چى بېشىنى چايقىدى .

تۆگە ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى . چۈن چى ئالدىراپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى :

— بىراق ، مەن ۋاز كەچمىدىم ، ھازىر بىر ئەخمىقانە ھەم ئۇنۇملۇك ئۇسۇلدا ئىزدەۋاتىمەن ...

— ھە ، بوپتۇ ، ئۇنداقتا ئەسلىمىلىرىڭىزنى تاپقاندا ئاندىن مېنى ئىزدەپ كېلىڭ ، — ئاڭلاۋېرىشكە تۆگىنىڭ سەۋرى قالمىغانىدى .

چۈن چى ئۇنىڭ سۆزىدىن بىردەملىك سۈكۈتكە چۆمدى . ئۇ تۆگىنى قولتۇقلىۋالدى ، بىلەكلىرىنىڭ چىرمىشىپ تۇرۇشىدىن ئاخىر ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشقاندەك تۇيغۇغا كەلدى . ۋەھالەنكى ، بۇ خىل قانائەتلىنىش ناھايىتى قىسقا ۋاقىت داۋاملاشتى ، ئۇ تۇيۇقسىز بىر ئاغرىق دەستىدىن يەرگە يىقىلدى . ئۇ دەرھال تۆگىنى تۇتۇۋېلىپ ، جىددىيلىك بىلەن :

— زىنداندا يەنە بىرقانچە تۇتقۇن قاماقلىق ، ھەممىسى گۇناھسىز ، ئۇلارنى تېز قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭ ، — دېدى .

تۆگە ئۇنى سىلكىۋەتتى .

— ماڭا قانچىلىك ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرگەنلىكىڭىزنى بىلەمسىز ؟ سىز ئۇچۇن ئاشۇ ۋېنگېلارغا نىجاتلىق يولى بېرىشكە ، تەۋەلىك بۆلۈپ بېرىشكە ، ئۇلارغا ۋاقىتىنچە ھۇجۇم قىلماسلىققا ماقۇل بولدۇم ، — دېدى ئۇ قوپاللىق بىلەن .

چۈن چى تولىمۇ تەسىرلىنىپ ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى . بىراق ، زىندانغا قامالغان ھېلىقى ھامىلدار ئايالنىڭ ئازابلىق ئىڭراشلىرى ، قورسىقى ئېسىگە كېلىپ ، يەنە داۋاملىق يالۋۇرۇشقا باشلىدى :

— ئۆتۈنۈپ قالاي ، ئۇلارنى تېزرەك قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭ ، ھېلىقى ھامىلدار ئايال بوشىنايلا دەپ قالغانىدى ، ئۇ بەك

قىيىنىلىپ كېتىۋاتىدۇ .

— ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ ! — تۆگە قاتتىق ۋارقىرىدى .

— سىزدىن خۇش بولاي ، ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭ ، ئۇلار ئۆلەيلا دەپ قالدى …

تۆگە چۈن چىنىڭ يۈزىگە بىر شاپىلاق سالدى ، بۇ شاپىلاق خېلى زەردە بىلەن ئۇرۇلغانىدى . تۆگە ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي كېتىپ قالدى .

مانا بۇ تۆگە ، ئۇنىڭ قوپال ئاشىقى ! ئۇ شۇنچىلىك بىپەرۋاكى ، ھەتتا چۈن چىنىڭ قارىغۇ بولۇپ قالغانلىقىنى ، ئەمدى ئۆزىنى كۆرەلمەيدىغانلىقىنىمۇ بايقىمىغانىدى .

تۆگە چۈن چىنى كۆرگىلى قايتا كېلىپ باقمىدى ، چۈن چى قايتىدىن باشقا بىر زىندانغا قامىلىپ قالغاندەكلا بولۇپ قېلىۋاتاتتى . ئۇ خامۇش ھالەتتە ياتاتتى ، پەقەت تاماق توشۇغۇچىلا ئۇنىڭغا ۋاقتىنىڭ ئۆتكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ تۇراتتى . يەنە بىر كۈن ئۆتۈپ كېتەي دەپ قالدى ، ۋېنگېلارنىڭ زىندانغا قامالغان تۇتقۇنلارنىڭ ھازىر قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئويلاشقا چۈن چىنىڭ جۈرئىتى كەملىك قىلاتتى . ئۇنىڭدىكى ھايات قېلىش ئىرادىسىنى ئاشۇ كىشىلەر قوزغاتقان ، ئۇنىڭ ھېچنېمىگە قارىماي تۆگە بىلەن كۆرۈشۈش قارارىغا تۈرتكە بولغان ، ئۆزىمۇ ئۇلارغا ئەڭ ئاخىرقى ئازراق ئۈمىدنى قالدۇرۇپ قويغان ، ئۇ خىل كۈتۈشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈن چى ئېنىق بىلىدۇ . ھالبۇكى ، چۈن چى ئۇلارنى ھازىرغىچە قۇتۇلدۇرۇپ چىقالمىدى ، ئۇلار قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن .

باشقىلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويۇش ئەزەلدىن چۈن چى ئەڭ قورقىدىغان ئىش ئىدى . ئۇ سۆڭ سۆڭگە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېيىمدە كۈن ئۆتكۈزۈشكە ، ئۇنىڭدىن ئايرىلماسلىقتا ماقۇل بولغان ، لېكىن ئۆز ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمىدى ، خوشلاشمايلا كېتىپ قېلىپ ، سۆڭ سۆڭنى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالدۇردى ؛ تۆگە ئۇنىڭ ئۆتكەن

ئىشلارنى ئەسلىيەلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى ، گەرچە ئۆز ئەسلىمىسىنى ئىـــزدەشتىن ھېچقاچان ۋاز كەچمىگەن بولسىمۇ ، لېكىن قىلچە ئىلگىرىلەشكە ئېرىشەلمەي ، تۆگىنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويدى ؛ ئۇ سۈدىيەگە كېچىسى يالغۇز سىرتقا چىقماسلىقنى ۋەدە بەرگەن ، بىراق ئۇ يەنىلا ئېيىقتاپان چاتقاللىقنىغا ئۆزى يالغۇز كىردى ھەمدە قايتىپ كەتمەي ، سۈدىيەنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويدى ؛ ئۇ ھازىر زىـــنداندىكى زارىقىپ كۈتۈۋاتقان كىشىلەرنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قـويـۇۋاتـاتـتـى . ئـۈمـــدسىزلىك دەھشەتلىك بوران ـ چاپقۇنغا ئوخشايدۇ ، ئۇ ئۆچۈرۈۋەتكەن گۈلخان ئاسانلىقچە قايتا يانمايدۇ ، ئۈمىدسىزلىكتىن پەيدا بولغان ئازاب مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدۇ ، ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدۇ .

*ئايلانما شەكىللىك پەلەمپەينى بويلاپ پەسكە چۈشسىڭىز ، بۇ يەردە كۆمۈلۈپ ياتقىنى بىر دوزاخ ئەمەس ، بەلكى خانلىق دۆلەت . مېڭىۋەرسىڭىز ، بوران ئاۋازى قۇلاقلارنى گاس قىلغاندا ، چاڭ ـ توزانلار كۆزلەرنى كور قىلغاندا ، تىكەنلەر پۇتلارغا چىرماشقاندا ، ئەسلىمىنىڭ ئىگىسى ئاستا ـ ئاستا پەيدا بولىدۇ .*

*ئۇ مېلاكا دەرياسى بويىدا تۇرۇپ قارشى قىرغاقتىكى چىرايلىق ئىمارەتكە نەزەر سالماقتا . ئۇ قىزىل ئۆي[1] دەپ ئاتىلىدىغان داڭلىق ئىـــمـارەت . تاملىرى قىزىل خىشتىن قوپۇرۇلغان ، ئىشىكلىرى ئېـــسـىـــل ياغـاچتىن ياسالغان ، دەرۋازا ئالدىغا كەڭ پەلەمپەي ئـورۇنـلاشـقـان ، گـولـلانـدىـيىلىكلەرنىڭ ئىمارەتلىرى كۆپىنچە مۇشۇنداق ھەشەمەتلىك ياسىلاتتى .*

*تۇيۇقسىز ئاڭلانغان قوڭغۇراق ئاۋازى ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى . بىر خــــىزمەتكار موماي كېلىپ دەرۋازىنى يېپىۋەتتى . ئىچى تەرەپتە مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى ، ئۇنىڭ قىزى ، كۈيئوغلى ھەم نەۋرىسى*

---

① 1641 ـ يىلىدىن 1660 ـ يىلىغىچە مېلاكا دەرياسى بويىغا سېلىنغان ئىمارەت . گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى يىراق شەرققە قالدۇرغان تارىخى ئەڭ ئۇزۇن قۇرۇلۇش ھېسابلىنىدۇ . دەسلەپتە چېركاۋ قىلىنغان ، كېيىنچە نائىب مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلگەن .

بۇ مۇراسىمغا قاتنىشىۋاتاتتى. ئۇلار ئۇنى مۇراسىمنى كۆرۈشكە كۆپ قېتىم تەكلىپ قىلغانىدى، بىراق ئۇ رەت قىلىپلا كەلدى. ئۇ پەقەت ئۇلارنىڭ جۇشقۇن كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشتىنلا قورقاتتى.

ئۇنىڭدەك جۇڭگوغا چوڭقۇر رىشتە باغلىغان كىشىلەر كۆپ بولمىسا كېرەك، ئۇ ھەتتا جىڭ خېنىڭ كېمە ئەترىتىدە بوۋىسىنىڭ دېڭىزچى بولۇپ ئۆتكەنلىكىدىن چەكسىز شەرەپ ھېس قىلاتتى. ئوتتۇز يىل بۇرۇن پىرىستاندا ئىشلەۋاتقان چېغىدا، ئۇ جۇڭگو كېمىسىدە ئىشلەيدىغان ئىشچىلار بىلەن تونۇشقانىدى، ئۇلار بىلەن بىر مەزگىل خەت ـ ئالاقە قىلىشىپ تۇرغان. ئۇ يازالايدىغان خەنزۇچە خەتلەر كۆپ ئەمەس ئىدى، ئۇلار بىلەن يېزىشقان خەتلىرىنى گۆھەردەك ئەتىۋارلايتتى. كېيىنچە ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالدى، كېمىدە ئىشلەيدىغان ئىشچىنىڭ دېرىكى بولمىدى. ئۇنىڭ جۇڭگوغا بولغان سېغىنىشى بارغانسېرى كۈچەيدى، جۇڭگوغا بېرىپ كۆرۈپ كېلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىش ئىستىكىدە بولدى، بىراق ئائىلىسىدىكىلەر قارشى چىقتى. يېقىندا خوتۇنى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا مۇمكىنچىلىك تۇغۇلغاندەك قىلاتتى.

ئۇ نەۋرىسىنى جۇڭگوغا بىللە ئېلىپ بېرىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى، نەۋرىسىنى جۇڭگودا بىر مەزگىل تۇرغۇزماقچىدى. بىراق، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ يەنە بىر قېتىملىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ ئەنگلىيىگە بېرىپ، گراف قىزىل چېيىنى ئىچىدىغان، مۆتىۋەرلەر قالپىقىنى كىيىدىغان يۇقىرى قاتلام تۇرمۇشىدىن بەھرىمەن بولۇشىنى خالايتتى، ئۇلار ئەنە شۇنى «مەدەنىيەت» دېيىشەتتى، بەلكىم ئۇلارنىڭ توغرىدۇر.

ئۇ جۇڭگوغا بارىدىغان كېمىنىڭ بىلىتىنى سېتىۋالدى، مېڭىش ئالدىدا ئۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ چېركاۋغا باردى، مۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ئۇلارنى كۆپرەك كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ئىدى.

*ئۇنىڭ يۈك ـ تاقى ئېغىر ئەمەس ، سەپەرگە زۆرۈر بولغان ئوزۇق ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن باشقا ، بوۋىسىدىن قالغان بىر جۈپ چوكىلا سېلىنغان ، بىراق ئۇ ئىشلىتىشنى ئانچە بىلمەيتتى .*

## 8

ئۇرۇش تېخى ئاخىرلاشمىغانىدى . بەشىنچى كۈنى سىرتتىن گۈمبۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ ، ئىس ـ تۈتەك ھىدى ئاۋغۇستنىڭ ئوچۇق كۆكگۈمىدا يىراق ـ يىراقلارغا تارالدى . تاماق توشۇغۇچىدىن باشقا ھېچكىم چۈن چىنى يوقلاپ كېلىپ باقمىدى .

ئۈچ كۈندىن كېيىن قىيقاس سادالىرى ئۇ تۇرۇۋاتقان بارگاھنى بىر ئالدى ، ھونپېنلار غەلىبە قىلغانىدى . ئۇ تامنى سىلاشتۇرغىنىچە ئىشىك ئالدىغا باردى . ئىشىك ئالدى چۆلدەرەپ قالغان ، ئۇنىڭغا قارايدىغان لەشكەرلەرمۇ ئۆز جايىدا يوق ئىدى ، ھەممىلا ئادەم دېگۈدەك تەنتەنە قىلىشقا كەتكەنىدى . بارگاھ قۇرۇقدىلىپ قالغان ، سىرتتىكى ھاۋاغا ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنىڭ سۇس پۇرىقى بىلەن قاننىڭ ھىدى ئارىلىشىپ كەتكەن ، چۈن چى بۇ خىل پۇراققا تولىمۇ ئامراق . ھازىرمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە ، بۇ تۆگىنىڭ چاچ ـ ساقاللىرىغا سىڭىپ كەتكەن پۇراق ، ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق ۋە ۋەھشىيلىك تەڭلا يوشۇرۇنغان .

ئۇ بارگاھتىن چىقىپ دېڭىز ياقىسىنى بويلاپ ئاستا ـ ئاستا ماڭماقتا . چۈشتىكى قۇياش خۇددى لەشكىريي قوشۇنغا ئوخشاش ياۋۇز ئىدى ، تېرىسىدىن چىققان كۆيۈك پۇرىقى ئۇنىڭ دىماغلىرىغا ئۇرۇلاتتى .

دېڭىز تاشقىنى يۇز بەرگەن چاغدىكى ئاشۇ مەنزىرىمۇ ھازىرقىدەك قورقۇنچلۇق ئەمەس ئىدى . دېڭىز تاشقىنى يۇمشاق ، ئۈن ـ تىنسىز ئۇرۇش ئىدى ، بىراق ھازىر چۈن چى دەريا كەبى ئېقىۋاتقان قانلارنى كېچىپ ، نۇرغۇن جەسەتلەردىن ئاتلاپ ،

ۋېنگېلارنىڭ بارگاھىغا قايتماقتا ئىدى ، ماڭغانسېرى روھى چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى ، بۇ ئاپەتنى دەل ئۇنىڭ سۆيگەن ئادىمى باندا ئارىلىغا ھەدىيە قىلغانىدى . ئۇ ئادەم بىر قەبىلىنىڭ ئاتامانى ، زورلۇق ـ زومبۇلۇقتا ئۇچىغا چىققان دېڭىز قاراقچىسى ، قانخۇمار باسمىچى ئىدى .

چۈن چى بۇ ئارالدا خېلى ئۇزاق ۋاقىت تۇرغانىدى ، شۇڭا دېڭىز ياقىسىنى بويلاپ يېرىم كۈن مېڭىپلا ۋېنگېلارنىڭ بارگاھىنى تېپىپ كېلەلىدى . بۇ يەردە قانلار دەريا بولۇپ ئېقىۋاتاتتى ، ئۇ ھېلىقى قاماقخانىغا بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن يېقىنلاشتى ، ھەربىر قەدەمنى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن باسماقتا ئىدى . چىرىگەن ئەتىنىڭ پۇرىقى بارغانسېرى كۈچەيدى ، ئۇنى تويۇقسىز قورقۇنچ باستى . ئۇ ئۆز گەۋدىسىنى ئىختىيارسىز قۇچاقلىۋالدى . زىندان ئىشىكى ئوچۇق تۇراتتى ، بەلكىم بىرەرى كېلىپ باققان بولسا كېرەك . بۇ يەر تولىمۇ جىمجىت ئىدى ، پەقەت چىۋىنلارلا گىژىلدىشىپ ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى . ئۇ سىيپاشتۇرۇپ يۈرۈپ قاماقخانىنىڭ ئىچىگە كىردى ، ئۇلارنى چاقىرماقچى بولدىيۇ ، ئاۋازىنى چىقىرالمىدى . قولىغا سوغۇق بىر تەن ئۇرۇلدى ، بۇ ھېلىقى يىگىت ئىدى ، ئۇنىڭ قولىدا يەنىلا بىر تال ھاك قەلەم تۇراتتى ، ئۆلۈش ئالدىدا تامغا خەت يېزىپ سۆيگىنىگە سۆز قالدۇرغانمىدۇ ؟ ياشانغان ئەر ـ خوتۇنلارمۇ ئۇنىڭ يېنىدىلا ئىدى ، ئۇلار بىر ـ بىرىگە يېپىشقان پېتى ئۆلۈپ كەتكەنىدى ، تەنلىرى ئاللىقاچان سوۋۇپ كەتكەن ، پەقەت چىڭ تۇتۇشقان ئىككى قولىدىلا يەنە ئازراق ھارارەت بار ئىدى ؛ ئەڭ ئاخىردا ئۇ سىلاشتۇرۇپ ھېلىقى ھامىلىدار ئايالنى تاپتى ، ئۇنىڭ پېشانىسىدە يىرىڭلىق قان تۇراتتى ، بەلكىم ھاياتىنى ئۆزى ئاخىرلاشتۇرغان بولسا كېرەك . چۈن چىنىڭ قوللىرى ئۇنىڭ مەڭزىنى سىلاپ ئۆتتى ، ئۇنىڭ ئاغزى ئېچىقلىق ئىدى ، چۈن چىنىڭ قولىغا ئۇنىڭ چىشلىرى ھەم ئېغىزىدىن يامراپ چىقىۋاتقان چۈمۈلىلەر ئۇرۇلدى . بۇ ئايال ئاللىقاچان چىرىپ ئۆرۈلۈپ كېتەيلا

دەپ قالغان ئىمارەتكە ئوخشاپ قالغانىدى . چۈن چى قولىنى ئايالىنىڭ تومپىيىپ تۇرغان قورسىقىغا قويدى . قورساق چوقچىيىپ تۇراتتى ، سوغۇق ئىدى ، خۇددى غىرىبسىنىپ تۇرغان كىچىك قىياغىلا ئوخشايتتى . ئۇنىڭ يۈرەك پارىسى بۇ تاغنىڭ ئاستىغا مەڭگۈلۈك دەپنە قىلىنغانىدى .

ئۇ ئەڭ قورقىدىغان ئىش ئاقىۋەتتە يەنىلا يۈز بەرگەنىدى . ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كەتكەن (ئېھتىمال ئاچلىقتىن ئۆلگەن بولسا كېرەك ) ، ئۇنىڭغا بولغان ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە كېتىپ قالغانىدى .

ئۇ قاماقخانىدىن قايتىپ چىقتى ، قىزىرىۋاتقان قۇياش تېخىچە بولدى قىلماي ، ئۇنى مۇشۇ يەرگىچە قوغلاپ كەلگەنىدى . ئۇ بېشى قېيىۋاتقاندەك ھېس قىلدى ، ئۇ ئۆزىنى كەچۈرەلمەيتتى ، ھەتتا ئۆزىنى كۆرۈشنىمۇ خالىمايتتى ، پەقەت بىرەر بىخەتەر جاينى تېپىپ ئۆزىنى يوشۇرۇپ قويۇشنىلا ئويلايتتى . سۇدىيە بىلەن ئۆزىنىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى كىچىك ئۆيى ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭ يادىغا كەلگەن جاي بولدى . تۆگە ئۇنىڭغا بىردىنلا ناھايىتى قورقۇنچلۇق بىلىندى ، تۆگىنى ئېسىگە ئېلىشىغىلا ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۆكۈلۈۋاتقان قانلار نامايان بولۇپ ، ئۆلۈپ كەتكەن ھېلىقى تۇتقۇنلارنىڭ چىرايى كۆز ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتتى .

ئۇ نىشانسىز يۈگۈرۈشكە باشلىدى ، ئۆزىنىڭ قانچىلىك يۈگۈرگەنلىكىنى بىلمەيتتى . بىر جۈپ كۈچلۈك قول ئۇنى كاپلا قىلىپ تۇتۇۋېلىپ ، ئۇنى ساراڭلارچە يۈگۈرۈشتىن ئاخىر توختاتتى . ئۇ ئۈمىدسىزلەنگەن كىچىك جانىۋاردەك قاتتىق چىرقىرىۋەتتى .

— نەگە قېچىۋاتىسىز ؟ — بۇ تۆگىنىڭ ئاۋازى ئىدى .

ئۇ قورقۇۋاتاتتى ، شۇنداقلا ئۇنىڭدا يەنە مەلۇم ئىستەك پەيدا بولۇۋاتاتتى . ئۇ تۆگىنىڭ قوينىغا يىقىلدى ، بىراق تېخىمۇ ئوچۇق خەتەرنى ھېس قىلدى . ئۇ تىترىكىشەتتى ، كۆزلىرىدىن ياش

تۈكۈلمەكتە ئىدى :

— ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپتۇ، بىلەمسىز؟ ھېلىقى تۇتقۇنلار.

— بۇنىڭ مەن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟ ئۆلگەنلەر ھەممىلا جايدا تۇرمامدۇ، — سوغۇقلا جاۋاب بەردى ئۇ.

— نېمىشقا خاتالىقىڭىزنى بوينىڭىزغا ئالمايسىز؟ سىز شۇنچە كۆپ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭىز!

— مەن ئۇلارنى ئۆلتۈرمىسەم، ئۇلار كېلىپ مېنى ئۆلتۈرىدۇ شۇ.

— ۋېنگېلار مېنى يالاپ سۆھبەتكە ئاپارغاندا، سىز ئۇلارغا چېگرا ئايرىشقا، ئۇلارغا قايتا ھۇجۇم قىلماسلىققا ماقۇل بولغانىدىڭىزغۇ، نېمىشقا گېپىڭىزدە تۇرمايسىز؟ — چۇن چى ئىزدەپ تاپقان ئەسلىمىسىنى كۆتۈرگىنىچە تۈگىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، تۈگە يەنە بىر قېتىم گېپىدە تۇرمايۋاتاتتى.

— نېمىشقا ئۇلار ئۇچۇن ۋەدەمدە تۇرغۇدەكمەن؟ يېنىۋالسام ئۇلار مېنى نېمە قىلالايتتى؟

چۇن چى ئاچچىقىدا گەپ قىلالماي قالدى. ئۇ بوينىغا ئېسىقلىق تۇرغان قىسقا ساپلىق پىچاقنى ئالدى ـ دە، تۈگىنىڭ بىلىكىنى غەزەپ بىلەن تىلمۇەتتى. ئۇ ئاغرىققا چىدىيالماي، چۇن چىنى يەرگە يىقىتىۋەتتى. چۇن چى چاقماق تېزلىكىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى. تۈگە ئورنىدىن تۇرۇپ قوغلىمىدى. ئۇ تۈگىنىڭ ئىتتىك ھاسىراۋاتقان ئاۋازىنىڭ بارغانسېرى يىراقتا قېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئازراق ئۇمىدسىزلىنىپ قالدى.

## 9

ئۇ قاراڭغۇ چۇشكۈچە يۈگۈرۈپ، ئاخىر سۇدىيە بىلەن ئۆزىنىڭ كىچىك ئۆيىگە يېقىنلاشتى. ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئانچە يىراق

بولمىغان جايدا بىر ئورمان بار ئىدى . بۇ ئورماندا شاتارى دەرەخلىرى قويۇق ئۆسكەن ، گۈلچېكى سارغۇچ بولغان ئاق گۈللەر دەرەخ شاخلىرىنى بىر ئالغان ، يىراقتىن قاراشقا شەپەق نۇرى قاپلىغان بۇلۇت دېڭىزىغا ئوخشايتتى ، قاراڭغۇ چۈشكەنسېرى ئۇ تېخىمۇ يورۇق كۆرۈنەتتى . چۈن چى مۈشۈ يورۇقلۇققا قاراپ يۈگۈرۈپ كەلگەندى . ئۇ توختاپ چوڭ بىر نەپەس ئېلىۋىدى ، كۆڭلىدە بىردىنلا خاتىرجەملىك تۇيغۇسى پەيدا بولدى . تۇيۇقسىز بىرى ئۇنى كەينىدىن قۇچاقلىۋالدى .

سۇدىيە .

يىگىت ئۆزىنىڭ ئىلاھەسىنى قۇچاقلىغانىدى . بۇ تولىمۇ ئىللىق ۋە تولۇق قۇچاقلاش ، يىگىتنىڭ بۇنىڭدىن بۇرۇنقى سانسىز قېتىملىق خىيالىدىكىدىنمۇ ياخشى ، ئەدەپسىزلىك ھەم قوپاللىقتىن خالىي .

ئۇلار ئىللىق شاتارى ئورمىنىدا تۇرماقتا . ئىسسىق بەلۋاغقا تەۋە بۇ گۈزەللىك يىگىتنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ ، ئۇنىڭ ئۆزىنى قويۇۋېتىشكە ئىمكان بېرىۋاتاتتى . ئۇ قىزنىڭ ئالىقانلىرى بىلەن چۈن چىنىڭ دۈمبىسىدىكى جاراھەتنى تۇتتى ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يارا ئاغرىماس بولدى .

سۇدىيە چۈن چىنى قولىدىن يېتىلىگىنىچە ئۆيىگە قايتۇرۇپ كەلدى . ئۇ شۇنچىلىك قانائەت تاپقانىدى ، چۈن چى يوقاپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۇ ھەممە جايدىن ئىزدىدى ، ۋەھشىي لەشكەرلەردىن ، شەپقەتسىز پارتلاتقۇچ دورىلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش جەريانىدا جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن قاتتىق چارچاپ ، ئۈمىدسىزلىك گىردابىغا بېرىپ قالاي دېگەنىدى . ئۇ تەڭرىدىن ئاشۇ قىزنى قايتۇرۇپ ئەكېلىپ بېرىشنى تىلىدى . ئۇ تەقدىرى ئەگرى - توقايلىقلار بىلەن تولغان بىر يېتىم بالا ، ئىچكى دۇنياسى ئارزۇ - ئارمانلارغا نامرات ، ئەزەلدىن تەڭرىدىن بىرەر

نەرسە تىلەپ باققان ئەمەس. ھازىر ئۇ چۇن چىگە ئېرىشىش ئۈچۈن پۈتۈن ئۆمرىنى سەرپ قىلىشقا رازى.

تەڭرى راستىنلا ئۇنىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىلغان بولسا كېرەك، چۇن چىنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ ئەكېلىپ بەردى.

ئۇلار قۇياش نۇرىدىن ئايرىۋېتىلگەن ئاشۇ كەپىسىگە قايتىپ كەلدى. سۇدىيە بىر ياغاچ ساندۇقنى كارىۋات ئاستىدىن تارتىپ چىقاردى، ئىچىدە لىققىدە قۇلۇلە قېپى تۇراتتى، ھەممىسى چېۋەرلىك بىلەن سىلىقلانغان، چىشتەك پارقىراپ تۇراتتى. چۇن چى تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قۇلۇلە قاپلىرىنى بىر تال ـ بىر تالدىن سىلاپ چىقتى. چۇن چى كۈلدى، چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالدى، خۇددى ئوزۇقلۇققا ئېرىشكەن يىرتقۇچ ھايۋاندەك.

چۇن چى ئەزەلدىن ئۆز مىننەتدارلىقىنى دەپ يۈرمەيتتى.

چۇن چى قولىنى قۇلۇلە قاپلىرى ئۈستىگە قويدى، شۇ ھامان ئەتراپ جىمجىت بولۇپ كەتكەندەك ھېس قىلدى. ئەسلىمىنى ئىزدەش ئۇنىڭ بارلىق جاراھەتلىرىنى ساقايتاتتى، كاللىسىدىكى تۆگمىنىڭ كۆلەڭگىسىنى ۋاقتىنچە بولسىمۇ ئۇنىڭدىن ئايرىۋېتەلەيتتى.

كۈندۈز بىلەن كېچە پەرقسىز بولۇپ كەتتى. ئەسلىمىلەر قات ـ قات پاشىلىققا ئوخشاش چۇن چىنى ئورىۋالدى. ئۇ قايتىدىن مۇقەددەس، پاك ھەم پىكرى يىغىلغان ھالەتكە قايتتى.

چۇن چى ئۆزىنىڭ مەخپىي ئۆيىدە خاتىرجەم ئولتۇرماقتا، سۇدىيەگە چۇن چى بىردىنلا ناھايىتى قۇدرەتلىك بىلىندى. ئۇ ئەمدى چۇن چىنىڭ غېمىنى يېمىسىمۇ بولىدىغاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى، ئۇ چۇن چىنىڭ پۈتۈن دىققىتى بىلەن قۇلۇلە قېپىغا كىرىشىپ كېتىشىگە كۆنۈپ قالغانىدى. روھىي غۇربەتچىلىكتىن خالىي ھەم خاتىرجەم بىلىنىدىغان بۇ خىل تۇرمۇش دەل سۇدىيەنىڭ ئارزۇسىغا ماس كېلەتتى.

بىراق ، سۇدىيە ئۆز مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلەشكە ئۈلگۈرمەستىنلا ، ھېلىقى قارا بوراندەك ۋەھشىي ئاتامان ئۇنىڭ ئىشىكىنى تېپىپ ئاچتى .

چۇن چى بىر ئەسلىمىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى ، قانداقتۇر بىر كۈچ ئۇنى تۇيۇقسىز تارتىپ چىقاردى . ئۇ كەپتۇ ! ھىدى ۋە ئاۋازىمۇ كەپتۇ ! تۆگە چىمىلدىقنى بىر تېپىپلا ئۆرۈۋېتىپ ، ئۆزىنىڭ شاتۇتىنىڭ بىلىكىدىن تۇتتى :

— ھەر خىل ئاماللار بىلەن قېچىپ چىققىنىڭىز بىكار ئەمەس ئىكەن - دە . ئەسلىدە مۇشۇ يەرگە كەلمەكچىكەنسىز ، ئۇنىڭ بىلەن ئىزچىل مۇشۇ يەردە تۇرۇۋاتامسىز ؟

ئۇ تۆگىنىڭ زوراۋان ئالىقىنىدا تۇگۇلۇپ تۇراتتى ، خۇددى ئۇنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلىغا كۆنۈپ قالغاندەك ئىدى . چۇن چى گەپ قىلمىدى .

— سىزدىن سوراۋاتىمەن ، ئىزچىل ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇ يەردە تۇرۇۋاتامسىز ؟ — ئۇنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئادەمنى چۆچۈتەتتى .

— ھەئە ، — چۇن چى جاۋاب بەردى ئۇنىڭغا . ئۇ قاتتىق غەزەپلىنىپ ، بار كۈچىنى قولىغا يىغىپ چۇن چىنى قىستى . چۇن چىنىڭ بەدىنىدىكى ھېلىقى چۈرۈك جاراھەت ئىغىزى يېرىلىپ كەتتى .

چۇن چى ئازراق تەسەللى تېپىشى كېرەكمۇ ؟ تۆگە ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدىغان ھالىتىدىن ئۆزگىرىپتۇ ، ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن بىللە تۇرۇشىغا چىدىيالماس بولۇپ قاپتۇ . بەلكىم بۇ ئۇنىڭ ئادەتلىنىپ كەتكەن زوراۋان مىجەزى بولۇشى مۇمكىن . تۆگە ئۇنى قانداق جازالار ؟ چۇن چى تولىمۇ خاتىرجەملىك ئىچىدە كۈتمەكتە .

ئۇ چۇن چىنى كۆتۈرگىنىچە سىرتقا ماڭدى ، سۇدىيە ئۇنى توستى . ئەپسۇسلىنارلىقى ، چۇن چى ئۇنىڭ قورقۇمسىزلىق چىقىپ تۇرغان چىرايىنى كۆرەلمىدى ، ناۋادا كۆرەلىگەن بولسىدى ، ئۇنىڭ

ئۆزىنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى مۇشۇ دەقىقىدە بىلگەن بولار ئىدى .

— ئۇنى قويۇۋەت ، — دېدى يىگىت مالاي تىلىدا تۆگىگە .

سۈكۈت ئىچىدىكى تىركىشىش بىرنەچچە دەقىقە داۋاملاشتى . چۇن چى قارا بولۇتنىڭ ئاستا - ئاستا باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى . كۆپ يىللاردىن كېيىنمۇ چۇن چى ئۆزىنىڭ مۇشۇ دەقىقىدە سۈكۈت قىلىپ تۇرغانلىقىغا پۇشايمان قىلغانىدى . چۇن چى تۆگىنى بەكلا چۈشىنەتتى ، ئەمدى نېمە ئىشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى .

چۇن چى ئۇنى توسۇۋالمەن دەپ ئويلىدى ھەم شۇنىڭغا تۇتۇندى . بىر دەقىقىلىق دېلىغۇللۇق ئىچىدە چۇن چىنىڭ يۈزىگە ئىسسىق قان چاچرىدى .

— سۇدىيە ، — چۇن چى تىترەك ئاۋازدا ئۇنى چاقىردى .

ئۇ يەرگە يىقىلغاندا چىققان ئاۋاز بىلەن جاۋاب قايتۇردى .

چۇن چى قولىنى سوزۇپ تۆگىنىڭ قاتىللىق قورالىنى سىلىدى ، بارماقلار ئىسسىق قانغا تەگكەندە ، سەزگۈر تېگىش سېزىمى ئۇنىڭغا سۇدىيەنىڭ بارغانسېرى ئاجىزلىشىۋاتقان يۈرەك سوقۇشىنى ھېس قىلدۇردى .

— ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭىز ، شۇنداقمۇ ؟ — ئۇ تۆگىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى ، بارماقلىرى ئۇنىڭ ئەتلىرىگە پېتىپ كەتتى .

تۆگە ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمىدى ، ئۇنى ھاپاش قىلغىنىچە ئىشىكنى تېپىپ ئېچىپ سىرتقا چىقتى .

كونا ئىشىك غاچىلدىغان ئاۋاز چىقارغىنىچە ئارقىدا قالدى .

ئۇ تۆگىنىڭ دۇمبىسىگە يېپىشقىنىچە چارچىغان ھالدا كۆزىنى يۇمدى ، تۆگە ئۇنى كۆتۈرگىنىچە شاتارى ئورمىنىنى كېسىپ ئۆتتى .

بۇ سۇدىيە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان جاي ، شاتارى گۈلى سۇدىيە

ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان گۈل . ئۇ دائىم ، بۇ گۈلگە ئىلاھىنىڭ نەزىرى چۈشكەن ، دەيتتى . كىچىك چېغىدا ئۇ ئىبادەتخانىدا تۇرغان ، ئىبادەتخانا ھويلىسىدا غۇچچىدە شاتارى دەرەخلىرى بار ئىدى . ئۇ ئىبادەتخانا ھويلىسىنى سۈپۈرۈشكە مەسئۇل ئىدى ، شاتارى گۈللىرى بەكلا ئاجىز ئىدى ، ئازراقلا شامال چىقسا يەرگە تۆكۈلەتتى ، سۈپۈرۈپ بولۇپلا كەينىگە قارىسا ، يەر يۈزى يەنە بىر قەۋەت گۈل ۋە ياپراقلارنىڭ ئاستىدا قالغان بولاتتى . بىراق ، ئۇ مەيۇسلەنمەيتتى ، چۈنكى بۇ گۈللەرگە قاراش ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئىدى .

گۈگۈم پەيتىدە بۇ گۈللەر قارىغان ئادەمنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلاتتى ، كۈچسىز قۇياش نۇرى ئاق رەڭلىك گۈللەرگە چۈشۈپ ، دەرەختە ، يەردە بىر قەۋەت ئالتۇن رەڭ نۇر ھاسىل قىلاتتى ، خۇددى ئۆزىگە ئىلاھىي خاسىيەتنى مۇجەسسەملىگەندەك .

2 ـ ، 3 ـ ئايلاردا گۈللەر ئېچىلىپ توزۇيتتى ، ياپراقلارمۇ تولۇقى بىلەن تۆكۈلۈپ ، پەقەت قاغجىرىغان دەرەخ شاخلىرىلا قالاتتى ، ئۇلارنىڭ شەكلى بۇغا مۈڭگۈزىگىلا ئوخشاپ قالاتتى ، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى «بۇغا مۈڭگۈزى دەرىخى» دەپمۇ ئاتىشاتتى . چۇن چىننىڭ كۆزلىرى ئالتۇن رەڭلىك ئىلاھىي نۇرغا چۈمۈلگەن گۈللەرنى كۆرەلمىسىمۇ ، لېكىن سۇدىيە ئۇنى باشلاپ بېرىپ ، بۇغا مۈڭگۈزى شەكىللىك شاخلارنى سىلاتقۇزاتتى .

يىگىت ئۆزى چوقۇنىدىغان ئىلاھ بىلەن بىللە بولدى . بەلكىم ئەڭ ئېگىز ، ئەڭ يىراقتىكى ئىبادەتخانىدا يىگىت يەر يۈزىنى قاپلىۋالغان شاتارى گۈللىرىنى ئاستا سۈپۈرۈۋاتقاندۇ . بۇ دەل گۈگۈم پەيتى ئىدى ، ئالتۇن رەڭ بورۇنقىدەكلا سېھرىي كۈچكە تولغان . يىگىت پات ـ پاتلا توختاپ ، ئازراق ئېڭىشىپ ، بۇ دۇنيادا ئازاب چېكىۋاتقان بۇ قىزغا قاراپ قويىدىغاندۇ .

چۇن چىننىڭ شاخلاپ تۇرىدىغان ئەسلىمىسىدە ، سۇدىيە پەقەتلا

بىر سۇس كۆلەڭگىدىن ئىبارەت ، ئۇنىڭ سۇسلۇقى كۆپ يىللار بۇرۇنقى بىر قان دىغىغا ئوخشاش ، ئۇ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلا ئۆتۈپ كەتتى . بىراق ، بۇ كۆلەڭگە ھەمىشە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ، ئۇنىڭدىن ئايرىلماي كەلگەنىدى .

## 10

تۆگە چۈن چىنى بارگاھىغا قايتۇرۇپ كەلدى . يەنىلا ھېلىقى دېرىزىلىرى چوڭ ئۆي ، كەچكى قۇياش نۇرى يەر يۈزىنى يېپىپ تۇرغان پالما دەرىخى يوپۇرماقلىرىنى پارقىرىتىپ تۇراتتى .

تۆگە ئۇنى قۇچاقلىدى ، بۇرۇنقىدىنمۇ مۇلايىم ، ئېھتىياتچان ھالدا چۈن چىنىڭ تېنىگە كىردى . ئۇ تۆگىنى تېگىرقاش ئىچىدە سەزمەكتە ئىدى ، چۈن چىنىڭ تېنى ئۈستىدىكى تۆگە تۇساتتىن كىچىك ئوغۇل بالىدەك رايىش بولۇپ قالدى .

چۈن چى قولىنى سوزۇپ ئۇنىڭ يۈزلىرىنى سىلىدى ، بارماقلار ئۇنىڭ كۆزلىرىگە كەلدى ، ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالغانىدى . تۆگىنىڭ تېرىسى خۇددى يۇمشاق تۇپراققا ئوخشايتتى ، قورۇقلار قويۇق يېپىنچا ئۆسۈملۈكتەك ھەممە يەرگە تارىلىپ ، ئۇنسىز ھالدا ئەسەبىيلەرچە ئۆسمەكتە ئىدى ··· قېرىش جەريانىنى توسۇپ قالغىلى بولمايدىغانلىقى بىر ھەقىقەت ، تۆگە چاك ـ چېكىدىن يېرىلىپ كەتكەن كونا تامغىلا ئوخشاپ قېلىۋاتقانىدى ، ئۆرۈلگەندىكى چاڭ ـ توزان دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى . خۇددى بۇ چاڭ ـ توزانلار تۆگىنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ كەچۈرمىشلىرىدەك ، چۈن چىنىڭ ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۈمۈرۈشىگە نائىل بولۇۋاتاتتى . چۈن چى ئۇنىڭ ئۆتمۈشىدىن ئۆزىنىڭ يىتكەن ئەسلىمىسىنى ئىزدىمەكتە ئىدى .

چۈن چى بۇ ئەسلىمىگە ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ بەكرەك موھتاج بولۇۋاتاتتى . سۇدىيەنىڭ ئۆلۈمى ئۇنىڭ تۆگىگە يېتىپ

بارىدىغان يولنى توسۇپ قويغانىدى ، ئۇنىڭ ئەمدى تۆگە بىلەن كەلگۈسى بولمايتتى ، ئۇلار پەقەت ئۆتمۈشتىلا جەم بولالايتتى . ھېلىمۇ ياخشى ، ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشى تولىمۇ مول ئىدى ، ئەسلىمىسىنى ئىزدەش جەريانى چۇن چىنى يوقالغان ئەسلىمىسىنىڭ چوقۇم ھەشەمەتلىك ھەم گۈزەل ئىكەنلىكىگە ، ئۆزىنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويمايدىغانلىقىغا بارغانسېرى ئىشەندۈرۈۋاتاتتى .

چۇن چى ئۇنىڭ تېنى ئاستىغا يوشۇرۇنۇۋالدى ، ئۇنىڭ ئېغىر تېنى پاكار لەمپىگە ئوخشاش چۇن چىنى توسۇۋالدى . چۇن چى ئۆزلىرىنىڭ ئۆتمۈشتىكى مەلۇم بىر ۋاقىتتا تۇرۇۋاتقانلىقىغا ئۆزىنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشاتتى . شۇڭا ، ئۇ سۇدىيەنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇنتۇپ ، تۆگە بىلەن پۇخادىن چىققۇچە كۆڭۈل خۇشى قىلماقتا ئىدى .

بىراق ، تۆگە مەڭگۈ بىر ياۋايى باسمىچى ئىدى . ئۇ چۇن چىنىڭ غوزىكىنى يىرتىپ ، ئۇنى سىرتقا چىقاردى .

چۇن چى توساتتىن پاكار لەمپىنىڭ ئۆرۈلگەنلىكىنى ھېس قىلدى ، ئۇ ئۇچۇقچىلىقتىلا قالغانىدى ، ئۆزىنى ياپقۇدەك ھېچنېمە يوق ئىدى . چۇن چى يىگىتنىڭ سوغۇق ھەم قاراڭغۇ بۇلۇڭدىن ئازراق - ئازراقتىن تارتىپ چىقىرىلغانلىقىنى كۆردى . ئۇنىڭ مۇزلاپ كەتكەن پۇتلىرى كېرىلگەن ھالەتتە ئىدى ، كۆكىرىپ كەتكەن يۈزلىرىدە ئۆلۈمنىڭ شۇنچىلىك تۇيۇقسىز كەلگەنلىكىگە بولغان ئازراق ھەيرانلىق قېتىپ قالغانىدى .

چۇن چى ئۇنىڭ مۇرىسىدىن ئۆزىنىڭ ھىدىنى تاپتى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر قۇچاقلىشىش بولۇپ ئۆتكەن ، ئۇنىڭغا شاتارى گۈلىنىڭ خۇش پۇرىقى سىڭىپ كەتكەن .

چۇن چى ئۇنى كۈچەپ ئىتتىرىۋەتتى ، بىر - بىرىگە چاپلىشىپ

كەتكەن تەنلەر ئاجرىدى، ئۇلار ھەر ئىككىسى ئاغرىق ھېس قىلىشتى. تۆگە بېسىپ تۇرۇپ، ئۇنى قايتىدىن ئاچتى.

چۇن چى ئۇنى قاتتىق چىشلەيتتى، ئۇنىڭ بويۇنلىرىنى چىمدىيتتى. ئۇ چۇن چىنى باسقىنىچە ئۇنى ئېلىپ ئەڭ ئېگىز چوقىلاردىن ھالقىماقتا ئىدى. ئۇ ئۇچار قۇشلار ۋە شاپتۇل چېچەكى ماكانلاشقان جاي، ئۇ دۇنيادىكى غايىۋى پەللە، ئۇنى تۇسۇشقا ھەرقانداق ئادەم ئامالسىز.

شارقىراتما تاغ چوققىسىدىن چاچراپ چۈشۈپ، ئەڭ مەخپىي ئۆڭكۈرگە ئېقىپ كىردى. چۇن چى بۇلاق سۈيىنىڭ گىرانىت تاشلارغا ئۇرۇلغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى، ئۇ ئاۋاز ۋەزنىلىك ھەم لەرزان ئىدى، خۇددى پىشقان مېۋىنىڭ ساپىقىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشۈش جەريانى تاماملانغاندەك.

چۇن چى داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى.

بەلكىم چۇن چى قانداق ئىشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى خېلى بۇرۇنلا بىلىپ بولغان بولسا كېرەك. ئەڭ تۆۋەنكى قاتلامدا ئۆچۈك ھالەتتە تۇرغان يانار تاغ ئويغاندى، كىشىنى چۆچۈتىدىغان ئاۋاز قەۋەتمۇقەۋەت ئوقچۇپ چىقتى، قۇرغاق تېرىلەر نەملەشتى. تۇساتتىن چۇن چىنىڭ ئۇنىڭ تېنىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي قالدى، ۋۇجۇدىدىكى ئاداۋەتنى ئۆركەشلىگەن شارقىراتما ئېقىتىپ كەتكەندى. ئۇ يەر ھازىر بىر بوشلۇققا ئايلىنىپ قالغاندى، لېكىن بىر تال ئۇرۇقنىڭ قارشى قىرغاققا ئاستا ـ ئاستا ئۈزۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

## 11

قوشۇن يېڭى ئۆيلەرنى سېلىۋاتاتتى ھەمدە ئارالدىكى پۇلدارلارنىڭ ھەر خىل قىممەتلىك نەرسىلىرىنى شىلمەكتە ئىدى.

كىشىلەر بارا ـ بارا ھونپىنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغىمۇ كۆنۈپ قالدى . ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، كىمنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشى مۇھىم ئەمەس ، ئەڭ مۇھىمى ، قېلىپ قالغان ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئامان ـ ئېسەن ياشىشى ، قورسىقى تويغۇدەك تاماقتا ئېرىشىشى ، يەنە قان تۆكۈلمەسلىكىدىن ئىبارەت ئىدى .

چۈن چى بارگاھتىن چىققاندا ھېچكىم توسۇۋالمىدى . تۆگە ئۇنىڭ كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمەيتتى ، مۇنداقچە ئېيتقاندا ، تۆگە ئۇنى كېتىپ قالىدۇ دەپ قارىمايتتى (ئەزەلدىن تارتىپ تۆگە چۈن چىنى تاشلىۋېتىپ كەلگەن ، چۈن چىنىڭ تۆگىنى تاشلىۋېتىش مۇمكىنچىلىكى يوق ) . تۆگە چۈن چىنىڭ ئاۋۋالقى قېتىمقى كېتىپ قېلىشىنى دېڭىز بويىدىكى كىچىك ئۆيدە تۇرىدىغان ھېلىقى شۇمتەكنى ئۇنتۇيالمىغانلىقىدىن بولغان ، دەپ قارايتتى ، ھازىر ئۇ چۈن چىنىڭ ئورنىدا بۇ غەمنى يوق قىلىۋەتتى ، ئۇنىڭ نەزىرىدە چۈن چىنىڭ كېتىپ قېلىشىغا ھېچقانداق سەۋەب قالمىغانىدى .

چۈن چى ئۆزى يالغۇز ھالدا دېڭىز بويىدىكى كىچىك ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى ئورمانغا باردى ـ دە ، ئۇ يەردىكى قەبرە دۆۋىلىرىنى بىردىن ـ بىردىن تۇتۇپ چىقتى . كىچىكلىرى سۇدىيەنىڭ كىچىك جانىۋارلىرىنىڭ ئىدى ، ماۋۇ ئەڭ چوڭ تۇرغىنى دەل سۇدىيەنىڭ ئىدى . چۈن چى شاتارى گۈلىدىن ئازراق ئەكېلىپ ئۇنىڭ قەبرىسىگە قويدى . ئۇ يىغلىمىدى ، قەبرىگە يۆلىنىپ تۇرغاندا ، خۇددى سۇدىيە يېنىدا ئولتۇرغاندەك ئۆزىنى تولىمۇ بەختەر ھېس قىلدى . سۇدىيە ئەزەلدىن جىمجىتلىقنى خالايتتى ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلمايتتى .

ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇ بۇ يەردىن كەتتى ، مېڭىش ئالدىدا كارىۋات ئاستىدىن لىققىدە قۇلۇلە قېپى قاچىلانغان بىر ياغاچ ساندۇقنى تارتىپ چىقتى . بۇ سۇدىيەنىڭ ئۇنىڭغا تەييارلاپ قويغان ئەڭ ئاخىرقى سوۋغىسى ئىدى .

چۈن چى دېڭىز بويىدا تۇرۇپ باشقا كىچىك ئاراللارغا بارغىلى

بولىدىغان كىمىنى ساقلاۋاتاتتى . ئۇ تۆگىگە تەۋە بولمىغان بىر كىچىك ئارالنى تېپىپ ، ئۇ كونترول قىلىۋاتقان تەۋەلىكتىن قېچىپ كەتمەكچىدى .

تۆگىنىڭ لەشكەرلىرى تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ ئۇنى تۇتۇۋالدى . ئۇ يەنە تۆگىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلدى . ئۇ تۆگۈلگىنىچە قولىدىكى ياغاچ ساندۇقنى مەھكەم قۇچاقلاپ تۇراتتى . تۆگە چوقۇم غەزەپلىنىپ كېتىۋاتقان بولسا كېرەك ، چۈن چى ئۇنىڭ پۇشۇلداپ ھاسىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى . تۆگە ئۇنى چېچىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈۋەتتى .

تۆگە ئۇنىڭ يۈزلىرىنى چىمدىيتتى . چۈن چى ئۇنىڭ ياۋايىلارچە ھەرىكىتىدىن ئۆتمۈشتىكى بىرەر مېھرىبانلىقنىڭ ئىزنالىرىنى تېپىش ئۈچۈن تىرىشاتتى ، ئەمما بۇ بىھۇدە ئاۋارىچىلىكتەك قىلاتتى . مۇھەببەت ئادەمنى ھەسرەتكە دۇچار قىلىدىغان خىيالىي تۇيغۇ ، مۇشۇ دەقىقىلەردە تۆگە ئۇنى مۇشۇنداق خارلاۋاتسا ، ئۇ قانداقمۇ كۆكۈم ـ تالقان قىلىنغان خىيالىي تۇيغۇغا قايتىدىن چۈكەلىسۇن ؟

— ئۇنىڭ قولىدىكى ساندۇقنى تارتىۋېلىڭلار ! — تۆگە يېنىدىكى لەشكەرلىرىگە بۇيرۇق قىلدى .

چۈن چى سوغۇق كۈلۈپ قويدى . تۆگىنىڭ نەزىرىدە ئۆزىنىڭ پۇلغا ئامراق ئايال بولۇپ كۆرۈنۈۋاتقانلىقى ئۇنىڭغا كۈلكىلىك تۇيۇلۇۋاتاتتى .

لەشكەرلەر ئۇنىڭ قولىدىكى ساندۇقنى تارتىۋېلىشقا كەلدى . ئۇ تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇۋالدى ، بىر ئاجىز ئايالنىڭ مۇشۇنچىۋالا كۈچىنىڭ بارلىقىغا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەيران قېلىشتى . ھالبۇكى ، چۈن چىنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئۇلارنى ئۇنىڭ قولىدىكى ساندۇقتا جاۋاھىراتلار بار بولۇشى مۇمكىن ، دېگەن قاراشقا كەلتۈرۈپ قويدى .

ساندۇقنى ئېچىپ ئۇلارغا كۆرسىتىپ قويسا ھەقىقىي

ئـەھۋالنىڭ ئاشكارىلىنىدىغانلىقى ، ئۇ چاغدا تۆگىنىڭ قانچىلىك ئوسال بولۇپ قالىدىغانلىقى چۇن چىگە ئىنىق . لېكىن ، چۇن چى ئـۇنـىـڭ ئۆزىنى داۋاملىق خاتا چۈشىنىۋېرىشىگە رازى ئىدىكى ، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ساندۇقنى ئېچىشىغا يول قويالمايتتى ، چۈنكى بۇنـداق قـىـلـىـش بـىـر خىل ھاقارەت ، ئىخلاسمەن سۆيگۈگە ، قىممەتلىك ئەسلىمىگە ، سۇدىيەگە بولغان ھاقارەت .

ياغاچ ساندۇق ئاخىر يەنىلا تارتىۋېلىنىپ دەم كۆمتۈرۈلدى ، قۇلۇلە قاپلىرى يەرگە تۆكۈلدى . ئۇنىڭدىن چىققان ئاۋاز زەخمە يېگەن جانىۋارنىڭ ئېچىنىشلىق نىداسىغا ئوخشاپ كېتەتتى .

ئىللىق قۇياش نۇرى ئاستىدا بۇنىڭدىنمۇ چوڭراق خورلۇق بولمىسا كېرەك .

ئـۇ ھەيران قالغان لەشكەرلەرنىڭ قولىدىن ئاجراپ ئۆزىنى يـەرگـە ئـاتـتـى ـ دە ، قۇلۇلە قاپلىرىنى سىلاشتۇرۇپ تېرىشكە باشلىدى . چۇن چى بىر بۆلەك ـ بىر بۆلەكتىن تېرىپ ، ئۇلارنى قايتىدىن ياغاچ ساندۇققا سالدى .

تۆگە ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ھەيرانلىقتىن تۇرۇپلا قېلىشتى . بۇ سەۋدايى ئايال ئۇلارغا تولىمۇ چۈشىنىكسىز بىلىنىۋاتاتتى ، ئۇ گـۆھـەردەك ئـەتىۋارلايدىغان ساندۇقتىن چىققىنى ھەممىلا جايدا ئۇچرايدىغان قۇلۇلە قاپلىرى ئىدى . ئۇ مال ـ دۇنياغا ھېرىسمەن بولمىسا ، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئاچ كۆزلۈك قىلىۋاتقىنى زادى نېمىدۇ ؟ زادى قانداق نېمە ئۇنىڭ مۇشۇنچىلىك ھېيىقىشى ۋە مەستانىلىكىنى قـوزغـىـۋەتـكـەندۇ ؟ تۆگە ئېغىشىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىماقچى بولدى . چۇن چى جاقىلداپ تىترەشكە باشلىدى .

— مېنى ماڭغىلى قويۇڭ ··· — دېدى ئۇ ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا پىچىرلاپ .

چۇن چى ياغاچ ساندۇقنى كۆتۈرگىنىچە بۇ يەردىن كېتىپ ، كېمە بۆلمىسىدە غايىب بولدى ، كېمە بولسا كەڭ دېڭىزدا غايىب

بولدى . تۆگىنىڭ نەزىرىدە بۇ قىز ئادەمنى ئەنسىزلىككە سالىدىغان ، ھەتتا شۇملۇق ھېس قىلدۇرىدىغان بولۇپ تۇيۇلۇۋاتاتتى . تۆگە ئۇنىڭ يەرگە تىزلىنىپ ئولتۇرغاندىكى ئۈمىدسىز ھالىتىنى تېزرەك ئۇنتۇپ كېتىشىنىلا ئۈمىد قىلاتتى . ئۇ يېنىدىكى لەشكەرلىرىگە :

— يۈرۈڭلار ، قايتايلى ، — دېدى ھارغىن ھالەتتە .

قىز كېمە بۆلمىسىدە ئولتۇراتتى ، ھېلىقى كىچىك تۆرەلمە ئاخىر مىدىرلاشقا باشلىدى ، بۇ ئۇنىڭ تۇنجى مىدىرلىشى ئىدى . بۇ تۆرەلمە خۇددى بىر لەگلەكنىڭ يىپ غالتىكىدەك قىلچە تەمتىرىمەستىن يىپ قويۇپ بەرمەكتە ئىدى ، ئاندىن ئۇ بۇ قىزغا : «قورقماڭ ، ئەمدى سىز قىلچە تايانچسىز ئەمەس» دەيتتى بوشقىنا .

قىز موكا شەكىللىك يىپ غالتىكىنى ئۆتكۈزۈۋالدى ، ئۇنىڭغا سىبىغىنىش ۋە سۆيگۈنىڭ بىر ئورام ـ بىر ئورامدىن ئوراقلىق تۇرغانلىقىنى ، ھېچقايسىسىنىڭ يىتمىگەنلىكىنى كۆردى . ئۇنىڭ سەرپ ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە ئىدى .

# ئەينەك سىلىقلاش

*سۇدىن ئاينى سۇزمەك بولۇپ نادان مايمۇن ،*
*دېگۈدەكمىش چۈشتۈق يىغنە سۇزمەككە .*
*مۇھەببەت دەرياسىنىڭ تېگى چەكسىز ،*
*تۈگىمەيدۇ رىيازەت دېڭىزى ئۈزمەككە .*

— لياڭ چاۋ ، فۇ داشى : « ‹ۋەجرە سۇترە›گە مەدھىيە »دىن

# ئالدىنقى بۆلەك

## 1

چۇن چىنىڭ كۆزلىرى قارىغۇ بولغاندىن كېيىن، سۇڭ سۇڭنىڭ سىيماسى ھەمىشە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. سۇڭ سۇڭ ئۇچىسىغا ھېلىقى كىرلىشىپ كەتكەن كۆل رەڭ كۆڭلەكنى، پۇتىغا ئوت - چۆپلەردىن توقۇلغان كۆرۈمسىز چورۇقنى كىيىپ، ئاي شەكىللىك يوغان مىس مېدالىئون ھەم ئاق ياكى قارا رەڭلىك مارجان ئاسقان ھالدا ئېگىز ئۈجمە دەرىخى ئاستىدا بىر سىپارنى چاينىغىنىچە تۇراتتى، تۇيۇقسىز مېيىقىدا كۈلۈپ قويسا، ئېغىزىدىكى قىزىللىق ئالاھىدە كۆزگە چېلىقاتتى. سۇڭ سۇڭنىڭ گۈزەللىكى ئادەمنى ھەيران قالدۇراتتى ھەم سarasىمىگە سالاتتى، بىراق ئۆزى بۇنى زادىلا بىلمەيتتى. بۇ گۈزەللىككە بىر خىل ۋەھشىيلىك يوشۇرۇنغانىدى، خۇددى سۇڭ سۇڭ تىك چوققىغا ئاچىقىپ قويۇلغاندەك، يىقىلىپ چۈشۈش پاجىئەسى ھەر ۋاقىت يۈز بېرىدىغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

ئۇلار تونۇشقان دەسلەپكى مەزگىل سۇڭ سۇڭنىڭ ئەڭ گۈزەل چاغلىرى ئىدى، بىر ئايال زاتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ ئەڭ گۈزەل چاغلىرىنى ئۆزى ھېس قىلالمايدۇ، دۆتلۈك ئىچىدە تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە قاراپ يامىشىپ، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئەڭ يۇقىرى چوققىغا چىقىپ قالىدۇ.

بۇ خىل گۈزەللىك چۇن چىنىڭ كۆڭلىدە تىنچسىزلىق پەيدا قىلغان بولسا كېرەك، بەلكىم ئۇنىڭغا يەنە تېخىمۇ مۇرەككەپ ھېسسىياتلار ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، ھەسەتخورلۇق دېگەندەك. ھەسەتخورلۇق سەۋەبىدىن چۇن چى ئۆزىنى چەتكە ئېلىشنى ئويلىغان. بۇ خىل تۇيغۇ خۇددى چۇن

چىنىڭ بىرىنچى قېتىم ئىتىياڭقى گۈللۈكىگە كىرىپ قالغان چېغىدىكىگە ئوخشايتتى، ساڭگىلاپ تۇرغان گۈللەرنى، ئۇلاردىكى ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتىي كۈچنى، بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن ھالىتىنى كۆرگەن چۈن چى، بۇ نىمىدېگەن چوشكۈن گۈزەللىك ـ ھە، دەپ ئويلىغانىدى. سۈك سۈڭنىڭ ئالدىدا ئۇ بۇ گۈللەرنى مەدھىيىلىدى، سۈك سۈك، ئۇ بۇ گۈللەرگە بەكرەك ئامراق ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى، بىراق بۇ مەدھىيىگىمۇ چوڭقۇر ئەيمىنىشنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلمەيتتى. مۇشۇنداق بولغاچقا، ئاشۇ گۈللەر بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كېتەلمەسلىك چۈن چىنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەنىدى.

## 2

لىيەنيەن ئارىلىدىكى يىغىۋېلىش ئورنى چۈن چى ئەسلىمىسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئىدى.

ئۇ جاي ئەسلىي تاغ قاپتىلىغا سېلىنغان مەسچىت ئىدى، يەر شارائىتى بەك ياخشى بولغانلىقتىنمۇ ياكى خۇدانىڭ ئۆز پاناھىدا ساقلىغانلىقى ئۈچۈنمۇ، بۇ جاي دېڭىز تاشقىنى يۈز بەرگەندە ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمىدى. دېڭىز تاشقىنىدىن كېيىن يەرلىك مۇسۇلمانلار ئۇنى يىغىۋېلىش ئورنى قىلىشقا خۇشاللىق بىلەن قوشۇلدى، ئۇلار ئۆزلىرى يېقىندىكى بىر قوشنا ئارالغا كۆچۈپ كەتتى، ئۇ يەردە مالايلىقلارنىڭ ئىپتىدائىي قەبىلىلىرى ياشايتتى، مەسچىت ۋە بىخەتەر تۇرالغۇلار بار ئىدى.

بۇ يەر چۈن چىگە قەبرىدەكلا پۈزايىتتى، خۇددى بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە بىر قېتىم ئۆلۈپ باققاندەك. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ شۇنداق ئىدى، بەلكى تېخىمۇ ئۇزۇل ـ كېسىل ئۆلگەندەك قىلاتتى، ئۆتكەن ئىشلار ئۇنىڭ يادىدا ئازراقمۇ قالمىغانىدى.

ئۇ قېتىملىق دېڭىز تاشقىنى چۈن چىنىڭ ئېسىنى ئېلىپ كەتتى، ئۇنى غۇبارسىز بوۋاقتا ئوخشاش بۇ دۇنياغا قايتىدىن ئېلىپ كەلدى. خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىلدە، ئۇ خۇددى ئۇيقۇسىراش

كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ قالغاندەك ، چۈشلەرگە غەرق بولۇپ يۈردى . چۈش كۆرگەندىكى سېزىم تولىمۇ ياخشى ئىدى ، ھېچقانداق كۈچ سەرپ قىلمىسىمۇ ، ئادەم ئۆزىنى يەڭگىل لەيلەۋاتقاندەك سېزەتتى . بىر ناتونۇش ئادەم يېقىنلىشىپ ، ئۇنىڭ بېشىنى قاشلىغاندەك قىلدى . چۈن چى ئويغىنىپ ، بېشىدىن چۈشكەن چاچنىڭ ياستۇقنى يېپىۋالغانلىقىنى كۆردى .

ئۇ ئويغاندى ، ئىسسىق بەلۋاغدىكى قارا يامغۇردا بىرى ئۇنى كۆچەپ تەۋرەتمەكتە ئىدى . چۈن چى كۆز ئالدىدىكى قىزنىڭ يۈزلىرىگە سۆۋۈشىپ كەتكەن قانلارنى كۆردى . ئاي نۇرىدا ئۇ خۇددى ئىشق ـ مۇھەببەت ئازابىنى يەتكۈچە تارتقان ئايال ئالۋاستىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى . قىز بىر يۆگەم پاختىنى چۈن چىنىڭ بۇرۇن تۆشۈكىگە تىقىپ ، ئۇنىڭ بىر قولىنى يۇقىرىغا قارىتىپ كۆتۈردى . چۈن چى ئويغۇسىرىغان ھالەتتە كارىۋاتتا ئولتۇراتتى ، ئۇ يېنىدىكى قارا ئەينەككە قاراپ ، ئۆزىنىڭ قان يۇقى ئېڭىكىنى كۆردى . بۇرنىغا ئاق بۇلۇتتەك بىرنېمە يېپىشقلىق ، بىر قولى ئېگىز كۆتۈرۈكلۈك ئىدى .

— ئەمدى ئۇخلاۋەرسىڭىز بولمايدۇ ، بولمىسا ، قانلىرىڭىز ئېقىپ تۈگەيدۇ ، — دېدى ئۇ قىز چۈن چىگە .

— بىراق ، ئازراقمۇ ئاغرىمايدىكەن .

— ئۇنداقتىمۇ بولمايدۇ ، قولىڭىزنى يەنىمۇ ئېگىزرەك كۆتۈرۈڭ .

ئەسلىدە يەنە بۇرنىدىن قان كەتكەنىكەن ، ئويقۇ ھالىتىدە بۇرنىدىن قان ئاققاندا ھېچقانداق سېزىم بولمايتتى ، ئۆزىنى تولىمۇ يەڭگىل سېزەتتى . قان خۇددى قىزىل سازاڭ قۇرتقا ئوخشاش چۈن چىنىڭ چۈشىگە يوشۇرۇنچە كىرگەنىدى . سازاڭ ناھايىتى كىچىك ، قۇيرۇقىدا بىر ئىلمىكى بار ئىدى ، ئۇ بارا ـ بارا ئۈزىراپ ، ئەڭ ئاخىردا چۈن چىنىڭ چۈشىنى تېشىۋەتكەنىدى .

چۈش خۇددى بالىياتقۇغا ئوخشاش خالتا ، ئۇ تېشىۋېتىلگەندىن كېيىن قان ئېقىشقا باشلايدۇ ، خۇددى بوۋاق چاچراپ كەتكەندەك .

لېكىن ، بۇنىڭ ئۇچۇن ئازابلىنىشلار بولمايدۇ ، ئەكسىچە بارىكاللىلار ئېيتىلىدۇ ، خۇددى سېھىرگەرلىك ئويۇنى ئاخىرلاشقاندا ، قارا ھاسىدىن بىر دەستە گۈل چىققىنىنى راست دەپ قالغاندەك . گۈلدەستىگە ئەسلىي يۇرەك شەكىللىك نۇرغۇن كېپىنەكلەر قونۇۋالغاندى ، بۇ چاغدا ھەممىسى ئۇچۇپ كەتتى . كېپىنەكلەر چۈن چىنىك يۈزىگە قونۇپ ، ئىككى مەڭزىنى قىچىشتۇرۇۋەتتى ، ئۇ چۈشىدە ۋىلىق - ۋىلىق كۈلدى . ئارقىدىنلا بىرى ئۇنى ئىرغىتىپ ئويغاتتى . بۇرنىدىن ئاققان قان ياستۇقنىڭ يېرىمىنى بوياپ بولغانىدى .

چۈن چى ياتقان يېرىدىن قوپۇپ تەشۋىش ئىچىدە ئولتۇردى . يېرىم كېچىدىكى دەرەخ سايىسى دېرىزە سىرتىدا لەپەڭلەپ تۇراتتى ، شۇنچىۋالا چوڭ ئۆينىڭ ھەممىلا يېرى كارىۋات ئىدى ، كارىۋاتتا ياش قۇرامى ، ئىرقىي ئوخشىمىغان ئاياللار ئۇخلىماقتا . ئۇلار قورقۇنچ ۋە قانماسلىق ئىچىدە ئۇخلاۋاتقاچقا ، يالۋۇرۇش ۋە ئىستەككە تولغان جۆيلۈشلىرى توختىمايتتى ، بەزىدە خىرىلدىغان ئاۋاز چىقىراتتى ، بۇ ئاۋاز خۇددى تاشنىڭ ئاستىدا قالغان مولۇننىڭ ئاۋازىدەك ئېچىنىشلىق ئىدى .

ئۇنى ئىرغىتىپ ئويغاتقان قىز ئۇنىڭ يوتقان - كۆرپىلىرىنى ئاچىقىپ يۇدى . ئۇ قىز چۈن چىگە ئۆز ئىسمىنى دەپ بەرگەنىدى ، لېكىن مۇشۇ چاغلاردا چۈن چىنىڭ ئېسىدە يوق ئىدى .

چۈن چى ئاي نۇرىدا شەكىللەنگەن چىغىر يولنى بويلاپ ئىشىكتىن چىقتى - دە ، قويۇق يوپۇرماقلىق بامبۇك ۋە كوكۇس دەرەخلىرى بولۇق ئۆسكەن ھويلىغا چىقتى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قالايمىقان قويۇلغان زەمبىللەر تۇراتتى . شامال چىقىۋاتقان ھەم يامغۇر يېغىش ئالدىدا تۇرغان بۇ يېرىم كېچىدە ، بۇ زەمبىللەر خۇددى دېڭىزدىكى قولۋاقلاردەك ئاستا - ئاستا تەۋرىنەتتى . بوشلۇقتا بىرنەچچە تال توم ئارغامچا تارتىلدى ، ئۇ قىز پاكىز يۇغان يوتقان - كۆرپىلەرنى ئارغامچىغا يېيىۋاتاتتى . ئۇ يەردە ئاق رەڭلىك نۇرغۇن كىرلىكلەر قاتارىغا يېيىلغان ، خۇددى يىرتىلىپ كەتكەن

يەلكەنگىلا ئۇخشايتتى ، شامال چىقسىلا يولغا چىقىدىغاندەك ھالەتتە تۇراتتى .

ئەنە ئاشۇ قىز چۈن چى ئەڭ دەسلەپتە تونۇشقان سۈك سۈك ، ئۇ لەپىلدەپ تۇرغان ئاق كىرلىكلەر ئارىسىدا تۇراتتى ، خۇددى چۈن چىنىڭ ئالدىغا بۇلۇتلارنىڭ يەڭگىل كۆتۈرۈشى بىلەن كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى .

چۈن چىنى دەل سۈك سۈك قۇتقۇزۇۋالغانىدى . ئۇ دېڭىز ساھىلىدا چۈن چىنى بايقىغاندا ، چۈن چى تىنىقىنى سەزگىلى بولمىغۇدەك دەرىجىگە بېرىپ قالغانىدى . بىراق ، ئۇنىڭ تېنى مۇزلىمىغان ، ئەكسىچە يانار تاغنىڭ كۆلىدەك قىزىق ئىدى . بۇ خىل ئىسسىقلىق سۈك سۈكنى ئۇنىڭ ھايات قالالايدىغانلىقىغا ئىشەندۈرگەنىدى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، سۈك سۈك چۈن چىنىڭ پۇتلىرىنىڭ قان رەڭگىدە ئىكەنلىكىنى بايقىدى ، قىپقىزىل قان ئىزى تاپىنىدىن يۇقىرىغا كېڭەيگەن ، قېنىقلىقتىن سۇسلىشىپ ماڭغان ، ئۇشۇقىغا كەلگەندە تولۇق يوقالغانىدى . بۇ قىزىل پۇتلارمۇ قىزىۋاتاتتى . سۈك سۈك زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ، پۇتتىكى جاراھەت ئېغىزىنى تاپماقچى بولدى ، بىراق تاپالمىدى ، پۇتتىن ئەسلا قان چىقمىغانىدى . ئۇ يەنە قان ئىزلىرىنى سۈرتۈپ چىقىرىۋەتمەكچى بولدى ، قان تېرە ئىچىدىن سىرغىپ چىققاندەكلا كۆرۈنسىمۇ ، قانچە كۈچىسىمۇ سۈرتۈپ چىقىرىۋەتكىلى بولمايتتى .

بۇ قىزىل پۇتلۇق ئاجايىپ بىر قىز ئىدى .

ئاشۇ گۇگۇمدا ، سۈك سۈك ئۇنىڭغا ئۇزاق قاراپ ئولتۇردى ، ئاندىن ئۇنى ئاستا يۆلەپ يۇدۇۋالدى . ئۇ چۈن چىنى يۇدۇپ قايتىپ ماڭدى ، ئۇنىڭ دۈمبىسىمۇ چۈن چىنىڭ بېسىپ تۇرۇشى بىلەن قىزىپ كېتىۋاتاتتى . پېتىۋاتقان قۇياش ئەڭ ئاخىرقى ئازراق نۇرىنى ئۇلارغا يەتكۈزگەندىن كېيىن كەڭ دېڭىزغا سەكرىدى ، ئۇلار ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىسىدىكى ئەڭ يورۇق يالقۇنغا ئايلاندى . مۇشۇ دەقىقىدىن باشلاپ ئۇلارنىڭ تەقدىرى چىڭ باغلىنىپ كەتكەنىدى .

## 3

يىغىۋېلىش ئورنىنىڭ قاراڭغۇ ھەم زەي ئۆيىدىكى بىر كارىۋات، كامپىلىيە گۈلى چۈشۈرۈلگەن يېشىل رەڭلىك يۇڭ ئەدىيال ھەممە نەدىن تېرىپ كەلگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر ماتا كۆڭلەك شۇ چاغدا چۇن چىنىڭ بارلىق تەئەللۇقاتى بولۇپ ھېسابلىناتتى. سۇس سۆسۈن رەڭلىك بۇ كۆڭلەكنى ئۇ دائىم ئۇچىسىدىن سالماي كىيەتتى، كۆڭلەكنىڭ كۆكرەك قىسمىغا ئانارنىڭمۇ ياكى تاۋۇزنىڭمۇ شىرنىسى ئېقىپ كېتىپ، سۇس قىزىل داغ قالغان، قارىماققا ۋەھشىيلىكنىڭ دەلىلى بولغان جاراھەت ئېغىزىدەك كۆرۈنەتتى.

چۇن چى ئەزەلدىن كىيىم - كېچەك تاللىشىنى خالىمايتتى. ھەر قېتىم يىغىۋېلىش ئورنىدا كىيىم تارقىتىلغاندا، ئۇ مۇساپىرلارنىڭ ئېتىلىپ بېرىپ كىيىملەرنى جان - جەھلى بىلەن تالىشىشلىرى ۋە ئۆزئارا ئۇرۇشۇشلىرىغا قارىغىنىچە بىر چەتتە پەرۋاسىز تۇراتتى. ئۇ مۇساپىرلار خۇددى ئۆزلىرىنىڭ قايتا ھاياتلىققا ئېرىشكەندىن كېيىنكى ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتىي كۈچىنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك، ئۇرۇشۇشقا جېنىنى تىكىپ قوياتتى.

كۆڭلەكنى ئۇنىڭغا سۇڭ سۇڭ ئەكېلىپ بەرگەنىدى.

بۇنىڭدىن بۇرۇن سۇڭ سۇڭ دائىم كېچىدە چۇن چىنىڭ قان تۇختىتىشىغىلا ياردەم قىلاتتى، بەلكىم ئۇ چۇن چىنىڭ يېنىدىكى كارىۋاتتا ئۇخلايدىغان بولسا كېرەك. بىراق، چۇن چى بۇنىڭغا دىققەت قىلىپ باقمىغانىدى. ئۇ ھەر قېتىم ئويغانغاندا مۇشۇنچىۋالا چوڭ ئۆيدە بىرمۇ ئادەم قالمىغان بولاتتى. ئاياللار قورۇدا توپلىشىپ پاراڭلىشىپ تۇرۇشقا ئامراق ئىدى، قىستاڭچىلىق بىلەن تولغان بۇ قاراڭغۇ ئۆيگە ئۇخلاش ئۈچۈنلا ئامالسىز كىرەتتى.

چۇن چى ئەتىگەن - كەچلىرى ئايلانغىلى چىققاندا، سۇڭ سۇڭنىڭ قورۇ تېمى تۈۋىدە قان ۋە بەلغەم دېغى بىلەن تولغان ئاشۇ ئالماشتۇرۇلغان كىرلىكلەرنى يېيىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى. ئۇ دائىم

بۇ يەردىكى ھەمشىرىلەرگە ياردەملىشىپ ، ئۇلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە نائىل بولغانىدى .

چۈن چى ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ سۇڭ سۇڭنىڭ قوللىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كىر يېيىۋاتقانلىقىنى كۆردى . بۇ قىز ئەمدىلا ئون بەش ـ ئون ئالتە ياشلارغا كىرگەن ، جۇغى كىچىك ، تېرىسى زىغىر رەڭ ئىدى . ئۇنىڭ جۇڭگولۇقلارنىڭ پۇشتىدىن ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى پەرقلەندۈرۈشمۇ قىيىن ئىدى . ئۇنىڭدىن بىر خىل ياۋايى گۈزەللىك چىقىپ تۇراتتى ، ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايتتى . ئۇ كىيىم يايغاندا نازۇك بەدىنى ئەۋرىشىم سوزۇلۇپ ، قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چېچەكلىگەن شاپتۇل كۆچىتىگىلا ئوخشاپ قالاتتى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ خۇددى گۈلچېڭدەك تۆكۈلۈپ تۇراتتى . چۈن چى كۆپىنچە مۇشۇنداق جىمجىتلا ئۆتۈپ كېتەتتى . ئۇ سۇڭ سۇڭنىڭ ئۆزىگە قاراپ كۈلگىنىنى تاسادىپىي ھالدا بىرقانچە قېتىم ھېس قىلغاندەك بولدى ، بىراق سۇڭ سۇڭنىڭ ئىسمىنى ئېسىگە ئالالمىدى .

ئاشۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇلار ئىككىسى لەمپە ئاستىدا تۇرۇپ ، ئاشۇ ئايالىلارنىڭ يىراقتىن ئېلىپ كېلىنگەن كونا كىيىملەرنى تالاشقىنىغا قاراپ تۇراتتى ، بۇ بىر مەيدان ئېلىشىشقا قاتناشمىغانلاردىن ئاشۇ ئىككىسىلا قالغانىدى . ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويۇپ ، قارشى تەرەپكە دوستانە كۈلۈمسىرەش ئاتا قىلىشتى . سۇڭ سۇڭ چۈن چىگە ، مېنى ساقلاپ تۇرۇڭ ، دېگەن مەنىدە كۆز ئىشارىسى قىلدى ـ دە ، ئۇرۇشۇپ ـ تاتىلىشىۋاتقان ئاياللار توپىغا قاراپ ماڭدى . چۈن چى ئۇنىڭغا تېڭىرقىغىنىچە قاراپ قالدى . تومۇز ئىسسىق بولۇۋاتقان بۇ چۈشتىن كېيىندە قىزىپ كەتكەن يەردىن بىر قەۋەت ئاق ھور كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى ، ئۇنىڭ ئىنچىكە ئوشۇقى تۇمان قاپلىغان بوشلۇقتا لەيلەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى ، يەڭگىل كۆلەڭگىسى خۇددى بۇلۇتلار ئارىسىدا پەرۋاز

قىلىۋاتقان پەرىگە ئوخشاپ قالغانىدى . پەرى ئاشۇ بىر توپ قەبىھ ئايالىلار ئارىسىغا چۈشتى ـ دە ، بۇلاپ كەلگەن كىيىملىرىنى قوللىرىدا چىڭ تۇتۇۋالغان ئىككى ـ ئۈچ ئايال بىلەن قىلچە يۈز ـ خاتىرىسىز ئېلىشىشقا باشلىدى . باياتىنلا ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئوبدان تۇرۇۋاتقان يېقىملىق قىز بىردەمنىڭ ئىچىدە ياۋايى ، زومىگەر ھازازۇلغا ئايلانغانىدى . ئۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر ئايالنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ ، گەجگىسىدىن يەرگە بېسىپ ، يەنە بىر قولى بىلەن ئۇ ئايالنىڭ قولىدىكى كۆڭلەككە ئېسىلىپ ، ئۇنى ئاززاق ـ ئاززاقتىن تارتىپ چىقاردى .

قىزچاقنىڭ مۇشۇ مىنۇتلاردا ئىشلەتكەن ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك كۈچى باياتىنقى بۇلۇڭتلار ئارىسىدا ماڭغاندەك قەدەملىرى بىلەن زادىلا ماس كەلمەيتتى .

ئەلۋەتتە ، ئۇ ئايالىلارمۇ ئۇنى ئۇراتتى ، قولاقلىرىنى تولغايتتى ، بىلەكلىرىنى قايرىيتتى ، ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن ئۇنىڭ يۈزلىرىنى تاتىلايتتى ، بىراق ئۇ ئوق ئۆتمەس باھادىردەك قىلچە چېكىنمەيتتى ، ھەتتا چىرايىدا ئاغرىق ئازابىنىڭ ئىپادىلىرىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى . بىردەمدىلا تۆت تەرەپتىن سۆڭ سۆڭگە ياردەم بېرىشكە بىر توپ ئاياللار يوپۇرۇلۇپ كەلدى . ئادەتتە چىرايى سوغۇق كۆرۈنىدىغان ، سۆڭ سۆڭ بىلەن ئانچە چوڭقۇر دوستلۇقمۇ ئورنىتىپ كەتمىگەن بۇ ئاياللار خۇددى پىرقىرىتىۋېتىلگەن نۇردەك ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى . سۆڭ سۆڭ ھەقىقەتەنمۇ چاقىرىق كۈچىگە ئىگە قامچا ئىدى ، بۇ دۇنيانى ئۆزى ئەتراپىدا پىرقىرىتالايتتى .

سۆڭ سۆڭ بىلەن كىيىم تالاشقان ئۇ بىرنەچچە ئايال ئاز كۈچ بىلەن كۆپنى يېڭەلمەي ، ناھايىتى تېزلا مەغلۇپ بولۇپ ، كىيىمنى قولغا چۈشۈرگەن ھېلىقى ئايالنىڭ سۆڭ سۆڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆڭلەكنى ئۇنىڭغا بەرگەنلىكىگە كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قارىشىپ قېلىشتى . سۆڭ سۆڭ كۆڭلەكنى بەخۇدۇك ھالدا ئالدى ، ئۇ مەڭزىلىرىدىن ئېقىۋاتقان قاننى باشتىن ـ ئاخىر سۈرتۈپ باقمىدى .

ئاياللار تارقىلىپ كېتىشتى ، سۇڭ سۇڭگىنىڭمۇ ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى . خۇددى بۇ نۇرغۇن قېتىم يۈز بەرگەن ئىشتەك ، ھەممىلا ئادەمگە ئادەتتىكىچىلا ئىش بولۇپ تۇيۇلدى . سۇڭ سۇڭ كېلىۋېتىپ قولىدىكى كۆڭلەكنى ئېگىز كۆتۈرۈپ چۇن چىگە قارىتىپ پۇلاڭلىتىپ قويدى ، قىزنىڭ كۈلكە يېغىپ تۇرغان قاش - كۆزلىرى ، مەڭزىلىرىدىكى ئاستا - ئاستا قېتىشىۋاتقان قان ھەم قولىدىكى كۆڭلەك ··· ئىشقىلىپ ، ھەممىلا نەرسە تولىمۇ يارقىن ئىدى .

قىز چۇن چىنىڭ ئالدىدا توختىدى - دە ، نەپىسى نورماللاشماستىنلا :

— ئېلىڭ ، — دېدى .

— ماڭا بېرەمسىز ؟

— ھەئە ، سىزگە بېرىمەن . سۆسۈن رەڭ سىزگە بەك يارىشىدۇ .

كۆڭلەك چۇن چىنىڭ قولىغا چۈشتى ، ئۇ خۇددى بىر كىچىك قۇشتەك يەڭگىل ئىدى . ئۇ كۆڭلەكنى چىڭ تۇتۇۋالدى ، خۇددى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بىخەستىلىكىدىن پايدىلىنىپ ئۇچۇپ كېتىشىدىن قورققاندەك .

چۇن چى بەكلا ھەيران قېلىۋاتاتتى . ئۇنىڭ كۆڭلى ناھايىتى تېزلا پاراكەندە بولۇپ كەتتى ، سەل ئارىسالدى بولۇپىراق ، ئاخىر يەنىلا بارمىقىنى سوزۇپ ، سۇڭ سۇڭنىڭ يۈزىدىكى قاننى ئېرتىشقا باشلىدى . بىرقانچە جايىدىكى جاراھەت ئېغىزى خېلى چوڭقۇر ئىدى ، تېرىلىرى تاتىلىنىپ چۈشۈپ كەتكەن ، يالىڭاچلىنىپ قالغان ئەتتىن قان توختىماي سىرغىپ چىقىۋاتاتتى . قاننىڭ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان يالقۇندەك كېڭىيىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چۇن چىنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ ، جاراھەت ئېغىزىنىڭ ئەتراپىدىكى قاننى سۈرتۈشتىن ئىبارەت بۇ بىھۇدە ھەرىكەتنىلا تەكرارلايتتى .

چۇن چى ئېسىنى يوقاتقاندىن كېيىن ، سۇڭ سۇڭ ئۇنىڭ بىلەن يېقىن ئۆتكەن تۇنجى كىشى ئىدى ، بىراق بۇ خىل تۇيغۇ چۇن

چىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدەك گۈزەل بولمىغانىدى. ئۆتمۈشى توغرىسىدا ھېچنېمىنى بىلمىگەچكە، چۈن چى دائىم دېگۈدەك غېرىبلىق ھېس قىلاتتى. ئۇ چاغلاردا ئۇ بىرەرىنىڭ ئۆزىگە يېقىنلىشىشىغا، ئۆزىگە كۆيۈنۈشىگە تولىمۇ ئىنتىزار ئىدى. بىراق، سۈڭ سۇڭنىڭ يۈزىدىكى جاراھەت ئادەمنىڭ كۆزىنى كۆيدۈرگۈدەك دەرىجىدە بولغاچقا، چۈن چى نېمە قىلىشىنى بىلەلمەيۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىدە سۈڭ سۇڭغا قايتۇرغۇدەك ھېچنېمە يوقتەك ھېس قىلماقتا ئىدى.

## 4

سۈڭ سۇڭ بىر ئۆي ـ ماكانسىز قىز ئىدى، ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن، ئۆزى يالغۇز ليەنيەن ئارىلىدا تۇراتتى. بەزىدە ئارالدىكى كاتولىك دىنى چېركاۋىدا تۇراتتى، بەزىدە مۇساپىرلار لاگېرىغا بېرىپ كۈن ئۆتكۈزەتتى، ئەتىسى ئۇنىڭ نەدە يۈرىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى، ھەتتا ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

بىراق، ئۇنىڭ يۈرگەن ـ تۇرغان يېرىنى بىلىشكە نۇرغۇن كىشىلەر قىزىقاتتى. چۈنكى، ئۇ ناھايىتى گۈزەل جانىۋار ئىدى، پۈتۈن ئورماندىكى ئۇچار قانات ۋە ھايۋاناتلار گۈزەللىكتە ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيتتى. بەلكىم چۈن چى ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىشى كېرەكتۇ، چۈنكى بۇ ئەڭ گۈزەل كىچىك جانىۋار ئۇنىڭ يېنىغا ماكانلىشىپ، كېچە ـ كۈندۈز ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇۋاتاتتى، بۇ ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدىغان ئىش ئىدى. سۈڭ سۇڭ ھەقىقەتەنمۇ چۈن چىدىن ئايرىلالمايتتى، كېچىلىرى ئۇخلايدىغان چاغدا، ئۇ ھەمىشە يوشۇرۇنچە چۈن چىنىڭ كارىۋىتىغا چىقىۋالاتتى ـ دە، ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

— ئۇخلاڭ، — دەيتتى. بۇ گەپنى دەپ بولغاندىن كېيىن سۈڭ سۇڭ رازىمەنلىك بىلەن كۆزىنى يۇماتتى.

ئىسسىق بەلۋاغنىڭ كېچىلىرىدە دېڭىز شامىلى بولسىمۇ، لېكىن ئادەمگە قۇرغاق ئىسسىق بىلىنەتتى. سۈڭ سۇڭ

ئۇخلىغاندىمۇ كەپسىز ئىدى، خۇددى يوتقان ئىچىدە سۇ ئۈزۈۋاتقاندەك پۇت ـ قوللىرىنى لىڭشىتىپ تۇراتتى، نەپسىمۇ كىچىلۇك ئىدى، ئېغىزىنىمۇ يوغان ئېچىۋېلىپ، نەپەسلىنىشى ئۇچۇن ياردەمگە سالاتتى. بەزىدە ئۇ چۇن چىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ، ئۇققىلى بولمايدىغان گەپلەرنى قىلىپ جۆيلۈيتتى. ئاشۇ كېچىلەردە چۇن چى چۆچۈپ ئويغىنىپ، بۇ قىزنىڭ يامىشىپ چىقىۋاتقان كىچىك يىرتقۇچ ھايۋاندەك ئۆزىگە مەھكەم ئېسىلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، چىرايى ئۆڭۈپ كېتەتتى.

چۇن چى ئۇنىڭ مەڭزىنى يەڭگىل سىلاپ قويدى. بۇ چاغدا ئۇ تېخىمۇ تاتلىق ئۇخلاپ كەتتى، ئويغىنىدىغاندەك قىلمايتتى، خۇددى چۇن چىگە مەنسۇپ بالىدەك. چۇن چى ئۆزىنىڭ سۆڭ سۇڭغا ئازراق ھەسەت قىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىسا بولمايتتى. ئۇ ئۆزىدىكى بۇ خىل ناچار كەيپىياتنى تىزگىنلەشكە تىرىشىۋاتاتتى، لېكىن ئەتراپتىكىلەر سۆڭ سۇڭنىڭ گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشنىڭ كويىغا چۈشكەن ھامان، چۇن چى ئىختىيارسىز ئۆزىنى چەتكە ئالاتتى. سۆڭ سۇڭنىڭ ئۆزىدىكى گۈزەللىكنى ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغانلىقى، چۇن چىنىڭ بىئارام بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغانلىقى چۇن چىگە ئايان ئىدى، لېكىن ئۇ يەنىلا يۇقىرىقىدەك پوزىتسىيىدە بولۇشتىن ساقلىنالمايتتى. چۇن چى سۆڭ سۇڭغا يەنە بىردەم قاراپ تۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭ بېشىنى يوتقان بىلەن بوشقىنا چۈمكەپ قويدى. ئۇ بۇ قىزدىكى چاقناپ تۇرغان گۈزەللىكنى پۈتۈن دۇنيانىڭ كۆرمەسلىكىنى، ئۇنىڭدىكى گۈزەللىكنى ئۆزىنىڭلا بىلىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى؛ ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭدىكى گۈزەللىك بۇنداق جەلپكار ھەم يوكسەك بولماي، تەبىئەتتىكى ئېقىن سۇ ۋە دەل ـ دەرەخلەردەك، ئۆيلەردىكى فارفور زىنىنەت بۇيۇملىرىدەك جىمجىت بولغان ھالەتتىمۇ، چۇن چىنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلماي قالمايتتى.

سەھەردە ئويغانغاندا، چۇن چى پۈتلىرىنى كارىۋات يېنىدا

ئولتۇرغان سوڭ سوڭ قوچاقلاپ تۇرغانلىقىنى ھەم ئۇنىڭ خىيالغا پاتقان ھالدا بۇ پۈتلارغا قاراۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئۇ چۈن چىنىڭ پۈتلىرىدىكى قان ئىزلىرىنى سىلىغاچ :

— تولىمۇ ئەپسۇس ، ئۆتكەن ئىشلار ئېسىڭىزدە يوق ئىكەن ، مېنىڭچە ، ئۇ ئاجايىپ ئېسىل ھېكايە ، بۇ قىزىل پۈتلار ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى دەلىلى ، — دېدى .

— ھازىرمۇ قىزىقمىكەن ؟ — سورىدى چۈن چى . ئۇ پۈتلىرىنى كەمدىن ـ كەم تۇتاتتى ، ھەممىشە بۇ پۈتلار ئۆزىگە تەۋە ئەمەستەك ھېس قىلاتتى .

— يەنىلا قىزىقكەن . پۈتۈن بەدىنىڭىزمۇ بەكلا قىزىق ، شۇڭا بۇرنىڭىزدىن قان ئاقىدۇ . سىز بىر يانار تاغنىڭ ئۆزىلا .

— شۇنداقمۇ ؟ ئۇنداقتا سىز بۇ يانار تاغنىڭ ئېتىلىپ چىقىشىدىن قورقماسىز ؟

— قورقمايمەن . مەن سىزدىكى قىزىقلىقا ئامراق ، قىزىل بالا ، — سوڭ سوڭ ئۇنى مۇشۇنداق چاقىراتتى .

ۋەھالەنكى ، سوڭ سوڭ ھەممىلا ئادەمگە بۇنداق ئىللىق مۇئامىلە قىلىۋەرمەيتتى ، چۈن چى ئۇنىڭ ئۇچۇن ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە شەخس ھېسابلىناتتى . ئەمەلىيەتتە ، سوڭ سوڭنىڭ ئاجىز ھەم ۋىجىك ۋۇجۇدىغا ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدىكى ۋەيران قىلىش ئىستىكى يوشۇرۇنغانىدى . گەرچە ئۇ بۇرۇن چېركاۋدا تۇرۇپ باققان بولسىمۇ ، بىراق خرىستىئان دىنىغا قارىتا ئادەتتىن تاشقىرى ئۆچمەنلىك پوزىتسىيىدە ئىدى . چۈن چى ئۆزىنىڭ بىرەر قېتىم ئىبادەت قىلغۇسى بارلىقىنى ، قىلغان ئىبادىتىنىڭ ئاشۇ يوقالغان ئەسلىمىلىرىنى تېپىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا ، سوڭ سوڭ ناھايىتى مەنسىتمىگەن تەلەپپۇزدا :

— مېنىڭ ئالدىمدا بۇنداق گەپلەرنى تىلغا ئالماڭ ، تەڭرىنىڭ بارلىقىغا ئاللىقاچان ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالغانمەن . چېركاۋدا

تۇرغان ئاشۇ كۈنلەردە ، چېركاۋغا ئوت قويۇپ ، ئۇنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىشنى ئويلىمايدىغان كۈنۈم يوق ئىدى ، — دېگەنىدى .

سۇڭ سۇڭ مەنستىمىگەن هالدا كۈلۈپ قويدى . چۇن چى قەتئىيلىكىنى ساقلاپ قالدى . ئۇ سۇڭ سۇڭنىڭ لەۋلىرى ئارىسىدىن غىل - پاللا چىقىپ قالغان قوزۇق چىشلىرىنى كۆرۈپ قالدى . ئۇ چىشلارغا سىپارى مېۋىسىنىڭ پارچىلىرى چاپلىشىپ قالغان ، خۇددى بىر يىرتقۇچ هايۋاننىڭ قان يۇقى چىشىغىلا ئوخشايتتى .

مۇساپىرلار لاگېرىدا سۇڭ سۇڭ كېمىدە غەزەلخانلىق قىلىشنى كەسىپ قىلغان ئاشۇ پاھىشىلەر بىلەن بىللە يۇرۇشكە ئامراق ئىدى ، ئۇلاردىن ناخشا ئۆگىنىپ قويۇشنى ئۆتۈنەتتى . ئۇنىڭ ئاۋازى تۆۋەن ، ئازراق خىرقىراق ئىدى ، شۇڭا ناخشا ئېيتسا ئۆزگىچە خاس ئۇسلۇب شەكىللىنەتتى . ئۇ غەزەلخان پاھىشىلەر سۇڭ سۇڭنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ناخشا ئېيتىشقا قۇترىتىپ ، سىزدەك بۇنداق گۈزەل قىز چوقۇم ئالقىشقا ئېرىشىدۇ ، كېمىدىكى تۇرمۇش بەك پەيزى ، هەرگىز زېرىكمەيسىز ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، پۇلمۇ تاپالايسىز ، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشاتتى . باشقىلارنىڭ ماختاشلىرىنى سۇڭ سۇڭ قىلچە چوڭ بىلمەيتتى ، پەقەت ئېغىزىنى پۇرۇشتۇرۇپ كۈلۈپلا قوياتتى ، پۇل - پۇچەكمۇ ئۇنى ئانچە جەلپ قىلىپ كېتەلمەيتتى ، پەقەت ئاشۇ يېڭىچە تۇرمۇشلا ئۇنىڭدا ئىنتىلىش پەيدا قىلىۋاتاتتى .

— بىز بىللە كېمىگە چىقىپ غەزەلخانلىق قىلايلى ، بولامدۇ ؟ — دېدى سۇڭ سۇڭ يېرىم كېچىدە چۇن چىنى تۇرتۇپ .

— مېنىڭ بارغۇم يوق ، بىرەر سەۋەب تېپىپ بېرەلمەيمەن ، لېكىن ئۇلار بىلەن خۇشۇم يوق .

— هەر كۈنى ناخشا ئېيتىپ ، شاراب ئىچىپ ئەركىن ياشىغانىنىڭ نېمە يامىنى بار ؟

— مەن خاتىرجەم ياشايدىغان تۇرمۇشنى ئارزۇ قىلىمەن ،

ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان جايدا بىرەر ئېغىز كىچىك ئۆيۈم بولسا ، قورۇغا ھەر خىل گۈللەر تىكىلگەن بولسا ، دېڭىزدىن يىراق بولمىسا ، كەچلىرى قۇملۇقتا شامالدىغىلى بولسىلا كۇپايە .

— ھە ، يادىمدا تۇتتۇۋالدىم ، — دېدى سۇڭ سۇڭ .

— نېمىنى يادىڭدا تۇتتۇۋالدىڭ ؟ — سورىدى چۇن چى تېڭىرقىغان ھالدا .

— سىزنىڭ ئارزۇيىڭىزدىكى تۇرمۇشنى يادىمدا تۇتتۇۋالدىم ، ئۇنى ھامان بىر كۇنى ئىشقا ئاشۇرىمەن .

چۇن چى بەكلا تەسىرلەندى ، ئازراق ھەيرانمۇ قالدى . بۇنداق گەپلەرنى بىر ئەر كىشى دېيىشى كېرەك ئىدىغۇ ، ھازىر بۇ گەپلەر سۇڭ سۇڭنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتاتچقا ، قانداقلا بولسۇن غەلىتە تۇيۇلاتتى . سۇڭ سۇڭنىڭ مىشچان قىز ئەمەسلىكى چۇن چىگە ئايان ، بىراق نېمىلا دېگەنبىلەن ، ئۇ بىر ئايال زاتى ، باشقىلارنىڭ ئەركىلىتىشلىرى ۋە كۆيۈنۈشلىرىگە نائىل بولۇشى كېرەك ، چۇن چىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مەسئۇلىيىتى ئۇنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىپ قالسا قانداق بولىدۇ ؟

*ئايلانما شەكىللىك پەلەمپەينى بويلاپ پەسكە چۈشسىڭىز ، بۇ يەردە كۆمۈلۈپ ياتقىنى بىر دوزاخ ئەمەس ، بەلكى خانلىق دۆلەت . مېڭىۋەرسىڭىز ، بوران ئاۋازى قۇلاقلارنى گاس قىلغاندا ، چاڭ ـ توزانلار كۆزلەرنى كور قىلغاندا ، تىكەنلەر پۇتلارغا چىرماشقاندا ، ئەسلىمىنىڭ ئىگىسى ئاستا ـ ئاستا پەيدا بولىدۇ .*

*بارىئان[1] كوچىلىرى ، غۇلاپ چۈشكەن فارفور بۇيۇم دۇكانلىرى ، كوچىدا چېچىلىپ دومىلاپ يۈرگەن مېۋىلەر ، ساراسىمە ئىچىدە قېچىۋاتقان ئاياللار ، ئېچىنىشلىق يىغلاۋاتقان*

---

① 1582 ـ يىلىدىن 1860 ـ يىلىغىچە فىلىپپىننىڭ مانىلا شەھىرىدىكى جۇڭگولۇق مۇھاجىرلارنىڭ ئولتۇراق رايونى ھەم سودا رايونى . ئىسپانىيە مۇستەملىكچى دائىرىلىرى بۇ يەردە «جۇڭگولۇقلارنى جۇڭگولۇقلار ئارقىلىق ئىدارە قىلىش» سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ ، جۇڭگولۇق مۇھاجىرلاردىن نازارەتچى تەيىنلەپ مەزكۇر رايوننى باشقۇرغان . بارىئان يەتتە قېتىملىق ئوت ئاپىتى ۋەيرانچىلىقىنى باشتىن كەچۈرگەن .

بالىلار ، ئەلپازى يامان قىزىل چاچلىق ئەجنەبىي ئالۋاستىلار...

بارئان دېگەن سۆز ئىسپان تىلىدا «سەرگەردانلار رايونى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەرمىش . باش دەرياسى ساھىلىغا جايلاشقان بۇ كىچىك شەھەر تارىخ ئېقىنىنى بويلاپ ئېقىپ ، ئاشۇ قىزىل چاچلارنىڭ قولىغا چۈشكەندە ، ئاللىقاچان چاك ـ چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتكەنىدى . ئۇلار يەرلىكلەردىن باشلىق تەيىنلەپ باشقىلارنى باشقۇراتتى ۋە باستۇراتتى . بۇ ئاجىز ھەم قورقۇنچاق «باشلىقلار» نى تۇيماس نەپسى تىرەپ تۇراتتى ، ھوقۇق ئۇلارنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنى تاجاۋۇزچىلار بىلەن پەرقسىز قىلىپ قويغانىدى . شۇڭا ، قۇل قىلىش ۋە ئۆلتۈرۈش ئۇلارنىڭ قولىدىكى قامچىغا ئايلانغانىدى ، ئۇلارنىڭ پۈتلىرى ئۆز مىللىتىنىڭ قېنىنى كېچىپ ماڭاتتى .

پىلانلانغىلى ئۇزاق بولغان قوزغىلاڭ ئاخىر بۇ دىمىق كەچتە پارتلىدى ، ئىسپانىيىلىكلەر چېكىنىپ كېتىش ئالدىدا لەشكەر ۋە قوراللارنى «باشلىق»نىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ :

— ياخشى ئىشلىگىن ، بۇ يەر بىر قېتىملىق چوڭ تازىلاشقا موھتاج ، — دېدى .

قوزغىلاڭچىلار ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىن كۆپ كۈچلۈك ئىدى . توغرا ، غەزەپ قانچىلىك بولسا ، كۈچمۇ شۇنچىلىك بولىدۇ . قوزغىلاڭنىڭ باشلامچىسى قولىغا چۈشۈپ قالدى ، «باشلىق» ئۇنى كۆيدۈرۈش جازاسى تۈۋرۈككە باغلىدى . تاپان ئاستىدىكى ئوت لاۋۇلداپ كۆيمەكتە ئىدى . ئوت ئوشۇقىدىن باشلاپ ئۇنىڭغا يامىشىشقا باشلىدى ، ئوت ئۇنى بىر ئىلىك ـ بىر ئىلىكتىن يۇتماقتا ئىدى . ئولاشقان كىشىلەر چىرقىرىشىپ كەتتى ، بەزى ئاجىزراقلىرى قېچىشقا باشلىدى ... قارا ئىسكىلىت بوشلۇقتا تىك تۇراتتى ، خۇددى تىز پۈكمەس شەمشەردەك . بىراق ، ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشقانلار ئاللىقاچان تىز پۈككەنىدى ، ئۇلار ئۇنىڭ جەسىتى ئاستىدا تىزلىنىپ ، «باشلىق» تىن رەھىم ـ شەپقەت تىلىمەكتە ئىدى .

*كىشىلەر بۇنى قوزغىلاڭنىڭ ئاخىرلىشىش قىسمى دەپ ئويلاپ قىلىشقانىدى. بۇ ئوتنىڭ جازا تۈۋرۈكىدىكى ئادەمنى كۆيدۈرۈش بىلەنلا بولدى قىلمايدىغانلىقىنى ھېچكىم ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇ ئوت خۇددى بىرەر ۋەھىي كەلگەندەك تۇيۇقسىز چاچراپ چىقىپ، بارىئاننىڭ ئوت - چۆپ بېسىپ كەتكەن كوچىلىرىنى، باش دەرياسىنىڭ چۆللىشىپ كەتكەن قىرغاقلىرىنى بويلاپ كېڭىيىشكە باشلىدى. تىز پۈككەن كىشىلەرنىڭ ئۆز قىلمىشى ئۈچۈن بەدەل تۆلىشىگە توغرا كېلىۋاتاتتى.*

*دېگەندەك پاكىزلىنىپ بولمىغانلار كېلىپ يۇيۇنۇڭلار!*

*ئوت ئۇدا يەتتە كۈن كۆيدى، ئۇنى يامغۇر سۈيىمۇ ئۆچۈرەلمىدى. بارىئان ۋەيران قىلىۋېتىلدى، پەقەت بۈركۈتلا خارابىلىك ئاسمىنىدا ئەگىپ، ھېلىقى قارا ھەيكەلگە ئېھتىياتچانلىق بىلەن يېقىنلىشىپ، كۆيۈپ كەتكەن بىر پارچە ئەتنى چىشلەپ ئۇچۇپ كەتتى. مۇستەملىكىچىلەر بۇ ئاپەتنى پەرۋايىغىمۇ ئېلىپ قويماي، بارىئاننىڭ تۆۋەن تەرىپىگە يېڭى بىر شەھەر پەيدا قىلدى. يېڭى باشلىق، يېڭى قانۇن، يېڭى پۇقرا، ھەممە نەرسە يېڭى ئىدى، پەقەت «بارىئان» دېگەن ناملا ئۆز پېتىچە ساقلاپ قېلىندى.*

## 5

چۇن چى قېچىپ كەتتى. ئۇ سۇڭ سۇڭنىڭ ۋەدىسىگە قانچىلىك ئېتىبارسىز قارايدىغانلىقىنى ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىسپاتلىغانىدى.

ئۇ كۈنى ھېچقانداق بېشارەت بېرىلمىگەن دېگىلىمۇ بولمايتتى. ئالدىنقى كۈنى سۇڭ سۇڭنى ئۇدا قارا بېسىپ چىققان، ئويغانغان چېغىدا سىرتتا ھاۋا تۇتۇلۇپ، قارا يامغۇر يېغىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەن. چۇن چى ئۇنى تاشلاپ قويۇپ، يالغۇز ئايلانغىلى چىقىپ كەتكەنىدى. چۇن چى يېقىندىن بۇيان سەل غەلىتە بولۇپ قېلىۋاتاتتى، دائىم دېگۈدەك ئۆزى يالغۇز چىقىپ كېتىپ، كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئاران قايتىپ كېلەتتى، كۆڭلىدە بىرەر ئىش

باردەك چىرايى ئېچىلماي كېلىۋاتاتتى . بىراق ، سۇڭ سۇڭ ، چۈن چى خاتىرىسىنى يوقاتقانلىقى ئۈچۈن ئازابلىنىۋاتىدۇ ، دەپلا ئويلىغانىدى .

چۈن چى كەچلىك تاماقنىڭ يېرىمىنى يەپلا ئۆيگە كىرىپ كەتتى . سۇڭ سۇڭ ، ئاشۇ چاغدا نېمىشقا ئۇنىڭغا ئەگىشىۋالمىغاندىمەن ، دەپ مەڭگۈلۈك پۇشايماندا قالدى . ئۇ چاغدا سۇڭ سۇڭ بىر غەزەلخان پاھىشىنىڭ ئىلگىرى كېمىدە باشتىن كەچۈرگەن ئىشلىرىنى ئاڭلاپ قېتىپلا قالغانىدى ، كۆنلەر بەك زېرىكىشلىك بولغاچقا ، پاھىشىلەرنىڭ ئاجايىپ - غارايىپ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاش بۇ يەردە زېرىكىشتىن قۇتۇلۇشتىكى بىردىنبىر ئۇسۇل ھېسابلىناتتى .

سۇڭ سۇڭ ئۆيگە قايتىپ كىرگەندە چۈن چى ئالللىقاچان كېتىپ قالغانىدى . ئۇلار نۇرغۇن كېچە ئورتاق ئىشلەتكەن ئاشۇ ياستۇقتىن سۇڭ سۇڭ تېخى ھارارىتىنى يوقاتمىغان ياش دېغىنى بايقىدى .

ئۇ قورۇغا ئېتىلىپ چىقىپ چۈن چىنى ئىزدىدى . ئايلانما كارىدورنىڭ ئاياغ تەرىپىدە چۈن چىنىڭ ئورۇق گەۋدىسى غىل - پال كۆرۈنگەندەك قىلدى ، بۇ گەۋدە خۇددى يەردىن كۆتۈرۈلگەن ھور لەمپىنىڭ ئۇ تەرىپىگە يوشۇرۇنغان بۇلۇتقا قوشۇلۇش ئۈچۈن كېتىپ قالغاندەك غايىب بولدى . ئۇ ئاۋازىنىڭ بارىچە چۈن چىنى چاقىردى ، لېكىن جاۋابسىز قالدى .

چۈن چى ئۈچىسىغا يەنىلا سۇڭ سۇڭ تارتىۋېلىپ ئەكېلىپ بەرگەن كۆڭلەكنى كىيىۋالغانىدى ، قۇلاق تۈۋىدە سۇڭ سۇڭنىڭ ئۆزىگە بەرگەن ۋەدىسى جاراڭلايتتى ، شۇنداق قىلىپ ، ئۇ بىر ئەرنىڭ قولىنى تۇتقان پېتى خۇشال ھالدا قېچىپ كەتتى . ئۇ سۇڭ سۇڭنىڭ ئۆزىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى چوقۇم ئاڭلىدى ، چاقىرغان ئاۋاز ئادەمنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېزەتتى ، ھەرقانچە شارقىراپ ياغقان يامغۇرمۇ ئۇنى توسۇيالمايتتى . شۇنچە ھەسرەتلىك ئاۋازنى ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۈچقاندەك قېچىشقا ئۇنىڭ كۆڭلى قانداقمۇ

ئۇنىغاندۇ؟ كەينىگە قاراپمۇ قويمىدىغۇ؟ مارت ئېيىدىكى ئارال، تۇيۇقسىز كەلگەن قارا يامغۇر، ھەممىلا يەر ئاسىيلىقنىڭ پۇرىقىغا تولغان.

چۈن چىنىڭ بىر ئەر بىلەن قول تۇتۇشقىنىچە مۇساپىرلار لاگېرىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىرى كۆرگەنىكەن. پاھىشىلەر: «ئادەتتە ئانچە كۆزگە كۆرۈنۈپ كەتمەيدىغان بۇ قىزنىڭ ئەجەب كارامىتى باركەنە، ئۆزىنى ئېلىپ كېتىدىغان ئەرنى شۇنچە تېزلا قولغا چۈشۈرۈپتۇ» دېگەندەك گەپ - سۆزلەردە بولۇشتى. ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچى ھېلىقى ئەرنىڭ قىياپىتىنى «تېرىسى قېنىق مىس رەڭ، مۇرىلىرى كەڭ، ساقال - بۇرۇتلىرى قويۇق ...» دەپ تەپسىلىي سۈرەتلەپ بەرگەن بولدى.
— بولىدىغان كاساپەت ئىكەن! — ئاياللار تامىقىنى چاكىلدىتىپ ماختىشاتتى. بۇلۇڭدا ئولتۇرغان سۇك سۇڭنىڭ چىرايىنىڭ قانچىلىك ئازابلىق تۈسكە كىرگەنلىكىنى، كۆڭلىدىكى خورلۇقنىڭ ئۇنى ئازابلاپ، مىخلىق كارىۋاتتا ئولتۇرغاندەك بىئارام قىلىۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەي قالدى. ئۇنىڭ چۈن چىڭگە ئۆچلۈكى كەلدى، بىراق ئۇنى داۋاملىق ئىزدەش ئىرادىسىدىن ۋاز كەچمەيتتى.

ئاپرېل، دېڭىز تاشقىنىدىن كېيىنكى تۇنجى كېمە جۇڭگودىن مالايا تاقىم ئاراللىرىغا يېتىپ كەلدى. مۇساپىرلار لاگېرىدىكى غەزەلخان پاھىشىلەر بۇنى بىر - بىرىگە چېپىپ يۈرۈپ خەۋەر قىلىشتى، ئۇلار ئاخىر كېمىگە قايتىپ كېتەلەيدىغان بولغانىدى. ئۇلار كېمىدە بىرقانچە كۈن ئويناپ كېلىش توغرىسىدا سۇك سۇڭغا قىزغىن نەسىھەت قىلىشتى. ئەسلىدە سۇك سۇڭنىڭ بارغۇسى يوق ئىدى، بىراق پۇل تېپىش ئىستىكى ئۇنىڭدا كۈچىيىۋاتاتتى، پاھىشىلەر، كېمىدە پۇل تېپىش ناھايىتى ئاسان، دەۋاتاتتى.

بىر خىل بىۋاسىتە سىرىم ئۇنى يېتىلەۋاتاتتى ھەم ئۇنى مۇنداق بىر ئەقىدىگە ئىخلاس قىلىشقا قىستاۋاتاتتى : ئۇ چۇن چىنىڭ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرغاندا ، چۇن چى چوقۇم ئۇنىڭ قېشىغا يەنە قايتىپ كېلىدۇ .

## 6

كېمىدە ئۇ ھەر خىل ئەرلەرنى ئۇچراتتى ، دېڭىزچى ، چەت ئەل ئەلچىسى ، ئاغۋات ، دىن تارقاتقۇچى ··· دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولاتتى ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يېرىم كۆندۈرۈلگەن ئاشۇ ياۋايىلىق بارلىق ئەرلەردە ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئىستىكى پەيدا قىلاتتى ، ھەتتا ئۇنىڭ خىرقىراق ، تۆۋەن ئاۋازىمۇ ئۇلارنى ئۆزىگە چوقۇندۇراتتى ··· ئۇنىڭدىكى تولغان گۈزەللىك ئادەتتىكى غەزالخان ئايالللارنىڭكىگە ئوخشىمايتتى ، باشقىلاردا كەم تېپىلىدىغان بىر نۇقتا شۇكى ، ئۇ ئەرلەرنى ئۆزىدىن ئەيمەندۈرەلەيتتى . ئۇ سەھنىدە ناخشا ئېيتقاندا ھەممە ئادەم پۈتۈن دىققىتى بىلەن كۆرەتتى ۋە ئاڭلايتتى ، ھەممەيلەن ئۇنىڭ بىر غەزەلخان ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشاتتى ؛ خېرىدارلارغا ھەمراھ بولۇپ هاراق ئىچكەندىمۇ ئۇ ھەمىشە ئېتىبارغا ئېرىشەتتى ، ئەزەلدىن كەمسىتىلمەيتتى ، خېرىدارلارنىڭ هاراقنى زورلاپ ئىچۈرۈپ مەست قىلىۋېتىشىدەك ئاقىۋەتكىمۇ دۇچار بولۇپ باقمىغانىدى .

كېمىدىكى تۇرمۇش چۇشكۇن ھەم قالايمىقانىدى ، بىراق سۇڭ سۇڭ ئېپپېتىنى ساقلاشتىن ۋاز كەچمىگەنىدى . جاھاننى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇ گۈزەلنىڭ تەنها ئۆتىدىغانلىقىنى ، ناخشىنىلا سېتىپ ، ئېپپېتىنى ساتمايدىغانلىقىنى ، مەيلى خېرىدارنىڭ سالاھىيىتى قانچە يۇقىرى بولسۇن ، مەيلى قانچىلىك كۆپ پۇل چىقارسۇن ، بۇ خىل تەلىپىنىڭ رەت قىلىنىدىغانلىقىنى كېمىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەتتى . بۇ نۇقتا ھەقىقەتەنمۇ باشقا غەزەلخانلارنىڭ قايىللىقىنى قوزغايتتى . سۇڭ سۇڭنىڭ ئۆزىنى

بۇنداق چىڭ تۇتۇشىدا ئاساسلىق رول ئويناۋاتقىنىنىڭ ئەخلاق بولماستىن، بەلكى ئۆز تېنى ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەم يوق ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل قوغدىنىشى پۇتۇنلەي ئۆز ۋۇجۇدىنى چىقىش قىلغانىدى. ئۇ ئەر زاتىنى قوبۇل قىلىشقا ئۆزىنى قايىل قىلالمايتتى. سۇڭ سۇڭ ھەر قېتىم ئەر زاتى تېنىنىڭ جام ياپقۇچقا ئوخشاش ئۆزى ئۇستىگە دۇم كۆمتۈرۈلۈۋېلىپ، ئۇنىڭغا ئازراقلا ھاۋا قالدۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بېسىلىپ قىيىنىلىپ نەپەس ئالىدىغانلىقىنى ئويلىسا، بۇ ئۇنىڭغا بەكمۇ قورقۇنچلۇق تۇيۇلاتتى. مەيلى قانچىلىك قاملاشقان ئەر بولۇپ كەتسۇن، مەيلى ئۇ ئەر قانچىلىك مۇلايىم بولسۇن، ئۇ ئەر ئىستەكلىق تولدۇرۇلغان جامغا ئايلانغان ھامان، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى قورقۇنچلۇق ھالەتتىن ھېچقانداق پەرقى قالمايتتى.

سۇڭ سۇڭ تەبىئىتىدىنلا ئەرلەردىن بىزار بولسىمۇ، لېكىن ئەرلەر ئۇنىڭغا شۇنچىلىك مەستانە ئىدى، ھەر كۈنى مەدھىيە ۋە ئەتىۋارلاش ئىچىدە ياشاش ئۇنىڭغا خېلى تېتىپ قېلىۋاتاتتى.

قىسقىغىنا بىرنەچچە ئاي ئىچىدە سۇڭ سۇڭ كېمىدىكى ئەڭ داڭدار قىزغا ئايلاندى. سۇڭ سۇڭ ھەم كېمە تۇرمۇشىغا ئامراق بولۇپ قېلىۋاتاتتى، ھەر قېتىم شاراب ئىچكەندە مەست بولمىغۇچە بولدى قىلمايتتى، مەست بولغاندىلا ئاندىن سېغىنىشنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ئوڭۇشلۇق قۇتۇلالايتتى، كېچىچە ياخشى ئۇخلاپ، چۈن چىنى چۈشىنىڭ سىرتىغا تاشلاپ قويالايتتى.

شاراب ئىچىش ئالدىدا سۇڭ سۇڭ ھەمىشە ئۆزىگە، چۈن چى چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ، دەيتتى. ھازىر ئۇنىڭ بىردىنبىر قىلالايدىغىنى يېتەرلىك پۇل يىغىپ چۈن چىنىڭ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىدى.

ئىلگىرى ئۇ ئايالچە زىبۇزىنەت بۇيۇملىرىنى ئاسمايتتى، بىراق ھازىر ئۇنىڭ گۈللۈك دۇردۇندىن تىكىلگەن كىچىك بىر ھەمىيىنى بار بولدى، ھەر كۈنى مېھمانلار ئىنئام قىلغان پۇللارنىڭ خوجايىنىغا تاپشۇرىدىغانلىرىدىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى ئېھتىيات

بىلەن مۇشۇ ھەميانغا سېلىناتتى . ھەر كۈنى ئەتىگىنى سۇڭ سۇڭ ياستۇق ئاستىدىن بۇ ھەميانىنى چىقىرىپ پۇلاڭلاتقاندا ، ئىچىدىكى پۇللار شاراقلىغان ئاۋاز چىقىراتتى ، بۇ يېقىملىق ئاۋاز ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى بوشلۇقنى تولدۇراتتى ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆڭلىدە قانائەت ھاسىل قىلاتتى . يېڭى بىر كۈن مۇشۇ رەۋىشتە يەنە باشلىناتتى .

لىيەنيەن ئارىلىنىڭ شەرقىي قىرغىقى دېڭىز تاشقىنىنىڭ ۋەيرانچىلىقىغا ئۇچرىمىغان ، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر قويۇق ، دېڭىز ساھىلىمۇ ناھايىتى پاكىز ئىدى . سۇڭ سۇڭ مۇشۇ جايدا ماكان تۇتۇش مۇۋاپىق دەپ ئويلاتتى . شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر قېتىم سودا كېمىسى لىيەنيەن ئارىلىدا توختىغاندا ، سۇڭ سۇڭ شەرقىي قىرغاققا چۈن چى بىلەن ئۆزىگە ماكان ھازىرلاشقا بارىدىغان بولدى . سۇڭ سۇڭ بىر تاشلاندۇق ياغاچ كېمىنى يارىتىپ قالدى ، ئۇ ئىككى قەۋەتلىك ، دېرىزىلىرىگە نېلۇپەر بىلەن كارپ بېلىقى نەقىشلەنگەن تولىمۇ چىرايلىق كېمە ئىدى . نۇرغۇن دېڭىزچىلار سۇڭ سۇڭنىڭ خىزمىتىدە بولۇشنى خالايتتى ، شۇڭا ئۇلار قولمۇقول تۇتۇش قىلىپ ، ياغاچ كېمىنى كېمە ئۆي قىلىپ ئۆزگەرتتى . ھەر قېتىم دېڭىز سەپىرىدىن يانغاندا ، سۇڭ سۇڭ كېمىدىن جۇڭگونىڭ فارفور بۇيۇملىرى ، پارس گىلىمى ، ھىندىستاننىڭ سەنئەتلىك بۇيۇملىرى قاتارلىق نەرسىلەرنى ئەكېلىپ ئۆينى بېزەيتتى . بۇلارنىڭ ھەممىسى قىزلار ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەر ئىدى .

كېمە ئۆينىڭ ئالدىدىكى كىچىك ھويلىنىمۇ ئۇ ئوبدانلا تۈزەشتۈرۈۋالدى . بىر قېتىملىق دېڭىز سەپىرىدە ، ئۇ يىراق بىر ئارالدىن ئۆزى ئىنتىزار بولۇپ كېلىۋاتقان ئىتياڭىقى ئۇرۇقىنى تېپىپ كەلدى ـ دە ، ئۇلارنى ھويلىغا تېرىدى . تۇپراق نەمخۇش بولغاچقا ، گۈل شاخلىرى ناھايىتى تېزلا ئىككى چى ئېگىزلىكتە ئۆستى . سۇڭ سۇڭ بىر قېتىملىق ئۇزۇن سەپەردىن قايتىپ كېمە ئۆيگە كەلگىنىدە ، ھويلا گۈللەرگە پۈركەنگەنىدى . ئۇ دەرۋازىنى

ئىچىپ ۋارونكا شەكىللىك گۈل ـ غۇنچىلىرىنى كۆردى ، ئۇلار خۇددى پانۇسلاردەك ساڭگىلىشىپ تۇراتتى ، ئۇلارنى ئىنىق كۆرەر ـ كۆرمەستىنلا ، دىماغقا ئۇرۇلغان خۇش پۇراق ئۇنى مەستخۇش قىلدى .

ئۇ كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياتاتتى ، ئەتراپتىكى گۈل ـ غۇنچىلىرى ئۆزىگە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقاندەك هېس قىلاتتى . ئۇلاردىكى تولىمۇ مۇلايىم خۇسۇسىيەت چۈن چىنى ئۇنىڭ يادىغا كەلتۈردى . چۈن چى دېگەن بۇ ئىسىم ئۇنىڭ چىڭ سىقىلغان بوغۇزىدىن خۇددى بىر قۇشتەك ئۇچۇپ چىقتى . ئۇ توساتتىن ئېغىز ئېچىپ :

— سىز ئامراق ئىتياڭىقى گۈلىنىڭ هەممىسى مۇشۇ يەردە ، قايتىپ كەلسىڭىز بولاتتى ، — دېدى .

## 7

بىراق ، چۈن چى ئىزچىل قايتىپ كەلمەيۋاتاتتى .

كېيىمە ئۆي سۇڭ سۇڭ ئەڭ قورقىدىغان جايغا ئايلىنىپ قالغانىدى . هەر قېتىم قايتىپ كەلگەندە ، ئۇ ئىتياڭىقى گۈللىرىنىڭ ئارىسىدا تەنها ياتاتتى ، ئۇخلاپ قالاي دېگەندە كۆزىگە چۈن چى قايتىپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . چۈن چى هەربىر تال غۇنچىنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە ئۇلار مىدىرلاپ توختىمايتتى . سۇڭ سۇڭنىڭ كۆز ئالدىدىكى هەممە نەرسە پۇلاڭلاپ ، هېچنېمىنى ئېنىق كۆرەلمەيتتى هەم تۇتالمايتتى ، پەقەت چۈن چى يەنە بىر قېتىم غايىب بولغاندىلا ، ئاندىن هەممە نەرسە ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە قايتاتتى .

سۇڭ سۇڭ كېيىمدە تۇرۇپ شارابنى بولۇشىغا ئىچىپ ، ئۆزىنى ئەگىپ كېتەلمەيدىغان كىشىلەر ئارىسىدا ۋاقىت ئۆتكۈزۈشكە رازى ئىدى . بۇنىڭدا هېچبولمىغاندا پەرىشانلىق قاپلىغان مۇهىتتىن ئۆزىنى قاچۇرالايتتى .

ئۇ شارابخورلۇق قىلىشقا باشلىدى ، پالما هارىقى ، نومى

گۈرۈچ ھارىقى، كوكۇس ھارىقى دېگەنلەرنى يانماي ئىچەتتى. ئۇ
كوكۇس ھارىقىغا ئەڭ ئامراق ئىدى، كېمىدىكى غەزەلخانلارنىڭ
ھەممىسى ئۆزى ھاراق ئېچىتالايتتى، ئۇ ئېچىتقان ھاراق ساپ ھەم
پۇراقلىق چىقاتتى. ئادەتتە كوكۇس دەرىخىنىڭ گۈل بەرگى سۈس
ئوتتا سىرتقى يۈزىگە ئاق رەڭلىك كۆپۈك ئۆرلىگۈچە
ھورلاندۇرۇلاتتى، ئاندىن قايناتىلغاندىن كېيىن سۈزۈك كوكۇس
ھارىقى پىشىپ چىقاتتى. ئۇ بىر پەم ئىشلىتىپ، ئېچىتىدىغان چاغدا
ئىتىياتچىقى گۈلىدىن ئاجرىتىۋېلىنغان مۇئەتتەردىن بىرنەچچە تېمىم
تېمىتىۋېتەتتى، كوكۇس ھارىقى ئۆزگىچە تەم بىلەن چىقاتتى.
كېمىدە ئۇنىڭ ھارىقىغا مەپتۇن بولۇپ قالىدىغانلار ھە دېگەندىلا
چىقىپ تۇراتتى، بۇنداقلار سەپەر ئاخىرلاشقاندىمۇ كېتىشكە كۆزى
قىيمايتتى.

جۇڭ ئۇستام مۇشۇ سەۋەب بىلەن كېمىدە قېلىپ قالغانىدى.
ئۇنى كېمىدە ئېلىپ قالغىنى زادى سۇڭ سۇڭنىڭ ئۆزىمۇ ياكى
ئۇنىڭ ھارىقىمۇ، بۇنىڭغا ھېچكىم بىرنېمە دېيەلمەيتتى. ئۇلار
ئەمدىلا تونۇشقان چاغدا جۇڭ ئۇستام خېلىلا ياش ئىدى. سۇڭ سۇڭ
ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ جۇڭ چيەن ئىكەنلىكىنى شۇ چاغدا بىلگەنىدى.
ئۇ قەدەھنى قولىدىن چۈشۈرمەي، ئۆزىنى ئۇنتۇرغان ھالدا كەيپ
سۈرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا قانچىلىغان سەپەرلەرنى باشتىن
كەچۈرگەن. بىر كۈنى سۇڭ سۇڭغا بۇ چىراي تونۇش بىلىنگەچكە،
سۇڭ سۇڭ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويىدى. بۇ ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىكى
ئۆزگىرىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. ئۇ چاغدا سۇڭ
سۇڭ سەھنىدە ئىدى، يۇگۇر ـ يېتىمچى سىياقىدىكى جۇڭ چيەن
ئولىشىپ ئويۇن كۆرۈۋاتقان كىشىلەر ئارىسىدا يوقاپ كېتەيلا دەپ
قالغانىدى.

جۇڭ چيەن ئەسلىدىنلا شارابخور ئەمەس ئىدى، لېكىن سۇڭ
سۇڭ ئېچىتقان ھاراقنى مەڭگۈ ئىچىسىمۇ قانمايدىغاندەك قىلاتتى.
ھېلىقى كۈنى كەچتە ئۇ ئىككىسى پالوبىدا ئولتۇرۇپ شام يورۇقىدا

قانغۇچە مۇڭداشتى ، نەچچە شام كۆيۈپ تۈگەپ ، ئورنىغا يېڭىسى ئالماشتۇرۇلدى ، جۇڭ چېيەنىڭ ئاق يۈزى تېگى - تېگىدىن قىزىرىپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ بىر تارتىنچاق ئەر ئىدى ، شاراب ئىچمەستە ئاساسەن دېگۈدەك گەپ قىلمايتتى ، شاراب كۈچىنى كۆرسەتكەندە گېپى ئاينىيتتىيۇ ، كېكەچلەشكە باشلايتتى . سۇڭ سۇڭ ئۇنىڭ خىجىلچان قىياپىتىنى ياخشى كۆرەتتى . كېيىندىكى شۇنچە مېھمانلار ئىچىدە سۇڭ سۇڭ جۇڭ چېيەندەك پاكىز ئەرنى كۆرۈپ باقمىغانىدى . ئۇنىڭ تېرىسى ئاياللارنىڭكىدەك سىلىق ھەم پارقىراق ئىدى ، ئۇزۇن ھەم ئىنچىكە بارماقلىرىدا شامنى پەرلىگەندە چىمچىلاق بارمىقى كەينىگە سەل ئېگىلىپ تۇراتتى ، ھەرىكەتلىرى يەڭگىل ھەم سىپايە ئىدى . ئۇ ھەمىشە ماتادىن تىكىلگەن يەكتەك كىيىپ يۈرەتتى ، لېكىن ئادەمگە غورىگىل كۆرۈنمەيتتى . كىيىملىرىنى پاكىز يۇيۇپ كىيگەچكە ، يۇسۇننىڭ سۇس خۇش پۇرىقى كېلىپ ، ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا يېقىنلاشقۇسىنى كەلتۈرەتتى .

بىر كۈنى ئۇ مەست بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ مەستلىكتىكى قىياپىتىمۇ شۇنداق چىرايلىق ئىدى ، گەرچە سەل خۇدىنى يوقىتىپ ، گېپى كۆپىيىپ قالغان بولسىمۇ ، لېكىن ئەدەپسىزلىككە كىرمەيتتى . ئۇ شىرەنى باغىرلاپ ئۇخلاپ قالدى . سۇڭ سۇڭ توساتتىن كۆز ئالدىدىكى ئەرنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاشلا شاراب ئىچىشتە كەيپ بولۇشتىن باشقا غەرىزىنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلدى . بەلكىم ئۇمۇ بىر يېتىمدۇر ، بەلكىم ئۇمۇ سۆيگەن ئادىمىدىن ئايرىلىپ قالغاندۇ . سۇڭ سۇڭ مۇشۇلارنى ئويلاپ ، ئۇنىڭدىن ئېشىپ قالغان يېرىم رومكا شارابنى ئىچىۋەتتى .

سۇڭ سۇڭ ئۇنى يۆلەپ ئاپىرىپ قويغىلى ماڭدى ، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭغاندا قەدەملىرى يەنىلا يەڭگىل ھەم سالماق ئىدى ، ئالىتاغىلمۇ ۋارقىرىمايتتى ، سۇڭ سۇڭ كۆرگەن ئاشۇ مەست ئەرلەرگە زادىلا ئوخشىمايتتى .

ئەتىسى ئۇ تۈنۈگۈنكى ئەدەپسىزلىكى ئۈچۈن سۇڭ سۇڭدىن

ئەپۇ سوراپ كەلدى . ئۇ خىجىلچان ھەم ئەدەپلىك قىياپەتتە سۈك سۈكنىڭ ئالدىدا تۇراتتى ، ئۇنىڭغا قاراشقا پېتىنالمايتتى . بۇنى كۆرگەن سۈك سۈكنىڭ كۈلگۈسى كەلدى .

— ئەمدى سىزگە شاراب بەرمەيمەن ، — دېدى ئۇ جىددىي قىياپەتكە كىرىۋېلىپ .

— ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭ ، ئەگەر شۇنداق بولسا ، كىشىلىك ھاياتنىڭ نېمە مەززىسى بولسۇن ؟

— ئەسلىدە سىز بىر ھاراقكەش ئىكەنسىز ، — سۈك سۈك تاتلىققىنا كۈلۈپ قويدى .

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار دائىم بىللە شاراب ئىچىدىغان بولدى . جۇڭ چيەن بىلەن بىللە بولغاندا ، سۈك سۈكنىڭ يالغاندىن كۈلۈشى ھاجەتسىز ئىدى ، ئۇنىڭغا رايىغا باقمەن دەپ كېتىشمۇ كەتمەيتتى ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغاندىلا سۈك سۈك ئۆزىنى بىخەتەر ھېس قىلاتتى ، ھېچنېمىدىن ئەنسىرىمەي ، شارابنى پۇخادىن چىققۇچە ئىچەلەيتتى . غەرق مەست بولۇپ كەتكەن ھالەتتىمۇ ، جۇڭ چيەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شاللاقلىق قىلمايتتى . جۇڭ چيەن بارا ـ بارا سۈك سۈكنىڭ يېنىدىكى ئەڭ يېقىن ئادىمى بولۇپ قېلىۋاتاتتى . ئۇ سۈك سۈكنى مەلىكىدەك كۆرەتتى ، ئۇنىڭغا بەكمۇ كۆيۈنەتتى . شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر سۈك سۈكنى كۆرگەندە چوقۇم ئۇنىڭ يېنىدىن كەتمەيدىغان جۇڭ چيەننىمۇ ئۇچرىتىدىغان بولۇپ قالغانىدى . ئۇ سۈك سۈكنىڭ كەينىدىنلا ئەگىشىپ يۈرىدىغان ئاۋازسىز كۆلەڭگىگە ئوخشايتتى ، شۇنداقلا يەنە پۈتۈن ۋۇجۇدى مېھرىبانلىق بىلەن تولغان كىچىك جانىۋارغىمۇ ئوخشاپ قالغانىدى .

سۈك سۈكنى ياخشى كۆرىدىغان كېيىنكى باشقا مېھمانلار جۇڭ چيەنگە ھەسەت قىلىشقا باشلىدى . ئۇنىڭ تېرىلىرى يۇمران ھەم سىلىق ئىدى ، قىزلار ئۇنىڭغا بەكلا ئامراقلىق قىلاتتى . ئۇنىڭ مىجەزى چىقىشقاق ھەم رايىش بولغاچقا ، قىزلار ئەتراپىدىن ئەگىپ كېتەلمەيتتى ، بولۇپمۇ ئەڭ گۈزەل قىز بولغان سۈك سۈك ئۇنىڭ

بىلەن ئەڭ يېقىن ئىدى. مېھمانلار ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئىشقا بولغان تۇسالغۇ دەپ بىلەتتى. ئۇلار سۇڭ سۇڭ بىلەن شاراب ئىچىشكەندە جۇڭ چيەن ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋالاتتى، ئۇنىڭ تەڭلىكتە قالغانلىقىنى كۆرگەن ھامان شارابىنى ئۇنىڭ ئورنىدا كۆتۈرۈۋېتەتتى ـ دە، ئۇنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالاتتى. ئۇ، باشقىلار سۇڭ سۇڭنىڭ مەستلىكىدىن پايدىلىنىپ قىلىقسىزلىق قىلىپ قويامدىكىن، دەپ ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ يېنىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلمايتتى.

ئۇلار جۇڭ چيەننى سۇڭ سۇڭنىڭ «كۆلەڭگىسى» دەپ ئاتايدىغان بولۇۋېلىشتى. مېھمانلار پالوبىدا شاراب ئىچىشىۋاتقاندا سۇڭ سۇڭنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالسىلا، ئۇنى بىرلىكتە ئىچىشكە چاقىراتتى. بۇنداق چاغلاردا سۇڭ سۇڭ:

— كۆلەڭگەمدىن سوراپ بېقىڭلار، ئۇ قوشۇلسا، سىلەر بىلەن ئولتۇرۇپ ئىچەي، — دەيتتى كۈلۈپ تۇرۇپ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ مېھمانلار چۇقان كۆتۈرۈشكە باشلايتتى:

— ھەممە ئىشنى ئۇنىڭدىن سورايدىغانغا ئۇ سىزنىڭ ئېرىڭىزمىدى؟

— ھەئە، يېتەرلىك پۇل تاپقاندا ئۇنىڭغا تېگىمەن، بىز بىللە دېڭىز ياقىسىغا بېرىپ كۈن كەچۈرىمىز، — سۇڭ سۇڭ كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بېرەتتى. بۇ سۇڭ سۇڭنىڭ مۇنداقلا دەپ قويۇۋاتقان گېپى ئىكەنلىكىنى جۇڭ چيەن بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ھەر قېتىم مۇشۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭ يۈزلىرى قىزىراتتى، بېشىنى بەكمۇ تۆۋەن سېلىۋالاتتى.

## 8

جۇڭ چيەننىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئەڭ ئاۋۋال بىر مېھمان بايقاپ قالدى. ئۇ كىچىك تەرەتكە بارغاندا چىڭ يېپىلمىغان ئىشىكتىن قاراپ، ئىچىدە جۇڭ چيەننىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. جۇڭ چيەننىڭ مەخپىيەتلىكى دەل مۇشۇ قىيا ئوچۇق قالغان ئىشىكتىن

ئاشكارىلىنىپ چىقتى. كېيىن بىرى جۇڭ چيەن يۇيۇنۇۋاتقان پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ ئىشتىنىنى ئوغرىلاپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاندى. جۇڭ چيەن يەنە سۇڭ سۇڭنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ئورنىدا قەدەھ كۆتۈرۈۋاتقاندا، ھېلىقى ئەر سۇڭ سۇڭدىن قەستەن سورىدى:

— بۇ ئادەم سىزنىڭ بولغۇسى ئېرىڭىزمۇ؟

— ھەئە، — دەپ جاۋاب بەردى سۇڭ سۇڭ.

ھېلىقى ئادەم قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ يۇقىرى ئاۋازدا:

— كۆپچىلىك، چاپسان كېلىپ كۆرۈڭلار، سۇڭ سۇڭنىڭ بولغۇسى ئېرى بىر ئاغۋات ئىكەن! سۇڭ سۇڭ بىر ئاغۋاتقا تېگىدىكەن، — دەپ ۋارقىرىدى.

— ئاغزىڭنى يۇم! قالايمىقان بىلجىرلىما! — سۇڭ سۇڭ قاتتىق ۋارقىراپ، جۇڭ چيەننى قوغداشقا ئۇرۇندى.

— ئىشەنمىسىڭىز ئۇنىڭ ئىشتىنىنى سالدۇرۇپ قاراپ بېقىڭ، — ھېلىقى ئادەم كۆرەڭلىگەن ھالدا ۋارقىرىدى.

ھەممە ئادەمنىڭ نەزىرى جۇڭ چيەنگە مەركەزلەشتى. جۇڭ چيەننىڭ پۈتۈن بەدىنى تىترەۋاتاتتى، قورقۇنچ ئىچىدە ئېغىنى ئىككى قوللاپ توسۇۋالغانىدى.

ھېلىقى ئادەمگە بولۇشىدىغانلاردىن يەنە بىرنەچچىسى چىقتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى كېمە بۆلمىسىدىن ئەمدىلا چىققانىدى، ئۇ بىر قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى:

— بۇنىڭ نېمىلىكىگە قاراپ بېقىڭلار، بۇنى كىچىك ئاغۋاتنىڭ ياستۇقى ئاستىدىن تېپىۋالدىم!

ئۇ ئالىقانچىلىك چوڭلۇقتىكى بىر ياغاچ قاپچۇق ئىدى. ئۇنىڭغا ئالتۇن رەڭ ھەل بېرىلىپ، سېغىزغان بىلەن مېيخۇا گۈلى نەقىشلەنگەن، تولىمۇ نەپىس كۆرۈنەتتى. ئۇ ئاغۋاتلار ھېلىقى نەرسىسىنى سېلىپ ساقلايدىغان قاپچۇق ئىدى. ھېلىقى ئەر قولىنى پۇلاڭلاتتى، ئۇ قاپ خۇددى ئۆتكۈر تىغدەك، بوشلۇقتا ئالتۇن رەڭ جاراھەت شەكىللەندۈردى.

كىشىلەر چۇقان كۆتۈرۈشتى. كېيىن ئۇلار ئاغۋاتلارنى كۆرمىگەن ئەمەس، ئاغۋاتلار ئۇردا كىيىملىرىنى كىيىپ يۈرۈشەتتى، يېمەك ـ ئىچمەككە ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى، گەپ قىلغاندىكى ئاھاڭى غەلىتە ئىدى، باشقىلار بىلەن ئاسانلىقچە يېقىنلاشمايتتى، كىشىلەر توپىغا كىرىۋالسىمۇ، بىر قاراپلا پەرقلەندۈرۈۋالغىلى بولاتتى. ئۆز سالاھىيىتىنى جۇڭ چيەندەك ياخشى يوشۇرالىغان ئاغۋاتنى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئىنچىكە بولسىمۇ، لېكىن سۆز ئاھاڭى نورمال ئىدى، يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلارنى قىلىدىغانلاردەك كىيىنىپ يۈرەتتى، قارىماققا ئادەتتىكى ئائىلىنىڭ ئوغلىدەكلا كۆرۈنەتتى. ئۇ سالاھىيىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قاتتىق باش قاتۇرغاندەك قىلاتتى.

كۈن پارقىراپ تۇرغان كۈندۈز، ھەممىلا ئادەمنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا تىكىلگەن. كىشىلەر كۈلۈشكە ئۈلگۈرەلمەي قالدى، بەلكىم ئۇلارنى ئەپسۇسلۇق ئالدىرىتىۋاتقان بولسا كېرەك، مۇشۇنداق پاكىز، چىرايلىق ھەم نۇقسانسىز يىگىتنىڭ ئاغۋات بولۇپ چىققانلىقى ئۇلارنى ئېچىندۇرۇۋاتاتتى.

سۇڭ سۇڭ داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

خىجىللىق ھەم تېرىكىش جۇڭ چيەننىڭ يۈزلىرىنى ئۆپكىدەك قىزارتتى. ئۇ سۇڭ سۇڭنىڭ يېنىدىن چاپسان تۇردى ـ دە، پەلەمپەينى بويلاپ ئەڭ ئاستىنقى قەۋەتتىكى بۆلمىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ ئۇ يەردە ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەر دۆۋىلەپ قويۇلغان، كۈن چۈشمەيدىغان بىر بۇلۇڭنىڭ بارلىقىنى بىلەتتى. ئۇ قاتمۇقات ئۆمۈچۈك تورلىرىنى قولى بىلەن قايرىۋېتىپ ئاشۇ بۇلۇڭغا كىرىۋالدى. شۇنىڭدىلا ئۇ سەل بىخەتەر بولغاندەك ھېس قىلاتتى.

سۇڭ سۇڭ ياغاچ قاپچۇقنى ھېلىقى ئادەمنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى. ئەسلىي ئۇ خېلى ئېغىر نەرسىمىكىن دەپ ئويلىغانىدى، قولىغا ئېلىپ دەڭسىۋىدى، تولىمۇ يېنىك بولۇپ چىقتى. ھېلىقى ئادەم تۇتقان جايدا ئازراق قول ئىزى قالغانىدى.

سۇڭ سۇڭ قولياغلىقنى چىقىرىپ ، ئۇنى ئېھتىيات بىلەن سۈرتۈپ تازىلىدى . لاك سىرلىرى يەنىلا پارقىراپ تۇراتتى ، بىراق ياغاچ قاپچۇقنىڭ قىرلىرى پۇچۇلۇپ كەتكەن ، بۇ يەردىن كۆرۈنۈپ قالغان ياغاچ سىزىقچىلىرىغا زەئىپلىك پۇرىقى جۇغلىنىپ قالغانىدى .

يېرىم كېچە ، جۇڭ چيەن ئۇخلاۋېتىپ ، سۇڭ سۇڭنىڭ ئۆزىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى غۇۋا ئاڭلىدى :

— جۇڭ چيەن ، جۇڭ چيەن .

ئۇ جاۋاب بەرمەي بېشىنى تېخىمۇ تۆۋەن سىلىۋالدى ، لېكىن سۇڭ سۇڭ ئالىلىقاچان ئۇنى كۆرۈپ قالغانىدى . سۇڭ سۇڭ ئۆمۈچۈك تورلىرىدىن ئۆتۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە ، ئۇنىڭ مۈرىسىگە بوشقىنا ئۇردى . ئۇ يەنە ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئامال قىلالماي بېشىنى كۆتۈرۈپ ، ئۇۋال قىلىنغاندەك ھالەتتە سۇڭ سۇڭغا قاراپ :

— كەچۈرۈڭ ، — دېدى .

— نېمىشقا كەچۈرۈم سورايسىز ؟

— سىزدىن يوشۇرغانلىقىم ئۈچۈن .

— ئۇ سىزنىڭ مەخپىيەتلىكىڭىز تۇرسا ، ماڭا دېمىگىنىڭىزنىڭ خاتاسى يوق .

— بىراق ، مۇشۇنىڭ بىلەن سىزمۇ چېتىلىپ قالدىڭىز . ئۇلار مۇشۇنى باھانە قىلىپ سىزگە ھاقارەت قىلىشىدۇ .

— ھېچقىسى يوق ، — سۇڭ سۇڭ قولىنى سۇنۇپ ئۇنى تارتىپ تۇرغۇزدى ، — مەن ئەزەلدىن بىرەرسىگە ياتلىق بولۇشنى ئويلاپ باققان ئەمەس .

— شۇنداقمۇ ؟ — جۇڭ چيەن پەس ئاۋازدا سورىدى ، سۇڭ سۇڭنىڭ بۇ گېپى ئۇنى ئازراق بىئارام قىلغانىدى .

— ھەئە ، شۇنداق ، مېنىڭ ئەرگە تەگكۈم يوق ، — كەسكىن جاۋاب بەردى سۇڭ سۇڭ .

— بىراق ، بۇ نېمە ئۈچۈن ؟ كېمىدىكى قىزلارنىڭ قايسىبىرى ياخشى ئادەمدىن بىرنى تېپىپ تېگىشىۋېلىشنى ئويلىمايدۇ ؟ — جۇڭ چيەن چۈشىنەلمەي قېلىۋاتاتتى .
— بەلكىم شۇنداقتۇ . بىراق ، مەن ئۇلارغا ئوخشىمايمەن .
— راست ، سىز ئۇلارغا ئوخشىمايسىز ، — جۇڭ چيەن سۇڭ سۇگېنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە قارىغىنىچە پىچىرلىدى .
سۇڭ سۇڭ جۇڭ چيەننى يېتىلەپ ، پەلەمپەي بىلەن ئاستا ـ ئاستا يۇقىرى ئۆرلەپ چۆلدەرەپ قالغان پالوبىغا كەلدى . ئارقىدا مېڭىۋاتقان جۇڭ چيەن توساتتىن :
— بىراق ، مەن سىزنى ماڭا ئامراق ، ماڭا تېگىشنى ئويلاپ باقـقان بولۇشى مۇمكىن ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن ، — دېدى پەس ئاۋازدا .
سۇڭ سۇڭ ئارقىسىغا قارىمىدى ، بىراق جۇڭ چيەننىڭ يۈزى قىــزىرىپ كەتكەنلىكى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى . ئۇ جۇڭ چيەننىڭ قولىنى كۈچەپ قىسىپ تۇرۇپ :
— جۇڭ چيەن ، مەن ئەرلەرنى ياخشى كۆرمەيمەن ، ئەرگە تېگىش نىيىتىممۇ يوق ، — دېدى .
— نېمىشقا ؟ — جۇڭ چيەن مېڭىشتىن توختاپ قالدى . ئۇ گاڭگىراپ قېلىۋاتاتتى .
— ئەرلەرنىڭ ھەممىسى شەخسىيەتچى ، زومىگەر ، ۋەھشىي كېلىدۇ ، ئۇلار زوراۋانلىق ، قىرغىنچىلىق دېگەنلەر بىلەن بىرىكىپ كەتكەن .
— ھەممىسىمۇ ئۇنداق ئەمەستۇ ، — دېدى جۇڭ چيەن .
— بەلـكــىم شۇنداقتۇ ، لېكىن مېنىڭ بىردىن ـ بىردىن پــەرقلەندۈرگىلى چولام يوق . مەن مېھرىبان ، نازۇك قىزلارنى ياخشى كۆرۈشكە رازىمەن .
— سىز ... سىز قىزلارنى ياخشى كۆرەمسىز ؟ — جۇڭ چيەن قاتتىق ھەيران بولدى .
— شۇنداق ، مەن بىر قىزنى ياخشى كۆرىمەن .

— ئـۇ ... ئـۇ مۇشۇ كىمىدە بارمۇ؟ — ئېھتىيات بىلەن سورىدى جۇڭ چيەن.

— يوق، بىز بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلىشىپ كەتتۇق، ئۇنى توختىماي ئىزدەپ كېلىۋاتىمەن.

— ئەسلىدە مۇنداق ئىكەن - دە.

— ھازىر پۇل يىغىۋاتىمەن، ئۇنى تاپقاندىن كېيىن بىز بەختلىك ياشايمىز، — دېدى سۇڭ سۇڭ قەتئىيلىك بىلەن.

جۇڭ چيەن قاتتىق ھەيران قېلىپ، دەماللىققا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا مۇنداق بىر خىيال يالت قىلىپ ئۆتتى: ئەگەر سۇڭ سۇڭ راستتىنلا ھېلىقى قىزنى تاپسا، بەلكىم مېنىڭ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ يۈرۈشۈمنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى قالماسلىقى مۇمكىن.

خېلى ئۇزاق سۈكۈتتىن كېيىن جۇڭ چيەن تۇيۇقسىز جىمجىتلىقنى بۇزدى:

— بىلەمسىز، مەنمۇ ئەسلىدە ئوردا كىيىملىرىنى كىيىپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان ئاغىۋاتلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى ئىدىم. كېمىدە سىزنى ئۇچرىتىپ قېلىپ، سىزگە ئاشىق بولۇپ قالغاچقا، سالاھىيىتىمنى يوشۇرۇپ، باشقىچە سىياقتا ياسىنىپ بۇ يەردە قېلىپ قالغان.

سۇڭ سۇڭ بېشىنى لىڭشىتقىچە ئۇنى باغرىغا بېسىپ تەسەللى بەردى:

— بولدى، بىلدىم. بىراق، ھازىر مەن بىلگەن تەقدىردىمۇ ئەھۋالدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ. بىز يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئۆتنىۋەرسەك بولىدۇ.

— يەنىلا يېنىڭىزدا قېلىپ قېلىشىمنى خالامسىز؟ — جۇڭ چيەننىڭ ئىنچىكە ئاۋازى خۇشاللىقتىن تىترەپ كەتتى.

— ئەلۋەتتە.

پالوبىدا سۇڭ سۇڭ ئۇزاققىچە جۇڭ چيەننى قۇچاقلاپ تۇردى. ئۇ يانچۇقىدىن ئالتۇن رەڭ ھەل بېرىلگەن ھېلىقى ياغاچ قاپچۇقنى

ئېلىپ ، ئۇنى جوڭ چيەننىڭ يانچۇقىغا ئاستاغىنا سېلىپ قويدى . جوڭ چيەن يانچۇقىنىڭ ئېغىرلىشىپ قالغانلىقىنى سېزىپ ، ئۆزىنىڭ ھېلىقى نەرسىسىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدى ـ دە ، سەل روھلىنىپ قالغاندەك بولدى . شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ياغاچ قاپچۇق نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن ئۇ ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ باقمىدى .

## 9

سۇڭ سۇڭ چۇن چىنى ئىزدەشتىن زادىلا ۋاز كېچىپ باقمىدى . ئۇ ليەنيەن ئارىلىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىنىمۇ قويماي ئىزدىدى ، كېمە قايسى ئارالغا بېرىپ توختىسا ، ئۇ دەرھال قىرغاققا چىقىپ شۇ ئارالدا چۇن چىنىڭ دېرىكىنى قىلدى . بەزى ئاراللاردا ئۇرۇش ۋە قىرغىنچىلىق يامراۋاتقانىدى ، لېكىن ئۇ يەنىلا خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ بېرىۋەردى . ئۇ پەقەت چۇن چىنى تېپىپ ئۇنىڭدىن ئەينى چاغدا مۇساپىرلار لاگېرىدا نېمە ئۈچۈن ئۇنى تاشلاپ قويۇپ يالغۇز كېتىپ قالغانلىقىنى سوراپ بېقىشنىلا ئويلايتتى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قەسەم بار ئىدىغۇ ، ئەجەبا ئاشۇلارنىڭ ھەممىسى يالغانمىدۇ ؟

ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇلار ليەنيەن ئارىلىدىكى پرېستاندا ئۇچرىشىپ قالدى .

چۇن چى بىر كىچىك كېمىدىن چۈشۈۋاتاتتى ، بۇ ئۇنىڭ باشقا ئارالدىن بۇ يەرگە قايتىپ كېلىشى ئىدى . سۇڭ سۇڭ جۇڭگونىڭ سودا كېمىسىدە ئىشلەيدىغان بىرقانچە دېڭىزچى بىلەن چاقچاقلىشىۋاتاتتى ، كېمە ئەمدىلا قىرغاقتا توختىغانىدى . يول بويى ئەرلەرگە ھەمراھ بولۇپ هاراق ئىچىش ، قىمار ئويناش ئۇنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن قاتتىق چارچاتقانىدى . ئۇ پەقەت كەچنىڭ بالدۇرراق يېتىپ كېلىشىگىلا تەقەززا ئىدى . شۇنىڭدىلا ئۇ تېزرەك يېتىپ ئۇخلىۋالالايتتى . ھېلىمۇ ياخشى ، ھازىر ئۇ بۇ ئەرلەرگە تاقابىل تۇرۇشقا ئۇستا بولۇپ قالغانىدى ، زورمۇزور

كۆلۈپ نازلىنىشلاردىنمۇ چارچاش ھېس قىلمايتتى .
ئۇنى ئەتىگەندىن كەچكىچە سېغىندۇرىدىغان چۇن چى دېگەن بۇ قىز خۇددى بىر تۇتام چاچتەكلا تويۇقسىز ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇپ قېلىۋاتاتتى . بىراق ، ئۇ ھازىر نەدىمۇ بىر بويىغا يەتكەن قىــــزغا ئوخشىسۇن ؟ بەدىنى بەكلا ئىششىپ كەتكەن ، چاچلىرى چۇۋۇق ، ھاسا تۇتقان ھالدا كېلىۋاتاتتى . لېكىن ، قارىماققا يەنىلا شۇنداق سالماق ھەم سۇرلۇك كۆرۈنەتتى ، ئەتراپتىكىلەرنى ئۆزىگە يېقىنلىشىشتىن ئەيمەندۈرەتتى . دېڭىزچىلار بىلەن چاقچاق پاراڭ قىلىشىۋاتقان سۇڭ سۇڭنىڭ كۆز ياشلىرى تويۇقسىز چاناقلىرىدىن سىرغىپ چۈشتى . ئۇ ئويغىتىلغانىدى ، ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكى ئۆز ئــىلكىدە بولمىغان بۇ خىل تۇرمۇشتا ياشاۋاتقانلىقىدىن خورلۇق ھېس قىلغانىدى ، ئۇيۇشۇپ قالغان تەنلىرى مۇشۇ دەقىقىدە ئاغرىق سېزىمىنى ھېس قىلماقتا ئىدى .
سۇڭ سۇڭ ئېتىلىپ بېرىپ چۇن چىنى تۇتۇۋالدى . چۇن چى سەل ھەيرانلىق ئىچىدە بېشىنى كۆتۈردى ، بىر جۈپ چوڭ كۆزلىرى ئــېــســەنگىرەش ئىچىدە پارقىراپ تۇراتتى . يوغان ئېچىشقا بەك كــۈچىگەنلىكتىن بولسا كېرەك ، ئاجىز كۆزلەردىن ياش چىقىپ كەتتى . سۇڭ سۇڭ قوللىرىنى سۇنۇپ ئۇ ياشلارنى سىلىدى . ئۇ يــىغلــىغانىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن نومۇس قــىلــىــۋاتــامــدىــغانــدۇ يــاكـــى قـــايــتــا ئـــۈچــرىشىشتىن شادلىنىۋاتامدىغاندۇ ؟
بىردەمدىلا ھەممە نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىك يوقالدى ، سۇڭ سۇڭ ئــۇنــى ئــەپۇ قىلىۋەتكەنىدى . ئۇ چۇن چىنى قۇچاقلاپ ، ئۇنىڭ قورايدەك قۇرۇغان چاچلىرىنى سىلىدى . ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى بۇ قىز قىمىر قىلماستىن ، ئۇنىڭ سىلىشىغا رايىشلىق بىلەن يول قويۇۋاتاتتى .
مۇشۇ پەيتتە ئۇلار تۇرۇۋاتقان ساھىل دەل ئەينى چاغدا سۇڭ سۇڭ چۇن چىنى بايقىغان ئاشۇ ساھىل ئىدى ، تارىخ بىر قېتىم تەكرارلىنىپ ، ئاندىن ھەممە نەرسە ئۆز جايىغا قايتىپ كەلگەندەكلا

قىلاتتى . قاچقۇن قىز ئاخىر سۇك سۇڭنىڭ مۇھەببىتىنى چۈشىنىپ ، ئۇنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلگەن بولسا كېرەك . سۇك سۇڭنىڭ خىيالىغا ھەر خىل ئىشلار كەچمەكتە ئىدى ، ۋەھالەنكى ، ئۇنىڭ قويىنىدىكى قىز توساتتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ پەس ئاۋازدا سورىدى :

— سىز كىم ؟

ھەيرانلىق ئىچىدىكى شادلىققا ئۇلگۇرەلمىگەن سۇك سۇك ھەممە نەرسىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرۇۋاتقىنى ئەس ـ ھوشى جايىدا بولمىغان بىر ئەما قىز ئىدى ، ئۇ سۇك سۇڭنى كۆرەلمىگەن ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى تونۇيالمىغان ، ئۇنىڭ ھىدىنىمۇ ھېس قىلالمىغانىدى .

— مەن سۇك سۇك ، مەن بىلەن مېڭىڭ ، — دېدى سۇك سۇك سوغۇق تەلەپپۇزدا قىلچە ئىمكانىيەت قالدۇرماي .

سۇك سۇك چۈن چىنى كېمە ئۆيگە باشلاپ كەلدى . ئۆينىڭ ئالدىدا بىر كىچىك ھويلا بار ئىدى ، ھويلىغا كىرگەندىن كېيىن چۈن چىگە تونۇش گۈل پۇرىقى پۇرىدى ، ئۇ بۇ يەرگە سۇك سۇك ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىتياڭقى گۈلى تېرىلغانلىقىنى بىلدى .

مۇساپىرلار لاگېرىدىكى چاغدا بىر قېتىم ئۇ سۇك سۇك بىلەن بىللە ئورماننىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئىتياڭقى گۈللۈكىگە كىرگەن ، خۇش پۇراق دىماغقا ئۇرۇلۇپ ، ئادەمنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى لاسىسدە بوشاشتۇرۇۋېتەتتى . بىراق ، ئۇ خۇش پۇراق ئادەمنىڭ ئىختىيارىنى ئۆزىدە قويماي تتى ، ئادەمنى بۇ يەردىن كېتىشكە كۆزى قىيمايدىغان قىلىپ قوياتتى . ئۇزاق پۇرىغاندىن كېيىن ئۇلار ئۇجمە دەرىخىگە يۆلەنگىنىچە قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىشتى . ئويغانغاندا پۈتۈن بەدىنى تەرگە چۆمۈلگەنىدى . چۈن چى ئۆزىنى سۇك سۇڭنىڭ مەھكەم قۇچاقلىۋالغانلىقىنى كۆردى ، يۇمران كالپۇكلار خۇددى ساڭگىلاپ تۇرغان قىزىل رەڭلىك ئىتياڭقى گۈلىدەك چۈن چىنىڭ چېكىسىگە چاپلانغانىدى .

چۈن چى خۇددى بىر سېھىرلىك ئالەمگە كىرىپ قالغاندەك بولۇپ قېلىۋاتاتتى ، مۇشۇ پەيتتە ئۆزىنى بىر نازلىق پەرىزاتنىڭ قوينىدا يېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى .

ئادەمنىڭ دېمىنى سىقىدىغان قۇچاقلاش خۇددى چېكى يوق يامان چۈشتەك ئۇنى چىرمىۋالغانىدى . ئەلۋەتتە ، بۇ قۇچاقلاش ئىللىق ھەم زىيادە گۈزەل ئىدى . بىراق ، ئۇ ئادەمنى دەككە - دۈككىگە سالىدىغان ھەشەمەتلىك كىيىمگە ئوخشايتتى ، ئۇنى كىيىش خۇددى غايەت زور نۇر چاقناپ تۇرىدىغان يالقۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرگەن بىلەن ئوخشاش ئىدى . ئۇ خۇددى ئادەمنىڭ پىكىر - خىيالىنى نابۇت قىلىپ ، چۈشكۈنلەشتۈرۈپ ، مەڭگۈ چۆكتۈرۈۋېتەلەيدىغاندەك قىلاتتى . چۈن چى ئۇنىڭ قوينىدىن يۇلقۇنۇپ چىقماقچى بولدى ، بىراق ئۇ تېخىمۇ چىڭ چۈشىلىپ قالماقتا ئىدى .

چۈن چى تۇيۇقسىز سۆڭ سۈڭنىڭ ئالىقاچان كۆزىنى ئېچىپ ، ئۆزىگە مىت قىلماستىن قاراپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقىدى . سۆڭ سۈڭنىڭ لەۋلىرى ئۇنىڭ چېكىسىدىن ئاستا - ئاستا پەسكە يۆتكىلىشكە باشلىدى . ئۇ چۈن چىنىڭ مەڭزىدىكى بىرنەچچە تامچە شەبنەم سۈيىنى سۈمۈرۈۋېلىپ ، ئاندىن لەۋلىرىنى داۋاملىق پەسكە يۆتكىدى ... ئۇ چۈن چىنىڭ ئېڭىكىگە سۆيۈش بىلەن بىللە بوشقىنا چىشلىدى . چۈن چىنىڭ غىدىقى كەلگەندەك بولدى . چۈن چى ئىنكاس قايتۇرۇپ بولغۇچە ، ئۇنىڭ لەۋلىرى يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ چۈن چىنىڭ لەۋلىرىگە بېسىلدى . ئۇ ئۆزىنى ئەپقاچماقچى بولدى ، بىراق سۆڭ سۈڭنىڭ ئاغزى تاتلىق ئىدى ، خۇددى ھەسەل سۈركەپ قويغاندەك ... چۈن چى ھەسەلنى شوراۋېتىپ بېشى قاتتىق قايغاندەك ھېس قىلدى . ئۇ سەگەكلىشىنى خالىمايدىغاندەك بولۇپ قېلىۋاتاتتى ، ھەسەلنىڭ ئۆزىنى مەست قىلىۋېتىشىنى ساقلاۋاتقاندەك قىلاتتى . سۆڭ سۈڭنىڭ قولى خۇددى بىر توشقاندەك ئۇنىڭ ياقىسىدىن كىرىپ ئۇنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى قالايمىقان قىلىۋەتكەندىلا ، ئاندىن ئۇ سەگەكلىشىپ ، سۆڭ سۈڭنى قوپاللىق

بىلەن ئىتتىرىۋەتتى .

ئۇلار ھەر ئىككىسى بەكلا چاڭقىغانىدى ، ئاغزىنى ئاچقىنىچە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇراتتى . بىراق ، چۈشنىڭ ئاخىرى چىقىپ ئىككىسى سەگەكلىشىپ قالغانىدى .

بۇ ئىش ھەقىقەتەنمۇ بىر چۈشكە ئوخشايتتى . چۈن چى كېمە ئۆيىنىڭ كىچىك ھويلىسىغا كىرگەندىن كېيىن ، بۇ يەردىكى ئىتياڭىقى گۈلىنىڭ خۇش پۇرىقىنىڭ ئۇلار بېرىپ باققان ھېلىقى ئىتياڭىقى گۈللۈكىنىڭكىدىنمۇ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى . چۈن چى بۇ يېپيېشقاق گۈل پۇرىقىنى ھازىر يەنە بىر قېتىم پۇراۋاتقىنىدا ، قورقۇنچلۇق چۈش خۇددى پىلەكتەك سوزۇلۇپ كېلىپ ئۆزىنى مەھكەم چىرمىۋېلىۋاتقاندەك ھېس قىلدى ، سوغۇق تەر ئۇنى ھۆل قىلىۋەتتى .

— بۇ ئىتياڭىقى گۈلىنىڭ خۇش پۇرىقى بەك كۈچلۈك ئىكەن ، — دېدى چۈن چى .

— ياخشى كۆرەمسىز ؟ — سۈڭ سۈڭنىڭ ئاۋازىنى گۈل پۇرىقى يىراقلارغا ئېلىپ كەتتى .

— بۇنداقتا ئادەم خۇددى خىيالىي تۇيغۇ ئىچىدە ياشاۋاتقاندەك بولۇپ قالىدىكەن .

— ھەئە ، مەن دەل خىيالىي تۇيغۇ ئىچىدە ياشاشنى ياخشى كۆرىمەن ، شۇنداق بولغاندا كۆڭلەرنى تېزرەك ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ .

— بەلكىم شۇنداقتۇ .

ئۇلار ھەر ئىككىسى قايتا گەپ قىلماي جىمجىت ماڭماقتا ئىدى . ئىچكىرىسىگە ماڭغانسېرى ئىتياڭىقى قويۇقلىشىپ باراتتى . ساڭگىلىشىپ تۇرغان ئاشۇ گۈل ـ غۇنچىلىرى بىردىنبىر تاش چىغىر يولغا بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ ، خۇددى ئاچلىقتىن ئىڭراۋاتقان ئېغىزلارغا ئوخشاپ قالغانىدى .

— بۇ گۈللەر مەست قىلالايدۇ ، ئاغرىغان جايغا گۈل بەرگىنى سۈركەپ بەرسە ، ئاغرىق تېزلا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ ، — دېدى سۈڭ سۈڭ توساتتىن ، — مەن دائىم ئىتياڭىقىنى ئېزىپ ھاراققا

چىلاپ ئىچىمەن. شۇنىڭ بىلەن باغرىم قاتىدۇ، دىلىم بىخۇدلىشىدۇ، ئازابىنى سەزمەس بولىدۇ.

تۈن پەردىسى چۈشتى، كېمە ئۆيگە ئېسىلغان سائەت شەكىللىك قېنىق قىزىل پانۇسلار دېڭىز شامىلىدا خۇددى ئىشىك بېشىغا ئېسىپ قويۇلغان باش ئىسكىلىتىدەك ئېچىنىشلىق پۇلاڭلاپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ سۇ يۈزىدىكى شولىسى بىر ئادەم جان ئۈزۈش ئالدىدا قۇسقان قانغىلا ئوخشايتتى.

سۈك سۈك چۈن چىگە ئىنتىياڭقى چىلانغان شارابتىن تولدۇرۇپ قويۇپ بەردى. ئۇلار بىر - بىرىگە قاراشقىنىچە گۈگۈمغىچە ئولتۇرۇشتى. سەل مەست بولغاندىن كېيىن پاراڭ تەبىئىيلا كۆپىيىشكە باشلىدى.

— بۇ يەرنى ياقتۇردىڭىزمۇ؟ — سورىدى سۈك سۈك.

— يامان ئەمەس ئىكەن.

— بۇ يەرنىڭ سەرەمجانلاشتۇرۇلۇشى پۈتۈنلەي سىزنىڭ ئارزۇيىڭىز بويىچە بولدى. سىزگە مۇشۇنداق بىر ئائىلە ئاتا قىلىشقا ۋەدە بەرگەنىدىم، ھازىر ۋەدەمنى ئىشقا ئاشۇرغان بولدۇم.

— ئىنتىياڭقى سىنىڭ ئامراق نەرسەڭ، — دېدى چۈن چى.

— ياق، سىزمۇ ئامراق ئىدىڭىز، ئۇ بىزگە ئورتاق مەنسۇپ بولغان گۈل، — سۈك سۈك تۈزىتىش بەردى.

چۈن چى شارابتىن بىر ئوتلاپ قويۇپ:

— رەھمەت. مەن ئۈچۈن شۇنچىۋالا ئىشلارنى قىپسەن، مۇشۇنداق بىر ئائىلىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن جاپا تارتقانسەن، رەھمەت ساڭا، — دېدى ئەستايىدىل تەلەپپۇزدا.

— مەن كېمىگە چىقىپ ناخشا ئېيتتىم تېخى، — سۈك سۈك ناھايىتى بىمالال كۆرۈنەتتى. چۈن چىنىڭ يۈرىكى ئاغقاندەك بولۇپ سورىدى:

— مېنى مۇشۇنداق بىر ئۆيگە ئىگە قىلىمەن دەپمۇ؟

— ياق، مەن كېمە تۇرمۇشىغا بەك ئامراق. سەگەك چاغلىرىم

ئاز بولدۇ، شۇڭا ئىككى يىل هايت ـ هۇيت دېگۇچىلا ئۆتۈپ كەتتى.

سۇكۇت خېلىلا ئۇزۇن هۆكۈم سۈردى. سۇڭ سۇڭ ئاخىر سورىدى:

— نېمە ئويلاۋاتىسىز؟

— كېمىدە ناخشا ئېيتىۋاتقان چاغدىكى قىياپىتىڭنى تەسەۋۋۇر قىلىۋاتىمەن، — دېدى چۇن چى كۈلۈمسىرەپ.

— تەسەۋۋۇرىڭىزدىكى مەن قانداقراق هالەتتىكەنمەن؟

— ئاشۇ ئەرلەر چوقۇم ساڭا بەكلا مەستانە بولۇپ، ئەتراپىڭدىن ئايلىنىپ كېتەلمەيدۇغۇ دەيمەن.

— هە، شۇنداقراق. يەنچۇ؟

— ناخشا ئېيتقاندا چوقۇم ناهايىتى جازىبىدار كۆڭلەك كىيىۋالغاندۇ دەپ تەسەۋۋۇر قىلىۋاتىمەن.

— هەئە، هەر قېتىم ئاشۇ كۆڭلەكلەرنى كىيگەن چېغىمدا، چۇن چى يېنىمدا بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ هە، دەپ سىزنى ئويلايتتىم، ئۇ كۆڭلەكلەرنى چوقۇم ياخشى كۆرۈپ قالاتتىڭىز. يەنچۇ؟

— مەست بولۇپ قېلىپ، پالوبىدا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان هالىتىڭنى تەسەۋۋۇر قىلىۋاتىمەن.

— ئەجەبا، ئىككى يىلدىن بۇيان سىزگە مۇناسىۋەتلىك چۇشلەردىن قانچىلىك كۆرگەنلىكىمنى ئويلاپ باقمىدىڭىزمۇ؟ — سەۋر ـ تاقىتى توشقان سۇڭ سۇڭ ئاخىر چۇن چىنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى.

سۇڭ سۇڭ گەپ ـ سۆزدە دائىم باشقىلارغا ئىمكانىيەت قالدۇرمايتتى، هازىرمۇ چۇن چىنى قىلچە يۈز ـ خاتىر قىلماي بۇلۇڭغا قىستىماقتا ئىدى.

چۇن چى يەنە سۈكۈتكە غەرق بولدى.

— بۇ ئىككى يىلدىن بۇيان باشتىن كەچۈرگەن ئىشلىرىڭىزنى ماڭا دەپ بېرىڭا، — سۇڭ سۇڭ يەنە گەپ باشلىدى.

— دېگۈدەك ھېچ ئىش يوق ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى .

— دەپ بېرىڭا ، مەندىن كەچۈرۈم سورىغىنىڭىز بولۇپ قالسۇن ، — سۇڭ سۇڭ گېپىنىڭ ئۇرغۇسىنى يۇقىرى كۆتۈردى .

— كۆزلىرى قارىغۇ بولغان ئادەممەن ، ماڭا رەھىم قىل ، — چۈن چى سوغۇق كۈلۈپ قويدى ، ئېچىقلىق تۇرغان بۇ بىر جۈپ چوڭ كۆزلەر زىيادە سۈزۈك ھەم نۇرلۇق بولغانلىقتىن ، راست ئەمەستەك كۆرۈنەتتى .

چۈن چى شاپتۇل ياغىچىدىن ياسالغان بىر ئورۇندۇقتا تىزلىرىنى قۇچاقلىغىنىچە تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى . سۇڭ سۇڭنىڭ نەزىرى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قولىغا چۈشتى . ئۇنىڭ ئۇن بارمىقىدىكى تىرناقلىرىنىڭ ھەممىسى يۇلۇۋېتىلگەنىدى ، بارماقلىرىنىڭ ئۇچى قېلىن قاقاچ باغلاپ كەتكەن ، ئىككى قولىنى گىرەلەشتۈرگەندە ، چىرىپ كەتكەن گۈل - غۇنچىسىغىلا ئوخشايتتى . ئۇ چوقۇم بىرەرىنىڭ تەن جازاسىغا ئۇچرىغان ئوخشايدۇ ، بۇ نېمىدېگەن شەپقەتسىز جازا - ھە ، دەپ ئويلىغان سۇڭ سۇڭ ئۆچمەنلىك ئىچىدە چىشلىرىنى غۇچۇرلىتاتتى .

ئۇنىڭ نەزىرى يەنە چۈن چىنىڭ غەلىتە پۇتلىرىغا چۈشتى . ئۇ چۈن چىنى تاپقان چاغدا چۈن چىنىڭ پۇتلىرى يالاڭ ئاياغ ئىدى ، بىرەر جۈپ ئايىغىمۇ يوق ئىدى . سۇڭ سۇڭ جەبىر - زۇلۇمنىڭ بۇ پۇتلارنى قانداق قىلىۋەتكەنلىكىگە قاراۋاتاتتى . قارىداپ كەتكەن تىرناقلىرىغا كىر توشۇپ كەتكەن ، بىرنەچچىسى چۈشۈپ كەتكەن ، جاراھەت ئېغىزىنى قېلىن قاقاچ توسۇۋالغاچقا ، قان ئاقماي تۇرۇۋاتاتتى . بۇ پۇتلارنىڭ ئىلگىرى ناھايىتى گۈزەل ئىكەنلىكى ھازىرمۇ سۇڭ سۇڭنىڭ ئېسىدە ، ئەينى چاغدا بۇ پۇتلار دېڭىز سۈيىگە چىلىنىپ تۇرغىنىدا ، خۇددى مارجان خادا تاشلىرىدەك جەلپكار ئىدى .

سۇڭ سۇڭ چۈن چىنىڭ جاراھەتلىرىگە ئېھتىياتچانلىق بىلەن نەزەر تاشلىماقتا ئىدى ، ھەربىر جاراھەت بىر بۆلەك ئاداۋەتنى

يۇيۇپ باراتتى ، مۇشۇ رەۋىشتە نۇرغۇن ئاداۋەت نۇرغۇن جاراھەت تەرىپىدىن يۇيۇپ تاشلاندى ، ئۇ ئاخىر چۇن چىنى ئەپۇ قىلىۋەتتى .

سۇڭ سۇڭ كېلىپ چۇن چىنى قۇچاقلىدى ، ئۇنىڭ ئۇمىد بىلەن ئۇمىدسىزلىك ئارىسىدا قىينىلىپ كېلىۋاتقان كۆڭلى بۇ قۇچاقلاشتىن كېيىن ئەمىن تاپقاندەك بولدى . چۇن چىنىڭ تېنى بۇرۇنقىدەكلا قىزىق ئىدى ، ئۇ ئۆلمىگەنىدى ، ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇرغان يالقۇن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنغان ، ئۇنى ئاجىزلاشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

ئىستىياقىقى گۈلى كۈچىنى كۆرسىتىۋاتقاندەك قىلاتتى ، بۇ قېتىم چۇن چى ئۇنى رەت قىلمىدى . سۇڭ سۇڭ چۇن چىنىڭ يۈزىنى ئالىقىنى بىلەن كۆتۈرۈپ ، ئۇنىڭ نابۇت بولغان كۆزلىرىگە سۆيدى ، ئۇنىڭ چۈۋۈلغان چاچلىرىنى قايرىپ ، بېشىنىڭ ئارقا قىسمىغا تۇگۈپ تۈرغۈزدى ، ئاندىن ئۇنىڭ پاتقىدىكى قويۇق ئەسۋەنى سىلاشقا باشلىدى .

— بولدىلا ، ئۆتكەن ئىشلارنى تەگمەيلى . ھازىر سىز ئۆيگە قايتىپ كەلدىڭىز ، قىزىل بالام ، — سۇڭ سۇڭنىڭ ئاۋازى بىر خىل زەھەرلىك قۇرتقا ئوخشايتتى . سان ـ ساناقسىز رەڭدار كېپىنەكلەر چۇن چىنىڭ ئالدىدا ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى . ئۇنىڭ يۈزلىرى ئاللىقاچان قىزىرىپ كەتكەنىدى . ئۇ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا :

— مەست بولۇپ قالدىم ، — دېدى .

## 10

چۇن چىنىڭ قايتىپ كېلىشى جۇڭ چيەن ئۈچۈن بىر تاسادىپىيلىق ئىدى . ئۇ سۇڭ سۇڭنىڭ كېمە ئۆيىنى سەرەمجانلاشتۇرۇشىغا ، چۇن چىنى ئىزدىشىگە ياردەملىشىپ كېلىۋاتاتتى ، بىراق كۆڭلىدە بۇنى ھامان يوققا چىقىدىغان چۈش ، دەپ قارايتتى . شۇڭا ھازىر چۇن چى تۇيۇقسىز پەيدا بولغاندا ، ئۇ يوققا چىققان چۈشنىڭ سۇڭ سۇڭنىڭ ئەمەس ، بەلكى ئۆزىنىڭكى

ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەندى .

جۇڭ چيەن قورۇ سىرتىدا تۇرۇپ ، تەشمە نەقىشلىك تامدىن ئىچكىگە قارىدى . ئۇلار ئىتياڭقى گۈللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەخىرامان ياتاتتى . قارىماققا ھەممىلا نەرسە رازىمەنلىككە تويۇنغان ، بۇ سۇڭ تەقەززا بولۇۋاتقىلى ئۇزۇن بولغان پەيت ئىدى . ھويلىدا گۈل ـ گىياھ ، دەل ـ دەرەخلەر قويۇق ئۆسكەن ، سۈزۈك سۇلار ئايلىنىپ ئېقىپ تۇراتتى . ھويلىنىڭ بۇلۇڭىغا ئالىي ئورموزىيە ياغىچىدىن ياسالغان ئۇستەل ـ ئورۇندۇقلار قويۇلغان ، تېخى ھېچكىم ئولتۇرۇپ باقمىغانىدى . دېرىزە ئوچۇق ئىدى ، گۈگۈمدىكى قىيامىغا يەتكەن قۇياش نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان مىس ئەينەك بۇ يەرنى مەھكەم ساقلاۋاتقان ئايغا ئوخشايتتى . كارىۋاتتىكى كۆرپە يەرلىك قەبىلىلەردىن سېتىۋېلىنغان يېڭى رەختتىن تىكىلگەن ، رەختى بۇنداق يۇمشاق ، تىكىلىشى بۇنداق سىپتا كۆرپىدىن پۈتۈن ئارالدىن يەنە بىرىنى تاپقىلى بولمايتتى . گۈل ئىشلەنگەن ئاۋۇ ئىككى ياستۇقنىڭ قېنىق قىزىل رەڭگى كارىۋات بىلەن تولىمۇ ماسلاشقان ، بىراق ماتېرىيال يىپەكتىن قىلىنغانىدى ، ئۇلارنى بىر سودىگەر جۇڭگودىن ئېلىپ كەلگەن . لېيەنيەن ئارىلىدىكى ئاياللار يىپەك توقۇشنى بىلمەيتتى . يەنە توز پېيى قادالغان چىمىلدىقنىڭ نەقىشلىك ياغاچلىرىغا كۆكۈچ يېشىل رەڭلىك نۇرلار چۈشكەندە ئاجايىپ كۆركەم كۆرۈنۈش شەكىللىنەتتى .

بىراق ، چۇن چى بۇلارنى كۆرۈشكە ئامالسىز . ئۇ ئۆزى ئۇچۇن كېمە ئۆيدە كۆڭۈل قويۇپ تەييارلانغان سوۋغاتتىن زادى قانچىلىك بارلىقىنى بىلمەيدۇ . بۇ چىرايلىق بۇيۇملارنىڭ تەييارلىنىشىدا جۇڭ چيەن دېگەن بىر ئادەمنىڭ ھەسسىسى بارلىقىنى چۇن چى تېخىمۇ بىلمەيدۇ ، ئەلۋەتتە . جۇڭ چيەن پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىلدى ، سۇڭ سۇڭ چۇن چىنى ئۆيگە باشلاپ كەلگەندىن بۇيان جۇڭ چيەننىڭ نەدىلىكى بىلەن زادىلا كارى بولمىدى .

سۈك سۈك ئەمدى ئۇنىڭغا موھتاج ئەمەس ئىدى ، جۇك چيەن ئۆزىنىڭ ئارتۇقچە ئادەم بولۇپ قالغانلىقىدىن نومۇس قىلىۋاتاتتى .

ئۇ ئەسلىي كەتمەكچى بولغانىدى ، بىراق كۆرۈنۈشتە تولىمۇ يېقىن كۆرۈنىدىغان بۇ ئىككى قىز ئارىسىدا بىر خىل جىددىي كەيپىياتنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇنى گاڭگىرىتىپ ھەم ئارىسالدى قىلىپ قويۇۋاتاتتى .

چۈن چىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن يوشۇرۇنچە كۆزىتىپ كېلىۋاتقان جۇك چيەندە ئازراق ھەيرانلىق پەيدا بولۇۋاتاتتى . ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا سۈك سۈك ياخشى كۆرىدىغان قىز رايىش ھەم قانائەتچان بولۇشى كېرەك ئىدى ، خۇددى تىنچ بۇلاق سۈيىگە ئوخشاش سۈك سۈگدىن ئىبارەت بۇ دولقۇنلۇق دەرياغا قۇيۇلسا بولاتتى . بىراق ، ئۇ كۆرۈۋاتقان چۈن چى تىنچ كۆرۈنگىنى بىلەن ، ئەمەلىيەتتە ۋۇجۇدى تۇرگۇنلۇك ھەم ياۋايىلىققا تولغان قىز ئىدى . ئۇ بەلكىم نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتقان ، نۇرغۇن قېتىملىق چۆچۈشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇشى مۇمكىن . شۇڭا ، نېرۋىلىرى ھەر ۋاقىت جىددىي ھالەتتە تۇراتتى ، ھەممە ئىشقا ئېھتىيات بىلەن تاقابىل تۇراتتى . سۈك سۈگنىڭ ئوتتەك قىزغىنلىقىغا سېلىشتۇرغاندا ، چۈن چى تولىمۇ سوغۇق كۆرۈنەتتى . جۇك چيەن چۈشىنىپ يەتتى ، چۈن چى بۇ يەردە بىر مەزگىللا تۇرۇپ ئۆتمەكچى ، سۈك سۈگنىڭ يېنىدا قېلىپ قېلىش ئۇنىڭ ئارزۇسى ئەمەس . ئۇ سۈك سۈگنىڭ ئۆزىگە يېقىنلىشىشىنى رەت قىلاتتى ، بەزىدە سۈك سۈك ئىختىيارسىز ھالدا قوللىرىنى سۇنۇپ ئۇنىڭ مەڭزىلىرىنى تۇتۇپ ياكى چاچلىرىنى سىلاپ قالسا ، ئۇ خۇددى پۈتۈن تۈكلىرى تىك تۇرۇپ كەتكەن ياۋا مۈشۈكتەك ئۆزىنى تېزلا چەتكە ئالاتتى . تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى ئۇنى ھەر ۋاقىت ھوشيار تۇرىدىغان قىلىپ قويغانىدى . سۈك سۈك رەھىمدىل بولغاچقا ، ئۇھسىنىپ قويۇپلا قولىنى تارتىۋالاتتى .

كېيىن ، ھاۋا ئوچۇق بىر ياز كېچىسى ، جۇك چيەن يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ ، ھويلىغا چىقىدىغان ئىشىكنىڭ ئوچۇق

قالغانلىقىنى ، شامالدا غىچىرلاۋاتقانلىقىنى بايقىدى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاي يورۇقىدا قورۇغا چىقتى . ئۇ چۇن چىنى تاپتى ، چۇن چى كۆلچەك يېنىدا قات - قات كېيىۋالغان كىيىملىرىنى يېشىۋاتاتتى . جۇڭ چيەن چۇن چىنىڭ بۇ قېلىن كىيىملەرنى سالغانلىقىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدى ، مەينەتلىكىدىن پىت بېسىپ كەتكەن بولسىمۇ ، يۇيۇنغىلى ئۇنىمايتتى .

ئۇ كىيىمىنى سېلىۋېتىپ ، ياندىكى سۇمۇرغ دەرىخىنى تۇتقىنىچە ئاستا - ئاستا زوڭزايدى . جۇڭ چيەن ئاي يورۇقىدا ئۇنىڭ ياندىن چۈشكەن شولىسىنى كۆردى ، تومپىيىپ چىققان قورساق تۇيۇقسىز ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى .

ئېغىر ئاياغ ئايال قوللىرىنى سۇغا تەستە يەتكۈزۈپ ، سۇنى ئوچۇمى بىلەن تېنىگە چېچىشقا باشلىدى . ئۇ بويۇن - پاتاڭلىرىنى ، كۆكسىنى ، بىلەكلىرىنى ، پۇت ۋە ئۇشۇقلىرىنى ... ئىنچىكىلەپ يۇدى ، ئەڭ ئاخىردا سۇنى ئېھتىيات بىلەن قورسىقىغا چاچتى . سۇ بەك سوغۇق بولغانلىقتىنمۇ ياكى قورسىقىغا سۇ تېگىپ باقمىغىلى بەك ئۇزاق بولغاچقىمۇ ، سۇ تامچىلىرى ئاشۇ زېرىككەن قورساق تېرىسىگە چېچىلغاندا ، ئۇ ئاجايىپ بىر ئاۋاز چىقاردى .

بەلكىم يۇيۇنۇش بىلەنلا بولۇپ كەتكەن بولسا كېرەك ، ئۇ يېنىدىكى كىيىملىرىنىڭ سۇغا سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمىدى . جۇڭ چيەن دېمىنىمۇ چىقارماي قاراپ تۇراتتى . ئۇ بېرىپ ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سۇدىن ئېلىپ بېرىشنى ئويلىدى ، بىراق ئۇنى چۆچۈتۈپ قويۇشقا كۆڭلى ئۇنىمىدى .

ئۇ بېرىش - بارماسلىقىنى بىلەلمەي ئارسالدى بولۇپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ئويلاۋاتقىنى ئۇنىڭ كىيىملىرىنى ئېلىپ بېرىشلا ئەمەس ئىدى ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشنىمۇ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى . بىراق ، بۇ چاغدا ئۇ يۇيۇنۇپ بولۇپ ، دەرەخنى تۇتۇپ ئاستا - ئاستا ئورنىدىن تۇردى . ئۇ ئۇنىڭ دەلدەڭلەۋاتقانلىقىنى كۆردى ، بەلكىم بەك ئۇزۇن زوڭزىيىپ ئولتۇرغاچقا ، پۇتلىرى ئۇيۇشۇپ قالغان بولسا كېرەك ، راۋۇرۇس

تۇرالماي يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى . بىراق ، ئۇ يەنە قايتىدىن مەزمۇت تۇرۇپ ، يېرىمى سۇغا چىلىشىپ تۇرغان كىيىملىرىنى ئاستا ـ ئاستا سىلاپ تېپىپ ، بىردىن ـ بىردىن كىيىشكە باشلىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەما بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ، يەر شارائىتىنى بىلمىسىمۇ ، لېكىن ئاستا قىلىنىۋاتقان ھەرىكەتلىرىدىن تەمتىرەش ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى . ئۇ تومپىيىپ تۇرغان قورسىقىنى ناھايىتى ئۇزۇن ھەم پۇختا ماتا بىلەن چىڭ بوغۇپ ، قاتمۇقات تاڭدى . ئۇ ماتانى جىنىنىڭ بارىچە تارتىۋاتقاندا ، جوڭ جيەن ھەتتا ئۇنىڭ بوغۇزىدىن چىقىۋاتقان ئىنجىق ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىدى .

بۇنداق كۈچىگەندە بەدىنىنىڭ قانچىلىك ئاغرىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى . ئۇنىڭ يوشۇرۇۋاتقىنى پەقەت بالىلا ئەمەس ، بالىنىڭ دادىسىمۇ مۇشۇ يوشۇرۇشنىڭ دائىرىسىدە ئىدى . ئەمەلىيەتتە ، ئۇنىڭ يوشۇرۇۋاتقىنى ئۆتمۈشنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكى ئىدى . بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇ قورسىقىغا قاتمۇقات ئورىۋەتتى . بالىسىنىڭ ياشىشى ئۈچۈن ناھايىتى كىچىك بوشلۇق قالغاندىلا ، ئاندىن ئۇ بىخەتەر ھېس قىلاتتى . بۇ خىل ئازاب بالا ئۈچۈن ئەڭ زور ھامىيلىق ئاتا قىلالايتتى .

چۈن چى بۇ ئىشلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، يەنە ئاستا ھۇجرىسىغا قايتىپ ئىشىكنى ياپتى .

جوڭ جيەن ھويلىدا بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى ، قايتىپ كېتىۋېتىپ ، ئەگەر چۈن چىنىڭ ئېغىر ئاياغ ئىكەنلىكىنى سۈك سۈك بىلىپ قالسا قانداق بولۇپ كېتەر ، دەپ ئويلىدى . ئۇ سۈك سۈكنى بەكلا چۈشىنەتتى ، ئۇنىڭ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقى ، ھەتتا ، چۈن چى بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇشۇپ كېتىش مۇمكىنچىلىكىنىڭمۇ بارلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى .

## 11

مەخپىيەتلىك ئۇلارنى يېقىنلاشتۇرماقتا ئىدى ، ئاشۇ قېتىمدىن كېيىن ، جوڭ جيەن چۈن چىنى كۆرسىلا ، ئۇنى يېقىن ئادىمىدەك

ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. بىراق، بۇ ھامان ئاشكارىلىنىدىغان مەخپىيەتلىك ئىدى. جۇڭ چيەن ھېچ ئىش بولمىغان قىياپەتتە چۈن چىنى كۆزىتىپ، ئۇنىڭ قانداق قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەكچىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ چۈن چىنىڭ قېچىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىۋالدى. كەچقۇرۇنلۇقى ئۇ جۇڭ چيەنگە ئۆزىنى سەيلىگە ئېلىپ چىققۇزاتتى، ھەر قېتىم كېمە ئۆيدىن پىرىستانغىچە بولغان بىرلا يولدا مېڭىشنى تەلەپ قىلاتتى، چۈن چى يول بويى گەپ - سۆز قىلماي، يولنىڭ ئوي - چوڭقۇرىنى ئېسىدە ساقلىۋېلىشقا تىرىشاتتى. ئۇ ھەتتا بىر قىسىم كىچىك زىنىنەت بۇيۇملىرى ۋە ئويۇنچۇقلارنى ياغاچ ساندۇقىغا يوشۇرۇنچە يىغىۋالاتتى، كۆزى كۆرمىگەچكە قىممىتىنى پەرقلەندۈرەلمەي، بىر قىسىم قىلچە قىممىتى يوق نەرسىلەرنىمۇ يىغىۋاتاتتى. ئۇ رەزىللىك ھەم ئېھتىياتچانلىق بىلەن «بايلىق» توپلاۋاتاتتى، چۈنكى ئۇ بىر ئانا ئىدى. ئۇنداق بولمىسا، ئۇ بۇنداق پەشكەشلىشىپ كەتمىگەن بولاتتى.

جۇڭ چيەن ھەر قېتىم ئۇنىڭ مۇشۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە كۆڭلى تولىمۇ بىئارام بولاتتى. ئۇنى قاچۇرۇۋېتىشى كېرەكمۇ؟ بۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ سۈڭ سۈڭ بىلەن ئىلگىرىكىدەك ئاشۇ خىل ئاددىي تۇرمۇشقا قايتالمايدىغانلىقىنى، چۈن چىنىڭ ھەرگىزمۇ سۇغا چۈشكەن كىچىك تاش ئەمەس ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ شۇنچىلىك ئۆتكۈر، ئېغىر ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ پەيدا قىلغان تەسىرىنى ھېچكىممۇ ئاسانلىقچە يوق قىلىۋېتەلمەيدىغانلىقىنى ئاللىقاچان تونۇپ يەتكەنىدى. گەرچە ئۇ ئۈچ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئەرزىمەس قوشۇمچە پېرسوناژغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا چۈن چىنىڭ قېلىپ قېلىشىنى خالايتتى. بىراق، ئۇ بۇ خىل ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى ئالدىن تۇيۇۋاتاتتى.

چۈن چىنى ئېلىپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇ سۈڭ سۈڭغا

مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاش يولىنى تاللىۋالدى .
ئۇ بۇ ئىشنى سۇڭ سۇڭغا ئېيتىشتىن بۇرۇن ، كۆڭلىدە ، مۇنداق قىلىشىم چۇن چىنىڭ ئۆزىگە يۈرگۈزۈۋاتقان جازاسىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ، دەپ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ يۈردى . مەيلى قانداقلا بولسۇن ، ئۇنىڭ ئاشۇ شۇكۇر قىلماس كۆڭلى مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاش خۇشاللىقىنىڭ ئۆز يۈرىكىدە بىخ سۈرۈۋاتقانلىقىنى يوشۇرۇشقا ئامالسىز ئىدى .
سۇڭ سۇڭ دەسلەپتە ، چۇن چى چۆچۈپ كەتكەنلىكتىن مۇشۇنداق بولۇپ قالغان ، دەپلا ئويلايتتى ، كېيىن جۇڭ چيەن ئۇنىڭغا چۇن چىگە مۇناسىۋەتلىك ھېلىقى مەخپىيەتلىكنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن ، ئۇ قاتتىق ھەيران قالدى . ئۇ چۇن چىنى قايتىدىن ئىنچىكە كۆزىتىپ ، ئۇنىڭ يول ماڭغاندا دەرۋەقە بىر قولىنى ھەمىشە دوۋسۇنىغا قويۇۋالىدىغانلىقىنى كۆردى . چۇن چىنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ، روھىي چارچاش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەم ئۇنىڭ ھەممىلا جايدا زىيادە سەزگۈر ھالەتتە تۇرۇشىنى ، ھەممە ئىشتا ئېھتىياتچان بولۇپ كەتكەن قىياپىتىنى ئويلاپ ، جۇڭ چيەننىڭ دېگەنلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتاتتى .

قارىماققا تىنچ كۆرۈنىدىغان كۈنلەردىن يەنە نەچچىسى ئۆتۈپ كەتتى . چۇن چى داۋاملىق يوشۇرۇنۇۋېرىشكە ماغدۇرى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ، قاچمىسا بولمايدىغان ۋاقىتنىڭ ئاخىر يېتىپ كەلگەنلىكىگە كۆزى يەتتى .
يېرىم كېچە ، ئۇ ياغاچ ساندۇقنى كۆتۈرگىنىچە ئاللىقاچان تونۇش بولۇپ كەتكەن يولنى بويلاپ گۈللۈكنى كېسىپ ئۆتتى . ئۇنىڭ قەدەملىرى شۇنداق قەتئىي ئىدى ، ئىككىلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى ، كەينىگە قاراپمۇ قويمايتتى . ئۇ سىلاشتۇرغىنىچە ھويلىنىڭ دەرۋازىسىنى ئىزدەشكە باشلىدى ، قولىغا پانۇس ، كاتەكچە تام ۋە پالما يوپۇرماقلىرى ئۇرۇلدى . ئۇ دەرۋازىنىڭ

يىنىغىلا كېلىپ قالغانىدى . ئۇ ئالدىغا يەنە بىر قەدەم ماڭدى ، قولىنى سوزۇۋىدى ، ئۇرۇلغىنى ياغاچ بولماستىن ، بەلكى يۇمشاق ھەم ئىسسىق تېرە بولدى . ئۇ سەل ئەندىكىپ قولىنى يىغىۋالدى .

بىر قول ئۇشتۇمتۇت سوزۇلۇپ كېلىپ ، ئۇنىڭ قورسىقىنى تۇتتى ، ئارقىدىنلا سۇڭ سۇڭنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلاندى :

— شۇمتەك ، بۇ مېڭىشىدا ئاناڭ سېنى نەگە ئېلىپ بارىدىغاندۇ ؟

## 12

چۇن چى ئاخىر يوشۇرمىسىمۇ بولىدىغان بولدى ، ئۇ بۇنىڭدىن كۆپ يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلىۋاتاتتى . قاتمۇقات تېڭىقلار بىر قەۋەت ـ بىر قەۋەتتىن يېشىلىپ قورساق كۆرۈنگەن چاغدا ، ئۇ تېنىدىكى كەپىسىزنىڭ «ئۇھ» دەپ راھەتلەنگەنلىكىنى ئاڭلىغاندەك بولدى . ئەسلىدە چارچاپ ھالىدىن كەتكەن ئۆزىمۇ قايتىدىن ماغدۇرىغا كېلىپ قالغاندەك بولدى .

سۇڭ سۇڭ ئۆتكۈر نەزىرى بىلەن چۇن چىنىڭ قورسىقىغا قارىدى . ھامىلىدارلىق داغلىرى خۇددى يىرگىنچلىك چىۋىن لىچىنكىسىدەك ئۇنىڭ ئۇستىدە لۆمشىمەكتە . ئۇنىڭدا يەنە ئەر زاتىنىڭ چىۋىن لىچىنكىسىدەك ئىپلاس قوللىرى ، سۇس سۆسۈن رەڭلىك جاراھەتتەك كالپۇكلىرى ، زەھەرلىك موگۇدەك جىنسىي ئەزاسى تۇراتتى . ئۇ چۇن چىنى ۋەھشىيلەرچە ئىتتىرىۋەتتى . چۇن چى يەرگە يىقىلىپ ، ياغاچ چېلەكنى ئۆرۈۋەتتى ، ئۆزىنىڭ ئاشۇ رەزىل قورسىقى بىلەن بىللە سۇغا چىلاشتى ، بىراق ئاشۇنداق پاسكىنا بولغاچقا ، قانچە يۇسىمۇ پاكىزلانمايدىغاندەك قىلاتتى .

چۇن چى يەرنى باغىرلىغىنىچە ياتاتتى ، يۈزلىرى يانجىلىپ كەتكەن بىرقانچە تال ئىتياڭىقىغا چاپلىشىپ تۇراتتى . بۇ گۇناھكار شۇم گۇل مۇشۇ پەيتتە ئۇنىڭغا تولىمۇ ماس كەلگەنىدى . ئۇلار بىرلىكتە ئۆلۈپ كېتىشى كېرەك ئىدى ، بىراق چۇن چىنىڭ ياشاش ئىرادىسى ھەرقانداق بىر چاغدىكىدىنمۇ كۈچلۈك ئىدى ، ئۇنىڭ

قوللىرى ئىختىيارسىز قورسىقىنى قوغدايتتى . چۈنكى ئۇ ئۇنىڭدىن چىقىۋاتقان كۈچلۈك نەپەسنى يەنە ئاڭلىغاندەك بولۇۋاتاتتى . ئۇ توساتتىن كۆڭلى تىنغاندەك بولدى .

چۈن چىنىڭ بىمالال تۇرۇشى سۇڭ سۇڭنى تەمتىرىتىپ قويۇۋاتاتتى . ھازىر سۇڭ سۇڭنىڭ دۇچ كېلىۋاتقىنى بىر چىپچىلاڭغۇ ، ئۆز غۇرۇرى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدىغان ئانا ئىدى . ئۇ قانداقسىگە مۇشۇنداق مەغرۇر تۇرالايدىغاندۇ ؟ چۈنكى ، بۇ تومپىيىپ تۇرغان قورساقنىڭ كەينىدە چوقۇم بىر كۈچلۈك مۇھەببەت بار ، ئۇنىڭ قەلبى سۆيگۈ ۋە ئۈمىدكە تولغان . يوشۇرالمىغان ئازراق كۆرەڭلىك ئۇنىڭ چىرايىدا ئىپادىلىنىپ قالاتتى ، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى سۇڭ سۇڭغا بويسۇنغىنى يوق ، ئۇ پەقەت ياردەمگە موھتاج ، بارلىق رايىشلىق بۇ ئانىدىكى تۇغما نىقابتىن ئىبارەت .

ھەسەت ئوتى سۇڭ سۇڭنىڭ قەلبىدە يانماقتا . ئۇ خۇددى ناتونۇش ئەرنىڭ بوشلۇقتا ئايلىنىپ پەس ئۇچۇۋاتقان لاچىنىدەك قارا كۆلەڭگىسى ئارقىلىق چۈن چىنىڭ ۋۇجۇدىنى توردەك قاپلىۋالغانلىقىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتاتتى . چۈن چى بولسا تورنىڭ ئاستىدىكى ئادەمنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويغۇدەك بوشلۇقتا بەخىرامان تۇراتتى ھەمدە بۇ يەردە بىر قېتىملىق جاپالىق كۆپىيىشنى كۈتۈشكە رازى ئىدى .

ئۇ چۈن چىنى مۇشۇنچىلىك مەغرۇر قىلىۋەتكەن ئاشۇ ئەرنىڭ زادى قانداق ئادەملىكىنى بەكلا بىلگۈسى بار ئىدى ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى سىرلىق مۇھەببەت ھېكايىسى خۇددى ئەتكە چوڭقۇر كىرگەن تىكەندەك ئۇنى ئۇزاق ئاغرىققا مۇپتىلا قىلغانىدى . ئۇ بۇ تىكەننى تارتىپ چىقىرىۋەتمىسە بولمايدىغان يېرىگە كېلىپ قالغانىدى .

ئۇ ئىتىياڭىقى گۈلى چىلانغان ئىككى بوتۇلكا ھاراقنى تىزىپ قويغان يېرىدىن ئالدى . ئۇ بۇ كېمە ئۆيدە بەك ئۇزاق تەنھا ياشىدى ،

كۆپىنچە ۋاقتىنى هاراق ئىشلەشكە سەرپ قىلدى . ئىلگىرى ـ كېيىن ئىشلەنگەن پالما هارىقى قېنىق ، سۈس ھەر خىل رەڭلەردە تەييارلانغانىدى . ئۇنىڭ ئالغىنى ئەڭ بۇرۇن ئىشلەنگەن رەڭگى قېنىق بىغىر رەڭلىك ئىككى بوتۇلكىسى ئىدى . گۇل بەرگى بەك ئۇزاق چىلانغاچقا ، خۇددى جان كىرىپ قالغاندەك ، قارىماققا تازا تولغان ھاشاراتتەك كۆرۈنەتتى . ئىنياگىنقى هاراقتا چىلىنىپ بۇ دەرىجىگە يەتكەندە ، بىر خىل بىھوش دورىسىغا ئايلانغان بولاتتى . ئۇنى ئىچكەن ئادەم سىرلىق ئالەمگە بېرىپ قالغاندەك ، ئاسماندا لەيلەۋاتقاندەك تۇيغۇلاردا بولاتتى ـ دە ، ئۆزىنىڭ ئىغىرلىقىنىمۇ سەزمەي قالاتتى . ئۇ چۈن چى ئۈچۈن بىر قەدەھنى تولدۇردى ، ئۆزىگىمۇ بىر قەدەھ قۇيدى . ئۇلار بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋېتىشتى . مۇشۇ هالەتتە ئۈچ رومكا ماڭغاندىن كېيىن ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئاغزاق بېشى قېيىشقا باشلىدى :

— بۇ هاراقتا زەھەر سېلىنۋەتتىم . ئىشىنەمسىز ؟

كەيىپچىلىكتە تۇرغان چۈن چى بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈپ ، ئىختىيارسىز قورسىقىنى تۇتتى .

— قورقماڭ ، مەن پەقەت سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بۇ بالىنى ئېلىۋەتمەكچى شۇ ، — سۈڭ سۈڭ ئورۇنسىز كۈلدى ، بۇ چاغدىكى ئۇ ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ بەكرەك كېمىدىكى غەزەلخانغا ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى .

چۈن چى ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ سىرتقا ماڭدى . تېنى يەڭگىللەپ ، پۇتلىرى يەرگە تەگمىگەندەك بولۇۋاتقاچقا ، بىرقانچە قەدەم ماڭمايلا يىقىلىپ چۈشتى . ئۇ ئازاب ئىچىدە تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋىدى ، سۈڭ سۈڭ ئۇنى بېسىپ تۇرۇپ دېدى :

— قورسىقىڭىزدىكى ھامىلىگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئىشلارنى دەپ بەرسىڭىز ، سىزگە زەھەر قايتۇرۇش دورىسى بېرىپ ، ئۇنى ساقلاپ قېلىشىڭىزغا ياردەم قىلىمەن .

ئىنتياگىنقى گۈلى ئادەمنىڭ تەبىئىتىدە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىدىغان بولغاچقا، مۇشۇنداق بىمەنە پوپوزىنى ئالاھىدە ئۈنۈمگە ئىگە قىلىۋاتاتتى. ئارقىدىن چۈن چى مۇساپىرلار لاگېرىدىن قاچقاندىن كېيىنكى ھېكايىسىنى سۆزلەشكە باشلىدى.

بۇ ئىشلار ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆركەشلەپ تېشىپ چىقايلا دەپ قېلىۋاتاتتى. چۈن چى ئۇنى سىرتقا چىقىرىدىغان بىر ئېغىزغا، بىر ئۇلۇغ سۆيگۈنىڭ شاھىتىغا موھتاج ئىدى.

سۇڭ سۇڭ بۇنىڭغا تازا مۇۋاپىق كېلەتتى، چۈنكى ئۇ بۇ ئىشقا ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەم ئىدى.

چۈن چى ھېكايىسىنى سۆزلەۋاتقاندا، سۇڭ سۇڭ باشتىن ـ ئاخىر ئۇنىڭغا قاراپ تۇردى، چۈن چى ئۇنىڭدىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك، ئاۋازى باشقا بىر دۇنيادىن كېلىۋاتقاندەك بىلىنىۋاتاتتى. چۈن چى تۆگە بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن يەتتە كۈن ھەققىدە قىسقىچە سۆزلەۋاتقان چاغدا، سۇڭ سۇڭنىڭ كاللىسىدا ئەر كىشىنىڭ ئىششىق ھەم يىرگىنچلىك يۈزى ئەكس ئەتكەندەك بولدى. ئۇلارنىڭ جۈپلىشىۋاتقانلىقى، ھېلىقى ئەرنىڭ چۈن چىنىڭ قىزغىنلىقىغا كىرىپ، ئۇنىڭدىكى نەملىكنى سۈمۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. جۈپلەشكەن تەنلەر قىرغاقتا جان تالىشىۋاتقان كارپ بېلىقىغا ئوخشايتتى، تەرلەر دەريادەك ئېقىپ، چۈن چىنىڭ ياش بېزىنى ئېچىشۋەتكەنىدى.

ئەمەلىيەتتە، ھەقىقىي ھېكايە تولىمۇ قىسقا ئىدى، پەقەت بىرنەچچە كۈنلا داۋاملاشقانىدى. قالغان چەكسىز ئۇزۇن ۋاقىتتا ئۇمۇ سۇڭ سۇڭغا ئوخشاشلا ئىزدەش بىلەن بەند بولۇپ يۈردى. نېمە ئۈچۈن چۈن چىنىڭ باياندا جاپالىق ئىزدەش بىر خىل كۆڭۈللۈك ئىش سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ؟

قۇلۇلە قېپىدىن ئەسلىمىلەرنى ئىزدەش ئىشىغا كەلسەك، چۈن چىنىڭ بىپايان دېڭىزدىن ئۆزىگە تەۋە بولغان ئاشۇ ئەسلىمىنى ئىزدىشىنى سۇڭ سۇڭ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر خىل كۈچلۈك ئىرادە دەپ مەدھىيىلىشى كېرەكمۇ ياكى ئۇنى تەلۋىلەرچە

سەۋدايىلىق سوپىتىدە مەسخىرە قىلىشى كېرەكمۇ؟
سوڭ سوڭ چۇن چىنىڭ گېپىنى باشتىن ـ ئاخىر بۆلۈۋەتمىدى، ئۇ پەقەت چۇن چىنىڭ قانداقسىگە مۇشۇنداق بىمالال ئولتۇرۇۋاتقانلىقىغا، ھەتتا بۇۋىمەريەمدەك بىر خىل تەمكىنلىككە ئىگە بولۇۋاتقانلىقىغا ھەيران قېلىۋاتاتتى. خۇددى ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەسلىدىنلا شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك ئويلاۋاتقان چۇن چى ئەزەلدىن ئۆزىنى بىرەر ئىشنى خاتا قىلغان دەپ ئويلاپ باقمىغان بولسا كېرەك.
— مۇشۇنداق بولدى، شۇ، — دېدى چۇن چى ئاخىردا.
سوڭ سوڭنىڭ يۈرىكى يېنىك تىترىگەندەك بولدى. سوڭ سوڭ چۇن چىنىڭ «مۇشۇنداق بولدى، شۇ» دېگەن گەپنى دائىم دەيدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى، بىرەر ئىشنى سۆزلىگەن ياكى ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، ئۇ دائىم مۇشۇ سۆزنى خاتىمە قىلاتتى، سۆز ئۇرانىدىن بىغەملىك چىقىپ تۇراتتى، لېكىن ئازراق ئىلاجسىزلىق تۇسىدىن خالىي ئەمەس ئىدى. سوڭ سوڭ ئۇنىڭ مۇشۇ گەپنى قىلغاندىكى قىياپىتىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى، بۇنداق چاغدا چۇن چى خۇددى ھېچنېمىنى قالدۇرماي ھەممىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ ئادەمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەندەك ھالەتتە بولاتتى، ئۇنىڭ ئاشۇ رايىش قىياپىتى كىشىدە ھېسداشلىق قوزغايتتى.
مۇشۇنداق بولدى، شۇ. مۇشۇنداق بولدى، شۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆرگۈسىز قىياپىتىنى سوڭ سوڭنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئىلاجسىزلىق ئىچىدە مۇشۇ گەپلەرنى قىلىۋاتاتتى.
كەچ كىرىشكە ئۇشتۇمتۇت قاتتىق يامغۇر ياغدى. چۇن چى توساتتىن كۈلۈمسىرەپ قويدى، لېيەنيەن ئارىلىنىڭ مارت، ئاپرېل ئايلىرىنىڭ مۇشۇنداق ئىكەنلىكى ئۇنىڭ ئېسىگە كېلىپ قالغانىدى، ئۇ يەردە كېچە پەردىسى چۈشۈشى بىلەنلا، يامغۇر ئۆلىشىپ كېلەتتى، بۇ خىل ئۆز ئىچىدىلا بىلىشىدىغان ماسلىشىش ئادەمگە ئىللىقلىق ئاتا قىلاتتى، بەلكىم بۇ خىل تۇيغۇ سوڭ سوڭ بىلەن

بىللە تۇرغانلىقتىن پەيدا بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن . سۇڭ سۇڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان چۈن چىننىڭ توڭلاپ تىترەۋاتقانلىقىنى كۆردى ، ۋەھالەنكى ، ئۇنىڭ قىزىل ئەسۋە بىلەن تولغان چىرايىدىن كۈلۈمسىرەش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى ، شۇنچىۋالا جەبىر - جاپانى باشتىن كەچۈرگەن بۇ ئايال يەنىلا خارابىيلىككە ئوخشاپ قالغان رېئاللىقتىن ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان ئازراق خۇشاللىقنى تاپقانىدى .

كۈچلۈك هاراقنى بەك كۆپ ئىچكەنلىكتىن ، چۈن چىننىڭ پۇت - قوللىرى بوشىشىپ كەتكەنىدى . ئۇ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن ، ۋۇجۇدىدىكى ھەممە نەرسە سۇغۇرۇۋېلىنغاندەك چارچاپ ھالىدىن كېتىپ ، ئۇستەلنى بېغىرلاپ يېتىپ قالدى ، بېشىنى كۆتۈرەلمىدى .

ئارىنى سۈكۈت قاپلىدى ، بۇ پەيتتىكى جىمجىتلىق خۇددى يۆتكىگىلى بولمايدىغان تاشتەك ئۇلار ئوتتۇرىسىدا سوزۇلۇپ ياتاتتى . بۇ غايەت زور تاشنىڭ بېسىشى بىلەن سۇڭ سۇڭ ئەقلىدىن ئادىشايلا دەپ قېلىۋاتاتتى . ئۇ نەزىرىنى چۈن چىگە ئاغدۇرۇشقا ئامالسىز ئىدى ، چۈن چىگە قارىسىلا ، ھېلىقى ئەر ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇرۇۋالاتتى . ھېلىقى ئىپلاس ئەر ئۇنى بېسىۋالغانىدى . ئۇ ئەر خۇددى ئاسماندىن چۈشكەن مېتېئورىتقا ئوخشاش ئۇنىڭ تېنىنى يانجىۋەتكەنىدى . ئۇ ئەر ئۇنى ئازراق - ئازراقتىن شىلىپ ، ئۇنىڭدىكى يۇمرانلىقنى چايناۋاتاتتى .

ھالبۇكى ، چۈن چىننىڭ قۇرۇپ قالغان كۆز ئۇۋىسىدىن مىننەتدارلىقنىڭ قىزىل قانلىرى سىرغىپ چىقماقتا ئىدى ، ئۇ ھەقىقەتەن قۇتۇلدۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالغانىدى .

## 13

سۇڭ سۇڭ مۇساپىرلار لاگېرىدىكى چاغدىكىدەك چۈن چىنى ئاخىرقى قېتىم يۇيۇندۇردى . ئەينى چاغدا ، ئۇلار قويۇق ئورماننىڭ ئىچكىرىسىدىكى لاي ئېرىقنىڭ يېنىدا بىر - بىرىنى يۇيۇپ

قويۇشقان ، تازا يوغان بىر ياغاچ ئىدىشنىڭ بولۇشىنى ، ئىسسىق سۇنى يېپىتەرلىك تەييارلىۋېلىپ ، بولسا ئازراق گۈل بەرگى سېلىۋېتىپ ، ئىشىكنى تاقاپ ، باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمىگەن ھالدا راھەتلىنىپ يۇيۇنۇشنى سانسىز قېتىم خىيال قىلىشقانىدى .

سۇڭ سۇڭ ياغاچ ئىدىشنى ئىتىياڭقى چىلانغان ئىسسىق سۇ بىلەن لىق تولدۇردى . ئۇ ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان سۇغا قارىغىنىچە ، ئىختىيارسىز خورسىنىپ قويدى ، ھازىر ئارزۇ قىلغان نەرسىنىڭ ھەممىسى بار بولدى ، بىراق ئادەم ئاللىقاچان بۇلغىنىپ كەتكەنىدى ، ھەرقانچە يۇسىمۇ پاكلانمايتتى .

سۇڭ سۇڭ پەس ئاۋازدا چۈن چىنى چاقىردى :

— بۇياققا كېلىڭ ، چۈن چى .

چۈن چى سۇڭ سۇڭنىڭ ئاۋازىنى بويلاپ سەنتۈرۈلۈپ كەلمەكتە ئىدى ، بىرقانچە قەدەم يولغىمۇ شۇنچىلىك كۈچىنىپ كېتىۋاتاتتى . ناتونۇش جايلاردا ئۇ تولىمۇ بىچارە كۆرۈنەتتى ، ئەمدىلا ئايىغى چىققان كىچىك چاغلىرىغا قايتىپ قالغاندەك ھالەتتە ئىدى . بىراق ، بۇنىڭمۇ يامان يېرى يوق ، ئۇ سۇڭ سۇڭ بىلەن تونۇشقان دەسلەپكى چاغلىرىغا يانغان ، سۇڭ سۇڭدىن باشقا ھېچكىمنى تونۇمايدۇ ، سۇڭ سۇڭدىن باشقا غەمگۇزارى ۋە تايانچى يوق .

— كېمىدە تۇرۇشنى ياقتۇرمىسىڭىز ، مۇشۇ يەردە تۇرىۋەرسىڭىزمۇ بولىدۇ . كېمىدە غەزەلخانلىق قىلسام نۇرغۇن پۇل تاپالايمەن ، سىزنى ياخشى ياشايدىغان شارائىتتا ئىگە قىلالايمەن ، — دېدى سۇڭ سۇڭ چۈن چىنىڭ چېچىنى تارىغاچ . ئۇنىڭ پەس ئاۋازدا قىلىۋاتقان تۈگىمەس گەپلىرى خۇددى بىر خىل ئەللەي ناخشىسىغىلا ئوخشايتتى .

چۈن چى بېشىنى لىڭشىتتى . مۇشۇ پەيتلەردە ، ئۇ سۇڭ سۇڭنىڭ باغرىنى پاناھگاھ بىلىپ ، بېشىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويدى ـ دە ، خاتىرجەم ھالدا كۆزىنى يۇمۇۋالدى .

سۇڭ سۇڭ چۈن چىنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ ياغاچ ئورۇندۇققا دەسسەتتى، ئاندىن ياغاچ ئىدىشقا چۈشۈردى.

— سۇنىڭ ئىسسىقلىقى مۇۋاپىقمىكەن؟ — سورىدى سۇڭ سۇڭ.

— ياخشىكەن، — چۈن چى تېنىنى ئازراق - ئازراقتىن سۇغا چۆكتۈردى، خاسىيەتلىك سۇ ئۇنىڭ قورسىقىنى مۇلايىملىق بىلەن كۆتۈردى.

سۇڭ سۇڭ سۇنى ئوچۇملاپ ئېلىپ چۈن چىنىڭ مۈرىسىگە قۇيدى. قىزىل ئەسۋە بىلەن تولۇپ كەتكەن تېرە ئېچىشىپ، چۈن چىنىڭ تېنى سىلكىنگەندەك بولدى. سۇڭ سۇڭ دەرھال دورىنى ئېلىپ سۈرتۈشكە باشلىدى:

— ئەگەر بۇرۇنلا دورا سۈرتۈلگەن بولسا، بۇ جاراھەتلەر ئاللىقاچان ياخشى بولۇپ كەتكەن بولاتتى.

چۈن چى رايىشلىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

— سىز بىلەن تونۇشقاندىن تارتىپ ھازىرغىچە، سىز يارىلىنىپلا كەپسىز، مەن سىزگە دورا سۈرتۈپلا كەپتىمەن. ئەجەبا بۇ تەقدىر - قىسمەتتە پۈتۈلگەن ئىشمىدۇ؟ — سۇڭ سۇڭ يەنە سورىدى.

— كەچۈر.

— سىزگە شۇنچىلىك كۆيۈنۈۋاتىمەن، بىراق مەندىن ئايرىلىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىسىز ... — يىغا تۇتۇۋاتقان بولسا كېرەك، سۇڭ سۇڭنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ چىقىۋاتاتتى.

— سەن قورسىقىمدىكى بالىنى قوبۇل قىلالمايدىغان تۇرساڭ.

— ئۇ شۇنچىلىك مۇھىممۇ؟ ئارىمىزدىكى دوستلۇقتىنمۇ مۇھىممۇ؟

چۈن چى جىمىپ قالدى.

دورىنى سۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، سۇڭ سۇڭ ئۇنىڭ كۆكسىنى يۇيۇشقا باشلىدى. كۆكسى چۈن چىنىڭ بەدىنىدىكى ئۆزگىرىش ئەڭ چوڭ بولغان جاي ئىدى. ئۇلار يولسىزلىق بىلەن

تۆت تەرەپكە كېڭىيىپ ، كۆپۈشۈپ تۇراتتى ، توپچىسى قېنىق رەڭدە ئىدى ، بۇرۇنقىدەك سەزگۈرلۈكىمۇ قالمىغانىدى ، سۇ چاچرىغان ھالـەتتىمۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن سالپىيىپ تۇراتتى ، ھېچقانداق ئىنكاس يوق ئىدى . سۇلۇ سۇلۇ يىرگەنگەن ھالدا قاراپ تۇراتتى ، ئۇلار تولىمۇ كۆرۈمسىز كۆرۈنۈپ ، چۈن چىنى ھەرىكىتى ئاستا ئوتتۇرا ياشلىق ئايالغىلا ئوخشىتىپ قويغانىدى .

— مەن مۇشۇ يەرلىك بىر تەجرىبىلىك ئايالدىن سوراپ باقـقان ، بالا خېلى چوڭىيىپ قالغان تەقدىردىمۇ ، ئۇنىڭ ئېلىۋېتىشكە ئامالى بار ئىكەن ··· — دېدى سۇلۇ سۇلۇ ئاخىر تاقەت قىلالماي .

چۈن چى داڭقېتىپ قالدى . ئۇ سۇلۇ سۇلۇنىڭ ئۆزىنى ئارامخۇدا يۇيۇنغىلى قويۇشىنى بەكمۇ ئۈمىد قىلاتتى . بىراق ، سۇلۇ سۇلۇ ئۇنىڭغا ئازراقمۇ ئارامىلىق بەرمەيۋاتاتتى ، بۇ ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەھۋال ئىدى .

— مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆلىمەن .

سۇلۇ سۇلۇ ئۇنىڭغا قارىدى ، ئۇنىڭ نۇرسىز چىرايى قىزىرىپ كېتىۋاتاتتى ، راستتىنلا بالا بىلەن تەڭ تۇغۇلىدىغاندەك ئىپادىدە ئىدى . سۇلۇ سۇلۇ چۈن چىنىڭ دېگىنىنى قىلىدىغان مىجەزىنى ئوبدان بىلەتتى .

ئۇ چۈن چىنى يالغۇز قالدۇرۇپ ، ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى .

## 14

سۇلۇ سۇلۇ خوشلاشمايلا كېتىپ قالدى . ئۇنىڭ مۇشۇنداقلا كېتىپ قالىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئويلاپ باقمىغانىدى .

مېڭىشىنىڭ ئالدىنقى كېچىسى سۇلۇ سۇلۇ ھويلىغا چىقىپ ، ئىتىياڭىقى گۈللىرىنىڭ ھەممىسىنى پالتا بىلەن چېپىپ تاشلىدى . پۈتۈن ھويلا بۇ گۈللەرنىڭ ئازاب دېڭىزىغا ئايلانغانىدى . جۇڭ چيەن ئۇنىڭ كەينىدىلا تۇراتتى ، بىراق ئۇ بۇنى سەزمەيتتى . ئەتىسى

ئەتىگەندە، جۇڭ چيەن سۇڭ سۇڭنىڭ كارىۋىتىنىڭ بوش تۇرغانلىقىنى بايقىدى، ئۇنىڭ ئورنىدا ئازراقمۇ ھارارەت قالمىغانىدى، قارىغاندا تاڭ سەھەردىلا يولغا چىقىپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ ھېچنېمە ئېلىپ ماڭمىغانىدى، ھەممىلا نەرسە ئۆز پېتىچىلا تۇراتتى، بىراق كېمە ئۆي ئاللىقاچان بىر سوغۇق خارابىلىككە ئايلانغانىدى.

جۇڭ چيەننى ئەڭ ئازابلىغىنى، سۇڭ سۇڭنىڭ ئۇنىڭغا بىرەر ئېغىزمۇ سۆز قالدۇرماي كېتىپ قېلىشى بولدى، ئۇنىڭدا جۇڭ چيەنگە نىسبەتەن قىيالماسلىقتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى.

مۇشۇنداق بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا سۇڭ سۇڭنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇ ئارالنىڭ ھەممە يېرىگە بېرىپ ئىزدىدى، كېمىدىكى غەزەلخان پاھىشىلەردىن سۈرۈشتۈردى، لېكىن ھېچ دېرىكى بولمىدى. ئەگەر سۇڭ سۇڭ يوشۇرۇنۇۋېلىش نىيىتىگە كەلگەنلا بولسا، ئۇنى تېپىش مۇمكىنچىلىكى يوق ئىدى. جۇڭ چيەن ئاجايىپ بىر خىل ئۈمىدسىزلىكنىڭ تەمىنى تېتىدى، ئۇ ئەينى چاغدا سۇڭ سۇڭ چۈن چىنى ئىزدىگەن چاغدىمۇ مۇشۇنداق ئازابنى باشتىن كەچۈرگەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى.

ئۇ ئىزدەپ ماغدۇرىدىن كەتتى، چۈن چىنى ئېسىگە ئېلىپ، كېمە ئۆيگە يەنە قايتىپ كەلدى.

چۈن چى سۈكۈت ئىچىدە يوشۇرۇنچە چوڭىيىۋاتقان قورسىقىنى قوغدىغىنىچە، كارىۋات يېنىدا ئۇزۇنغىچە ئولتۇردى.

ئۇ ناھايىتى ئۇزاق ساقلىدى، سۇڭ سۇڭ قايتىپ كەلمىدى. ئۇ سۇڭ سۇڭنىڭ بۇ يەردىن كېتىپ قالغانلىقىنى ئاساسەن جەزملەشتۈردى. سۇڭ سۇڭ يەنىلا ئۇنى كەچۈرمىگەنىدى. بۇ خىل نەتىجىنى چۈن چى ئاللىقاچان پەرەز قىلىپ بولغان، لېكىن سۇڭ سۇڭ راستىنلا ئۆزىنى تاشلاپ كەتكەندە، چۈن چى ئازراق ئۈمىدسىزلىنىپمۇ قالدى.

چۈن چى تامنى ياقىلاپ قورۇغا چىقتى، ئۇ جۇڭ چيەننىڭ

ئاۋازىنى ئاڭلىدى .
— ئۇنى ئىزدىمەكچىمۇ سىز ؟ — جۇڭ چيەن ئۇنى توسۇماقچى بولۇۋاتاتتى .
— ياق ، ماڭا ئازراق قۇلۇلە قېپى كېرەك ئىدى . ياردەم قىلالامسىز ؟
ئۇنىڭ ئاۋازى قەتئىي ھەم سەمىمىي ئىدى ، جۇڭ چيەن رەت قىلىشقا ئامالسىز قالدى .

بەكلا چارچىغانلىقتىن بولسا كېرەك ، جۇڭ چيەن بوسۇغىدىلا ئولتۇرۇپ بېشىنى تامغا يۆلىدى . چۈن چى جايىدا قىمىر قىلماي تۇراتتى ، پۇتىغا كەش كىيىمىگەنىدى . سۇڭ سۇڭ ئۇنىڭغا كەش تەييارلاپ بېرىپ باققان ، لېكىن ئۇ زادىلا كىيگىلى ئۇنىمايتتى ، قىـزىل پۇتلىرى قەستەن ئوچۇق قويۇلغاندەك ئادەمنىڭ ئىچىنى ئـاغـرىتاتتى . جۇڭ چيەننىڭ ئۇنى قۇچاقلاپ قاتتىق يىغلىغۇسى كەلدى . بىراق ، بۇنداق قىلىش بەك تۇيۇقسىز بولۇپ قالىدىغاندەك تۇراتتى ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تېخى ئارىلىق بار ئىدى . ئۇنىڭ چۈن چىنى چۈشىنىشىگە بىر خىل نازۇك تۇيغۇ ئارىلىشىپ كەتكەنىدى . ئۇ ئۆزىنىڭمۇ چۈن چىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى .
چارچاپ ھالىدىن كەتكەن مۇشۇ پەيتتە ، ئۇنىڭ بىرەر ئىش قىلغۇدەك ، ئويلىغۇدەك ماجالى قالمىغانىدى ، شۇڭا ئىشىك يېنىدا چۈن چىگە قارىغىنىچە جىمجىت ئولتۇراتتى ؛ چۈن چىمۇ جىمجىت تۇراتتى ، ئۇنىڭ مۇشۇ قىياپىتىمۇ بىر پارچە رەسىمدەك ناھايىتى يېقىشلىق كۆرۈنۈۋاتاتتى .
چـۈن چـى سـۇڭ سـۇڭدەك ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ساھىبجامالاردىن ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ قاش - كۆزلىرى تىپىك جۇڭگولۇق ئاياللارغا ئوخشايتتى ، ئېڭەكلىرى ئۇچلۇق ، چاچلىرى قويۇق ئىدى ، بىر قاراشقا جۇڭ چيەن كىچىك چاغلىرىدا يېزىدا كۆرگەن چىرايلىق قىزلاردىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيتتى . نازۇكلۇق

ئۇ سەھرا گۈزەللىرىنىڭ خاسلىقى ئىدى ، ئەمما چۈن چىنىڭ ۋۇجۇدىدا قەتئىيلىك ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەنىدى ، جەبىر - جاپا ئۇنىڭدا قالدۇرغان چوڭقۇر ئىزلار ئادەمنىڭ ھۆرمىتى ۋە ھېسداشلىقىنى قوزغايتتى .

جوڭ چيەن ئۇنىڭغا قاراۋېتىپ ، تۇيۇقسىز ئۇنى ئۆزى كىچىك چېغىدا يېزىدىكى بۇتخانىدا باش ئۇرغان مەبۇدىگە ئوخشىتىپ قالدى . بالىلىق چاغلىرىدا ، چوڭ ئانىسىدىن قالسىلا ، پەقەت ئاشۇ ھەيكەل ئۇنىڭغا خىلى ئانىلىق مېھىر ئاتا قىلغانىدى . كىچىك چاغلىرىدا ئۇ مەبۇدىنىڭ ئايىغى ئاستىغا تىزلىنىپ ، ئەۋلىيالارنىڭ مۇقەددەس سۇغا چىلانغان قوللىرى بىلەن ئۆزىگە نىشان كۆرسىتىپ بېرىشىنى تىلەيتتى . كېيىنچە ئۇ يېزىدىن شەھەرگە كەلدى ، تۇرمۇشىغا ئانچە - مۇنچە تۇس كىردى . بىراق ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاشۇ ھەيكەلنى قايتا كۆرۈپ باقمىدى . ھازىر ئۇ چۈن چىنىڭ ۋۇجۇدىدىن بۇدساتۋا ھەيكىلى ئىچىدە غايىب بولغان يۇمران نېلۇپەرنى كۆرگەندەك بولۇۋاتاتتى .

ئۇنىڭ ئانىلىق تەبىئىتىگە تويۇنغان ۋۇجۇدىدىن قۇتقۇزغۇچىغا خاس نۇر ئۇچقۇپ تۇراتتى . جوڭ چيەن بوسۇغىدا ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتى ، شۇ ئولتۇرغىنىچە ئاسمانغا يۇلتۇزلار توشقۇچە ئولتۇردى ، ئۇنىڭ قەلبىدە يەنە قايتىدىن ئىستەك ئوتلىرى ياناقتا ئىدى .

ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇستۋاشلىرىدىكى توپا - چاڭنى قاقتى ، ئاندىن چۈن چىنىڭ يېنىغا بېرىپ دېدى :

— بەدىنىڭىزگە ئورنىۋالغان بۇ رەختلەرنى يېشىۋېتىڭ ، بۇنىڭدىن كېيىن يوشۇرۇپ يۈرۈشىڭىزنىڭمۇ ھاجىتى يوق . سىرتقا چىقمىسىڭىزمۇ بولىدۇ ، ئەنسىرىمەڭ ، ھالىڭىزدىن ياخشى خەۋەر ئالىمەن .

چۈن چى ئارقىسىغا بىر قەدەم چېكىندى .

ئۇ ئالدىدا تۇرغىنىنىڭ بىر ئاختا قىلىنغان ئەر ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە ، ئۇنىڭدىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەۋاتاتتى .

جۇڭ چيەن ئۇنىڭ ساراسىمىگە چۈشكەن قىياپىتىگە قاراپ ئاچچىق كۈلۈپ قويدى ، بىراق كۆڭلىدە بىر خىل قانائەت تۇيغۇسى پەيدا بولدى ، چۈنكى ئەزەلدىن ئايال زاتى ئۇنىڭدىن قورقۇپ باققان ئەمەس ئىدى .

## 15

جۇڭ چيەننىڭ كۈنلىرى بىردىنلا ئالدىراش بولۇپ كەتتى . سۇڭ سۇڭنى ئىزدىشى ھەم چۈن چىننىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشى كېرەك ئىدى . كۈنلەر بارغانسېرى تېز ئۆتمەكتە ، ئۇ ھەر كۈنى تاڭ يورۇماستىلا چۈن چىڭگە غىزا تەييارلاپ بېرىپ ، ئاندىن دېڭىزغا چىقاتتى . ئۇ قۇلۇلە قاپلىرىنى سۈزۈپ ، سۇڭ سۇڭنىڭ دېرىكىنى قىلىپ بولغۇچە كەچ كىرىپ كەتتى . ئۇ قۇلۇلە قاپلىرىنى ۋە تۇتقان بىرقانچە قىزىل قاۋان بېلىقىنى كۆتۈرگىنىچە قىرغاققا چىقتى . بۇ نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە قايتىۋاتقاندا ، سىم ـ سىم يامغۇردىن كېيىنكى يول ئاللىقاچان قۇرۇغان ، بىراق ھاۋا يەنىلا نەم ئىدى ، ئولتۇرۇۋاتقان قۇياشنىڭ جۇلاسى ئاخىرلىشىپ ، ئاي خۇددى ماراۋاتقاندەك يېرىم يۈزىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى . ئېكۋاتوردا ئاي باشقا جايلارغا قارىغاندا تېخىمۇ تولغان ھالەتتە كۆرۈنىدۇ ، شۇڭا ئادەمگە ئادەتتىن تاشقىرى گۈزەل تۇيغۇ بېرىدۇ . ئۇنىڭ كەيپى چاغ ئىدى ، شۇڭا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى ، بۇ ئۇ كېمىدە تۇرۇۋاتقان چاغدا شۇ يەردىكى غەزەلخان ئاياللاردىن ئۆگىنىۋالغان ناخشا ئىدى . ئۇ ئەسلىدە ، بۇ ناخشىلارنى ھازىر ئېيتسام سۇڭ سۇڭ ئېسىمگە كېلىۋېلىپ كۆڭلۈم بۇزۇلامدىكىن ، دەپ ئويلىغانىدى . بىراق ، شۇ چاغنىڭ ھىدىنى ئېلىپ كېلىدىغان ناخشىلارمۇ ئۇنىڭ مۇشۇ پەيتتىكى سەرخۇشلۇقىغا تەسىر يەتكۈزۈشكە ئاجىز كەلگەنىدى ، ئۇ توساتتىن ئۆزىنىڭ سۇڭ سۇڭنىڭ تاشلاپ كېتىشى قالدۇرغان ئازابتىن مۇشۇنداق تېزلا قۇتۇلۇپ چىقالىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى .

ئۇ ئاي يورۇقىدا ئۆزىگە سەپسېلىشقا باشلىدى ، ئەجەبا ئۇ

دېڭىزغا چىقىپ بېلىق تۇتۇپ ، ئائىلىسىنى باقىدىغان ئەرگە ئوخشىمامدۇ؟ ئۇ سەھەر تۇرۇپ كەچ يېتىپ ، تىرىكچىلىكنىڭ يولىنى قىلىۋاتىدۇ ، بالا - چاقىلىرى ئۆيدە ئۇنى ساقلاپ تۇرۇشىدۇ ... مۇشۇلارنى ئويلىغىنىدا ، ئۇنىڭغا يەنە كۈچ قوشۇلغاندەك بولۇۋاتاتتى . بۇ ئۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان يول ، ئىككى تەرەپتىكى ئۆسۈملۈكلەرنىمۇ ئۇ يادىدا تۇتۇۋالغان . ئۇنىڭ كۆرگەن بىر چۈشىدە ئۆزى مۇشۇنداق كېتىۋاتقۇدەكمىش ، چۈن چىنىڭ بالىسى تۇغۇلغۇدەكمىش ، مۇشۇنداق ماڭغىنىچىلا ھەقىقىي بىر ئەركەككە ئايلىنىپ قالغۇدەكمىش .

بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىنكى بىر قېتىملىق دېڭىز سەپىرىدە ، ئۇ ئۇدۇلدىكى كېمىدە بىرىنىڭ ئازراق خىرقىراق ئاۋازدا ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى . ئۇ ناخشا پىغان پۈرىقىغا تويۇنغانىدى . ئۇ ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ ، بۆلمىدىن ئېتىلىپ چىقتى . ئۇ بۇ ئاۋاز ئىگىسىنىڭ سۇڭ ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدى . بۇ كېمىدىن ئۇ كېمىگە قارىغاندا ، پەقەت ئۇ ئايالنىڭ سىرىق كۆڭلىكىنىلا كۆرگىلى بولاتتى . ئاق كۆڭۈل سۇڭ سۇڭ يەنىلا ئۆزىنى ئاشكارىلىغانىدى .

ئۇ سۇڭ سۇڭنى كۆرۈشكە كېچە - كۈندۈز ئىنتىزار بولۇپ كەلگەنىدى ، مانا ھازىر راستتىنلا كۆرگەن چېغىدا نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تۇرماقتا ئىدى . مۇشۇ پەيتتە ئىككى كېمىنىڭ ئارىلىقى تولىمۇ تارلاشقانىدى ، ئۇ چوڭراق بىر قەدەم ئالسىلا قارشى تەرەپتىكى كېمىگە چىقالايتتى . بىراق ، ئۇ نېمىشقا ئارىسالدى بولۇپ قالىدۇ؟

بۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ سۇڭ سۇڭغا ئاللىقاچان ئاسىيلىق قىلغانلىقىنى بايقىدى .

ناخشا ئېيتىلىپ بولدى ، ئەرلەرنىڭ قىيقاس - باركاللىلىرى كۆتۈرۈلدى . ئەلۋەتتە ، يەنە بىر قىسىم ئەدەپسىز گەپ - سۆزلەرمۇ بار ئىدى . ئۇ دىققەت بىلەن ئاڭلاپ ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئىچىدىن ئۇنىڭ كۈلكە ئاۋازىنى پەرقلەندۈرۈپ چىقتى . ئۇ كۈلگەن چاغدا

ھەمىشە كالپۇكلىرى ئۈستىگە سەل كۆتۈرۈلۈپ، بىر خىل كەمسىتىش ئالامەتلىرى پەيدا بولاتتى، بۇنىڭ بىلەن ئەرلەرنى ئۆزىگە تېخىمۇ جەلپ قىلاتتى. جۇڭ چيەن مۇشۇلارنى ئويلىغىنىچە كۆزىنى يۇمۇۋالدى، ياشلار سىرغىپ چىقتى. ئاسىيلىق يېشى ئۇنىڭ مەڭزىلىرىنى بويلاپ دولقۇنلۇق دەرياغا تامچىلىدى. ئىككى كېمە ئۆتۈشۈپ كەتتى، ھەرقايسىسى ئۆز يۆنىلىشىگە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتاتتى، يۆنىلىشى قارىمۇقارشى بولغاچقا، قايتا ئۇچرىشىپ بولالماسلىقى مۇمكىن ئىدى.

سۇڭ سۇڭ يەنە ناخشا باشلىدى، بىراق ناخشا ئاۋازى يىراقلاپ كەتكەچكە، تولىمۇ ئاجىز ئاڭلىناتتى، جۇڭ چيەننىڭ قەلبىنى قايتا تارتىپ كېتەلمەيدىغاندەك قىلاتتى. جۇڭ چيەن ياشلىرىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، قايتىدىن كېمە بۆلمىسىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ ياغاچ سۇپىدىن پەسكە چۈشۈپ ئولتۇردى، پۇتىنىڭ يېنىدىكى ياغاچ چېلەككە قۇلۇلە قېپى لىققىدە قاچىلاقلىق ئىدى، چېلەكتە يەنە جان تالىشىۋاتقان ئىككى تال بېلىقمۇ بار ئىدى. ئۇ قولىنى سۇنۇپلا بىر ئۇزۇن چوتكىنى ئېلىپ، بېلىقنىڭ قارنىنى ياردى ـ دە، بىر تال قۇلۇلە قېپىنى چىقىرىۋېلىپ يۇيۇپ تازىلاشقا باشلىدى.

لاي ـ قۇملار چىقىرىپ تاشلانغاندىن كېيىن، قۇلۇلە قېپى سۈپسۈزۈك ھالەتكە كىرىپ پارقىراشقا باشلىدى.

# كېيىنكى بۆلەك

## 1

يەرلىك قەبىلىلەرنىڭ بىر پارچە قولىنىڭ ئۇچىدىلا سىزىلغان خەرىتىسىدىن سۇڭ سۇڭ ئاخىر لومبوك ئارىلىنى تاپتى. مۇنداقلا قارىماققا ئۇ خۇددى پىشۇرۇلغان توخۇ يۈرىكىگىلا ئوخشايتتى، ئۇنىڭدىن بىر خىل كۆيۈك پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. ئارالنىڭ ئوتتۇز سەككىز يېرىدە يانار تاغ بار، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىملىرى ھەرىكەتتىكى يانار تاغ ئىدى. نەمخۇش ھاۋا ھەم مول ئىسسىق تاغدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بولۇق ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولغان، بۇ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر تاغ چوققىسىغىچە تۇتاشقان. پاكارراق قىيالىقلار ئورمان بىلەن قاپلانغان ياكى زىرائەتلەر تېرىلغان، ئۇ يەرلەردە يەنە نۇرغۇن تۈرلۈك ھايۋانلار، بولۇپمۇ قۇشلار ۋە قۇرت - قوڭغۇزلار بار.

ئارالدىكى ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشى باياشات ئىدى، ھەتتا ھەشەمەتچىلىك دەرىجىسىگە بېرىپ قالغان دېيىشكىمۇ بولاتتى. خوتۇن - قىزلار ئالتۇن - كۈمۈش زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاپ يۈرەتتى، قولىنىڭ بېغىشىدىن جەينىكىگىچە كۈمۈش بۇيۇملارنى تاقايتتى، بويۇن ياكى قۇلاقلىرىغا كۈمۈش پۇللارنى ئېسىۋالاتتى، ھەربىر تىزىقىدا ئون ئىككى تالدىن كۈمۈش پۇل بولاتتى. ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى كۆركەم، پۇزۇر بولاتتى، لېكىن دېگەندەك رەتلىك ھەم سىپتا ئەمەس ئىدى. بۇ خىل قوپال ھەشەمەت خۇددى ئارالدىكى قۇياش نۇرىغا ئوخشاش ھەممىلا جاينى قاپلىغان، كىشى ئۇنىڭدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا ئامالسىز قالاتتى.

بىراق، نۇقسانلىرى كۆپ بولغان بۇ خىل ھەشەمەتكە سۇڭ سۇڭ تولىمۇ ئامراق ئىدى. ئۇنىڭ تەلپۈنىدىغىنى مۇكەممەللىك

ئەمەس، مۇكەممەللىككە قارىغاندا كەمتۇكلۇك ئۇنىڭغا نىسبەتەن تېخىمۇ زور قىزىقتۇرۇش كۈچىگە ئىگە ئىدى.

لومبوك ئارىلىغا تۇنجى قەدىمىنى قويغان چېغىدىلا، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ جايىنى ياقتۇرۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلگەنىدى. بۇ قېتىم بۇ يەرگە كېلىشتە تاسادىپىيلىق ئالامەتلىرى يوق ئىدى.

دەسلەپكى كۈنلەردە، ئۇ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە يوشۇرۇنغان غەرىزىنى جېنىنىڭ بارىچە يوشۇرۇپ، خۇددى بىر سەيياھقا ئوخشاش مەنزىرىلەردىن بەھرىلىنىش بىلەن بەند بولۇپ يۈردى. ئۇ چۈشىدە يەنە بىر قېتىم چۈن چىنى كۆردى، زۇلمەت كېچىدىنمۇ سوغۇق چۈشىدە، چۈن چىنىڭ كۆزلىرى ئەما بولمىغاندەك ھالەتتە ئىدى، ئاشۇ نۇرلۇق قارىچۇقلار خۇددى قورالنىڭ قاپقارا تۆشۈكىدەك رەھىمسىز كۆرۈنەتتى، چۈن چى توساتتىن ئۇنىڭ قول بېغىشىدىن تۇتۇۋېلىپ:

— سۈك سۈك، بۇ يەرگە نېمە ئىش قىلغىلى كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

ئۇ چۈن چىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپلا قويدى. ئويغانغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە نېمىشقا كەلگەنلىكىنى ئاخىر بىلىپ يەتتى.

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، ئۇ ئارالدىكى قوشۇن بارگاھىغا كىرىپ، قەبىلە ئاتامانىنىڭ قوبۇل قىلىشىنى كۈتۈپ تۇردى.

ئۇ قورۇق قول كەلگەنىدى، لېكىن ئىشەنچى تولۇق ئىدى، ھۆسن - جامال ئۇنىڭدىكى كوزىر ئىدى. ئىلگىرىكى نۇرغۇن يىللاردا ئۇنىڭ بۇ كوزىرى ئەزەلدىن ئۇنۇم بەرمەي قالغان ئەمەس. ئۇ پەرۋاسىز ھالدا بارگاھ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى، ئۇنىڭ ئېرىنچەك قىياپىتى خۇددى گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەيدىغان ئەركە بۆغىغا ئوخشاش، كۆرگەنلا كىشىنىڭ كۆڭلىدە دولقۇنلارنى ھاسىل قىلاتتى.

سارغۇچ قوڭۇر چاچلار، قاردەك ئاپئاق تېرىلەر، يالپۇزدەك

سوپسوزوك قارچۇقلار ئۇنى توغما ئولجىغا ئايلاندۇرغانىدى . ئۇ پىنھان جايغا يوشۇرۇنغان ئىستەكلەرنى قىيامىغا يەتكۈزۈپ ، ئۇنىڭدىن ئادەمنى مەپتۇن قىلغۇچى كۈچلۈك شارابلارنى ئاپىرىدە قىلاتتى .

لەشكەرلەر ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ، خورلىماقچى بولدى .

— مېنى ئاتامانىڭلارغا تەقدىم قىلىڭلار ، ئۇنىڭ سىلەرگە بېرىدىغىنى مېنىڭ تېنىمدىن ئېرىشىدىغىنىڭلارغا قارىغاندا كۆپ ئارتۇق بولىدۇ .

لەشكەرلەر بىر ـ بىرىگە قاراشقىنىچە تۇرۇپ قېلىشتى . قىزنىڭ گەپلىرى شۇنچىلىك قەتئىي ئىدىكى ، گۇمانغا ئىمكان قالدۇرمايتتى . ئۇلار قىزغا قارىدى ، ئۇنىڭ چاچلىرى قۇياش نۇرىدا پارقىراپ تۇراتتى ، لەرزان تولغىنىۋاتقان يىلان كەبى بەللەر ئادەمنىڭ جېنىنى ئېلىپ يېنىدا قوياتتى . ئۇنىڭ گەپ قىلغان چاغدىكى سەل بوغۇقراق چىقىدىغان ئاۋازى خۇددى سەھەر پەيتىدە ئورماننى قاپلايدىغان تۇماندەك ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ سىرلىق تۈس ئاتا قىلاتتى .

## 2

چۈن چى بىلەن جۇڭ چيەن كىمە ئۈيدە يەنە بىرنەچچە ئاي تۇردى . يولدىن ئادىشىپ قالغان بىرقانچە راھىبتىن باشقا ، كىمە ئۈيگە باشقا ئادەم ئاياغ بېسىپ باقمىدى .

قۇشلارنىڭ سەھەردىكى چۇقچۇلداپ سايراشلىرىغا كۆنۈپ قالغاندىن كېيىن ، بۇ يەر ئەڭ تىمتاس جايدەك بىلىنەتتى . بىراق ، بۇ جايدا خەيرلىك ئالامەتلەر كەمچىل ئىدى ، ئۈيىنى سۆك سۆك ياساتقاچقا ، ھەممىلا يەر قەست قىلىش نىيىتى بىلەن تولغاندەكلا ئىدى .

خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ، ھويلىدا ھېچقانداق ئۆسۈملۈك ئۈنمەي ، خارابىلىق بۇ يەردىكى ئاساسلىق كۆرۈنۈش بولۇپ قالغانىدى . كېيىنچە جۇڭ چيەننىڭ كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى

بىلەن بىرقانچە تۈپ كەترەن گۈلى ئەي بولدى .

ئارقىدىنلا يامغۇر پەسلى يېتىپ كەلدى . خازان بولغان گۈللەر لايغا ئايلىنىپ ، ئۈزۈن مەزگىل ساقايمىغان جاراھەتتەك بۇدۇر ـ چوقۇر بولۇپ قالغانىدى . ئۈزۈنغا سوزۇلغان يامغۇر شىپىلداپ يېرىم ئايدەك يېغىپ ئاران توختىدى .

ئۇدا ئون نەچچە كۈن ئوچۇق ھاۋا بولغاندىن كېيىن ، ھويلىدىكى لايلار ئاران قۇرۇدى . ئىتياگىقى گۈلى ئارىلىشىپ كەتكەن لاي يەر ئالىتاغىل گۈللۈك گىلەمگە ئوخشاپ قالغانىدى . تۆمۈر گۈرجەك بىلەن تازىلىۋېتىلگەندىن كېيىن ، قان ئىزلىرىغا ئوخشاش ئىزلار قېلىپ قالدى . يامغۇر ياغقان كۈنلەردە ، يامغۇر سۈيى گۈلنىڭ پۇراقلىرىنى قوزغىتىپ چىقىپ ، ھويلا ۋە ئۆيلەرنى تولدۇراتتى ـ دە ، ئادەمدە ۋاقىت كەينىگە يېنىپ ، قەدىناسلار بىلەن قايتا ئۇچراشقاندەك تۇيغۇ پەيدا قىلاتتى . چۈن چىنىڭ كۈنلىرى بىئارامىلىق ئىچىدە ئۆتۈۋاتاتتى ، سېزىكى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ كېتىپ باراتتى ، ئۇ ھەرقانداق مايلىق يېمەكلىكلەردىن بىزار ئىدى ، پەقەت شورپىدىنلا ئازراق ئىچەلەيتتى .

بىر كۈنى ئۇ ئايتاپقا قاقلانغاچ ئايلىنىپ يۈرۈپ تۇيۇقسىز ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ قالغاندىن كېيىن ، كۈندۈزلىرى جۇڭ چيەن چۈن چىنى سىرتقا چىقارغۇزماس بولدى . بىراق ، زەيلىشىپ كەتكەن كېمە ئۆيدە ئۆزىنى ئەرۋاھلار ئەگىپ يۈرگەندەك ، چۈن چىنىڭ دائىم نەپىسى قىسىلاتتى . ئۇ دائىم دېرىزىگە يۆلىنىپ ، بېشىنى سىرتقا چىقىرىپ ، سىرتتىكى ھاۋادىن قېنىپ نەپەس ئالاتتى . بەزىدە جۇڭ چيەن ئۇنىڭ دېرىزە تەكچىسىگە ئارتىلغىنىچە ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆرەتتى . قۇياش نۇرى ئۇنىڭ بېشىدىن ئاستا ـ ئاستا قورسىقىغا يۆتكىلەتتى ، بۇ دەل ئۇنىڭ كۈتۈۋاتقىنى ئىدى ، شۇنداقلا ئۇنىڭغا بەخت تۇيغۇسى ئاتا قىلىدىغان بىردىنبىر ئىش ئىدى .

بىر ئەما ، ھامىلىدار ئايال ئۇچۇن يېقىن ئادىمىنىڭ يېنىدا بولماسلىقى تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئىش ئىدى . جۇڭ چيەننىڭ ئۇنىڭغا

بەكلا ئىچى ئاغرىيتتى ، بىراق ئۇنىڭ چۇن چىگە قىلىپ بېرەلەيدىغىنى پەقەت تېخىمۇ كۆپ قۇلۇلە قاپلىرىنى تېپىپ ئەكېلىپ بېرىشلا ئىدى .

چۇن چى قۇلۇلە قاپلىرى بىلەن بەند بولۇپ يۈرەتتى ، ھەربىر ئەسلىمە خۇددى بىر قاينام - تاشقىنلىقتا چۆمگەن خانلىقتا ئوخشايتتى ، ئۇنىڭدىكى قىرغىنچىلىق ياكى قۇتۇلدۇرۇش ، سەكراتتا جان تالىشىش ياكى تۇغۇلۇش قاتارلىق كۆرۈنۈشلەر ۋىژىلداپ ئۆتەتتى ، ئۇنىڭ ھەممىسىگىلا ئۈلگۈرۈشمۇ قىيىن ئىدى . بۇلار چۇن چى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ھايات كەچۈرمىشلىرى ئىدى ، لېكىن ئۇ غۇلچىنى كەڭ يېيىپ ، ئۇلارنى بىر - بىرلەپ باغرىغا باساتتى . شۇڭا ، ئاشۇ ھايات - ماماتلىق ئايرىلىشلار ئۇنىڭغا بەكلا تونۇش ئىدى . ئۇ ھەر كۈنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى ئازراق خوراشنى باشتىن كەچۈرۈپ ، ئاخىر سەزمەسلىك دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەندى ، ئەڭ قورقۇنچلۇق قىرغىنچىلىق ، ئەڭ ئازابلىق ئايرىلىش بىلەن تولغان ئەسلىمىلەرمۇ ئۇنىڭدا قىلچىلىك ئازاب پەيدا قىلالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى .

ئۇ ئۆزى بولسا بىر قورقۇنچلۇق يۆنىلىشنى بويلاپ كېتىپ باراتتى ، ئانا بولۇش ئالدىدا تۇرغان بىر ئايال مۇلايىملىشىشى ، دۇنياغا مېھىر - مۇھەببەت بىلەن قارىشى كېرەك ئىدى . مانا مۇشۇ خىل ھالەت دۇنياغا كېلىش ئالدىدا تۇرغان بالىنى كۈتۈۋېلىشتىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل ئىدى . بىراق ، چۇن چى بارغانسېرى قىرغىنلىقنى يوقىتىپ قويۇۋاتاتتى ، ئۆزى بىلەن ھەمنەپەس بولۇۋاتقان قورسىقىدىكى مۇشۇ بالىدىن باشقا نەرسىلەرگە مېھرىنى بېرىشكە ئامالسىز ئىدى . ئۆزىمۇ بىلىپ - بىلمەيلا بالىسى بىلەن ئۆزىنى بىر يالغۇز ئارالغا مەھكۇم قىلىپ ، ئەتراپىتىكى ھەممە نەرسە بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈۋەتكەنىدى .

ئۇ جۇڭ چيەن بىلەن ئاساسەن دېگۈدەك گەپلەشمەيتتى ، پەقەت جۇڭ چيەن قۇلۇلە قاپلىرىنى كۆتۈرگىنىچە دېڭىز سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەن چاغلاردىلا ، مىننەتدارلىق يۈزىسىدىن ئۇنىڭ بىلەن

زورمۇزور بىرنەچچە ئېغىز پاراڭلىشىپ قوياتتى. بىراق، ھەر ئىككىلىسى بىر - بىرىدىن ئېھتىيات قىلىشىپ، سۇڭ سۇڭنى ھەرگىز تىلغا ئېلىشمايتتى.

جۇڭ چيەننىڭ ھەر قېتىملىق دېڭىز سەپىرىدە چوقۇم سۇڭ سۇڭنىڭ دېرىكىنى قىلىدىغانلىقى، لېكىن باشتىن - ئاخىر ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئېرىشەلمەيۋاتقانلىقى چۇن چىگە ئايان ئىدى. سۇڭ سۇڭ يەنە كېمىدە غەزەلخانلىق قىلىۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ ئويلايتتى چۇن چى. بىر كېچىسى ئۇ سۇڭ سۇڭنى چۈشەپ قالدى، چۈشىدە سۇڭ سۇڭ كېمە گىرۋىكىدە تۇرۇپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى، سارغۇچ چاچلىرى يەلپۈنۈپ، كېمە ماچتىسىغا يۆگىشىپ قالغانىدى. ئۇ تۇيۇقسىز دەلدۈگۈنۈپلا چوڭقۇر دېڭىزغا چۈشۈپ كەتتى. تېپتىنچ دېڭىز يۈزىدە دولقۇنلار پەيدا بولۇپ، سۇلار چاچراپ چىقتى. چۇن چى ئويغىنىپ قورسىقىنىڭ قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەنلىكىنى سەزدى.

ھامىلدارلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىرقانچە ئېيىدا، ئۇنى دائىم قارا باسىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ئاشۇ قۇلۇلە قاپلىرىدىكى ۋەھشىي ئەسلىمىلەرگە سۇڭ سۇڭنىڭ ئاچچىق كۈلكىسى، تۆگىنىڭ بوغۇق ئاۋازى ئارىلىشىپ شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كېلىپ، ئۇنى غەرق قىلىۋېتەتتى. ئۇ يېرىم كېچىلەردە چۆچۈپ ئويغىنىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى يامانلىقنىڭ بېشارىتىدەك ئۇنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلاتتى.

*ئايلانما شەكىللىك پەلەمپەينى بويلاپ پەسكە چۈشسىڭىز، بۇ يەردە كۆمۈلۈپ ياتقىنى بىر دوزاخ ئەمەس، بەلكى خانلىق دۆلەت. مېڭىۋەرسىڭىز، بوران ئاۋازى قۇلاقلارنى گاس قىلغاندا، چاڭ - توزانلار كۆزلەرنى كور قىلغاندا، تىكەنلەر پۇتلارغا چىرماشقاندا، ئەسلىمىنىڭ ئىگىسى ئاستا - ئاستا پەيدا بولىدۇ.*

جۇڭگولۇقلارغا قارىتىلغان بىر مەيدان قىرغىنچىلىقتىن كېيىنكى مانىلادا ساتىراش، تىككۈچى، موزدۇز، ئاشپەز قاتارلىقلار ھەم دېھقان ـ چارۋىچىلار قالمىغانىدى، يېگىلى ئاشلىق، كىيگىلى كەش يوق ئىدى، ھەرقانچە يۇقىرى باھادا سېتىۋالىمەن دېسىمۇ تېپىلمايتتى. جۇڭگولۇقلاردىن ئايرىلغان مانىلا ئۆزىنى قامداشقا ئامالسىز قېلىۋاتاتتى.

سارغۇچ بۇدۇر چاچلىق مۇشۇ يەرلىك بىر بالا كوچىنى ئۇچقاندەك كېسىپ ئۆتتى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدىكى مەخپىيەتلىكنى بىرەرىنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتقاندەك، ئېھتىيات بىلەن ماڭغاچ ئەتراپقا توختىماي كۆز يۈگۈرتەتتى.

ئۇ تېخى باياتىنلا بىر دوست تاپقانىدى، ئۇنىڭ بۇ دوستى قارا چاچلىق، سېرىق تەنلىك بىر جۇڭگولۇق ياش ئىدى. ئۇ بەدىنىدىن قان ئېقىۋاتقان بۇ دوستىنى بايقىغان چاغدا، بۇ دوستى خېلى يىراق يەرگىچە ئۆمىلەپ بېرىپ بولغانىدى. قىرغىنچىلىق يېرىم ئاي داۋاملاشتى، كوچىدا ھايات قالغان جۇڭگولۇقلار كۆرۈنمەيتتى. مۇشۇ پەيتتە بۇ بالا ئۇنىڭ تېنى يەردە قالدۇرغان قان ئىزلىرىغا ھەيرانلىق ئىچىدە قارىغىنىچە، ئۇ ئادەتتىكى ئادەم بولماستىن، بەلكى بىر قەھرىمان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاۋاتاتتى.

بالا ئۇنى شەھەر ئەتراپىدىكى بىر كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئازراق سۇ ئەكىلىپ ئۇنىڭغا ئىچۈردى، ئۇنىڭ قېنىنى توختىتىشقا زادىلا ئامال قىلالمىدى. ئۇ بۇ بالىدىن ئۆزىنى مۇشۇ يەردە جىمجىت ئۆلگىلى قويۇشنى ئۆتۈندى. بالا ئۇنىماي، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇش نىيىتىگە كېلىپ، بىرەر ئامال تېپىش ئۈچۈن شەھەرگە كىرمەكچى بولدى.

دوختۇر تاپقىلى بولمايدىغانلىقى بۇ بالىغا ئايان ئىدى، لېكىن ئاپىسىنىڭ بىر شىرەم تۇغقىنىنىڭ دوختۇرلۇقتىن ئازراق خەۋىرى بارلىقى، ئادەتتە ئۇسۇملۇك دورىلىرى بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرىدىغانلىقى ئۇنىڭ ئېسىدە ئىدى. ئۇ بۇنى «قەھرىمان»غا ئېيتتى، «قەھرىمان» تولىمۇ مىننەتدار بولۇپ، نېمە دېيىشىنى

بىلەلمەي قالدى . بالا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۇ بىر ئىشنى ئويلاپ بالىنى چاقىردى . بالا قايتىپ كەلدى ، ئۇ بالىغا ناھايىتى چىرايلىق بىر پارچە تاۋارنى بەردى . تاۋارنىڭ ئۈستىگە جۇخارگۈلى چۈشۈرۈلگەن ، تولىمۇ چىرايلىق ئىدى ، پارقىراق يىلپىز تېرىسىگىلا ئوخشايتتى .

— بۇنى ئاپىرىپ دورىغا تېگىشكىن ، ئىشلەتكىلى بولمىسا ساقلاپ قويغىن . مەندىمۇ باشقا بىر نەرسە يوق ، — دېدى ھېلىقى يىگىت بالىغا .

بالا يىلپىز تېرىسىنى بىر - ئىككى قېتىم سىلاپ قويۇپ بېشىنى لىڭشىتتى . ئۇ تاۋارنى ئاۋايلاپ قاتلاپ ، بېلىگە قىستۇردى - دە ، يولغا چىقتى .

بالا ئەزەلدىن بۇنداق تېز يۈگۈرۈپ باقمىغانىدى . كوچىدا چارلاپ يۈرگەن ئاشۇ مۇستەملىكىچىلەر ئۇنى كۆرۈپ سەل غەلىتىلىك ھېس قىلدى ، بىراق ئۇ ئادەتتىكىچىلا مۇشۇ يەرلىك بىر بالا ئىدى ، باشقا ھېچقانداق نورمالسىز ئالامەتلەر يوق ئىدى .

بالا يۈگۈرگەچ بېلىدىكى ھېلىقى تاۋارنىڭ چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، ئۇنى پات - پات سىلاپ قوياتتى . بەك تېز يۈگۈرگەنلىكتىن ، ھېلىقى تاۋارنىڭ بىر ئۇچى ئۇنىڭ بېلىدىن سىيرىلىپ چىقىپ ، يېرىمى دېگۈدەك سىرتتا قالغانىدى . ئۇنىڭ يۈگۈرۈشى بىلەن تاۋارنىڭ سىرتقا چىقىپ قالغان قىسمى يەلپۈنۈپ تۇراتتى . ئاشۇ قىزىل چاچلىق لەشكەرلەر توسۇۋالغۇچە ئۇ بۇنى بايقىمىدى .

ئۇلار بالىنىڭ بېلىنى ئىما قىلىشتى .

بالا بېشىنى تۆۋەن قىلىپ بىرلا قاراپ ، بېلىدىكى تاۋارنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغانلىقىنى بايقىدى - دە ، دەرھال توسۇۋالدى . بىراق ، كېچىككەنىدى ، لەشكەر ئۇنىڭ قولىدىن تاۋارنى تارتىۋېلىپ ، قۇياش نۇرىغا تۇتۇپ كۆرۈپ باقتى .

— ياپون مېلىكەن ، بۇ تاۋارنى نەدىن تاپتىڭ ؟

ئۇ گەپ قىلغاچلا تاۋارنى يىرتىپ ئىككى پارچە قىلدى ، تاۋار

*ئېسىل بولغاچقا، ناھايىتى سىپتا يىرتىلىپ، بىرەر تال يىپىمۇ چۈشمىدى. بالا ياڭگىدە يىغلىۋەتتى.*

*لەشكەر كەينىگە بۇرۇلۇپلا، بالىنىڭ بوغۇزىغا قىلىچىنى شىلتىدى، قىپقىزىل قان چاچراپ چىقتى، بالىنىڭ ئاۋازى ئۈزۈلدى - دە، يەرگە يىقىلدى.*

*لەشكەرلەر ئىككى پارچە قىلىنغان تاۋارنى تۇجۇپىلەپ قاتلاپ، ئۆزلىرىنىڭ باشلىقىغا سوۋغا قىلىش ئۈچۈن مېڭىشتى. بۇ تاۋار پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى، چۈنكى مانىلا شەھىرىدىن جۇڭگودا ئىشلەنگەن توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرىنى تاپقىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتكەنىدى①.*

## 3

سۈك سۈك بىر قاراڭغۇ كىچىك ئۆيگە سولانغىنىچە، ئاتامانىنىڭ قوبۇل قىلىشىنى كۈتمەكتە ئىدى. بۇ يەردىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى بامبۇكتىن ياسالغان، تورۇسى ئوت - چۆپلەر بىلەن يېپىلغانىدى، كەچ كىرگەندە بەكلا سوغۇق بولاتتى. نامىنى بىلگىلى بولمايدىغان قۇشلار ئۆگزىدە توختىماي سەكرىشىپ، خۇددى شۇملۇقتىن بېشارەت بېرىۋاتقاندەك، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلاتتى.

چۇن چىدىن يەنە بىر قېتىم ئايرىلغاندىن كېيىن، سۈك سۈك ئەسلىدە بارا - بارا ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقان ئاشۇ چاغلارنى دائىم ئەسلەيدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ئەسلى ئۇ ئەسلىمىلەر ئۇنىڭ كاللىسىدا ئىنچىل ساقلىنىپ، قىلچىلىك ئازلاپ باقمىغانىكەن، پەقەت تېخىمۇ چوڭقۇر جايغا كىرىپ كەتكەنىكەن، خالاس. ھازىر بۇ ئەسلىمىلەر قايتىدىن كۆچىيىۋاتقان چاغدا، ئاشۇ چاغلاردىكى ھەربىر دەقىقىنىڭمۇ شۇنچىلىك قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇ ئەسلىمىلەر گەرچە ئۆزىگە شۇنچە كۆپ ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى ئېلىپ

① 1591 - يىلى ئىسپانىيە مۇستەملىكىچى دائىرىلىرى فىلىپپىنلىقلارنىڭ جۇڭگو توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرىنى كىيىشىنى چەكلەيدىغان ئەمر - پەرمانلارنى ئېلان قىلغان.

كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلاردىن ۋاز كېچىشكە زادىلا قىيالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى.

تۆگە بىر سانغۇن بىلەن شاراب ئىچىشكەچ قىمار ئويناپ ئولتۇراتتى، ھۆسن ـ جامالدا تەڭداشسىز بۇ گۈزەل ئېلىپ كىرىلدى. ئۆي نومى گۈرۈچ هارىقىنىڭ پۇرىقى بىلەن تولغان، ھاراقنىڭ زىيادە كۈچلۈكلىكىدىن پۈتۈن ئۆي تەۋرەۋاتقاندەك قىلاتتى.

سۇڭ سۇڭ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. تۆگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدىلا قاراپ قويۇپ، يەنە قارتىغا كىرىشىپ كەتتى. سۇڭ سۇڭ ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدىرەك ئىدى، تۆگە قارىماققا چۈشكۈن ھەم كېلەڭسىز كۆرۈنەتتى، پاتىڭدا تۈرۈم ـ تۈرۈم گۆشلەر بۆرتۈپ چىققانىدى. ئۇ سۇڭ سۇڭنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىن قېرى ئىدى، سۇڭ سۇڭ، ئاتامان دېگەن قامەتلىك بولىدۇ، دەپ ئويلايتتى، بىراق تۆگە بۇ خىل تىپقا كىرمەيتتى. سۇڭ سۇڭ ئازراق ئۈمىدسىزلىنىپ قالدى، چۈن چىگە ئۇنىڭ قايسى تەرىپى ياراپ كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى.

ئۇلار ھاراق ئىچىشنى شەرت قىلىپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن قىمار ئويناماقتا ئىدى، خۇددى سۇڭ سۇڭ بۇ يەردە مەۋجۇت ئەمەستەك. سۇڭ سۇڭغا بۇنداق ئېتىبارسىز قارىيالايدىغانلار ئاسانلىقچە چىقمايتتى.

تۆگىنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن، سۇڭ سۇڭ قولىنى سۇنۇپ ئۇنىڭ ئالدىدىكى قەدەھنى ئېلىپ:

— تېتىپ باقسام بولامدۇ؟ — دېدى.

تۆگە كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا قارىغىنىچە بېشىنى لىڭشىتتى.

سۇڭ سۇڭ بىر ئوتلام ئوتلاپ، ئاغزىدىكى ھاراقنى يەڭگىل چايقاشقا باشلىدى. ياخشى ھاراقنى چىش بىلەن چايناش كېرەك ئىدى، بۇنى ئۇ كىچىكىدىكى ئەجنەبىي ئەلچىلەردىن ئۆگىنىۋالغانىدى. بىراق، ئۇ ھازىر تېتىغان ھاراقنى ئېسىل

دېگـــلى بولمايتتى ، بۇ هاراق زىيادە كۈچلۈك ، خۇش پۇرىقى يېتەرسىز ئىدى . ئارالدا پالما دەرەخلىرى ۋە كوكۇس دەرەخلىرى شۇنچە كۆپ تۇرسا ، ئەجەبا ئۇلار پالما هارىقى ياكى كوكۇس هارىقى ئىشلەشنى بىلمەمدىغاندۇ ؟ ئۇ ياشىغان كېمىدە كىشلەر ئاللىقاچان ـنومى گۈرۈچىدىن هاراق ئىشلىمەيدىغان بولۇپ كەتكەنىدى . ئۇ ئاغزىنى پۇرۇشتۇرۇپ :

— مـەن ئـېچىتقان هاراق بۇنىڭدىن كۆپ ئىچىشلىك ، — دېدى .

هــېلــقـى ســانغۇن بېشىنى كۆتۈرۈپ ، ئۇنىڭغا بېشىدىن ئـايـىغـىغـىچە قاراپ چىقتى . سۇك سۇك سۇدىكى يەمچۈكنىڭ مـــدىرلاۋاتــقـان ئـاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدى ، بېلىق قارماققا ئىلىنايلا دەپ قېلىۋاتاتتى . بىراق ، تۆگىنىڭ چىرايىدا هېچقانداق ئــىـپـادە كۆرۈنمەيتتى ، ئۇ نەزىرىنى سۇك سۇكنىڭ چىرايىدىن يۆتكەپ :

— داۋاملاشتۇرايلى ، — دېدى .

تۆگە هاراقنى بەك كۆتۈرىدىغاندەك قىلاتتى ، ئۇتتۇرغان هامان ئۈچ قەدەهنى ئارقا ـ ئارقىدىن كۆتۈرۈۋېتـەتـتـى ، شـاراب ئۈچ قـەدەه ـ ئـۈچ قەدەهتىن مېڭىۋاتاتتى ، لېكىن ئۇنىڭ چىرايىدا هـېـچقانداق ئۆزگىرىش يوق ئىدى . ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان سانغۇنمۇ هاراققا بوش ئەمەستەك تۇراتتى . ئىككى ئاش پىشىمچە ئـىـچـىـشـكـەنـدىن كېيىن ، هەر ئىككىلىسىدە ئازراق كەيپلىك ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى .

سانغۇننىڭ خۇمارلاشقان كۆزلىرى سۇك سۇكقا چۈشكەنىدى . سۇك سۇك خۇددى كېچە بولغانسېرى تېخىمۇ بەك نۇر چاچىدىغان كېچە گۆهىرىگە ئوخشايتتى . ئۇلار ئۇنىڭغا قايتا قارىغىنىدا ، ئۇ گـۈزەلـلـىـكـتە ئادەمنى هەيران قالدۇرغۇدەك هالەتتە كۆرۈنۈپ كەتتى . سانغۇن ئىختىيارسىز ئېغىر كەيپ بولۇپ قالدى :

— شاراب ئىچىشتىنلا ئوينىساق تازا مەززىسى بولمايدىكەن ، يـۇرىـكىمنى قاپتەك قىلىپ ، ئالىيلىرى بىلەن مۇشۇ نازىنىننى

تىكىشىپ ئويناپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ.

تۆگە كەينىگە بۇرۇلۇپ سۇڭ سۇڭغا قاراپ قويدى.

— بۇ قىزنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى تېخى بىلمەيمەن، ئۇنى دۇشمەنلىرىمىز ئەۋەتكەنمۇ تېخى، بۇنىڭغا بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ.

— ئەگەر ئۇنى ئۇتتۇۋېلىپ ئەكېتىپ قالسام، چوقۇم ئالاھىدە ئېھتىياتتا بولىمەن، — سانغۇن سەل كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— بوپتۇ، — تۆگە بېشىنى لىڭشىتتى.

سۇڭ سۇڭنىڭ كۆڭلى غەش بولدى. بۇ ئىككى ئەرنىڭ تەلەتى ئۇ كېمىدە كۈتۈپ باققان مېھمانلاردىن قىلچە پەرقلەنمەيتتى. نەگىلا بارسا باشقىلارنىڭ بىر- بىرىگە سوۋغا قىلىشىدىغان بۇيۇمى بولۇش ئۇنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن بولسا كېرەك. مۇشۇنداق بىر سۆرۈن تەلەت ئەردە ئايال زاتىغا نىسبەتەن ھېچقانداق چىن ھېسسىيات بولماسلىقى مۇمكىن، مۇشۇ ئەرنى دەپ چۈن چى شۇنچە ئازاب چېكىۋاتىدۇ. ئۇ مۇشۇنداق قىلىشقا ئەرزىمدۇ؟

ئۇلار شىشخال ئويناشقا باشلىدى، ئۇتقان تەرەپ بىر نومۇرغا ئېرىشەتتى، كىم ئاۋۋال ئەللىك نومۇرغا يېتىۋالسا، بۇ لاتاپەت ساھىبى شۇنىڭغا تەئەللۇق بولاتتى. سانغۇن تۇرۇپ- تۇرۇپلا سۇڭ سۇڭ تەرەپكە قاراپ قوياتتى، ھەر قېتىم قارىغىنىدا ۋۇجۇدىغا ئازراق- ئازراقتىن كۈچ قوشۇلۇۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى.

ئەڭ ئاخىردا تۆگە ئۇتتۇرۇپ قويدى، سانغۇن سۇڭ سۇڭغا قاراپ كەلدى، سۇڭ سۇڭ تۆگىگە كاپىلا ئېسىلدى:

— ئالىيلىرى، مېنى ئۇنىڭغا بېرىۋېتىشكە راستىنلا كۆڭۈللىرى ئۇنامدۇ؟

— ئۇتتۇرغانىكەنمەن، ئەلۋەتتە لەۋزىمدە تۇرۇشۇم كېرەك.

سۇڭ سۇڭ تۆگىگە ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا قارىدى. تۆگە بىلەن سۇڭ سۇڭنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى، تۆگە كۆزلىرىنى تېزلىكتە ئەپقاچتى. تۆگە ئەمدى سۇڭ سۇڭغا قىلچە

ئىنتىلمەيدىغان پەرۋاسىز ھالىتىنى ساقلاپ قالالمايۋاتاتتى ، بىراق ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۆز لەۋزى سۇڭ سۇڭدىن ئۇستۇن ئورۇندا تۇرۇۋالغانىدى . بۇلارنى سۇڭ سۇڭ دەل مېڭىش ئالدىدىكى مۇشۇ پەيتتە ھېس قىلىۋاتاتتى .

ئېلىپ كېتىلىش ئالدىدىكى سۇڭ سۇڭ تۆگىگە ئاغرىنىش نەزىرى بىلەن ئاخىرقى قېتىم قارىغاندا ، توساتتىن ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا سەل قىيالمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى . بۇ تولىمۇ غەلىتە تۇيغۇ ئىدى ، بەلكىم ئۇ چۈن چىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن تولغان ئاشۇ مۇڭلىرىنى ئاڭلىغان بولغاچقا ، تۆگە بىلەن تونۇشقىنىغا ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ كەتكەندەك ھېس قىلىۋاتقان بولسا كېرەك .

سۇڭ سۇڭ سانغۇننىڭ قەسرىدە تۇرۇۋاتقىلى خېلى ۋاقىت بولۇپ قالدى . سانغۇننىڭ قەسرى يېڭىدىن ياسالغان رەتلىك بىر قاتار ياغاچ ئۆيلەر ئىدى . ئاشپەز ، خىزمەتكار ، باغۋەن دېگەنلەر سانغۇننىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرۈشەتتى . بۇ سانغۇنمۇ ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى ، ئۇ قامەتلىك ، قورقماس بولۇپلا قالماي ، يەنە پاراسەتلىك ئىدى . تېخىمۇ مۇھىمى ، ئۇ سۇڭ سۇڭغا ئاجايىپ ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى ، سۇڭ سۇڭدىن ئېھتىيات قىلمايلا قالماستىن ، بەلكى ئۇنى ئەڭ چوڭ ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدى ، ئۇنىڭ چۆرە ـ دېدەك ، بالا ـ چاقىلىرى سۇڭ سۇڭ بىلەن ئۇچرىشىپمۇ قالمايتتى . ئۇ يەنە سۇڭ سۇڭغا نۇرغۇن قىممەت باھالىق ئۈنچە ـ مەرۋايىت زىننەت بۇيۇملىرىنى ۋە باشقا ئاراللاردىن ئېلىپ كەلگەن ئەتىۋارلىق گۈل ـ گىياھلارنى سوۋغا قىلدى .

بىراق ، سۇڭ سۇڭ كۆڭلىدە تۆگىنىڭ قېشىغا تېزرەك قايتىشنىلا ئويلايتتى . قەلبىگە يوشۇرۇنغان كۈچلۈك بۇرۇچنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇ بارلىق راھەت ـ پاراغەت ، ھۇزۇر ـ ھالاۋەتكە ئېتىبارسىز قارايتتى ، سانغۇننىڭ ئۆزىگە قارىتا قىلچىلىك غەيرىي نىيەتتە بولۇشىغىمۇ يول قويالمايتتى . دەسلەپتە سانغۇن ئۇنىڭغا

ناھايىتى ھۆرمەت قىلىپ كەلدى ، ئۇنىڭ ماسلىشىشچانلىقى ئۇچۇن ئازراق ۋاقىت بىرىشكە رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۇردى . بۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەب ، ئۇنىڭ ئۆزىگە تولىمۇ ئىشىنىدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك ، ئۇ ، ئۇزاق قالمايلا سۇڭ سۇڭ ئۆز رازىلىقى بىلەن قوينۇمغا ئۆزىنى ئاتىدۇ ، دەپ ئويلايتتى .

لېكىن ، كۆپ قېتىملىق رەت قىلىنىش سانغۇننىڭ سەۋر - تاقىتىنى يوق قىلماقتا ئىدى ، ئۇنىڭ مۇلايىم كۆرۈنۈۋاتقان چىرايىنىڭ ھەر ۋاقىت ۋەھشىي تۈسكە كىرىش مۇمكىنلىكى سۇڭ سۇڭغا ئايان ئىدى . سۇڭ سۇڭ كەينىگە سۆرەلەيدىغان ۋاقىت ئازلا قالغانىدى . ھېلىمۇ ياخشى ، سۇڭ سۇڭ بۇ ئارالىقتا ئېتىياجلىق گۈللۈكنى تېپىۋالدى ، بۇ ئۇنىڭغا قايتىدىن ئۇمىد بېغىشلاۋاتاتتى .

سۇڭ سۇڭ ئۆزىنىڭ مەخسۇس سانغۇنغا ئاتاپ شاراب ئىشلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى ، سانغۇن بۇنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇشال بولدى . بۇ ھاراق ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى ، شۇنداق ، سانغۇن ، سۇڭ سۇڭدا ماڭا نىسبەتەن مۇھەببەت بىخلىنىشقا باشلاپتۇ ، پەقەت قىزلارغا خاس قورۇنۇش ئۇنىڭغا مېنى قوبۇل قىلدۇرمايۋاتىدۇ ، دەپ قارايتتى . بىراق ، سۇڭ سۇڭ يەنە ئەڭ ئېسىل شارابنى ئەڭ ئىخلاسمەن قەلب ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدىغانلىقىنى ، شارابقا ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن شاراب ئىشلەش جەريانىدىكى بىر ئايدا چوقۇم پەرھىز تۇتۇشى كېرەكلىكىنى ، ھەتتا سانغۇن كۆرگىلى كەلسىمۇ بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى . بۇ تەلەپ سانغۇننى تولىمۇ ئازابلىدى ، بىراق ئۇ شۇنچە ئۇزاق كۈتكەچكە ، يەنە بىر ئاي ئارتۇق كۈتۈشكە چىداش قارارىغا كەلدى .

ئۇنىڭ گۈزەل پالما دەرەخلىرىنىڭ گۈل بەرگىلىرىدىن خېلى كۆپ يىغىپ ، ئۇلارنى ئېچىتتى ، ئاندىن يېڭى ئېتىياجلىق گۈلنى قوشۇپ ، ھەممىسىنى كومزەكلەرگە تۆكتى - دە ، ئاغزىنى ھىم ئېتىۋەتتى . سانغۇن ھەر قېتىم سۇڭ سۇڭنىڭ دېرىزىسى يېنىدىن ئۆتكەندە ، ئادەمنى مەستخۇش قىلغۇچى شاراب پۇرىقى دىماغلىرىغا

ئۇرۇلاتتى، ئۇ تېتىماي تۇرۇپلا بۇنىڭ تەڭداشسىز ئېسىل شاراب بولۇپ چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ھاۋانى قارا بۇلۇتلار قاپلىغان بىر كېچىسى سۇڭ سۇڭ ئىتياڭىقى گۈلى چىلانغان شاراب بىلەن سانغۇننى مەست قىلىۋەتتى. شاراب ھەقىقەتەنمۇ سانغۇننى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويمىدى، ئۇ ئۆمرىدە ھاراقنى مۇنداق كۆپ ئىچىپ باقمىغانىدى. ئۇ ياساۋۇل، نۆكەرلىرىنىمۇ بىللە ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى، ھەممىسى مەست بولۇپ يىقىلدى.

سۇڭ سۇڭ ئۇنىڭ قەسرىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قېچىپ چىقىشتىن بۇرۇن، مەست قىلىش كۈچى كۈچلۈك بۇ شارابتىن بىر كومزەك ئېلىپ ماڭدى.

تۆگىنىڭ قەسرىنى تېپىپ كەلگەن چاغدا، كېچىچە ياغقان يامغۇر ئۇنى پۈتۈنلەي ھۆل قىلىۋەتكەنىدى. ياساۋۇللار تۆگىگە مەلۇم قىلىشقا كىرىپ كەتتى، ئۇ تۈگۈلگىنىچە لەمپە ئاستىدا يامغۇردىن دالدىلىنىپ قوبۇل قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇردى. ئىتياڭىقى گۈلى چىلانغان شاراب كومزىكى قوينىدا چىڭ قۇچاقلاقلىق ئىدى.

بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىردىنبىر پۇرسەت ئىدى. ئۇ چۈن چىنىڭ ئۆزىگە قاراپ پىخىلداپ كۈلگىنىچە ئۇدۇلىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتاتتى، بۇ كۈلكىدىن، سىنىڭ ئۇرۇنۇشلىرىڭنىڭ ھەممىسى بىھۇدە ئاۋارىچىلىك، دېگەن سادا ئاڭلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغانلىقىنى چۈن چىگە تازا بىر كۆرسىتىپ قويماي قالمايدۇ.

تۆگە سۇڭ سۇڭنى كۆرگەن چاغدا، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى تىترەۋاتاتتى، بەدىنىدىن سۇ مارجاندەك تامچىلاۋاتاتتى. ئۇ گەپ قىلماقچى بولدىيۇ، ئاۋازىنى چىقىرالمىدى.

تۆگە قول ئاستىدىكىلەرگە گۈلخان ياققۇزدى، تېنى سەل ئىللىغاندىن كېيىن، سۇڭ سۇڭ كۈچىنىپ تۇرۇپ سۆزلەشكە

باشلىدى . ئۇ تۆگىگە ئۆزىنىڭ سانغۇنىنىڭ قەسىرىدىن قېچىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى . تۆگە ئاڭلاپ دەرغەزەپكە كېلىپ ، ئۇنى دەرھال سانغۇنىنىڭ قەسىرىگە قايتىپ كېتىشكە بۇيرۇدى .

— كېچىلەپ قېچىپ چىقتىم ، پەقەت سىزگە ئۆزۈم ئىچىتقان شارابنى تېتىتقۇزۇپ بېقىش ئۈچۈنلا ئىدى ، — دېدى سۇڭ سۇس كۇلۇمسىرەپ .

ئۇ تۆگىنىڭ ئايىغى ئاستىغىلا تىزلىنىپ ، شاراب كومزىكىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى ـ دە ، ئۇنى ئىككى قولى بىلەن بېشىدىن ئېگىز قىلىپ كۆتۈردى .

دەل مۇشۇ پەيتتە سىرتتا چاقماق چېقىپ ئۆتكەچكىمۇ ياكى بۇ شاراب ھەقىقەتەن خاسىيەتلىك بولۇپ چىقتىمۇ ، كومزەكنىڭ ئاغزى ئېچىلغان دەقىقىدە ئۆي ئىچىدىن بىر خىل ئاق نۇر يالت قىلىپ ئۆتتى ـ دە ، شارابنىڭ خۇش پۇرىقىنى ئۆينىڭ يۇقىرى بوشلۇقىغا ئېلىپ چىقىپ ، تەشنالىقنى ئازراق ـ ئازراقتىن ئازدۇرۇپ ئېلىپ چىقتى .

سىرتتىكى يامغۇرنىڭ شارىلدىغان ئاۋازى خېلىلا كۈچلۈك ئاڭلىناتتى ، ئۆيئىچى قاپقاراڭغۇ ئىدى . يامغۇر تامچىلىرى بامبۇك تام يوچۇقلىرىدىن ئۆچۈپ كىرىپ ، قەتئىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان كۆزلەرنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى . تۆگە ئېگىشىپ ئۇنىڭ قوللىرى ئارىسىدىكى كومزەكنى ئالدى .

ئۇ كومزەكنى كۆتۈردى ـ دە ، بېشىنى سەل ئارقىغا قىلىپ تۇرۇپ راۋۇرۇس بىر يۇتۇم ئىچتى . ئۇ دەرۋەقە مۇنداق ئېسىل شارابنى ئىچىپ باقمىغانىدى . ئۇنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى ، سۇڭ سۇڭ كەلگۈچە يامغۇردا قېلىپ ، پۈتۈن بەدىنى دىرىلدەپ تىترەۋاتقان بولسىمۇ ، بىراق بۇ شاراب مۇزلىماي تۇرغانىدى .

— سانغۇن سىزگە خېلى ئوبدان مۇئامىلە قىلىۋاتسا ، نېمىشقا چوقۇم بۇ يەرگە قايتىپ كېلىشنى ئويلاپ قالدىڭىز ؟

— لومبوك ئارىلىغا كېلىشىم پەقەتلا سىز ئۈچۈن ، قانداقتۇر

بىرەر سانغۇن ئۇچۇن كەلگىنىم يوق .

— نېمىشقا ؟

— قوشۇن تارتىپ باندا ئارىلىنى ئىشغال قىلغان چېغىڭىزدا سىزنى كۆرگەنىدىم . مەن دەرەخنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇپ ، سىزدىن كۆزۈمنى ئۈزمەي قارايتتىم ، شۇ چاغدىلا چىرايىڭىز ۋە ئاۋازىڭىز يادىمدا قالغان . لېكىن ، سىز بۇنى ئازراقمۇ بىلمىگەنىدىڭىز ، سىز ئەلۋەتتە بىلمەيتتىڭىز ، شۇ چاغدىلا سىز بىلەن كېتىشنى ئويلىغانمەن .

تۆگە بىردەم سۈكۈت قىلىپ تۇردى ، ئاندىن بىر ياغاچ ئورۇندۇققا ئاستا ئولتۇردى . بۇ قىزنىڭ سەل خىرقىراق ئاۋازىدا ئادەمنى ئىتائەت قىلدۇرىدىغان بىر خىل سىرلىق كۈچ بار ئىدى .

— كىچىكىمدىن تارتىپلا بىر قۇدرەتلىك ئادەمگە ئەگىشىشنى ئويلايتتىم ، ئۆزۈم ئەرزىمەس ئورۇنغا چۈشۈپ قالساممۇ ، ھەتتا ئۇنىڭ بېلىگە قىستۇرۇۋالىدىغان قوشۇمچە زىننەت بۇيۇمىغا ئايلىنىپ قالساممۇ مەيلى ، دەيتتىم . بۇ مېنىڭ ئۆزۈمدىن بۇيانقى ئارزۇيۇم ، مېنى قوغلىۋەتمىسىڭىز ، — ئۇ تىزلانغىنىچە تۆگىنىڭ پۇتى يېنىغا يۆتكەلدى ـ دە ، گۈزەل چىرايىنى يۇقىرىغا قارىتىپ ئۇنىڭغا تىكىلدى .

نېمىدېگەن سۈپەتسىز شېرىن ـ شېكەر گەپلەر بۇ ، بۇ گەپلەرنى قانچىلىغان ئەرلەرگە دەپ بولغاندۇ . مۇشۇلارنى ئويلىغان تۆگە ئۇنىڭغا مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قاراۋاتاتتى . كۆك كۆزلۈك بۇ قىز ئۇنىڭغا خۇددى پاھىشىدەك كۆرۈنۈپ قېلىۋاتاتتى .

تۆگە ئۇنىڭغا قارىغىنىچە ، ئۆزىمۇ بىلىپ ـ بىلمەيلا شاراب كومزىكىنى يەنە كۆتۈرۈپ ئىككى يۇتۇم ئىچىۋەتتى .

— سانغۇنمۇ بىر قۇدرەتلىك ئادەم ، جەڭ مەيدانلىرىدا ئۆز شىجائىتى بىلەن رەقىبلەرگە تالاپەت ياغدۇرىدۇ ، دوستلىرىغا ناھايىتى خۇشخۇي مۇئامىلىدە بولىدۇ ، — تۆگىنىڭ سۆز ئۇرانى خېلىلا مۇلايىملىشىپ قېلىۋاتاتتى . ئۇ بارماقلىرىنى سۇڭ سۆڭىنىڭ قويۇق ئالتۇن چاچلىرى ئارىسىغا تىقىپ ، بۇ چاچلارنى ئىككى قېتىم

سىلاپ قويدى .

— ماڭا كىرىنكى ھەقىقىي قۇدرەتلىك ئادەم، خۇددى سىزگە ئوخشاش، — سۈك سۈك گەپ قىلىشۋېتىپ بىشىنى تۆگىنىڭ پۇتىغا يۆلىدى . تۆگىنىڭ پۇتى بىر ـ ئىككى قېتىم تىترىگەندەك بولۇپ، ئاندىن توختاپ قالدى .

**4**

بالا قورقۇنچلۇق چۈش بىلەن بىرگە تومۇز پەسلىگە توغرا كەلگەنىدى . جۈك چيەن پەقەت مۇشۇ يەرلىك بىر تۇغۇت ئانىسىنىلا تېپىپ كەلدى، ئۇ خەنزۇچە بىلمەيتتى، ئۇسۇللىرىمۇ بەكلا قوپال ئىدى . چۈن چىدىن نۇرغۇن قان چىقىپ كېتىۋاتاتتى .

جۈك چيەن قورۇدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ كۆجە كۆيدۈرمەكتە ئىدى، كۆجىنى تېخى يېقىندىلا ئىبادەتخانىدىن ئېلىپ كەلگەنىدى . بىراق، نەمدەپ قالغاچقا، ھەرقانداق قىلىپمۇ ياندۇرغىلى بولمايۋاتاتتى . بولدى قىلغۇسى كەلمىگەن جۈك چيەن قولىدىكى كۆجىنى ئوت يالقۇنىغا قايتا ـ قايتا تۇتۇپ باقاتتى . كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلەتتى، بۇ دەقىقىلەردە ئۇ چۈن چى راستتىنلا ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدى، دەپ ئويلاۋاتاتتى .

جۈك چيەن ئۆز كۆڭلىدە مۇشۇنداق ئەسەبىي ھېسسىياتنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىدىن ھەقىقەتەن ھەيران قېلىۋاتاتتى، بۇنىڭ ئىچ ئاغرىتىشىمۇ، ھۆرمەتلەشىمۇ ئەمەسلىكىنى ئۇ ئېنىق پەرقلەندۈرەلەيتتى، بۇ خىل ھېسسىيات بۇلارغا قارىغاندا ۋەزنىلىك ھەم شېرىنرەك ئىدى . سۈك سۈك خوشلاشماي كېتىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇ ھەممە جايدا ئىزدەپ يۈرگەن چاغلىرىدىمۇ بۇ خىل تۇيغۇدا بولۇپ باقمىغانىدى .

جىنس پەرقىنى يوقاتقان بىر ئادەمنىڭ قولىغا قاپارتما شەكلىدە چىقىرىلغان «سۆيگۈ» دېگەن قىزىق خەتلەر ئورۇلغاندەك

قىلىۋاتاتتى . ئۇ خۇددى قۇتقۇزۇۋېلىنغاندەك بولۇۋاتاتتى . جۇڭ چيەن بىر ئايال زاتىنىڭ ئىڭراشلىرى ۋە زارلاشلىرى ئىچىدە بىر قېتىملىق چېنىقىش ۋە سىناقنى باشتىن كەچۈرۈۋاتاتتى . بىراق ، بۇ شېرىن تۇيغۇ بىردەمدىلا غايىب بولدى — چۇن چىدىن ئايرىلىپ قالارمۇ ؟

بالىلىق چاغلىرىدا ئۇ يېزىدا تۇراتتى ، مومىسى بىلەن بىر ـ بىرىگە يار ـ يۆلەك بولۇپ ياشايتتى ، ئۇلارنىڭ ئۆيى دەرياغا يۈزلىنىپ تۇراتتى . مومىسى نۇرغۇن ئۆردەك باققانىدى ، ئۇ ھەر كۈنى ئۆردەكلەرنى ھەيدەپ دەريا بويىغا بېرىپ ، يېرىم كۈننى ئويۇن بىلەن ئۆتكۈزەتتى ، سۇ يۈزىگە چۈشكەن قۇياش نۇرى غىلدىرلاپ تۇراتتى . ئۇ دەريا بويىدىكى يوغان تاشقا يۆلەنگىنىچە ھارغىن ھالدا ئۇيقۇغا كېتەتتى . ئۇنى ئىزدەپ كەلگەن مومىسى ئەزەلدىن ئۇنى يۇقىرى ئاۋازدا چاقىرمايتتى ، دائىم ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئاستا ئويغىتاتتى . ئۇ مومىسىنىڭ يۇمشاق ئاۋازىنى ياخشى كۆرەتتى . كېيىن دادىسى قىمار قەرزىگە بوغۇلۇپ قېلىپ ، ئۇنى شەھەرگە سېتىۋەتتى . ئۇ چاغدا ئۇنىڭ يېشى كىچىك ئىدى ، بىراق مومىسى بىلەن خوشلىشىۋاتقان ئاشۇ دەقىقىدە ، بۇنىڭدىن كېيىن مومىسىنى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى ھەسرەت ئىچىدە ھېس قىلغانىدى . ئۇ دەرۋەقە مومىسىنى قايتا كۆرەلمىدى ، ھەتتا ئۇنىڭ قەبرىسىنىمۇ كۆرۈپ باقمىدى . شەھەرگە سېتىۋېتىلگەندىن كېيىن ، ئۇ بىر كىچىك مەيخانىدا ئىشلەمچىلىك قىلدى ، ئايال خوجايىن ئۇنىڭغا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى ، ئۇنىڭدىمۇ ئايال خوجايىنغا نىسبەتەن كۈچلۈك رىشتە پەيدا بولغانىدى . ئۇ بىر ئاسان ھاياجانلىنىدىغان بالا ئىدى (ئاختا قىلىنىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۆركەشلەپ تۇرىدىغان ھېسسىيات يوشۇرۇنغانىدى ) . كېيىنچە خوجايىن ئەر ـ ئايال قەستكە ئۇچراپ ئۆلتۇرۇلدى ، مەيخانا چېقىۋېتىلدى ، ئۇمۇ يامان كىشىلەر تەرىپىدىن ئوردىغا

سېتىۋېتىلدى . ئۇلار ئۇنى زورلۇق بىلەن ئېلىپ ماڭمىدىغان چاغدا ، ئۇ ئىشىك يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ، ئايال خوجايىنىنىڭ پېشانىسىدىكى قاننى سۈرتۈۋاتاتتى . ئۇ پەقەتلا ئۇنىڭ چىرايلىقراق كېتىشىنى ئۈمىد قىلاتتى . ئوردىغا يېڭى كىرگەن چاغلاردا ، ئۇ دائىم بۇ گۈزەل ئايال خوجايىننى چۈشەپ قالاتتى ، چۈشىدە ئايال خوجايىن پېشانىسىدىن قان ئېقىۋاتقان ھالەتتە بوسۇغىدا ئولتۇراتتى ، ئۇ بېرىپ ئۇنىڭ جاراھىتىنى بېسىپ تۇرۇشىغىلا ، ئۇ ھۆكرەپ يىغلاپ ئۇنىڭ پۇتىنى قۇچاقلىۋالاتتى . ئوردىدا ئۇنىڭ رىشتە باغلىغىنى بىر ئېسىلزادە خېنىم بولدى ، ئۇ بىر مەزگىل ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا مالاي بولدى . ئۇ ئېسىلزادە خېنىمنىڭ مىس ئەينەك ئالدىدا ئولتۇرۇپ پەرداز قىلىۋاتقان ھالىتىنى كۆرۈشكە ئامراق ئىدى ، خېنىم ئەڭلىكنى قولىنىڭ دۈمبىسىگە سۈركەپ ، ئازراق يېيىلدۇرغاندىن كېيىن ، قىزىل رەڭ يېقىشلىق ھالەتكە كىرىپ قىيامىغا يېتەتتى ، بۇ چاغدا ئۇ قولىنىڭ دۈمبىسىنى ئىككى مەڭزىگە تېزلىكتە بىر - ئىككى قېتىم تەگكۈزەتتى . شۇنىڭ بىلەن ئوچۇق ھەم كۆركەم قىزىل رەڭ ئۇنىڭ چىرايىغا قونۇپ ، ئاجايىپ يارىشاتتى . بىراق ، بۇ سۈيى خېنىمنىڭ تېنى ئاجىز ئىدى ، سوغۇق تېگىش سەۋەبلىك ئاخىر ئاشۇ قىشتىن چىقالمىدى . ئۆلۈپ كەتكەن چاغدا ئۇ جۇدەپ قۇرۇق ئۇستىخانغىلا ئايلىنىپ قالغانىدى ، جۇڭ چيەن ئەڭلىكنى قولىنىڭ دۈمبىسىگە سۈركەپ ، قىيامىغا يەتكۈزگەندىن كېيىن ، ئۇنى ئۇنىڭ مەڭزىدىكى ئۇستىخانغا سۈرۈپ قويدى . قىزىل رەڭ ئاشۇ چوقچىيىپ تۇرغان ئۇستىخان ئۈستىدە تۇرالماي سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى .

كېيىنچە ئۇنىڭ تارتىشىدىغان ئادىمى قالمىدى ، پادىشاھ ئالاقىدار خادىملارنى دېڭىز سەپىرىگە ئەۋەتىدىغان چاغدا ئۇمۇ تىزىملىتىپ ، دېڭىز تۇرمۇشىنى باشلىدى . سۇڭ سۇڭنى ئۇچراتقان چېغىدىلا ، ئۇ يەنە يېڭىدىن ئۈمىدنى كۆرگەندەك بولدى . سۇڭ سۇڭ كېتىپ قالغاندىن كېيىن ، ئۇ كۆڭۈل رىشتىسىنى چۈن چىگە

يۆتكىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ تولىمۇ ئاجىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى ، ئۇ ھامان بىرەرىنى روھىي تۈۋرۈك قىلىۋېلىشقا موھتاج ئىدى ، شۇ كىشىسىنى ئۇلۇغلاپ تۇرسىلا ئاندىن كۆڭلى خۇشاللىق تاپاتتى .

ھازىر چۇن چىمۇ ئۇنى تاشلاپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى ، ئۇ يەنە يىلتىزسىز قامغاقتا ئايلىنىپ قالىدىغاندەك تۇراتتى . ئۇ تەڭرىگە تەكرار ـ تەكرار تېۋىنماقتا ئىدى .

## 5

تۆگە سۆڭ سۆڭنى يېنىدا ئېلىپ قالدى ، بۇ ئۇنىڭ مۇشۇ ئۆمرىدە ئايال زاتى ئۇچۇن ئۆتكۈزگەن بىردىنبىر خاتالىقى ئىدى . بەلكىم قېرىلىق دەۋرىگە يېقىنلىشىپ ، كاللىسى دۆتلىشىپ قالغان بولسا كېرەك . بۇ بىردىنبىر چۇشەندۇرۇش ئىدى ، ئۇنداق بولمىسا ، مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇ ھەرگىزمۇ بىر ئايالنى دەپ سانغۇنىنىڭ دىلىنى رەنجىتمىگەن بولاتتى . سانغۇن بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدىكى ئوتتۇز يىللىق دوستلۇق بۇ قىزنىڭ يېشىدىن كۆپ چوڭ ئىدى .

سانغۇن دەماللىققا تۆگە بىلەن ئۆچەكەشمىدى ، ئۇ بۇ ئاچچىقىنى ۋاقتىنچە يۇتۇۋەتكەنىدى . بىراق ، ئۇ ئاستىرتىن لەشكەرلەرنىڭ مەشقىنى كۈچەيتىۋاتاتتى . بۇ چاغدا تۆگە ئىشق ـ مۇھەببەت قاينىمىغا غەرق بولغان ، ئۇنىڭ تامغا ئېسىقلىق دۇبۇلغىسىنىڭ غېرىبسىنىپ قېلىۋاتقىنىغىمۇ خېلى چاغلار بولۇپ قالغانىدى .

ئۇزۇن ئۆتمەي ، سانغۇن قوشۇن تارتىپ ئىسيان كۆتۈرۈپ ، ئۆزىنى خان قىلىپ تىكلىدى . ئۇنىڭ قوشۇنى تۆگىنىڭ ئېلىكىدىكى شەھەرلەرنى ئىشغال قىلدى ، ئۇنىڭ خانىش ـ بانۇلىرى ، دېدەك ـ چۆرە ، قۇللىرى سانغۇننىڭ ئېلىكىگە ئۆتتى ، تۆگە خورلۇق

ئاستىدىكى مەھبۇسقا ئايلاندى، ئۇنىڭ شانۇشەۋكىتى مۇشۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى. مۇشۇ چاغدىلا تۆگە سۇڭ سۇڭ ئۇچۇن پەيدا بولغان ئۆچ ـ ئاداۋەتنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر ھەم ئېغىرلىقىنى بىلىپ يەتتى. سانغۇن تۆگىنىڭ بارگاھىنى تولۇق ئىزدىتىپمۇ، ئۆزىنى سەۋدايى قىلغان ئاشۇ گۈزەلنى تاپالمىدى، ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەم يوق ئىدى.

بىراق، تۆگە بىلەن سۇڭ سۇڭ ئارىسىدا نېمىلا دېگەنبىلەن ئاشىنىدارچىلىق تۇيىدىكى ئىشق ـ مۇھەببەت بولۇپ ئۆتتى.

ئۇلار بىرىنچى قېتىم يېقىنچىلىق قىلىشقاندا، سۇڭ سۇڭ تۆگىنىڭ كالپۇكىنى چىشلەپ يېرىۋەتتى. بىراق، بۇنىڭدىن بىر خىل ھۇزۇرلىنىش ھېس قىلدى، خۇددى قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز ئۇزۇن قۇيرۇقىنى سۆرىگىنىچە ئۆز تېنىنى سىيپاپ ئۆتكەندەك. مۇشۇ پەيتتە ئۇ چۇن چىنىڭ كۆڭلىدىكى ئەرنى ئېگىلىۋالماقتا ئىدى. بۇ ئەر چۇن چىنى سەۋدايى قىلغان، چۇن چىنى ئۆز يېنىدىن ئايرىۋەتكەن. ئۇ ئەر زاتىنىڭ بوشاشقان تەلەتىنى كۆرۈشكە ئامراق ئىدى، توساتتىن بۇ ئەر ئۇنىڭغا تولىمۇ يىرگىنچلىك تۇيۇلۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، تېخىمۇ قاتتىق چىشلەشكە باشلىدى ...

تۆگە ئۇنى بىر شاپىلاق سالدى. سۇڭ سۇڭنىڭ چىرايىدىن ئادەمنى ئەيمەندۈرگۈدەك ئىپادە چىقىپ تۇراتتى، ئازراقمۇ خىجالەت ئىزنالىرى كۆرۈنمەيتتى. شۇنداق، ئۇ مۇشۇنداق قىلمىسا بولمايتتى. تۆگىنىڭ ئۆزىنى ۋە چۇن چىنى يانجىۋاتقانلىقى كۆزىگە كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ خۇددى ئاپەتنى ئېلىپ يۈرۈپ كېچە پەردىسىنى يىرتىدىغان قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزغا ئوخشايتتى.

قۇتراۋاتقان ئىشق ـ ھەۋەس بىلەن تولغان قان ھەسەلدەك تاتلىق ئىدى. تۆگىدە سۇڭ سۇڭ تەگرى ئەۋەتكەن سوۋغاتتەك، ئۆزىگە چەكسىز شادلىق ئاتا قىلىدىغاندەك تۇيغۇ پەيدا بولۇپ

قېلىۋاتاتتى . ساقلاشقا تاقىتى قالمىغان تۆگە ئۇنىڭ چوڭقۇر يېرىگە يېتىپ باردى .

بۇ تۆگىنىڭ ئۆمرىدىكى بىردىنبىر مۇھەببەت بولمىسىمۇ ، لېكىن ھېچبولمىغاندا ئەڭ ئاخىرقى مۇھەببەت بولۇپ ھېسابلىناتتى .

ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئويغىنىپ كۆزىنى ئاچقاندا ، تۆگە ئۆزىنىڭ بەكلا ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى . ئۇ يېنىدا ئۇخلاۋاتقان سۈڭ سۈڭغا قارىدى . سەھەردىكى ئۇ خۇددى باياتىنلا ھويلىدىن كىرگەندەك ، يۈزلىرىدە نېپىز شەبنەم تۇراتتى ، بەئەينى يېرىم ئېچىلغان ئۇيقۇ ھالىتىدىكى نىلۇپەرگىلا ئوخشاپ قالغانىدى . تۆگە ئۇنىڭ پارقىراق بەرگىلىرىدىن ئۆزىنىڭ كېچىدە سۆيگەن ئىزلىرىنى ئىزدەۋاتاتتى . قىز تولىمۇ ياش ئىدى ، ئۇنىڭ بەرنالىقى تۆگىدە مەيۈسلۈك پەيدا قىلاتتى . ئۇ نۇرغۇن نازىنىنلارغا ئىگە بولۇپ باققان ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى دېڭىزدىن بۇلاپ كېلىنگەن ، بەزىلىرى ئادەم ئەۋەتىپ ئېلىپ كېلىنگەن ، بىراق ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى كۆز ئالدىدىكى مۇنۇ ساھىبجامالدەك ئۇنى ئاشىق - بىقارارلىقتا سەۋدالىق ھالىتىگە كەلتۈرەلمىگەن . ئۇ بۇ نازىنىننى قۇچاقلاپ ئۇخلىسىمۇ ، لېكىن باشقىلارنىڭ ئوغرىلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ، دائىم يامان چۈشتىن قۇتۇلالمايتتى . ۋەھالەنكى ، ئويغانغان چېغىدا بۇ گۈزەل ھېچنەگە كەتمىگەن بولاتتى ، تۆگە ئۇنىڭ يۇمشاق ئالىقانلىرىنى سىلاپ ، بەخت تۇيغۇسىغا چۆمۈلەتتى .

ئۇ خۇددى سۈڭ سۈڭنى پىلە قورچىقى ئىچىگە سېلىپ قويغاندەك رەخت بىلەن ئوراپ قويدى . ئۇنىڭغا ئېرىشكىنىدىن تۆگە قانائەتلىنەتتى ، يەنە شۇنداقلا ئۈمىدسىزلىنەتتى .

سۈڭ سۈڭ ئۆرۈلۈپ ئويغاندى . سىلكىنىۋىدى ، شەبنەم تامچىلىرى يەرگە تۆكۈلدى . ئۇنىڭ يۈزىنى سىلاۋاتقان تۆگە خىرە كۆرۈنۈپ قېلىۋاتاتتى .

— سىز زادى نەدىن كەلدىڭىز ؟
— ھە ؟
— بەزىدە سىزنى رەقىبلىرىم ماڭا قەست قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەنمىكىن دەپ ئويلاپ قالىمەن .
سۇك سۇك كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە سەل ئۆرىدەك بولۇپ ئولتۇرۇپ ، ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدى :
— تاپتىڭىز .
— ئۇنداقتا سىزنى كىشەنلەپ قويىمەن ، — دېدى ئۇ كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا .
ئەتىسى ئىشقۋازلىق قىلغاندا ، سۇك سۇك تېخىمۇ چەكتىن ئاشۇرۇپ ، ئۆتكۈر تىرناقلىرىدا ئۇنىڭ كۆكرىكىنى تىلىۋەتتى ، قان توختىماي چىقىۋاتاتتى . تۆگە ئۇنىڭ ئاشۇ چاغدىكى زەھەرخەندىلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئويلىسا تېنى شۈركۈنەتتى . تۆگىنىڭ كۆڭلى ئەنسىزلىك ئىچىدە قالدى . ئاچچىقىنى باسالماي ، راستىنلا بىر كىشەننى تاپتۇرۇپ ، ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىنى كىشەنلەپ قويدى . قىز بۇنىڭغا قىلچە پىسەنت قىلمىدى ، مەنسىتمەسلىك نەزىرىدە ئۇنىڭغا تىكىلىپ :
— ھامان بىر كۈنى سىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قېچىپ كېتىمەن ، — دېدى زەردە بىلەن .
بىراق تۆگە ھەمىشە ئۇنىڭ رايىغا باقاتتى .

لومبوك ئارىلىدىكى كۈنلەردە ، سۇك سۇك جان - جەھلى بىلەن قوغداپ كېلىۋاتقان قىزلىق دەۋرى بىلەن خوشلىشىپ ، قىيامىغا يەتكەن لاتاپەتلىك ئايالغا ئايلانغانىدى . ئۇ ئاخىر ئۆزىگە خاس ئۇسۇلدا چۈن چىدىن ئىنتىقام ئالدى . مۇھەببەت ۋە نەپرەتتىن بىردىنلا خالىي بولۇپ كەتكەن ۋۇجۇدى ئېغىر بۇرۇچتىن ئازاد بولۇپ ، يەڭگىللىكىدىن ئۇچۇپ كېتەلەيدىغاندەكلا قىلاتتى .
تۆگە ئۆيدە بولمىغان بىر جىمجىت چۈشتىن كېيىن ، سۇك

سۈك ئېھتىيات بىلەن قېچىپ چىقىپ ، كويزا ـ كىشەنلىرى بىلەنلا ئايلانغىلى چىقتى .

تۆگىنىڭ قەسرى بەكلا چوڭ ئىدى ، خېلى ئۇزاق ماڭسىمۇ بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغا بېرىپ بولغىلى بولمايتتى . ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ، بۇ يەردە ئەسلىي تۆگىنىڭ ئۈچ قېرىندىشىمۇ تۇراتتىكەن ، بىراق دېڭىز ھادىسىسىگە ئۇچراپ قايتىپ كېلەلمىگەنىكەن . تۆگە ئۇلارنىڭ خوتۇن ـ توقال ، بالا ـ چاقىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ خانىش ـ بانۇ ، بالا ـ چاقىلىرى بىلەن بىرگە تۇرغۇزاتتى . شۇڭا ، بۇ جاي تولىمۇ ئاۋات كۆرۈنەتتى . چۈن چى بىر توپ بالىلارنىڭ قوغلىشىپ ، چۇرقىرىشىپ خۇشال ـ خۇرام ئويناۋاتقانلىقىنى كۆردى . تېرىسى كاشتان رەڭ كەلگەن بۇ كەپسىزلەر ئورۇق ، ئەمما تىمەن ئىدى ، ئۇچقاندەك تېز يۈگۈرۈيتتى . ئۇلارنىڭ ئاپىلىرى ياكى مومىلىرى ئۆي ئالدىدىكى سەگەنچۈكتە بىمالال ئولتۇرۇپ ، خۇشال ـ خۇرام پاراڭلىشىۋاتاتتى . ئۇلار گەرچە ناھايىتى ياش بولسىمۇ ، بىراق بالدۇرلا ئانا بولغان بولغاچقا ، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئېرىنچەك بولۇپ قېلىشقانىدى . سۈك سۈك ئۇلارنىڭ قاپىقىنىڭ تۈرۈكلۈك ئەمەسلىكىنى ، غەم ـ قايغۇ ۋە ئۆچ ـ ئاداۋەتتىن خالىي ئىكەنلىكىنى كۆردى . بالىلار ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا يۈگۈرۈپ ئوينىشاتتى ، بەزىدە قەستەن ئۇلارنى تېرىكتۈرگىلى كېلىشەتتى . بىراق ، بۇ ئانىلار ئۇلارغا كايىماي ، ئۇلارنىڭ ئەركىن ـ ئازادە ئوينىشىغا يول قوياتتى .

سۈك سۈك ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن چاغدا ، ئۇ بالىلار ئۇنى ئورىۋېلىپ ، داۋاملىق ئالدىغا مېڭىشقا ئىمكانىيەت قالدۇرمىدى . ئۇلار پاكىزمۇ ، سىپايىمۇ ئەمەس ئىدى ، بىراق قارىغان ئادەم ئۇلارنىڭ ئېتىكلىكىنى كۆرۈپ ، رەت قىلىشقا ئامالسىز قالاتتى . سۈك سۈك ئەسلىدىنلا بالىلارغا ئامراق ئەمەس ئىدى ، ئەمما بۇ بالىلارنى كۆرگەن مۇشۇ پەيتتە كۆڭلى بىردىنلا خۇشاللىققا

چۆمۈلگەندى . ئۇلار سۇڭ سۇڭغا ئامراق بولۇپ قېلىشتى ، ئۈزلۈكسىز رەتلىك تىزىلىپ ، كىچىك قوللىرى بىلەن چاۋاك چالغىنىچە ناخشا ئېيتىپ بەردى . غەلىتە تەلەپپۇزدىكى خەلق قوشاقلىرى ئادەمنىڭ كۆلگۈسىنى كەلتۈرەتتى ، بالىلارنىڭ باشلىرىنى ئىرغاڭلىتىپ تۇرغان قىياپىتىمۇ ئاجايىپ قىزىقارلىق ئىدى . سۇڭ سۇڭ كەينىگە قايرىلىپ ، ھېلىقى ئانىلارغا قارىدى ، ئۇلار ئۇنىڭ تۆگە يېڭىدىن ئەكىرگەن توقال ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە ، ئۇنىڭغا قاراپ دوستانە ھالدا كۈلۈپ قويۇشتى .

بۇ يەر ئىناقلىقتا تولغان ، لېكىن سۇڭ سۇڭ بۇ يەرگە مەنسۇپ ئەمەس . ئەگەر بۇرۇنقى چاغلار بولغان بولسا ، يەنى چۈن چى بىلەن تونۇشۇشتىن بۇرۇن ، بالىلىقىدىكى سەرسانلىق ـ سەرگەردانلىق باشلىنىشتىن بۇرۇن بۇ يەرگە كەلگەن بولسا ، بەلكىم ئەھۋال باشقىچە بولار ئىدى ، ئۇ بەلكىم بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىپ ، بۇ خىل ئاددىي ھەم قىزغىنلىقتا تولغان تۇرمۇشقا سىڭىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى .
ھازىر ئۇ نۇرغۇن دىشۋارچىلىقنى باشتىن كەچۈرگەن ، قەلبى مەڭگۈ تىنچلىنىشقا ئامالسىز . ئۇ بۇ خىل گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىششكە مۇناسىپ ئەمەس . ئۇ مۇشۇلارنى ئويلىغىنىچە ، بالىلار توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ ، ئۇلارنىڭ چاقىرىشلىرىغا قارىماي ، يەنە تەنھا يولغا چىقتى .
ئۇ ئورماننىڭ ئىچكىرىسىگە قۇشلارنى تاماشا قىلغىلى كەلدى . ئارالدىكى قۇشلارنىڭ تۈرى ھەقىقەتەن كۆپ ئىدى ، ئۇلار دائىم ئۇنىڭ چۇشلىرىگە ئۇچۇپ كىرەتتى . بۇ خىل تۈيغۇ بىر خىل يېقىنلىق بىلەن خاراكتېرلىنەتتى ، بۇنىڭدىن سۇڭ سۇڭ پەقەت بالىلىق چاغلىرىدا بىر مەزگىل بەھرىلىنىپ باققان . چۇشلەر خۇددى ئورماندەك باراقسان ئىدى ، گۇگۇم پەيتىدە قۇشلارنىڭ سايرىغان ئاۋازى ئورماننى بىر ئالاتتى . ئورماننىڭ ئوتتۇرىسىدا

تۇرغاندا ، ئۇلار بىردىن ـ بىردىن كېلىپ قوناتتى ، ئادەمدىن پەقەتلا قورقمايتتى . خۇددى سۇك سۇك بىلەن قۇشلارنىڭ تەقدىر ـ قىسمىتىدە بىر خىل ئالاھىدە باغلىنىش باردەكلا قىلاتتى .

لومبوك ئارىلىدا توز ناھايىتى كۆپ ئىدى . ئۇلار تەكەببۇر ھەم خىجىلچان ئىدى ، ئادەتتە بەخىرامان ھەم نازاكەتلىك ماڭاتتى ، بەزىدە چىمىلدىقىنى ئاستا ـ ئاستا يېيىپ ، كەينىگە قايرىلىپ پارقىراق پەيلىرىنى بىردىن ـ بىردىن سانايتتى . بىراق ، ئادەمنىڭ سايىسىنى كۆرۈپ قالسىلا ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ، چىرايلىق قاناتلىرىنى يىغىپ تېز يۈگۈرۈيتتى ، ئازراق يۈگۈرگەندىن كېيىن پارقىراق قۇيرۇق پەيلىرى ئاستا ـ ئاستا قىيپاش بولاتتى ـ دە ، بوشلۇققا كۆتۈرۈلەتتى ، مۇشۇنداق قىلىپ ، ئۇلار ناھايىتى ئېگىز دەرەخلەردىن ئۇچۇپ ئۆتەتتى . سۇك سۇك يۈزىنى يۇقىرىغا قارىتىپ ئۇلارغا قاراپ تۇراتتى ، ئۇلارنىڭ دۇمبە ۋە بويۇنلىرىدىكى پەيلىرى بىرونزا رەڭگىدە ئىدى ، خۇددى بېلىق قاسىرىقىغا ئوخشايتتى ؛ رۇخسار گۈلى رەڭگىدىكى ئېلىلىپس شەكىللىك تاجى قىزىق شامالدا تىترەپ ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى .

سۇك سۇك توزنىڭ پەرۋاسىزلىقى ھەم گۈزەللىكىگە ئامراق ئىدى ، بۇ ئۇنىڭ يۇمشاق ، رايىش نەرسىلەردىن ھاياجانلىنىدىغان تەبىئىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك . ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئەرلەر مەڭگۈ زوراۋانلىق ۋە ياۋايىلىقنىڭ سىمۋولى ئىدى ، ئۇنىڭدا گۈزەللىك تۇيغۇسى پەيدا قىلىشقا ئامالسىز ئىدى .

توز بېشى ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەندە ، ئۇنىڭ قەلبىدە ئىسسىق ئېقىم مەۋج ئۇردى ، روھىيىتى ھاياجانغا تولدى . توز باللىق چاغلىرىدا ئاسماندا كۆرگەن لەگلەكلەرنى ئۇنىڭ ئېسىگە سالدى ، ئاپئاق لەگلەكلەر ئۇنىڭغا جاھاندىكى ئەڭ ساپ دىل جانىۋاردەك بىلىنەتتى ، ئۇ ھەتتا راستىنلا ئۇلارنى پەرىشتە دەپ بىلەتتى .

ئۇ ھەمىشە ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە سېزىمىگە ئاسانلا ئىشىنىپ

قالدىغان بولغاچقا، ھەدېگەندىلا خاتالىق سادىر قىلىپ قوياتتى.

خۇددى ئۇ دېڭىز بويىدا چۇن چىنى كۆرۈپ قالغان چاغدىكىدەك. سۇك سۇڭنىڭ كۆزى ئۆتكۈر ئىدى، بىر قاراپلا دېڭىز ساھىلىدا ياتقان بۇ ئايال زاتىنىڭ ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنغان ئىستەك ۋە كۈچنى كۆرۈۋالغانىدى.

ۋاقىت ئاللىقاچان ئىيۇنغا قەدەم قويغانىدى. ئۇ ساناپ بېقىۋىدى، چۇن چىنىڭ بوشىنىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقى مەلۇم بولدى. ئۇنى قەيسەرلەشتۈرۈۋەتكەن، جۇرئەتلىك قىلىۋەتكەن ئاشۇ ئۇرۇقتىن غۇنچە ئېچىلىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ چوقۇم بەخت تۇيغۇسىغا چۆمۈلۈۋاتقان بولسا كېرەك. ئۇ بالىسىنى ئېلىپ تۆگىنى ئىزدەپ كېلەرمۇ؟

ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا، قانداق بىر بىمەنە كۆرۈنۈش مەيدانغا چىقار ـ ھە! چۇن چى بۇ يەردە ئۇنى كۆرسە، ئۇنىڭ تۆگىنىڭ كارىۋىتىدا ياتقانلىقىنى، ئۇنىڭ قەلبىنى ئىگىلىۋالغانلىقىنى بىلسە قانداق بولۇپ كېتەر ـ ھە؟ بۇ بىر رېئاللىققا ئايلىنىش مۇمكىنچىلىكى يوق پەرەز ئىدى. سۇك سۇك چۇن چىنى چۈشىنىدۇ، ئۇنىڭ ھېلىقى قۇلۇلە قېپىنى تاپماي تۇرۇپ، ھەرگىزمۇ تۆگىنى ئىزدەپ كەلمەيدىغانلىقى سۇك سۇڭغا ئايان. مەجنۇنلۇققا مەھكۇم بولغان ئەخمەق قىز بىر ئەرزىمەس ۋەدە ئۈچۈن پۈتۈن ئۆمرىنى سەرپ قىلماقچى. ئۇ ئۆزىنىڭ كولدۇرلىتىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەي، شۇنچە يىراق جايدىمۇ بۇ ئەردىن ئەيمىنىدۇ، بىراق باشتىن ـ ئاخىر ئۇنىڭ بىلەن ئايرىلىپ تۇرغاچقا، مۇشۇ پەيتتە ئۇنىڭ كىملەرنىڭ قوينىدا يېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ.

ئۆچ ئېلىش ھۇزۇرلىنىش تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ، بىراق ئۇنىڭ كەينىدىنلا يوقىتىش تۇيغۇسى ئۇلىشىپ كېلىدۇ. سۇك سۇك ئورمانىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى پىنھان جايغا كەلدى، ئۇنىڭ بىرەر

جـاينى تېپىپ ئۆزىنى يوشۇرۇپ قويغۇسى ، ھەرقانداق ئارزۇ ـ ئىستەكتىن خالىي ھالدا قۇشلار بىلەن بىلە ياشىغۇسى كېلىۋاتاتتى .

تۆگە ئەۋەتكەن ئادەملەر ھەممە جاينى ئىزدەپ ، ئاخىر قويۇق ئۆسكەن پالما دەرەخلىرى ئارىسىدىن ئۇنى تېپىۋالدى ـ دە ، ئۇنى يەنە تۆگىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى .

تۆگە غەمكىن نەزەردە ئۇنىڭغا تىكىلدى :

— نــەگــە قاچماقچىدىڭىز ؟ باشقا ئەردىن بىرەرنى تېپىپ ، ئۇنىڭغا شاراب ئېچىتىپ بەرمەكچىدىڭىز ؟ — ئۇنىڭ قەلبى ئىللىق ئىدى ، قىلغان گېپى ناھايىتى سوغۇق ئىدى .

— ئەمەلىيەتتە ، مەن پەقەت تورلارنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈنلا بارغان ، — دېدى سۇك سۇك روھسىز ھالەتتە .

— تــوزغـا ئامراقمۇسىز ؟ ئادەملىرىم سىزگە توزنى تۇتۇپ ئەكېلىپ بەرسۇن ، — ئۇنىڭ بىچارە قىياپىتىنى كۆرگەن تۆگىنىڭ كۆڭلى بىردىنلا يۇمشاق ، رايىش ھالەتكە ئۆتتى .

شۇ يىلى ئىيۇندا ، سۇك سۇك نۇرغۇن توزلارغا ئىگە بولدى . ئــۇلار باغچىدا بېقىلاتتى ، ھەممە كىشى تىكىلىپ قاراپ تۇرغان مۇھىتتا ياشايتتى .

باغچىدا پەقەت پاكار ئۆسۈملۈكلەرلا بار ئىدى ، بىرەر تۈپمۇ ئېگىز دەرەخ يوق ئىدى ، شۇڭا توزلار ئېگىز دەرەخلەردىن ئۇچۇپ ئۆتۈشكە ، قاناتلىرىنى نەپىس ھالدا يېيىشقا ئامالسىز ئىدى . سۇك سۇك كۆل بويىدا تۇرۇپ ئۆز شولىسىنى كۆردى ، بۇ شولا پەيلىرى چۇشۇشكە باشلىغان بىر توزنىڭ ھالىتىدىلا ئىدى .

## 6

چــۇن چــى ھــايات قالدى . ئۆلۈپ كەتكىنى ئۇنىڭ بالىسى بولدى .

جۇڭ چيەنىنىڭ تىلىكى ئىجابەت بولغاندەك قىلاتتى .

بۇ شۇم پېشانە قىز بوۋاق چۇن چى بىلەن بىرگە ئون ئايلىق قـابـاھەتلىك چۈش كۆرۈش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈپ ئاخىر تۇغۇلدى . ئۇ تۇغۇلۇشىدىنلا ناھايىتى ئاجىز ئىدى . جۇڭ چيەن تـۇغۇت ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىن بالىنى ئېلىپ ، ئۇنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان بېشىنى كۆتۈردى . بۇ قىز بوۋاق يىغلىمايتتى ، غەلۋىمۇ قىلمايتتى ، ئىسەنگىرەش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ، زاكىسىدا بىئاراملىقتىن قىمىرلايتتى . جۇڭ چيەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئامراق بولۇپ قالدى . يېزىدا ، ئەما ئايال تۇغقان بالىنىڭ كۆزلىرى ئالاھىدە نۇرلۇق بولىدۇ ، دەيدىغان گەپ بار ئىدى . شۇڭا ، ئۇنىڭ كۆزلىرى چۇن چىنىڭكىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى .

چۇن چى بالىسى ئۈچۈن نۇرغۇن ئىسىملارنى ئويلاشتى ، بىراق ھېچقايسىسىدىن رازى بولمىدى . خۇددى ھەرقانداق بىر ئىسىم بۇ بالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا تولىمۇ ئەرزىمەس بولۇپ قېلىۋاتقاندەك ئىـدى . چۇن چى ھەر كۈندىكى كەيپىياتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ، ئۇنى ئۆستەڭ ، گۈل ، يۇلتۇز دېگەندەك ئىسىملار بىلەن چاقىراتتى ، بارلىق چىرايلىق ئىسىملارنى ئۇنىڭغا مەنسۇپ قىلغۇسى كېلىپ كېتەتتى . ئەگەر مۇمكىن بولسا ، چۇن چى پۈتۈن دۇنيانى ئـۇنـىڭغا ئىككى قوللاپ تۇتقان بولاتتى . بوۋاقنىڭ كەچۈرمىشى ئـېچىنىشلىق بولدى ، بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان چېغىدا ، ئەتراپىنى غېرىبلىق قاپلىغان ، ئۇنىڭ تۇغۇلۇشىنى كۈتۈپ تۇرىدىغان ئادەم يوق ئىدى .

چۇن چىدىن سۈت چۈشمىدى ، جۇڭ چيەن مۇشۇ يەرلىك بىر تـۇغـۇتـلـۇق ئـايالنى بالىنى ئازراق ئېمىتىپ بېرىشكە ناھايىتى تەسلىكتە ماقۇل كەلتۈردى . چۇن چى بۇ بالىغا شۇنچىلىك ئامراق ئـىـدىـكـى ، ئـۇنىڭدىن بىردەم ئايرىلىشقىمۇ چىدىيالمايدىغاندەك قىلاتتى . ھەر قېتىم جۇڭ چيەن بالىنى ئېمىتكىلى ئاپىرىدىغان چـاغـدا ، ئـۇ قـىـيـالماي كېتەتتى ، كۆڭلىدە ئۆزىدىن بالىسىنى

تويغۇزغۇدەك سۇت چىقمىغانلىقىغا تېرىكەتتى .

ئىككى كۈندىن كېيىن بالىغا چېچەك چىقىپ قالدى .
بالىنىڭ يۈزىنى قىپقىزىل تاشمىلار قاپلاپ كەتكەن ، تېشىلگەنلىرىدىن يىرىڭلىق سۇ چىقىپ ، قاقاچ بولۇپ كەتكەن ، يېڭىلىرى توختىماي چىقىۋاتاتتى . بالا تۇغۇلغىلى يېرىم ئايدىن ئاشتى ، ئۇنىڭ چوڭىيىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى ، ئەكسىچە كىچىكلەپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى . چۈن چى بۇلارنى كۆرەلمەيتتى ، پەقەت بالىغا سوغۇق تېگىپ قالغانلىقىنىلا بىلەتتى . جۇڭ چيەن جۇڭگوچە دورىلارنى تېرىپ كېلىپ بالىغا قاينىتىپ ئىچۈردى ، ئۇ بۇ دورىلارنى ناھايىتى تېز شىپا قىلىدۇ ، دەپ ئاڭلىغانىدى .
بىراق ، بالىنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى يامانلاپ كېتىۋاتاتتى . بەدىنىدىكى تاشمىلارغا تېگىپلا كەتسە ، يىرىڭلىق سۇ سىرغىپ چىقىپ ، يوتقان - كۆرپىلەرنى ھۆل قىلىۋېتەتتى . بالىنى ئېمىتىپ بېرىدىغان ھېلىقى ئايال بالىغا چېچەك چىقىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇنى ئېمىتىشكە ئۇنىمىدى . جۇڭ چيەن بالىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا يەنە يالۋۇرغىلى بارغاندا ، ئۇلارنىڭ دەرۋازىسى ھەم ئېتىكلىك تۇراتتى ، ئۇلار ئاللىقاچان كۆچۈپ كەتكەنىدى .
كىشىلەرنىڭ ھەممىسى خۇددى ۋابادىن قاچقاندەك ، بۇ بالىدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى . تېۋىپ تاپقىلى بولمىدى ، ئىنىكئانىمۇ تېپىلمىدى . كەچقۇرۇن ئۇ بالىنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندە ، چۈن چى ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇرۇۋاتقانىدى ، ئۇ تېخى جۇڭ چيەن بالىنى ئېمىتكىلى ئەكېتىپ ، شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت يوقاپ كەتتى ، دەپ ئاغرىنىۋاتاتتى .
جۇڭ چيەن ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرمايلا ، دەرھال شوۋىگورۇچ قاينىتىپ بالىغا ئىچۈردى . بىراق ، بالا بىرنەچچە يۇتۇم ئىچىپلا ياندۇرۇۋەتتى . بەلكىم بەدىنىدىكى تاشمىلار قىچىشىۋاتقان بولسا كېرەك ، ئۇ كىچىك بەدىنىنى يوتقان - كۆرپىلەرگە

سوركەيتتى ، قارىماققا ناھايىتى ئازابلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . سەھەر پەيتىدە ، بالا تۈيۈقسىز ئېغىر دەرىجىدە تارتىشىپ قالدى ، ئۇنىڭ تېنى تۈگۈلۈپ قېلىۋاتاتتى . چۈن چى ئەھۋالنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقىنى بىلمەيتتى ، بالا بىر ئۇخلىۋالسىلا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ ، دەپ ئويلايتتى . ئۇ ھەمىشە بۇ بالىنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ھاياتى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ ، ھەرگىزمۇ ئاسانلىقچە ئۆلۈپ كەتمەيدۇ ، دەپ قارايتتى تاكى ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى بالىنىڭ تېنى ئازراق - ئازراقتىن قېتىپ ، ئازراق - ئازراقتىن سوۋۇپ كەتكۈچە ، ئۇ مۇشۇ ئەقىدىسىگە قەتئىي ئىشىنىپ كەلگەنىدى . چۈن چىنىڭ قوللىرى بالىنىڭ تېنىنى يەنە بىر قېتىم سىلاپ ئۆتكەندە ، بۇ ئەت - تېرىلەردىن نېپىز ، چۈرۈك قەغەزلەرنىڭكىدەك غۇيۇلدىغان ئاۋاز چىقماقتا ئىدى . چۈن چى ئەمدى قورقۇشقا باشلىدى ، بالىنى تەۋرىتىپ باقتى ، بارماقلىرىنى بۇرنىغا تۇتۇپ ، تىنىقلىرىنى تەكشۈرۈپ باقتى . بالا خۇددى بىر تال ياغاچتەك چۈن چىنىڭ قۇچىقىدا سوزۇلغىنىچە مىدىر - سىدىر قىلماي ياتاتتى .

— سىز زىيانكەشلىك قىلىپ ئۆلتۈردىڭىزمۇ ؟ — تىترەك ئاۋازدا سورىدى چۈن چى .

— ئۇنىڭغا چېچەك چىقىپ قېلىپ ، قۇتۇلدۇرۇشقا ئامال بولمىدى ، — دېدى جۇڭ چيەن چۈن چىنى يۆلىگەچ ، ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ چىقىۋاتاتتى .

چېچەك . قۇلۇلە قېپىدىن قوبۇل قىلغان ئاشۇ ئەسلىمىلەر ھەر خىل ئايەت ۋە كېسەللىكلەر بىلەن تولغان ، چېچەك ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىنىڭ بىرى ئىدى . ئۇ بالىنىڭ قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەن مەڭزىلىرىنى سىلاۋاتقان مۇشۇ چاغدا ، چېچەككە ئالاقىدار ئەسلىمىلەر مەخپىي چوڭقۇر جايدىن ئۈستىگە لەيلەپ چىقتى . ئۇ بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن ئاغرىق ئازابىنىڭ قاينىمىغا كىرىپ قېلىپ ، چېچەكنىڭ قىيناشلىرىغا چىداشلىق بەرمەكتە ئىدى .

چۈن چى بالىنى باغرىغا مەھكەم باستى، ئۇنىڭ كۆكرىپ قالغان كىچىك يۈزلىرىنى كۆتۈرۈپ پېشانىلىرىگە، مەڭزىلىرىگە سۆيدى.

يىرىڭلىق سۇلار تاشمىلاردىن سىقىلىپ چىقىپ، چۈن چىنىڭ يۈزلىرىگە، لەۋلىرىگە چاچرىدى. چۈن چى داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى: بۇ تۈزلۈق بەتبۇي سۇيۇقلۇق بالىنىڭ يېشىمىدۇ؟ ئۇ ئانىسى بىلەن تەڭ يىغلاۋاتقانمىدۇ؟ بىراق، ئۇنىڭ نەپسى ئاللىقاچان توختىغانىدى.

بۇ بوۋاق يېگى بىر سەھەر يېتىپ كەلگۈچە بەرداشلىق بېرەلمىگەنىدى.

ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭ ئىسمى بولۇپ باقمىدى.

بۇنىڭدىكى سەۋەب ئۇنى سۆيمىدىغان ئادەمنىڭ يوقلۇقىدىن ئەمەس، بەلكى ئانىسىنىڭ ئۇنى زىيادە ياخشى كۆرۈشى، بارلىق مېھىر ـ مۇھەببەتنى، تەبىئەتتىكى بارلىق گۈزەل نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا بېرىشكە ئۇرۇنۇشى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ دۇنيانىڭ پەردىسىنى قايرىپ تۇنجى كۆرگىنى بىر ئېچىنىشلىق ھالەتتىكى ئەما ئايال بولدى، ئۇ ئىلكىدىكى بارلىق نەرسىسىنى قولىدا تۇتقىنىچە، غېرىب ھالدا ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى. ئۇ بۇ ئايالنىڭ غۇربەت باسقان باغرىغا تۇغۇلدى. بۇ ئايالنىڭ يۈز كېلەلمەسلىك سەۋەبىدىن نورمال ھالىتىنى يوقاتقان مېھىر ـ مۇھەببىتى خۇددى مىڭ يىللىق قەدىمىي دەرەخكە ياماشقان سانسىز پېلەكلەرگە ئوخشاش ئۇنىڭغا مەھكەم چىرمىشىۋالغانىدى. ئازاب ـ ئوقۇبەت ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھېسسىياتقا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ئۇنى ئانىسىنى قوبۇل قىلىشقا ئامالسىز قالدۇردى. ئۇلار قارىمۇقارشى يۆنىلىشكە ماڭغانىدى، ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا، ئۇلار كىشىلەر دېڭىزىدا ئازغىشىپ كەتتى. نۇرغۇن كۈتۈشلەر بەدىلىگە كەلگەن ئۇچرىشىش قىسمىتى مۇشۇنداقلا ئاياغلاشتى.

ئۇ شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدىغان بۇ قىزنى ئاجايىپ زور

مىھىر ـ مۇھەببەت بىلەن چاقىردى ، لېكىن بۇ قىز قەدىمىنى توختاتمىدى . ئۇنىڭ تاش يۈرەكلىكى دادىسىغا نېمىدېگەن ئوخشىغان ـ ھە !

بالا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنكى ئۈچ كۈن ئىچىدە ، چۈن چى بالىنى قۇچىقىدىن بىردەممۇ ئايرىمىدى ؛ ئاخىر ئۇ چارچاپ ئۇخلاپ قالغان چاغدىمۇ ، ئۇ ئۆلۈك بوۋاق ئۇنىڭ باغرىغا مەھكەم تېڭىقلىق تۇراتتى .

جۇڭ چيەن ئۆلۈپ كەتكەن بوۋاقنىڭ چېچەكنى چۈن چىگە يۇقتۇرۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ ، ئۇنىڭ قاتتىق ئۇخلاۋاتقان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ، ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى بوۋاقنى تۇيدۇرماي ئېلىپ كەتتى . ئۇ بالىنى كېمە ئۆيدىن ئانچە يىراق بولمىغان تاغ باغرىغا كۆمدى . بالىنىڭ ئىسمى بولمىغاچقا ، ئۇنىڭغا قانداق ئابىدە ئورنىتىشنى بىلەلمىدى . قايتىش يولىدا ، جۇڭ چيەن ئاشۇ قەبرىنىڭ بىر نامسىز قەبرە بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلىغىنىدا ، كۆڭلى ئىختىيارسىز يېرىم بولدى . ئۇ كېمە ئۆيىنىڭ ئىشكى ئالدىغا كەلگەندە قەدىمىنى ئاستىلاتتى . ئۇ ئالدىدىكى يولنى ئويلىغىنىدا كۆڭلىدە بىلىنەر ـ بىلىنمەس قورقۇنچ پەيدا بولاتتى .

خۇددى جۇڭ چيەننىڭ پەرەز قىلغىنىدەكلا ، چۈن چىنىڭ قەلبى ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىك بىلەن تولدى . ئۇ بالىسىغا چېچەك چىققانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغاندەكلا قىلاتتى ، ئۇنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە ، جۇڭ چيەن ئۇنىڭ بالىسىنى كۆتۈرۈپ ئاچىقىپ كەتكەن ، قايتىپ كەلگەن چاغدا بالا ئۆلۈك بولۇپ چىقتى . بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇنىڭغا نىسبەتەن چۈن چىدە پەيدا بولغان ئازغىنە تايىنىش تۇيغۇسىمۇ مۇشۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشقانىدى . چۈن چى ئەمدى ئۇنىڭغا ، شۇنداقلا ھەرقانداق ئادەمگە موھتاج بولمايدۇ .

بالىسى ئۆلگەندىن كېيىن ، چۈن چى جۇڭ چيەنگە بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلىپ باقمىدى . جۇڭ چيەن ئۇنىڭ بالىسىغا ئەگىشىپ ھاۋادىكى چاڭ ـ توزانغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى . بىراق ،

جـوڭ چيەن باشتىن ـ ئاخىر كېتىپ قالمىدى ، چۈن چى ئۇنى يېـقــىنلاشتۇرمايتتى ، شۇڭا ئۇ چۈن چىگە يىراقمۇ بولمىغان ، يېقىنمۇ بولمىغان جايدا ياشايتتى .

جوڭ چيەن ئىزچىل مۇشۇنداق قىلىپ كەلدى ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تىرىشچانلىقى ئۇنى قالتىس ئادەمگە ئايلاندۇردى . جوڭ چيەننىڭ ۋۇجۇدىدا ئاجايىپ بىر خىل خىسلەت بار ئىدى ، ئۇنى مۇشۇنداق خىسلەت ئىگىسىگە ئايلاندۇرغان نەرسىنىڭ دەل بىر ئەقىدە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى .

## 7

سانغۇن بىلەن تۆگە ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشۋاتقاندا ، سوڭ سوڭ تۆگىنىڭ بارگاھىدىن يوشۇرۇنچە قېچىپ چىققانىدى . ئەمدى يۈز بېرىدىغان ئىش توغرىسىدا ئۇنىڭدا بېشارەت خاراكتېرلىك تۇيغۇ پەيدا بولۇپ بولغانىدى .

ئۇ ئورماننىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى . ئۇ ئۇ يەردە بىر تۈپ ناھايىتى چوڭ ياۋا ئەنجۈر دەرىخى بارلىقىنى بىلەتتى . دەرەخنىڭ ئىنچىكە ئۇزۇن شاخلىرى پەسكە ساڭگىلاپ تۇراتتى ، داۋاملىق ئۆزىراپ ، يەرگە سانجىلىپ كىرىپ ، يىلتىزغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى . قاتار ساڭگىلىشىپ تۇرغان شاخلار نەچچە ئــون مــېتىر دائىرىنى قورشىغانىدى ، قارىماققا يۇمىلاق ئۆيگىلا ئــوخــشــاپ قــالغانىدى . ئۇ بۇرۇن بۇ يەردە جازىبىدار تورلارنى كــۆرگەن ، تــوزلارنى تۆگە ئەۋەتكەن ئادەملەر تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن ، بۇ يەرلەر چۆلدەرەپ قالغانىدى .

خــاتــىرجەملىك ئاتا قىلىدىغان بۇ بىردىنبىر جايغا ئۇ يەنە كەلدى .

سوڭ سوڭ ئورماننىڭ ئىچكىرىسىدە جىمجىت ساقلاۋاتاتتى ، كۆڭلىدە ئازراق كۆرەڭلەش ئالامەتلىرى پەيدا بولۇۋاتاتتى . ئانچە يىراق بولمىغان جايدا ئىككى قالتىس ئەر بىر ـ بىرىگە تىغمۇ ـ

تىنغ تۇرۇپ، ھايات ـ ماماتلىق جەڭ قىلىشىۋاتىدۇ. ئۇ ئۇرۇشنىڭ سۇڭ سۇڭ ئۈچۈن يۈز بەرگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە ھەتتا قىرغىنچىلىقتا بولغان تەشنالىق يوشۇرۇنغان. چۈنكى بۇ ئارالدا قانلار دەريا بولۇپ ئاقسا، ئۆلگەن ھەربىر ئادەم ئۇنىڭغا بېغىشلانغان نەزىرلىك نەرسىلەرگە ئايلىنىدۇ، ئۇ مۇشۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەزىزلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇنىڭ ھاياتى ئاخىر ئەڭ يۇقىرى پەللىگە ئۇلىشىپ مۇكەممەللىككە يەتتى.

مۇشۇ پەيتتە ئۇ ئۆلۈپ كەتسىمۇ، ھېچقانداق ئارمىنى قالمايتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، سۇڭ سۇڭ ئۆز ۋۇجۇدىدا بىر خىل زەئىپلىشىشنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن يامراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ بىر توسۇۋالغىلى بولمايدىغان ئىش ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ گۈزەل ئىكەنلىكىنى بەكلا بىلىپ كەتكەنىدى. گۈزەللىكنىڭ قىممىتىنى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدە نەقلەشتۈرگەنىدى. ئۇ ئاجايىپ زور ھەشەمەتنىڭ ئىگىسى بولدى، شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ قېنى بىلەن كۆيلىنىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدى. بەك گۈزەل مەنزىرە، بەك خۇش پۇراق غۇنچە، بەك پارقىراق مەرۋايىت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە خېيىمخەتەر ھەمراھ، چۈنكى ئۇلار ئەتراپىنى ئۈركۈتۈپ قويىدۇ، كىشىلەرنى ئەنسىزلىككە سالىدۇ، ئەڭ ئاخىردا تەڭرى ئۇلارنى بۇ دۇنيادىن قايتۇرۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

ئۇ يېقىن ئەتراپتىكى كۆلدە يۇيۇنۇۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ئازراق ـ ئازراقتىن سەتلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ئۇ ئۆز تېنىنى سىلىغاندا، بۇ تەن خۇددى باشقا بىر ئادەمگە مەنسۇپتەك تولىمۇ ناتونۇش بىلىندى.

ئۇرۇش ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتتى، كىشىلەر ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە قالدى. ياۋا ئەنجۈر دەرىخى شەكىللەندۈرگەن ئۆڭكۈردە تۇرۇۋاتقان سۇڭ سۇڭ بەلكىم ئەڭ تەلەيلىك ئادەم ھېسابلانسا

كېرەك ، ئۇ قىرغىنچىلىقتىن يىراقتا ناھايىتى بىخەتەر تۇرۇۋاتاتتى . ۋەھالەنكى ، باشقا بىر خىل ئازاب ئۇنى قىيناۋاتاتتى ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر گۇمان بار ئىدى . بۇ گۇمان ھەقىقەتەن بەكلا قورقۇنچلۇق بولغاچقا ، ئۇنى داۋاملىق ئويلاۋېرىش جۇرئىتىدىن مەھرۇم قىلغانىدى . ھالبۇكى ، ئالامەتلەر بىردىن ـ بىردىن قىستاپ كەلمەكتە ، ئۇ بۇ ئالامەتلەرگە يۈزلىنىشكە ئامالسىز ؛ ئۇنىڭ يۈزلىرىگىمۇ چۈن چىنىگكىگە ئوخشاش تاشمىلار چىقىشقا باشلىغانىدى ، دوۋسۇنى ئىششىغانىدى ، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ قالغاچقا ، تېرىپ كەلگەن ياۋا مېۋىلەر يېيىلمەي سېسىپ كېتەتتى .

بىر ئايدىن كېيىن ، دەۋرىي خاراكتېرلىك قانمۇ ئۇنى يوقلاپ كەلمىدى ، ئۇنىڭ گۇمانى ئاخىر ئىسپاتلىنىپ چىقتى . تەقدىر ئۇنى يەنە بىر قېتىم ئەخمەق قىلىۋاتاتتى ، ئۇ ئانا بولۇش ئالدىدا تۇراتتى .

ئۇرۇش ئاخىر ئاياغلاشتى . لومبوك ئارىلىدا قانلار دەريا بولۇپ ئاقتى ، تۆگىنىڭ قەسرى پاچاقلىنىپ تۈزلىۋېتىلدى . سۆڭ سۆڭ يېقىن ئەتراپتا بىرقانچە بالىنىڭ جەسىتىنى كۆردى ، ئۇ ئۇلارنى تونۇيتتى ، ئۇلار تۆگىنىڭ بالىلىرى ئىدى . قان ئىچىدە چىرمىشىپ تۇرغان ئىنچىكە پۇت ـ قوللارنى كۆرگەن چېغىدا ، ئۇ قاتتىق بىئارام بولدى ، دوۋسۇنى يىغىلىپ ، قۇسۇشقا باشلىدى .

ئۇ ئۆز گۇناھىنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقىنى ئاخىر تونۇپ يەتتى .

پۇقرالارنىڭ ئېيتىشىچە ، تۆگە ۋە ئۇنىڭ خوتۇن ـ توقاللىرىنى سانغۇن ئەسىر سۈپىتىدە تۇتۇپ كېتىپتۇ . پۇقرالارنىڭ چىرايىدىن بىر خىل پەرۋاسىزلىق چىقىپ تۇراتتى ، ھايات ـ مامات بىقارارلىقتا مەھكۇم بولغان بۇ كۈنلەردە كىممۇ ئۆز ئاتامانىنىڭ كىم بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ يۈرسۇن ؟

پەقەت ئۇلا بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلۈۋاتاتتى . ئۇ ئوت بىلەن ئوينىشىپ ئاخىر ئۇنى ئۆزىگە تۇتاشتۇرۇۋالغانىدى ، بۇ ئۆمرىدە تۆگە بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن ، ئۇزۇۋېتىشكە ئامالسىز قالغانىدى .

سوٙڭ سوٙڭـنـىڭ كـېيـىـن نەگە كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بـىـلمەيتتى . رىۋايەت توٙسىنى ئالغان بوٙ قىز خوٙددى پېتنۇاتقان قوٙياشتەك جىمجىتلا غايىب بولغانىدى . بىرى ئوٙنى توٚگە قامالغان زىنداندا كوٚرگەنلىكىنى ئېيتىپ يوٙرەتتى ، ئوٙ چاغ دەل توٚگە ئوٚلوٙم جازاسىغا تارتىلىشىنىڭ ھارپىسى ئىدى .

ئوٙ بىر ۋاخ تاماق ئەتتى . بوٙ ئوٙنىڭ ئەر خەق ئوٙچوٙن ئەتكەن توٙنجى تامىقى ئىدى . ئوٙ توٚگىگە شاراب ئېچىتىشىنىموٙ ئوٙيلىغانىدى ، بـىـراق ئوٙلگوٙرەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە ، ئوٙچىسىدىكى تاۋار ـ دوٙردوٙن كىيىملەرنى دېھقانلارنىڭ بىر چوٚگوٙن شارابىغا تېگىشتى . ئوٙ يەنە شارابقا گوٙل بەرگىدىن ئازراق چىلاپ ، شارابنىڭ ئاچچىق تەمىنى سەل سوٙسلاشتوٙردى .

ھەممە تەييارلىق پوٙتتى . ئوٙ ئوٚزىنى مەھكەم ئوراپ ، شاراب ۋە قوروٙمىلارنى كوٚتوٙرگىنىچە توٚگە قامالغان زىندانغا يول ئالدى . ئوٙنى ھېچكىم تونوٙۋالالمىدى . ئوٙ پوٙختا سېلىنغان ئاشوٙ ئوٚيىنى نەچچە قېتىم ئايلىنىپ چىقتى ، ھېچ ئىلاج تاپالمىدى . جازا موٙددىتى دەل ئەتە ئىدى ، ئوٙنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئوٙروٙنوٙشتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى . ئوٙ زىندان ئىشىكىنى چېكىپ ، گوٙندىپاي بىلەن پاراڭلاشتى . ئـوٙلار نـاھايىتى تېزلا موٙنداق بىر سودىدا پوٙتوٙشتى : ئوٙ ماقوٙل بولسىلا ، گوٙندىپاي شاراب بىلەن قوروٙمىلارنى ئىچىدىكى مەھبوٙسقا ئەكىرىپ بېرىدىغان بولدى .

ئەينى چاغلاردا جەسوٙرلوٙقتا شوٚھرەت قوٙچقان ئاتامان موٙشوٙ پەيتتە كىسەلدىن ماغدوٙرسىزلىنىپ توٚموٙر ۋادەك يېنىدا ياتماقتا ، ئوٙ دوقىقىسىدىكى يېپيېشقاق جاراھەتنى سىلىدى ، ھاياتلىق خوٙددى بوٙ بوشاپ كەتكەن تېرىدەك زەئىپلىكىنىڭ ھىدى بىلەن تولغانىدى . ئاسماندا نوٙرغوٙن بالىلار ۋە ئاياللار ئوٙنى كوٙتمەكتە ، خوٙددى كېچە ئـاسمىنىدىكى يوٙلتوٙزلاردەك ئوٙنىڭغا تەقەززالىق بىلەن قارىماقتا (بـىـراق ئـوٙ كـوٚروٙشكە ئامالسىز ) ، ئوٙ تېزرەك يولغا چىقىشقا ئىنتىزار بولماقتا ئىدى .

خاموٙش ھالەتتە ئوٙخلاۋاتقان توٚگە سىرتتىكى چوٚپ دوٚۋىسىدىن

شىرت ـ شىرت قىلىپ چىقىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلاپ ئاستا ئويغاندى . ئەر كىشىنىڭ ھاسىراۋاتقان ئاۋازى بىلەن ئايال كىشىنىڭ بوش ئىڭراۋاتقان ئاۋازى بىرلىشىپ ، ئارقىمۇئارقا كېلىۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرىدەك ئۇنىڭ تېنىگە چاچرىماقتا ئىدى . بۇ تاسادىپىيلىق ئۇنى كۆزىنى ئېچىشقا مەجبۇر قىلدى ، ئۇ بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى ، ئۇ تېنىنى كۇچەپ يۆتكەپ ، يۈزىنى تۆمۈر ۋادەككە چاپلىدى ـ دە ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلاشقا باشلىدى .

سىرتتىكى ئايال ئاۋازىنى سىرتقا چىقارماسلىققا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىۋاتقاندەك قىلاتتى ، ئۈزۈلۈپ ـ ئۈزۈلۈپ ئاڭلىنىپ قالىدىغان ئاۋازى تەشۋىش بىلەن تولغانىدى . ۋەھالەنكى ، قەپەسكە سولانغان يىرتقۇچ ھايۋانغا ئوخشاپ قالغان تۆگمىنىڭ پۈتۈن بەدىنى تىترەپ ، ماغدۇرسىزلانغان پۈتلىرى تېنىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆتۈرەلمەيۋاتقاندەكلا قىلاتتى ، ئاخىر ئۇ ئاستا ـ ئاستا تىزلىنىپ قالدى . ئايال كىشىنىڭ ئىنچىكە ئاۋازى خۇددى قويۇق تۆكۈلۈۋاتقان يامغۇر تامچىلىرىدەك ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلاتتى . ئۇ چاڭقىغانىدى ، بىرەر تېمىم سۇغا بولسىمۇ ئېرىشىش ئۈچۈن ئاغزىنى يوغان ئاچتى . ئۇ تېنىنى تىرەپ تۇرۇپ ئايالنىڭ ئاۋازىنى تۇتتى ـ دە ، ئۆزىنى بۇ ئاۋاز ئىچىگە ئىتتەردى . بۇ يۇمشاق ھەم ئىللىق ئاۋاز ئۇنى ئۆز قوينىغا ئالدى . ئۇ ۋادەككە يۆلەنگىنىچە تەۋرىنىشكە باشلىدى ، تاراملاپ چۈشۈۋاتقان تەر تامچىلىرى ئۇنىڭ ئاغزىغا كىردى ، لېكىن ئۇنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرالمىدى .

ئۇ ئۆزۈنىغىچە تىنچلىنالمىدى ، سىرتتىكى جىمجىتلىق ئەسلىگە كېلىپ ، ئوت ـ چۆپ دۆۋىسىدىن شىرىقلىغان ئاۋاز چىقمىغان ، ئايالنىڭ ئىڭراشلىرى ئاڭلانمايدىغان بولغاندىلا ، ئاندىن ئۇ سەل تىنچلانغاندەك بولدى . گۇندىپاي دەلدەڭلىگىنىچە يېتىپ كەلدى ، بىر قولى تېخىچە چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى ئېتىش بىلەن ئاۋارە ئىدى .

قاراۋۇل ئۇنىڭغا مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن بىر ـ ئىككىنى قارىۋېتىپ زىندان ئىشىكىنى ئاچتى ـ دە ، شاراب ـ قورۇمىلارنى

ئۇنىڭ پۇتى يېنىغا قويۇپ قويدى . زىندان ئىشىكى يەنە يېپىلدى .

تۆگە قاتتىق چارچىغانىدى ، ئۇ هاراق كومزىكىنى كۆتۈرۈپ ، بېشىنى ئارقىغا غادايتقىنىچە راۋۇرۇس بىر يۇتۇم ئىچتى . چىشىغا ئىــتــيــاڭىقى گۈلىنىڭ غۇنچىسى ئۇرۇلدى ، تونۇش تەم ئۇنىڭ ئۇيۇشۇپ قالغان قانلىرىنى قايتىدىن ئۇرغۇتتى . ئۇ يەردە پۇت ـ قوللىرىنى سوزۇپ ئوڭدىسىغا ياتتى ـ دە ، ئاغزىدىكى گۈل بەرگىنى ئاستا چايناشقا باشلىدى .

دانە ـ دانــە يــاش تــامــچــىــلىرى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن سىرغىپ چىقتى .

# قەغەز سار

*باللار ئۇنىڭدىن سورىدى :*
*سىزگە نىمە كېرەك ، سىبىل ؟*
*ئۇ جاۋاب بەردى : ماڭا ئۆلۈم كېرەك .*

— ت . س . ئېلىئوت : «قاقاسلىق»تىن

# ئالدىنقى بۆلەك

## 1

لىيەنيەن ئارىلىدىكى چېركاۋنىڭ تارىخى خېلى ئۇزاق. بۇ بىر ستالاگمىت تاش تۈۋرۈكلىرىدىن قوپۇرۇلغان، ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان گوت ئۇسلۇبىدىكى ئىمارەت. ھەربىر ئىنچىكە تۈۋرۈكلەرگە نۇرغۇن نەپىس سىزىقچىلار ھەم گۈزەل ئاسما نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن، ھەشەمەتلىك ۋە مۇرەككەپلىكتە تەڭداشسىز ئىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۇ تولىمۇ كونىراپ كەتكەن، چاقماق چېقىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەيدىغان ناچار كۈنلەردە، ئاشۇ تۈۋرۈكلەر خۇددى ھېلىلا غۇلاپ چۈشىدىغاندەك، مۇئەللەقتىن تاش ياغىدىغاندەك، قانخور شەمشەرلەردەك ۋەھىمىلىك كۆرۈنىدۇ.

چېركاۋ بەلكىم بۇ قېتىملىق دېڭىز تاشقىنىغا تەشەككۈر ئېيتىشى كېرەكتۇ، دېڭىز تاشقىنىدىن كېيىن كىشىلەرنىڭ چېركاۋغا كېلىدىغان ئادىتى يەنە ئەسلىگە كەلدى، بۇنىڭ بىلەن چېركاۋ چۆلدەرەشتىن قۇتۇلدى. پوپ كۆپچىلىككە:

— سىلەر ئۇنتۇپ كېتىشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭلار كېرەك، قازا قىلغانلار ئارام تاپتى، — دېدى.

مەلۇم بىر ھەپتە ئاخىرىدىكى ئىبادەت ۋاقتى، گۈزەل رۇخسارى كىشىنى لال قىلىدىغان بىر قىز چېركاۋغا كېپىنەكتەك ئۇچۇپ كىردى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر رەتتە ئولتۇردى. ئۇ كىشىلەر توپى ئىچىدىكى بىردىنبىر چىرايىدىن زەرىچە ئازاب ئىزناسىنى تاپقىلى بولمايدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ئۇچىسىغا ھەمىشە يېشىل رەڭلىك پۈتۈن كۆڭلەك كىيىۋالاتتى، ئوچۇق تۇرغان بويۇن

ۋە بىلەكلىرى ئاپتاپتا كۆيۈپ قوڭۇر رەڭگە كىرىپ قالغان ، ناھايىتى ساغلام كۆرۈنەتتى .

مۇقەددەس غىزا تارقىتىلىدىغان چاغدا ، ھەربىر مۇخلىسقا بىر تالدىن ئىيسانىڭ پارە ـ پارە قىلىنغان تېنىگە سىمۋول قىلىنغان پېچىنە تارقىتىپ بېرىلەتتى . ئەمما ، ئۇ قىز ھەر قېتىم ئۈچ ـ تۆت تال ئېلىۋالاتتى ، ئۇلارنى بارماقلىرى ئارىسىغا قىستۇرۇۋېلىپ ، پوپنىڭ دۇئا سۆزىنى كۈتمەيلا ئاغزىغا سېلىپ بولاتتى . بۇنىڭدىن ئۇنىڭ قورسىقىنىڭ قانچىلىك ئېچىپ كەتكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى . بىراق ، ھەر قېتىملىق قەسىدە ئېيتقان چاغدا ، ئۇ ناھايىتى بېرىلىپ ئېيتاتتى ، ئاۋازى خۇددى قىشتىكى قاردەك پاكىز ھەم يارقىن ئىدى ، ئالدىنقى قاتاردىكى ئادەم ئىختىيارسىز ئارقىسىغا قايرىلىپ قاراپ قوياتتى . ئۇ كىشىلەرنىڭ بەس ـ بەستە قاراشلىرىدىن تولىمۇ مەمنۇن بولىدىغاندەك قىلاتتى .

پوپ ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قالدى ، قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ خىرىستىئان مۇخلىسى ياكى ئەمەسلىكىنى سورىدى . ئۇ بېشىنى چايقىدى .

— ئەمما ، نېمە ئۈچۈن قەسىدە ئېيتقاندا ئاۋازىڭىز ھەممىدىن بەك چىڭ چىقىدۇ ؟

قىز كۈلۈمسىرىگىنىچە چېركاۋدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى .

پوپ قىزنىڭ ئارقىسىدىن قارىسى يىتكۈچە قاراپ قالدى — ئۇ خۇددى شامالغىلا ئوخشايتتى ، تۇتۇۋالغىلى بولمايتتى .

## 2

پوپ ئۇ قىزغا سەپسېلىپلا يۈردى . ئۇ ھەر ھەپتىسىلا كېلىۋەرمەيتتى ، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ، تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغاچقا ، پوپ ئۇنى كۆرگەندىكى خۇشاللىقىنى يوشۇرۇشقىمۇ ئۇلگۈرەلمەيتتى .

ئۇنىڭ قەدەملىرى ناھايىتى يېنىك ، خۇددى ئاياغ

كىيىمگەندەكلا ماڭاتتى، گويا مەيىن شامالدەك چىركاۋنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن لەيلىگەندەكلا كىرىپ كېلەتتى، ھەمىشە چىركاۋنىڭ ئەڭ ئاخىرقى رېتىدە ئولتۇراتتى، تېرىسى ناھايىتى سۇزۇك بولغاچقا، ئاشۇ چۆپ رەڭ كونا كۆڭلەككە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان بىر تال تۇياقگۇلگىلا ئوخشايتتى. پوپ ئۇنىڭ تېنىدىكى شەبنەم ھىدىنى پۇرايتتى. ئۇ ئىنجىلدىن نەقىللەرنى سۆزلەۋاتقاچ، كۆپ قېتىم ئۆزىنى تۇتالماي قىزغا قارايتتى. قىز تولىمۇ شېتىلە ئىدى، تۇيدۇرماي بۇ ئورۇندىن ئۇ ئورۇنغا يۆتكىلىۋېلىپ، پوپقا ئەتەي ئۆزىنى ئىزدىتەتتى. ئۇ نەزىرى بىلەن قىزنى يەنە بىر قېتىم تۇتۇۋالغان چېغىدا، قەلبى ۋىللىدە ئىللىپ كېتەتتى. بۇ ئاپەت تالان - تاراج قىلىۋاتقان باھاردا، قىز خۇددى ھاياتلىقنى چاقىرىپ كەلگۈچى شەيتاندەك ئۇنىڭ دىققەت - نەزىرىگە كىرىپ كەلدى.

ئەمما، پوپ ھەر قېتىم ئۇنىڭغا يېقىنلاشقاندا، ئۇ خۇددى مۆغەمبەر ھاشاراتتەك، قانات قېقىپ ئۇچۇپ كېتەتتى، گۈل چاڭلىرى ئۇنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدىن چۈشۈپ، ھاۋاغا تارىلاتتى.

پوپ ئېسەنگىرەش ئىلكىدە بىرنى چۈشكۈردى.

بىر كۈنى ئىبادەت ئاياغلاشقاندا، پوپ ئاخىر غەيرەتكە كېلىپ ئۇنى چاقىرىپ توختاتتى. قىز ئۇنىڭغا قارىدى. پوپ ئۆزىنى ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشكە تەييارلىقى تولۇق دەپ قارىغانىدى. لېكىن، ئۇنىڭ غۇبارسىز كۆزلىرىگە قارىغىنىدا، يەنىلا تىلى تۇتۇلۇپ قالدى، ئەمما بۇ قېتىم قانداق قىلسىمۇ ئۇنى تۇتۇپ قالماقچى بولدى، شۇڭا خېلى تەستە ئۆزىنى زۇۋانغا كەلتۈردى:

— مېنىڭچە ... سىز بىزنىڭ قەسىدىچىلەر توپىمىزغا قوشۇلۇپ، سەھنىدە ياڭراق ئاۋازىڭىزنى قويۇپ بېرىپ قەسىدە ئېيتىسىڭىز بولىدۇ، ئەلۋەتتە سىز خالىسىڭىزلا.

قىز باشقا ياقلارغا قاراپ تۇراتتى، بۇ گەپكە ئېرەن قىلمىغاندەكلا قىلاتتى.

— مۇشۇ ئەتراپتا تۇرامسىز؟ — پوپ ئالدىراپ - تېنەپ سورىدى، ئۇنى ئۇزاقراق تۇتۇپ تۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى.

— مەن كېمىدە تۇرىمەن، — قىز ئاخىر ئېغىز ئاچتى. بۇ پوپنىڭ تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ گەپ قىلغىنىنى ئاڭلىشى. ئۇنىڭ ئاۋازى قەسىدە ئېيتقاندىكىدىنمۇ يېقىملىق ئىدى.

پوپ بېشىنى لىڭشىتتى، ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ نېمىدەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنىمۇ ئاڭقىرالمىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى ئورماندىن كۆتۈرۈلگەن تۇتەكتەك ئەتراپقا تاراپ، ئۇنى تىمتاس سېھىرلىك بىر دۇنياغا باشلاپ ماڭدى.

— دېمەكچىمەن، قاتنىشىپ كۆرۈپ باقسىڭىز بوپتىكەن، شۇ چاغدا بۇ يەرنىڭ بىر ئىللىق چوڭ ئائىلە ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالاتتىڭىز، — دېدى پوپ.

قىز سەل ئىككىلەنگەن كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىككىنىچە، ھەييارلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. قىز ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەندەكمۇ قىلاتتى، ئەمما بىزار بولغاندەك ئەمەس ئىدى.

قىز گۈلچاڭ ھېيدىنى ئېلىپ چېركاۋ ئىشىكىدە غايىب بولغاندا، پوپ ناھايىتى دەككە - دۈككە بولۇپ كەتتى، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدا ياخشى تەسىرات قالدۇرالىغان - قالدۇرالمىغانلىقىنى بىلەلمىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ سىڭىپ كىرىش تەس بولغان كۆز ئىپادىلىرىنى تىرىشىپ ئەسلىۋىدى، ئۇلاردىن سەل كەمستىشلەرنى ھېس قىلغاندەك بولدى.

پوپ ناھايىتى ئۈمىدسىزلەندى.

پوپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۆزىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ھېس قىلدى. ئۇ ئىبادەت ۋاقتىدا ئەڭ ياقتۇرىدىغان كىيىمىنى كىيىدىغان، ساقال - بۇرۇتلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تۈجۈپىلەپ ئالىدىغان، ئۆتۈكىگىمۇ زەررىچە چاڭ قوندۇرمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن، ئۇ يەكشەنبە كۈنى بالدۇرلا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى. ئۇ بۇ ئىشلارنى قىلغان چېغىدا، كەيپىياتى

ناھايىتى كۆتۈرۈلۈپ قالاتتى، بەزىدە تېخى غىڭشىپ ناخشىمۇ ئېيتىپ كېتەتتى — ئۇ شۇنچە كۆپ يىللاردىن بۇيان زادىلا يادىغا كەلمىگەن بۇ ئاھاڭلارنىڭ قانداقچىسىگە ھازىر قايتا يادىغا يېتىپ قالغانلىقىغا ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى.

ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا، ئۇنىڭ ئايالى بەزگەك كېسەللىكى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەندى. شۇ چاغدا ئۇ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشۇمدا ئەمدى ھېچقانداق داۋالغۇش بولمايدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. ئۇ بۇ يەردىن زادىلا ئايرىلمىدى، يىراق ئەنگلىيىدە تۇرۇۋاتقان ئوغلىغا يازغان خېتىدىمۇ، گەرچە بۇ يەر كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان جاي بولسىمۇ، بۇ يەردىن كېتىپ قالسا ئايالىنىڭ قەبرىسىنى قايتا تاپالماسلىقىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى يازغانىدى. ئۇ ھەر قېتىم خەت يېزىپ بولۇپ قايتا ئوقۇپ چىققاندا، ئۆزىنى بەكمۇ ئاشۇرۇۋەتكەندەك، ئوغلى ئۆزىدەك بىر قېرىدا ھېلىمۇ مۇنداق كۆڭۈلنىڭ بارلىقىنى چۈشىنەلمەي قالىدىغاندەك ھېس قىلىپ قالاتتى.

قېرىلىققا ئەگىشىپ، ئۇ تولىمۇ ئۇنتۇغاق بولۇپ كەتتى، ئەمما ئايالى ئېسىدە مەھكەم ساقلاقلىق ئىدى، دائىم ئۇنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ يوقلاپ تۇراتتى، بەزىدە قېلىپ قالغان ئازغىنە كۆز ياشلىرىنى ئۇ يەرگە سېپىپمۇ قالاتتى. دەل مۇشۇ بىرقانچە تامچە قىممەتلىك كۆز يېشى ئۇنىڭ تېخى تامامەن قېتىپ كەتمىگەنلىكىنى، قەلبىدە ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيتتى.

ئەمدىلىكتە بۇ قىزنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇنىڭ ھېسلىرىنى قاتتىق داۋالغۇتۇۋەتتى. ئۇ ئۆز قەلبىدىكى نازۇك ئېقىنلارنىڭ بىر-بىرلەپ ئويغىنىپ، تەرەپ-تەرەپلەردىن كېلىپ يىغىلىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. ئۇ ئايالىنىڭ قەبرىسىگە تاۋاپ قىلغىلى بېرىشقا جۈرئەت قىلالماس بولۇپ قالدى، ئايالىنىڭ ئۆزىنىڭ ئاشۇ شوخلىشىپ كېتىۋاتقان يۈرىكىنى سېزىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى. بىراق، ئۇ شۇنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايتتى،

قەلبىگە بىر مەخپىيەتلىكنى پۈكۈش ۋە تەشنالىققا چۆمۈلۈش تۇيغۇسى ھەقىقەتەن قالتىس ئىدى .

## 3

نەچچە كۈندىن كېيىن ، پوپ دېڭىز بويىدا كېتىۋېتىپ ، يىراقتىن بىر كېمىنىڭ دولقۇن يېرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئۇ بۇ كېمىنى تونۇيتتى . بۇ جۇڭگونىڭ «گۆھەر كېمە ئەترىتى»① دىن ، كېمە چاقناپ تۇرىدىغان ئالتۇن رەڭدە سىرلانغان ، نەقىشلىك تۇۋرۇكلىرىمۇ ئاجايىپ رەڭدار بولۇپ ، مۇرەككەپلىكتە تەڭداشسىز ئىدى .

پوپ شۇ ھامان قىزنىڭ ئاشۇ كۈندىكى سۆزىنى ئەسلەپ قالدى : «مەن كېمىدە تۇرىمەن .»

پوپ توساتتىن قېتىپلا قالدى ، خۇددى ئاشۇ يەرگە قېقىپ قويغاندەك مىدىرلىيالماي قالدى .

كېمە قىرغاقتا توختىدى . كېمە بۆلۈمىسىدىن ئۇچىسىغا قارا كۆك دۇردۇن تون كىيگەن نەچچە ئەر چىقتى ، ئۇلار جۇڭگودىن كەلگەن ئەلچىلەر بولسا كېرەك . ئارقىدىنلا گۈلدەك ياسانغان يەتتە ـ سەككىز قىز بىر ـ بىرىگە چېتىپ قويغاندەك ئۇلىشىپ ، تال چىۋىقتەك بويلىرىنى ئىس ـ تۈتەكتەك تولغاپ چىقىپ كەلدى . ئۇلارنىڭ قورشاۋىدا قالغان ئەرلەر ئۇلار بىلەن كۆزى قىيمىغان ھالدا خوشلاشتى . كېيىن ئەرلەر كېمىدىن چۈشتى . قىزلار كېمىدە بىردەم تۇردى ، يېشى چوڭراق بىر ئايال قىزلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ ، ئۇلارغا بىرنېمىلەرنى تاپىلىدى . ئاندىن ئۇلار بىر رەت بولۇپ ، كېمىدىن چۈشۈپ قىرغاققا چىقتى .

پوپ ئۇلارغا قاراپ تۇراتتى . ئۇ ئۇلارنىڭ كۆينەكلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ گۇاڭدۇڭ قاتارلىق جايلىرىدىكى كۆچمە پاھىشىخانىلاردىن يىغىپ كېلىنگەن غەزەلخان پاھىشىلەر

---

① گۆھەر كېمە ئەترىتى جېڭ خې دېڭىز سەپىرىدە بولغان يىللاردا ، جۇڭگو مالايا تاقىم ئاراللىرىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتكەن كېمە ئەترىتى ، كېيىن داۋاملىق ئىشلىتىلگەن .

ئىكەنلىكىنى بىلدى . ئۇلار مەخسۇس كېمە خادىملىرى ۋە چەت ئەللىك ئەلچىلەرنى كۈتەتتى ، ئىزچىل «كېمىدە تۇراتتى» . دېڭىز تاشقىنى يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ سودىسى بىرمەھەل تازا قىزىپ كەتكەنىدى . ئۇ چاغدا بۇ غەزەلخان پاھىشىلەر ھازىرقىدىن نەچچە ھەسسە ھەشەمەتلىك چوڭ كېمىلەردە تۇراتتى . كېمىدە ئەلچىلەرنىڭمۇ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى . ئۇلار جاھان كۆرگەن ھەم سېخىي بولغاچقا ، پاھىشىلەر ئۇلارنى چۆرگىلەپ كېتەلمەيتتى ، ئۇلارنىڭ دېڭىز سەپىرىدىكى ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاشقا ئامراق ئىدى ، كۈنلىرى تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتەتتى . بۇلار پاھىشىلەرنىڭ مەڭگۈلۈك گۈزەل ئەسلىمىلىرىگە ئايلانغانىدى .

قىزلار ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى ، خۇددى كۆزلەرنى ئالا چەكمەن قىلىدىغان ئۆمۈچۈك تورلىرىدەك ، ئۇنى مۇھاسىرىسىگە ئېلىۋاتاتتى . يوپ مەلۇم بىر خىل تونۇش پۇراقنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالدى ، تۇيۇقسىز بىر خىل نومۇس ھېس قىلدى . ئۇ سەل بۇرۇلۇپ بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالدى ، ھېلىقى قىزنى مۇشۇ قىزلار ئارىسىدا كۆرۈپ قېلىشتىن ئەنسىرىدى . قىزلار توپىدىن تۇرۇپ - تۇرۇپ قۇلاقنى يېرىتىۋەتكۈدەك كۈچلۈك كۈلكە ئاۋازى كۆتۈرۈلەتتى . ئۇ قوشۇمىلىرىنى تۈرگىنىچە تاكى بۇ خۇش پۇراقلىق ئەترەت يىراقلاپ كەتكۈچە چىداپ تۇردى .

يوپ ئېغىر قەدەملەر بىلەن چېركاۋغا قايتتى ، كۆڭلى ناھايىتى پاراكەندە ئىدى . ئۇ توختىماي ئاشۇ قىزنى ئويلايتتى ، تېخى ئۇنى تەڭرى ئۆزىگە ياردەمگە ئەۋەتكەن پەرىشتىمىكىن دەپ قالغانىدى ، ئەمما ئۇ بىر پاھىشە ئىكەن ئەمەسمۇ ! يىلتىزسىز كېمىدە ھەرقايان ئېقىپ ياشايدىغان ، لەيلىمە جانلىقتەك كۈن بويى ئەرلەرنىڭ ئەتراپىدا ئەگىپ يۈرۈپ ، خالىغان ناخشىسىنى ئېيتىپ ، غۇرۇرىنى ئۇنتۇپ ، ھېرىپ - چارچاشنى بىلمەي ئۆتىدىغان قىزكەن - دە . يوپ يىرگىنىپ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمدى ، قىزنىڭ ئوبرازىنى كۆز

ئالدىدىن قوغلاشقا ئۇرۇندى .
قىز ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى ئالدىدى . پوپ شۇنداق قارىدى . بىراق ، ئۇ تېزلا ھوشىنى يىغدى . ئەمەلىيەتتە ، قىز ئۇنىڭغا ھېچنېمىنى ئېيتمىغانغۇ ، پەقەت ئاشۇ «كېمىدە تۇرمەن» دېگەنلا گەپنى قىلغان . قىز يالغان سۆزلىگىنى يوق ھەم پوپتىن بىرەر نەرسە تەلەپ قىلغىنىمۇ يوق . ئاغرىنىشقا توغرا كەلسە ، قىزنىڭ ئاشۇ ساپ ، بىغۇبار قىياپىتىدىن ئاغرىنسا بولىدۇ ، چۈنكى دەل شۇ نەرسە پوپنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىنى باغلاپ قويغان ــ دە .

4

قىز يەنە كەلدى ، يەنىلا ئەڭ ئاخىرقى رەتتە كۆلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى ، تولغان يۈزلىرى ۋايىگە يېتىپ پىشقان مول شىرنىلىك شاپتۇلغىلا ئوخشايتتى . پوپ ئۇنىڭغا قارىدى ، لېكىن ئۇنىڭ كۆلكىسىدىن بىزار بولۇشقا باشلىدى . چۈنكى ، بۇ كۈلكە ناھايىتى ئەرزان ، يۈرەك بىلەن باغلىنىشى يوق كۈلكە ــ دە . پوپ ئۇنىڭ يەنىلا ناھايىتى بېرىلىپ قەسىدە ئېيتقانلىقىنى ، مۇقەددەس غىزا تارقىتىلغان چاغدا ، پىچىنىلەرنى ئۇن بارمىقىنىڭ ئارىسىغا تولۇق قىستۇرۇۋالغانلىقىنىمۇ كۆردى . پوپنىڭ يۈرىكى ئاغرىدى .
بىر قول مېھرىبانلىق بىلەن قىزغا ئۇزىتىلىشى ، يېتەرلىك سەۋرچانلىق ، چۈشىنىش ھەم ئەپۇچانلىق بىلەن ئۇنى لاتقىلار ئارىسىدىن تارتىپ ئاچىقىۋېلىشى كېرەك ئىدى .
پوپ شۇنداق ئويلاپ ، يەنە قىزنىڭ ئالدىغا باردى :
— ئىبادەت ئاياغلاشقاندا ۋاقتىڭىز بارمۇ ؟ سىز بىلەن سۆزلىشەي دېگەن .
قىز بېشىنى لىڭشىتتى . پوپ ئۇنىڭغا قارىدى ، قىزنىڭ زەڭگەر كۆزلىرى گويا ئوقتەك پوپنىڭ جىسمىنى تېشىپ ئۆتتى — پاڭ ! شۇ دەقىقىدە پوپ يەنە ئەسىرگە چۈشتى ، زەئىپلەشتى — پوپ بۇرۇنلا قىزنىڭ زەخملەندۈرۈش كۈچىنى بىلىشى كېرەك ئىدى .

ئۇلار چوڭ بىر تۈپ سىياتىئا دەرىخى تۈۋىدە ئولتۇردى . تۇتام ـ تۇتام دەرەخ سايىسى بۇ قەھەتچىلىك يېغىپ تۇرغان پەسىلدىكى ئىسسىق شامالدا يەلپۈنۈپ ، ئاۋازى چىقماس چىلتاردەك تۇراتتى . قىزنىڭ خۇش ھېدى يەنە ئەتراپقا تارىدى . بۇ قېتىم پوپ ئۇنىڭ ئىتياگىقى گۈلىنىڭ پۇرىقى ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلىدى ، گاھ يىراقلاپ ، گاھ يېقىنلاپ كىشىنى خامۇش قىلاتتى . پوپ پاھىشىلەرنىڭ كۆپىنچە مۇشۇ پۇراق بىلەن ئەرلەرنى ئازدۇرۇپ ، ئەقىل ـ ھوشىنى لال قىلىپ ، ئۆزلىرىنىڭ قولىغا ئايلاندۇرۇۋالىدىغانلىقىنى بىلەتتى .

— تېخى ئىسمىڭىزنى بىلمەيمەن ، — پوپ مۇلايىملىق بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى .

— سۇڭ سۇڭ ، — ئۇ بىر تال سىپارنى يانچۇقىدىن چىقىرىپ ئېغىزىغا سېلىپ چايناشقا باشلىدى .

— جۇڭگو يېزىقىنى تونۇمايمەن ، ئەمما بۇ ئاھاڭ بەك يېقىملىقكەن .

— سۇ ئاققاندىكى ئاۋاز دېگىز دولقۇنىدىن سىپايىرەك ، — قىزنىڭ لەۋلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى .

— شۇنداق . ئېقىن سۇنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدىكەن ، — پوپ ئاستاغىنا تەلەپپۇز قىلدى ، — سۇڭ سۇڭ .

پوپ بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ سورىدى :

— قارىسام بۇ يەرلىكتەك قىلمايسىز . نەدىن كەلدىڭىز ؟

— ئاپام جۇڭگولۇق ، دادام گوللاندىيىلىك ، — ئۇ قىسقىلا جاۋاب بەردى ، ئۇنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى يەنىلا ئاڭقىرغىلى بولمىدى .

— ھە ، شۇنداقمۇ ؟ مەنمۇ گوللاندىيىلىك ، — پوپ ئاخىر ئۇلار ئارىسىدىكى ئارىلىقنى يېقىنلاشتۇرغۇدەك پۇرسەتكە ئېرىشتى .

— شۇنداقمۇ ؟ — قىز بىپەرۋا قىياپەتتە سىپارنى چايناپ ئولتۇراتتى ، كۆزلىرىنى لىپىلدىتىپمۇ قويمىدى .

— ئۇنداقتا ، ئاتا ـ ئانىڭىز ھازىر گوللاندىيىدىمۇ؟
— ياق ، ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەن . بەكمۇ ئەپسۇس ، دادام ھايات بولغان بولسا ، تازا پاراڭلىشىپ كېتەر ئىكەنسىلەر .
— ھە ؟
— ھە ، ئۇمۇ پوپ ئىدى .
— ھە ! ئەسلىدە مۇنداقكەن ـ دە ، — پوپ يېنىككىنە ئۇھ تارتتى ، قەلبىدە ئېيتقۇسىز بىر خىل خۇشاللىق ئەكس ئەتتى . پوپ ، بۇ قىز تۇنجى قېتىم چېركاۋغا كىرىپ كەلگەندە ، بىر كۆرۈپلا يېقىنشلىق ھېس قىلغىنىم ، خۇددى مېنى ئىزدەپ كەلگەندەكلا بىلىنگىنى بىكار ئەمەسكەن ـ دە ، دەپ ئويلىدى . ئەسلىدە ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن دادىسىمۇ پوپ ئىكەن ئەمەسمۇ . تەڭرى قىزنى بۇ يەرگە باشلاپ كەپتۇ . پوپ خۇددى تەڭرىنىڭ قولىدىن ئادىشىپ قالغان قوزىنى ئالغاندەك بولدى ، بۇ مېھىر ـ شەپقەتلىك مىنۇتلاردا ھاياجانلانماي تۇرالمىدى .
— سىز نېمە ئىش قىلىسىز ؟ — پوپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ سورىدى .
— كېمىدە ناخشا ئېيتىمەن ، — سىپارى ئۇرۇقچىسى ئۇنىڭ ئېغىزىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۆتكىلىشىۋاتاتتى .
پوپ جىمىپ كەتتى . بۇ دەل ئۇ ئەڭ ئاڭلاشنى خالىمايدىغان جاۋاب ئىدى . لېكىن ، ئۇنى خۇش قىلغىنى ، قىز يالغان ئېيتمىدى .
— سىز تېخى شۇنچە كىچىك تۇرسىڭىز… — ئۇ ئېچىنماي تۇرالمىدى .
— كېمىدە ھەرگىزمۇ كىچىك ھېسابلانمايمەن . شياۋ بى بىلەن لۇ چياۋلار مەندىن خېلىلا كىچىك ، ئاران ئون تۆت ـ ئون بەش ياشلاردا باردۇر . پاھىشىخانىدىكى خوجايىن ئايىم تېخى توققۇز ياشلىق قىزنىمۇ بېقىۋالغان ، — دېدى قىز . ئۇ پوپ بىلەن ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىۋاتاتتى ، ئۇنىڭغا يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئىنتوناتسىيىسىمۇ ئارىلىشىپ كەتكەن بولغاچ ، قايسىسىغا

تەۋەلىكىنىمۇ تازا ئاڭقىرىپ كەتكىلى بولمايتتى .
— چوقۇم كۆپ جاپا تارتتىڭىزغۇ دەيمەن .
— ياق ، خوجايىن ئايىم ماڭا ھەممىدىن بەك ئامراق ، ئۇ مېنى بىر قوللۇق تەربىيىلىگەن .
— ئۇ سىزگە نېمىلەرنى ئۆگەتكەن ؟
— جىق ، ناخشا ئېيتىش ، ئۇسسۇل ئويناش ، ھاراق ئىچىش ، قارتا ئويناش ، شاھمات ئويناش ...
پوپ بېشىنى لىڭشىتتى ، ئەمدى داۋامىنى ئاڭلىغۇسى يوق ئىدى . ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا تىرىشىۋاتاتتى . ئەڭ مېھرىبان ئاۋاز بىلەن مۇنداق دېدى :
— سىز مۇنداق كېتىۋەرمەسلىكىڭىز كېرەك . ئاستا - ئاستا چوڭ بولۇۋاتىسىز ، سىزگىمۇ غۇرۇرلۇق تۇرمۇش كېرەك ، بىر ئۆمۈر كېمىدە تۇرالمايسىز ، شۇنداق ئەمەسمۇ ؟
پوپنىڭ بۇ غەمخورلۇقى قىزنى سەل رەنجىتىپ قويدى . ئۇ مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ، ئېغىزىدىكى سىپارى ئۇرۇقنى كۆچەپ تۈكۈردى :
— مەنغۇ كېمىدىكى تۇرمۇشنى يامان دېمەيمەن . بىز نۇرغۇن قىزىقارلىق ئادەملەر بىلەن تونۇشىمىز ، ئۇلارمۇ بىزنى شۇنداق ئەتىۋارلايدۇ ، بىزگە ھەر خىل كۆرۈپمۇ باقمىغان ئەتىۋارلىق سوۋغاتلارنى بېرىدۇ ... ھەر كۈنى ساياھەت قىلىمىز ، قالتىس كۆڭۈللۈك .
— بىراق ئۆزىڭىزنىڭ نىشانى يوق - دە . بىر ئادەم چوقۇم ئۆزىنىڭ بۇرچىنى بىلىشى ، مەلۇم ئارزۇ - ئىستەكلىرى بولۇشى ھەم شۇنىڭ ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىشى كېرەك . كېلىڭ ، ماڭا ئېيتىپ بېرىڭ ، مۇشۇ دەقىقىلەردە سىز ئەڭ ئىنتىزار بولۇۋاتقان ئىش نېمە ؟
— ئاشۇ ساقاللىق جوڭگولۇق ئەلچىنىڭ پاتراق كېلىشىنى كۈتۈۋاتىمەن . ئۇ ھەر قېتىم كەلگەندە ، ماڭا نەچچە تال قىپقىزىل ئانار ئالغاچ كېلىشنى ئۇنتۇمايدۇ . ئۇ ئانارلار ۋايىگە يېتىپ پىشىپ

بىرىلىپ كەتكەن، ئىچىدىكى ئۇرۇقلىرى كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ پەقەت ماڭىلا بىرىدۇ، باشقا قىزلارغا يوق. كېچىدە ئۇ ئاستاغىنا ياتىقىمغا كىرىپ، قوينۇمغا سېلىپ قويىدۇ...

پوپ ئۈندىمىدى. بۇ قىز قاقاس دالىدا ئۆسكەن گىياھلارغىلا ئوخشايدىكەن، يېرىقچىلاردا ئۆسۈشتەك ناچار مۇھىتقا كۆنۈپ كەتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى پەقەت نەچچە تال ئانارغا ئېرىشىش، بىر مەزگىللىك خۇشاللىنىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىكەن. پوپنىڭ ئىچى ئېچىشتى ھەم ئۇنىڭ چېھرىدە ئەكس ئېتىۋاتقان مەستخۇش ئىپادىگە سەل ئوغىسى قايىندى.

— بولدى، ئەمدى سۆزلىمەڭ، قاراڭا بۇ چۈشكۈن كۈنلىرىڭىزگە، نەچچە تال ئانارلا سىزنى رازى قىلامدا؟ سىز ئۆمرىڭىزنى زايە قىلىۋېتىپسىز، كۈنلىرىڭىزنى بىكارغا ئۆتكۈزۈۋېتىپسىز ھەم دەپسەندە قىلىۋېتىپسىز...

— ئەجەبا سىزدەك ياشىغان بولساملا مەنىلىك ياشىغان بولامتىم؟ مەن قانداق قىلسام ئىسراپ قىلمىغان، دەپسەندە قىلمىغان بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، پەقەت سىزدەك زادىلا كۆرۈپ باقمىغان، تۇتۇپ باقمىغان تەڭرى ئۈچۈن ئۆمرىنى تەقدىم قىلىشتىن كۆرە، ئاشۇ كۆرگىلى بولىدىغان، تۇتقىلى بولىدىغان ئەرلەرگە تەقدىم قىلىشنىڭ ئەلالىقىنى بىلىمەن! — قىزنىڭ ئوتقاشتەك قىزىل لەۋلىرى ئويناپ كەتتى، پوپقا قاراپ تۇرغان كۆزلىرىدە ۋەسۋەسىگە سېلىش ئالامەتلىرى ئەكس ئەتتى.

— ئەگەر دادىڭىز ھېلىمۇ ھايات بولغان بولسا، بۇ ھالىتىڭىزنى كۆرسە چوقۇم ئىنتايىن ئۈمىدسىزلىنەتتى.

— بىراق، مەن ئاللىقاچان پۈتكۈل دۇنيادىن ئۈمىدسىزلەنگەن، — قىز تۇيۇقسىز ناھايىتى مۇلايىم ھەم زەئىپ بولۇپ قالدى، پۈتكۈل دۇنيادىن ۋاز كەچكەن قىياپەتتە، ئاستاغىنا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي كېتىپ قالدى.

## 5

سۆڭ سۆڭ كېتىشىگىلا يامغۇر يېغىشقا باشلىدى . پوپ يەنىلا سىياتېئىگا دەرىخى تۈۋىدە ئولتۇراتتى . يامغۇر سۈيى ئۇنىڭ ناچار كەيپىياتىنى چىلىق ـ چىلىق قىلىۋەتتى ، ئۇنىڭ قەلبى پاتقاق بولۇپ كەتتى . قىز بىلەن پاراڭلىشىشتىكى مەقسىتى ، ئۇنى تۇتۇپ قېلىش ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئەمەسمىدى ؟ بىراق ، ئۇ ھېچنېمىنى دېيىشكە ئۈلگۈرەلمىدى .

قىز تۇكۇرۇۋەتكەن سىپارى ئۇرۇقچىسى سۇس قىزىل پىلە غوزىكىدەك يامغۇر سۈيىدە دومىلاپ تۇراتتى . پوپ بىر پۈتىنى سوزۇپ جىم تۇرماي سەكرەپ تۇرغان سىپارى ئۇرۇقچىسىغا تەگكۈزدى — قىز نېمىشقا ئۆزىنى مۇنچە مەھكەم ئورىۋالىدىغاندۇ ؟

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاققىچە سۆڭ سۆڭنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى . دېڭىز تاشقىنى بارا ـ بارا ئۇنتۇپ كېتىلدى ، ئازابلارمۇ ئاستا ـ ئاستا سۇسلاشتى ، چېركاۋغا كېلىدىغانلارمۇ بارغانسېرى ئازايدى . پوپ ئىلگىرى ئۇلارغا تەسەللى بېرىپ ، ئاشۇ ئازابلىق ئەسلىمىلەرگە نىسبەتەن بىردىنبىر چارە ئۇنتۇپ كېتىش ، دېگەنىدى . قارىغاندا ، ئۇلارنىڭ ئەسلىگە كېلىشى خېلى يامان ئەمەس بوپتۇ ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۇنتۇشنى تاماملاپتۇ ، شۇڭا چېركاۋغا كېلىشنىمۇ ئۇنتۇپتۇ .

پوپ ئىنجىلدىن ئارىيىلەرنى سۆزلىگەندە ، ناھايىتى ئالدىرىماي سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى ، بەزىدە دىققىتى چېچىلىپمۇ كېتەتتى ، ئەمما بۇنى بايقىغۇدەك ئادەممۇ يوق ئىدى . چۈنكى ، ئىبادەتنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسى پۈت ـ قولىنىڭ ماغدۇرى كەتكەن مومايلار ، مۇنداق ئاستىلىقىدىن توختاپ قالايلا دېگۈدەك مۇراسىم ئۇلارنىڭ قەلبىنى ھەقىقىي خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرىدۇ .

چېركاۋنىڭ ئەڭ ئاخىرقى رېتىدىكى ئاشۇ ئورۇنغا قۇياش ئۆز

نۇرنى سېخىلىق بىلەن سېپىپ تۇراتتى. پوپ مۇنبەردە تۇرۇپ ئاشۇ نۇرلۇق بۇلۇڭغا قارىغىنىدا ئاسانلا خىيالىي تۇيغۇغا كېلىپ قالاتتى. پوپ قىزنىڭ ناھايىتى يەڭگىللىكىنى بىلەتتى، خۇددى ماموق پەيدەك، چاڭ - توزاندەك ياكى پىچىرلاشلاردەك، تىۋىشمۇ چىقارماي كېلىپ ئاشۇ ئورۇندا ئولتۇراتتى، ئىللىق قوياش ئۇنىڭ ئۇستىۋاشلىرىنى سىيپايتتى. ئۇ ئاستاغىنا ئۇيقۇغا كېتەتتى. پوپ سۆزلە - سۆزلە، توساتتىن قىز راستتىنلا شۇ يەردە ئۇخلاۋاتقاندەك ھېس قىلدى. ئەتىگەنلىك قوياش ناھايىتىمۇ ياخشى ئىدى، چېركاۋدا ئادەممۇ ئاز. پوپ خۇددى ئۇنىڭ يېنىك خورەك ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدى.

پوپنىڭ كۆز ئالدىدىكىسى پەقەت چۆلدەرەپ قالغان چېركاۋ ھەم خارابلاشقان ئاخىرقى ئۆمۈر.

*ئايلانما شەكىللىك پەلەمپەينى بويلاپ پەسكە چۈشسىڭىز، بۇ يەردە كۆمۈلۈپ ياتقىنى بىر دوزاخ ئەمەس، بەلكى خانلىق دۆلەت. مېڭىۋەرسىڭىز، بوران ئاۋازى قۇلاقلارنى گاس قىلغاندا، چاڭ - توزانلار كۆزلەرنى كور قىلغاندا، تىكەنلەر پۇتلارغا چىرماشقاندا، ئەسلىمىنىڭ ئىگىسى ئاستا - ئاستا پەيدا بولىدۇ.*

*خۇڭ شاڭ بەك گۈزەل بولغاچقا، گوللاندىيىلىكلەر ئۇنى ئۆلتۈرمىدى. ئۇلار ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنى، ھەدىسىنى، ئىنىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئۆيىگە ئوت قويۇۋەتتى.*

*قىز دەريا بويىدا تۇرۇپ، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. گوللاندىيىلىكلەر دادىسى، ئاپىسى، ھەدىسى، ئىنىسىنىڭ چاچلىرىنى ئارغامچا بىلەن بىر - بىرىگە چاتتى. ئارىسىدىن ھەدىسىنىڭ قىزىل رەڭلىك چاچ بوغقۇچى غىل - پال كۆرۈنۈپ قالدى، ئۇ چاچ بوغقۇچ ئۆزىنىڭكىگە ئوپمۇئوخشاش قىزىل شوينا ئىدى. يەنە نۇرغۇن ئادەملەر بار، ئۇلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ باغلاندى.*

گوللاندىيىلىكلەر ئۇلارنى مەجبۇرىي يالاپ ئاپىرىپ، خۇددى زەمبىرەك ئاتقاندەك سۇغا ئىبتىۋەتتى. قىز پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بېشىنىڭ سۇ يۈزىدە بىردەم كۆرۈنۈپلا چۆكۈپ كەتكىنىنى كۆردى، شۇ ئارىلىقتا ئىنىسىنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازىمۇ ئاڭلاندى. قىز سۇ يۈزىگە تىكىلىپ قارىدى، ئاشۇ قىزىل چاچ بوغقۇچ يەنە كۆرۈنەرمىكىن دەپ كۈتۈۋاتاتتى، ئەمما كۆرۈنمىدى. ئۇ يىغلاپ كەتتى، ئۆزىنىڭ چېچىدىكى قىزىل بوغقۇچىنىمۇ ئاستاغىنا سىيرىۋېلىپ سۇغا تاشلىۋەتتى.

بىر گوللاندىيىلىك ئۇنى ياندىكى ئوتلاقتا ئىتتىرىپ ئەكىرىپ ئاياغ ئاستى قىلدى. ئۇ قىزنى ئورمانىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى سىياتېئا دەرىخىگە باغلاپ، يوشۇرۇپ قويدى. ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك كېلىپ قىزغا ئازراق يېمەكلىك بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈستىدە بىرھازا ھەپىلىشەتتى.

كېيىن قىز ئۆلتۈرۈلدى. چۈنكى، ھېلىقى گوللاندىيىلىك دۆلىتىگە قايتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ پىرېستان بويىدىكى ئورماندا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇنىڭغا زوراۋانلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى ئارغامچا بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈردى — ئۇ چاغدا قىرغىنچىلىق ئاياغلاشقان بولغاچ، ئۇنىڭ قايتا قىلىچ ئىشلەتكۈسى كەلمىگەنىدى. قىز سىياتېئا دەرىخىگە ئېسىپ قويۇلدى. ئاستىنقى ئەزايىدىن ئېقىۋاتقان قان بىرنەچچە قاپلاننى جەلپ قىلدى. قاپلانلار دەرەخ تۈۋىگە ئولىشىپ قان يالاشقا باشلىدى ھەم بۇنىڭغا قانماي دەرەخكە ياماشتى.

# كېيىنكى بۆلەك

## 1

پوپ قىزنى قايتا كۆرگەن چاغ ئارىدىن بىر يىل ئۆتەي دېگەن چاغ ئىدى.

ئاپرېل، لېيەنيەن ئارىلى ئۆزىنىڭ قۇرغاق پەسلىنى كۇتۇۋالدى. بۇ كىشىنى ئۈيقۇ باسىدىغان پەسىل. پوپ ھازىر ئىبادەتكە چىقىش ئۇچۇن تۇجۇپىلەپ ياسىنىپ ـ تارىنىدىغان پوپ ئەمەس، ھەتتا ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلمەس ئادەمگە ئۆزگىرىپ قالغان، ساقاللىرى چاڭگىلىشىپ كەتكەن، كۆڭلەكلىرى پۇرلەش، كۆزەينىكىمۇ خىرەلىشىپ كەتكەن — مانا بۇ سۇڭ سۇڭ قايتا كۆرگەن چاغدىكى پوپنىڭ قىياپىتى.

پوپ قىز ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئەپتىدىن نومۇس قىلىشقىمۇ ئۇلگۇرمىدى. قىزنىڭ روھىي ھالىتى بەك ناچار ئىدى، ئۇ يەنىلا ئەڭ ئاخىرقى رەتتە ئولتۇراتتى. ئىككىلا پۇتىنى ئورۇندۇققا ئېلىۋالغان، تىزىنى قۇچاقلاپ تۇگۇلۇپ ئولتۇرغان، ئورۇندۇققا چۆكۈپ كېتەيلا دېگەندەك كۆرۈنەتتى. قىز كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇخلىمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە، بىر خىل جىددىي كەيپىياتنىڭ ئىسكەنجىسىدە تىنچلىنالمايۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. پوپ ئىنجىلدىن ئارىيە سۆزلىگەچ ئىزچىل ئۇنىڭغا قاراپلا تۇردى. قىز كۆزلىرىنى ئاچمىدى، بەدىنىنى ئالاھىدە كەڭ خالاتنىڭ ئىچىگە پۇركىۋالغان، مىدىرمۇ قىلمايتتى. پوپ يەنە ئۇنىڭ ئاياغمۇ كىيمىگىنىنى بايقىدى. بىر جۇپ يالاڭ پۇتىغا لايلار چاپلىشىپ كەتكەن، بەلكىم جاراھەتمۇ باردۇ — پوپ شۇنداق قىياس قىلدى.

دۇئا قىلىنىپ، مۇراسىم ئاياغلاشتى. پوپ ئاستا ـ ئاستا

ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى ، قىز مىدىرلىمىدى . پوپ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن نەچچە تامچە ياشنىڭ سىرغىپ چىققانلىقىنى كۆردى . پوپ قىزنىڭ پۇتىنى راستتىنلا جاراھەت قاپلاپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى . قان داغلىرى ئاپئاق تېرىسىدە بەكمۇ ئېچىنىشلىق كۆرۈنەتتى . پوپ ، قىز بۇلارنى بىلىپ تۇرۇپ ، ئەتەي مۇشۇنداق ئەڭ ئېچىنىشلىق ھالەتتە كۆرۈنمەكچى بولغانمىكىن ، دەپ گۇمانلاندى . شۇنداق ، پوپ كۆرۈپ تۇرۇپتۇ ، قىز ئۆزىنى قىيناشقا ، ئازابلاشقا ھېرىستەك قىلىدۇ .

پوپ كۆزلىرىنى ئېچىنىشلىق پۇتلاردىن يۆتكەپ ، بىر قولىنى قىزنىڭ مۈرىسىگە ئاستاغىنا قويدى . قىز كۆزلىرىنى ئاستا ئاچتى .

— چوقۇم بەك چارچاپ كېتىپسىز ، شۇڭا قەسىدىنى ئىلگىرىكىدەك جاراڭلىق ئېيتمىدىڭىز ، — پوپ ئالدىنقى رەتتىكى ئورۇندا ئولتۇرۇپ ، ئارقىسىغا قايرىلىپ ، قىز بىلەن يۈزمۇيۈز پاراڭلاشتى .

— شۇنداق ، بەك ھېرىپ كەتتىم ، — سۇغ سۇغ ھالسىز جاۋاب بەردى .

— ئۇنداقتا مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىڭ ، بىر مەزگىل ئارام ئېلىپ كۆتۈنۈڭ ، مەن ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالاي ، — پوپ ئاخىر بۇ گەپلەرنى دېيەلىدى . بۇ پوپنىڭ ئىزچىل دېمەكچى بولغان ، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ساقلاپ كەلگەن گەپلىرى ، نازۇك ھېسسىياتى ئىدى .

— مۇشۇ كۈنلەردە ، سىزنىڭ دېگىنىڭىز بويىچە قىرغاققا چىقىپ ، بىر خىل ئەھمىيەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشنى سىناپ كۆردۈم . تاغ - دەريالارنى كېزىپ ، ناھايىتى يىراق جايغا باردىم ھەم چوقۇم قىلىشىم كېرەك بولغان بىر ئىشمنى تاماملىدىم . ئەمما ، ئىشلار ئاستىرتىن بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولغاچقا ، يېپەك تارتقاندا غوزەكنى يارماي ئامال بولمىغىنىدەك ، باشقا ئىشلارغا چېتىلىپ قالماي بولمىدى . ھە راست ، سىز ئۇقمايسىز ، مەن بالا تېرىپ قويدۇم ، ئىنتايىن چوڭ بالا . ئەمدى

قىساسىنى تارتىدىغان بولدۇم. مېنى مەڭگۈ ھېچكىم قۇتۇلدۇرالمايدۇ، — قىز ئۆز كەيپىياتىغا غەرق بولۇپ كەتكەندى، توختىماي ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەۋاتاتتى.

پوپ سەل ئېچىندى. ئۇ مۇنداق قىياس قىلدى: بۇ بىر يىلدىن بۇيان، قىز قەلبىگە ئورناپ كەتكۈدەك بىر ھېسسىياتنى بېشىدىن كەچۈرۈپتۇ. ئۇ چوقۇم قارشى تەرەپنى رەنجىتىپتۇ، قارشى تەرەپنى قاتتىق دەرد ـ ئەلەمدە قويۇپتۇ، ئەمما ئۆزىمۇ قارشى تەرەپنى چوڭقۇر سۆيگەچكە، ئوخشاشلا ئازابقا قاپتۇ.

پوپ، قىزنى مۇشۇنچىۋالا قىلىۋەتكەن زادى قانداق ئادەمدۇ، دەپ ئويلىدى ھەمدە ئۇنىڭغا سەل ھەسەت قىلدى. ئەمما، قىزنىڭ بۇ ۋەيرانە ئەپتىگە قارىغىنىدا، ئىچ ئاغرىتىشى ھەممىنى بېسىپ چۈشتى. پوپ ئاستاغىنا:

— ئۇنداق بولمايدۇ. قانداق خاتالىق ئۆتكۈزگىنىڭىزدىن قەتئىينەزەر، پەقەت گۇناھىڭىزنى تونۇسىڭىزلا، تەڭرى كەچۈرۈۋېتىدۇ، — دېدى.

— مۇمكىن ئەمەس. سىز چۈشەنمەيسىز، مەن بەك چوڭ بالا تېرىپ قويدۇم، ھەرگىز كەچۈرۈمگە ئېرىشەلمەيمەن، — قىز توختىماستىن بېشىنى چايقاپ، ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى.

پوپ قىزنى باغرىغا بېسىپ، تەسەللى بېرىپ:

— ماڭا ئىشىنىڭ، قانداق خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولسىڭىزمۇ چوقۇم كەچۈرۈمگە ئېرىشەلەيسىز. بۇ يەردە ئەڭ خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئېرىشىسىز، قايتا يورۇقلۇققا چىقىسىز، ئىللىقلىق ھېس قىلىسىز، ئاشۇ كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىسىز، ئۇلارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلىسىز، — دېدى.

— بىراق، ئۇلارنى ئۇنتۇغۇم يوق ... ئۇلار شۇنچە گۈزەل، — دېدى سۇڭ سۇڭ ئاستاغىنا.

پوپ ئۇھ تارتتى. قارىغاندا، بۇ قىز بۇ ھېسسىياتقا بەك ئىچكىرىلەپ چۆكۈپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئازابلىنىشىغىمۇ رازى ئىكەنكى، ئۇنتۇپ كېتىشنى خالىمىغۇدەك. قىز تۇساتتىن بۇرۇلۇپ، كۆزلىرى نۇرلىنىپ پوپقا تىكىلدى:

— سىزچە ، پەقەت خاتالىقىمنى تونۇساملا تەڭرى مېنى كەچۈرىدىكەن ، گۇناھىم يۇيۇلىدىكەن ، شۇنداقمۇ ؟ ئۇنداقتا مەن خرىستىئان مۇخلىسى بولاي ، مۇشۇنداق قىلسام بەلكىم كۆڭلۈم ئارام تېپىپ قالار .

— ئەلۋەتتە ، تەڭرىم سىزنى ئەپۇ قىلىدۇ . پەقەت سىزلا خالىسىڭىز ، قاچانلا بولسۇن ئۇنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلەلەيسىز .

قىز بېشىنى لىڭشىتتى .

— تەڭرىنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلگەنلىكىڭىزدىن بەكلا خۇشالمەن .

قىز زورغا كۈلۈپ قويدى .

— يۈرۈڭ ، سىزنى دىنىي جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل جىيەن خېنىمنىڭ قېشىغا باشلاپ باراي ، ئۇ سىزنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ . بۇ يەرنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى ئاددىي ، كۆنۈپ قېلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن ، — دېدى پوپ . ئۇ قىزنى پەقەت ۋاقىتىنچە يۆلىشىنى يوقاتقاچقىلا مۇشۇ يەرگە پاناھلىق ئىزدەپ كەلگەندەك ھېس قىلدى . ئۇ قىزنى تۇتۇپ قېلىشى ، ئەمدى يېتتۈرۈپ قويماسلىقى كېرەك .

— رەھمەت ، — دېدى قىز .

## 2

پوپنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قىزنىڭ ئۆزگە ئىنتايىن يېقىن جايدا ياشايدىغانلىقىغا ئىشەنگۇسى كەلمەيلا قالدى . سەھەر ، پوپ قىزنىڭ ئۇيقۇچان كۆزلىرىنى ئاچالماي ، كەڭ كېچىلىك كۆڭلىكى بىلەنلا ، چۇشەكەپ قالغاندەك ، چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە يوق ، ئۆز يېنىدىن ئۆتۈپ كەتكىنىنى كۆردى . قىز يەنىلا يالاڭ ئاياغ ئىدى . پوپ ئۇنىڭغا يېپىيېڭى ئاياغ تەييارلاپ بەرگەن بولسىمۇ ، قىز يەنىلا مۇشۇ خىل جازانى تارتىشتا چىڭ تۇرماقچى بولغاندەك ، يالاڭ ئاياغ ئەڭ قىرلىق شېغىللارنى ، ئەڭ پاتقاق يەرلەرنى دەسسەيتتى .

كۆپىنچە كەچلىرى ئۇلار بىللە غىزالىناتتى . قىز كېيىمدىكى

تۇرمۇشىنى سۆزلەپ قالاتتى . گەرچە ئۇلار ئانچە شەرەپلىك ئىشلار بولمىسىمۇ ، لېكىن قىزنىڭ سەمىمىيلىكى ، گۆدەكلىكى تۇپەيلى ، سۆزلىگەنلىرى ئازراقمۇ يىرگىنچلىك بىلىنمەيتتى . پوپ بىر تەرەپتە ئولتۇرۇپ ، جيەن خېنىم ۋە دىنىي جەمئىيەتتە ئىشلەيدىغان باشقا ئىككى ئوتتۇرا ياشلىق ئايالنىڭمۇ ئىشتىياق بىلەن ئاڭلاۋاتقانلىقىنى بايقايتتى . قىزنىڭ بىر خىل ئادەمنىڭ روھىنى رام قىلىۋالىدىغان سېھرىي كۈچى بار ئىدى ، ئادەمنى ھەربىر قاپاق تۈرۈشى ، ھەربىر كۈلكىسى بىلەن كونترول قىلىپلىۋالاتتى .

بىراق ، قىز زادىلا ئېچىلالمايتتى . ئۇ نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەندەك ، بۇ يەرگە كېلىپ توختىغىنىدا ئاللىقاچان دەرمانىدىن كەتكەندەك قىلاتتى . ئۇ چېركاۋنىڭ ئىشلىرىغىمۇ كۆڭۈل قويۇپ كەتمەيتتى ، ناخشا ئېيتىش ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىشى بولغاچقىمىكىن ، قەسىدە ئېيتىش ئەترىتىگە قاتنىشىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى . بۇنىڭدىن باشقا ھەممىلا نەرسىگە قىزىقىشى يوقالغاندەك ، باشقا ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ ئىنجىل ئوقۇيتتى ياكى ھاڭۋېقىپ ئولتۇراتتى . پوپ قىزغا خرىستىئان دىنىغا ئائىت نۇرغۇن كىتابلارنى بەردى ، قىزنىڭ ئۇلاردىن كۈچلۈك روھىي ئوزۇقنى ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلدى .

پوپنىڭ قىزنى ئاز - ئازدىن تەسىرلەندۇرۇپ ، ئاشۇ قاراڭغۇلۇقتىن ئېلىپ چىقىپ كېتىش ئىشەنچى بار ئىدى . ھەر قېتىم سىرتلارغا بېرىپ قالسا ، ئۇنىڭغا سوۋغات ئالغاچ كېلەتتى . يىپەك توقۇلما چىقىدىغان تايلاندقا ، پىلەك توقۇلمىلار مودا جاۋاغا بارغىنىدا ، ئۇنىڭغا ئاتاپ ھەر خىل كۆڭلەك ۋە قولدا توقۇلغان كەشلەرنى ئالاتتى . قىز ھەر قېتىم ئۇنىڭ قولىدىن بۇ نەرسىلەرنى ئالغىنىدا خىجىللىق ئارىلاش كۈلۈپ تۇرۇپ :

— مەن بىراۋنىڭ ماڭا مۇنداق ياخشى مۇئامىلە قىلىشىغا كۆنەلمەيمەن ، — دەيتتى .

ئۇ كۆڭلەك ۋە ئاياغلارنى ئالدىيۇ ، زادىلا كىيىپ باقمىدى .

ئۆچىسىغا دائىملا ھېلىقى كەڭ قارا پۆتۈن كۆڭلەكنى كىيىۋالاتتى . ئۇ كۆڭلەك تولا يۇيۇلۇپ پاسونىنىمۇ ئۇققىلى بولماس بولۇپ قالغان ، تاغاردەكلا ئۇنى ئىچىگە سولىۋالغان ، بېلى نەدە ، بىلگىلى بولمايتتى .

قىزدىكى بۇ خىل سالماقلىق ئەكسىچە پوپنى ساراسىمىگە سېلىپ قوياتتى . پوپ ھەمىشە ئۇنى كۆڭلى بىر يەردە ئەمەستەك ھېس قىلاتتى ، ئۇنى بىرىنى كۈتۈۋاتقاندەك ، ئۇ ئادەم تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ ، قىزنى ئېلىپ كېتىدىغاندەك قىياس قىلاتتى . پوپ قىزنىڭ ئاشۇ ئادەمنىڭ كېمىسىگە چىققان ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆردى . قىز يەنە ئىلگىرىكىدەكلا ھەددىدىن ئاشىدۇ ، پۈتۈن بەدىنىدىن ۋايىغە يېتىپ پىشقان مېۋىنىڭ ھېدى كېلىدۇ . بۇلار پوپنىڭ ئالدىدا مەڭگۈ كۆرۈنمەيدىغان كۆرۈنۈشلەر ، پوپ بىلەن مەڭگۈلۈك ئالاقىسى يوق خۇشاللىقلار . پوپ مۇشۇنداق چەكسىز تەسەۋۋۇرلار ئىچىدە غەزەپلىنەتتى ، قىزنىڭ راستتىنلا بىرىنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى جەزملەشتۈرەتتى . بۇ يەر قىز ئۈچۈن جاراھىتىنى ساقايتىۋالىدىغان ۋاقىتلىق ئۆتەڭ ، ئۇ تولۇق ساقىيىۋالغاندا ، ئاشىقى پەيدا بولغان ھامان ، ھېچنېمىگە قارىمايلا كېتىپ قالىدۇ .

پوپ ئۆزىنى مۇشۇنداق ئايىغى چىقمايدىغان تەسەۋۋۇرلار ئىچىدە ساراڭ بولايلا دەپ قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلدى .

## 3

بىراق ، پوپنىڭ دىلى كىچىككىنە يورۇپ قالدى . ئىشلاردا يېڭى بىر بۇرۇلۇش بولىدىغاندەك قىلاتتى .

ئىيۇلدا پوپ ياۋروپادا ساياھەت قىلىۋاتقان ئوغلىدىن كەلگەن خەتنى تاپشۇرۇۋالدى . ئۇ خېتىدە دادىسىنى ئىنتايىن سېغىنغانلىقىنى ، ئىسسىق بەلۋاغدىكى ئارالغا ئۇنى يوقلاپ كەلمەكچى ئىكەنلىكىنى يازغانىدى .

پوپ خەتنى قويۇپ ، گۈللۈككە سەيلىگە چىقتى . ھېلىقى ئوتلار ئارىسىغا مۇنداقلا چېچىپ قويغان ئۇرۇقلار شاخ چىقىرىپ ئۆسۈپ ،

گۈلمۇ ئېچىلىپتۇ . ۋاقىت يەنە بىر قېتىملىق تۇغۇلۇشنى تاماملىغاندەك قىلاتتى ، مانا مۇشۇنداق تېز . پوپىنىڭ ھېلىمۇ ئېسىدە تۇرۇپتۇ ، سۇڭ سۇڭنى تۇنجى قېتىم كۆرۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي ، دىنىي جەمئىيەتتىكى دېرىسا موماي نەدىن ئەكەلگەنكىن ، بىر سىقىم گۈل ئۇرۇقىنى ناھايىتى سىرلىق ھالدا چېركاۋنىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى گۈللۈكتىكى مۇشۇ بوش يەرگە چېچىپ قويغانىدى . ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ، بۇ مومايمۇ ياش چېغىدا پۈتۈن سېپىماسىدىن رومانتىكلىق يېغىپ تۇرىدىغان قىز ئىكەن ، ئەمما ئۇلار ناھايىتى يىراقتىكى ئىشلار ئىكەن . پوپ ئۇنى كۆرگەن چاغدىلا ئۇ ئاللىقاچان ماكچايغان موماي بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۇ گۈلدەك چاغلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلىمۇ بولماس بولۇپ قاپتىكەن .

«بۇ بىر تەرتىپى يوق ئەل ، ھەتتا پەسىللىرىمۇ قالايمىقان ، چېچەك مەزگىلىمۇ يوق ھەم ھەر ۋاقىت چېچەك بار . بۇ يەردە ھاياتلىق شۇنداقلا بىر ئىش ، بالىلارنىڭ تۇغۇلۇپ بېقىلىشى ، تاشلىنىشى ، ئۆلۈپ كېتىشى ئادەتتىكىلا ئىش . شۇغىنىسى ، بۇ يەرنىڭ گۈل - گىياھلىرى كىشىنى تاڭ قالدۇرغۇدەك ھاياتىي كۈچكە ئىگە ، ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپلا تۇرىدۇ . » پوپىنىڭ يادىدا ، ئۇ ئىلگىرى ئوغلىغا يازغان خېتىدە بۇ يەرنى مۇشۇنداق تەسۋىرلىگەنىدى . بۇ يەر بارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يايراپ ئۆسىدىغان جەننىتى . ئاشۇ گۈللەر ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئېچىلىدۇ ، ۋارونكا شەكىللىك قارامتۇل سۆسۈن گۈللەر سۇس پۇراق چاچىدۇ . بۇ ناھايىتى تىنچ بىر گۈل ، كۆزگە ئانچە چېلىقىپ كەتمەيدۇ . ئەمما ، پوپ ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكىنىدە ، گۈللەرنىڭ ئەسلىدىكى قېنىق سۆسۈن رەڭدىن ئاچ بىنەپشە رەڭگە ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالغانىدى . بەزىلىرى تامامەن ئۆزگىرىپ بولالمىغاچقا ، قېنىق - سۇس رەڭلەر بىرلىشىپ ، بۇ يەرنى تۈيۈقسىز ئاۋاتلاشتۇرۇپ ھەم پۈزۈرلاشتۇرۇپ قويغانىدى .

يەنە نەچچە كۈنلەردىن كېيىن ، پوپ ئاشۇ بىنەپشە رەڭلىك

گـۈللـەرنـىڭ رەڭـگـىنىڭ پۈتۈنلەي ئۆڭۈپ، قاردەك ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن. ئەمدىلىكتە گۈللۈكتە قاتمۇقات ئۈچ خىل رەڭ پەيدا بولۇپ، قىنىق سۆسۈن رەڭدىن ئاق رەڭگىچە بولغان هاياتلىقنىڭ چېكىنىش جەريانىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. پوپ بۇ ئۈچ خىل رەڭ ئارىلىشىپ كەلگەن گۈلنىڭ هۆپپىدە ئېچىلغىنىنى كۆرۈپ، دىلى يايراپ، دەرهال بېرىپ دېرىسا مومايىنى چاقىرىپ كـەلدى، بۇ گۈلنىڭ نېمە گۈللۈكىنى سورىدى. دېرىسا موماي پوپنىڭ بۇ گۈلگە ئامراق بولۇپ قالغانلىقىنى پەملىگەندى. ئۇ مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈپ قويۇپ:

— بۇ گۈلنى «تۈنۈگۈن، بۈگۈن، ئەتە» دەيمىز. ئۇلار ماڭا بالىلىق چاغلىرىـمـنى قايتىدىن هېس قىـلدۇرىـدۇ ··· كـۆزنـى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، — دېدى.

شـۇ مـىـنـۇتـلاردا، پوپ بۇ جۇلالىق ئۈچ رەڭ گۈللۈككە قارىغىنىچە ئۇلارنىڭ ئىسمىنى تەكرارلىدى:

— تۈنۈگۈن، بۈگۈن، ئەتە ··· تۈنۈگۈن، بۈگۈن، ئەتە. دەۋر ئـايـلـىـنـىـۋاتـىـدۇ، شـۇنـداق، بۇ هەم هاياتلىقنىڭ ئايلىنىش ئوربىتىسى، تەڭرىنىڭ ئىرادىسى.

4

ئەتىسى سەهەر، سۇڭ سۇڭ ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئاچقىنىدا بىر سېرىق كونۋېرت ئۇچۇپ چۈشتى. ئۇ قولىغا ئېلىپ قاراپ، پوپنىڭ پوچېركىسىنى تونۇدى.

«ئـالـدىـنقى كۈنى، هېچكىم بىلمىگەن جىمجىتلىق ئىچىدە ئـەلـلـىك يەتتە ياشلىق تۇغۇلغان كۈنۈمنى ئۆتكۈزدۈم. سىزدىن ئوتتۇز ئالتە ياش چوڭلۇقۇمنى ئويلاپ، ناهايىتى هارغىنلىق هېس قىلدىم ··· »

سۇڭ سۇڭ ئاستاغىنا شىرە ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئەينەك ئىستاكاننى قولىغا ئېلىپ سۇدىن بىر ئوتلىدى. ئۇ ئىستاكاندىكى تارغىنا سۇ يۈزىدىن پوپنىڭ دەرد ـ ئەلەم ۋە ئىلاجسىزلىق چىقىپ

تۇرغان سىيماسىنى كۆرگەندەك بولدى . سۇڭ سۇڭ پوپىنىڭ يېشىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى — ئۇ ئەللىك يەتتە ياشقا كىرىپتۇ ـ دە .
«كېلەر ئايدا سىز ئۇچۇن چوقۇندۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزسەك بولىدۇ . بۇ مەن ئۇچۇن ناھايىتى خۇشاللىق ئىش . ئىنجىل مۇشۇ كۈننىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋاتقانىدىم . ئاشۇ كۈننىڭ يات ئاردا يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئويلىسام ، قانچىلىك خۇش بولىدىغانلىقىمنى بىلەمسىز ؟ سىزنىڭ قايتا ھاياتلىققا ئېرىشكەنلىكىڭىزنى ، بۇۋىمەريەم ئانىمىزنىڭ قولىنى تۇتىدىغانلىقىڭىزنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرىدىغان بولدۇم… بۇنىڭدىن باشقا ، سىزگە يەنە بىر ئىشنى ئېيتقۇم كېلىۋاتىدۇ . يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن ، بەلكىم كېلەر ئايلاردا ، ئوغلۇم بۇ ئارالغا مېنى يوقلاپ كېلىدۇ . ئېسىمدە قېلىشىچە ، مەن ئىلگىرى سىزگە ئۇ توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەن ، بەلكىم سىزنىڭ يادىڭىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندۇ . ئۇ بولىدىغان يىگىت ، قامەتلىك ، كېلىشكەن ، ناھايىتى ساغلام ، يەنە مەندەك غەمكىن ئەمەس ، ناھايىتى خۇشخۇي . مېنىڭچە ، ئۇ كەلگەندە كۆرۈپ بېقىڭ ، ئەگەر دەل مېنىڭ كۈتكىنىمدەك ئۇنىڭغا ئۆچلا چىقىپ قالمىسىڭىز ، بەلكىم چىقىشىپ قالارسىلەر… دېمەكچىمەن ، ئىككىڭلار بىللە ئۆتسەڭلار ، سىلەرنىڭ چوقۇم بەختلىك بولىدىغىنىڭلارغا ئىشىنىمەن . »
«سىزنىڭ ئىلگىرى كېيىمدە قىلغان ئىشلىرىڭىزغا كەلسەك ، چوقۇم ئۇنىڭدىن سىر تۇتىمەن . مۇنداق قىلىش گەرچە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئادالەتسىزلىك بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ ئىشلارنى ئۆزىڭىز خالاپ قىلمىغان ، بەلكى موھتاجلىق زورلىغان . مېنىڭچە ، ئۇ كېيىن بىلىپ قالغان تەقدىردىمۇ ، ھامان كەچۈرۈۋېتىدۇ . شۇڭا ، ئۇ ئۇرۇنسىز ئىشلار ئۈچۈن غەم قىلىپ كېتىشىڭىزنىڭمۇ ھاجىتى يوق . سىز سوغۇق قان ھەم ئەقىللىق ، مېنىڭچە ، ئۇ سىزنى بىر كۆرۈپلا ياقتۇرۇپ قالىدۇ … سىلەرنىڭ توي مۇراسىمىڭلارنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتىم ، سىلەر — بىر جۈپ چىرايلىق ياش

بۇۋىمەرىيەم ئالدىدا تۇرۇپ قەسەم بېرىسىلەر، ئۈزۈك ئالماشتۇرىسىلەر، سۆيۈشىسىلەر... جەزملەشتۈرىمەنكى، ئۇ مېنىڭ بۇ ئۆمرۈمدىكى ئەڭ بەختلىك مىنۇتلىرىم...»

«شۇغىنىسى، ئۇ يالغۇز بالا، باللىق چاغلىرىدا ئاپىسى ئىككىمىز تولىمۇ ئەركە ئۆگىتىۋەتكەن، چوڭ بولغاندىن كېيىن سەل ئۆزۈمچىل بولۇپ قالدى، باشقىلارغا كۆيۈنۈشنى بىلىپ كەتمەيدۇ. بىلمىدىم، سىزنى چۈشىنەرمىكىن، ھالىڭىزدىن ئوبدان خەۋەر ئالالارمىكىن. مېنىڭچە، مەن سىزنى چۈشىنىمەن، ھالىڭىزدىنمۇ ئوبدان خەۋەر ئالالايمەن. ئەپسۇس، مېنىڭ كۈنلىرىم ئازلا قالدى ...»

قىز خەتنى قويۇپ، ئىختىيارسىز خورسىنىپ قويدى. ئۇ ئالدىدىكى خەت يېزىلغان قەغەزدىن سۇس خۇش پۇراق تارىلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ بىر خىل ئېنىق پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئوخشىمايدىغان پۇراقلار ئىدى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمدى، باللىق چاغلىرىدىكى ھېد قايسى بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردىن چىقتىكىن، ئاستا ـ ئاستا ئۇنى ئۆز قوينىغا ئالدى. ئارقىدىنلا، ھازىرقى ئۆزىنى كۆردى، ئاندىن كېيىن كېيىنكى ئۆزى ... ئۇ خۇددى مۇئەللەققە تاقاشقان ئايلانما پەلەمپەينى دەسسەپ، قەدەممۇقەدەم ئۆرلەۋاتقاندەك بولدى.

ئۇ خۇش پۇراقلىق سالام خەت قەغىزىگە بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالدى، بىر چۈشىدىلا پۈتكۈل ھاياتىنى كۆرۈپ بولدى. ئۇ ئويغىنىپ، ئاشۇ سالام خەتنى مىجىقلىغىنىچە ھەسرەتلىك يىغلاپ كەتتى. بۇ خەت ئۇنىڭ ئۈچۈن بىردىنبىر ئىسپات، چۈنكى ئۇ بۇ دۇنيادا ئۇنىڭ ھالىدىن بىر ئۆمۈر خەۋەر ئېلىشقا رازى بىر ئادەمنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

ئوخشاشلا بىر ۋاقىتتا، پوپمۇ چۈشىدىن ئويغاندى. ئۇ چۈشىدە، پالما دەرىخىدەك تۈپتۈز، قامەتلىك ئوغلىنىڭ ئۆزىگە قاراپ خۇشخۇي ھالدا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بىراق، نەچچە يىل

كۆرۈشمىگەچكە پوپ ئۇنى تونۇيالمايۋاتقۇدەك . ئۇ شۇنچىلىك سالاپەتلىك ، شۇنچىلىك مەردانە ئىكەنكى ، يول ماڭغاندا كىيىملىرىنىڭ سۈركىلىشىدىن چىقىۋاتقان شارت - شارت قىلغان ئاۋازمۇ شۇنچە تەكشى ھەم سۈرلۈك ، خۇددى بىر شاھزادىگىلا ئوخشاپ تۇرغۇدەك . پوپ ھاياجانلانغانلىقىدىن ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ تۈۋلىيالمايۋاتقۇدەك ، پەقەت ئىچىدە ئاستاغىنا ئۇنى چاقىرىپتۇ — ئاللېن .

پوپ تىترەپ تۇرۇپ سۇڭ سۇڭنىڭ قولىنى ئاللېننىڭ قولىغا تاپشۇرۇپتۇ ، بىر جۈپ ياشنىڭ باشلىرىدا نۇرلار چېچىلىپتۇ ، ئالقىش ۋە مەدھىيىلەشلەر ئاڭلىنىپتۇ . بۇ مىنۇتلاردا پوپ ئۆزى نەدىدۇ؟ ھە ، ئۇ دەل ئۇلارنىڭ توي مۇراسىمىدىدەك ، ئۆزى ئىلگىرى ئېيتقان بۇ ئۆمرىدىكى ئەڭ بەختلىك مىنۇتتىمىش . ئۇ ھەقىقەتەن كۈلۈمسىرەۋاتقۇدەك ، خۇددى كۆپچىلىككە ئوخشاشلا . شۇغىنىسى ، بۇ مۇراسىم نېمانچە ئۇزاقتۇ ؟ ئۇلار قەسەم بېرىشتى ، ئۈزۈك ئالماشتۇردى ، سۆيۈشتى . بۇ ھەربىر ھالقىلارنى ساناقسىز قېتىم تەكرارلاۋەردى ، ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا سۆيۈشۈۋەردى ، خۇددى ئىرماش - چىرماش بولۇپ كەتكەن ئىككى تۈپ دەرەخكىلا ئوخشاپ قالدى . پوپ غېرىبانە ھالدا قاتتىق ياغاچ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇدەك ، ھېچكىممۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قېلىۋاتقان بىئارام كەيپىياتىغا دىققەت قىلمىغۇدەك ، ئۇ تامامەن ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەندى .

پوپ ئۆزىنى كۆيۈپ كۆسەي بولۇپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى ، تېنىدىكى ئەڭ ئاخىرقى كىچىككىنە سۇيۇقلۇقمۇ ئېقىپ تۈگەيلا دەپ قالدى . ئەمما ، ئۇلار يەنىلا سۆيۈشۈۋاتاتتى . ئاھ ، ئۇلار بىر جۈپ بىر دىل - بىر نىيەتلىك زەھەرلىك يىلانلار ، قىپقىزىل زەھەرلىك تىللىرى بىلەن قەسەم بېرىشمەكتە . ئۇ ئاخىر چىدىيالماي ۋارقىرىۋەتتى : نېمىشقا بىرەرى ماڭا بىر ئىستاكان سۇ بەرمەيدۇ !

ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئۇلارنىڭ ئەسەبىيلەرچە سۆيۈشلىرى

سـۇمـۇرۇپ كـەتـكـۇدەك ، كىچىككىنە ئىزىمۇ قالمىغۇدەك . ئۇ جـىـنـىـنـىـڭ بارىچە ۋارقىراۋاتقۇدەك ، تىركىشىۋاتقۇدەك ، تاكى چۈشىدىن ئويغانغانغا قەدەر بۇ قورقۇنچلۇق تويدىن قۇتۇلالماپتۇ .

## 5

كـۆزنـــى يـۇمـــۇپ ـ ئـاچـقـۇچـىلا ، سـۆڭ سـۆڭـنـىڭ چـوقۇندۇرۇلىدىغان كۈنىمۇ يىتىپ كەلدى .

پوپقا نىسبەتەن بۇ كۈنلەر تولىمۇ تەسلىكتە ئۆتۈۋاتاتتى . ئاشۇ توي مۇراسىمىغا ئائىت چۈشنى كۆرگەندىن بۇيان ، ئۇ ئالىبىنىڭ كـىـلىشىـدىن قورقىـدىغان بولۇپ قالدى . ئالىبىنىڭ پىلانىنى تـۇيـۇقسىز ئۆزگەرتىپ ، باشقا جايغا بارىدىغان بولۇپ قىلىشىنى ئارزۇ قىلىۋاتاتتى .

پوپ ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىغا نەپرەتلەندى ، بىر چاڭقاق چۈشىنىڭ شۇنچە قورقۇنچ سىلىۋەتكەنلىكىگە ئاچچىقى كەلدى . ئالىبىن دىگەن ئۇنىڭ ئەتىسى ، ئەجدادىنى ئەۋلادىغا تۇتاشتۇرىدىغان يىپ . ئۆزىنىڭ شۇنچە قىممەتلىك دەپ قارىغان ھىسسىياتى دەل ئالىبىنىڭ تىنىدە داۋامـلـىـشىدۇ ، مۇھەببىتىنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بەرسە گۈلى ـ گۈلىگە كىلىپ كىتىدۇ . مۇھەببىتى ئۇلار بىلەن تەبىئىيلا بىرىكىپ كـىـتـىدۇ ، ھىچقانداق ئىزى قالمايدۇ — ئەمما ئۇ نىمىشقا يەنە شۇنداق كۈچلۈك ھەسەت قىلىدۇ ؟

ئىشلار مانا مۇشۇنداق بىمەنە ، پوپنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا بىر قورقۇنچ بار ، ئۇ بولسىمۇ بىراۋنىڭ سۆڭ سۆڭنى ئۇنىڭ يىنىدىن مەڭگۈلۈككە ئىلىپ كىتىشى . سۆڭ سۆڭنى تۇتۇپ قىلىش ئۈچۈن ، ئۇ ھەتتا ئوغلىنى دوغا تىكىشكىمۇ چىدىدى ، ئۇنى سۆڭ سۆڭ بىلەن توي قىلدۇرماقچى بولدى .

ئـەجەبا ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى تاشلاپ كىتىپ قىلىشى ، بىچارە پوپنى بۇ كىچىك ئارالدا قالغان ئۆمرىنى غىرىبلىقتا ئۆتكۈزۈشكە قالدۇرۇشى — دەل ئۇنىڭ كۈتۈۋاتقىنى ئەمەسمىدى ؟ ئايالى ئۆلۈپ كـىـتـىـپ ، مۇشۇ ئارالدا قىلىشنى قارار قىلغاندىلا ، مۇشۇنداق

تەييارلىق كۆرۈپ بولغان ئەمەسمىدى؟

گەرچە ئۇ بۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، بىراق يەنىلا ئەمەلىيەتكە ئايلىنىپ قېلىشىنى خالىمايۋاتاتتى، نېمىنىدۇر چىڭ تۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى.

پوپ سۇڭ سۇڭ ئۈچۈن چوقۇندۇرۇش سۈيى تەييارلىدى. ئۇ بىر قېتىملىق داغدۇغىلىق مۇراسىم بولدى. سۇڭ سۇڭ نۇرغۇن تەكلىپنامىلەرنى يېزىپ، كېمىدىكى ۋە مۇساپىرلار لاگېرىدىكى ھەدە ـ سىڭىللىرىنى تەكلىپ قىلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى زادىلا چېركاۋغا كىرىپ باقمىغانىدى. بىراق، شۇ جايدا ئولتۇرغىنىدا، تامامەن بۇ سۈرلۈك كەيپىياتنىڭ ئىسكەنجىسىگە ئېلىنىپ، ئۆزىنى تەنتەنىلىك تىياتىرنىڭ بىر ئارتىسىدەك ھېس قىلىپ قالدى، شۇڭا ئىختىيارسىز ھاياجانلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ سەمىمىي تىلەكلىرىنى بۇ سۆيۈملۈك سۇڭ سۇڭغا ئاتىدى.

يەنە بىر ئالاھىدە باغاق بولۇپ، سۇڭ سۇڭ ئۇنى مەخسۇس ئادەمدىن دېڭىز بويىدىكى كېمە ئۆيدە تۇرىدىغان قىزغا ئەۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى ئېغىر بولدى، بىر قاراشتىلا، بۇ قىزنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئادەتتىكى ئادەم ئەمەسلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

كەلگۈچى بىر ئەما قىز ئىدى، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدە ئازراقمۇ نەملىك كۆرۈنمەيتتى. كۆزىلا ئەمەس، ئۇنىڭ پۈتكۈل تېنىمۇ قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن، شاخ ـ يوپۇرماقلىرى پۈتنۈۋېتىلگەن دەرەخكىلا ئوخشاپ قالغانىدى. بىرەيلەن ئۇنى قولتۇقلىغىنىچە سۇڭ سۇڭغا قاراپ مېڭىپ كەلدى. بىرگە كېلىۋاتقىنى بىر كېلىشكەن يىگىت بولۇپ، ئەما قىزغا سېلىشتۇرغاندا رەتلىك ھەم ساغلام كۆرۈنەتتى. بۇ يىگىتمۇ سۇڭ سۇڭنى تونۇيتتى. ئەما قىزدىن ئاۋۋال ئۇ ئېغىز ئاچتى:

— ئەسلىدە بۇ يەرگە كېلىۋاپتىكەنسىز ـ دە، بىز ئىزچىل سىزنى ئىزدىدۇق.

ئۇنىڭ تەلەپپۇزى يېقىشلىق ئىدى. بۇ ئۈچەيلەن چوقۇم

تـونـۇشـقـىنىغا ئۇزۇن بولغان دوستلار ئوخشايدۇ ، ئەجەبا كۆز ئالدىدىكى بۇ ئەر سۇلۇق سۈلۈك ئىزچىل ياد ئېتىپ كېلىۋاتقان ھېلىقى ئەرمىدۇ ؟ پوپ پەرەز قىلىشقا باشلىدى ، ئەمما ئۇنداق ئەمەستەكمۇ قىلاتتى ، چۈنكى سۇلۇق سۈلۈكنىڭ نەزىرى ئۇنىڭ جىسمىدا بىردەممۇ توختىمىدى .

كۆرۈۋالغىلى بولاتتىكى ، سۇلۇق سۈلۈك كەلگەن ئەما قىزغا بەكلا ئېتىبار بېرىۋاتاتتى . ئۇ بەلكىم ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى بولسا كېرەك . ئەمما قىز ئەرۋاھتەكلا بولسىمۇ ، ئەمما مەغرۇر كۆرۈنەتتى ، ئاۋۇ كېمىدىكى غەزەلخان قىزلارغا ئوخشىمايتتى .

— ئالدى بىلەن چوقۇندۇرۇشنى كۆرۈڭلار ، قالغان گەپنى كېيىن قىلىشايلى ، — ھېلىقى ئەر بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىشىگە ، سۇلۇق سوغۇقلا ئۇنى توستى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئولتۇرۇپ چوقۇندۇرۇش مۇراسىمىنى كۆرۈشكە تەرەددۇت قىلدى .

قىز ئاق رەڭلىك چوقۇندۇرۇش مۇراسىم كۆڭلىكى كىيگەن ، ئاق قۇدەك گۈزەل ئىدى . ئۇ گويا توساتتىنلا خېلى چوڭ بولۇپ قالغاندەك ، مۇراسىم باشلىنىش ئالدىدا ئۆزگىچە ھەم ئېسىلزادە كۆرۈنۈپ كەتتى .

پوپ ئۇنىڭ لاتاپەتىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ، كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە مۇراسىمنىڭ باشلىنىشىنى جىمجىتلىق بىلەن كۈتتى . ئەمەلىيەتتە ئۇ ھەرقانداق قالايمىقان خىياللاردىن ۋاز كېچىپ ، پۈتۈن نىيىتى بىلەن بۇ مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك قىلىشنىلا ئويلىدى ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ قايتا ھاياتلىققا ئېرىشىشنى بېشىدىن كەچۈرمەكچى بولدى . ئۇنىڭ قىز ئۈچۈن قىلىپ بېرەلەيدىغىنى مۇشۇ مۇراسىملا ئىدى . مۇشۇ ئىشتىن ئۇزاق ئۆتمەي ، قالغان ئىشلارغا ئاللىبىر ئىگە . ئۇ گويا باھار شامىلىدا يۇيۇنغان شاھزادە ، كېيىن سۇلۇققا شېرىن ھەم يېڭىچە تۇرمۇش ئاتا قىلىدۇ .

چوقۇندۇرۇش سۇپىسى ئۈچ قەۋەتلىك ئىمارەتتەك ئېگىزلىكتىكى يېرىم ئاي شەكىللىك بالكون ئىدى . سۈك سۈك چوقۇندۇرۇش كۆلچىكىدە ئۆرە تۇراتتى ، پوپ ئىنجىلدىكى چوقۇندۇرۇش سۆزلىرىنى ئوقۇۋاتاتتى . بىر قەدەم نېرىدىلا تۇرغان قىز ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى سېزەلەيتتى . كۆزلىرىنىڭ ئۇچرىشىشىدىن بەلكىم يېقىملىق نۇرلارمۇ يانغان بولغىيدى ، بۇنى پەقەت ئۇلارنىڭ ئۆزىلا بىلىدۇ . پوپ چوقۇندۇرۇش سۆزىنى ئوقۇپ بولۇپ ، مۇراسىم ياردەمچىسى بىلەن بىللە قىزنى تۇتۇپ ئارقىسىغا ئۈچ قېتىم ياتقۇزۇپ ، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى مۇقەددەس سۇغا چىلىغۇزدى .

قىز سۇدىن تۇرغىنىدا كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالغان ، چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن چاچلىرى ھال رەڭ مەڭزىلىرىگە چاپلىشىپ قالغان ، قارىماققا شۇنچىلىك كىچىك كۆرۈنەتتى ، خۇددى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقتەكلا .

پوپ تېرىپ كەلگەن بۇ ياۋا گۈل مۇقەددەس سۇغا تويۇنۇپ ، ئاخىر كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك غۇنچىغا ئايلاندى .

پوپ قىزغا :

— ھازىر سىز يېڭىدىن تۇغۇلغان ھالەتكە قايتتىڭىز ، — دېدى .

قىز كۆزلىرىنى ئاستاغىنا ئاچتى ، سۇ تامچىسى كىرپىكلىرىدىن ، كۆز قۇيرۇقلىرىدىن ئېقىپ چۈشتى . ئۇ ئېڭىشىپ چېركاۋدىكى مۇراسىم ئەھلىگە قارىدى ، ئاندىن پوپقا قاراپ مەنىلىك كۈلۈپ قويدى .

ئارقىدىن بىر ئىرغىپلا چوقۇندۇرۇش سۇپىسىدىن پەسكە سەكرىدى .

قىز بىر قۇشتەكلا ئۇچقاندا ، پوپ تەبىئىلا قوللىرىنى سوزۇپ ئۇنى تۇتۇۋالماقچى بولدى . ئۇنىڭ قوللىرى قىزنىڭ پۇتلىرىغا تەگكەندەكلا قىلدى — ناھايىتى سوغۇق ، جاراھەت قاپلىغان پۇتلار پوپنىڭ كۆز ئالدىدا پۇلاڭلاپلا يىتتى ، پوپنىڭ قوللىرى

چوقۇندۇرۇش سۇيىدە ھۆل بولدى، سۇ تامچىلىرى كۆزلىرىنى توستى. بۇ سۇ قىرىق ئىدى. پوپ ئىگىلىپ پەسكە قارىدى، قىزىل يەرگە چۈشۈپ بولغانىدى، ئاپئاق كۆڭلىكى قىپقىزىل رەڭگە ئۆزگەرگەن، ئۇنىڭ ئارقىسىدا كەڭ يېيىلىپ تۇراتتى، خۇددى قاناتلىرىنى ئېچىپ تۇرغان تورزەكلا.

كۆپچىلىك چۇقان سالغىنىچە بىر دەكلا ئاشۇ يەرگە چۈشكەن توزغا قاراپ يوپۇرۇلۇپ كەلدى. ھېچكىم ئەما قىزغا نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرمىدى. ئۇ پەقەت تۇيۇقسىز گۇپ قىلىپ يەرگە چۈشكەن ئاۋازنى ئاڭلىدى. خۇددى كۇچسىز گۇلدۇرماما بولۇۋاتلار ئارىسىدىن يۇمىلاپ ئۆتكەندىكىدەكلا — قان ھىدى تارالغاندىلا، ئاندىن ئۇ نېمە ئىش بولغىنىنى بىلدى.

پوپ داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى، خېلىدىن كېيىن ئېسىنى يىغىپ چوقۇندۇرۇش سۇپىسىدىن يەنە پەسكە قارىغىنىدا، توپلىشىپ قالغان نۇرغۇن باشلار قىزنى ھەممىدە توسۇۋالغانىدى.

پوپ چوقۇندۇرۇش كۆلچىكىدىكى سۇغا ئۆزىنى چىلىدى، ئاندىن توكۇلۇپ ئولتۇرۇپ، بۇ مۇقەددەس سۇغا قۇلاقلىرىنى ئەتكۈچە چۆكتى، بارلىق ئاۋازلارنى ئاڭلىغۇسى يوق ئىدى. ئۇ يىغلىۋەتتى.

# قاشتېشى تېرىش

*سىزنى ھېلىمۇ كۆرەلەيمەن: بىر ئەكس سادا،*
*سەزگۈنى ئىشلەتكىلى بولىدىغان سۆز*
*سىلاپ تۇتۇش، خوشلاشقاندىكى تاغ ئومۇرتقىسى.*

— پائۇل سېلان: «سىزنى ھېلىمۇ كۆرەلەيمەن»دىن

# ئالدىنقى بۆلەك

## 1

جىنچىراغلار يېقىلدى ، گۇمبەزسىمان ئېگىز تورۇسلۇق ئۆي يورۇپ كەتتى . دوختۇر ئۇنىڭ كەڭ كۆكلىكىنى قايرىپ ، تومپىيىپ چىققان قورسىقىنى سىلاپ ، ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈردى .

«هامىلدار بولغىنىغا يەتتە ئايدىن ئېشىپتۇ» دېدى دوختۇر . كۆپچىلىك هاڭ ـ تاڭ قېلىشتى . بىراق ، بۇ قىز نېمىلا دېگەنبىلەن كىچىكىدىكى غەزەلخان ، بۇرۇنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار يۈز بەرگەن ، غەزەلخانلار ئېھتىياتسىزلىقتىن هامىلدار بولۇپ قېلىپ تىنۇشسىزلا يوقاپ كېتىپ ، يوشۇرۇنچە يەڭگىيەتتى . ئۇنىڭمۇ شۇنچە ئايلاردىن بېرى قارىسىنى كۆرسەتمىگىنى بىكار ئەمەسكەن ـ دە . ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېمىدە تۇرمۇش كەچۈرىدىغان هەدە ـ سىڭىللىرى مۇشۇنداق ئويلىدى .

ئۇ شۇنچە ئېگىز جايدىن چۈشۈپمۇ دەرهال ئۆلمىدى ، هېلىمۇ ئەس ـ هوشى جايىدا ، نومۇس قىلغىنىدىن كۆكلىگىنى چىڭ بېسىۋېلىپ ئىڭراۋاتاتتى .

— ئۇنى قۇتۇلدۇرغىلى بولمايدۇ ، بۇ بالىمۇ تىرىك قالمايدىغان بولدى ـ دە ··· — دېدى دوختۇر ئۇتتۇرسىغىلا .

سەكراتتىكى ئايال بارماقلىرىنى كېرىپ ، قورسىقىغا ئاستاغىنا ئۇرۇپ قويۇپ ، كۆرەڭلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى .

— چۈن چىنى چاقىرىپ كېلىڭلار ، — دېدى ئۆلەر هالەتتىكى ئايال ، يېنىچە بولۇۋىدى ، يۈزى ۋە بىلەكلىرى تېنى ئاستىدىكى قانغا مىلەندى .

— سوٴك سوٴك ، مەن بوٴ يەردە ، — چوٴن چى كىلىپ ، كارىۋاتىنى سىلاشتۇرۇپ ، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى . ئۇ سوٴك سوٴكنىڭ چاچلىرىنى سىلاۋىتىپ ، ئۇلارنىڭ ئالتۇندەك پارقىراق رەڭگىنى كۆرگەندەك بولدى . ئۇ ۋارقىراپ سۆزلىدى :

— سەن مىنى ئالايتەن چاقىرىپ ئەكىلىپ ئۆلۈمنى كۆرسەتمەكچىمىدىڭ ، شۇنداقمۇ ؟ سەن نىمانچە ۋەھشىي ؟

— ئازابلاندىڭىزمۇ ؟ ئەگەر ئازابلانغان بولسىڭىز ، مەقسىتىمگە يەتكەن بولىمەن . مەن پەقەت سىزنى ئازابلىغۇدەك ئىقتىدارىمنىڭ بولۇشىنىلا ئارزۇ قىلاتتىم ، — دىدى سوٴك سوٴك .

— بەك ئازابلاندىم ، — دىدى چوٴن چى ئىسەدەپ تۇرۇپ .

— تىخى بۇنىڭدىنمۇ بەك ئازابلىغۇدەك بىر ئىش بار ، دىسەم بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى ئويلىشىۋالاي ، — سوٴك سوٴك مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلدى .

— ياق ، ھىچقانداق نەرسە مىنى سىنىڭ ئۆلۈمىڭدىن بەك ئازابلىيالمايدۇ ، — چوٴن چى بىشىنى چايقىدى ، سوٴك سوٴكنىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ ، قان داغلىرىنى ئىرتتى .

— بۇ گىپىڭىز بەكمۇ ياقتى ، — دىدى سوٴك سوٴك . قان بەك كۆپ ئىقىپ كەتكەچكە ، ئۇ ھوشىدىن كىتەيلا دەپ قالغانىدى .

— بۇ راست گەپ ، — دىدى چوٴن چى .

— ياق ، ئىشەنمەيمەن . بۇنىڭدىنمۇ بەك ئازابلانغۇدەك ئىش بار ، — سوٴك سوٴك بىشىنى چايقىدى . قان داغلىرى ئىرتىۋىتىلگەن يۈزىدە سۇس قىزىل ئىز قالغان ، تەكشى يىيىتىلمىگان ئەڭلىككىلا ئوخشايتتى . كىمىدىكى چاغلاردا ، ئۇنىڭ بىر قۇتا ئەڭلىك ئالغۇسى بار ئىدى ، بىراق پۇل يىغىپ چوٴن چىگە كىمە ئۆي ياستىپ بىرىش ئۈچۈن ، ھەرقانچە ئەرزان مال بولسىمۇ ، سىتىۋىلىشقا كۆزى قىيمىغانىدى . ھازىر ئۇنىڭدا بار بولدى ، ئانچە كىچىكمىدى ، تەڭرى ئۇنىڭغا قەرزدار بولغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ بەردى .

قىپقىزىل ئەڭلىك ، ساپ قان . ئەزرائىل ئۇنى ئىلىپ

كېتەلەيدۇ ، بىراق گۈزەللىكنى ئېلىپ كېتىشكە ئامالسىز . ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلاردىمۇ ، ئۇ يەنىلا كىشىنىڭ ئەس ـ ھوشىنى لال قىلالىدى .

— قۇلاق سېلىڭ ، چۈن چى ، ئەڭ ئاخىرقى بىر مەخپىيەتلىكنى سىزگە دەۋېتەي . قورسىقىمدىكى بالا تۆگىنىڭ — سىزنىڭ ئاشىقىڭىزنىڭ . كەچۈرۈڭ ، مەن پەقەت سىزدىن ئۆچ ئالاي دېدىم ، سىزنى ئازابلىغۇم ، مەن ئۇچۇن ئازابلاندۇرغۇم كەلدى .

چۈن چىنىڭ قوللىرى ئۇنىڭ مەڭزىلىرىدىن ئاجراپ بوشلۇقتا ئېسىلىپ قالدى . ئۇ قول ئېسەڭگىرەپ قالغان قۇشتەك بوشلۇقتا بىردەم پۇلاڭلىغاندىن كېيىن ، ئاخىر سۇڭ سۇڭنىڭ قورسىقى ئۈستىگە چۈشتى . ئەمما قىزنىڭ قوللىرى ئادەتتىن تاشقىرى سەزگۈر ئىدى ، ھەتتا يۇمشاق ئەت ـ تېرە ئاستىدىكى ئاشۇ كىچىككىنە ھاياتلىقنىڭ كۈچلۈك يۈرەك سوقۇشىنىمۇ سېزىۋالدى . تارام ـ تارام ياشلار ئاخىر ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن دومىلاپ چۈشتى . سۇڭ سۇڭ توغرا ئېيتىپتىكەن ، ھەقىقەتەن ئۇنى تېخىمۇ ئازابلايدىغىنى بار ئىكەن . چۈن چى بىردەم خورلۇق ھېس قىلدى ، سۇڭ سۇڭ ئۇنى مۇشۇنداق قەبىھلەرچە ئالىقىنىدا ئوينىتىپتۇ ئەمەسمۇ .

— ئۇ سىز دېگەندەك ئۇنچىلىك ياخشىمۇ ئەمەس ئىكەن ، بىراق ھەقىقىي بىر ئەركەك ئىكەن ، — سۇڭ سۇڭ ئارانلا ئاڭلانغۇدەك ئاۋازدا دېدى .

چۈن چى كالپۇكلىرىنى چىشلىدى ، ھېچنېمە دېيەلمىدى . ئاشۇ مىنۇتلاردا زەھەرخەندىلىك بىلەن مۇنۇلارنى ئويلىدى : سۇڭ سۇڭ نېمىشقا تېخىچە تىنىقىدىن قالمايدىغاندۇ . جان ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغاندا ، ئەجەب ھەيران قالغۇدەك ماغدۇرغا كەلدىيا ، خۇددى مەڭگۈ خوراپ تۈگىمەستەكلا . ئۇ بالدۇرراق ئۆلسە بوپتىكەن ، مۇشۇ مەخپىيەتلىكنى دېيىشتىن بۇرۇنلا ئۆلۈشى كېرەك

ئىدى .

— سىزنى چاقىرتىپ كېلىشىم ، سىزدىن ئەپۇ سوراش ئۈچۈن . ئۆلۈم ئالدىدا ئادەم ھامان توۋا قىلىدۇغۇ ، بۇنداق چاغدا ھەرقانداق گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىدۇ ، شۇنداقمۇ ، سۆيۈملۈك پوپ ؟ — سۇڭ سۇڭ كارىۋات يېنىدا ئۆرە تۇرغان پوپقا قاراپ قويۇپ دېدى .

— مەن سېنى مەڭگۈ كەچۈرمەيمەن ، — دېدى چۇن چى زەردىسى بىلەن .

سۇڭ سۇڭنىڭ چېھرىدە يەنە كۈلكە جىلۋە قىلدى .

چۇن چى ھەسرەت ۋە نەپرەت ئىلكىدە بىردەم تەنھا تۇرغاندىن كېيىن چىدىيالماي يەنىلا سورىدى :

— تۆگە ياخشى تۇرۇپتۇمۇ ؟

— ھەئە ، — بېشىنى لىڭشىتتى سۇڭ سۇڭ . شۇ دەقىقىلەردە رەھىمدىللىقى تۇتۇپ قالدىمۇ ، سۇڭ سۇڭنىڭ چۇن چىنى يەنە بىر غايەت زور زەربىگە ئۇچراتقۇسى كەلمىدى . بەلكىم بۇ يەنە بىر خىل تېخىمۇ قەبىھ ئۆچ ئېلىش بولۇشىمۇ مۇمكىن : چۇن چى داۋاملىق ئەسلىمىلىرىنى ئىزدەيدۇ ، ئەسلىمىلىرى تېپىلغان بىر كۈنلەردە تۆگىنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىشنى ئارزۇ قىلىپ ياشايدۇ — ئۇ ئۆمرىنى بىكارغا ئاۋارە بولۇش بىلەن خورىتىۋېتىدۇ .

سۇڭ سۇڭنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرگەن جاۋابىغا ئېرىشكەن چۇن چىنىڭ كۆڭلى سەل ئارام تېپىپ ، قەلبىدىكى ئۆچمەنلىكلەرمۇ بىرئاز تارقىغاندەك بولدى .

نەپرەت خۇددى ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان يىرتقۇچقا ، سۇڭ سۇڭ بولسا مۇغەمبەر كېيىككە ئوخشاپ قالدى . سۇڭ سۇڭ يېنىككىنە بىر سەكرەپلا ھايات ـ مامات دەرياسىدىن ئۆتۈپ ، قارشى قىرغاققا بېرىۋالدى ، بۇ بىر دەريا ئايرىپ تۇرغان نەپرەتكە ئايلاندى . بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇزاق يىللار ئۇلارغا قارىمۇقارشى بولۇپ تىركىشىشكە يېتەرلىك ۋاقىت قالدۇرۇپ كەتتى . ئەمما ، مۇشۇ مىنۇتلاردا قىلىشقا ئەڭ تېگىشلىكى پەقەت ئۇنى ئوبدان ئۇزىتىپ قويۇش .

## 2

چۇن چىنىڭ قولى يەنىلا سۇڭ سۇڭنىڭ قورسىقىغا قويۇقلۇق تۇراتتى ، ئۇ ئاستاغىنا نەچچىنى چېكىپ ، ئىچىدىكى ھاياتلىقتىن كەلگەن ئەكس سادانى ئاڭلىيالىدى . بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى تىترەپ كەتتى .

— دوختۇر ، ئۇنى راستتىنلا قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى بولماسمۇ ؟

مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن جاۋابقا ئېرىشكەندىن كېيىن ، چۇن چى تۇساتتىن بۇرۇلۇپ كارىۋاتقا ئولىشىۋالغان كىشىلەرگە قاراپ :

— ئۇنىڭ قورسىقىدىكى بالا تېخى ھايات ئىكەن ، بىز بۇ ھاياتلىقنى ساقلاپ قالايلى ، — دېدى .

پوپ يۈزلىرى ياش ، سورىدى :

— قانداق ساقلاپ قالىمىز ؟

چۇن چىنىڭ يېنىدا تۇرغان جۇڭ چيەن ئېگىلىپ ئاستا چۇن چىگە پىچىرلىدى :

— جەزملەشتۈرەلەمسىز ، بالا راستتىنلا ھاياتمىدۇ ؟

— ھە ، جەزملەشتۈرەلەيمەن . سۇڭ سۇڭنىڭ قورسىقىنى يېرىپ ، بالىنى ئېلىۋالساق بولارمىكىن ··· — دېدى چۇن چى ئاخىر ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ .

ئۆيئىچى تىمتاس بولۇپ كەتتى ، پەقەت قان ئېقىۋاتقان ئاۋازلا بار ئىدى .

— قورسىقىنى يارساق ، ئۇ شۇ زامان جېنىدىن جۇدا بولىدۇ ، — دېدى دوختۇر ئاستاغىنا .

— بۇ سىزنىڭ ئۆچ ئېلىۋاتقىنىڭىزمۇ ؟ — سورىدى پوپ ئازابلانغان ھالدا بېشىنى چايقاپ .

— ياق ، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن بالىسىنى ساقلاپ قالسام ، كېيىن ئۇنىڭ روھى چوقۇم مەندىن خۇش بولىدۇ ، — دېدى چۇن چى ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن .

جۇڭ چيەن سۇڭ سۇڭنىڭ قوللىرىنى ئاستاغىنا تۇتۇپ ، ئۇنى

تۇرتتى :
— سۈك سۈك ، مۇشۇنداق قىلىشىمىزغا قوشۇلامسىز ؟ مۇشۇنداق قىلىشىمىزنى ئۈمىد قىلامسىز ؟
سۈك سۈك كۈلۈمسىرىدى ، كۆزلىرى يۇمۇلغان ، جاۋاب بەرمىدى . ئۇنىڭ نەپىسى قىيىنلاشتى ، قورسىقىنىڭ بىر ئۆرلەپ ، بىر چۈشۈشىمۇ ناھايىتى روشەنلەشتى . كېيىنكى ئالدىدا ھامان كۆزى قىيمايدۇ . ھەممەيلەن ئۇنىڭ بۇ دۇنياغا تارتىشۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى . ئۇنىڭ ئارام تېپىپ قالغاندەك بولۇپ قالغان چىراي ئىپادىسى ئۇنىڭمۇ بۇ بالىنى قالدۇرۇپ كەتكۈسى بارلىقىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى .
— تېز بولۇڭ ، دوختۇر ، بولمىسا ئۆلگۈرەلمەي قالىمىز ، — دېدى چۇن چى قەتئىيلىك بىلەن .
دوختۇر تەمتىرەپ كۆپچىلىككە قارىدى ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بەزى پىكىرلەرنىڭ چىقىشىنى ئۈمىد قىلدى . لېكىن ، ھېچكىم ئۈندىمىدى .
— دوختۇر ، باشلاڭ ! بىزنىڭ باشقا تاللىشىمىز يوق ، پەقەت سىناپ باقماي نېمە چارە ، — دېدى جۇڭ چيەن .
ھەممەيلەن قوشۇلغاندەك قىلاتتى ، لېكىن زۇۋان سۈرمەيتتى . گەرچە سۈك سۈك ئۆلەي دەپ قالغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ قارنىنى يېرىپ ، مۇددەتتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇش يەنىلا قەبىھلىكتەك بىلىنەتتى .
— ئەزەلدىن مۇنداق ئىش قىلىپ باقمىغانىدىم ، بەلكىم ··· بەلكىم ياخشى قىلالمايدىغانلىقىم مۇمكىن ، — دېدى دوختۇر .
— ھەممىمىز سىزگە ياردەم قىلىمىز ، ئەمدى باشلىمىسىڭىز ، ئۆلگۈرەلمەي قالارمىزمىكىن ، — دېدى جۇڭ چيەن .
دوختۇر تىترەپ تۇرۇپ پىچاقنى سۈك سۈكنىڭ قورسىقىغا تىرىدى . قاش تېشىدەك سۈزۈك تېرە ، پارقىراق ھەم سىلىق ، ئېلاستىكلىقى تولىمۇ ياخشى ، ھەتتا ھامىلىدارلىق داغلىرىمۇ

كۆرۈنمەيتتى . تومپىيىپ چىققان كىچىك تۆپىلىكتە يۇپيۇمىلاق كىنىدىك خۇددى قايناپ تۇرغان يانار تاغ ئېغىزىدەك ، ئىچىگە يوشۇرۇنغان كىچىك ۋۇلقاننى ئاستاغىنا چاقىرىۋاتقاندەك قىلاتتى .

دوختۇر بىرئاز ئارىسالدى بولغاندىن كېيىن ، سۆك سۆگىگا :

— بەك ئاغرىيدۇ ··· چىداڭ ، — دېدى .

سۆك سۆك يەنىلا كۆلۈمسىرىگىنىچە كۆزلىرىنى يۇمۇپ قىمىرلىماي ياتاتتى ، خۇددى ئۇخلاپ قالغاندەكلا قىلاتتى . كۆپچىلىك نەپەس ئېلىشقىمۇ پېتىنالمىدى ، قاراپ تۇرۇشقا چىدىماي باشلىرىنى بۇرىۋالدى . پەقەت چۇن چىلا كارىۋات يېنىدا ئىككى قولى بىلەن سۆك سۆگىنىڭ قورسىقىنى بېسىپ ، ھامىلىنىڭ نەپەس ئېلىشىنى سېزىپ ئولتۇراتتى .

خەير - خوش . دوختۇر پىچاقنى ئۇنىڭ يۇمشاق قورسىقىغا پاتۇرغاندا ، ھەربىر ئادەم كۆڭلىدە مۇشۇ سۆزنى ئېيتتى .

سەكراتتىكى ئايال ئېچىنىشلىق ئىڭرىدى . قان غەزەپ بىلەن ئېتىلىپ چىقىپ چۇن چىنىڭ يۈزلىرىگە چاچرىدى ، سېزىمىنى يوقاتقان كۆز قارىچۇقلىرىغا قىزىق قانلار چاپلاشتى . ئۇنىڭ كۆزلىرى مۇچ سەپكەندەك ئېچىشتى . دوختۇر گەرچە ئىدىيىدە تەييارلىق قىلىپ قويغان بولسىمۇ ، لېكىن قاننىڭ تۇيۇقسىز شۇنچە ئېگىز گە ئېتىلىپ چىققىنىنى كۆرۈپ ، بەك قورقۇپ كەتتى ، پىچاق تۇتقان قوللىرى قاتتىق تىترەپ ، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرالمىدى .

ھەممە ئادەم نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئايالنىڭ قورسىقىغا قاراپلا قالدى . قورساق خۇددى لىققىدە قان ئۇسۇلغان ئىدىشقىلا ئوخشاپ قالغانىدى ، ئېچىقلىق پېتى لىغىرلاپ تۇراتتى ، كۆرگەن ئادەمنىڭ تېنى شۈركۈنەتتى .

— توختاپ قالماڭ ، بالا ئىچىدە ، — دېدى چۇن چى . ئۇنىڭ قىپقىزىل قانغا بويالغان قوللىرى قانغا تولغان ئىدىشنىڭ ئىچىگە كىرىپ بولغانىدى .

دوختۇر بېشىنى چايقىغىنىچە قوللىرىنى تارتىۋالدى ، پىچاق

ئايالىنىڭ تىرىسىدىلا قېلىپ قالدى. چۈنكى دوختۇرنىڭ داۋالاشتۇرالمايدىغانلىقىنى سەزدى، شۇڭا ئۇنى زورلىمىدى. ئۇ بىر قولىدا سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ، پىچاقنى تاپتى، يەنە بىر قولى ئاستا ـ ئاستا يۆتكىلىپ ھامىلىنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى ئىزدىمەكتە ئىدى.

ئۇ پىچاقنىڭ بىسىنى كۆچەپ پەسكە باستى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈۋاتاتتى.

سۆڭ سۆڭ بوشقىنا ئىگرىدى، ئاۋۋالقىدەك ئازابلىق چىقمىدى.

چۈنكى ئەت ـ قانلارنى قايرىپ ئۆتۈپ، بالىنىڭ يۇمران دۈمبىسىنى سىلىدى. بالا خۇددى شوخ بىلىقتەك، ئىللىق باش سۈيى ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرەتتى، سىرتتا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى قىلچە بىلمەيتتى.

بالا سۆڭ سۆڭنىڭ قورسىقىدىن ئېلىنغان چاغدا، سۆڭ سۆڭ توساتتىن چۈن چىنىڭ بېغىشىغا كاپ قىلىپ ئېسىلدى. مۇنداق شىددەتلىك ھەرىكەت كۆپچىلىكنى چۆچۈتۈۋەتتى. پەقەت چۈن چىلا ھەيران قالمىدى، خۇددى مۇشۇنداق بولۇشىنى ئالللىبۇرۇن ئويلاپ يەتكەندەكلا تۇراتتى. ئۇ سۆڭ سۆڭنىڭ دانە ـ دانە، ناھايىتى ئېنىق قىلىپ ئېيتقان مۇنۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىدى:

— ئۇنى ساقلاپ قالغانىكەنسىز، ئەمدى ئۇنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىڭ.

*ئايالىما شەكىللىك پەلەمپەينى بويلاپ پەسكە چۈشسىڭىز، بۇ يەردە كۆمۈلۈپ ياتقىنى بىر دوزاخ ئەمەس، بەلكى خانلىق دۆلەت. مېڭىۋەرسىڭىز، بوران ئاۋازى قۇلاقلارنى گاس قىلغاندا، چاڭ ـ توزانلار كۆزلەرنى كور قىلغاندا، تىكەنلەر پۇتلارغا چىرماشقاندا، ئەسلىمىنىڭ ئىگىسى ئاستا ـ ئاستا پەيدا بولىدۇ.*

*دېڭىز تاشقىنى كېلىشىنىڭ ھارپىسىدا، ئۇنىڭ كۆڭلىگە*

ناھايىتى ئېنىق ئايان بولغانىدى. ئۇ چۈشىدە دېڭىز شاۋقۇنىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىشىكتىن چىقىپ، ئۇدۇل تۆپىلىككە قاراپ ماڭدى.

ئۇ قىزىل لەيلەكلەرنىڭ كۆل رايونىدىكى ئۇۋىلىرىدىن ئايرىلغانلىقىنى، شەپەرەڭلەرنىڭمۇ قىيا تاشلاردىكى ئۇۋىلىرىدىن ئۇچۇپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى. توپ - توپ ياۋا توشقان ۋە مايمۇنلار تۆپىلىككە قاراپ قېچىۋاتاتتى. شۇنچە يىللاردىن بۇيان، ئۇ زادىلا مۇنداق ئەھۋالنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. بوۋىسىنىڭ بالىلىق چاغلىرىدا دېڭىز تاشقىنىغا ئۇچرىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەنلىرى ئۇنىڭ ھېلىمۇ يادىدا، كۆز ئالدىدىكى بۇ ئەھۋال شۇنىڭغا تولىمۇ ئوخشاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ دېڭىز تاشقىنىنىڭ كېلىدىغىنىنى بىلدى.

ئۇ كىشىلەرگە دېڭىز تاشقىنى كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويماقچى بولدى. تاغدىن پەسكە قاراپ يۈگۈردى، تاغ باغرىغا كەلگەندە گاڭگىراپ قالدى. ئۇ كىمگە ئېيتىشىنى بىلەلمىدى. ئۇ بىر يېتىم بالا، دوستىمۇ يوق، پەقەت شۇ يەردىكى يەرلىكلەرگە ياردەملىشىپ ئانچە - مۇنچە ئىش تېپىپ قىلىدۇ، ئۇيان - بۇيان قاتراپلا يۈرىدۇ، بىرەر مۇقىم تۇرالغۇسىمۇ يوق. بىراق، ئۇ باشتىن - ئاخىر ئۆزى يالغۇزلا جېنىنى ئېلىپ قاچسا بولمايدىغانلىقىنى ئويلىدى، يەرلىك قەبىلىدىكىلەرگە، دېڭىز تاشقىنى كېلەي دەپ قالدى، قېچىڭلار، دەپ ئۇقتۇردى. بىراق، ھېچكىم ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمىدى. ئۇ دېگەن بىر بارار جايى يوق جۇڭگولۇق سەرگەردان تۇرسا، قالايمىقانچىلىق چىقىرىپ ئوغرىلىق قىلىشنى ئويلاۋاتقانلىقىغىمۇ بىرنېمە دەپ بولمايدۇ. ئۇلار ئۇنى قوغلىۋەتتى، قەبىلىدىن قوغلاپ چىقاردى. ئۇ يەنىلا بولدى قىلمىدى، كەنت ئېغىزىدا تۇرۇپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى، ئۇلارغا دېڭىز بويىغا بېرىپ قاراپ باقسا، دېڭىز دولقۇنىنىڭ ئادەتتىكىدىن شىددەتلىك ھەم ئۆركەشلىك بولۇپ كەتكىنىنى ئۇقىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھېچكىم ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىدى. ئۇ ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ئارقىسىغا قاراپ ماڭدى. ھەيران

قالغىنى ، ئارقىسىدىن ئىككى ئىتنىڭ قەبىلىدىن قېچىپ چىقىپ ئۆزىگە ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقىدى .

ئۇ ئىسپانىيىلىكلەرنىڭ بارگاھىدىن ئۆتتى . ئۇ بۇ ئەجنەبىي ئالۋاستىلارغا دېڭىز تاشقىنى كېلىدىغانلىقىنى دېيىش ــ دېمەسلىك كېرەكلىكى ھەققىدە ئارىسالدى بولۇپ قالدى . ئۇلار ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئۆلتۈرگەن ، بۇ يەرگە كەلگەندىن بۇيان جۇڭگولۇقلارنى قىرىشنى توختىتىپ قويغىنى يوق . ئۇ گازارمىنى نەچچە قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن ، ئاخىر پوستا تۇرۇۋاتقان ئەسكەرگە ، دېڭىز تاشقىنى كېلەي دەپ قالدى ، دېدى . ئەسكەر ئۇنىڭغا كەمسىتىش نەزىرىدە قارىدى . ئۇلار بۇ بىچارە قالدۇق جۇڭگولۇق ئەۋلادىنى ساراڭ بولۇپ قالغان ياكى بەك غېرىبلىقتىن ئەتەي گازارمىغا كېلىپ قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرماقچى بولغان ، دەپ قاراشتى . بىر ئىسپانىيىلىك مىلتىقىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئوڭ پۇتىغا بىر پاي ئوق ئاتتى . ئۇ يارىلانغان پۇتىنى سۆرەپ ئاستا ــ ئاستا ئايرىلدى ، ئارقىسىدا بىر يول قان ئىزى قالدى . ئۇ ھايۋانلار قالدۇرغان قالايمىقان ئىزلارنى بويلاپ تاغقا قاراپ ماڭدى ، ماڭالمىغاندا ئۆمىلىدى ، ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ئىككى ئىت ئۇنىڭ قالدۇرغان قانلىرىنى يالىغاچ كېلىۋاتاتتى . ئۇ بارغانسېرى ئاستىلاپ كەتتى . ئىتلار ئاخىر ئۇنى تاشلاپ ، ئۇچقاندەك ئۇستىگە يۈرۈپ كەتتى .

شىددەتلىك سۇ يىرتقۇچ ھايۋاندەك ئېتىلىپ كەلگەندە ، ئۇ بىر تۈپ سىياتېئا دەرىخىنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى . سۇ كۈچى ئاجىزلىغاندا ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئامان قالغانلىقىنى بىلدى . تاغ باغرىدىن قىيا ــ چىيا يىغا ئاۋازلىرى ئاڭلاندى ، ئۇ ھارغىنلىقتا كۆزىنى يۇمدى .

## 3

ئۇ ئاپىسىنىڭ يېرىلغان قارنىدىن ئېلىپ چىقىلدى ، ئۇلار ئايرىلدى . ئەما قىزنىڭ كۆڭلىگە ھەر خىل خىياللار كەچتى ،

دەماللىققا بالىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشنى بىلەلمەي قالدى . پوپ ئالدىراپ ئۇنى قولىغا ئالدى ، كۈچلۈك بىلەكلىرى بىلەن بوۋاقنى ئېگىز كۆتۈردى .

ئۇ كۆزىنى ئاچتى ، قىزىق ئوت نۇرىنى كۆرۈپ ، بەدەنلىرى بارا ـ بارا ئىللىشقا باشلىدى . ئەمما ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى ئاپىسىنىڭ تېنى ئاز ـ ئازدىن مۇزلىماقتا . بىرى كەلدى ، بىرى كەتتى ، ئىسسىق ـ سوغۇق ئالماشتى ، مۇھەببەت ـ نەپرەت يەتكۈزۈلدى ، پەقەت مۇشۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە بولغان ئارىلىقتا .

بوۋاق ئېلىپ چىقىلغان ئاشۇ دەقىقىلەردە ، چۈن چىنىڭ كۆز ئالدىدا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان نۇر پارلىدى . كۈچلۈك نۇر ئۇنىڭ ئاللىقاچان ئېتىلىپ ھەم قاقاچ باغلاپ كەتكەن كۆزلىرىدىن تېشىپ ئۆتۈپ ، ئۇنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يېتىپ باردى ، ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم يورۇقلۇقنى ھېس قىلدۇردى .

بۇ بالا تولىمۇ خاسىيەتلىك ئىكەن ، دەپ ئويلىدى چۈن چى . چۈنكى ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىشى چۈن چىگە يورۇقلۇق ئاتا قىلدى ، كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلىدى .

ئۇ تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ، چۈن چى ئىزچىل ئۇنىڭغا قانداق ھېسسىيات بىلەن يۈزلىنىشنى بىلەلمىگەنىدى . نەپرەتلىنىشكىمۇ ھەقلىق ، ھەرقانداق كەيپىياتتا بولۇشنى چۈشىنىشكە بولاتتى . ئەمما ، بۇ كۈتۈش جەريانى تولىمۇ ئۇزۇن ، تولىمۇ تىنچ بولدى ، گوياكى بىر مەيدان يۇيۇپ پاكلاش جەريانىدەكلا . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئۇ بالىنى سۈڭنىڭ تېنىدىن ئۆز قولى بىلەن ئېلىپ چىقتى ئەمەسمۇ . قولىدىكى قاننىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنىمۇ ئاڭقىرالمىدى ، خۇددى ئۆزىنىڭكىدەكلا تېنىگە سىڭىپ كېتىۋاتاتتى . تولىمۇ غەلىتە ، ئۇ بارلىق جەرياننىڭ تولۇق ئىشتىراكچىسى بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ، ئۇنىڭدا بىر خىل خاتا سېزىم پەيدا بولدى ، بۇ بالىنى خۇددى ئۆزى تۇغقاندەك بولۇپ قېلىۋاتاتتى .

بوۋاق قىزغىن ھەم باتۇرانە يىغا ئاۋازى بىلەن دۇنياغا كەلدى ،

ئۆلگۈچىنىڭ روھى ئۇنى ئەگىپ يېنىككىنە ئۇھ تارتتى. پوپ قىسپىقىزىل بالىنى قۇچاقلىغىنىدا، يىغا ھەلقۇمىغا كەپلىشىپ قالدى. بۇ دەقىقىلەردە جاھان جانلىنىپ كەتتى. بۇ دەقىقىلەر ھەرقانداق بىر چاغدىكىگە زادى ئوخشىمايتتى، ھايات نەقەدەر قىممەتلىك ـ ھە.

چۇن چى كارىۋات يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ سۇڭ سۇڭنىڭ قوللىرىنى تۇتتى. ئۇ كەتكەنىدى، تېنىدا يەنە ئازراق ئىللىقلىق قالغان، بەدىنى تېخى قاتمىغانىدى. ئەمما، ئۇنىڭدىن بىر خىل ئاجايىپ خۇش پۇراق كېلىۋاتاتتى. چۇن چى خۇددى ھېلىقى دىلخەستە قىلغان چۈشتىن كېيىنكى، خۇشبۇي پۇراق گۈپۈلدەپ تۇرغان ئىتىياگىقى گۈللۈكدە سۇڭ سۇڭ بىلەن چىڭ قۇچاقلاشقان ۋاقىتقا قايتىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. يەنە ھەم كېيىن ئۆيدە سۇڭ سۇڭنىڭ ئۇنى يۇيۇندۇرۇپ قويغان ۋاقتىنىمۇ ئېسىگە ئالدى. سۇڭ سۇڭ ئۇنىڭ چاچلىرىنى ئاستاغىنا تۇرۇپ قويغانىدى. ئۇلارغا گەپ ـ سۆزنىڭ لازىمى يوق، گەپ ـ سۆزلا بولىدىكەن، بىر ـ بىرىدىن ئاغرىنىش بولاتتى. شۇڭا، ئۇلار گەپ ـ سۆزگە موھتاج ئەمەس، پەقەت ئاشۇنداق جىمجىت ئولتۇرسىلا كۇپايە.

ئاۋۋال ئۆلگەن كىشى تەلەيلىك. ئۇ گۇناھلىق بولغان تەقدىردىمۇ، گۇناھلىرى تارىلىپ كېتىپ، سېغىنىشقا نائىل بولالايدۇ. ئۇلار نېمىدېگەن تەلەيلىك ـ ھە. چۇن چى كەچۈرۈۋېتىشنى خالىمايدۇ، لېكىن ئۇنتۇپ كېتىشكىمۇ ئامالسىز. سۇڭ سۇڭ مۇرادىغا يەتتى، چۇن چىنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدىكى مەڭگۈ تارالمايدىغان شەپەققە ئايلىنىۋالدى.

ھېلىقى بالىغا كەلسەك، قولدىن قولغا ئۆتۈپ، نۇرغۇن تىلەكلەرگە ئېرىشتى. ئەمما، چۇن چى تېخىچە بېرىپ ئۇنى قولىغا ئالمىدى، چۈنكى ئۇ بۇ كۈچلۈك نۇرغا چىدىيالمايۋاتاتتى.

ئۇنىڭ نەپىسى قىسىلىپ تىنالمايلا قالدى، ئامالسىز سۇڭ سۇڭنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ، دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ دېرىزىنى سىرتقا ئىتتىرىپ ئاچتى. ئۇنىڭغا توپ ـ توپ يالتىراق

قوڭغۇزلارنىڭ ئۇركۈپ، پىتىراپ ئۇچۇشقان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ بالىغا «شىياۋشىڭ» دەپ ئىسىم قويۇشنى قارار قىلدى. ئۇ شۇنچىلىك كەسكىن قارار چىقاردىكى، ھەرقانداق ئادەم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئولتۇرۇشنى ئويلاشمىدى.

«شىياۋشىڭ» ئىيۇلدىكى ساناقسىز، توپ - توپ پارقىراق قوڭغۇز، يازنىڭ سۇزۇك كېچە ئاسمىنىدىكى بوشلۇقتا كۆتۈرۈلگەن بىر توپ يالقۇن. شىياۋشىڭنىڭ دۇنياغا كېلىشى بىر بۆلەك ھاياتقا خاتىمە بولدى. چۈن چى قاراڭغۇلۇقتا ئۈزۈپ يۈرىدىغان كۈنلىرىنىڭ چېكى توشقاندەك ھېس قىلدى. ئۇ خۇددى چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەن جانىۋاردەك، سۇ تامچىلاپ تۇرغان تەنلىرىنى سۆرەپ قىرغاققا چىقتى.

## 4

پوپ چۈن چىنىڭ شياۋشىڭنى ئەكېتىشىنى پەقەتلا خالىمىدى. ئۇ بىر ئەما ئايالنىڭ بوۋاقنى ئوبدان باقالايدىغانلىقىغا قانداقمۇ ئىشەنسۇن. ئۇنىڭ ئۇستىگە، چۈن چى بىلەن سۇڭ سۇڭنىڭ قانداقلا بولسۇن ئاداۋىتى بار تۇرسا، مۇبادا قورسىقىدا غۇم ساقلاپ قالغان بولسا، بالا چوقۇم ئازارغا ئۇچرايدۇ - دە.

ئەمما، ئۇنى ئامالسىز قالدۇرغىنى، بۇ بالا پەقەت چۈن چىغىلا ئامراق چىقتى. ئۇ قاتتىق يىغلاۋاتقاندا، چۈن چى كۆتۈرسىلا، شۇ ھامان يىغىدىن توختايدۇ، ئۇخلايدىغاندىمۇ چۈن چى پەپىلىمىگۈچە ئۇخلىغىلى ئۇنىمايدۇ. ئويغانغان چېغىدىمۇ چۈن چىنى كۆرەلمىسە، يىغلاپ كېتىدۇ. بۇ بالا يېيىشكىمۇ، ئۇخلاشقىمۇ ئامراق ئەمەس، پەقەت بىرلا ئارزۇسى باردەك ئىدى، ئۇ بولسىمۇ چۈن چىنىڭ كۆتۈرۈشى، ئەركىلىتىشىگە ئېرىشىش ئىدى.

چۈن چىنىڭ بۇ بالىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ كەتكىنىمۇ تايىنلىق، بەزىدە ئۇ سىيىپ قويسا ياكى قۇسۇۋەتسە بىزار بولۇپ ۋارقىراپمۇ قويىدۇ. لېكىن، بالا ئۇنىڭدىن قورقۇپمۇ كەتمەيدۇ، كۆزلىرىنى مولۇندەك پارقىرىتىپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغىنى تۇرغان.

چۇڭ چىنىڭ كۆزى كۆرمىگەچكە، بالىغا تاماق بېرىشنىمۇ تازا ئەپلەشتۈرۈپ كېتەلمەيدۇ. بەزىدە ئۇ بېشىنى سەل بۇرىۋالسىلا، تاماقنى بۇرنىغا يەپ سىلىپ، بىرھازاغىچە قىقىلىپ كېتىدۇ، شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ زادىلا يىغلىمايدۇ، ئاغزىنى قۇش بالىلىرىدەك ئاچقىنىچە، ياۋاشلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرىدۇ.

پوپ بۇ كۆرۈنۈشلەرنى كۆرگەندە پەقەت خورسىنىپلا قويىدۇ. بۇ رەزىل تەقدىرگە نەئامال. بۇ بالا بەلكىم تۇغۇلۇشىدىنلا قەرز قايتۇرۇش پېشانىسىگە پۈتۈلگەن بولسا كېرەك، چۇڭ چىنىڭ قولى ئارقىلىق تۇغۇلغاچقا، بەدەنلىرىگە چۇڭ چىنىڭ مۆھرى بېسىلغانمىكىن، ئۇنىڭدىن مەڭگۈ ئايرىيالمايدىغان ئوخشايدۇ. پوپ قايغۇرغان هالدا، بۇ بالا ئۆمۈر بويى چۇڭ چىگە بېقىنىپ، ئىتائەت قىلىپ، ئۇنىڭ سايىسىدەك ياشايدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى.

پوپ بۇلارنى ئويلىغاندا بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ كەتتى. ئۇ بۇ بوۋاقنىڭ چۇڭ چىگە نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا ئىچىكىپ كەتكەنلىكىنى زادىلا چۈشىنەلمىدى. پوپ بۇنى ھېس قىلالمايدۇ، پەقەت قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپلا تۇرالايدۇ. ئۇ چۇڭ چىنىڭ بالىنى ئەكېتىشىنى رەت قىلىشقا ئامالسىز.

چۇڭ چى بىلەن جۇڭ چيەن مېنى چېركاۋدىن ئېلىپ ماڭغاندا، تېخى يۈز كۈنلۈكمۇ بولماپتىكەنمەن. مەن رەھىمدىل پوپ بىلەن، ئاغزى بېسىلماي كاسىلدايدىغان موناخلار بىلەن، يەنە گۈمبەزسىمان تورۇسلۇق چېركاۋ بىلەن خوشلىشىپتىمەن. ھە راست، ئۇنتۇپ قالغىلى تاسلا قاپتىمەن، مەن دەل ئاشۇ گۈمبەزسىمان تورۇس ئاستىدا تۇغۇلغان ئەمەسمىدىم، تۇغۇلغان چېغىمدا پوپ مېنى ئاشۇ مۇقەددەس سۇ بىلەن يۇيۇپ چوقۇندۇرغان ئەمەسمىدى، بىراق مېنىڭ تەڭرىنىڭ مۇخلىسى بولۇشۇم مۇمكىنمۇ؟ چۈنكى، بۇ يۇيۇندۇرۇش سەل كېچىكىپ قالغانىدى ھەم سۇمۇ سەل سوۋۇپ قالغان. مېنى بىرىنچى بولۇپ ئىللىتقان ئادەم چۇڭ چى ئىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ مۇرىتى بوپتىمەن.

چۈن چى مېنى دېڭىز بويىغا ئېلىپ كەپتۇ . مەن دېڭىزنى تۇنجى كۆرۈپلا ھېرىس بولۇپ قاپتىمەن . مېنى تېخىمۇ بەك خۇش قىلغىنى ، دېڭىز بويىدا لەپەڭلەپ تۇرغان كېمىلەر بوپتۇ . ئۇلار ھەرقانداق جانىۋاردىنمۇ بەك ئەۋرىشىم ، مېھرىبانلىق بىلەن ماڭا قاراپلا تۇرۇپتۇ . بىراق ، بىز كېمىگە چىقماپتۇق ، پەقەت ماڭا كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈنلا ئەكەپتىكەن . شۇنىڭدىن كېيىنكى نۇرغۇن يىللاردا ، مەن دېڭىزنىمۇ ، كېمىنىمۇ كۆرمىدىم . يىگىرمە ياشقا كىرگەن ئاشۇ يىلى تۇنجى قېتىم كېمىگە ئولتۇرۇپ ، يىراق سەپەرگە چىقتىم ، كېمە بىلەن دېڭىز ـ ئوكياننى كېسىپ ئۆتتۇم . شۇ چاغدا كۆپ يىللار ئىلگىرى چۈن چىنىڭ دېڭىز بويىدا مېنى قۇچاقلاپ تۇرغان ھالىتىنى كۆرگەندەك بولدۇم .

چۈن چىنىڭ قوينىدا ئاشۇ گۈزەل زىننەتلىك كېمىلەرگە قاراپ ياتاتتىم . كېمىدە تاماقنىڭ مەززىلىك ھىدى تارالدى ، قورسىقىم ئاززاق ئاچقاندەك بولدى . بىراق ، چۈن چىنىڭ باغرىدا ھەمىشە ناھايىتى خاتىرجەم ، تەشۋىشسىز ياتاتتىم . دېڭىز شامىلى يۈزلىرىمنى سىيپاپ ئۆتتى ، مەن ئېغىزىمنى ئېچىپ ۋىلىققىدە كۈلدۇم . نارەسىدە چاغلىرىمدا ھازىرقىدىن كۆپ خۇشخۇي ئىدىم . مىنىڭچە لىيەنيەن ئارىلىدىكى پرىستاندا ئىشلەيدىغان بېلىقچىلار مېنىڭ ئۇ پارلاق كۈلكەمنى چوقۇم كۆرگەن .

## 5

شياۋشىڭ تۇغۇلغان ئاشۇ دەقىقىلەردە ، ئەما قىز چۈن چى نۇرنى كۆرەلىدى ، قەلبى ھاياجانغا تولدى ، ھەتتا نەپرەتلىرى ئۇنتۇلدى . ئۇ بۇ بالىنى ئۆزىگە قاراپ كەلگەندەك ، تەڭرى ئۇنىڭغىلا تەئەللۇق قىلىپ ياراتقاندەك ھېس قىلدى .

بۇ بالىنى ئەكېتىش كېرەكمۇ ؟ چۈن چى بۇ مەسىلىدە نۇرغۇن قېتىم ئارىسالدى بولدى . بۇ بالىغا يۈزلەنگەندە ، نەپرەت كۆز ئالدىغا يېيىلىپ ، ھەممە ئىشلار يادىغا كېلىۋېلىپ ، ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئامالسىز قالاتتى . بالا چوڭ بولغانسېرى تۆگىگە ئوخشاپ كېتەرمۇ

ياكى سۆلۈك سۆگەنمۇ ؟

بىراق ، قارشىلىق قىلىشقا ئامالسىز قويىدۇرغىنى ، بۇ بالىنىڭ چۈن چىگە بولغان قىزغىنلىقى . بالا پوپنىڭ ئىللىق باغرىنى رەت قىلىپ ، ھېچنېمىگە قارىماي بىلەكلىرىنى چۈن چىگە تەڭلىدى . ئۇ قارىماققا چۈن چىگە شۇنچىلىك ئېھتىياجلىقتەك قىلاتتى — ئەجەبا ئۇ ئۇنىڭ بىر سولغۇن ئەما ئاياللىقىنى بىلەلمىگەنمىدۇ ؟ بالا ھەر قېتىم يۇمران يۈزلىرىنى ئۇنىڭ قوللىرىغا سۈركىگەندە ، چۈن چىنىڭ قەلبىدىكى قەتئىيلىك شۇ ھامان پارچىلىناتتى .

قىزنىغا چېچەك چىقىپ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ، چۈن چى ئۆزىنى مەھكەم قۇلۇپلىۋالغانىدى . شياۋشىنىڭ ، بۇ پىلدىرلاپ تۇرغان ئوت ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ ، ئۇنىڭ خۇنۇكلەشكەن كۆرۈش سەزگۈلىرىنى يورۇتقاندا ، ئۇ تەۋرەنمەسلىككە ئامالسىز قالدى . ئەمما ، ئۇنىڭ قەلبى ئارىسالدىلىقتا پۇچىلىناتتى ، شياۋشىنى تەگرىنىڭ ئۆزىگە بولغان يەنە بىر قېتىملىق سىنىقىدەك ھېس قىلاتتى ، ئۇنى مېھرىنى بېرىشكە قىزىقتۇرۇپ ، ئۇ بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن ئۇنىڭ ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتكەندە ، كۇتۇۋالىدىغىنى يەنە بىر قېتىملىق مەھرۇم قىلىش بولۇپ چىقىدىغاندەك بىلىنەتتى . شۇڭا ، ئۇ ھەر ۋاقىت ئۆزىنى شياۋشىغا قىلچىلىك مېھرىنى بەرمەسلىككە ئاگاھلاندۇراتتى . ئۇ شياۋشىغا خۇددى ئەرزىمەس بىر نەرسىگە مۇئامىلە قىلغاندەك سوغۇقلا مۇئامىلە قىلاتتى ، ئۇنىڭ چاچراپ كېتىشىدىن ئىبارەت بۇ ئاقىۋەتنى قوبۇل قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار ئىدى . ئەمما ، بۇ بالا خۇددى مەخپىي بۇرج يوشۇرۇنغان ئۇرۇقتەك ، چۈن چىنىڭ جىسمىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتماقتا ئىدى . ئۇنىڭدىكى تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچ كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى .

پوپنىڭ يېنىدىن كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ، شياۋشىغا سوغۇق ئۆتۈپ ئاغرىپ قالدى . چۈن چى ئۇنى تېۋىپقا كۆرسەتمىدى (چۈنكى ئىلگىرى بوۋىقى چاچراپ كەتكەن بولغاچقا ، ئۇ ، بوۋاقنىڭ جېنى

ناھايىتى ئاجىز بولىدۇ ، ئۆلۈش ـ تىرىلىش پېشانىسىگە باغلىق ، تېۋىپمۇ قۇتۇلدۇرالمايدۇ ، دەپ قارايتتى ) ، بالىنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلاپ كېتىشىگە ھېچ سەۋەب قىلمىدى . جوڭ چيەن ئۇلارغا خۇپپيانە ئەگىشىپلا يۈردى ، شياۋشىڭنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ، ئۇنى پوپقا ئاپىرىپ بېرىش تەكلىپىنى بەردى . نېمىلا دېگەنبىلەن ، پوپ ئۇنى ئەڭ ياخشى دوختۇرغا كۆرسىتەلەيدۇ ، ئۇنىڭغا قارايدىغانغا موناخلارمۇ بار ، ھازىرقىدەك سىرتلاردا ئاچ ـ توق ، سوغۇق ـ يەپمۇ يۈرمەيدۇ . بىراق ، چۈن چى بۇنىڭغا زادىلا قوشۇلمىدى ، تىننىقتىن قالايلا دېگەن بالىنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى . ئۇنىڭ پوزىتسىيىسى شۇنداق ئۆكتەملەرچە بولدىكى ، قولىدىكىسىنى بىر ھاياتلىق ئەمەس ، ئويۇنچۇق كۆرۈۋاتقاندەك قىلاتتى .

جوڭ چيەننىڭ ئاخىر غەزىپى ئۆرلىدى :

— سىز سۆڭ سۆگدىن نەپرەتلەنسىڭىزمۇ ، ئۆچىڭىزنى بالىدىن ئالسىڭىز بولمايدۇ ـ دە ! سۆڭ سۆگغا بالىنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالىدىغانغا ماقۇل بولغانتىڭىزغۇ .

— سىزمۇ ماڭا بالامنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشقا ۋەدە بەرگەنغۇ .

— شۇنداق ... مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تىرىشتىم .

— بىراق ، ئىنساننىڭ قۇدرىتى نېمىگە يېتەتتى ، تەڭرى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولامتى ؟

چۈن چى قۇچىقىدىكى بالىنىڭ مۇزدەك كىچىككىنە قوللىرىنى سىقىمدىدى .

جوڭ چيەن ھېچنېمە دېيەلمىدى ، لېكىن قاتتىق ئېچى سىقىلدى . چۈن چىنىڭ سۆڭ سۆگغا بولغان نەپرىتى تۈپەيلى ، بالىنىڭ جېنىدىن ئايرىلىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلدى .

شياۋشىڭنىڭ كېسىلى بارغانچە ئېغىرلاپ كەتتى ، ھېچنېمە يېگىلى ئۇنىمىدى ، ھالسىراپ باشلىرى چۈشۈپ كەتتى ، تېنى تىترەشكە باشلىدى . بۇ بېشارەتلەر نەقەدەر تونۇش ـ ھە ! چۈن چى

ئۇنىڭ ئۇزۇن ياشىيالمايدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. چۈن چى توساتتىن ئۇنىڭغا بىر بۆلەك خۇشال، راھەت ئەسلىمە بېرىشنى ئويلاپ قالدى. مۇشۇنداق بولغاندا، ئۇ ئانچە ئازابلانمايلا ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن.

بۇ ئۇنىڭ بالىغا بېرەلەيدىغان بىردىنبىر سوۋغىسى. ئۆزى بىلەن ئارازلىق تەقدىرى چېتىلغان بۇ بالىغا ھازىرغىچە ھېچنېمە بېرىپ باقمىغانىدى.

چۈن چى يىغقان قۇلۇلە قاپلىرى ئىچىدىن كىچىككىنە مارجان رەڭلىك، ئالتۇن جىيەكلىك چىپار قۇلۇلىدىن بىرنى ئالدى. بۇ كىچىككىنە قۇلۇلىگە ناھايىتىمۇ كۆڭۈللۈك بالىلىق خاتىرىلىرى يوشۇرۇنغانىدى. ياز ئاخشىمى، شاللىق ۋە تاغ جىلغىسى ئارىسىدىن پاقىلارنىڭ كۇرۇلداشلىرى ئاڭلىناتتى. ئاسمان شۇنچىلىك يورۇق، خۇددى ھەر كۈنلا ئايدىڭ ئاخشام بولىدىغاندەك قىلاتتى. بالىلار ئۆستەڭ بويىدا ئوينىشاتتى. كېيىن شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كەتتى، بالىلار نىلۇپەر يوپۇرماقلىرىنى ئۈزۈپ، ئۈستىدىكى تامچىلارنى قېقىۋېتىپ، باشلىرىغا دۈم كۆمتۈرۈپ كىيىۋېلىشتى، قويۇق قومۇشلۇقنى دالدا قىلىشتى. بىراق، ھېچقايسىسى بۇ يامغۇردىن ھەقىقىي ئۆزىنى قاچۇرغىنى يوق. كېيىن، ئۇلار كەشلىرىنى سېلىۋېتىپ، يامغۇردا قوغلاشماق ئويناشتى.

شياۋشىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى. ئاي نۇرى ئاستىدا يۈگۈرمەكتە. ئارقىسىغا قاراپ، نۇرغۇن نىلۇپەر گۈلىدەك ئاپئاق ئوماق يۈزلەرنى كۆردى. يامغۇر تامچىلىرى ئارىلاش ئىزغىرىن شامال يېنىش - يېنىشلاپ يۈزلىرىنى سۆيۈپ ئۆتمەكتە. ئۇنىڭ مۇشۇنداق يۈگۈرگىنىچە ئۇيقۇغا كەتكۈسى كەلدى. ئەمما، شۇ ئەسنادا ھاياتلىق غالىب كەلدى، خۇددى ھەممىدىن بەك ئەتىۋارلاشقا تېگىشلىك ئەڭگۈشتەردەك.

ھىم يېپىلغان ئۆي، بارلىق نۇر ئۆتىدىغان جايلار توسۇۋېتىلگەن. چۈن چى بالىنىڭ تىرناقلىرىنى ئالدى، ئىلمان

سۇدا بارماقلىرىنى پاكىز يۇدى . ئاشۇ مىنۇتلاردا بۇ قوللار تولىمۇ مۇزدەك ئىدى . چۈن چى بۇ قوللارنى خىلغىچە سقىملاپ ئىللىتقاندىن كېيىن ، قۇلۇلە قېپىنىڭ ئۇستىگە قويدى ، ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ قۇلۇلە قېپىنى سىلاتتى . بالا دەسلەپتە ھېچنېمىنى ئۇقالمىدى ، بارماقلىرى كەڭ ئېچىلغان ، تىرناقلىرى قۇلۇلە قېپىغا سۇركەلگەندە غىچىر - غىچىر ئاۋاز چىقىپ كەتتى . بىراق ، چۈن چى بەكلا سەۋرچان بولدى . ئۇ ئۇنىڭ قوللىرىنى يېنىش - يېنىشلاپ سۇركەپ ئۆتتى . چۈن چىنىڭ ئىللىق ھەم يۇمشاق بارماقلىرى ئۇنىڭ قولىنىڭ ئۇستىگە قويۇلۇپ ، قۇلۇلە قاپلىرىغا سۇركىلىپ نۇر چىققاندا ، شياۋشىڭنىڭ بارماقلىرىغىمۇ ئاشۇ شەبنەم سۇيىدىنمۇ نازۇك ئاھاڭلار ئۇرۇلدى . ئۇ بۇ سېھىرلىك تۇيغۇنىڭ تۇرتكىسىدە قېتىپلا قالدى ، بۇ تۇيغۇ ئۇنى مۇھاسىرىگە ئالدى ، ئۇنىڭ كېسىلىمۇ شۇ ئىزدا توختاپ قالدى . گۈزەل ئەسلىمە گويا بىر كاللەك يىپتەك ئۇنى بىر ئۇچىغا چىگىپ ، رەڭگارەڭ دۇنياغا ئەگەشتۈرۈپ ماڭدى .

جۇڭ چيەن چۈن چىنىڭ زادى نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلمىدى . شياۋشىڭ ئۆلەي دەۋاتسا ، ئۇنى قۇلۇلە قاپلىرى دۇنياسىغا سۆرەپ كىرىپ نېمە قىلىدىغاندۇ ؟ ئەجەبا شياۋشىڭنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش بۇ دۇنياغا ھېچقانداق ئىنتىلىشى يوق ئادەم قىلماقچىمىدۇ ؟ جۇڭ چيەن ئۇنى توسۇسقا ئۇرۇندى ، لېكىن چۈن چى ساراڭلاردەك ۋارقىراپ - جارقىراپ ئۇنى دەرھال چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى .

ئۇ بىر بۆلەك ئەسلىمىگە شياۋشىڭ ئۈچ كۈن غەرق بولدى . چۈن چى ئۇنى يېتىلگىنىچە بۇ ئەسلىمىدىن قايتىپ چىققىنىدا ، يەنە بىر يېڭى سەھەر باشلانغانىدى . چۈن چى دېرىزىنى توسۇپ قويغان پاخاللارنى قايرىپ ، دېرىزىنى ئاچتى . ئەسلىدە سىرتتا يامغۇر يېغىپتىكەن - دە ، دەرەخ شاخلىرىدا قېلىپ قالغان يامغۇر سۇلىرى چىك - چىك قىلىپ يەرگە چۈشۈۋاتاتتى . شياۋشىڭ يۆگەكتە قىمىر قىلماي ياتاتتى . چۈن چى بوۋاقنىڭ يېرىم يۇمۇلغان

كۆزلىرىنى سىلاپ، ئۇ ناھايىتى رازى بوپتۇ، دەپ ئويلىدى. بىراق، ئۇنىڭ قاڭشارلىق بۇرنى (تۆگىنىڭكىگە ئوخشاش) ئاستىدىن ھېچقانداق تىنىقنى تاپالمىدى.

چۇن چى شياۋشىڭنىڭ ئۆزىنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆلۈپ كېتىشىگە چىداپ تۇرالمىدى، ئۇنى تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

چۇن چى دېڭىز بويىدا خېلى ئۇزاققىچە ماڭدى. سۇڭ سۇڭنىڭ جان ئۇزۇش ئالدىدا بالىنى ئۆزىگە تاپشۇرغان كۆرۈنۈشلىرىنى يادىغا ئالدى. ھەممە شۇنداق دەبدەبىلىك، تەرتىپلىك ۋە سىستېمىلىق. ئۇ ھەمىشە ئۆزىنى شياۋشىڭنىڭ سىياقىنى كۆرۈپ باققاندەكلا ھېس قىلاتتى. شياۋشىڭ تۇغۇلغان چېغىدا ئۇنىڭ كۆز ئالدى يورۇغان ئەمەسمىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۇنىڭ چىرايىنى، ئۆزى بىلەن چېتىشلىق تەقدىرىنى ئېنىق كۆرۈپ بولغانىدى. شۇڭا، قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا بۇ بالا مېنى تاشلاپ كەتمەيدۇ، دەپ ئويلايتتى.

ئۇ يىراقراق يول بىلەن گۇگۇم چۈشكەندە ئاندىن ئۆيگە قايتتى. بوسۇغىدىن ئاتلىشىغا، جۇڭ چيەن ئوقتەك كېلىپ ئۇنىڭ بىلەكلىرىنى قاماللىدى:

— ئۇ ئويغىنىپ قالدى. ئۇ ساقىيىپ قالدى دېسە، بۇ بىر مۆجىزىغۇ!

چۇن چى بېشىنى لىڭشىتتى، چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادىمۇ يوق، كىچىككىنە خۇشاللىقنىڭ ئىزناسىنىمۇ تاپقىلى بولمايتتى. ئۇ ھەتتا شياۋشىڭنىڭ قېشىغا كېلىپ قاراپمۇ باقماي، ئارقىسىغا يېنىپ چىقىپ كەتتى. نېمە ئۇچۇنكىن، شياۋشىڭ راستتىنلا تىرىلىپ ئۇنىڭ قەلبىدىكى سەزگۈسىنى ئىسپاتلىغاندا، ئەكسىچە كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى.

ئۇنىڭ تۆگىنى چۇشىمىگىنىگە خېلى ئۇزۇن بولدى. ئۇ ھازىر ياخشى تۇرۇۋاتقاندىمۇ؟ ئۇ ئوغلىنىڭ بىر بالادىن قۇتۇلۇپ، ئامان-ئېسەن قالغانلىقىنى ھېس قىلغانمىدۇ؟ — ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى شۇنچە كۆپ تۇرسا، ھېس قىلالمايدۇغۇ دەيمەن. ئۇنداقتا، تۆگە ئۇنى ئېسىگە ئېلىپ قويارمۇ؟ ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىن

باشتىن ـ ئاخىر ۋاز كەچمىگەنلىكىنى بىلەلەمدىغاندۇ؟ ئۇ قىپقىزىل تاپانلىرى بىلەن ئۆزى قولۇلە سونۇقلىرىنى يېيىتىپ ياسىغان يولنى دەسسەپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇ قان بىلەن بويالغان تىكەنلىك بۇ يولنىڭ ھامان بىر كۈنى قىزىل پاياندازغا ئايلىنىپ، تۆگىنىڭ ئالدىغىچە تۇتىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئەلۋەتتە، تۆگىنىڭ شۇنچە كۆپ خوتۇن، توقاللىرى تۇرسا، نەدىمۇ ئۇنى ھەمىشە ئويلاپ يۈرسۇن؟ ئەمما، سۆڭ سۆڭنىچۇ، ئۇنىڭغا تۇيغۇسى بارمىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆڭلى تۇيغانمىدۇ؟ ئەگەر بىر كۈنلەردە بىلىپ قالسا، ئۇنىڭ ئۇچۇن كۆڭلى يېرىم بولارمۇ؟

بۇ خىياللار خۇددى دېڭىز دولقۇنلىرىدەك، يېنىش ـ يېنىشلاپ ئۇنىڭغا قاراپ يوپۇرۇلۇپ كېلەتتى. ئۇلارنى توسۇشنىڭ بىردىنبىر ئامالى شۇكى، ھەرقانداق ئىش ئۇچۇن ئەمدى ھېسسىيات تەۋرەتمەسلىك.

# كېيىنكى بۆلەك

## 1

چۈن چىنىڭ شياۋشىڭنى بېقىپ بۇ ئارالدا ياشىمىقى تولىمۇ جاپالىق بولدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ جۇڭ چيەنىنىڭ ياردىمىنى رەت قىلدى. لىيەنيەن ئارىلى ئالىقانچىلىكلا يەر بولغاچقا، ھەممە يەرلەرگە تۆگە بىلەن سۇڭ سۇڭغا ئائىت ئەسلىمىلەر تولۇپ تۇراتتى. بۇلار چۈن چىنى بۇ يەردىن كېتىپ، بالىنى بېقىپ چوڭ قىلغۇدەك جاي تېپىشقا مەجبۇر قىلدى.

ئەڭ ئاخىردا ئۇ بالىنى جۇڭگوغا ئەكېتىشنى قارار قىلدى. جۇڭگودا ئۆتكەن كۈنلىرىگە ئائىت خاتىرىسىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان بولسىمۇ، بىراق قۇلۇلە قاپلىرىدىن يولۇقتۇرغان ئەسلىمىلىرى ئىچىدە دېڭىزغا دەپنە بولغان جۇڭگولۇقلار ھەققىدىكى ئەسلىمىلەر ناھايىتى مول ئىدى. شۇڭا، جۇڭگو يىراقتىكى چۈش بولۇپ قالغانىدى. چۈن چىنىڭ قايتىپ بارغۇسى كەلدى. ئۇ يەردە بۇ بالىنى باقماق سەل ئوڭايغا چۈشسە ئەجەب ئەمەس.

ئۇ سۇڭ سۇڭنى ئەسلىدى. سۇڭ سۇڭنىڭ ئاپىسى جۇڭگولۇق، بىراق سۇڭ سۇڭ جۇڭگوغا زادىلا بېرىپ باقمىغان. چۈن چى ئۇنىڭ بىلەن جۇڭگوغا بىللە قايتىشقا ۋەدىلەشكەن ئەمەسمىدى؟ ئاجايىپ چوڭ كېمىگە ئولتۇرۇپ، مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان دېڭىز قىرغىقى لىنىيىسىنى بويلاپ يۇقىرىغا مېڭىپ، قىش كۈنلىرىنىڭ شىمال شامىلى جاندىن ئۆتىدىغان قەھرىتان سوغۇقىدا پىرىستانغا يېتىپ كەلگىنىدە، ئۇ يەردە بەلكىم غاز پەيلىرىدەك لەپىلدەپ قار ياغىدىغاندۇ. كۆپچىلىك ھەممە ئىش - ئوقەتلىرىنى تاشلاپ، ئىشىك - تۈڭلۈكنى تاقاپ چاغان تەييارلىقىغا چۈشۈپ،

يېڭى يىلنى ھەم بايلىق ئىلاھىنى كۈتۈۋېلىشقا ئالدىرايدىغاندۇ . ئۇلار ئىسسىق بەلۋاغدا بۇنداق يېقىشلىق مەنزىرىلەرنى كۆرگىنى يوق . ئۇ چاغدا ئۇلار جۇڭگولۇقلارنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئېسىل يۇرتىنى تاشلاپ ، شۇنچە يوللارنى بېسىپ ، بۇ چۆلدەرىگەن مالايا تاقىم ئاراللىرىغا كەلگەنلىكىنى چۈشىنەلمىگەنىدى . ئەلۋەتتە ، چۈن چىمۇ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ جۇڭگودىن مالايا ئاراللىرىغا بېرىپ قالغانلىقىنى چۈشىنەلمەيتتى .

ئۇ چاغلاردا ئۇلار تېخى گۆدەك قىز ئىدى ، دەرەخ شاخلىرىغا خۇددى ئۇلارنىڭ مېۋىلىرىدەك قونۇۋېلىپ يىراقلارغا قارايتتى . دېڭىز ئۇلارغا پەقەت بىر پارچە رەڭدار ئېتىزدەكلا بىلىنەتتى ، ئۇنىڭدىن ئارتۇقچە ھېچنېمە كۈتمەيتتى . ئۇلار ئۈچۈن ھايات تولىمۇ ئۇزۇن بىلىنەتتى ، سان - ساناقسىز قاراڭغۇ كېچىلەردىن تەركىب تاپقان ، خۇددى ئۇزۇن قاراڭغۇ كارىدوردەك ، ئۇ بېشىغا كۆز يەتمەيدىغاندەك ھېس قىلىشاتتى . بىراق ، قىزچاقلار خاتالاشقانىدى . ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆمرى بىر قۇياشقا ئوخشايدۇ ، ھەر كۈندىكى نۇرى ئالدىنقى كۈندىكىدىن خىرەرەك بولىدۇ . سۈك سۈڭنىڭ قۇياشى بەك ئۇلۇغ كۆيۈپ كەتتى ، شۇڭا تېزلا كۆيۈپ تۈگىدى .

ئەمدىلىكتە ، نەچچە يىل ئۆتمەيلا ئىككىلا قىز ئانا بولدى ، مۇھەببەت ھىجرانىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى ، ئاقىۋەتتى تولىمۇ ئېچىنىشلىق بولدى : لاۋۇلداپ تۇرغان ئىككى ئوت شارى بىر - بىرىگە يېقىنلىشىۋىدى ، ئۆلۈش - يارىلىنىش كېلىپ چىقتى . يارىلانغىنى ئۆلگىنىنى دەپنە قىلدى ، ئۆزلىرىنىڭ تولۇن ئايدەك گۈزەل ، قىزىل گۈلدەك چىرايلىق چاغلىرىنىمۇ قوشۇپ دەپنە قىلدى .

ئۇ ئاخىر جۇڭگوغا بارىدىغان كېمىگە چىقتى . بۇ كېمە دەل ئىلگىرى سۈك سۈك غەزەلخانلىق قىلغان كېمە ئىدى . بۇ ھەرگىزمۇ بىر تاسادىپىيلىق ئەمەس . چۈن چى مۇشۇ كېمىگە چىقىشنى ئويلاپ قويغانىدى ، شۇڭا لىيەنيەن ئارىلىدىكى پرىستاندا

بىر ئايدىن ئارتۇق تۇرۇپ قالدى. كېيىندىكى غەزەلخان پاھىشىلەر ئىلگىرى سۇڭ سۇڭ بىلەن بىرگە ئىشلىگەن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەچچىسى ئۇنىڭ بىلەن خېلى يېقىن دوست ئىدى. ئۇلار سۇڭ سۇڭنىڭ چوقۇندۇرۇلۇش مۇراسىمىغىمۇ كەلگەن، كېيىن ئۇنىڭ ئۆلمىنىمۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېچىنغانلار ئىدى. ئاشۇ قېتىمدا چۈن چى ئۇلار بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى. چۈن چى جۇڭگوغا كەتمەكچى بولغانىدىن بۇيان، لىيەنيەن ئارىلىدىكى پرىستاندا ئۇلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. چۈن چى ئىككى كىشىلىك ئورۇنغا موھتاج ئىدى. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ ئەڭ ھەشەمەتلىك كېمە بولغاچقا، كۆرگەنلا ئادەم ئولتۇرالمايتتى. غەزەلخان پاھىشىلەر چۈن چىنىڭ يۈزىنى قىلدى، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىغا ئالدى، يېتىپ - قوپۇشى بىللە بولدى. شۇنداق قىلىپ، چۈن چى ھىندى ئوكياندىكى ئەڭ قىممەت كېمىگە قەدەم باستى.

ئۇلار چۈن چىگە ئەينى يىللاردا سۇڭ سۇڭ ياتقان كارىۋاتنى كۆرسەتتى. سۇڭ سۇڭنىڭ بالىسى بۇ كارىۋاتتا ياتسا، كۆپچىلىك ئەلۋەتتە باشقىچە پىكىردە بولمايتتى. ئاتمىش نەچچە كۈنلۈك سەپەردە چۈن چى بىلەن شياۋشىڭ ئاشۇ ئىلگىرى سۇڭ سۇڭغا تەۋە بولغان كارىۋاتتا ياتتى. بۇ شياۋشىڭنىڭ تۇغۇلغانىدىن بۇيان ئاپىسىغا ئەڭ يېقىنلاشقان ۋاقتى. نەقەدەر يېقىن، گەرچە كېيىن نۇرغۇن كىشىلەر يېتىپ باققان بولسىمۇ، بىراق كارىۋاتتا سۇڭ سۇڭنىڭ ھىدى يەنىلا شۇنداق كۈچلۈك، باشقا پۇراقلار بېسىپ كېتەلمىگەنىدى. شياۋشىڭ نۇرغۇن غەلىتە چۈشلەرنى كۆردى. ئۇ لەرزان لەيلەپ تۇرغان گۈزەل ئايالنىڭ ئۇنى چۈن چىنىڭ قېشىدىن يىلتىزىدىن قومۇرۇپ ئەكەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىدى. ئۇ ئويغىنىپ، بېشىنى چۈن چىنىڭ باغرىغا مەھكەم يېقىپ يىغلاپ كەتتى.

بۇ يىغا بەلكىم چۈن چىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورققانلىقى ئۈچۈندۇر ۋە ياكى ئانا - بالىلىقتىن ۋاز كەچكەنلىكىدىندۇر.

ئەمما ، بۇ مۇقەررەرلىكتەك قىلاتتى . ئۇ ئاپىسى بىلەن بەك بالدۇر ۋىدالاشتى ، تەقدىر يىلتىزلىرى ئۈزۈلدى ، ئۇنىڭغا ئەمدى يېقىنلىشىشقا ئامالى يوق .

بىراق ، شياۋشىڭ ئەمدىلا ئىككى ئايلىق بولغاچقا ، ئۇنىڭ گۇڭگۇلداشلىرىنى چۈن چى چۈشىنەلمەيتتى . چۈن چى پەقەت ئۇنىڭ چۈشىدە ئاپىسىنى ئۇچرىتالىغانلىقىنى بىلەلىدى . ئۇ توساتتىن ، بۇ بىر مەزگىلدە ئۆزىنىڭ شياۋشىڭغا بەكلا ئۇۋال قىلغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى . شۇڭا ، سۇڭ سۇگىنىڭ كارىۋىتىدا يېتىپ ، ئۇنىڭ بىلەن دوقمۇدوق ئۇچراشقىنىدا بەكلا خاتىرجەمسىزلەندى .

## 2

جۇڭگوغا قايتىش سەپىرىدىكى كېمىدە ۋاقىت خۇددى ئاياغ ئاستىدىكى دېڭىز سۈيى تەرىپىدىن قاپسىلىپ قالغاندەكلا قىلاتتى . دولقۇنلار ئىككى يىلدىن بۇيان يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ تېرىپ ـ تۆشەپ ، دېڭىز مەركىزىدە مۇستەھكەم بىر يوشۇرۇن خادا تاشقا ئايلاندۇردى ، كۆرگىلى بولمايدۇ ، ئەمما سوقۇلۇپلا كەتسە ، ئەتراپقا بۇژغۇنلار چاچرىتىدۇ . كېچىلىرى كېمىدىكى دەبدەبىلىك مۇراسىملار زادىلا توختاپ قالغىنى يوق . سالىيوت ۋە ناخشا ـ مۇزىكىلارغا چۈمۈلگەن كىشىلەر ھەممىنى ئۇنتۇپ ، ئۆز خاھىشى بويىچە ئىچىلىپ ـ يېيىلىپ ئويناۋاتىدۇ . ئۇلار شۇنچىلىك خۇشالكى ، غۇبارسىز بوۋاقلارغىلا ئوخشايتتى . ئەجەبا ئۇلارنىڭ ئەسلىمىلىرى يوقمىدۇ ياكى ئەسلىمىلىرى شۇنچىلىك ئەرزىمەسمىدۇ ؟ خۇددى ئۇچىسىدىكى ئىسسىق بەلۋاغ كەندىرىدىن توقۇلغان كىيىملەردەك ، ئۇلارغا ھېچقانچە ئېغىر بىلىنمەمدىغاندۇ ؟ ھېچكىم بۇلۇڭدا ئولتۇرغان ئەما قىزنىڭ ساندال كۆجىسىنى يېقىپ ، يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان ئەسلىمىلەرنى ئاستا ـ ئاستا ، بىر پارچە ـ بىر پارچىدىن تاشلاۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلمايتتى .

ھېسابلاپ كەلسە ، سۆڭ سۆڭ بىلەن ھەقىقىي بىللە ئۆتكەن ۋاقىت نەچچە ئايغىمۇ يەتمەيدىكەن . ئەمما ، نېمە ئۈچۈن چۈن چىدە ھەمىشە بىر خىل خاتا تۇيغۇ پەيدا بولۇپ قالىدۇ ؟ ئۆتكەن ئىككى يىلنىڭ ھەممىسىنىلا سۆڭ سۆڭ بىلەن قول تۇتۇشۇپ ئۆتكۈزگەندەك ھېس قىلىدۇ ؟

سۆڭ سۆڭ ھەقىقەتەن ئۆزىنى چۈن چىنىڭ ھاياتىغا ئورنىتىۋېتەلىدى . ئۇنداقتا ، چۈن چىمۇ ئۇنى ئويلىماي تۇرالمايتتى . ئۇ ئۆزىنى تۆگىنىڭ ھاياتىغىمۇ چوڭقۇر ئورنىتىۋېتەلىگەنمىدۇ ؟ چۈن چى ئىزچىل تۆگە بىلەن سۆڭ سۆڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلارنى ئويلىماسلىققا تىرىشتى . ئۇ ھەمىشە ياخشى تەرەپكە بۇراپ ئويلاپ باقاتتى . ئۇ پەقەت سۆڭ سۆڭنىڭ بىر قېتىملىق ئۆچ ئېلىشى ، پەقەت قىسقىغىنا بىرنەچچە كۈنلۈك ئۇچرىشىش ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئەسلا ھېچقانداق ھېسسىيات يوق . ئەمما ، بۇنداق قىياسلار ئۇنى ئازراقمۇ بەزلىيەلمەيتتى . چۈنكى ، بۇ ئەسلىمىلەر سۆڭ سۆڭدەكلا جازىبىدار بولغاچقا ، كىشىنى ئارامىدا قويمايتتى .

بىر كوچا كۆيۈپ بولدى ، كۈللىرى چۈن چىنىڭ ئالقانلىرىدا قالدى . ئۇ يەنە بىرنى ئەشتى .

ئۇ سۆڭ سۆڭ بىلەن تۆگىنىڭ بىللە بولغان ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا تىرىشتى . ئۇلار ئۇنىڭغا نەقەدەر تونۇش ـ ھە ! ئەمما ، يەنىلا ئۇ ئىككىسىنىڭ بىللە ئۆتكەن كۆرۈنۈشلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدى . ئۇلار ئۇنى تىلغا ئېلىشقانمىدۇ ، قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇنى تىلغا ئالغاندۇ ؟ كۈلۈمسىرىشىپ سۆزلەشكەنمىدۇ ياكى قاپاقلىرىنى تۈرۈپمۇ ... ئۇ خۇددى ئۇلارنىڭ پىلدىرلاپ تۇرغان جىنچىراغ تۈۋىدە ئۆزى توغرۇلۇق ئاستاغىنا پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى . سۆزلىشىپ بولۇپ ئاستا ـ ئاستا يېقىنلاشتى ، كىيىملىرىنى يېشىشتى ، جۈپلەشتى . بۇ يوشۇرغىلى بولمايدىغان كۆرۈنۈش سان ـ ساناقسىز قېتىم ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىۋېلىپ ، ئۇنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان تاشلىنىپ قالغان

ئىستەكلىرىنى ئويغاتتى. ئۇ جاقىلداپ تىترەپ كەتتى.

ئۇنىڭ ھېچنېمىسى قالمىغانىدىغۇ، ئۇلار نېمە ئۈچۈن يەنە بولدى قىلمايدۇ. ئۇنىڭ قاقشال تېنىنى قىدىرىپ، ئەڭ ئاخىرقى كىچىككىنە ئىستىكىنىمۇ تارتىپ چىقمىسا بولماسمىدى. ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، پالوبىدا ئۇخلاۋاتقان بوۋاقنى سىلاشتۇرۇپ تاپتى ـ دە، تارتىپ قۇچىقىغا ئالدى. بوۋاق ئويغىنىپ، راھەتلىنىپ ئەسنىدى. بۇ گۇناھتىن تۆرەلگەن جان تېخى خۇشاللىقتا چۆمۈلگەن ھالدا كىچىككىنە قوللىرى بىلەن چۈن چىنىڭ يۈزلىرىنى تۇتتى، ئاندىن پاقىلدىتىپ ئۇرغىلى تۇردى، ئېغىزىدا توختىماي بىرنېمىلەرنى گۇڭگۇرايتتى. مەيلى قاچانلا بولسۇن، ئۇنىڭ چۈن چى بىلەن ئوينىشىش قىزغىنلىقى پەسىيىپ قالمايتتى. چۈن چى تۇيۇقسىز قولىدىكى كۆيۈۋاتقان يېرىم كۆچىنى شياۋشىڭنىڭ ئوچۇق تۇرغان مەيدىسىگە كۆچەپ باستى. بەك كۆچىۋەتكەچكىمۇ، كۆچە ئوشتىلىپ كەتتى. كۆچە كۈللىرى ھەر يانغا ئۇچتى. ئۆزىنى بىلەلمەي قالغان كەپسىز بالا ئاخىر جىم بولۇپ، ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ كېتىپ، خىرىلدىن كېيىن «ھا» قىلىپ يىغلاپ كەتتى.

*ئايلانما شەكىللىك پەلەمپەينى بويلاپ پەسكە چۈشسىڭىز بۇ يەردە كۆمۈلۈپ ياتقىنى بىر دوزاخ ئەمەس، بەلكى خانلىق دۆلەت. مېڭىشۋەرسىڭىز، بوران ئاۋازى قۇلاقلارنى گاس قىلغاندا، چاڭ ـ توزانلار كۆزلەرنى كور قىلغاندا، تىكەنلەر پۇتلارغا چىرماشقاندا، ئەسلىمىنىڭ ئىگىسى ئاستا ـ ئاستا پەيدا بولىدۇ.*

*ئىسپانىيىلىكلەرگە ياللىنىپ ئىشلەشتىن بۇرۇن، ئۇلار مۇنداق قۇرتنى زادىلا كۆرۈپ باقمايتىكەن، ئۇ ئاپئاق كاللەك يىپىتەك، كاكتۇس دەرىخىدە ياشايدىغان پارازىت قۇرت. ئۇلار قۇرتلارنى ئاپپاپپا قۇرۇتقاندىن كېيىن، ئېزىپ قارىسا، ئىچى كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك قىزىلكەن. ئىسپانلار بۇنى «پارس قىزىلى» دەپ ئاتىشىپتۇ.*

بۇ قۇرت ئىسپانىيىلىكلەرنىڭ گۆھىرى ئىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇلار بۇنى يېگىلى بايقىغان بىر قۇرۇقلۇقتىن تېپىپتىكەن. ئايلاندۇرۇپ يۇرۇپ مالايا تاقىم ئاراللىرىغا ئېلىپ كەپتۇ. ئۇلار ئۇنىڭدىن بوياق ياسايدىكەن — ئوچۇق ھال رەڭ بوياق ياساپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ساتىدىكەن.

ئۇلارنىڭ ئەسلىدە بىر پارچە كاۋچوكزارلىقى بار ئىدى، بىراق كېيىن ئىسپانىيىلىكلەر تارتىۋالدى. ئۇنىڭ دادىسى بىلەن ئاكىسى ھازىر شۇ جايدىكى بىر كاندا ئىشلەيدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئالتۇن قازىدىكەن. ئەمما، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ۋەزىپىسى بىرمۇنچە قىرلىق تاشلارنى توشۇشىكەن. ئۇ بۇ كۆكۈچ تاشلارنى ياقتۇرمايدىكەن، ئۇنىڭدىن كۆرە، قۇرتلار بىلەن ھەپىلىشىشكە رازى ئىكەن.

ئۇنىڭ خىزمەت ئورنى كەڭ ـ كۇشادە لاپاس ئاستىدا. گەرچە ۋەيرانە كۆرۈنسىمۇ، ئۆگزىسىگە پالما يوپۇرماقلىرى قويۇق يېپىلغاچقا، يامغۇر ئۆتمەيتتى. كاكتۇس ئازراق نەملىكى بار سالقىن مۇھىتتىمۇ بىر تۇركۇم قۇرتلارنى بەش ئاي باقالايتتى. ئۇ ئاشۇ قۇرتلارنى كاكتۇس ئۈستىدىن تېرىۋېلىپ، قىزىق ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، ئاندىن تالقاندەك ئېزەتتى. بۇ قۇرت تالقانلىرىنى دەرەخ ياپراقلىرى ۋە لىمون سىيلىنغان قايناق سۇغا سېلىپ ئارىلاشتۇراتتى. سالغان قۇرت تالقىنىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى ھال رەڭنىڭ قېنىق ياكى سۇس بولۇشىنى بەلگىلەيتتى. بەلكىم ئۇ رەڭلەرگە تۇغما سەزگۈر بولسا كېرەك، ئۇ تەڭشىگەن ھال رەڭ تولىمۇ ئالاھىدە بولۇپ، كۆزنى قاماشتۇراتتى.

ئۇ ئۆزى ياسىغان بوياقنىڭ ئىسپانىيىنىڭ چىركاۋلىرىدىكى تورۇس ۋە تام رەسىملىرىگە، فرانسىيە ئاق سۆڭەك خېنىملىرىنىڭ شايى كۆڭلەكلىرىگە، ئەنگلىيە مۆتىۋەرلىرىنىڭ قالپىقىنىڭ پۆپۈكلىرىگە ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئاڭلىدى. ئىسپانىيىلىكلەر بۇ ئارالنى پەقەت قىسقىغىنا بىر مەزگىللىك سودا ئالماشتۇرۇش بېكىتى قىلدى، كېيىن ئۇلار تىجارىتىنى تېخىمۇ يىراق ئەللەرگە

*كېچەيتتى ، ئۇنىمۇ بىللە ئېلىپ كەتتى ، چۈنكى ئۇ تەڭشەپ چىققان ھال رەڭ بەكلا گۈزەل ئىدى .*

*ئۇ ھاياتىدىكى نۇرغۇن چاغلىرىنى تەرەپ - تەرەپلەرگە قاتناپ يۈرگەن چوڭ كېمىلەردە كاكتۇس يېتىشتۈرۈش ، ئاق قۇرت بېقىش بىلەن ئۆتكۈزدى . ئەڭ ئۇنتۇمايدىغىنى ، جۇڭگوغا بارغان ئاشۇ كەچۈرمىشى . ئۇ ئۇ يەردىكىلەرنى بەكلا يېقىشلىق ھېس قىلدى . بۇ بەلكىم ئۇلارنىڭ ئۆزى بىلەن ئورتاق ئەجدادتىن بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك . ئەپسۇسلىنارلىقى ، ئۇ بىر ئېغىزمۇ خەنزۇچە گەپ بىلمەيتتى . ئۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئىشلىدى ، ئۇلارغا رەڭ تەڭشەشنى ئۆگەتتى . شۇ چاغلار ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ خۇشال چاغلىرى . جۇڭگودىن كېتىپ كۆپ يىللار ئۆتتى ، ئۆگىنىۋالغان خەنزۇچە گەپلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتى . بىراق ، جۇڭگولۇق قىز ئۆگىتىپ قويغان بىر ئېغىز گەپ يادىدا قالدى . ئۇ قىز ئۇ ياسىغان ھال رەڭنى ئىككى مەڭزىگە سۈسقىنا سۈرتكەندىن كېيىن ، ئېڭىشىپ كاكتۇس ئۈستىدىكى مىتى - مىتى قۇرتلارنى كۆرسىتىپ ، ئۇلارغا ئىسىم قويدى — ئەڭلىك قۇرت .*

3

راستىنى ئېيتقاندا ، كېمىدىكى تۇرمۇش ناھايىتى راھەت ئىدى . چۈن چى تىرىكچىلىك ئۈچۈن باش قاتۇرۇپمۇ يۈرمەيتتى . ئاشۇ غەزەلخانلار سۆڭ سۆڭنى سېغىنغاچقا ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ كېلىۋاتاتتى . ئىلگىرى مۇساپىرلار لاگېرىدىكى چاغلاردا چۈن چى تولىمۇ تارتىنچاق ھەم ھاكاۋۇر ئىدى ، كېمىدىكى غەزەلخانلار پەقەتلا كۆزىگە سىغمايتتى . بۇ بىرنەچچە كۈنلۈك ئۇچرىشىش جەريانىدا ، ئۇلارنىڭمۇ نۇرغۇن يېقىشلىك تەرەپلىرىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇزۇن مۇددەت پايانسىز دېڭىزدا لەيلەپ يۈرۈپ غەزەلخانلىق قىلىپ ھايات كەچۈرۈش ئۇلارغا بۇ تەرتىپسىز تۇرمۇشنى قەدىرلەتكۈزۈش بىلەن بىللە ، ئاشۇ خۇشال مىنۇتلارنى بەتخەجلىك بىلەن ئىسراپ

قىلدۇراتتى . ئۇلارنىڭ خاراكتېرى سەممىي ، ناھايىتىمۇ ئەركىن ياشايدۇ . ئۇلار خۇشاللىقى ۋە قايغۇلىرىنى زادىلا ئىچىگە سالمايدۇ ، يوشۇرمايدۇ ، ھەممە ئىشى ئوچۇق - ئاشكارا ، خۇددۇكسىرەپ يۈرمەيدۇ ، خۇددى كېمە ماچتىسىدىكى دېڭىز شامىلىدا لەپىلدەپ تۇرغان بايراقتەكلا .

بىراق ، چۇن چى ئۇلارنىڭ ئەرلەر بىلەن ئارىلىشىش ئۇسۇلىنى يەنىلا كۆزىگە سىغدۇرالمىدى . ئۇلارنىڭ نازۇكەرەشمە قىلىشلىرى ، ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ قاقاقلاپ كۈلۈشلىرى ، تۇتۇرۇقسىز پەسكەشلىكى ، ھەتتا ئادەم تاللىماسلىقى ، ھەرقانداق ئەرگە ئوخشاشلا مۇئامىلە قىلىشلىرى ئۇنىڭغا پەقەتلا ياقمىدى . ئۇنىڭ ھېسسىيات كەچۈرمىشلىرى ئۇنىڭ ئاشۇنداق مۇھەببەتكە بىپەرۋا قارايدىغان ، ئۆزىگە نېمە كېرەكلىكىنىمۇ بىلمەيدىغان كىشىلەرنى ياقتۇرماسلىقىنى بەلگىلەپ بولغانىدى . ئۇ ھەمىشە ، سۇڭ سۇڭنىڭ كېيىن تۆگىنى ئىزدەپ بېرىپ ، ئۇنىڭ بىلەن ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلغىنىنى ئۇنىڭ دېڭىزدىكى غەزەلخانلىق كەچۈرمىشى بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلاپ قالاتتى .

جۇڭ چيەنمۇ ئۇنىڭغا تۇيدۇرماستىنلا مۇشۇ كېمىگە چىقتى ، ئۇنىڭغا يوشۇرۇنچە كۆز - قۇلاق بولدى . غەزەلخانلار كونا دوستىنىڭ كېمىگە يەنە قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇش بولۇشتى ، كەچتە ئۇنى زورلاپ ھاراق ئىچكىلى ئاچىقتى . يەنىلا شۇ قىزلار ئۆزلىرى ئېچىتقان ھاراق . تۈن نىسپى ، نەچچە پانۇس ئاستىدا ، ئۇ كەينى - كەينىدىن نەچچە قەدەھ ئىچىۋىدى ، تېزلا تۇتۇپ مەست بولدى .

جۇڭ چيەن ھاراقنى قەدەھكە تولدۇرۇپ قۇيدى ، ئاي ۋە نەچچە يۇلتۇز قەدەھتە جىلۋە قىلدى ، خۇددى ھاراقتا نەچچە تال ئىنتياڭىقى گۈل بەرگى لەيلەپ چايقىلىپ تۇرغاندەكلا كۆرۈنۈپ كەتتى . بىراق ، بۇ مۇمكىن ئەمەس - دە . ئەمەلىيەتتە ، كېمىدە ھېچكىم ئىنتياڭىقى گۈلىدە ھاراق ئىچمەيدۇ . ئۇ ئاشۇ كۈنى ئاشۇ ئىنتياڭىقى گۈلىدە

هاراق ئېچىشىدىغان قىز بىلەن روبىرو ئولتۇرۇپ هاراق ئىچىشكەن كۆرۈنۈشلەرنى ئەسلىدى . ئۇ بۇرۇنلا بىلىشى كېرەك ئىدى ، ئۇ شۇنچە گۈزەل تۇرسا ، قانداقمۇ راست ئادەم بولسۇن . ئۇ مۇشۇنداق غىل ـ پال كۆرۈنۈپلا كېتىشكە يارالغان ، تۇتۇپ قالىمەن دەپمۇ تۇتۇپ قالغىلى بولمايتتى .

جۇڭ چيەن مەست بولغاندىن كېيىن ئۆزىنى پالوبىغا تاشلاپ كېرىلىپ ياتتى . شۇ چاغدىلا ئۇ كىشىلىك هاياتتا يەنە ئازراق خۇشاللىقنىڭمۇ بارلىقىنى هېس قىلالىدى . ئەمما ، غەزەلخان قىزلار ئازراق مەست بولۇپلا مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى . ئەمەلىيەتتە ، ئۇلار هېچقانداق كۆڭۈل ئاغرىقىمۇ تارتمىغان ، ئۆيدىكىلەرنى سېغىنىپمۇ كەتمەيتتى . بۇ كۆڭلى يېرىملىق پەقەت بىكار قالغانلىقىدىنلا بولۇۋاتاتتى . جۇڭ چيەننىڭ ئۇلارغا بەكلا ئىچى ئاغرىدى . ئۇلارمۇ ئۆزىگە ئوخشاشلا دولقۇنلارغا ئەگىشىپ ياشاۋاتاتتى . ئوخشىمايدىغىنى ، ئۇلار كېمىدە كۈن ئۆتكۈزسە ، ئۆزى چۈن چىنىڭ هاياتىدا كۈنىنى ئۆتكۈزەتتى . ئۇ توساتتىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى ، ھەتتا كېمىدە قېلىپ قېلىشنى ، چۈن چى بىلەن جۇڭگوغا بارماسلىقنىمۇ ئويلىدى . بىراق ، مۇنداق قىلسا ، بۇ تۇل خوتۇن ، يېتىم ئوغۇل كېيىنكى كۈنلىرىنى قانداق ئالار ؟

كېمە جۇڭگوغا كېلىپ پرىستاندا توختىدى . جۇڭ چيەن كېمىدىكى قىزچاقلار بىلەن خوشلىشىپ ، ئاستاغىنا چۈن چىنىڭ ئارقىسىغا چۈشتى .

ئۇلار شۇنداق قىلىپ جۇڭگوغا قايتىپ كەلدى ، يۇرتىمۇ ، ئۇرۇق ـ تۇغقىنىمۇ يوق ئىدى .

ئۇلار ۋاقىتىنچە چەت بىر تۆپىلىكتىكى تاشلاندۇق كەپىگە ماكانلاشتى . ئەمما ، جۇڭگونىڭ شىمالىنىڭ هاۋاسى ئىسسىق بەلۋاغىنىڭكىدەك ئۇنداق دوستانە ئەمەس ئىدى ، جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇق شامال ھەمىشە بۇ ئەبجەق ئۆينىڭ ياغاچ ئىشىكلىرىنى ئىتتىرىپ ئېچىۋېتەتتى . كېيىن جۇڭ چيەن كېچىلىرى ئىشىك

تۈۋىدە ئۇخلايدىغان بولدى ، ئۆزىنىڭ بەدىنى بىلەن بۇ لەپەڭلەپ قالغان ئىشىكنى ھەم ئىشىك يېنىدىكى شامال ئېغىزىنى توسۇدى .

جۇڭ چيەن بازاردىكى بىر مېھمانسارايدىن بىر كىشىلىك ئىش تاپتى . تاڭ يورۇمايلا چىقىپ كەتسە ، يېرىم كېچىدە ئاران قايتىپ كېلەتتى . چۈن چى كۈندۈزلىرى كەپىگە بېكىنىۋېلىپ ، ئالغاچ كەلگەن قولۇلە قاپلىرىنى تەتقىق قىلىش بىلەن بەند ئىدى ، ئارىلاپ - ئارىلاپ كەچقۇرۇنلىرى ئۆزى يالغۇز تاغدىن چۈشۈپ بازاردىكى رەستىلەرنى چۆرگىلەپ كېلەتتى . قايناق بازاردىكى ۋاڭ - چۇڭلار ئۇنى ساراسىمىگە سالاتتى . ئەمما ، بۇ جاھاندارچىلىقنىڭ ھەلەكچىلىكىدىن كېلىۋاتقان ھىدلار ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى ، بۇلار شۇ قەدەر يېقىشلىق ئىدىكى ، بالىلىق چاغلىرىدىكى ئىللىق كەيپىياتقا تويۇنغان . ئۇنىڭ بۇ يەردىن ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى ، گەرچە ئۇلار بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كېتەلمىسىمۇ .

كۈنلەر تەكرارلىق ئىچىدە ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى . بىلىپ - بىلمەيلا ، ئۇلار بىر ئائىلە كىشىلىرىگە ئوخشاپ قالدى .

## 4

بىر كۈنى ، چۈن چى كەچقۇرۇنلۇقى تاغدىن چۈشكەندە شىياۋشىڭنى ئۆيگە يالغۇز تاشلاپ قويدى ، كېتىۋېتىپ ، ئۇشتۇرتۇپ چىقىۋاتقان شىمال شامىلىنىڭ ئۆي ئىشىكىنى ئېچىۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ كۆڭلى بىر قىسما بولدى . ئۆزىنىڭ بۇ بالىغا ياخشى قارىمايۋاتقانلىقى كۆڭلىگە ئايان ئىدى . ئەمما ، بۇنىڭغا ئامال يوقتەك بىلىنەتتى .

ئۇ بازاردا كېتىۋېتىپ ، ئۆزلىرىنى بازارغا كۆچۈپ كېلىشى كېرەكتەك ئويلاپ قالدى . ئۆزى ئادەملەرگە يېقىنلاشمىسا مەيلى ، بىراق شىياۋشىڭ ئۇلارغا ئېھتىياجلىق - دە . ئۇ شىياۋشىڭغا نىسبەتەن زىددىيەتلىك قاراشلاردىلا بولۇپ كەلدى ، بەزىدە ئۇنىڭ

ساغلام، تېتىك چوڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلسا، بەزىدە پەقەت ئۆزىنىڭ يېنىدىن ئاجراتماي ئۆتكىنىلا كۇپايىدەك ئويلاپ قالاتتى.

قايتىپ كېلىشىدە قاتتىق قار يېغىپ كەتتى. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم قاردا قېلىشى — ئەلۋەتتە، ئېسىنى يوقىتىشتىن ئىلگىرى كۆرۈپ باققان. شۇڭا، بۇ قار ئۇنىڭغا ھەم تونۇش، ھەم ناتونۇش. قار ناھايىتى قاتتىق ياغدى، بىردەمدىلا يوللارنى ئېتىۋالدى. ئۇنىڭ كۆزى كۆرمەيدىغان بولغاچقا، قارلىق تاغ يولىدا مېڭىش تېخىمۇ تەسكە چۈشتى.

ئۆيگە كېلەي دېگەندە، ئۇ يېقىنلا يەردىن بۆرىنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازى كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. زەن سېلىپ ئاڭلاپ، بۇ ئاۋازنىڭ دەل ئۆزلىرىنىڭ كەپىسى تەرەپتىن كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى قارتلا قىلىپ قالدى. ئۇ بۆرە بالىنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. ئاشۇ پارچە - پۇرات، قار باسقاندەك قۇلۇلە ئەسلىمىلىرى ئىچىدە، بۆرە بالىسى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق ھېكايىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. شياۋشىڭ بىر شور پېشانە، ئۇنى چوقۇم بۆرە چىشلەپ ئەكەتتىمىكىن...

ئىشىك ھەقىقەتەن ئوچۇق ئىدى. ئۇ ئۆيگە كىردى، پاخال يېيىتىلغان كارىۋاتتىن شياۋشىڭنى ئىزدىدى، يوق، ئۇ ئۇنى تاپالمىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى مۇزلاپ كەتتى، ئۇنى چوقۇم بۆرە ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئوت - چۆپلەر ئۈستىدە لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى، قولىدىكى ياۋا مېۋە توساتتىن بەكلا يېنىك بىلىندى، كاللىسى قۇپقۇرۇق بولۇپ قالدى، ھەممە ئىشلار ئەرزىمەس بىلىندى، ھەتتا ئەسلىمىسىنى ئىزدەشتىن ئىبارەت مۇشۇ ئىشمۇ شۇ دەقىقىلەردە مۇھىم بىلىنمەي قالدى.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، ئۇ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىدى. ئۇ ئۇنىڭ ئىشىكتىن كىرىشىگە :

— جوڭ چيەن، شياۋشىڭ يوقاپ كەتتى، — دېدى ئاستاغىنا.

جوڭ چيەن يۆتەلگىنىچە ئۈچىسىدىكى قارلارنى قېقىۋاتاتتى، بۇ گەپنى ئاڭلاپ، يۆتىلىشنىمۇ توختىتىۋالدى :

— ئۇ نەگە كەتتى ؟
— كارىۋاتتىكى ئوت ـ چۆپلەر قالايمىقان تۇرىدۇ... مىنىڭچە ، بۆرە كەلگەن ئوخشايدۇ ، — چۇن چى ھالسىرىغان ھالدا بۇ گەپلەرنى دېدى . ئۇنىڭ كاللىسى ناھايىتى قالايمىقانلىشىپ كېتىۋاتاتتى . ئۇنىڭ جۇڭ چيەننىڭ ئالدىدا ياش تۆككۈسى كەلمىدى ، شۇڭا ئارقىسىغا قارىۋالدى .
— بۆرە ؟ — جۇڭ چيەننىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى . ئۇ كارىۋات يېنىغا كېلىپ ، تىلغىۋېتىلگەن ئوت ـ چۆپلەرگە قارىدى .
— مەن ئىزدەپ باقاي ، — ئۇ ئىشىك بېشىدىكى پالتىنى ئالدى ، مەشئەلنى ياقتى ـ دە ، چىقىپ كەتتى .
چۇن چى ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ ساقلىدى . تۇرۇپ ـ تۇرۇپ قولىنى سۇنۇپ قارنىڭ توختىغان ـ توختىمىغانلىقىنى بىلىپ باقاتتى ، يۈرىكىدىكى قورقۇنچ ئۇنى ئازابلاپ ھالىدىن كەتكۈزىۋەتكەنىدى . شۇنداقتىمۇ ئۇخلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى . ئۇ ئۇخلاپ قالسا سۇڭ سۇڭنى چۈشەيتتى — ئۇ ئۇنى چۈشىدە ساقلاۋاتىدۇ ، ئۇنى بوش قويۇۋەتمەيدۇ .
ئۇ سۇڭ سۇڭنىڭ ئۆلۈش ئالدىدا قىلغان گەپلىرىنى ئەسلىدى . ئۇ چۇن چىنىڭ بېغىشىدىن چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ : «ئۇنى ساقلاپ قالغىنىكەنسىز ، ئۇنىڭغا ئوبدان قاراڭ» دېگەنىدى . چۇن چى بۇ كۆرۈنۈشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئىختىيارسىز ئاچچىق كۈلدى .

جۇڭ چيەن بالىنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندە چۈش بولاي دېگەنىدى . چۇن چى يىراقتىنلا بالىنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ـ دە ، يۈگۈرگىنىچە ئالدىغا باردى . جۇڭ چيەن بالىنى ئۇنىڭغا بەردى . بوۋاق ئۇنىڭ قوينىغا كىرىپ ، باشلىرىنى ئۇنىڭ بىلەكلىرىگە قويغاندىلا تىنچلاندى ، چۇن چىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولۇپ قالغاچقا ، بىردەمدىلا ئۇيقۇغا كەتتى . چۇن چى بوۋاقنىڭ ئۇيقۇچىلىقتا كالپۇكلىرىنى ئىمىۋاتقان

ئاۋازىنى ئاڭلىدى . چوٓن چىگە بوٓنىڭدىنمو يېقىملىق ئاۋاز يوقتەك بىلىندى . بىر ئازدىن كېيىن بوۋاق سىيىۋەتتى ، بىراق يەنىلا تاتلىق ئوٓخلاۋاتاتتى . چىلىق - چىلىق بولوٓپ كەتكەن يوٓگەك ئوٓنىڭ بەدەنلىرىگە چاپلىشىپ ، بىئارام قىلغان بولسا كېرەك ، ئوٓروٓلوٓشكە تەمشەلدىيو ، ئوٓروٓلەلمىدى . چوٓن چىنىڭ قوللىرى سوٓيدوٓككە تەگدى ، ئىللىق ئېقىن ئوٓنىڭ بىلەكلىرىنى بويلاپ يوٓقىرىغا ياماشتى . بو قىش مانا موٓشوٓنداق ئوٓتوٓپ كەتتى .

## 5

چوٓن چى جوٓڭ چيەننىڭ ئوٓزىنىڭ ئارقىسىدىن ئاسقاقلىغىنىچە ئوٓيگە كىرگىنىنىمو سەزمىگەنىدى .

خېلى بىرھازادىن كېيىن ، ئو شياۋشىڭنى كوٓتوٓرگىنىچە ئاستاغىنا ئوٓنى چاقىردى :

— جوٓڭ چيەن .

چوٓن چى لاتا يىرتىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلاپ :

— نېمە قىلىۋاتىسىز ؟ — دېدى .

— پوٓتوٓمنى بوٓرە چىشلىۋالدى ، — جوٓڭ چيەن ناھايىتى سالماقلىق بىلەن جاۋاب بەردى ، لېكىن ئاۋازى سەل تىترەۋاتاتتى . يارىسى بەك ئاغرىۋاتسا كېرەك .

ئو شياۋشىڭنى كارىۋاتقا ياتقوٓزوٓپ قويوٓپ ، كېلىپ ئوٓنىڭ يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتوٓردى ، ئوٓنىڭ جاراھىتىنى توٓتوٓپ باقماقچى بولدىيو ، ئاغرىتىۋېتىشتىن ئەنسىرەپ ، قوللىرى بوشلوٓقتا بىردەم توٓرغاندىن كېيىن پەسكە چوٓشوٓپ كەتتى .

— يارىڭىز ئېغىرمو ؟

جوٓڭ چيەن گەپ قىلماي ، چىشىنى چىشلىگىنىچە لاتىنى پوٓتىغا قات - قات يوٓگىدى .

شو كوٓنى كەچتە ، ئوٓلار توساتتىن يېقىنلىشىپ قالدى ، بىللە كەچلىك تاماق يەۋاتقاندا ، جوٓڭ چيەن بوٓرە بىلەن ئېلىشىش

جەرياندىكى ئاڭلىسا تىترەك باسىدىغان كۆرۈنۈشلەرنى سۈرەتلەپ بەردى . چۈن چى شياۋشىڭنى قۇچىقىغا ئېلىپ ، ئۇنىڭغا گۇرۇچ قايناق يىگۈزگەچ جۇڭ چيەننىڭ گەپلىرىنى زەن قويۇپ ئاڭلىدى . چۈن چى يەنە بەزىدە ئۇنىڭغا كۆيۈنۈش چىقىپ تۇرغان گەپلەرنىمۇ قىلدى : «بۆرىنى ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن قانداق قىلدىڭىز ؟ — يەنە تېخى ماختاپمۇ قويدى ، — بۆرە ئۇۋىسىغا ئوت قويۇش چارىڭىز قالتىس بوپتۇ» .

جۇڭ چيەن رىغبەتلەندۈرۈشكە ئېرىشكەندىن كېيىن ، سۆزلىگەنسېرى سۆزلىگۈسى كېلىپ ، ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي يېرىم كېچىگىچە سۆزلىدى . ئۇنىڭ بىر يىلدا قىلىدىغان گېپىمۇ بۇ بىر كۈندە قىلغان گېپىچىلىك جىق ئەمەس بولغىيدى ، ھېلىمۇ قان ئېقىۋاتقان پۇتىمۇ ئاغرىشتىن توختاپ قالدى دېسە .

ئاشۇ كۈنى كېچە ، چۈن چى چۈشىدىن چۆچۈپ ئويغاندى . ئۇ يەنە تۆگىنىڭ ئۆزىنى رەھىمسىزلەرچە تاشلاپ كەتكىنىنى چۈشىدى . ئۇ دېڭىز سۈيىنى كەچكىنىچە ، تۆگىنىڭ يىراقلاپ يوقاپ كېتىۋاتقان كېمىسىگە قاراپ قالغۇدەك . ئۇ ئازاب ئىچىدە ئويغىنىپ ، شياۋشىڭنى باغرىغا باستى . ئۇ ئىشىك تۈۋىدىن ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈلگەن ئاۋازنى ھەم ئاغرىق ئازابىدىن ئىڭرىغان ئاۋازنى ئاڭلىدى . جۇڭ چيەن يۆتەلگىنىچە ئۆرە ئولتۇردى . ئۇ يەنە ئۇنىڭ پۇتىنى تېڭىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلىدى . بۇ ئىنچىكە ئاۋازلار جىمجىت تۈن نىسپىدە تولىمۇ ئېنىق بىلىندى . چۈن چى ئۇنىڭ پۇتىدىكى جاراھەتنى ، ئۇنىڭ جاراھەتنى تاڭغاندىكى چىراي ئىپادىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ ، كۆڭلى يۇمشاپ قالدى .

— جۇڭ چيەن ، — قاراڭغۇلۇقتا ئۇنى چاقىردى .

— ھە ؟ — جۇڭ چيەن ئۇنىڭ ئۆزىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى ، بىراق تېزلا ئىنكاس قايتۇردى .

— بۇ يەرگە كىرىپ ئۇخلاڭ ، ئۇ يەر بەك سوغۇق ، — چۈن چى ئۆزىنىڭ دەۋاتقانلىرىغا ھەيران بولدى ، ئەمما مۇشۇنداق

قىلماقتىن باشقا چارە يوقتەك قىلاتتى. ئۇنىڭ سۆزى ئۇلار ئارىسىدىكى هاۋانى شۇ هامان قاتۇرۇپ قويغاندەك، كەيپىيات تۇيۇقسىز جىددىي تۈسكە كىردى. چۇن چى ئۆرە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتتى.

جوڭ چيەن جايىدا داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى، خېلىغىچە ئېسىنى يىغالمىدى، چۇن چىنىڭ تەكلىپىگە بۇ ئۆمرىنى سەرپ قىلىپمۇ ئېرىشەلمەيدىغاندەك ئويلىغانىدى.

ئۇ چۇن چىنىڭ قېشىغا مېڭىپ بېرىشنى ئويلىدى، لېكىن پۇتى قاتتىق ئاغرىپ كېتىپ يەرگە يىقىلدى، ئۇنى ساقلىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭغا قاراپ ئۆمىلىدى. چۇن چى ئۇنىڭ يەردىكى ئوت - چۆپلەرنى سۆرەپ ئاستا - ئاستا ئۆزىگە يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ قوللىرىنى سوزۇپ ئۇنى يۆلىۋالدى. جوڭ چيەن كارىۋاتتا ئولتۇردى، نەپەسلىرى جىددىيلەشتى.

— پۇتىڭىزدىن هازىرمۇ قان ئېقىۋاتامدۇ؟ — ئۇ قولىنى ئۇنىڭ پۇتىغا تەگكۈزۈپ، چىپ - چىپ نەملىكنى سەزدى. چۇن چى قاتتىق قورقۇپ كەتتى. ئۇ ئۇنىڭ يارىسىنىڭ مۇنچىلىك ئېغىرلىقىنى بىلمىگەنىدى.

— بۇ پۇتۇم كاردىن چىققىدىغان ئوخشايدۇ··· — جوڭ چيەننىڭ ئاۋازى بوغۇق چىقتى.

چۇن چىنىڭ قوللىرى ئۇنىڭ يارىسىنى سىلىماقتا. چۇن چى بەدىنىنى ئۇنىڭغا قىسىپايتتى. جوڭ چيەننىڭ نەپىسى جىددىيلەشتى. ئۇ ئۆزىنى بىر تىنىك قىيا گىرۋىكىگە قىستاپ كېلىنگەندەك هېس قىلدى. ئۇنىڭ دەرهال ئورنىدىن تۇرۇپ چۇن چىدىن نېرى كەتكۈسى كەلدى، لېكىن ئۇنىڭ هىدى ئۇنى ئىلكىگە ئېلىۋالغانىدى. خۇددى زەهەرلىك ئوت - چۆپلەردەك، خۇش پۇرىقى بىلەن ئۇنى مەست قىلىۋەتتى.

چۇن چى بەدىنىنىڭ يۇقىرىسىنى ئاستا - ئاستا ئۇنىڭغا تەگكۈزدى. جوڭ چيەن قاتتىق تىترەپ كەتتى. چۇن چى

قـولـلىرىنى سوزۇپ ئۈنىڭ بىلىدىن قامالـلىدى . شىمال شامىلى توساتتىن ئىشىكنى ئۇسۇپ ئېچىۋەتتى ، يەردىكى ئوت ـ چۆپلەرنى شـالـدىـرلـىتىپ ئۇچۇرۇۋەتتى . ئۇلارنىڭ چاچ ۋە كىيىملىرىمۇ لەپەڭلەپ كەتتى . جۇڭ چيەن تىترەپ تۇرۇپ :

— مەن ئىشىكنى يېپىۋېتەي… — دېدى .

چـۈن چـى ئۈنى كاپلا قىلىپ تۇتۇۋالدى . ئۇ بۇ قىلىقىنى چـۈشەندۈرۈشكە ئامالسىز . ئۇ بەلكىم چارچىغانلىقتىنلا شۇنداق قىلىۋاتقاندۇ . بايىلا چۈشىدە تۆگە ئۈنى يەنە بىر قېتىم تاشلىۋەتتى ، بۇ چۈش ھەمىشە ئۈنىڭغا ئارام بەرمەيتتى ، بەلكىم ئۈنىڭ خاتىرىسى ئـەسـلـىـگە كەلگەندە چۈشـىـمەس بـولار . ھەدىدىـدىن تـاشقىرى مۇھەببەت ـ نەپرەت ئۈنى ئاخىر چارچاتتى . بولۇپمۇ شىياۋشىڭنى بۆرە ئەكەتكەن چاغدىكى ئۈنىڭ يالغان قەيسەرلىكى ئەمدى بىراقلا ئـېـتىپ پارچىلاندى . كۆز ئالدىدىكى ئەر ئۈنىڭغا بالىنى تېپىپ ئەكېلىپ بەردى . بۇ جۇڭ چيەننىڭ ئەڭ باتۇر چاغلىرى . چۈن چـىـنـىـڭ ئـۈنـى قـۇچـاقـلـىـغۇسى كەلدى . ئۈنىڭچە ، بۇنىڭغا مۇشۇنىڭدىنمۇ لايىق چاغ يوق ئىدى .

جۇڭ چيەن ئۈنىڭ ئارقىسىدا ئاستاغىنا يېشىنىۋاتقانلىقىنى ئـاڭـلـىـدى . ئـۇ ئازابلانغان ھالدا كۆزلىرىنى يۇمۇپ ، بېشىنى چـايقىدى . چۈن چىنىڭ تېنىدىن كېلىۋاتقان ھىد خۇددى مارت ئايلىرىدا ئەڭ بالدۇر ئېچىلغان ئاشۇ بىر تال گۈلنىڭ ھىدىغىلا ئوخشايتتى ، بۇ ھىد توساتتىن يېڭى بىر باھارنى ئويغاتتى . جۇڭ چيەن پۈتۈن كائىناتنىڭ ئويغىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ، پەقەت ئـۆزىـلا بـۇنـىـڭـدىن مۇستەسنا . چۈن چىنىڭ قوللىرى ئۈنىڭ مەيدىلىرىنى سىلاپ ئۆتتى . بۇ باھار شامىلى ئۇيقۇغا كەتكەن بارلىق دەل ـ دەرەخلەرنى ئويغىتىشقا ئۇرۇنماقتا . جۇڭ چيەن ئۆزىدىن نومۇس قىلدى ، چۈنكى ئۇ دېگەن بىر قۇرۇپ كەتكەن ئورمان ، قايتا كۆكلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس . ئۇ بۇ باھارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي ئامالى يوق .

ئـەما ، قىز يۇمشاق قوللىرى بىلەن ئەرنىڭ مەيدىلىرىنى ،

يەلكىلىرىنى ئېھتىيات بىلەن سىلىدى، خۇددى ئۆزىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك قولۇلە قاپلىرىنى سىلاۋاتقاندىكىدەك. ئۇ ئەر زاتىنىڭ ھىدىنى ئۇنتۇپ كېتەيلا دېگەنىدى. مانا ئەمدى بىرئاز - بىرئازدىن تېرىپ تاپماقتا. ئۇ تۆگىنى توساتتىن پەيدا بولۇپ ئۆزىنى توسۇۋالىدىغاندەك ھېس قىلىۋىدى، لېكىن ئۇنداق بولمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تۆگىنى تامامەن تاشلىۋېتەلىگەنلىكىنى تونۇپ يەتتى.

چۇن چى كىيىملىرىنى يېشىۋەتتى. جۇڭ چيەننىڭ يەكتەككىنىمۇ سالدۇرۇۋەتتى، بەدەنلىرىنى ئۇنىڭ بەدىنىگە چاپلىدى. چۇن چى ئۆزىنىڭ باشقۇرالماي قېلىۋاتقان پۇت - قوللىرىنى ئىمكانقەدەر يوشۇرۇشقا تىرىشتى. ئۇنىڭ قوللىرى ئەرنىڭ بەدىنىدە ئاستا - ئاستا يۆتكىلىشكە باشلىدى، خۇددى كەڭ ئېچىلغان ناتونۇش خەرىتە ئۈستىنى سىيپاشتۇرغاندەك قىزىقىش بىلەن يۆتكەلمەكتە، ھەرقانداق بىر بۇلۇڭنىمۇ ئالا قويماي ماڭماقتا. توساتتىن ئالدىدىكى بۇ ئەر ئازابلىق يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ يىغىسى شۇنچىلىك ھەسرەتلىك چىقتىكى، چۇن چى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ھودۇقۇپ توختاپ قالدى:

— نېمە بولدىڭىز؟

جۇڭ چيەن جاۋاب بەرمەي يىغلاۋەردى، خۇددى ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان بالىدەكلا. چۇن چى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمىدى ھەم سوراشقا پېتىنالمىدى. ئۇنىڭ يىغىسىدىن شىياۋشىڭمۇ ئويغىنىپ كېتىپ يىغلاشقا باشلىدى. چۇن چى بالىنى قۇچاقلىدى، ئۇنى ئاستاغىنا پەپىلىدى. ئارقىدىن جۇڭ چيەننىڭ يىغلاپ تۇرۇپ:

— مەن بىر ئاقتا قىلىنغان ئەر... — دېگىنىنى ئاڭلىدى.

ئۇ بۇ سۆزلەرنى دەپ بولۇپلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاقساقلىغىنىچە ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

چۇن چى شۇ جايىدا قېتىپلا قالدى، شىياۋشىڭنى چىڭگىدە باغرىغا باستى، خۇددى بۇ كىچىككىنە بەدەندىن ئازراق ئىللىقلىققا ئېرىشمەكچى بولغاندەك. تۆگە يەنە كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى، ئۇ ئاشۇ ھەزىل كۆزلىرى بىلەن ئۆزىگە تىكىلىپلا تۇراتتى، خۇددى ئۆز ئالىقىنىدىن قېچىپ كەتكەن گۇناھكارغا قاراۋاتقاندەك. مانا

هازىر ئۇ يەنە چۇن چىنى تۇتۇپ ئەكەلدى .

ئۇلارنىڭ مۇنداق يۈزتۇرا تۇرمىغىنىغا ئۇزۇن بولغانىدى ، گەرچە چۈشىدە بولسىمۇ . ئۇ يەنە تۆگىنىڭ ئورا كۆزلىرىنى ، قارامتۇل لەۋلىرىنى كۆردى . ئۇ يەنىلا شۇنداق مۇز چىراي ھەم يېقىملىق . چۇن چى يىغلىۋەتتى . ئۇ تۆگىگە ئەمدى قاچماسلىققا ۋەدە بەردى . ئۇ دېگەن چۇن چىنىڭ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان تەقدىرى .

## 6

شۇ كۈندىن كېيىن چۇن چى بىلەن جۇڭ چيەن زادىلا يېقىنلاشمىدى . چۇن چى كېمىگە چىقىپ غەزەلخانلىق قىلىشنى قارار قىلدى . ئۇ شياۋشىڭنى ئوبدانراق كۈنگە ئېرىشتۈرۈشنى ئويلاپ قالدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئۇ يەنە داۋاملىق قۇلۇلە قېپى ئىزدەشكە موھتاج . دېڭىزغا چىقسا قۇلايلىقراق بولاتتى ، مۇشۇنداق قىلسا ، تۆگىگە يېقىنراق تۇرغاندەك ھېس قىلاتتى . تۆگە بەلكىم مۇشۇ دېڭىزدىكى مەلۇم بىر كېمىدە باردۇ .

چۇن چى شياۋشىڭنى مۇشۇ بازارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى ، بالىغا قارايدىغانغا بىر ئىنىكئانا تاپتى . ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن شياۋشىڭنى زادىلا جاپا تارتقۇزمىدى .

جۇڭ چيەن ئەمدى چۇن چىگە قانداق يۈزلىنىشنى بىلەلمەي ، ئۇنىڭ قېشىدىن كەتتى . ئۇمۇ بازاردىكى چۇن چىڭنىڭكىگە ئانچە يىراق بولمىغان بىر جايغا سەرەمجانلاشتى . ئۇنىڭ پۇتى ئاقساق بولۇپ قالدى ، ئېغىر ئىشمۇ قىلالمايتتى . بىراق ، قولى بەك ئەپچىل بولغاچقا ، كېيىن يامان ئەمەس زىبۇزىنەت ئۇستىسى بولۇپ قالدى . ئاياللارغا كۈمۈشتىن ئۈزۈك ياساش ياكى قاشتېشىغا نەقىش ئويۇش دېگەنلەر ئۇنىڭ ماھىر ئىشىغا ئايلاندى . ئۇ زىبۇزىنەت بۇيۇملىرى ياساش جەريانىدا بىر تۇل خوتۇن بىلەن تونۇشۇپ قالدى . ئۇ ئايال ئۇنىڭ ھۈنىرىنى ياخشى كۆرەتتى ، ئۇنىڭ مۇئامىلىسىنىمۇ ياقتۇرۇپ قالدى ، ئۇزاق ئۆتمەي ، بىر ياشتىن ئاشقان قىزىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇنىڭكىگە كۆچۈپ كەلدى .

ئۇلارنىڭ كېلىشىنى جۇڭ چيەن قارشى ئېلىپمۇ كەتمىدى، رەتمۇ قىلمىدى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن بۇ ئانا ـ بالا ئائىلىدىكى بىر بېزەكلا ئىدى. چۈنكى، ئۇلار بولغاچقىلا بۇ ئۆي ئائىلىگە ئوخشاپ تۇراتتى. جۇڭ چيەن نەچچە يىل نورمال ئادەملەردەك كۈن ئۆتكۈزدى، بازاردىكى ھېچكىم ئۇنىڭ ئاغۋات ئىكەنلىكىنى بىلمىدى. شۇ چاغلاردا ئۇ چۈن چى بىلەن كەمدىن ـ كەم بېرىش ـ كېلىش قىلدى، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ، پۇل ـ پۇچەك ئاپىرىپ بەرگەچ شياۋشىڭنى كۆرۈپ كېلەتتى، قايتىشىدا بەزى قۇلۇلە قاپلىرىنى ئالغاچ كېلىپ چۈن چىگە سىلىقلاپ بېرەتتى.

نەچچە يىلدىن كېيىن تۇل خوتۇن ئاغرىپ قالدى، خېلىغىچە سۆرىلىپ، ئاخىر ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنى دەپنە قىلغان ئاشۇ كۈنى جۇڭ چيەن يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ چۈن چىنى بەك سېغىناتتى. بىر مەزگىللىك ئاچا يوللارنى باسقاندىن كېيىن، ئۆزىنى يەنىلا مۇشۇ جاپالىق ھەم خۇشاللىق يولىغا قايتىپ كەلگەندەك ھېس قىلدى.

ئۇ دەسلىپىدە ھەر ئايدا چۈن چىنى يوقلاپ تۇردى. ئۆگەي قىزىنى ئەگەشتۈرۈپ بېرىپ، ئۇنى دەرۋازا تۈۋىدە ساقلاپ تۇرۇشقا قالدۇراتتى. كېيىن ئۆگەي قىزىنىڭ شياۋشىڭنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى سەزدى، لېكىن بىلمەسكە سېلىۋالدى. ئۇلارنىڭ يولى يەنە شۇنچە ئۇزۇن تۇرسا، ئۇ ئۆگەي قىزىنىڭ ئىزچىل شياۋشىڭغا ئەگىشىدىغانلىقىغا، ئۆزىگە ئوخشاش ساداقەتمەن بولىدىغانلىقىغا بىرنېمە دېيەلمەيتتى.

ئۇ تاكى ئۆلگۈچە مۇشۇنداق ئۆتتى. جان ئۈزەر چېغىدا ئىنتايىن رازىمەنلىك ھېس قىلدى. چۈنكى، ئىلگىرىكى ئاشۇ قىسقىغىنا بىر مەزگىللىك كىچىككىنە ۋاپاسىزلىق قىلىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ ئىزچىل بىر ساداقەتمەن ئادەم بولالىدى.

# خۇشبۇي مۇشۈك

*بالا مېھرىبان ئانىغا تەئەللۇق ،*
*ئانا ئەۋلادلىرىغا ئاسايىشلىق تىلەيدۇ...*
*سايلار سۇغارغۇچىغا تەئەللۇق ،*
*شۇڭا چېچەكلەپ مېۋە بېرىدۇ .*

— بىرېخت : «كاۋكازدىكى كۈل رەڭ خاتىرىلەر»دىن

# ئالدىنقى بۆلەك

## 1

خۇاخۇا مېنى قەھۋەزارلىقتىن تاپقاندا، ئۆيدىن ئايرىلغىنىمغا ئىككى يىلچە بولۇپ قالغانىدى. شۇ چاغدا، مەن دېڭىز يۈزىدىن ئىككى مىڭ تۆت يۈز ئىنگلىز چى ئېگىزلىكتىكى كىچىككىنە بىر پارچە قەھۋەزارلىقنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالغانىدىم. بۇ خىل قوڭۇر رەڭلىك كىچىككىنە ئاجايىپ مېۋىنىڭ شۇنچە كۆپ پۇلغا يارايدىغانلىقى ھەقىقەتەن كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغمايتتى. ئۇرۇق ۋە تۇپراقنى تېخنىك ئۇستاملار جاۋا ئارىلىدىن يۆتكەپ ئەكەلگەن. مەن يىل بويى بۇ قەھۋەزارلىقنى باشقۇرۇش، چالا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن قەھۋەلەرنى گوللاندىيىلىكلەرگە سېتىشقا مەسئۇل ئىدىم. تاپقان پۇللىرىمنى كېمىدىكى غەزەلخانلاردىن چۈن چىگە ئەۋەتەتتىم. ئەلۋەتتە، باشقا بىر ئىش قىلساممۇ بولاتتى، لېكىن بۇ ئىشىمنىڭ ياخشى يېرى، مېنى ناھايىتى تىنچ مۇھىت بىلەن تەمىنلىگەنىدى، يەرلىكلەر بىلەن ھېچقانچە ئالاقە قىلمايتتىم. ئوت ئوتايدىغان ۋە مېۋە يىغىدىغان ئاشۇ ئالاھىدە كۈنلەردىلا جاڭ چېلىپ بىرقانچە ئىشلەمچىلەرنى چاقىرغاندىن باشقا، كۈنلىرىمنى ئۆزۈم يالغۇز ئۆتكۈزەتتىم.

ياغاچ ئۆيىمۇ ئۆزۈم بامبۇك ۋە ياغاچتىن ياسىۋالغانىدىم، خېلى پۇختا. ياغاچلارنىڭ ئارىسىدىن كۈن نۇرى ئۆتمەسلىكى ئۈچۈن، ئارا - ئارىسىغا بامبۇك يوپۇرماقلىرىنى تىقىپ ھىم قىلىۋەتكەنىدىم. پەقەت يامغۇر ياغقاندا ئۆگزىگە يامغۇر سۈيى ئۇرۇلغاندىكى ئاشۇ ئاۋازلا كىشىنى سەل بىئارام قىلاتتى. بۇ يەردە ئاندا - ساندا ئۇچراپ قالىدىغان ھايۋانلاردىن ياۋا مۈشۈك بىلەن

يىلانلا بار، ئۇلارمۇ ئادەملەرگە ئاسانلىقچە يېقىنلاشمايتتى. مەنمۇ پەقەت كېچىلىرى سىرتقا چىققىنىمدا ئاندا ـ ساندا غىپلا قىلىپ ئۆتكەندىكى كۆلەڭگىسىنى كۆرۈپ قالاتتىم.

بۇ يەر پىرىستانغىمۇ يىراق ئەمەس، ھەر ھەپتىسى دېڭىزغا چىقىپ بىرئاز قۇلۇلە قېپى سۈزۈپ كېلىپ، ۋاقتىم چىقسىلا ئۇلارنى سىلىقلاپ، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ چۈن چىگە ئەۋەتىپ بېرەتتىم. مەنمۇ قۇلۇلە قاپلىرىنى ئانچە ـ مۇنچە سىلاپ چۈشىنەلەيتتىم، لېكىن تاپقان قۇلۇلە قاپلىرىمنىڭ ھېچقايسىسىدىن چۈن چىنىڭ ئەسلىمىسىنى تاپالمىغانىدىم. شۇنداقتىمۇ، ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويماي دەپ، ھەممىسىنى ئەۋەتىپ بېرەتتىم.

سىلىقلانغان قۇلۇلە قاپلىرىنىڭ يولدا بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇپ سۇنۇپ كەتمەسلىكى ياكى سۈركىلىپ ئۇپراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئارا ـ ئارىسىغا يۇمشاق لاتىلارنى قىستۇرۇپ، بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىگە دەستىلەپ، بامبۇك ئىچىگە قاچىلايتتىم. بەزىدە يۇمشاق لاتىلارنى سىقىملىغىنىمچە ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالاتتىم، رەختلەرنىڭ ئۈستىگە خەتلەرنى كەشتىلەپ قويغۇم كېلەتتى. بىراق، خەت كەشتىلەشتەك مۇنداق ئىشلار ئەمدىلا مۇھەببەت تۇيغۇسى ئويغانغان قىز ـ يىگىتلەرگىلا ماس كېلىدىغاندەك قىلاتتى. ھازىرقى مەن ئۆزۈمنى بېشىمدىن ئۇرغۇن كەچۈرمىشلەرنى ئۆتكۈزگەندەك، قەلبىمدە ھېسسىياتلىرىم دولقۇنلاپ تۇرسىمۇ، ئۇلارنى ئۇن ـ تىنسىز ئاقتۇرۇپ چىقىرىۋېتىشتىن باشقا چارە يوقتەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم.

قۇلۇلە قاپلىرى قاچىلانغان بامبۇكلارنى تاغارغا قاچىلاپ، شوينا بىلەن ئاغزىنى مەھكەم بوغۇپ، يۈدۈگىنىمچە ئاستا ـ ئاستا پىرىستانغا ماڭاتتىم. يول بويى قەلبىم ئۆزۈمنى ئەيىبلەشتە ئۆرتىنەتتى. چۈنكى، بۇ قۇلۇلە قاپلىرى ئىچىدىكى بىرەرىمۇ چۈن چى ئىزدەۋاتقان قۇلۇلە قاپلىرىدىن ئەمەس ئىدى.

بىراق ، زادىلا توختاپ قالغىنىم يوق ، يەنىلا ئىزدەيتتىم . بۇ مەززىسىز ئىشنى قايتا ـ قايتا تەكرارلايتتىم ، تەكرارلايتتىم .

نەچچە كۈندە بىر قېتىم تاغدىن چۈشۈپ ، يېمەك ـ ئىچمەك سېتىۋالغاچ ، قەھۋە باھاسىنى تىلغا تىڭشايتتىم . خۇاخۇاغا ئۇچراپ قالغان چېغىممۇ ، دەل تاغ باغرىدىكى بازاردىن قايتقان چېغىم ئىدى .

تۈپتۈز يولدا كېتىۋاتاتتىم . يول بويىدىكى كۆلدىن چۈشتىن كېيىنكى ئىسسىقتا نۇرغۇن تاشپاقا بالىلىرى قىرغا ئۆمىلەپ چىقىپ ئارام ئېلىۋاتاتتى . قىزىل لەيلەكلەر سۇ بويىدىكى پاكار ئوتلاقتا بىردەم ـ بىردەم ئېگىشىپ سۇ ئىچەتتى . بىرەيلەن بىۋاك ـ باراقسان يامغۇرلۇق دەرىخى ئاستىدا ئولتۇرۇپ ئۆزىنى دەستىلىك قارمىقى بىلەن بېلىق تۇتۇۋاتاتتى ، يېنىدا ئالتە ـ يەتتە ياشلاردىكى ئىككى قىزچاق تۇراتتى ، ئۇچىسىدا كىيىممۇ يوق ، قىپيالىڭاچ تەنلىرى ئاپتاپتا كۆيۈپ بىغىر رەڭگە كىرىپ قالغان ، خۇددى ئاشۇ دەرەخنىڭ بالدۇر پىشىپ قالغان مېۋىلىرىگىلا ئوخشايتتى . بۇ بىپەرۋا ئادەملەرگە قاراپ ، ئۆزۈمنىڭ ئۇلار بىلەن نەقەدەر ماس كەلمەيدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم ـ دە ، ئىختىيارسىز قەدەملىرىمنى تېزلەتتىم .

ئۇدۇلۇمدىن بىر خەنزۇ ئايال كېلىۋاتاتتى . ئۇنىڭ كۆزلىرى ماڭا مىختەك تىكىلىپلا تۇراتتى ، قەدەملىرىمۇ ناھايىتى ئاستا ئىدى . مەن تەئەججۈپلىنىپ ئۆزۈمنىڭ ئۈستۈبېشىمغا سەپسالدىم : بېشىمدا كەڭ جىيەكلىك چىغ قالپاق ، ئۇچامدا يەرلىكلەردە ئەڭ ئومۇمىيلاشقان قوپال كاناپتىن تىكىلگەن كىيىم ، ئېگىز تۇرۇلگەن پۇچىقىم ئاستىدا زەھەرلىك پاشا دەستىدىن ئالىبۆرەك بولۇپ كەتكەن پاچاقلىرىم تۇراتتى ؛ قولۇمدىكى سېۋەتتىمۇ بىرنەچچە دانە قىزىرىپ پىشقان كاۋا ۋە تاتلىقياڭيۇ . ئېكىنزارلىقتا دائىم ئۇچراتقىلى بولىدىغان ھەرقانداق بىر ئەمگەكچىدىن ھېچقانداق پەرقىم يوق ئىدى . بىراق ، ئۇنىڭ قاراشلىرى شۈنچىلىك كەسكىن

ئىدىكى ، مېنى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى .

ئۇ ماڭا يېقىنلاشتى ، يوغان كۆزلىرىدىن بىر خىل يېقىمشلىق نۇرلار كېلىپ تۇراتتى . مەن ئايال زاتىغا يولىمغىنىمغا بەك ئۇزۇن بولغاچقا ، بۇ بوتاكۆز ئايال قاقشال تېنىمدىكى خامۇش ھەۋەسلىرىمنى ئويغىتىۋاتسا كېرەك ، دەپ ئويلىدىم ئۆزۈمچە .

بىز ئۆتۈشۈپ كەتتۇق . بۇ چاغدا ، ئارقامدىن ئۇنىڭ يېنىككىنە چاقىرىشى قۇلىقىمغا كىردى :

— شياۋشىڭ .

ئۇنىڭ چاقىرىشى شۇنچىلىك مۇلايىم ئىدىكى ، مېنىڭ ئىسمىم ئۇنىڭ لەۋلىرى ئارىسىدىن ئۇچۇپ چىققان مەسۇم قۇشتەكلا بىلىندى . مەن بۇ يەردىكىلەرگە ئىسمىمنى زادىلا ئېيتىپ بەرمىگەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بۇ يەردىكى قوپال يەرلىكلەرنىڭ ئېغىزىدىن «شياۋشىڭ» دېگەن بۇ تاۋۇشنىڭ مۇنداق سىلىق چىقىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس .

قەدەملىرىمنى توختاتتىم ، لېكىن دەرھال ئارقامغا بۇرۇلمىدىم . كاللامدا خۇاخۇاغا مۇناسىۋەتلىك ئەسلىمىلىرىم ئاز - ئازدىن ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى . شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىم خۇددى قارغىشقا كېتىپ ئۇزۇن ئۇيقۇغا كەتكەن نېلۇپەرنىڭ ئويغىنىپ ، بىر - بىرلەپ ، ئاستا - ئاستا ئېچىلىۋاتقان ياپراقلىرىغىلا ئوخشايتتى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان ھىد بالىلىقىم بىلەن باغلىنىشلىق ئىدى .

ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئارقامدىن قامالاپ قۇچاقلىدى ، بۆرتۈپ چىققان قوۋۇرغىلىرىمنى ئاستاغىنا سىلاپ ، ئېچىنغان ھالدا :

— بەكلا ياداپ كېتىپسىز ، — دېدى .

— سىز مېنى ئىزدەيمەن دەپ چىقىۋاپسىز ، چۈن چى قانداق قىلدۇ ؟ — دېدىم سەل خاپا بولۇپ .

— بىر چاكارنى ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ياللىدىم . سىز ئەۋەتكەن پۇل ۋە قۇلۇلە قاپلىرىمۇ خېلى ۋاقىتقىچە يېتىدۇ . مەن

ھەممىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كەلدىم .
چۈن چىننىڭ غېرىبانە ھالدا كۆن بويى قۇلۇلە قاپلىرىنى سىلاپ ئولتۇرغان ھالىتى كۆز ئالدىمغا كېلىپ ، يۈرىكىم ئېچىشىپ ، ئۆزۈمنى باسالماي ، ئۇنى يەنە ئەيىبلەشكە باشلىدىم :
— مەن پەقەت سىزنى ئۇنىڭ ھالىدىن ئوبدانراق خەۋەر ئالارمىكىن دېگەن ، شۇنىمۇ قىلالماپسىز .
ئۇ ئارقامدا تۇرۇپ مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى . توساتتىن ۋاقىت كەينىگە يانغاندەك ، خىياللىرىمنى يۇرتۇمغا ئېلىپ كەتتى . ئۇنىڭ قۇچاقلاشلىرى شۇنچىلىك ھەسرەتلىك ئىدىكى ، بۇ قايتا ئۇچرىشىش ئەمەس ، ۋىدالىششقا ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى .
ئۇنى ئالدىمغا تارتىپ سىنچىلاپ قاراپ ، ئىختىيارسىز ئۈمىدسىزلىنىپ قالدىم . ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۈزەللىكى يوقالغان ، سولغۇن ، ئاۋارە كۆرۈندى ، ئارقىغا قىلىپ تۇرۇۋالغان چاچلىرىمۇ چۇۋۇلۇپ كەتكەن ، نەچچە تۇتامى مۈرىلىرىدە يېيىلىپ تۇراتتى ، بۇرنىمۇ ئاپتاپتا كۆيۈپ تېرە تاشلاپ ، تېرە تېگىدىن چىقىپ قالغان قىپقىزىل گۆشلەر خۇددى كۆكىرىپ قالغان موگۇغىلا ئوخشاپ قالغانىدى . ئۇنىڭ قارىداپ ، داغ چۈشۈپ كەتكەن يىرىك يۈزىنى تۇتقىنىمدا ، ئۇنىڭ مېنى تېپىش ئۈچۈن يەتكۈچە جاپا تارتقىنىنى بىلىپ تۇرساممۇ ، قەلبىمدە يەنىلا بىرئاز بىزارلىق ھېس قىلدىم ، ئۇنى خورسىنىش ئىلكىدە باغرىمغا باستىم . ئۇ ئاستا ـ ئاستا يىغلاشتىن توختىدى ، لېكىن تەنلىرى يەنىلا ياپراقتەك تىترەۋاتاتتى .
ئۆيدىن ئايرىلىش ئالدىدىكى ئاخشىمى ، ئۇنىڭ سەندەل كۆجىسى يېقىلغان ئۆيدە پۇتۇمنى يۇيۇپ قويغانلىقى ، تارام ـ تارام قىزىق ياشلىرىنىڭ پۇتلىرىمنى ئىللىتقىنى يادىمغا كەلدى .
ئۇنى باغرىمغا باسقان ئاشۇ دەقىقىلەردە ، ۋۇجۇدۇمدىكى ئەسلىملىرىم قانلىرىمنى ئويغاتتى ، تېنىمدە ئۇنىڭدىن يەنە بىر قېتىم ھوزۇر ئېلىش ئىستىكى تۇغۇلدى . بېشىمدىكى چىغ قالپاقنى ئۇنىڭغا كىيدۈرۈپ ، قولىدىن يېتىلىگىنىمچە تۇرالغۇم — ياغاچ

ئۆيگە ئېلىپ ماڭدىم . ئۇ يېنىمدا كېتىۋېتىپ خۇشاللىقىدىن بىردەم ـ بىردەم ئېڭىشىپ كۆزلىرىمگە قارايتتى .

مەن ئۇنى ئەڭ يېقىن يولچە ئېلىپ ماڭدىم . شۇنداقتىمۇ قەۋەزارلىقتىن ئۆيگە بارغۇچە بىر ئاش پىشىمچە ۋاقىت كېتەتتى . بۇ يەردە ياۋا ئۆسۈملۈكلەرمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى ، رۇخسار گۈلى ، بۆلجۈرگەن دېگەنلەرنى ھەممە يەردە ئۇچراتقىلى بولاتتى . پىژغىرىم ئاپتاپتا قول تۇتۇشۇپ كېتىۋاتقان ئىككىمىز غۇبارسىز بالىلارغىلا ئوخشايتتۇق . ئۇ ئۇسسىغان بولسا كېرەك ، ئېڭىشىپ بۆلجۈرگەندىن بىرنى ئۈزۈپ ، مەندىن يېسە بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى سورىدى . مېنىڭ بېشىمنى لىڭشىتقىنىمنى كۆرۈپ تەقەززالىق بىلەن ئېغىزىغا سالدى . بۆلجۈرگەن ناھايىتى كىچىك ئىدى ، ھېچقانچە شەربىتىمۇ چىقمايتتى ، شۇنداقتىمۇ ئۇ ناھايىتى ھۇزۇر بىلەن يەپ ، تەبىئەتكە چەكسىز مەمنۇنلۇق بىلەن بېقىپ كەتتى .

ئۇزاق ئۆتمەي ، چىلىق ـ چىلىق تەر كىيىملىرىمىزنى ھۆل قىلىۋەتتى ، ھەۋىسىم تەر سۈيى بىلەن پارغا ئايلاندى . مەن ئاستا ـ ئاستا پەسكويغا چۈشتۈم ، خۇددى كۈندىكىدەكلا چۈش بولۇشى بىلەن تەڭ مۈگدەك باسىدىغان ھالىتىمگە قايتتىم .

ئىسسىق بەلۋاغدا ئىشق ـ ھەۋەسنى ئاسانلا بېسىۋالغىلى بولاتتى . بۇنداق نەم ۋە ئىسسىق كۈنلەردە ئادەمنىڭ تېنىدە بىر قەۋەت شىلىمشىق سۈيۇقلۇق بارلا ـ بار بولۇپ ، بۇ سۈيۇقلۇقلار ئادەملەرنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتەتتى ، بىر ـ بىرى بىلەن يېقىنلاشقۇسى ، قۇچاقلاشقۇسى ، سۆيۈشكۈسى كەلمەيتتى . ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ پاشىلىقى ئىچىدە غېرىبانە ، سوغۇق قانلىق بىلەن ياشاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى . مۇبادا ئازراق ھەۋەس قوزغالغان تەقدىردىمۇ ، ئۇنى بەدەن يۇزىدىكى تەرلەر ئاسانلا سۈمۈرۈپ كېتەتتى .

مەن بۇ يەردە پەقەت ئىككى ئايال بىلەن بىللە بولغان — شۇنداق ، ۋاقىت ئۇزارغاندا ، ھەۋىسىم يەنىلا ئاشۇ

تەرلەرنىڭ ئۈستىدىن ئىككى قېتىم غالىب كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى مەندىن چوڭ ئاياللار. ئۇلاردىن بىرى تۇل خوتۇن ئىدى، ئۇ بۇ يەرگە قەھۋە يىغقىلى كەلگەن، ئۇ بۇ يەردىكى ئىش تۈگىگەندە يەنە بىر قەھۋەزارلىقتا بارىدىغان بولغاچقا، ئانچە ئۇزۇن تۇرالمايتتى. ئۇ بۇ يەردىكى يەرلىكلەر ئىچىدە خېلى چىرايلىق ھېسابلىناتتى. بۇ تۇل خوتۇن يىگنە ئىشى بىلەن شۇغۇللانغاچقا، بارماقلىرى ئۇزۇن ھەم نازۇك ئىدى. مەن ئۇنىڭغا سەل قىزىقىپ قالغاچقا، يېنىمدا قېلىپ ياردەملىشىشنى ئۆتۈندۈم. ئۇ باھا تالىشىپ بىرئاز ئارىسالدى بولدىيۇ، يەنىلا قوشۇلدى. بىز ئىككى كۈن ئىرماش - چىرماش بولۇشتۇق، لېكىن ئۈچىنچى كۈنىگە كەلگەندە پۇشايمان قىلىشقا باشلىدىم. ئايال زاتى بىلەن بىللە بولۇش مېنى خامۇشلاشتۇرۇپ، ساداقەتمەنلىك بىلەن قۇلۇلە ئىزدەش خىياللىرىمنى بۇزۇشقا باشلىدى. كېچىلىرى ئۇنىڭ تېنىدە ئەسەبىيلەرچە تالان - تاراج ئېلىپ باراتتىم. شۇ چاغدىكى ئەپتىمدىن ئۆزۈممۇ ھەيران. بىراق، ئاشۇ يېتەرلىك ھوزۇرغا ئۇلىشىپلا كېلىدىغىنى تەسۋىرلىگۈسىز غېرىبلىق ئىدى. ئىشتىن كېيىن خۇددى يامغۇردا قالغان قۇشتەك مىسكىنلىك بىلەن لەمپە ئاستىدا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ كېتەتتىم. ۋۇجۇدۇمدىن ھوزۇرنىڭ ئىزنالىرىنى تېپىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئەمما، ئاشۇ كۈنى كەچتە چۈن چىنى چۈشىدىم. چۈشۈمدە ئۇ ئىسمىمنى چاقىرغىنىچە گۈللۈككە قاراپ كېلىۋاتقۇدەك. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچىلىك بىچارە، قەدەملىرى شۇنچىلىك ماغدۇرسىز ئىدىكى، خۇددى ئۆيىدىكىلىرى بىلەن ئادىشىپ كېتىپ، تېنەپ يۈرگەن بالىغىلا ئوخشايتتى. ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقى ئانچە يىراق ئەمەسمىش، بىراق ئارىمىزدا بىر كۆلچەك ۋە ئۈزۈم باراڭلىرى بولغاچقا، چوقۇم ئايلىنىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلگۈدەك. مەن ئۇنىڭغا ئاشۇ يەردە مىدىرلىماي ساقلاپ تۇرۇشنى ئېيتىپ توۋلاپتىمەن. ئۇ ئاۋازىمنى ئاڭلاپ كۈلۈمسىرىگىنىچە، مېنىڭ گېپىمگە پەرۋا قىلماي ئۇدۇل ماڭا قاراپ كېلىۋاتقۇدەك. مەن ئۇنىڭغا توختاڭ دېمەكچى

بوپتىمەنيۇ ، لېكىن ئۆلگۈرەلمەپتىمەن . ئۇ ئۆزۈم باراڭغا ئۇسۇۋاپتۇ . مەن ئايلىنىپ ئۆتۈپ ، ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈرۈپتىمەن . ئۇنىڭ چاچلىرى ئۆزۈم تاللىرىغا چىرمىشىپ كەتكۈدەك ، لېكىن ئۇ ھېس قىلماي ، ماڭا قاراپ كۈچەپ مېڭىۋەرگۈدەك . ئاخىر چاچلىرى ئۈزۈلۈپ ، يىقىلىپ چۈشۈپ ، شاخ ـ شۇمبىلار ئارىسىغا كۆمۈلۈپ قېلىپ ئۆزۈنغچە ئورنىدىن تۇرمايۋاتقۇدەك . مەن ئاخىر يېتىپ بېرىپ شاخ ـ شۇمبىلارنى قايرىۋېتىپ ، ئۇنى يۆلەپتىمەن . قارىسام ، ئۇنىڭ بېشىنىڭ بىر پارچە يېرىنىڭ قىپقىزىل گۆشلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغۇدەك ، ئۇ يەردىن چىققان قانلار يۈزلىرىگە چاچراۋاتقۇدەك . بۇ چاغدا ئۇنىڭ بىر يەردىن بوشقىنا : «نېمىشقا ئەمدى كەلدىڭ» دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتقۇدەك .

يېرىم كېچە ، تۇل خوتۇن مېنى تۇرتۇپ ئويغاتتى . مەن خۇددى ئۇ يۈزۈمدىكى قانلارنى كۆرۈپ قالىدىغاندەك ، ئۇنىڭغا دۈمبەمنى قىلىپ ، يۈزلىرىمنى ئالىقانلىرىم بىلەن ئېتىۋالدىم . تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەنلا ئۇنىڭغا تولۇقلىما ئورنىدا بىر خالتا قەھۋەنى ئارتۇق بېرىپ يولغا سېلىۋەتتىم .

## 2

خۇاخۇا بىلەن ياغاچ ئۆيگە يېتىپ كەلگەن چېغىمىزدا ، ئاللىقاچان ئىنتايىن تىنچلىنىپ قالغانىدىم ، ھەتتا سەل سوغۇق مۇئامىلىدە بولۇشقا باشلىدىم دېسەممۇ بولىدۇ . مەن ئۇنىڭغا ، مېنىڭ بۇ يەردىكى ئىشلىرىم بەك ئالدىراش ، سىزنىڭ ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالالمايمەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، چۈن چىگىمۇ ھەمراھ كېرەك ، شۇڭا قايتىپ كېتىڭ ··· دەي دەپ ئويلاپ ئېغىزىمدىن چىقىراي دەپ تۇرسام ، ئۇ ئېغىز ئاچتى :

— بىز مۇشۇ يەردە تۇرامدۇق؟

— ھە .

ئۇ ئىشىكنى ئىتتىرىپ كىرىپ ئۆي ئىچىگە بىرقۇر سەپسالغاندىن كېيىن ، ماڭا قاراپ :

— ئۆي بىر ئاز كىچىكرەككەن ، بىراق ئانچە - مۇنچە سەرەمجانلاشتۇرساق چوقۇم راھەت بولۇپ كېتىدۇ ، — دېدى .
ئۇ شۇنچىلىك ئۇمىدۋار ئىدىكى ، مەن بايىقى دېمەكچى بولغان گەپلىرىمنى ئېغىزىمدىن چىقىرالمىدىم . شۇ چاغدا ئۇ قولۇمنى تارتقىنىچە :
— يۈرۈڭ ، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ .
— نېمە قىلماقچىسىز ؟ — جاھىللىق بىلەن ئورنۇمدا چىڭ تۇرۇۋالدىم .
— مەن بىلەن مېڭىڭ ، بىردەمدىن كېيىن بىلىپ قالىسىز ، — مېنى يەنە تارتتى .
— بارمايمەن ، مېنىڭ قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلىرىم بار ، — ئۇنىڭ قولىنى سىلكىۋەتتىم .
ئۇ خېلىغىچە تىكىلىپ تۇرۇپ كېتىپ :
— مەن سىزنى بالىمىزنى كۆرگىلى ئاپىراي دېگەن ... — دېدى .
— نېمە ؟ — قاتتىق ھەيران قالدىم .
— مېنىڭ بۇ ئارالغا كەلگىنىمگە نەچچە كۈن بولدى ، پىرىستانىدىكى بىرلىرىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتىمەن . بۈگۈن سىزنى ئىزدىگىلى چىقىمەن دېسەم ، ئۇلار ، يول بەك تىك ، ماڭماق تەس ، دېيىشتى ، بالىنى ئۇلارنىڭكىگە قويۇپ چىققانىدىم ، — دېدى .
دەسلىپىدە ئۇنى ئېلىشىپ قالدىمۇ نېمە ، دەپ ئويلىدىم ، بىراق سىنچىلاپ قارىسام ، ئۇنىڭ ئېغىزى ۋە كۆزلىرىدىن ئانا مېھرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى . مەن ئاخىر ئۇنىڭ بەدىنىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ جاۋابىنى تاپتىم . ئۇ ئانا بوپتۇ . مەن ئۆيدىن ئايرىلغان ئاشۇ كۈننىڭ ئالدىنقى ئاخشىمىدىن تارتىپ بالامغا ھامىلدار بوپتىكەن - دە .
مەن ئۇنىڭ بىلەن ماڭدىم . يېزغىرىم ئاپتاپتا كېتىۋاتىمىز ، ئۇ چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتى ، لېكىن ھاردىم دەپ باقمىدى . ئۇ نۇرغۇن يوللارنى باسقان بولغاچقا ، پۇتلىرى پىشىپ

كەتكەن بولسا كېرەك .

— ئوغـۇل ، — دېـدى ئـۇ مـېـنـىـڭ لام ـ جىم دېمەي كېتىۋاتقىنىمغا قاراپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن . ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ ، بۇ گەپنى مەن ئاۋۋال سورىسام بولاتتى ، دەپ ئويلاپ ، سەل خىجالەتچىلىك ھېس قىلدىم .

— ئىسمىم قويدۇڭلارمۇ ؟ — سورىدىم .

— ياق تېخى ، سىزنى قويۇپ بېرەرمىكىن دەپ قويمىغان . ئادەتتە ئۇنى باۋئېر دەپ چاقىرىمەن .

بېشىمنى لىڭشىتتىم ، يەنە نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم .

داۋاملىق مېڭىۋاتىمىز . ئىمكانقەدەر تېزرەك مېڭىپ بالىنى كۆرۈشكە تەقەززا بولۇۋاتقىنىمنى ئىپادىلىمەكچى بولدۇم . ئېسىمدە قېلىشىچە ، ئىلگىرىمۇ مۇشۇنداق ئالدىراپ مېڭىپ باققان ، ئۇ بولسىمۇ جۇڭ ئۇستام سەكراتقا چۈشۈپ قالغان چاغ ئىدى . شۇ چـاغـدا بـۇغـا بالىسىدەك چېپىپ كېتىۋاتقان خۇاخۇانىڭ يېنىدا كېتىۋېتىپ ، ئۆزۈمنى ئۇنىڭ بىلەن ئالاھىدە يېقىندەك ، مەڭگۈ بـاغـلىنىشلىقتەك ، قول تۇتۇشۇپ تەقدىرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىش ئۈچۈن چېپىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلغانىدىم . مانا ئەمدى بىز رەسـمـىـي بـاغـلانـدۇق ، مـەن ، ئۇ ، يەنە ھازىرچە باۋئېر دەپ ئاتىلىۋاتقان ئاشۇ بالا . بۇلارنى ئويلىغىنىمدا نەپەسلىرىم قىسىلىشقا باشلىدى ، ئانا ـ بالا ئىككىسى يەلكەمدىن مەھكەم بېسىپ تۇرغاندەك تىـنـالمايلا قالدىم . مەن ئىزچىل ئۆزۈمنىڭ دۇنياسىدا ئەركىن ياشاشنى ئارزۇ قىلاتتىم . ئەمدى ماۋۇ ئانا ـ بالا قوپاللىق بىلەن تۇرمۇشۇمغا بۆسۈپ كىرىپ ، مېنى ئائـىـلـىـنـى قـامـداش ئۈچۈن ئـىـت ـ ئېشەكتەك ئىشلەيدىغان ئاشۇ بويۇنتۇرۇقلۇق ئەرلەردىن قىلىپ قويماقچى بولۇۋاتىدۇ .

كـۆزۈمـنـىـڭ قـۇيـرۇقىدا خۇاخۇاغا قارىدىم . ئۇ ناھايىتى خۇشال ، قەدەملىرىمۇ يېنىك كېتىۋاتاتتى . ئۇ تولىمۇ زەھەرخەندە بىلىندى ، ئۇ قەستەن ماڭا كىشەن بولماقچى .

بىز گۈگۈم چۈشكۈچە مېڭىپ ، پرېستان ئەتراپىدىكى بىر ياغاچ ئۆيگە يېتىپ كەلدۇق ، خۇاخۇا ئىشىكنى چېكىپ كىرىپ كەتتى .

مەن سىرتتا ساقلىغاچ ، ئۇچقاندەك بېرىپ بىرەر كېمىگە ئۆزۈمنى ئېتىپلا بۇ يەردىن يوقىلايمۇ ، دېگەنلەرنى خىيال قىلدىم .

ئارىسالدى بولۇپ تۇرغىنىمدا ، ئۇ بالىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەلدى .

خىرە گۈگۈمدا تۇنجى قېتىم ئوغلۇمنى كۆردۈم .

ئۇنىڭ يۈزلىرى بۇدرۇققىنا ، مەڭزىلىرى قىزغۇچ ، ئېغىزى ئاپىسىنىڭكىدەك جاۋغىيى ئۈستىگە تارتىلىپ تۇراتتى . ئۇ تولىمۇ سۆيۈملۈك ئىدى ، تۇرقىدىن تەلەيلىك بولىدىغاندەك كۆرۈنەتتى . ئاشۇ دەقىقىدە ، ئۇنىڭغا مېھرىم چۈشتى ، ئۇنى قەدىرلىگۈم ، ئۇنىڭغا كۆيۈنگۈم كەلدى ، بىراق ئۇنى خۇاخۇانىڭ قولىدىن ئالغىنىمدا ، يەنىلا ئېغىر بىلىنىشكە باشلىدى .

بالا ، ئۇ تولىمۇ سىرلىق ئۇرۇق ، ھېچكىم ئۇنىڭ قايسى تەرەپكە قاراپ ئۆسۈشىنى قىياس قىلالمايدۇ ، كەلگۈسىدە ئۇنىڭ قانداق ئادەمنىڭ مۇرىتى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلەلمەيدۇ . قولۇمدىكى بالىغا قاراپ ، بىرھازاغىچە گاڭگىراپ تۇرۇپ كەتتىم — ئۇنىڭ زېمىنىگە قانداق بۇرچلار يۈكلەنگەندۇ ـ ھە ؟

## 3

خۇاخۇا بالىنى ئېلىپ مەن بىلەن ئۆيگە كەلدى . ئىلگىرى كەڭ ـ كۇشادە بىلىنىدىغان بۇ ياغاچ ئۆي تار بىلىنىشكە باشلىدى .

ئۆيدە پەقەت بىر كارىۋات ، بىر شىرەلا بار ئىدى . خۇاخۇا شىرە ئۈستىدىكى قۇلۇلە قاپلىرىغا لەپپىدە بىر قاراپلا ئىختىيارسىز قاپىقى تۈرۈلۈپ كەتتى . كارىۋاتقا بىر پارچە بورىلا سېلىپ قويۇلغان ، ناھايىتى قاتتىق ئىدى . خۇاخۇا بالىنى ياتقۇزۇپ قوياي دېدىيۇ ، تۇتۇپ بېقىپ ، بالىغا پېتىپ ئاغرىتىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ ، قۇچىقىدا تۇتۇپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى .

— بالا ياتقۇدەك جايمۇ يوق، — دېدىم خورسىنىپ.

— ھېچقىسى يوق، ئەتە بىرئاز ياغاچ ئەكېلىپ ئۇنىڭغا كارىۋات ياساپ بېرەيلى، — ئۇ زادىلا مەيۈسلەنمىدى.

بۇ چاغدا بالا ئويغاندى. ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئەتراپقا قاراپ، يوچۇن بىلىنگەن بولسا كېرەك، قاتتىق يىغلاپ كەتتى.

— ئۇنىڭ قورسىقى ئاچتى، ئەمچەكتىن ئايرىغىنىمىغا ئۇزۇن بولمىدى. ئازراق گۆرۈچ قايناق ئىچۈرۈپ قويساق بولاتتى، — دېدى خۇاخۇا.

مەن ئاچچىق كۈلدۈم، ئۆيدىن چىققاندىن بۇيان گۆرۈچ يەپ باققىنىم يوق.

— گۆرۈچمۇ كۆرمىگەن تۇرسام، گۆرۈچ قايناق نەدە تۇرۇپتۇ، — دېدىم.

ئۇ بىردەم ئويلىنىۋېلىپ:

— ھېچقىسى يوق. ئاۋۋال ئازراق سۇ بېرىڭە، يېقىن ئەتراپتا كوكۇس بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— تاغ باغرىدا بار، لېكىن خېلى يىراق.

گېپىمنىڭ ئاخىرى تۈگىمەيلا ئىشىكتىن چىقتىم، يەنە تاغدىن چۈشىدىغان بولدۇم. خېلى بىر يەرگە بارغاندا، خۇاخۇانىڭ مېنى چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، لېكىن ئارقامغا قارىمىدىم.

يېرىم كېچە، نەچچە تال كوكۇس ياڭىقى بىلەن يوغان بىر تال پىرامىتانى ئېلىپ ھالسىرىدىن كېتەي دېگەندە ئاندىن قايتىپ كەلدىم. خۇاخۇا ئۇخلاپ قالغانىدى. بالىنى كارىۋاتتىن چۈشۈپ كەتمىسۇن دەپ كۆكرىكىگە مەھكەم تېڭىۋاپتۇ. كۆكرىكىنى ئېغىر بېسىپ تۇرغاچقا بالىنىڭ تىنىقلىرى ناھايىتى ئېغىر، سەل تىنىق يېتىشمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇنىڭدىن بۇرۇنقى نۇرغۇن چاغلاردىمۇ مۇشۇنداق ئۇخلىغان بولسا كېرەك. خۇاخۇانىڭ يۈزىگە قارىدىم، قوشۇمىلىرى تۈرۈلگەن، كالپۇكىنى چىڭ چىشلىۋالغان، ناھايىتى قىينىلىپ ئۇخلاۋاتقاندەك قىلاتتى. مۇبادا ئۇنى چۈش كۆرۈۋاتىدۇ دېسەك، چوقۇم يامان چۈش كۆرۈۋاتىدۇ. بىراق، مۇشۇ دەقىقىدە

ئۇنىڭغا يەنە ھېسداشلىقىم قوزغالدى. ئۇيقۇلۇقتىكى ئۇ تولىمۇ جۇدەڭگۈ، مىسكىن كۆرۈندى، خۇددى مەن بىلەن دەسلەپكى تونۇشقان چاغدىكىدەك. شۇ چاغدىكى ئۇ دىققەتسىزلىكتىن يەلكەمگە چۈشۈپ قالغان بىر تال قار ئۇچقۇنىغىلا ئوخشايتتى. شۇنچىلىك يېنىك، تىنچ ئىدىكى، گاھىدا ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۇنتۇپمۇ قالاتتىم.

ھازىرقى خۇاخۇانىڭ ۋۇجۇدىدىكى بىر خىل تەۋرەنمەس كۈچ كىشىنى ۋەھىمىگە سالاتتى. بۇ كۈچنى دەل بالا ئۇنىڭغا بەرگەن. باۋئىرغا قارىدىم، ئۇ بىر يۇزىنى خۇاخۇانىڭ كۆكرىكىگە مەھكەم چاپلاپ ياتاتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىنمۇ ئېسەنگىرەش چىقىپ تۇراتتى. ھال رەڭ تېرىسى شۇنچىلىك يۇمرانكى، بەدىنىدىكى ھەربىر تال تۈكلىرى نەپىسگە ئەگىشىپ تەۋرىنىپ تۇراتتى، كىرپىكلىرىدە ئىككى تامچە خرۇستالدەك ياش تامچىسى يالتىراپ تۇراتتى، ئېھتىمال ئۇخلاش ئالدىدا يىغلىغان بولسا كېرەك.

ئۇنىڭ مەسۇم سىياقى كۆزلىرىمنى كۆيدۈردى، داۋاملىق قاراۋېرىشكە چىدىمىدىم. جىنچىراغنى ئۆچۈرۈپ، شىرە يېنىدا ئولتۇرۇپ قولۇلە قاپلىرىنى سىلاشقا باشلىدىم، ئەمما شۇ چاغدىكى كەيپىياتىم بىلەن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىگە كىرەلمىدىم. ئىچىم تىتىلداپ، بارماقلىرىمنى قولۇلە قېپىغا كۆچەپ سۈركىدىم، ئۇن بارمىقىمدىن قان تەپچىپ چىقىشقا باشلىدى. ئورنۇمدىن تۇردۇم، بارماقلىرىمنى شورىغاچ ئۇيان ـ بۇيان مېڭىشقا باشلىدىم.

بالا ئويغىنىپ قاتتىق يىغلىغىلى تۇردى. خۇاخۇامۇ ئويغىنىپ چىراغنى يېقىپ ماڭا قارىدى. كۆزلىرىمگە قان تولغان، بارماقلىرىم قانغا بويالغان. ئۇ ئەزەلدىن بۇنداق ھالىتىمنى كۆرۈپ باقمىغان، چوقۇم قورقۇپ كەتتىغۇ دەيمەن، بىراق ئۇ بۇلارغا چوقۇم كۆنۈشى كېرەك. بۇ مېنىڭ دائىملىق ھالىتىم. كەيپىياتىمدا سەللا داۋالغۇش بولسىلا تىت ـ تىت بولۇپ، قولۇلە قاپلىرىغا زېھنىمنى بېرەلمەيمەن. شۇڭا، چوقۇم كىشىلەر توپىدىن نېرى تۇرۇشۇم، شاۋقۇن ـ سۈرەندىن يىراق بولۇشۇم كېرەك.

— ئۇنىڭ يىغىسىنى باس! — شۇبھىسىزكى، يىغا ئاۋازى نېرۋىلىرىمنى تېخىمۇ قوچۇۋەتكەنىدى، ئاخىر خۇاخۇاغا ۋارقىرىۋەتتىم.

خۇاخۇا بالىنى پەپىلىگەچ «باۋئېر، باۋئېر» دەپ چاقىرغىلى تۇردى. بالىنىڭ يۈزلىرى چىڭقىلىپ قىزىرىپ، تېخىمۇ كۈچەپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يىغىسى شۇنچىلىك ناتونۇش، يېقىمسىز ئىدىكى، خۇددى كەڭ ئېچىلغان تور ئۈستۈمگە يېپىلىپ چۈشۈپ قاپسىۋالماقچى بولۇۋاتقاندەك بىلىنىدى، يۈگۈرگىنىمچە سىرتقا ئوقتەك چىقىپ كەتتىم.

خېلى بىر چاغ ئۆتكەندە بالىنىڭ يىغىسى ئاستا ـ ئاستا پەسەيدى. خۇاخۇا ئۆيدىن چىقتى، ئىشىك ئالدىدىكى كۆتەكتە ئولتۇراتتىم، قولۇمدا سىقىملىۋالغان ھېلىقى قۇلۇلە قېپى قىپقىزىل قانغا بويالغانىدى.

— ئۇنىڭ قورسىقى بەك ئېچىپ كەتكەن، — ئۇ ئارقامدا تۇرۇپ ئاستا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

بۇ مېنى بەك كەچ كەلدىڭ دېگىنى ئەمەسمۇ؟ قاپاقلىرىمنى تۈرۈپ، توڭ تەگدىم:

— بۇ يەردە قالىمەن دېگەنىدىڭىز، چوقۇم مۇشۇنداق تۇرمۇشقا كۆنۈشۈڭلار كېرەك.

ئۇ ئۈن ـ تىنسىز بېشىنى لىڭشىتتى.

بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن ئۇ ئالدىمدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، قانغا مىلەنگەن قوللىرىمنى ئالىقانلىرىغا ئېلىپ تۇرۇپ كېتىپ، يېڭى بىلەن سۈرتۈشكە باشلىدى. قەھۋەزارلىققا كەلگەن شۇنچە ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى بىرەرى يوقلاپ كېلىپ باقمىغانىدى، باشقىلارنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشىشنىڭ تەمىنى ئۇنتۇپ قالايلا دېگەنىدىم.

كۆزلىرىمنى يۇمدۇم. ئۇنىڭ ھىدى كېپىنەكلەردەك يەلكىلىرىمگە قونۇشقا باشلىدى. مەن ئىللىقلىق ۋە قانائەت ھېس قىلىۋاتقان بولسام كېرەك.

— بۇ يەرنىڭ كېچىلىك ھاۋاسى بەك ساپ ئىكەن ، — دېدى خۇاخۇا ئاچچىقىمنىڭ يانغىنىنى كۆرۈپ ، مېنى گەپكە سالماقچى بولۇپ .

— قالايمىقان مېڭىپ يۈرمەڭ . بۇ يەردە ناھايىتى يىرتقۇچ ياۋا مۈشۈك بىلەن يىلان بار ، — دېدىم مەن .

ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى .

توساتتىن بىر ئۈلۈغ - كىچىك تىنىدىم .

— بالىغۇ ياخشى ، بىراق ئۇنىڭ كېلىشى تولىمۇ تاسادىپىي بولغاچقا ، دەماللىققا تازا كۆنەلمەيۋاتىمەن ، — دېدىم .

— چوقۇم ياخشى كۆرۈپ قالىسىز . ئەمەلىيەتتە ، ئۇ ئۇنچە قارغىشمۇ ئەمەس ، بۇ يەرگە ئۆزلىشىۋالسىلا ئوخشىلىپ كېتىدۇ .

— شۇنداق بولسا ياخشى بولاتتىغۇ .

— ھە ، چوقۇم شۇنداق بولىدۇ ، بۇ ئادەتتىكى بالا ئەمەس ، ئۇ ماڭا نۇرغۇن مەدەت بولغان . ئەڭ ئۈمىدسىزلەنگەن چاغلىرىمدا ، ھامان بىر كۈنى سىزنى تېپىپ ، بىر ئائىلە كىشىلىرى جەم بولىمىزغۇ ، دەپ ئويلايتتىم ، — ئۇنىڭ مۇلايىم ئاۋازى بۇ تۈن كېچىدە يۈرەك تارىمنى چەككەندەك بولدى .

ھازىر ھاياتىي كۈچكە تولغان ، قەلبىدە ئارزۇ - ئىستەكلەر ئۇرغۇپ تۇرغان خۇاخۇاغا قارىغاندا ، يەنىلا ئىلگىرىكى تارتىنچاق ، ئېيسەنگىرەپ تۇرىدىغان خۇاخۇانى بەكلا ياخشى كۆرىدىغاندەك قىلاتتىم . ئۇ چاغدىكى خۇاخۇا خۇددى يىراق ئاسماندا جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارغىلا ئوخشايتتى ، ئۇنىڭدىكى سېھرىي كۈچ دەل ئاشۇنداق تۇراقسىزلىقتىن كېلەتتى .

مەن چۈن چىنى سۆيىمەن ، بۇمۇ ئەزەلدىن ئۇنىڭغا يېقىنلىشالمىغانلىقىمدىن بولسا كېرەك . پەقەت بىر خىل خىيالىي تۇيغۇدىلا ئۇنىڭ بىلەن ئاستا - ئاستا يېقىنلىشىۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن .

*ئايالنى شەكىللىك يەلەمپەيىنى بويلاپ پەسكە چۈشىدىغان ، بۇ يەردە كۆمۈلۈپ ياتقىنى بىر دوزاخ ئەمەس ، بەلكى خانلىق دۆلەت .*

مېڭىۋەرسىڭىز ، بوران ئاۋازى قۇلاقلارنى گاس قىلغاندا ، چاڭ ـ توزانلار كۆزلەرنى كور قىلغاندا ، تىكەنلەر پۇتلارغا چىرماشقاندا ، ئەسلىمىنىڭ ئىگىسى ئاستا ـ ئاستا پەيدا بولىدۇ .

كەنتتىكى ئەرلەر ئالدىراپ ـ تېنەپ پىرېستانغا يۈگۈرمەكتە . ئۇلار ئۇنى كۆرۈپ قول پۇلاڭلىتىپ ، ئۇلار بىلەن بىللە كېمىگە چىقىپ دېڭىز قاراقچىسى بولغۇسى بار ـ يوقلۇقىنى ئىشارەت بىلەن سورىدى . ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ ، ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭدى . ئۇلاردا پەقەت ئۆزلىرى قوراشتۇرۇۋالغان ئەبجەق كېمە ، بۇلاپ كەلگەن بىرنەچچە ئۇزۇن پىچاقلا بار ئىدى . ئۇلار كېيىمىنى ئالماشتۇرۇپلا ، مىلاكا دېڭىز بوغۇزىنىڭ مۇتتەھەم قاراقچىلىرىغا ئايلاندى .

ئۇلار دېڭىزدا نەچچە كۈن يۈرۈپمۇ ، بۇلىغۇدەك بىرەر كېمە ئۇچرىتالمىدى ، پورتۇگالىيىلىك ، گوللاندىيىلىكلەرنىڭ كېمىلىرىنى بۇلاشقا جۈرئەت قىلالمايتتى . ئۇ ئەجنەبىيلەردە مىلتىق ـ زەمبىرەك بار ، پىچاقلىرىمۇ بۇلارنىڭكىدىن كۆپ ئىتتىك . ئۇلار بىر ئاي كۈتۈپ ، ئاخىر جۇڭگودىن كەلگەن بىر كېمىنى ئۇچراتتى . كېمىدە دېڭىزچىلاردىن باشقا يەنە خوتۇن كىشىدەك ئىنچىكە ئاۋازدا سۆزلەيدىغان بىرقانچە ئاغۋات ، ئايئاق ئۇزۇن تون كىيگەن دىن تارقاتقۇچى بىر پوپ بار ئىدى . ئۇلار پىچاقلىرىنى شىلتىپ قىرغىنچىلىق قىلىۋاتقاندا ، پوپ كۆكرىكىگە توختىماي كرېست سىزاتتى ، پەقەت ئۇنىڭلا قول سالغۇسى كەلمەي تۇراتتى . بۇ بەلكىم ئۇنىڭ ئەجدادىنىڭ جۇڭگو بىلەن يوشۇرۇن ھەم چوڭقۇر باغلىنىشى بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك . شۇنداق قىلىپ ، ئۇلار راۋۇرۇس بىر جۇڭگو كېمىسىگە ، نەچچە قۇتا قاشتاش ، ھېقىق ، نەچچە ساندۇق يىپەك ۋە فارفور بۇيۇملارغا ، يەنە ئۆزلىرى قانداق ئىشلىتىشىنىمۇ بىلمەيدىغان قىممەتلىك ئۆسۈملۈك دورىلارغا ئېرىشتى .

*ئەتىسى، ئۇ دېڭىز بويىدا بۇ كېمىنى يۇيۇپ - تازىلىدى، لاتا بىلەن پالۇبىدىكى ھەربىر تامچە قان داغلىرىنى سۈرتۈپ چىقاردى، چېقىلغان فارفور قاچا پارچىلىرىنى تېرىپ، ئاۋايلاپ چاپلاپ ئۈچ دانە زەڭگەر فارفور قاچا قىلىپ چىقتى.*

## 4

ئەتىسى، خۇاخۇا بۇ ئۆينى راسا بىر سەرەمجانلاشتۇرماقچى بولدى. مەن ياردەملەشمىدىم، قەھۋەزارلىقتا قاراشنى باھانە قىلىپ چىقىپ كەتتىم. قەھۋەزارلىقنى نەچچە قېتىم مەقسەتسىز چۆرگىلەپ چىقتىم. كېيىن يامغۇر يېغىشقا باشلىدى، تاغ ئۆڭكۈرىگە كىرىپ يامغۇردىن پاناھلاندىم. يامغۇر بارغانچە ئۇلغايغىلى تۇردى، خۇددى ئوردىدىكى قېرى دېدەكنىڭ ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ توختىماي تۆكۈۋاتقان يېشىغا ئوخشاش. خۇاخۇا بەلكىم ئورماندا باۋئېرغا كارىۋات ياسىغۇدەك ياغاچ ئىزدەپ يۈرگەندۇ، چوقۇم يامغۇردا قالدى. ئورماندىن چىغىر يولنى بويلاپ تاغ تەرەپكە ماڭسا، يامغۇردىن پاناھلانغۇدەك بىر راۋاق بار ئىدى، لېكىن ئۇ بۇنى نەدىنمۇ بىلسۇن، ئۇ چوقۇم ئۆيگە قاراپ يۈگۈردىغۇ دەيمەن. ھېلىقى ھەم ئۇزۇن، ھەم تىك يول يامغۇر ياغقاندا، پاتقاق سۇ تۆۋەنگە قاراپ ئېقىپ، ساپسېرىق لاي شارقىراتمىغىلا ئوخشاپ قالاتتى.

ئۆڭكۈردىن بېشىمنى چىقىرىپ تاغ باغرىغا قارىدىم، ئۇنىڭ ئورمانىنى كېسىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان جۇدەڭگۈ سىيماسىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئۇ تۇغۇلۇشىدىنلا جاپاغا تۆرەلگەندەكلا قىلاتتى، مەيلى مەن ياكى ئۇ ئۆزى بۇنىڭغا بارا - بارا كۆنۈپ قېلىۋاتاتتۇق. شۇ دەقىقىدە قەلبىمدە بىر خىل ئېچىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولدى، لېكىن ھايال ئۆتمەيلا ئوڭشىلىپ قالدىم.

يامغۇر توختىغان چاغدا گۇگۇم چۈشۈپ قالغانىدى. بۇ بىر كۈنمۇ مانا مۇشۇنداق دىلخەستىلىك ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى. ئۆيگە كەلگەن چېغىمدا، خۇاخۇا باۋئېرغا كارىۋات قۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ

چاچلىرىدىن سۇ تامچىلاۋاتاتتى ، ئەدىيالغا ئورنىنىۋالغان بولسىمۇ ، يەنىلا تىترەپ چىشلىرى كاسىلداپ كېتىۋاتاتتى . لېكىن ، باۋئېر ناھايىتى روھلۇق كۆرۈنەتتى . ئۇ خۇاخۇانىڭ يېنىدا كارىۋاتقا ئىشلىتىدىغان ياغاچتىن بىرنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى . خۇاخۇا مېنىڭ كىرگىنىمنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرەپ قارىدى ، پېشانىسىنىڭ بىر يېرى كۆكىرىپ قالغانىدى .

— يولدا يىقىلىپ چۈشتۈم ، — دېدى ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك .

بېشىمنى لىڭشىتتىم .

— ھاۋا ناچار بولغاچقا ، بىرمۇنچە ۋاقىت كەتتى ، تاماقمۇ ئېتەلمىدىم ، — دېدى ئۇ خىجالەتچىلىكتە ، ئۇنىڭ تامدەك تاتارغان چىرايىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى . ئۇ مېنىڭ كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ ، دەرھال كېلىپ ئايىغىمنى سالدۇردى .

مەن بېشىمنى چايقاپ ، كۆڭلۈمگە ئالمايدىغانلىقىمنى بىلدۈردۇم . ئۇنىڭغا سىپايىرەك مۇئامىلە قىلسام بولاتتى ، لېكىن ئىزچىل ئۇنداق قىلالمىدىم . سىلىق - سىپايىلىك قوبۇل قىلىشتىن ، باش ئېگىشتىن دېرەك بېرەتتى ، بىلىپ - بىلمەستىنلا بىر ئادەتتىكىچە ئەرگە ئايلىنىپ قالاتتىم .

ئۇنىڭ قىلمىشلىرىدىن تەسىرلەنسەم ھەرگىز بولمايدۇ .

مۇشۇنداق ئويلىدىم - دە ، ئورنۇمدىن لىككىدە تۇرۇپ ، سىرتقا چىقىپ كەتتىم .

خۇاخۇا بىلەن باۋئېر كەلگەندىن بۇيان تۇرمۇشۇم ئەكسىچە تېخىمۇ جىمجىتلىقتا ئۆتۈۋاتاتتى . ھەر كۈنى تاڭ يورۇشى بىلەنلا ئۆيدىن چىقىپ كەتسەم ، قەھۋەزارلىقتا پۈتۈن بىر كۈننى ئۆتكۈزۈپ ، كۈن ئولتۇرغاندىلا زورغا قايتاتتىم .

قەھۋەزارلىقتا بىر شىرە ياسىۋالدىم ، بۇ جاي قۇلۇلە قاپلىرىنى سىلىقلايدىغان ئىش ئورنۇمغا ئايلاندى . بۇ يەردە دەرەخلەر تولىمۇ قويۇق ، ئەتىگىنى ئانچە ئىسسىپ كەتمەيدۇ ، ئىش قىلىشقا

بەكلا باب كېلىدۇ . بىراق ، چۈش بولۇشى بىلەن ، كۈچلۈك قۇياش نۇرى دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن تېشىپ ئۆتۈپ ، ئالا ـ بۇلىماچ نۇر كۆلەڭگىلىرىنى ھاسىل قىلىپ ، كۆزلىرىمنى ئالا چەكمەن قىلىۋېتىدۇ . قۇلۇلە قاپلىرىغا زېھنىم بىلەن بېرىلىشكە ئامالسىز قالىمەن ، ئىشتىن توختاشقا مەجبۇر بولىمەن . بىراق ، بەزىدە ، بەك كىرىشىپ كەتكەن بولسام ، بۇلارنىمۇ ھېس قىلالماي ، ئاخىر بىرى كۆزلىرىمنى توسۇۋالغاندەك ھېچنېمىنى كۆرەلمىگۈچە ئىشلەپمۇ كېتىمەن .

بىر كۈنى خۇاخۇا چۈشلۈك تاماق ئەكەلگەندە ، شىرە يېنىدا ھوشسىز يېتىپتىمەن . خۇاخۇا سوغۇق سۇ سېپىپ يۈرۈپ ئاران دېگەندە ھوشۇمغا كەلتۈرۈپتۇ . ئۇ ھەسرەتلىك ھالدا ماڭا قاراپ :

— ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى بۇنچە قىيناپ نېمە كەپتۇ ، ئۇ سىزگە ئازراقمۇ كۆڭۈل بۆلمىسەيا ، — دەۋەتتى ئاخىر .

ئەمدىلا ھوشۇمغا كېلىپ ، ئۆزۈمنى بىر بىلىپ ، بىر بىلەلمەي تۇرسام ، ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ ئوغام قايىندى :

— قانداق قىينالسام ئۆزۈمنىڭ ئىشى ، سىزنىڭ ئۇنى ـ بۇنى دېيىشىڭىزگە يول يوق . ئەگەر مەن بىلەن بىللە ئۆتۈپ ، پۇشايمان قىلىۋاتقان بولسىڭىز ، قاچانلا كەتسىڭىز بولىۋېرىدۇ .

ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ، ئەكەلگەن تاماقنى تاش شىرە ئۈستىگە قويۇپ :

— مەن ئەزەلدىن پۇشايمان قىلغىنىم يوق ، — دېدى ـ دە ، بۇرۇلۇپلا ماڭدى .

ئۇنى توۋلاپ توختىتىپ :

— بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا تاماق ئەكېلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق ، — دېدىم .

ئۇ ئاستاغىنا بۇرۇلۇپ ماڭا قارىدى ، كۆز چاناقلىرى قىزىرىشقا باشلىدى .

ئۇ ئىككىمىز ئارىسىدا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم چۈن چىنى ئېغىزغا ئالغىنىمىز بولۇپ قالدى . چۈن چى بىر سىرلىق گۈللۈككە

ئوخشايدۇ ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ گۇللۇكنىڭ ئىشىكى مەھكەم تاقالدى . ئېھتىمال مۇشۇنداق قىلساملا كۆڭلۈم ئارام تاپسا كېرەك . مەن بۇ گۇللۇككە ھەرقانداق بىرىنىڭ كىرىشىگە چىدىمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدىم . ئۇ تامامەن ماڭا تەئەللۇق بولۇشى كېرەك .

ئىككىنچى بىر ئادەم چۇن چىنى ئېغىزىغا ئېلىپ باقمىدى ، ئۇ مەڭگۈلۈك ھالدا قەلبىمگە قامالدى . خۇددى ئۇزۇندىن بۇيان ئاياغ بېسىلمىغان كونا تۇرالغۇدەك ، بۇ گۇللۇكتىمۇ جىن ـ شاياتۇنلار مالىمانچىلىق قىلغىلى تۇردى . ئەيۇن مەزگىللىرى ، چۇن چىنى توختىماي چۇشەيدىغان بولۇپ قالدىم ، ئۇ روشەن چۇشلەر قايتا ـ قايتا تەكرارلىناتتى . چۈشلىرىم مېنى مەلۇم بىر ئىشتىن ئېنىق بېشارەت بېرىلىۋاتقانلىقىغا ئاخىر ئىشەندۇردى .

چۇش ۋاقىتنى كەينىگە ياندۇرغىلى بولىدىغان بىردىنبىر قورال . چۇشۇمدە ، يىگىرمە نەچچە يىل ئىلگىرىكى چۇن چىنى كۆردۇم . ئۇ بىر چوڭ كىيمە پالوبىسىدا ۋادەككە يۆلەنگىنىچە چاچلىرىنى ئاستا تاراۋاتقۇدەك . شارقىراتمىدەك سۇمبۇل چاچلىرىنى ئەمدىلا تاراپ تۇزلىسە ، دېڭىز شامىلى يەنە قالايمىقان قىلىۋەتكۇدەك . ۋاقىت ئۇنى مۇھاسىرىسىگە ئېلىپ ، خۇددى دېۋىرقايىنىڭ ئاستا ـ ئاستا قېتىپ ، مىدىرلىماس كەھرىۋاغا ئايلانغىنىدەك بىر ئىزدا تۇرغۇدەك . تۇساتتىن ، تارغاق قولىدىن چىقىپ كېتىپ ، ۋادەككە سوقۇلۇپلا دېڭىزغا چۇشۇپ كېتىپتۇدەك . چۇن چى ئۇنى ئېلىۋالماقچى بولۇپ ، ئېگىلىپ سوغا قوللىرىنى شۇنچە سوزسىمۇ يەتمىگۇدەك . ئۇ بىر قولىدا ۋادەكنى تۇتۇپ ، كېيىمدىن ئارتىلىپ گىرۋەكنى بويلاپ ئاستا ـ ئاستا پەسكە چۇشۇپتۇ . ئۇنىڭ يەنە بىر قولى دېڭىز دولقۇنلىرىغا تەگكىنىدە ، چىرايىدىن بىر خىل مەمنۇنلۇق يالت قىلىپ ئۆتۈپتۇ . ئارقىدىن ، ئۇنىڭ كېيمە گىرۋىكىگە تىرىۋالغان پۇتلىرىنى ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرگەنلىكىنى كۆرۈپتىمەن . ئۇنىڭ تۇپتۇز ، جۇدەڭگۇ گەۋدىسى

بوشلۇقتا يەلپۈگۈچتەك ئېچىلىپ تۇرغۇدەك ، بىرنەچچە دەقىقىدىن كېيىن ، قاتتىق گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ دېڭىزغا چۈشۈپ كەتكۈدەك . مەن بۇ ئاۋازدا چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم .

چۈشۈمدىن ئويغىنىپ ئالدى بىلەن كاللامغا كەلگىنى ، چۈن چىگە چوقۇم بىرەر كېلىشمەسلىك بولغان ئوخشايدۇ ، دېگەن ئوي بولدى . بىراق ، چۈشۈمدە ئۇنىڭ چىرايىدىن شۇنداق خاتىرجەملىك ، ھەتتا سەل مەمنۇنلۇق چىقىپ تۇراتتى . بۇ چۈشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى تازا جەزملەشتۈرەلمىدىم . ئۇدا نەچچە كۈن ئوخشاشلا مۇشۇ چۈشنى كۆردۈم ، ئەمما كۈندىن ـ كۈنگە روشەنلىشىۋاتاتتى . بىلىمەن ، مەلۇم ھەقىقىي ئەھۋالغا بىر كۈندىن ـ بىر كۈندىن يېقىنلاۋاتىمەن .

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن چۈن چىگە قۇلۇلە قاپلىرىنى ئەۋەتەي دەپ پىرېستانغا بارغىنىمدا ، دېڭىزغا چۆكۈپ كەتكەن جۇڭگو كېمىسىنىڭ سۇزۇۋېلىنغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ قالدىم . مەن ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا ئۇ يەرگە كۆرگىلى ماڭدىم .

يىگىرمە نەچچە يىل ئاۋۋالقى دېڭىز تاشقىنىدا چۆكۈپ كەتكەن بۇ كېمە جۇڭگودىن يولغا چىققان كېمە ئىدى . چۇل ـ چۇل بولغان ياغاچ ئويما نەقىشلىك دېرىزە راملىرى ، سۇنغان ماچتا ، پارە ـ پارە بولۇپ كەتكەن پالوبا ... مەن قاتمۇقات كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ ، ئاخىر بۇ چوڭ كېمىنىڭ ئالدىغا كەلدىم ، ئاشۇ سۇنۇق قالدۇقلىرىنى جىپسىلاپ قۇراشتۇرۇلغان قېنىق قوڭۇر رەڭلىك كېمىدىن روھتىن ئايرىلغان مەخلۇقنىڭ جەسىتىدەك ھەسرەت يېغىپ تۇراتتى . مىدىر ـ سىدىر قىلماي قاراپ قېتىپلا قالدىم ، ئۇنىڭغا قارىغانچە ، تېنىمگە تىترەك ئولاشتى .

نەقەدەر تونۇش ـ ھە ، تۇنجى نۆۋەت چۈشۈمدە كۆرگەنىدىم .

قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي ، تۇنۇگۈن كېچىدىلا چۈشۈمدە چۈن چى دەل مۇشۇ كېمە ئۈستىدە چاچلىرىنى ئاستاغىنا تاراپ تۇرغانىغۇ . بۇ چۈشنى قايتا ـ قايتا كۆرۈپ كەتكەچكە ، ئۇ كېمىنىڭ سىياقى ئېنىق ئېسىمدە قالغانىدى .

ئەسلىدە چۈشۈم مېنى بۇ يەرگە ئەكەلمەكچىكەن ـ دە،

كېمە يېنىدا كىشىلەر چۆككەن كېمىدىن سۈزۈۋېلىنغان مەرۋايىت، ياقۇت، قاشتاش ۋە چېقىلمىغان فارفور بۇيۇملارنى بەس ـ بەستە سېتىۋالماقتا ئىدى. مەيلى يەرلىكلەر ياكى بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان گوللاندىيىلىكلەر بولسۇن، بۇ نەپىس بۇيۇملارغا قاراپ ھەيرانۇھەس قېلىشىۋاتاتتى. مەن ئۇ نەرسىلەرگە قىزىقمىساممۇ، يەنىلا بېرىپ كۆرۈپ باقماقچى بولدۇم.

مەن ئاشۇ قۇلۇلە قاپلىرىنى كۆردۈم.

ئاڭلىشىمچە، بۇ كېمىنى سۈزۈۋالغان چاغدا ئۇلار پالوبا ئۈستىدىن تېپىلىپتىكەن، جەمئىي يەتتە تال ئىكەن.

قۇلۇلە قېپىنى ھەممىلا يەردە ئۇچراتقىلى بولىدۇ، بىراق مۇنداق ھەم چوڭ، ھەم چىرايلىق، شەكلى ئالاھىدە قۇلۇلە قاپلىرىنى دائىم دېڭىزغا چىقىدىغان بېلىقچىلارمۇ كۆرۈپ باقمىغانىدى. شۇڭا، بۇلارغىمۇ باھا قويۇپ ساتقىلى تۇردى.

مەن بۇنداق قۇلۇلىلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ باقمىغان بولسامۇ، ئىلگىرى بىر كىتابتىن كۆرگەن، بۇلارنىڭ ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان سۇ ئىلاھى ئوردىسى قۇلۇلىلىرى ئىكەنلىكىنى ئۇقمەن، قالپاق شەكلىدە، يۈزى سۈتتەك ئاق، سىزىقچىلىرى ھال رەڭدە، يېرىقچىلىرى ھىلال ئاي شەكلىدە، ئالا ـ بۇلىماچ بولۇپ، تولىمۇ چىرايلىق ئىدى.

دېڭىز ئاستىدىكى كېمە پالوبىسىدا ياشىغان قۇلۇلىلەر چوقۇم ئاشۇ چاغدىكىلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرىدىن ئوزۇقلانغان بولغاچقا مۇشۇنداق گۈزەل بولالىغان. مەن نەزىرىمنى قۇلۇلە قېپىنىڭ ئاستى قىسمىدىن باشلاپ ھەربىر ھال رەڭ سىزىقلىرىغىچە ئاغدۇردۇم، خۇددى سىلىق راۋاق ئۈستىدە ئۆمىلەۋاتقاندەك. ئۇنىڭ ھەربىر قاتلىرىنىڭ ئارىسىغا چوقۇم نۇرغۇن قىسسەلەر يوشۇرۇنغان، ئاشۇ بۇرمىسىمان سىزىقلارنى بويلاپ ماڭسا، كىشىلەر ئۇنىڭدىكى مول مەزمۇنلۇق ھېكايىلەردىن مەست بولىدۇ.

ئىشىنىمەنكى، ئاشۇ مىنۇتلاردىكى كۆزۈم چوقۇم قىپقىزىل.
چۈشلىرىمنىڭ توختىماي ئىسكەنجىگە ئېلىشى ماڭا مۇشۇ كېمىنى ۋە قۇلۇلىلەرنى كۆرسىتىش ئىكەن ـ دە.
چۈن چىنىنىڭ ئىزدەۋاتقان ئەسلىمىلىرى چوقۇم مۇشۇ يەتتە تال سۇ ئىلاھى ئوردىسى قۇلۇلىلىرىگە يوشۇرۇنغان، ئۇلاردىن بىر خىل تونۇش پۇراق كېلىۋاتىدۇ. بۇ دەل چۈن چىنىنىڭ ھىدى، مۇبادا كۆزلىرىم يۇمۇق بولسا ئىدى، ئۆزۈمنى ئۆيگە قايتىپ كەلگەن ئوخشايمەن، دەپ قالار ئىدىم.
مەن ھەم ھاياجانلاندىم، ھەم ئاچچىق پۇچىلاندىم. ماڭا كېرەك نەرسە كۆز ئالدىمدىلا تۇراتتى، لېكىن ماڭا تەۋە ئەمەس ـ دە. ئۇلارنى سېرىق چاچلىق ئەجنەبىي قىز سېتىۋالغاندا، كۆزلىرىمنى پارقىرىتىپ قاراپلا قالدىم. ئۇ ناھايىتى ياش، ئەمما تولىمۇ باي ئىدى، قۇلۇلە قاپلىرىدىن باشقا، بىر جۈپ قاشتاش بىلەزۈك، ئىككى دانە ساپال بۇيۇممۇ سېتىۋالدى. سېتىۋالغان بۇيۇملىرىنى ئارقىسىدىكى چاكىرى كۆتۈرۈۋالغانىدى. ئۇ ماڭىدىغان چاغدا كىشىلەر توپى تەبىئىيلا ئايرىلىپ بىر يول ئېچىپ بەردى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇنى ـ بۇنى دەپ مۇنازىرە قىلىشتى، بىرەيلەن ئۇنى گوللاندىيىلىك ئاق سۆڭەك ئىكەن، دېدى. مەن ئۇلارغا ئەگىشىپ كىشىلەر توپىدىن چىقتىم، يول بويى ئارقىسىغا چۈشتۇم. ئۇلار پىرىستانىغا ئانچە يىراق بولمىغان گوللاندىيىلىكلەر مەھەللىسىدە تۇرىدىكەن، ئۇلارنىڭ ناھايىتى ھەيۋەتلىك تاش ئىمارەتكە كىرىپ كەتكىنىنى كۆردۈم.

ئۆيگە قايتىپ كەلدىم، ئىشىك ئالدىدىكى كۆتەكتە ئولتۇرۇپ بىر كېچە ئويلاندىم. ئەتىسى ئەڭ تۇزۇك بىرقۇر كىيىممنى كىيىپ گوللاندىيىلىك قىزنىڭ تۇرالغۇسىغا ماڭدىم.
مەن مېھمانخانىسىدا ئۆي ئىگىسىنى خېلى كۈتتۈم. بىر چاغدا ئۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن چىقىپ كەلدى. بۇ گوللاندىيىلىك قىز ئەمدىلا يىگىرمە نەچچە ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، ئالتۇن چاچ،

كۆك كۆز ، تېرىلىرى قاردەك ئاق ئىدى . ئۇ ھىندىچە سارا كىيىۋالغان ، ھال رەڭ كىيىم ئۇنىڭ سۇزۇك تېرىسىگە تولىمۇ باب كەلگەن بولغاچقا ، بەكمۇ جازىبىدار كۆرۈنەتتى . ئۇنىڭدىكى گۈزەل رۇخسار ئىنسانلارغا كۆپ يىراقتەك بىلىنەتتى : مەن يەنە قاراۋېرىشتىن ئەيمىنىپ ، دەرھال يەرگە قارىۋالدىم .

گوللاندىيىلىك خېنىم ناشتا قىلغاچ مەن بىلەن سۆھبەتلەشتى . ئەتىرگۈل ئويما نەقىشلىك ، سۇتتەك ئاق ئۇزۇن ئۇستەلدە ھېلىلا دۇخوپكىدىن چىققان قارا بولكا بىلەن تېگى ئاق ، ئۇششاق ھال رەڭ گۈللۈك قەھۋە ئىستاكىنى تۇراتتى ، ئۇنىڭدىن قەھۋەنىڭ خۇش پۇرىقى كېلىۋاتاتتى . كۆزلىرىمنى يۇمۇپ ، چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ پۇراپ كۆردۇم . بۇ ھەقىقەتەن ئېسىل قەھۋە ئىدى . مېنىڭ ئۇ قەھۋەزارلىقىمدىن مۇنداق ئېسىل پۇراقلىق قەھۋە چىقمايتتى .

مەن پىششىغان مالاي تىلىدا ئۇنىڭ تىلمچى ئارقىلىق سۆزلەشتىم . ئۇنىڭ ئاشۇ قۇلۇلە قاپلىرىنى ماڭا سېتىپ بېرىشىنى ئۆتۈندۇم .

تىلماچ چۈشەندۈرۈپ :

— بىس خېنىم بۇ قۇلۇلە قاپلىرىنى گوللاندىيىگە ئەكېتىپ ، ھۇنەرۋەنلەرگە چىراغ ياساتقۇزىمەن ، شۇڭا ساتمايمەن دەيدۇ ، — دېدى .

يۈزلىرىم تارتىشىپ كەتتى ، بۇنداق جاۋاب چىقىدىغانلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلىپ قويغان بولساممۇ ، ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغىنىمدا كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم بولدى .ئەمدى بىرلا چارە قالدى ، ئۇ بولسىمۇ يالۋۇرۇش .

ئۇنىڭغا مۇنداق بىر ھېكايىنى توقۇدۇم : دادام قۇلۇلە قاپلىرىنى يىغىپ ساقلىغۇچى ئىدى . ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاپام ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە نۇرغۇن قىممەتلىك قۇلۇلە قاپلىرىنى يىغىپ ساقلىغان . يېقىندا ئۇ ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ، يېتىقتا بولۇپ قالدى . مەن بۇ سۇ ئىلاھى ئوردىسى قۇلۇلىرىنى

كۆرۈپ، ئەگەر بۇلارنى ئاپامغا ھەدىيە قىلسام، خۇشاللىقىدا كېسىلى ساقىيىپ كېتەرمىكىن دېگەن ... بۇ راست دېسە راست، يالغان دېسە يالغان ھېكايىنى سۆزلەۋاتقىنىمدا، تېخى كۆز چاناقلىرىمدا ياشمۇ ئەگىدى.

ئۇ قىز چىرايىمغا قاراپ تۇراتتى، ئۇ گەپلىرىمگە ئىشەندى. ئۇ تىلماچ بىلەن بىرنېمىلەرنى دېيىشكەندىن كېيىن، تىلماچ ماڭا:

— سىزنىڭ ۋاپادارلىقىڭىز بىس خېنىمنى بەكمۇ تەسىرلەندۇرۇپتۇ. بۇ قولۇلۇلە قاپلىرىنى ئوتتۇز تىللاغا سېتىۋاپتىكەن، ھازىر ئۆز باھاسى بويىچە سىزگە سېتىپ بېرەي دەيدۇ، — دېدى.

مەن لەۋلىرىمنى چىشلەپ، لام ـ جىم دېمەي بىشىمنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇپ كەتتىم. خېلى بىر ۋاقىتتىن كېيىن:

— سىزگىمۇ ئايان، ئوتتۇز تىللا دېگەن بىزدەك تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارغا نىسبەتەن ئاز پۇل ئەمەس، باھانى يەنە سەل چۈشۈرۈپ بېرەلەرمىكىن؟ — دەپ سورىدىم.

بىس خېنىم بېشىنى چايقىدى. ئۇنىڭ گۈزەل ئالتۇن چاچلىرى قۇياش نۇرىدا تەۋرەنگەندە چىققان نۇر كۆزلىرىمگە سانجىلىپ ئاغرىتىۋەتتى. ئۇ قەھۋە ئىستاكىنىنى ئاستاغىنا قويۇپ، ئورۇندۇقتا يۆلىنىپ ئولتۇردى. ئۇ چوقۇم مېنى ھەرگىز چىن نىيىتى بىلەن سېتىۋالغىلى كەلمەپتۇ، ئارىدىن پايدا ئالماقچى بولغان جازانىخور ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىمىكىن. تىلماچ ماڭا:

— باھانى چۈشۈرگىلى بولمايدۇ. مۇنداق بولغاندىن كېيىن قايتىسىڭىز بولارمىكىن، — دېدى.

مەن ئازاب ئىچىدە مىدىرلىماي تۇرۇپ كېتىپ، چوڭقۇر ئويلىنىپ، يەنە يالۋۇرۇشقا باشلىدىم:

— بىس خېنىم، مەن ھەرگىزمۇ چاقچاق قىلغىنىم يوق، چىن كۆڭلۈمدىن سېتىۋالغۇم بار، ماڭا ئازراق ۋاقىت بەرگەن بولسىڭىز، پۇلنى تەقلەپ، ئاندىن سېتىۋالسام بولارمۇ ... —

دېدىم .
بىس خېنىم ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ ، تىلماچقا بىرنېمىلەرنى دېدى .
— بىس خېنىم كېلەر ئاينىڭ ئاخىرىدا گوللاندىيىگە قايتىدىكەن ، مۇشۇ ۋاقىتنى ئېسىڭىزدە تۇتارسىز ، — دېدى تىلماچ .
مەن دەرھال مىننەتدارلىق بىلەن بېشىمنى لىڭشىتتىم . تىلماچ مېڭىڭ دەپ ئىشارەت قىلدى ، مەن سىرتقا قاراپ ماڭدىم . بوسۇغىغا كەلگەندە ، يەنە بىر پۇرسەتنى قولغا كەلتۇرۇشنى ئويلاپ قالدىم :
— بىر تالدىن - بىر تالدىن سېتىۋالسامۇ بولامدۇ ؟ دېمەكچىمەنكى ، بىر تالغا تۆشلۈك پۇل تاپقاندا ، كېلىپ بىر تالنى سېتىپ ئەكەتسەم بولارمۇ ؟
بىس خېنىم بېشىنى ئاستاغىنا لىڭشىتتى .

## 5

پەرىشان ھالدا ئۆيگە قايتىپ كەلدىم . باۋئېر كارىۋاتتا ئۆمىلەۋاتاتتى ، ئۇ تولىمۇ تېتىك ھەم زېرەك كۆرۈنەتتى . بەزىدە خۇاخۇا ئۇنىڭغا بىر كالىلەك يۇڭ يىپنى تاشلاپ بەرسە ، ئۇياقتىن - بۇياققا دومىلىتىپ خۇشال ئويناپ كېتەتتى . ئۇنىڭ تىلىمۇ چىقىپ قالدى . ئىشىكتىن كىرىشىمگىلا :
— دادا ، دادا ، — دەپ ئۈنلۈك چاقىردى .
خۇاخۇامۇ تاماقنى ئېتىپ تەييار قىلىپ تۇرۇپتىكەن ، ئولتۇرۇشۇمغىلا قولۇمغا چوكىنى تۇتقۇزۇپ ، ئۆزگەرمەس كەچلىك تامىقىمىز بىلىق بىلەن كاۋا شورپىسىنى ئەكەلدى . ھەر كۈنى بۇ مىلىچ - مىلىچ نەرسىلەرنى يەۋېرىپ ، كۆرسەملا ئىچىم ئېلىشىدىغان بولدى . باۋئېرمۇ يېمەيمەن دەپ غەلۋە قىلغىلى تۇردى . خۇاخۇا ئۇنىڭغا بىر قوشۇق كاۋا شورپىسى ئىچۈرۈۋىدى ، ئازراقنى يۇتۇپلا قالغىنىنى چىقىرىۋەتتى . زەردەم بىلەن ئۇنىڭغا قارىدىم ، ئۇمۇ ماڭا

قاراپ تۇراتتى . بالىدا نېمە گۇناھ ـ ھە .

ئەمدىكى خىيالىم قانداق قىلىپ شۇنچە جىق پۇلنى جۇغلاشتا قالدى . مۇشۇ خېلى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈۋالغان قەھۋەزارلىقنى سېتىۋەتسەممۇ ، ئۇنىڭ پۇلىغا بىر دانە سۇ ئىلاھى ئوردىسى قۇلۇلە قېپىمۇ كەلمەيتتى . قەھۋە سېتىپ پۇل تېپىش دېگەنغۇ يىراق زاماندىكى ئىشقۇ ، مۇشۇ ئۆمرۈمدە قاقسەنەم بولۇپ كەتسەممۇ ئۇ قۇلۇلە قاپلىرىنى سېتىۋالالمايتتىم .

قولۇمدىكى چوكا ـ چىنىنى تاشلاپ ، بۇ دىمىق ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم .

خۇاخۇا بالىنىڭ قورسىقىنى تويدۇرۇپ بولۇپ ، كەينىمدىن چىقتى . ئۇ مېنىڭ كەيپىمنىڭ ناچارلىقىنى كۆرۈپ ، گەپ قىلماي ئارقامدا تۇردى . مەن گۇرجەكنى ئالدىم ـ دە ، قەھۋە دەرىخىنىڭ تۈۋىنى بوشاتتىم ، ئوغۇت سەپتىم ، ھەربىر دەرەخنىڭ توپىسىنى بوشىتىپ ئوغۇتلىدىم . ئاچچىقىم بىلەن توختىماي ئىشلىدىم ... ئەڭ ئاخىرقى قەھۋە دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كەلگەندە گۇرجەكنى پاققىدە تاشلاپ ، يەردىلا ئولتۇردۇم . خۇاخۇا بەكلا قورقۇپ كەتكەندى . ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ مېنى قۇچاقلىۋالدى .

ئۇنىڭ باغرىدا بوۋاقنىڭ سۈت ھىدى بار ئىدى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئانىلىق ھىدىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل سېزىم ماڭا تەسىر قىلىپ ، يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدىم .

— نېمە ئىش بولدى ؟ — چېچىمنى سىلاپ تۇرۇپ سورىدى ئاستاغىنا .

— قۇلۇلە قاپلىرىنى تاپتىم ، ئىشىنىمەنكى ، ئۇلار دەل چۇن چى ئىزدەۋاتقان قۇلۇلە قاپلىرى .

— ئۇنداقتا خۇشال بولساق بولغۇدەكقۇ ! — دېدى خۇاخۇا قەستەن يېنىكلەپ قالغاندەك تەلەپپۇزدا .

— بىراق ، نۇرغۇن ، نۇرغۇن ... پۇل بولغاندىلا ، ئاندىن ئۇلارنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ .

مەن ئۇنىڭ قوينىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ ، گۇرجەكنى

ئالدىم ـ دە ، ئارقامغا يېنىپ ماڭدىم . ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ ، ماڭا ئەگىشىپ ماڭغاچ :

— سىزگە ياردەم قىلغۇم بار ، — دېگىنىنى ئاڭلىدىم .

ئۆزۈمنىڭ قەھۋەزارلىقىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققاندىن سىرت ، باشقا قەھۋەزارلىقلاردىمۇ ۋاقىتلىق ياللىنىپ ئىشلەشكە باشلىدىم . ھەر قېتىم داڭ ئاۋازىنى ئاڭلىساملا ، شۇ يەردىكى يەرلىكلەر بىلەن بىللە بېرىپ كېچە ـ كۈندۈز دېمەي نەچچە كۈن ئىشلەپ كېتەتتىم . ھەر قېتىم ھېرىپ ھالىمدىن كېتەي دېگەندە ، قولۇمدا نەچچە تال يارماقنى چىڭ سىقىملىغىنىمچە قايتىپ كېلىپ كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلاپلا ، ئۆلۈكتەك يېتىپ كېتەتتىم . خۇاخۇا مېنىڭ چارچاپ كەتكىنىمنى بىلگەچكە ، تىنۋش چىقارمايتتى ، پەقەت ئاشۇ ئەمدىلا بىر ياشتىن ئاشقان باۋئېرلا يېنىمغا ئۆمىلەپ كېلىپ ، يۈزلىرىمنى مورلاپ باقاتتى ، بىراق ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن تېرىلىرىم ھەددىدىن زىيادە چارچىغانلىقتىن سېزىمىنى يوقاتقانىدى . ئويغانغان چېغىمدا ، ئۇنىڭ يېنىمدا خۇشاللىقتا چۆمۈلگەن ھالدا يۈزلىرىمگە ئۇرۇپ ئويناۋاتقانلىقىنى ، ئاشۇ پاق ـ پاق قىلغان ئاۋازنىڭ ئۇنى شۇنچىلىك ھاياجانغا سېلىۋەتكەنلىكىنى كۆرەتتىم . ئۇ توختىماي قارغاۋاتقاندەك :

— دادا ، دادا ··· — دەپ چاقىراتتى .

تازىمۇ قارا بېسىپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپ ، تەشۋىشلىنىپ ئۆرە ئولتۇرۇۋالدىم . باۋئېر يېنىمدا ئويناۋېتىپتىكەن ، ئاشۇ ئەنسىز كۆزلىرىم بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپتىمەن . ئاشۇ چاغدىكى كۆزلىرىم يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ كۆزلىرىگە ئوخشاپ قالغان بولسا كېرەك ، ئۇ ماڭا بىردەم تىكىلىپ قاراپ كېتىپ پاڭڭىدە يىغلاپ كەتتى .

ئۇ يىغلاۋېتىپ ، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ماڭا ئوغرىلىقچە قاراپ قويۇۋاتاتتى ، خۇددى مېنىڭ بەزلىشىمنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى . ئۇنىڭغا سوغۇق كۆزلىرىم بىلەن قارىدىم :

ئۇ ئاساسەن ئۆيدىن چىقمايتتى، كۈن بويى دېگۈدەك كارىۋات ئۈستىدىلا ئوينايتتى. كاۋا شورپىسى بىلەن كوكۇس شەربىتىنىلا ئىچىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، پاقلاندەك ئەت ئالغانىدى، تۇرمۇشنىڭ جەبىر - جاپالىرىنى پەقەتلا ھېس قىلمىغاندەك قىلاتتى. بۇ چاغدا، ئۇ تېخىمۇ كۈچەپ يىغلىغىلى تۇردى. قارىسام، ھېچ توختايدىغان ئەلپازى يوق. ئوغام ئۆرلەپ ئىككى بىلىكىدىن سىقىپ تۇتقىنىمچە مۇئەللەققە كۆتۈردۈم — ئۇنىڭ ئېغىزى ئوچۇق ئىدى، لېكىن يىغىسى شۇ ھامان توختىدى.

بىز مۇشۇنداق تەرىقىدە بىرھازا تۇردۇق، ئاندىن ئۇنى ئاستا - ئاستا چۈشۈرۈپ كارىۋاتقا قويۇپ قويدۇم. ئۇ كەينىگە نەچچە قەدەم داجىپ، كارىۋاتتىن گۈپلا قىلىپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. بېرىپ قارىسام، پېشانىسى كۆپكۆك ئىششىپ چىقىپتۇ. بىراق، بەك چۆچۈپ كەتكەن بولسا كېرەك، يەرگە چاپلىشىپ، ئۈن - تىن چىقارماي ياتاتتى.

خۇاخۇا بازاردىن قايتىپ كەلگەندە، مەن كارىۋات گىرۋىكىدە ئولتۇراتتىم، باۋئېر تېخىچە يەردە ئولتۇراتتى. خۇاخۇا ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى بىر پارچە كۆكنى كۆردى - دە، يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى باغرىغا باسقىنىچە ماڭا غەزەپ بىلەن قارىدى، بىراق ماڭا بىرەر ئېغىز قاقشاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن باۋئېر ئۈنلۈك يىغلىيالماس بولدى، بەزىدە ئىچى پۇشۇپ يىغىسى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالسىمۇ، زورغا يۇتۇۋېتەتتى. لېكىن، بالىنىڭ تەبىئىتى ئاق كۆڭۈل بولغاچقا، ماڭا زادىلا ئاداۋەت تۇتمىدى، خۇددى ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا قىزغىن ئىدى، ھەر قېتىم ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىمدە، پىلتىڭلاپ يۈگۈرۈپ كېلىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ كېتەتتى. ناۋادا كەيپىياتىم ياخشى بولۇپ قالسا، ئېڭىشىپ بېشىنى سىلاپ قويسام، خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي، ئارقامدىن ئەگىشىپلا يۈرەتتى؛ ئاچچىقىم كېلىپ قالغان چاغلاردا، ئىززىتىنى ساقلاپ، ئۆزىنى چەتكە ئالاتتى.

## 6

كېيىن بالىغا قارىغۇدەك چولىمىزمۇ تەگمىدى. خۇاخۇا ئىككىمىز پىرىستاندا مال توشۇغۇچى بولدۇق، بىر كۈندە ئۈچ يارماقتا ئىشلەيتتۇق. ئىككىمىز ئىككى خوجايىننىڭ قولىدا ئىشلىگەچكە، كۈندۈزلىرى كۆرۈشەلمەيتتۇق، كۈن ئولتۇرغاندىلا ئۇچرىشاتتۇق، ھېرىپ ھالىمىزدىن كېتەتتۇق. خۇاخۇا قەبىلە ئاياللىرىدىن ئازراق ئىسلىغان بېلىق بىلەن ئۆردەك گۆشى سېتىۋالايلى دېسە، مەن قىممەت كۆرۈپ ئۇنىمايتتىم. ئۇ ئامالسىز يەنىلا كاۋا شورپىسى بىلەن بەزى گۆشسىز قورۇمىلارنى قوراتتى.

دەسلىپىدە خۇاخۇا بالىنى يالغۇز ئۆيگە تاشلاپ قويۇشقا چىدىماي، دۈمبىسىگە تېڭىپ ئىشلەپ يۈردى، لېكىن بۇنداق قىلىپ قانداقمۇ ئىشلىگىلى بولسۇن. پىرىستاندىكى ئىش بېشى ئۇنىڭغا، يا بالاڭنى قويۇپ كەل، يا ئىشقا كەلمە، دەپ چالۋاقاپ بۇيرۇق قىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، خۇاخۇا ئامالسىز ئۇنى ئۆيگە قويۇپ قويىدىغان بولدى. ئۇنىڭغا ئازراق يېمەكلىكلەرنى قالدۇراتتى، بىراق ئۇ بىردەمدىلا يەپ بولاتتى. كەچقۇرۇن قايتىپ كەلگىنىمىزدە، قورسىقى ئېچىپ، ماغدۇرسىزلىنىپ ئۇخلاپ قالاتتى. خۇاخۇانىڭ ئۇنىڭغا قاراپ ئىچى سىيرىلىپ كېتەتتى. بىراق، نېمە ئامال.

بىر كۈنى كەچرەك قايتىپ قالدۇق. قارىساق، باۋئېر بىر قۇلۇلە قېپىنى ھەدەپ شورىغىلى تۇرۇپتۇ — ئۇنىڭ قورسىقى بەكلا ئېچىپ كەتكەن بولسا كېرەك.

ئاي ئاخىرىغىچە ئىشلىدۇق. ھېلىقى مالايلىق ئىش بېشى ئىش ھەققىمىزنى بەرمىدى. بىرنەچچە كۈن ساقلاپ باقتىم، ئاخىر تاقىتىم تاق بولدى. بىر كۈنى كەچتە قايتىش يولىدا ئۇنىڭ ئالدىنى توستۇم. بىز مۇشتلىشىپ كەتتۇق. خۇاخۇا سىياتېئا پاپوروتنىكى شېخى بىلەن ئۇنىڭ بوينىغا كىرمەك سالدى، ئۇنى يەرگە يىقىتتۇق، يېنىدىكى ھەميانىنى ئېلىپ قاچتۇق.

شۇ يۈگۈرگەنچە ئۆيگە كەپتۇق. خۇاخۇا ھەميانىنى پۇلاڭلىتىپ

يىغا ئارىلاش كۈلۈپ تۇرۇپ :
— شياۋشىڭ ، بىز پۇللۇق بولدۇق ! — دېدى .
ئەمەلىيەتتە ، بۇنچىلىك پۇل ھېچنېمىنى ئۆزگەرتەلمەيتتى ، مېنىڭ قارىشىمچە خۇشال بولۇشقا ئەرزىمەيتتى . بىراق ، ئۇنىڭ شۇنچىلىك چىن كۆڭلىدىن خۇش بولۇپ كېتىشى ماڭىمۇ تەسىر قىلدى .
ئۇنىڭغا قاراپ بېشىمنى لىڭشىتتىم . ئۇ تۇيۇقسىز ناھايىتى تەشۋىشلىنىپ ، ئۇ ئادەمنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويمىغاندىمەن ، دەپ سورىدى . مەن ، سىزنىڭ كۈچىڭىز قانچىلىكتى ، مۇمكىن ئەمەس ، دېدىم . ئۇ يەنە خۇشاللىنىپ ، باۋئېرنى ئالدىغا تارتىپ ھەميانىنى پۇلاڭلاتقىنىچە :
— باۋئېر ، پۇلىمىز بار بولدى ! — دەپ كەتتى .
باۋئېر خۇشاللىقىدا قوللىرىنى سوزۇپ ، ھەميانى ئۇرۇشقا باشلىدى . ھەمياندىكى يارماقلار بىر - بىرىگە ئۇرۇلغاندىكى ئاۋاز ناھايىتى زىل ئىدى . باۋئېر تېخىمۇ شادلىنىپ كەتتى .
لېكىن ، مېنىڭ يەنىلا خۇاخۇانىڭ بىرەر يارماق ئىشلىتىپ ، بالىغا يېمەكلىك ئېلىپ بېرىشىگىمۇ كۆزۈم قىيمىدى .
شۇ كۈنى ئاخشىمى ، خۇاخۇا ئىككىمىز كارىۋاتتا يانمۇيان ياتاتتۇق . ئۇ تارتىنىش ئىچىدە يېنىمغا سۈرۈلۈپ كەلدى ، يىرىك قوللىرى بىلەن كۆكرىكىمنى سىلاپ تۇرۇپ :
— شياۋشىڭ ، بىز پۇلنى تەقلەپ ، ئاشۇ قۇلۇلە قاپلىرىنى سېتىۋالساق ، ئۆيگە قايتىمىزغۇ - ھە ؟ — دەپ سورىدى .
— ھە ، — دەپ جاۋاب بەردىم ئۇنىڭغا .
— شۇ ۋاقىتتا باۋئېر ھەرگىز ئاچ قالمايتتى .
خۇاخۇا خۇشاللىق بىلەن سۆزلەۋاتاتتى . ئۇنىڭ ئاۋازى ئېكۋاتوردىكى ئاي نۇرىدەكلا① يارقىن ئىدى . ئۇنىڭ شادىيانە ئاۋازى بىرەمدىلا توختىدى . مەن توساتتىن ئۇنىڭ يەنە كۆپرەك سۆزلىشىنى ئارزۇ قىلىپ قالدىم . بىراق ، ئۇ بەك ھېرىپ كەتكەن بولسا كېرەك ، ھايال ئۆتمەيلا پۇش - پۇش تىنىپ ئۇخلاپ قالدى .

---

① ئاپتورنىڭ كۆزىتىشىچە ، ئېكۋاتوردىكى ئاي يايىي باشقا جايدىكىدىن چوڭ ئىكەن .

نېمىلا دېگەنبىلەن، ئۇ بىر يېقىملىق كېچە بولدى، بىراق ئۇ بۇ خىزمىتىمىزنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئېنىقكى، ئەمدى پىرىستاندا ھامماللىق قىلالمايتتۇق.

كېيىن، سېرىق موم يىغىدىغان ئىش تاپتىم. بۇ خىل سېرىق موم ناھايىتى قىممەتلىك، خۇددى سەندەل كۆجىسىگە ئوخشاشلا بۇ ئارالنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئىدى. ئۇ ناھايىتى ۋەھشىي بىر خىل ھەرىدىن چىقاتتى، بۇ خىل ھەرىنىڭ كۆنىكى يايى شەكىللىك بولاتتى، ئېگىز دەرەخ شاخلىرىغا سېلىناتتى. مەن يەرلىك ئەرلەرنى دوراپ، كىيىمىمنى بېلىمگە باغلاپ، بويۇن ۋە بېلىمنىڭ ئۈستى تەرىپىنى لاتىلار بىلەن مەھكەم ئورىدىم، پەقەت يۈزۈم بىلەن پاچىقىمنىلا ئوچۇق قالدۇردۇم. دەرەخكە يامىشىشنى بىلمىگەچكە، ئوت يېقىشقا مەسئۇل بولدۇم. ئىنچىكە ئۆسۈملۈك پىلەكلىرى ۋە پالما يوپۇرمىقىدىن ياسالغان مەشئەلنى تۇم ئۇزۇن دەستىگە باغلاپ، بىر بېشىنى دەرەخ شېخىغا ئىلىپ، يەنە بىر بېشىنى دەرەخ غولىغا باغلايتتىم، مەشئەلدىن تەكشى، قويۇق ئىس چىقاتتى. ئۇنى تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۈستىگە ئۆرلىتىپ تۇراتتىم. ھەمراھىم ھەش - پەش دېگۈچە ماھىرلىق بىلەن دەرەخكە يامىشىپ چىقىپ، دەرەخ ئۈستىدىكى مەشئەلنى تۇتاتتى - دە، ھەرە ئۇۋىسىغا يېقىنلايتتى. ئۈركۈپ كەتكەن ھەرىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا ۋىڭىلداپ ئەگىيتتى، لېكىن ئۇ ئىنتايىن تەمكىنلىك بىلەن ھەرىلەرنى قورۇغاچ، يەنە بىر قولىدا پىچاق بىلەن ھەرە ئۇۋىسىنى تېزلىكتە چېپىپ چۈشۈرەتتى. ناھايىتى تېزلا ھەرە كۆنەكلىرىنى بىر - بىرلەپ چۈشۈرۈپ بولاتتى. دەسلىپىدە، ئۇنىڭ شۇنچە تەمكىنلىك بىلەن بۇ زەھەرلىك ھەرىلەرنىڭ چېقىۋېلىشىغا قانداق تاقابىل تۇرغانلىقىغا ھەيران بولغانىدىم. ئەمما، بۇلار بىر ھەرە كۆنىكى ئوۋلىغۇچىنىڭ ھازىرلىشىغا تېگىشلىك ئەڭ ئەقەللىي ساۋاتلار ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي مەنمۇ ئۆگىنىۋالدىم، شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ئۈچ تەڭگىنى ئارتۇق تاپالايدىغان بولدۇم.

كەچتە ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىمدە، خۇاخۇا تاماقنى تەييار قىلىپ مېنى ساقلاپ ئولتۇراتتى. كۈندۈزى ئۇ بىر گوللاندىيىلىكلەرنىڭ ئۆيىدە مالايلىق قىلاتتى. ئۇ خوجايىنىدىن

بىرئاز يالپۇز مەلھىمى سوراپ ، بامبۇككا قاچىلاپ ئەكەپتىكەن ، ئۇنى مېنىڭ جاراھىتىمگە سۈركەپ قويىۋاتتى . بەدىنىمنىڭ ھەممە يېرى قىزىرىپ ئىششىپ كۆرگۈسىز بولۇپ كەتكەن بولغاچقا ، خۇاخۇا نەدىن باشلاپ سۈركىشىنى بىلەلمەي يىغلاپ كېتەتتى . بىر قېتىم ئۇ ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ :

— توساتتىن كىچىككىنە دىكى مەن تونۇيدىغان سىزنى ئەسلەپ قېلىۋاتىمەن ، — دېدى .

— ھە ؟ — دېدىم ئېغىر تىنىپ ، ئۇخلاپ قالايلا دېگەندىم .

— ئۇ چاغدا سىز بەگزادە ئىدىڭىز ، شۇنداق قالتىس ، ئۇچىڭىزدا كۆل رەڭ كىيىم ، بەلۋېغىڭىزدا ھەم چوڭ ، ھەم دۈگىلەك قاشتاش تۇمار ، زادىلا جاپا تارتىپ باقمىغانىدىڭىز ، ھەتتا گۈللەرنى سۈغىرىشنىمۇ بىلمەيتتىڭىز .

كۆزلىرىمنى يۇمۇپ مىيىقىمدا كۈلدۈم .

7

كۆڭلۈمدە ھېسابلايتتىم ، مۇشۇ بويىچە ماڭغاندا ، كېلەر ئاينىڭ ئاخىرىدا بېس خېنىمنىڭ قولىدىن ئاران بىر دانە قۇلۇلە قېپىنىلا سېتىۋالالايتتىم . بىراق ، ھەمىشە ئۈمىدۋار ئىدىم ، ئۆزۈمنى توساتتىن تەلىيىم ئوڭ كېلىپ ، بېيىشنىڭ بىرەر يولى چىقىپ قالىدىغاندەك ياكى ئاخىرقى ھېسابتا پەقەت بىر تال سۇ ئىلاھى ئوردىسى قۇلۇلە قېپىنى سېتىۋالدىم دېگەن تەقدىردىمۇ ، دەل ئۇنىڭدىن چۈن چىننىڭ ئەسلىمىسى چىقىپ قالىدىغاندەك ھېس قىلاتتىم .

بىراق ، دەل مۇشۇ چاغدا باۋئېر پىپشكەللىككە ئۇچرىدى .

ئۇ كۈنى بەك كەچ قايتىپ كەلگەنىدۇق . باۋئېرنىڭ قورسىقى بەك ئېچىپ كېتىپ چىدىيالماي قالغان بولسا كېرەك ، كىمخاب قۇلۇلىسىدىن بىرنى ئېلىپ راسا شوراپتۇ . بىز قايتىپ كەلگىنىمىزدە ، ئاللىبۇرۇن چىرايى كۆكىرىپ ، لەۋلىرى تاتىرىپ ، بىر بۇلۇڭدا توگۈلۈپ يېتىپتىكەن . قارىساق توختىماي تارتىشىپ قېلىۋاتاتتى . خۇاخۇا ئېتىلىپ بېرىپ يىغلىغىنىچە ئۇنى چاقىردى :

«بالام ، بالام ، نېمە بولدى ؟ » بالا ئۇنىڭ قولىدا جان تالىشىۋاتاتتى . خۇاخۇا ئۇنى كۆتۈرەلمىدى ، ياتقۇزۇپ كىيىملىرىنى ئاچتى ، پۈتۈن بەدىنى كۆپكۆك تۇراتتى .

— ئۇ بەك مۇزلاپ كېتىپتۇ ... — دېدى خۇاخۇا . ئۇ بالىنىڭ كىيىمىنى سالدۇرۇۋېتىپ قاتمۇقات يۆگىدى ، بىراق بالا يەنىلا تىترەۋاتاتتى . تىترەۋاتقان تەنلىرى بوششىشقا باشلىدى ، يېقىن بېرىپ كىچىككىنە ئوماق قولىنى سىقتىم . ئۇ نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن ماڭا قارىدى ، كۆز نۇرلىرىنى يىغالمايۋاتاتتى ، خۇددى ئۆچۈش ئالدىدا پىلدىرلاپ قالغان شامغىلا ئوخشايتتى .

بەزى قۇلۇلىلەر زەھەرلىك ئىدى ، بۇنى بۇرۇنلا بىلەتتىم ، بىراق شىرەدىكى قۇلۇلە قاپلىرى ئىچىدە زەھەرلىك كىمخاب قۇلۇلىسىدىن بىرى بارلىقىنى پەقەتلا ئويلىماپتىكەنمەن ، ئاشۇ يەتتە تال سۇ ئىلاھى ئوردىسى قۇلۇلىسىنى كۆرگەندىن بۇيان ، شىرەدىكى قۇلۇلە قاپلىرىنى سىلىقلىغۇم كەلمىگەنىدى . خۇاخۇامۇ ئۆز ئالدىغا ئۇلارنى يىغىشتۇرۇۋېتىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى . بۇ قۇلۇلە قاپلىرىنى قۇرۇتۇپ ئەكىرىپ قويغاندىن بېرى قاراپ باقمىغاچقا ، ئىچىدە زەھەرلىكى بارلىقىنى بىلمىگەنىدىم .

خۇاخۇا بالىنى قۇچاقلىغىنىچە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇراتتى . ئۇ تۇيۇقسىز ئالدىمدا گۈپلا قىلىپ تىزلاندى ، ماڭا تەلمۈرۈپ تۇراتتى ، كۆزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان ياش ئېڭەكلىرىنى بويلاپ تاراملاپ ئېقىۋاتاتتى — ئۇ باۋئېرنى تېۋىپقا كۆرسىتەيلى دەپ يالۋۇردى . بىردەم ئىككىلەندىميۇ ، كارىۋات تېگىدىكى ھاراق كومزىكىدىن نەچچە دانە يارماقنى ئالدىم .

ئۆيىمىزگە ئەڭ يېقىن تېۋىپنىڭكىگە ئاپىرايلى دېگەندىمۇ ، ئاۋۋال تاغدىن چۈشۈشىمىزگە توغرا كېلەتتى . باۋئېرنى ئېلىپ دەرھال يولغا چىقتۇق . خۇاخۇا بالىنى ھاپاش قىلىپ يول بويى يىغلاپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ بالىنى بىردەم تېخىمۇ مۇزلاپ كېتىۋاتىدۇ ، دەيتتى ، بىردەم ھوشىغا كەلدى ، دەيتتى ، بالىنىڭ ئېڭىكى ئۇنىڭ مۇرىسىگە جاق ـ جاق ئۇرۇلاتتى . خۇاخۇانىڭ ئەس ـ ھوشى جايىدا ئەمەس ئىدى ، توختىماي بىرنېمىلەرنى دەيتتى ، ماڭا ئەمەس ، ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەيتتى .

بىز تاغدىن چۈشۈپ، يەرلىك قەبىلىدىكى تېۋىپلىقتىن خەۋىرى بار موپىسىپىتنى تاپقىنىمىزدا، خۇاخۇا بۆلەكچىلا جىمىپ قالغانىدى. ئۇنىڭغا بالىنى تېۋىپقا كۆرسىتىلىك، دېدىم. ئۇ يەنىلا جايىدا قىمىر قىلماي تۇراتتى. ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم ئېيتتىم، ئۇ ماڭا سوغۇق نەزىرى بىلەن لەپپىدە قارىدى، لېكىن يەنىلا مىدىرلىمىدى. بېرىپ قولىدىن بالىنى ئالدىم، بالىنى تۇتۇپ يۈرىكىم قارت قىلىپ قالدى، قوللىرىمنى دەرھال تارتىۋالدىم. ئۇ خىل سوغۇقلۇق تاشتەك چىڭ، يوچۇقسىز، قېتىپ قالغاندەك ئىدى. تىترىگىنىمچە بالىنى بوۋايغا سۇندۇم. ئۇ بىر سىلاپلا بېشىنى چايقىدى. خۇاخۇا بېشى قايغاندەك بولۇپ يەرگە يىقىلدى. بوۋاي خورسىنىپ:

— جان ئۈزۈپ بوپتۇ … — دېدى.

خۇاخۇا قولاقلىرىنى ئېتىۋالدى، كۆزلىرىدىن قۇيۇلۇۋاتقان ياش ئىككى يول بولۇپ ئېقىۋاتاتتى. گاڭگىرىغىنىمچە بالىنى قولۇمغا ئالدىم، ئۇ بارغانسېرى ئېغىرلاۋاتاتتى، بىر خىل يەرگە تارتىۋاتقان كۈچنى ھېس قىلدىم، قانداقتۇر بىر نەرسە بىلەكلىرىمدىن تارتىپ، ئۇدۇل يەر مەركىزىگە سۆرەۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ باۋئېرنىڭ روھىمىدۇ؟ ئۇ مەندىن ئاغرىنىۋاتامدىغاندۇ؟ چۆچۈپ كەتتىم، بالىغا يەنە قارىدىم. ئۇ يەنىلا شۇنچە سەبىي ئىدى، چىرايىدا بۇ دۇنياغا بولغان سۆيۈنۈش ۋە قىزىقىش ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. مۇبادا كۆزىنى ئېچىپلا قالسا، ماڭا يەنىلا كۈلۈپ باقىدىغاندەك قىلاتتى.

ئاستاغىنا خۇاخۇانى يۆلىدىم:

— ئۆيگە قايتايلى.

خۇاخۇانى يۇدۇپ ئېلىپ ماڭدىم. ئۇ يول بويى بالىنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. خۇاخۇا مېنىڭ دۈمبەمدە، ئۆلۈپ كەتكەن بالىمىز مەن بىلەن ئۇ ئىككىمىز ئارىسىدا، بالا مېنىڭ دۈمبەمگە چاپلىشىقلىق، خۇاخۇانىڭ باغرىغا بېسىقلىق، ئۇ خۇددى چىملىدىقتەك خۇاخۇا ئىككىمىزنى ئايرىپ تۇراتتى. بىز بىر - بىرىمىزگە قايغۇمىزنى تۆكۈشكە، تەسەللى ئېيتىشقا ئامالسىز. بىز

هەرقايسىمىز ئۆزىمىزنىڭ سۈكۈتى ئىچىدە، قارىمۇقارشى يۆنىلىشكە قاراپ كېتىۋاتاتتۇق. ئۇ مېنىڭ دۈمبەمدىن چۈشكەن چاغدا، ئۇنىڭ ئاللىقاچان مەندىن ناھايىتىمۇ يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

تۆۋەن ئاسمان بوشلۇقىدىكى قىياقتەك ئاي خۇددى تۇتماس جاراھەتتەكلا كۆرۈنەتتى. ياۋا مۈشۈك يېقىن ئەتراپتىكى بامبۇكزارلىقتا ئېچىنىشلىق مىياۋلاپ تىمىسقىلايتتى. ئەتراپتىكى دەل ـ دەرەخلەر توساتتىنلا قويۇقلاپ كەتكەندەك، ئۆيگە بارىدىغان چىغىر يولنى ئېتىۋالغاندەك ئىدى. بىزنىڭ تاغدىن چۈشۈپ كەتكىنىمىزگە بىر ئاخشام ئەمەس، بىر ئاي، بىر يىل، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن بولغاندەك تۇيۇلدى. ئەتراپقا قارىسام، ھەممە نەرسە شۇنچە ناتونۇش، ئوت ـ چۆپلەر خۇددى يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان كەلكۈن سۈيىگە، بىزنىڭ كىچىككىنە ئۆيىمىز ئۇنىڭدا لەيلەپ يۈرگەن سالغا ئوخشايتتى. بىز ئەزەلدىن خاتىرجەم جايلىشىپ باقمىغان، شۇنداقلا بۇ يەردە توختاپ باقمىغاندەكلا قىلاتتۇق.

ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئاچتىم، چىراغنى ياقتىم، شىرەدىكى قۇلۇلە قاپلىرى غەمكىن نەزىرى بىلەن ماڭا قاراۋاتاتتى. ئۇلارنى قەھرىم بىلەن بىراقلا سىيرىپ چۈشۈردۈم، ئۇلار يەرگە چېچىلدى، شاراق ـ شۇرۇق قىلىپ دۈگىلەۋاتقان قۇلۇلە قاپلىرى خۇددى ھەممە يەردە چېپىپ يۈرگەن تىرىك جانىۋارلارغىلا ئوخشايتتى.

خۇاخۇا بالىنى قۇچاقلىغىنىچە كارىۋات قىرىدا مىدىر ـ سىدىر قىلماي ئولتۇراتتى، ماڭىمۇ قارىمايتتى. تۇخۇمدەك چوڭلۇقتىكى بىر دانە قۇلۇلە قېپى دۈگىلەپ بېرىپ ئۇنىڭ پۇتىغا سوقۇلدى. ئۇ ئېڭىشىپ بىردەم قاراپ تۇرۇپ كەتتى، ئاندىن ئاستا سىيپاشتۇرۇپ قولىغا ئالدى. ئۇ قۇلۇلە قېپىنى ئىككى ئالقىنى ئارىسىغا ئېلىپ قاتتىق سىقتى. ئۇ ئۇنى ئېزىۋەتمەكچىدى. بىراق، ئۇ قۇلۇلە قېپى بەك قېلىن ھەم قاتتىق بولغاچقا، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئېزەلمىدى. ئۇ توساتتىن ئۇنى ئاغزىغا سالدى، چايناپ ئەزمەكچى ئوخشايدۇ. قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم، ئەگەر بۇ قۇلۇلە

قىپىمۇ زەھەرلىك بولۇپ قالسا، خۋاخۋامۇ جىنىدىن ئايرىلامدۇ؟ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ ھەم يۇمۇۋالغان ئېغىزىنى كېرىپ ئاچماقچى بولدۇم. ئۇ مەندىن ئۆزىنى قاچۇردى، ئېغىزىدىن چايناۋاتقان ياق، ئېزىۋاتقان ئاۋاز ئاڭلاندى، قېتىپلا قالدىم. خۋاخۋا ئېغىزىنى ئاستا ـ ئاستا ئاچتى، قۇلۇلە ئۈۋىندىلىرى ئېغىزىدىكى قان بىلەن بىللە ئېقىپ چۈشتى. ئۇ ئېڭىشىپ، قانغا بويالغان قۇلۇلە پارچىلىرىغا قاراپ، توساتتىن شادلىنىپ كۈلدى. ئۇ كۈلگەن چاغدا، ئىككى تال ئوتتۇر چىشىنىڭمۇ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئېنىق كۆردۈم، قان ئاشۇ چىشلارنىڭ ئىزىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتاتتى.

ئۇنى ئېغىزىغا نۇرغۇن سوغۇق سۇ ئالدۇردۇم، قان ئاران دېگەندە توختىدى.

ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ قۇلۇلە قېپى زەھەرسىز ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە ئاش پىشىم ۋاقىتقىچە خۋاخۋانىڭ كەيپىياتى ئىزچىل ناھايىتى ياخشى بولدى. ئۇ باۋئېرنى باغرىغا بېسىپ ئەللەي ناخشىسى ئېيتتى، يېقىملىق ناخشا ئۇنىڭ كاماك چىشلىرى ئارىسىدىن چىققاندا، ناخشىغا باشقىچە بىر خىل ئەكس سادا قوشۇلۇپ قالدى. ئۇ قايتا ـ قايتا ئېيتىۋەردى، مەڭگۈ توختىمايدىغاندەك قىلاتتى.

تاغدىن چۈشۈپ بىرئاز ئۆسۈملۈك دورىسى سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئېغىزىدىكى جاراھىتىنى ساقايتاي دەپمۇ ئويلىدىم، لېكىن ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بىر قەدەممۇ ئايرىلالمىدىم. ئۇ ناخشىنى بىر كېچە ئېيتىپ، تاڭ يوراي دېگەندە توختىدى. ئۇ كارىۋات قىرىدا ئولتۇراتتى، چىرايى ناھايىتى خاتىرجەم، قىلچىمۇ ئازاب ئىزنالىرى كۆرۈنمەيتتى، پەقەت جاۋغىيىدا ئازراق قان داغلىرى تۇراتتى. بېرىپ ئۇنىڭ يۈزلىرىنى سۇرتتۇم، ئۇ ناھايىتى رايىشلىق بىلەن يەلكەمگە بېشىنى قويدى.

مەن خۋاخۋادىن:

— مېنى ئىزدەپ كەلگىنىڭىزگە پۇشايمان قىلدىڭىزمۇ؟ ئىزدەپ كەلمىگەن بولسىڭىز، باۋئېرمۇ ئۆلۈپ كەتمەيتتى، — دەپ سورىدىم.

خۇاخۇا ماڭا قاراپ ھەسرەتلىك كۈلدى ، مەن ئۇنىڭ زادى پۇشايمان قىلغان ـ قىلمىغانلىقىنى مەڭگۈ بىلەلمىدىم . ئەمما ، مەن بۇ مەسىلىگە نېمانچە ئېسىلىۋالىدىغاندىمەن ؟ ئەجەبا ئۇ پۇشايمان قىلمىدىم دېسە ، مېنىڭ گۇناھىم يېنىكلەپ قالارمۇ ؟

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىنتاڭ ، قۇچىقىمدىكى خۇاخۇا تۇيۇقسىز بىلىكىمنى ئاستا تۇرتتى :

— باۋئېرنىڭ روھىنى كۆردىڭىزمۇ ؟

— ياق .

— مەن كۆردۈم ، ئۇ يولغا چىقماقچى ، بىز بىلەن خوشلىشىۋاتىدۇ ، — دېدى ئۇ ئاستاغىنا كۆزلىرىنى ئۇزمەي ئالدى تەرەپتىكى بىر يەرگە قارىغىنىچە .

— شۇنداقمۇ ؟ — مەن ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدىم . چۆلدەرىگەن ، قاپ ـ قاراڭغۇ ئۆي ، پەقەت بىر پارچە ھارغىن ئاي نۇرى يەردە سۇنايلىنىپ ياتاتتى .

خۇاخۇا مېنىڭ كۆرەلمىگىنىمنى بىلىپ ، ئۇمىدسىزلىنىپ خورسىندى :

— سىز كۆرەلمەيسىز ، چۈنكى سىز ئۇنىڭغا مېھرىڭىزنى بەرمىگەن .

ئۇنىڭ سۆز ئۇراندا ماڭا بولغان ئازراق ئەيىبلەش بار ئىدى ، لېكىن بەكلا سۇس . ئۇ ھەممىنى بىلىپ يەتكەن ، ھايات ـ ماماتقا پەرۋا قىلمايدىغان بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى .

كېيىن خۇاخۇا قۇچىقىمدا ئۇخلاپ قالدى ، ئۇنى كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ قويۇپ ، باۋئېرنى ئېلىپ سىرتقا ماڭدىم .

بىر دەرەخ تۈۋىنى باۋئېرنى دەپنە قىلىشقا تاللىدىم . ئۇ دەرەخ ھەم توم ، ھەم ئېگىز ئىدى ، ئۇنىڭغا ئىككى ئادەمنىڭ غولىچىمۇ يەتمەيتتى ، قويۇق يىلتىزلىرى يەر يۈزىنى قاماللاپ تۇراتتى . ئەتراپىدىكى تۇپراقلارمۇ شۇنداق نەم ئىدى . مۇنداق دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئۇ چوقۇم خاتىرجەم ياتالايدۇ . ئورەكنى كولاپ بولغىنىمدا تاڭ ئېتىپ ، كۈن چىقتى ، باۋئېرنى ئورەككە سالدىم . ئۇنى ئورىغان ئەدىيال يېشىلىپ كېتىپ ، تامدەك تاتارغان بەدىنى

كۆرۈنۈپ قالدى. قۇياش نۇرى بەك كۈچلۈك بولغاچقىمۇ ياكى كۆزلىرىم تورلىشىپ قالدىمۇ، باۋئېرنىڭ بەدىنىدە يىلاندەك يول - يول يېشىل سىزىقچىلارنى كۆردۈم، بېشىدىن - ئايىغىغىچە ھەممىلا يېرىدە بار ئىدى. بۇ ئېنىقكى كىمخاب قۇلۇلىسىنىڭ سىزىقچىلىرى. سىزىقچىلار بارغانسېرى قېنىقلاۋاتاتتى، ھەتتا لۆمۈلدەپ، خۇددى دېڭىز دولقۇنلىرىدەك ماڭا ئېتىلىپ كېلىدىغاندەكلا قىلاتتى.

باۋئېرنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ھەممە ئىشلار ئاياغلىشىدىغاندەك قىلمايتتى. ئۇنىڭ تېنىدىكى زەھەر ۋەھشىيلەرچە تېشىغا كېڭىيىۋاتاتتى. مېنى ئىزدەپ كېلىۋاتقانمىدۇ؟ ئۇلارنىڭ تېشىپ چىقىشىنى توسۇپ قېلىش ئۈچۈن، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئەتراپتىكى توپىلارنى جىنىمنىڭ بارىچە ئورەككە سىيرىپ چۈشۈردۈم، ئاندىن ئۈستىگە چىقىپ ئۈزۈنغىچە كۈچەپ دەسسىدىم، ھېچقانداق يوچۇق قالمىغۇدەك ھەم قىلىۋەتتىم، يەنە يېقىن ئەتراپتىن يوغان بىر تاش ئېلىپ كېلىپ ئۈستىگە باستۇرۇۋەتتىم.

بۇ ئىشلارنى تۈگەتكۈچە ھېرىپ ھالىمدىن كەتتىم، لېكىن بىر مىنۇتمۇ تۇرغۇم كەلمەي، ئالدىراپ - تېنەپ چىغىر يولچە تاغ باغرىغا قاراپ چاپتىم.

يول بويى ئۈچقاندەك يۈگۈرۈۋاتىمەن، كۆڭلۈم شۇنچىلىك پاراكەندە، باۋئېرنى كۆمگەندىكى كۆرۈنۈشلەر توختىماي كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى: تۇپراق كەينى - كەينىدىن ئورەككە ئاقماقتا، خۇددى ئېغىر پەردىدەك. باۋئېرنىڭ قىسقىغىنا ھايات مەنزىلى مۇشۇ پەردىنىڭ چۈشۈشى بىلەن مەڭگۈ يېپىلدى... ئۇ تۇپا سوغۇق ھەم نەم، ھەتتا ئارىلىرىدا سازاڭلار ئۆمىلەپ يۈرەتتى. ئۇلار، ئاشۇنداق نەرسىلەر باۋئېرنىڭ يالىڭاچ بەدىنى ئۈستىگىلا تاشلىنىپ، ئۇنى قاتتىق باستى — مەن ھەتتا ئېچىلىپ كەتكەن ئەدىيالنى ئۇنىڭغا ئوراپ قويۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدىم... تېخى جىنىمنىڭ بارىچە قەبرە ئۈستىنى دەسسەپ، بوش تۇپراقنى چىڭدىدىم. مەن خۇددى ئۇنىڭ تۆت تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كەلگەن تۇپراقلار ئارىسىدا قاپسىلىپ، جان تالىشىپ، تېپىچەكلەپ،

تىركىشىپ، ئاخىر پۇتلىرى بوشاپ، ئاستا ـ ئاستا توختاپ قالغانلىقىنى كۆرگەندەك بولدۇم ...

دەلدەڭلىگىنىمچە تاغدىن چۈشۈپ خۇاخۇاغا ئازراق دورا سېتىۋالغىلى ماڭدىم، كاللامدا يەنىلا قەبرە ئاستىدىكى ئاشۇ ھەممە يېرىدىن سىزىقچىلار ئۆرلەپ چىققان بەدەن. ئۇ يۇمشاق تۇپراقتا ئاستا ئۆرۈلدى، نەپەس ئالدى، ئاخىرىدا تۇپراقنى يېرىپلا چىقتى ... يەنە يۇگۇرۇشكە باشلىدىم.

چۈش بولغاندا دورىنى ئېلىپ ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. ئىشىكنى ئىتتىرىپ كىردىم، خۇخۇا كارىۋاتتىن تۇرۇپ خۇشال ھالدا:

— شياۋشىڭ، باۋئېر تىرىلىپ قالدى، — دېدى.

پۈتۈن بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىپ، يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدىم. خۇاخۇانىڭ يېنىدىن يوغان بىر مۈشۈكنى ئېلىپ، كۈلۈمسىرىگىنىچە:

— باۋئېرنىڭ مۇشۇنداقلا بىزنى تاشلاپ كەتمەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم، — دەپ ماڭا قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

ئاشۇ كۈنى سەھەردە، تەخمىنەن مەن باۋئېرنى كۆمۈۋاتقان چېغىمدا، بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان بىر ياۋا مۈشۈك ئۆگزىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، خۇاخۇانىڭ ئاغزى بېسىقماي جۆيلۈشلىرىگە قىزىقىپ قالغانمۇ، قەدەملىرىنى توختىتىپ، ئايلىنىپ ئۆتۈپ دېرىزىدىن ئۆيگە سەكرەپ چۈشۈپتۇ. خۇاخۇا ئۇخلاۋېتىپتىكەن، بىر خىل ئىللىق ئېقىمنىڭ يۈزىگە ئۆرۈلۈۋاتقانلىقىنى، بىر يۇمشاق نەرسىنىڭ يېنىدا ئەگىپ يۆرگەنلىكىنى ھېس قىپتۇ. ئاستا كۆزىنى ئاچسا، بىر جۈپ ئاچ سېرىق رەڭلىك كۆز قارىچۇقىنى كۆرۈپتۇ، قاپقاراڭغۇ ئۆيدە بۇ كۆزلەر يالتىراق قوڭغۇزدەك نۇر چاقناپ تۇرغۇدەك. خۇاخۇا باۋئېرنىڭ كۆزلىرىنىڭ مۇشۇنداق چاقنايدىغانلىقىنى ئېسىگە ئاپتۇ ـ دە، ئىختىيارسىز:

— باۋئېر، — دەپ چاقىرىپتۇ ئاستاغىنا.

ياۋا مۈشۈك «مياۋ» دەپلا خۇاخۇانىڭ قوينىغا كىرىپ يېتىپتۇ.

# كېيىنكى بۆلەك

## 1

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، خۇاخۇا ئۇ مۇشۈكنى باۋئېر دەپ تۇرۇۋالدى، ئۇنى كۆتۈرۈپلا يۈرەتتى، يۇيۇندۇراتتى، تۈكلىرىنى تارايتتى، پىشۇرۇلغان قوناق، كاۋىنى ئېزىپ يېدۈرەتتى. غەلىتە ئىش، بۇ ياۋا مۇشۈكمۇ كەتمەي، قېلىپ قالدى دېسە. ئۇ خۇاخۇا كۆتۈرۈۋالسا ياۋاشلىق بىلەن جىم تۇراتتى، خۇاخۇا گەپ قىلسا، ئاشۇ سېرىق كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپمۇ قويماي قاراپ تۇراتتى. كەچتە ياتىدىغان چاغدا ئۆزى كارىۋاتقا سەكرەپ چىقىپ، خۇاخۇا تەرەپتە ئۇخلايتتى.

بەزىدە يېرىم كېچىدە سىرتقا چىقماقچى بولۇپ ئورنۇمدىن تۇرسام، ئۇ ناھايىتى سەگەكلىك بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ قوياتتى. ئاي يورۇقىدا ئۇنىڭ تۈرقىنى ناھايىتى ئېنىق كۆردۈم: ئۇنىڭ تۈرقى قاپلانغا ئوخشاپ كېتەتتى، بۇرنى بۆرتۈپرەك چىققان، بەدىنى ئىنچىكە ئۇزۇن، قۇيرۇقى قارا ـ ئالا، كېچىدە كۆرسە كىشىنىڭ تېنى سەل شۈركۈنەتتى. غەلىتە يېرى، ئۇنىڭ تېنىدىن بىر خىل سۇس خۇش پۇراق كېلەتتى، تەسۋىرلەش ناھايىتى تەس، لېكىن تولىمۇ يېقىشلىق ئىدى. دەسلەپتە ئۇنى گۈللۈكلەرنىڭ ئارىسىغا كىرگەندە بەدىنىگە گۈلچاڭلىرى يۇقۇپ قالغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. بىراق، خۇاخۇا ئۇنى يۇيۇندۇرغاندىن كېيىن بۇ خىل پۇراق تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى باشقىلاردىن، بۇ يەردە بىر خىل خۇشبۇي مۇشۈكنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ تېنىدىن بىر خىل غەلىتە خۇش پۇراق تارقىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغىنىم ئېسىمگە كەلدى. بەلكىم مۇشۇ مۇشۈك

شۇ خىل مۇشۇك بولسا كېرەك .

خۇاخۇا سېھىرلىنىپ قالغاندەكلا ، بۇ مۇشۇكتىن مىنۇت ـ سېكۇنت ئايرىلمايتتى ، بىردەم كۆرۈنمىسە ، ئۆينىڭ ھەممە يېرىنى ئىزدەپ چىقاتتى . ئېغىزىدا توختىماي : «باۋئېر ، باۋئېر» دەپ چاقىراتتى . بۇ مۇشۇكمۇ ئۆزىنىڭ ئىسمىنىڭ باۋئېرلىقىنى بىلىپ بولغان بولسا كېرەك ، خۇاخۇا چاقىرىش بىلەنلا ، سەكرەپلا ئۇنىڭ قېشىدا پەيدا بولاتتى ، تەنلىرىنى خۇاخۇانىڭ پۇتلىرىغا سۈركەيتتى . خۇاخۇا گوللاندىيىلىكلەرنىڭ ئۆيىگىمۇ ئىشلىگىلى بارمىدى ، ھەتتا تاماقمۇ ئەتمەيتتى ، تۈزۈك بىرنېمىمۇ يېمەيتتى ، كۈندىن ـ كۈنگە ياداپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ كۈن بويى ئاشۇ مۇشۇكنىڭ قورسىقىنى تويدۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولاتتى ، ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىگە پەرۋاسىز قارايتتى ، ئۇنىڭ دۇنياسىدا پەقەت ئاشۇ مۇشۇكلا باردەك قىلاتتى . بەلكىم ئۇنى ۋاقتىدا بىرەر باخشىغا كۆرسىتىپ ، سەۋەب قىلدۇرۇپ باققان بولسام ، كۆڭلىدىكى تۈگۈن يېشىلىپ ، كاللىسىدىكى خىيالىي تۇيغۇلاردىن قۇتۇلۇپ ، رېئاللىققا يۈزلىنەر بولغىيدى ، لېكىن ئۇنداق قىلمىدىم . مۇبادا خۇاخۇا ئەسلىگە كېلىپ قالسا ، ئۇنىڭ قەلبىدىكى نەپرەتمۇ ئويغىنىدۇ ، دېگەن گەپ . مەن ئۇ چاغدىكى خۇاخۇاغا يۈزلىنىشكە جۈرئەت قىلالمايمەن .

تار ئۆيدە يۈزمۇيۈز ئولتۇرساقمۇ ياكى سۈركىلىپ ئۆتۈشۈپ كەتسەكمۇ ، ئۇنىڭ نەزىرى مېنىڭ جىسمىمدا بىر مىنۇتمۇ توختىمايدۇ . ئۇ ئاخىر ماڭا بولغان سەۋدايىلىقىنى يوقاتقاندى ، ئەمما مەن ئۇنى مەڭگۈ يوقالمايدۇ دەپ قارايتىكەنمەن .

كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە قەھۋە يىغىدىغان پەسىل يېتىپ كەلدى . سېرىق موم يىغىدىغان ئىشىمنى ۋاقتىنچە توختىتىپ ، قەھۋەزارلىقتىكى ئىشىمنى كۆڭۈل قويۇپ بىر ياقلىق قىلمىسام بولمايتتى . يىغىۋالغان قەھۋەلەرنى ياغاچ ئىدىشلارغا قاچىلاپ ، ھويلىدا خېلى بىر چاغقىچە ئاپتاپقا سالغاندىن كېيىن ، يامغۇردا قالماسلىقى ئۈچۈن ، ئۆيگە ئەكىرىپ قويدۇم . ئەتىسى ئۆيدىن

چىققۇچە خۇاخۇاغا ، قەھۋەلەرگە ئوبدان قاراڭ ، مۇشۇك يولىمىسۇن ، دەپ تاپىلىدىم . خۇاخۇا مۇشۇكنى يۇيۇۋاتاتتى ، شالاق - شۇلۇق سۇ ئاۋازىدا ئاڭلىمىدىمۇ ، ئەيتاۋۇر گېپىمگە جاۋاب بەرمىدى .

نائىلاج ئۆيدىن چىقتىم .

كەچتە قايتىپ كەلگىنىمدە ، بىر ئىدىشتىكى قەھۋە پۇرچاقلىرىنىڭ ئېلەشتۇرۇلۇپ ، قالايمىقان بولۇپ كەتكەنلىكىنى ، ئىدىش ئەتراپىغىمۇ ئازراق چېچىلغانلىقىنى كۆردۈم . چوقۇم ئاشۇ ياۋا مۇشۇك ئوغرىلىقچە يېگەن گەپ . بۇ چاغدا خۇاخۇا مۇشۇكنى قۇچاقلىغىنىچە ئۇخلاپ قالغانىدى . مۇشۇكنىڭ تويۇپ ، تومپىيىپ چىققان قورسىقىغا كۆزۈم چۈشتى - دە ، زادىلا چىداپ تۇرالمىدىم .

خۇاخۇاغا ئاۋازىمنىڭ بارىچە تۇۋلىغىنىمچە ، مۇشۇكنى يۇلۇپلا قولۇمغا ئالدىم . خۇاخۇا ئويغىنىپ ، مېنىڭ كارىۋات يېنىدا مۇشۇكنى بېشىمدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ بايراقتەك پۇلاڭلىتىۋاتقىنىمنى كۆردى . ئۇ كارىۋاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ قولۇمدىكى مۇشۇكنى تالاشتى . مەن ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ ، مۇشۇكنى كۈچەپ يەرگە ئاتتىم . ياۋا مۇشۇك «مياۋ» دەپ ئېچىنىشلىق بىر مياۋلاپلا كارىۋات ئاستىغا ئوقتەك كىرىپ كەتتى . كارىۋات يېنىغا كەلدىم ، ئۇنى تارتىپ چىقىپ داۋاملىق ئۇرماقچى بولدۇم . بۇ چاغدا ، خۇاخۇا ئالدىمغا كېلىپ تىزلىنىپ ، مۇشۇككە رەھىم قىلىشىمنى ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋالدى . ئۇ ئەلپازىمدىن يانمايدىغانلىقىمنى پەملىگەچكە ، توختىماي يەرگە بېشىنى ئۇرغىلى تۇردى ، بېشىنى شۇنداق قاتتىق ئۇردىكى ، گۈرس - گۈرس قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ ، قورقۇپ تىترەپ كەتتىم ، ئۇنى كاپلا قىلىپ تۇتۇۋالدىم - دە ، تارتىپ تۇرغۇزدۇم . ئۇ ئالاقزادە بولۇپ كەتكىنىدىن ئاغزىنى يوغان ئېچىۋالغانىدى ، ئۇتتۇر چىشلىرى يوق ، كاماردەك قاپقاراڭغۇ بۇ ئېغىز خۇددى ئۇنىڭ بىتەلەي تەقدىرىدىن بېشارەت بېرىپ تۇرغاندەكلا قىلاتتى . ئۇ خېلىغىچە توختىماستىن :

— ئۆتۈنۈپ قالاي ، باۋئېرغا رەھىم قىلىڭ … — دەۋەردى .

## 2

ئۇ كۈنى كەچتە ياۋا مۈشۈك بەك قورقۇپ كەتكەچكە ، كارىۋات تېگىدىن زادىلا چىققىلى ئۇنىمىدى . خۇاخۇامۇ ئۇنىڭغا قاراپ يەردە ئولتۇردى . تاڭ ئاتقاندا ئىشقا ماڭاي دەپ قارىسام ، ئۇ تېخىچە ئۇخلاۋېتىپتۇ ، مۈشۈك مەن ئۇخلاپ قالغاندا كارىۋات ئاستىدىن چىقىپ قەستەن ئۆچ ئالغان بولسا كېرەك ، قەھۋە قاچىلايدىغان ئىدىش تۈۋىگىلا ماياقلاپ قويۇپتۇ . قېرىشقاندەك مەنمۇ ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا دەسسىۋاپتىمەن . ئاچچىقىمدا پۇتۇمدىكى ماياقنى قېقىۋېتىپ ، بېرىپ مۈشۈكنى تارتىپ چىقىرىپ تازا ئەدىپىنى بەرمەكچى بولدۇم ، بىراق تۇيۇقسىز ماياق ئارىسىدا قەھۋە پۇرچاقلىرىنىڭ پۈتۈن پېتى تۇرغانلىقىنى بايقاپ قالدىم . ئەسلىدە مۈشۈك چاينىماي پۈتۈنلا يۇتۇپتىكەن ـ دە . مەن يەنە ئۇنىڭدىن بىر خىل غەلىتە پۇراقنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقىدىم . سېسىق ماياق پۇرىقىغا ئارىلىشىپ قەھۋەنىڭ ئېسىل پۇرىقىمۇ كېلىۋاتاتتى . ئاستا زوڭزايدىم ، ماياق ئىچىدىكى قەھۋە پۇرچاقلىرىنى بىر ـ بىرلەپ تېرىپ ئالىقىنىمغا ئالدىم . ھەقىقەتەن ئېيتىپ بەرگىلى بولمايدىغان بىر خىل پۇراق ، يەنە كۆپرەك يىغىپ پۇراپ باققۇسى كەلگۈدەك مەززىلىك پۇراق بار ئىدى .

قەھۋە پۇرچاقلىرىدىكى ماياق قالدۇقلىرىنى پاكىز يۇيۇۋېتىپ ئاپتاپقا سالدىم . ئۇ كۈنى قەھۋەزارلىققا بارغۇمۇ كەلمىدى ، تام تۈۋىدە ئاپتاپسىنىپ ئولتۇردۇم . تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا ئاپتاپقا سېلىپ قويغان قەھۋە پۇرچاقلىرىغا قاراپ قوياتتىم . ئاشۇ غەلىتە پۇراقنىڭ يۇيۇپ ئاپتاپقا سالغاندىن كېيىن يوقاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتىم . شۇڭا ، ھەر قېتىم بارغىنىمدا ئۇ قەھۋە پۇرچاقلىرىنى چىمدىپ ئېلىپ پۇراپ باقاتتىم — ئاشۇ پۇراق يوقالمىغانلىقىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولاتتىم .

چۈش بولۇپ كەتتى . ئاپتاپتا ئولتۇرىۋەرگەچكە يۈرەكلىرىم سىقىلىشقا باشلىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، تاماق يېمىگەچكە ،

ھالسىزلىنىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن . چۈشتىن كېيىن تۇيۇقسىز ھاۋا بۇزۇلۇپ ، يامغۇر يېغىشقا باشلىدى . سالقىنلاپ ئويغىنىپ كېتىپتىمەن ، سەكرەپ قوپۇپ قەھۋە يايغان قاچىنى ئالدىم ـ دە ، ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىۋالدىم .

قەھۋە پۇرچاقلىرى يامغۇردا سەل ھۆل بوپتۇ . ئىچىم ئېچىشىپ ، چاپىنىمنىڭ پېشى بىلەن بىر ـ بىرلەپ سۈرتتۈم . ئۇلاردىكى پۇراق ئەكسىچە تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىپتۇ ، پۈتۈن ئۆينى بىر ئالدى ، ھەتتا خۇاخۇامۇ ، بۇ مەززىلىك پۇراق نەدىن كېلىۋاتىدۇ ، دەپ سورىدى . بۇ چاغدا مۈشۈك كارىۋات تېگىدىن چىقىپ خۇاخۇانىڭ پۇتىدا يېتىپتىكەن . مېنىڭ كېلىۋاتقىنىمنى كۆرۈپ ، دەرھال تۈگۈلۈپ ، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ، كارىۋات ئاستىغا كىرىپ كېتىشكە تەييارلاندى .

مۈشۈكنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ، ئىككى قەدەم نېرىدا توختىدىم . مۈشۈك ماڭا تىكىلىپ تۇراتتى ، مېنىڭ «ھۇجۇم» قىلىش نىيىتىمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ ، ئاندىن بەدەنلىرىنى قويۇپ بېرىپ ، كۆزلىرىنى يۇمدى . قەھۋە پۇرچىقىنىڭ ئىشىنى خۇاخۇاغا ئېيتىپ بەردىم ھەم «باۋئېر»غا كۆپرەك يېدۈرۈڭ دېدىم .

خۇاخۇا ھەيرانلىق بىلەن ماڭا قارىدى :

— سىز باۋئېرنى داۋاملىق قەھۋەلىرىڭىزنى يېسۇن دەۋاتامسىز ... ئەمدى ئۇنى ئۇرمامسىز ؟

— ھەرگىز ئۇرمايمەن .

خۇاخۇا گېپىمنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولۇپ ، يۈزىگە كۈلكە يۈگۈردى . ئېغىر ئازابتىن كېيىن ئۇ ئىلگىرىكى ئىشلارنى قەستەن ئۇنتۇپ كەتكەندەك قىلاتتى ، پەقەت ماڭا بولغان ئىشەنچىلا يەنە مەۋجۇت ئىدى .

خۇاخۇا بىر سىقىم قەھۋە ئالدى ، قوينىدىكى مۈشۈكنى سىلاپ تۇرۇپ ، ئاستاغىنا سۆزلىگىنىچە ئالىقىنىنى ئېچىپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئاپاردى .

مۈشۈك تۇمشۇقىنى سوزۇپ پۇرىدىيۇ ، دەرھال كەينىگە

تارتىۋالدى . ئۇ كۆزلىرىنى قىسقىنىچە بىردەم خۇاخۇاغا ، بىردەم ماڭا قاراپ جىمىمىدە تۇراتتى .

ئۇ بەلكىم مەندىن قورقۇۋاتسا كېرەك . خۇاخۇا مېنى چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى .

ئىشىك تۈۋىگە چىقىپ تۇردۇم . يامغۇر تېخىچە يېغىۋاتاتتى ، يامغۇر تامچىلىرىنىڭ تۇپراق ۋە يوپۇرماقلارغا ئۇرۇلغاندا چىقارغان شىرىق ـ شىرىق ئاۋازى ئۆيدىكى ئاۋۇ ياش ئانىنىڭ مۇلايىم ئاۋازىنى بېسىپ كەتتى . ئىسسىق بەلۋاغدىكى ياغاچ ئۆيلەرنىڭ پېشايۋىنى بولمايدۇ . ئۇستۈپىشىم يامغۇردا چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتتى . بۇ چاغدا ئىلگىرىكى يامغۇرلۇق كۈنلەر يادىمغا يەتتى . چۈن چى پېشايۋاندا جىمجىت تۇرۇپ ، يامغۇرنىڭ كاھىشلارغا ئۇرۇلغاندىكى ئاۋازىغا قۇلاق سالاتتى . شىمالنىڭ ياز پەسلىدە يامغۇر ئۇدا ھەم تەكشى ياغىدۇ ، تارس ـ تارس ـ تارس ··· خۇددى ئاسماننىڭ تومۇرى سوقۇۋاتقاندەك . ئۇ سوغۇقتا بەك ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى . پەقەت مۇشۇ ئىنچىكە ئاۋازلا ئۇنىڭغا ئازراق ھارارەت ئېلىپ كېلەلەيتتى .

ئاستا ـ ئاستا ئېسىمنى يىغىپ ، يۈزۈمدىكى يامغۇر سۇلىرىنى سۈرتتۈم . توساتتىن قولۇمدىكى قەھۋە يۇقىنىڭ پۇرىقىنى پۇراپ قالدىم . بۇ ئالاھىدە پۇراق خۇددى ئايلانما ئۇزۇن كارىدورغا ئوخشاش چەكسىز داۋاملاشقان ، ئاخىرىغا كۆز يەتكۈسىز ، ھېچكىم ئۇنىڭ نەگە تۇتىشىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ . تۇيۇقسىز ئالىقانلىرىمنى ھىم يۇمۇۋالدىم ، خۇددى بۇ مەززىلىك پۇراقلار قېچىپ كېتىدىغاندەك — بۇ ئەڭ ئاخىرقى كىچىككىنە ئۈمىد .

ئۈچ كۈندىن كېيىن ، تۇنجى قېتىم يىغىلغان «مۇشۇك پوقى قەھۋەسى»نى ئېلىپ تاغ باغرىغا كەلدىم . مەخسۇس قەھۋە سودىسى قىلىدىغان كەسىپ ئەھلىنى تېپىپ باھالاتماقچى بولدۇم . ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ، ئۇ كۆرمىگەن قەھۋە يوقمىش .

بۇ مۇتەخەسسىس ئاران دېگەندە مەن بىلەن كۆرۈشۈشكە

قوشۇلدى . مەن خالتىنىڭ ئىغىزىنى كىچىككىنە ئېچىپ ، ئالىقىنىمغا قەھۋەدىن ئازراق تۆكۈپ ئۇنىڭغا سۇندۇم .

ئۇ بىر پۇراپلا ، چىرايىدا ھەيرانلىق ئالامەتلىرى ئەكس ئەتتى ، دەرھال مالىيىنى چاقىرىپ ، بۇ پۇرچاقلارنى ئېزىپ ، قايىنتىپ نەچچە ئىستاكان ئاچچىقشىنى بۇيرۇدى . ئۆزى ۋە بىرقانچە دوستلىرى ئىچكەندىن كېيىن ئىغىزلىرىنى تەمشىپ ، ھەيرانلىقتا بىر - بىرىگە قارىشىپ ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن باھالاشقا باشلىدى .

— بىر خىل توپا تەم بار ئىكەن .

— ئازراق بەتبۇي پۇراقمۇ ئارىلاش تۇرىدۇ .

— ناھايىتى يېپىشقاق ، قويۇق ئىكەن ، خۇددى قىيامدەك .

— سەل قاڭسىق ، بىر خىل ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان تەم بار ئىكەن .

ئۇ قەھۋە مۇتەخەسسىسى مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ ، مەن بىلەن ئوبدان سۆزلەشمەكچى بولدى . ئۇنىڭ ئالدى - كەينىدىكى پوزىتسىيە پەرقىدىنلا بۇ قەھۋەنىڭ باھاسىنى بىلىپ بولدۇم .

ئۇ قەستەن تەمكىن قىياپەتكە كىرىپ ، بۇ قەھۋەلەرنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى سورىدى . مەن ، ئۆزۈمنىڭ قورۇقىدىكى دەرەختە چۈشكەن ، ئۈزۈپ ئەكەلگەندىن كېيىن يامغۇردا قالغان ، كېيىن يېيىپ قۇرۇتۇپ ئوتقا قاقلىغان ، دېدىم . ئۇ ھەم گۇمانىي نەزەردە ، ھەم مۇغەمبەرلەرچە قاراپ تۇرۇپ كېتىپ ، بۇ قەھۋەلەرنى سېتىۋېلىش باھاسىنى ئېيتتى . مەن كۈلۈمسىرىگىنىمچە بېشىمنى چايقاپ ، خالتىنىڭ ئىغىزىنى قايتىدىن چىگىپ ، ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىقتىم .

ئۇقىمەن ، ئۇ چوقۇم مەن دېگەن ئۇسۇل بويىچە بۇ خىل قەھۋەنى ياسايدۇ . ئۇنىڭ تەجرىبىسى مەغلۇپ بولغاندا ، بۇ قەھۋەنىڭ باھاسى ھازىرقىدىن قانچە ھەسسە ئۆرلەپ كېتىدىكىنتاڭ .

نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ راستىنىلا مېنى ئىزدەپ كەلدى .

يۇقىرى باھادا ئاشۇ قەھۋەلەرنى سېتىۋالدى (بۇ باھا قەھۋەزارلىقىمدىن چىققان بارلىق قەھۋەلەرنىڭ باھاسىدىنمۇ يۇقىرى بولدى ) ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق تەمىنلەپ تۇرۇشۇمنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى . مەنمۇ دەرھال قوشۇلدۇم . ئۇ ئەسلىدە بۇ ئالاھىدە قەھۋەنى يامغۇردا قېلىش ، ئوتقا قاقلاشتەك تاسادىپىي ئامىللاردىن ياسالغان دەپ قارىغاچقا ، مېنىڭ مۇنداق تېزلا قوشۇلغىنىمدىن سەل ھەيران بولدى . ئۇ مېنىڭ بۇ ئاددىي كۆلبەمگە سەپسالدى ، قاتتىق كارىۋات ، شىرە ۋە مۇشۇك كۆتۈرۈۋالغان بىر ياش ئاياللا بار ئىدى . بۇلاردىن باشقا ھېچنېمە يوق — قەھۋە ياساش بىلەن باغلىنىشلىق قورال تاپالمىدى . قايتىدىغان چېغىدا ئۆيىنىڭ ئەتراپىغا قاراشنىمۇ ئۇنتۇمىدى . ئۆيىنى بىر چۆرگىلەپ چىقتى ، يەنىلا ئالاھىدە قورال بايقالمىدى . ئۇ ئاشۇ كىچىككىنە بىر خالتا قەھۋەنى كۆتۈرگىنىچە سەل ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا قايتتى .

كېيىن ئۇنىڭغا ئوخشاش ئادەمدىن نەچچىسى كەلدى . ئۇلار مېنىڭ قەھۋەلىرىمنى يۇقىرى باھادا ساتالىغانلىقىمنى ئاڭلاپ ، مېنىڭ ئاشۇ قەھۋەلەرگە قانداق ھىيلە ئىشلەتكىنىمنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن كەلگەنىدى . ئاقىۋەتتە ، ھەممىسى نەتىجىسىز قايتتى .

ئۇ بەرگەن بىر قاپچۇق پۇلنى سىقىملىغىنىمچە ئەس - ھوشۇمنى يىغالماي خېلى ئۇزۇنغىچە تۇرۇۋېتىمەن . كۆزلىرىمدىن ياشلار سىرغىپ چىقتى ، لېكىن دەرھال يەڭلىرىم بىلەن سۈرتىۋېتىپ ، خۇاخۇانىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ باردىم - دە ، ئۇنى كارىۋاتتىن تارتىپ تۇرغۇزۇپ :

— قاراڭ ، بىزنىڭ راستتىنلا پۇلىمىز بار بولدى ، — دېدىم .

ھېلىقى مۇشۇك مېنىڭ ئېتىلىپ كەلگىنىمنى كۆرۈپ ، قورقىنىدىن دەرھال سەكرەپ چۈشۈپ ، يەنە كارىۋات تېگىگە كىرىپ كەتتى .

خۇاخۇا بىرئاز ئالاقزادە بولۇپ ، گاڭگىرىغان ھالدا :

— راست ، بىزنىڭ پۇلىمىز بار بولدى ، — دېدى .

ئۇ تامامەن مەندىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا شۇنداق دەپ قويغانىدى . مۇشۇ گەپنى دەپ بولۇپلا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ، چۆچۈپ كەتكەن مۇشۇكنى چاقىرغىلى تۇردى ، ماڭا قايتا قاراپمۇ قويمىدى ، قولۇمدىكى پۇلغىمۇ قىلچە قىزىقمىدى . بىئارام بولۇپ تۇرۇپ كەتتىم . توساتتىن ، ئىش بېشىنى ئۇرغان كۈنى كەچتە خۇاخۇانىڭ ھەميانىنى پۇلاڭلىتىپ كەتكەن چېغىنى سېغىنىپ قالدىم . شۇ چاغدىكى ئۇ نېمىدېگەن ھېسسىياتقا باي ئىدى ـ ھە ! نەچچە تال يارماقمۇ ئۇنى شۇنچە خۇش قىلىۋەتكەن ئەمەسمىدى ؟

## 3

شۇنداق قىلىپ ، بىر كېچىدىلا خېلى پۇللۇق بولۇپ قالدىم .

ئۇ پۇللارغا سۇ ئىلاھى ئوردىسى قۇلۇلە قېپىدىن بىرى كېلەتتى . دەرھال بېس خېنىم بىلەن سودىلاشتىم . سۇ ئىلاھى ئوردىسى قۇلۇلە قېپىنىڭ يۈزى بەك قېلىن بولغاچقا ، چوقۇم ئىنچىكىلىك بىلەن سىلىقلىغاندىلا ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى يۈرەك سوقۇشلىرىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى . ئۇزۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ سىلىقلاپ ، خېلى سۈزۈك ھالەتكە ئەكەلدىم . قېلىن ئورماندىن خىلۋەت بىر جاينى تېپىپ ، بارماقلىرىم بىلەن ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەسلىمىلەرنى ئىزدىدىم .

ئەپسۇس ، چۈن چىنىڭ ئەسلىمىسى ئەمەس ئىدى .

ھەقىقەتەن ئۈمىدسىزلەندىم ، بۇ قۇلۇلە قېپىنى ئېلىپ تاغ باغرىدىكى بازارغا كەلدىم ، ئۇنى ئېلىشقا سېتىۋەتمەكچى بولدۇم . چۈنكى ، ئۇ ھازىر مەن ئۈچۈن ھېچنېمىگە ئەرزىمەس كېرەكسىز نەرسە . بىراق ، قۇلۇلىنىڭ يۈزىنى سىلىقلىۋەتكىنىمدىن كېيىن ئۇنىڭ يۈزىدىكى ھاللىقمۇ يوقىدى ، سىزىقچىلىرىدىنمۇ پەقەت نەچچە تال سۇس ئىزلا قالدى . قارىماققا شەكلى غەلىتە فارفور بۇيۇمغىلا ئوخشاپ قالغانىدى ، ھېچكىم ئۇنىڭ قۇلۇلە قېپى ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەيتتى . بازاردا كۈن پاتقۇچە تۇردۇم ، لېكىن ئۇنى ئالىدىغان

بىرەر ئادەم چىقمىدى .

نېمە چارە ، يەنىلا ئاشۇ ئالاھىدە قەھۋەنى پۇلغا تېگىشەي .

ئېشىكنى ئىتتىرىپ ئاچتىم . خۇاخۇا ھېلىقى مۇشۇك بىلەن ئويىنىشىۋېتىپتۇ ، ئۇ چۆرگىلەپ يۈرەتتى ، مۇشۇك ئۇنىڭغا ئەگىشەتتى ، خۇاخۇا سولغا چۆرگىلىسە ، ئۇمۇ سولغا چۆرگىلەيتتى ، كەينىگە داجىسا ، ئۇمۇ كەينىگە داجىيتتى . كۆز ئالدىمدىكى بۇ كۆرۈنۈشلەر نەقەدەر تونۇش ـ ھە ! باۋئېر ھايات چېغىدا ئۇ دائىم ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇنداق ئوينىشاتتى . مۇشۇ كۈنلەردە قەھۋەنىڭ ئىشى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەچكە ، باۋئېرنى ئۇنتۇپ قالايلا دېگەنىدىم . مۇشۇ مىنۇتلاردا ، ئۇ تۇيۇقسىز يادىمغا يېتىپ قالدى ، لېكىن قورقۇنچ ۋە يۈز كېلەلمەسلىك تۇيغۇسىدا بولمىدىم . خۇددى بارلىق ئىشلار باشتىلا مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلغاندەك قىلاتتى : بۇ يەردە باشتا ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە ياشىدىم ، كېيىن ۋاز كېچەي دېگەن چېغىمدا ، خۇاخۇا باۋئېرنى ئېلىپ كەلدى ؛ كېيىن توختىماي چۈش كۆرۈشكە باشلىدىم ، تاكى چۈشۈمدە كۆپ قېتىم ئايان بولغان كېمىنى پىرېستاندا كۆرگەنگە قەدەر . ئاخىر سۇ ئىلاھى ئوردىسى قۇلۇلە قاپلىرىنى تاپتىم — چۈن چىنىڭ ئەسلىمىلىرى دەل شۇلارنىڭ ئىچىدە ئىدى . بىراق ، پۇل بولمىغانلىقتىن ئۇلارنى سېتىۋېلىشقا ئامالسىز قالدىم ؛ خۇاخۇا ئىككىمىز جان تىكىپ پۇل تاپقىلى تۇردۇق ، بۇ چاغدا باۋئېر تۇيۇقسىز ئۆلۈپ قالدى ، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ مۇشۇك ئۇنىڭ ئورنىنى بېسىپ ، خۇاخۇانىڭ قېشىدا قالدى ؛ دەل مۇشۇ سىرلىق مۇشۇك ماڭا توساتتىن كۆپ پۇل تېپىپ بەردى ، ئاخىر قۇلۇلە قېپىنى سېتىۋېلىپ ئەكەلدىم . بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىدى ، ئارقىغا ياندۇرغىلى بولمايتتى . باۋئېر بەلكىم ئەسلىمىلەرنى تېپىش ئۈچۈن چوقۇم تۆلەشكە تېگىشلىك بەدەل بولسا كېرەك .

بۇنداق ئويلاش باۋئېرغا نىسبەتەن ئادىللىق بولماس ، بىراق نەقەدەر خۇددى قۇياشنىڭ شەرقتىن چىقىپ غەربتە ئولتۇرغۇنىدەك ،

ئايىنىڭ ئون بەشى يورۇق، ئون بەشى قاراڭغۇ، ھەم تولۇق، ھەم كەمتۈك بولغىنىدەك، ئۆزگەرتىشكە ھەم ئارقىغا ياندۇرۇشقا مۇمكىن بولمايدىغان نەرسە ئىكەن. شۇڭا، مەن چۈن چى ئۈچۈن قۇلۇلە قېپىنى ئىزدەشكە مەجبۇر بولغان تەقدىرىمنى قوبۇل قىلدىم، باۋئېرمۇ ھاياتىنى قۇلۇلە قاپلىرىغا تېگىشىشتىن ئىبارەت بۇ تەقدىرنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

كۆز ئالدىمدا ئاشۇ مۇشۇك خۇاخۇا بىلەن قوغلاشماق ئويناۋاتىدۇ، تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئالدى پۇتلىرى بىلەن خۇاخۇانىڭ لەپەڭلەپ تۇرغان ئېتەكلىرىگە ئېسىلىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ قارامتۇل سېرىق تۈكلىرى بارغانسېرى پارقىراشقا باشلىدى. قارا - ئاق ئارىلاشقان ئالا قۇيرۇقلىرىمۇ تېتىكلىشىپ توختىماي شىپاڭلايتتى، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن كىشىنى مەپتۇن قىلغۇدەك ھاياتى كۈچ ئۇرغۇپ تۇراتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ قورسىقى ئالاھىدە دىققىتىمنى تارتتى، ساغلام ھەم تەكشى، سىرلىق ئېنېرگىيە يوشۇرۇنۇپ ياتقاندەكلا قىلاتتى.

ئەپسۇس، ئۇ قەھۋەگە قىزىقماس بولۇپ قالدى، ئىلگىرىكى ئوغرىلىقچە يېيىشى پەقەت يېڭىلىق تۇيۇلۇپلا يېيىش بولسا كېرەك. كېيىن زورلاپ يېگۈزگەندە، بەكلا ئاز يېدى. خۇاخۇا بىر تەرەپتىن سىلاپ، بىر تەرەپتىن گەپ قىلىپ بەرسە زورغا بىرنەچچە تالنى يۇتاتتى. خۇاخۇاغا ئۇنىڭ باشقا يېمەكلىكلىرىگىمۇ ئارىلاشتۇرۇپ بېرىشنى تاپىلىدىم، ھەتتا مەخسۇس پىرىستانىغا بېرىپ نەچچە تال يېڭى بېلىق ئەكەلدىم (باۋئېر ئاغرىپ قالغان چېغىدىمۇ، ئۇنىڭغا ئېلىپ بەرمىگەنىدىم). بىراق، مۇشۇك بەك ئەقىللىق ئىكەن، قەھۋە پۇرچاقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىلغاپ بىر تەرەپكە ئاشۇرۇپ قويىدى.

ئۇنى نەچچە كۈن ئاچ قويايلى، دىدىم، لېكىن خۇاخۇا زادىلا ئۇنىمىدى. بىرىنچى قېتىم قەھۋەگە ئالماشتۇرۇپ كەلگەن پۇلنى كۆرگەندىن تارتىپلا ۋەھىمىگە چۈشكەن بولسا كېرەك، ماڭا:

«باۋئىبرنى قويۇۋېتەيلى، گوللاندىيىلىكلەرنىڭ ئۆيىدە مالايلىق قىلسامۇ مەيلى» دەپ يالۋۇرغىلى باشلىدى.

ئاچچىق كۈلدۈم، مالايلىق قىلىپ قانچىلىك پۇل تاپقىلى بولاتتى؟ خۇاخۇانى يېنىمغا تارتىپ ئاستا قۇچاقلىدىم:

— ئەجەبا باۋئىبرنى ئېلىپ تېزرەك ئۆيگە قايتقۇڭىز يوقمۇ؟

ئۇ ماڭا قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— سىزگە ۋەدە بېرەي، ئاشۇ نەچچە تال قۇلۇلە قاپلىرىنى سېتىۋالساقلا، دەرھال ئۆيگە قايتىمىز، قولىمىزغا يەنە خېلى پۇل ئاشىدۇ. بىز كەڭ - كۇشادە ئۆي سېلىپ، ئۈچىمىز راھەت ياشايمىز، بولامدۇ؟

ئاشۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندىكى سەمىمىيلىكتىن ئۆزۈممۇ تەسىرلىنىپ كەتتىم، ئۆزۈمنىڭ ئاشۇ دەقىقىلەردە راستتىنلا شۇنداق ئويلىغانلىقىمغا ئىشىنىشكە رازى، خۇاخۇانى ئۆيگە ئېلىپ كېتىپ، ئىخلاس بىلەن ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالسام.

ئۇ ئىشەنمەسلىك نەزىرى بىلەن ماڭا قارىدى. لېكىن، شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇ ئالدىقاچان مېنىڭ بۇ گەپلىرىمدىن تەسىرلەنگەنىدى. ئۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن سورىدى:

— ئۇ چاغدا، باۋئېر ھەرگىز ئاچ قالمايدۇ - ھە؟

— ئەلۋەتتە، ئۇ ھەر كۈنى بېلىق يېيەلەيدۇ، قانچىلىك يەيمەن دېسە شۇنچىلىك يەيدۇ.

خۇاخۇا بۇلارنى ئويلاپ كۈلۈشكە باشلىدى، چىش مىلىك خارابىسى كۆرۈنۈپ قالدى. ھەر قېتىم كۈلگەندە، ئاشۇ قاپقاراڭغۇ ئۆڭكۈردەك ئېغىز بوشلۇقىدىن كىس - كىس شامال چىقىپ كېتەتتى.

ئالمان - تالمان ئۇنىڭغا ئېيتتىم:

— ئۇنداقتا، بۇ بىرنەچچە كۈن مۇشۇكنى راسا ئاچ قويۇڭ، ئاندىن ئۇنىڭغا قەھۋەدىن كۆپرەك يېگۈزۈڭ - ھە.

ئەمما ، تېزدىنلا شۇنى بايقاپ قالدىم ، مۇشۈكنى ئاچ قويۇپ قەھۋە يېگۈزۈش تازا ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ئەمەس ئىكەن . قارىغاندا ، قەھۋەنى چوقۇم باشقا يېمەكلىكلەر بىلەن قوشۇپ يېگۈزگەندىلا ، ئۇنىڭ ئاشقازان ـ ئۈچەيلىرىدىن بىرەر قۇر لۆمۈلدەپ ئۆتۈپ تەن سىرتىغا چىققىنىدا ، قەھۋە قويۇق ھەم ساپ پۇراقلىق بولىدىكەن ، ساپلا قەھۋەنى يېگۈزگەندە ، چىققان قەھۋەنىڭ پۇرىقىدا ئانچە چوڭ ئۆزگىرىش بولمايدىكەن .

بىردىنبىر چارە ، ئۇ باشقا يېمەكلىكلەرنى يەۋاتقاندا ، قەھۋەنىمۇ قوشۇپ يېگۈزۈۋېتىش . بىر پارچە قەلەي تېپىپ كېلىپ ئېگىپ ، ئۇزۇن دەستىلىك قوشۇقتىن بىرنى ياسىدىم . خۇاخۇا مۇشۈككە يېمەك بېرىۋاتقاندا ، مۇشۈكنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ ، بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ ، قەھۋەنى قوشۇق بىلەن كانىيىغا ئاپىرىپ بىرلا سىلكىسە ، يېگۈزۈۋەتكىلى بولاتتى ، لېكىن خۇاخۇا بۇنداق قىلغىلى چىدىمىدى . ئاخىر ئۆزۈم قىلدىم ، خۇاخۇا مۇشۈكنى قۇچىقىغا ئېلىپ ، ئالدىنقى پۇتلىرىنى تۇتۇپ بەردى . مەن بىر قولۇمدا بېشىنى قىسىپ تۇرۇپ ، بىر قولۇم بىلەن قوشۇقنى كانىيىغا تىقتىدىم . مۇشۈك جېنىنىڭ بارىچە تىركىشىپ ، ئېچىنىشلىق مياۋلاپ كەتتى ، خۇاخۇامۇ ئازابلىنىپ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالدى ، ئۇنىڭغا قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدى . خۇاخۇا ئىككىمىزنىڭ قوللىرىمىزدا يول ـ يول مۇشۈك تاتىلىغان ئىزلار قالدى .

ھەر قېتىم مۇشۈكنىڭ قورسىقى تومپىيىپ چىققۇچە يېگۈزمىگۈچە بولدى قىلمايتتىم . تويۇپ كەتكەن مۇشۈك خۇددى قاتتىق خورلۇققا ئۇچرىغاندەك ، خۇاخۇادىنمۇ ئۆزىنى قاچۇرۇپ ، مەيۈس ھالەتتە بىر بۇلۇڭغا بېرىپ تۈگۈلۈپ ئۇخلايتتى .

بىر قېتىم مۇشۈك قەھۋە يەپ بولغاندىن كېيىن ناھايىتى بىئارام بولۇپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى ، يەردە ئۇياقتىن ـ بۇياققا دومىلاشقا باشلىدى . خۇاخۇا بېرىپ تۇتۇۋىدى ، ئۇ تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى . ئۇ ئۇنى يەنە قەھۋە يېيىشكە زورلايدۇ ، دەپ قالغان بولسا

كېرەك ، پۈتۈن تۆكلىرى شۇ زامان تىك ئۆرلەپ چىقتى . خۇاخۇا ئاستاغىنا :

— باۋئېر ، قورقما ، بۇ مەن ... — دېدى .

مۇشۇك ئۇنىڭغا قاراپ بىرئاز ئىككىلەندىيۇ ، يەنىلا غىپلا قىلىپ ئۇنىڭ پۇتلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ ، كارىۋات ئاستىغا كىرىۋالدى . خۇاخۇانىڭ يۈرىكى مۇزلاپ ، لاسسىدە كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇ ئۆز - ئۆزىگە :

— هازىر باۋئېر مەندىن قاچىدىغان بولۇپ قالدى ، ئۇ مەندىن رەنجىپ قاپتۇ ، — دېدى .

شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە كىتىر - كىتىر قىلغان ئاۋازدىن ئويغىنىپ كەتتىم . قارىسام ، مۇشۇك هە دەپ ئىشىكنى تاتىلاپ ، يوچۇقىغا بېشىنى تىققىلى تۇرۇپتۇ — ئۇ ئاخىر چىدىغۇچىلىكى قالماي ، قېچىشنى قارار قىپتۇ - دە . ئاستا خۇاخۇانى ئويغىتىپ ، قاراپ بېقىڭ ، دېدىم . ئۇ قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى . هەرقانداق ئويلىسىمۇ ، باۋئېرنىڭ ئۆزىنى تاشلاپ يالغۇز قاچماقچى بولغانلىقىغا ئىشەنگۈسى يوق ئىدى .

شۇ كۈندىن باشلاپ باۋئېرنىڭ بوينىدا بىر زەنجىر پەيدا بولدى ، بىر ئۇچى شىرەنىڭ پۇتىغا باغلاقلىق ئىدى . گەرچە خۇاخۇانىڭ بەك ئىچى ئاغرىغان بولسىمۇ ، باۋئېرنىڭ ئۆزىنى تاشلاپ كېتىشىدىن تېخىمۇ ئەنسىرەيتتى .

## 4

ئۇزاق ئۆتمەي ، مەن يەنە ئىككى دانە سۇ ئىلاهى ئوردىسى قولۇلە قېپىنى ئېلىپ كەلدىم . بىراق ، تەڭرى مېنىڭ سەۋر - تاقىتىمنى سىناۋاتسا كېرەك ، بۇ ئىككىسىنىڭ ئىچىدىنمۇ چۈن چىنىڭ ئەسلىمىسى چىقمىدى . گەرچە مۇنداق بولۇشىنى بۇرۇنلا قىياس قىلغان بولسامۇ ، لېكىن جىسمانىي ۋە روهىي جەهەتتىن تۈگىشىپ كېتەيلا دېگەنىدىم . ئاي ئاخىرى يېقىنلاشقانسېرى ، ئەمەلگە ئاشايلا دەپ قالغان ئارزۇيۇمنىڭ بەربات بولۇشىدىن تېخىمۇ

ئەنسىرەپ كېتىۋاتاتتىم .

مېنىڭ جاھىللىقلىرىم قېتىشقا باشلىدى . تەلىيىمگە ، كۆپ يىللاردىن بۇيان جۇغلانغان ئاشۇ مول ھېسلىرىم بۇ ھارغىن تېنىمنى داۋاملىق ئالغا ئىتتىرىپ تۇردى .

يەنە بىر بوغچا قەھۋە يىغىلغاندا ، ئۇنى ھېلىقى قەھۋە خوجايىنىغا سېتىپ بەرگۈم كەلمىدى . بىرىنچىدىن ، ئۇ مېنىڭ پۇلغا جىددىي ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىمنى بىلگەچكە ، قەھۋە باھاسىنى داۋاملىق تۆۋەنلىتىپ تۇرۇۋالدى ؛ ئىككىنچىدىن ، مېنىڭ ئېغىز ىمدىن بۇ قەھۋەنىڭ كېلىش مەنبەسىنى تىلىڭ تىڭلاشنى زادىلا توختاتمىدى . ئۇنىڭ مۇغەمبەرلىكى كىشىنى ساراسىمىگە سالاتتى ، مېنى چارچىتىپ ، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشقۇدەك ئارتۇقچە مادارىمنى قويمىغانىدى .

قەھۋەنى ئېلىپ ئۇدۇل بىس خېنىمنىڭكىگىلا باردىم . ئۇنىڭ ناشتىلىقى ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ . ئۇ ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئەمەس ئىكەن ، قەھۋەنىمۇ چوقۇم تالالاپ ئىچىدۇ .

بىراق ، بىس خېنىمنىڭ بۇ ئالاھىدە پۇراقلىق قەھۋەنىڭ نامىنى خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىغانلىقىنى ئويلىماپتىكەنمەن — بۇ قەھۋەنىڭ نامى پۇر كېتىپتۇ ئەمەسمۇ .

بىس خېنىم مېنىڭ ئەسلىدە ئاشۇ قەھۋەنىڭ ئىشلەپچىقارغۇچىسى ئىكەنلىكىمنى بىلىپ بەكلا ھاياجانلاندى . ئۇ ماڭا ئېرىنىڭ قەھۋەگە ناھايىتى ھەۋەسى بارلىقىنى ، شۇڭا ئۆزىنىڭ ھەر ئايدا بۇ يەردىكى پرېستاندىن نەچچە تاغار قەھۋەنى گوللاندىيىگە ئەۋەتىدىغانلىقىنى ، يېقىندا مۇشۇنداق بىر خىل قويۇقلۇقى قىيامغا ئوخشاش قەھۋەنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ ، ئېرىگە ئازراق ئالغاچ كەتكۈسى كېلىپ تۇرغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى .

ئاپارغان قەھۋەيىمگە بىر دانە سۇ ئىلاھى ئوردىسى قۇلۇلىسى تېگىشتىم . بىس خېنىم بۇ قەھۋەنى بەك ئاز كۆردى . ئۇ ئېشىپ قالغان سۇ ئىلاھى ئوردىسى قۇلۇلىرىنى يەنىمۇ كۆپرەك بۇ خىل

قەھۋەگە تېگىشكۈسى بارلىقىنى ئېيتتى.

ئۆيگە قايتىپ بېرىپلا تاقەتسىزلىك بىلەن بۇ قۇلۇلە قېپىغا تېگىش قىلدىم، ئەمما يەنىلا چۈن چىنىڭ ئەسلىمىسى يوق بولۇپ چىقتى.

خۇاخۇا چۈن چىنىڭ ئەسلىمىسى چىقمىغانلىقىنى ئاڭلاپ، مەندىنمۇ بەك ئۈمىدسىزلىنىپ كەتتى، چۈنكى بۇ «باۋئېر»نىڭ داۋاملىق ئازاب تارتىشىدىن دېرەك بېرىدۇ ـ دە.

خۇاخۇا تەشۋىشلىنىشكە باشلىدى، كېچىلىرى ئۇخلىيالمايتتى، دەككە ـ دۈككىدە تۇرۇپ كېتەتتى، شىرە تۈۋىگە بېرىپ مۈشۈكنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ئەللەي ناخشىسى ئېيتىپ پەپىلەيتتى. چۈشلىرىمدىن ئويغانسام، شۇنچىلىك ھەسرەتلىك ناخشىنى ئاڭلايتتىم. ئۇ خۇددى نەشتەر كەبى سوغۇق شامالدەك بەدەنلىرىمگە سانجىلىپ، شىمالىي جۇڭگونىڭ قىش كۈنلىرىنى ئەسلىتەتتى. شۇ يىلى دېكابىر، شىمال شامىلى ئۇشقىرتىۋاتقان بىر كۈن، ئۇ ئىشىك ئالدىمىزدا ناخشا ئېيتقاچ، قار ئۈستىگە ئىسمىمنى يازغانىدى.

— يەنە ئۈچ تاللا قۇلۇلە قالدى، ئۈچ تاللا، خۇاخۇا، شۇلارغا ئېرىشسەكلا ئۆيگە قايتالايمىز، — دېدىم ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ يۈزلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ.

خۇاخۇا زەئىپ نەزەر بىلەن ماڭا قارىدى، ھېچنېمە دېمىدى. ئۇنى قۇچاقلىدىم:

— پەقەت سىزلا ماڭا ياردەم قىلالايسىز، سىز مېنىڭ ياخشى ئايالىم، — دېدىم. خۇاخۇا تەئەججۈپلىنىپ قارىدى، ئۇ تۇنجى قېتىم مېنىڭ ئېغىزىمدىن «ئايالىم» دېگەن گەپنى ئاڭلاۋاتاتتى. بۇ گەپنىڭ بوغۇزۇمدا تۇرغىنىغا بەك ئۇزۇن بولغاچقا، داتلىشىپ، داغلىشىپ كەتكەنىدى. بىراق، بۇ سۆز بەكلا كېچىكىپ چىقتى، بەكلا، خۇددى مەخسۇس ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق كۈتكەن يۈرەكنى نائۈمىدتە قويۇشقا ساقلاپ قويغاندەكلا، ئۇ قانداقمۇ ئازابتا

پۈچىلىنىپ كەتكەن بۇ قەلبنى قۇتۇلدۇرالىسۇن .

كېچە ، چۈشۈمدە بىس خېنىم قالغان سۇ ئىلاھى ئوردىسى قۇلۇلىلىرىنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇدەك . كېمە بىپايان دېڭىزدا كېتىۋېتىپتۇ ، ئۇ توساتتىن كېمىدىن يېرىم بەدىنىنى چىقىرىپ ، قۇلۇلىلەرنى بىر - بىرلەپ كۆچەپ سۇغا ئاتقۇدەك — نەچچە قاناتسىز ئاق قۇش ئاسماندا چۆرگىلەپ - چۆرگىلەپ ، كېيىن باشچىلاپ دېڭىزغا شۇڭغۇغۇدەك .

ئويغانسام ، كۆڭلۈم شۇنچە غېرىب . تاڭ يورۇشقا باشلىغان ، كۈن تېخى چىقمىغان چاغ ئىكەن . غۇۋا كۈن نۇرى تومۇز ئىسسىق ئارالغا تېخىمۇ مىسكىن تۈس بەرگەنىدى . خۇاخۇا ئۇخلاپ قاپتۇ ، تاڭ يورۇش ئالدىدا ئۇنىڭ ئاشۇ تەشۋىشلىك قەلبى سەل ئارام تېپىپ قالغان بولسا كېرەك . ئۇ بۇرۇنقىدەك ماڭا يېقىن ياتمايدىغان بولۇۋالدى ، ھەمىشە تۈگۈلۈپ ، كارىۋاتنىڭ بىر قېتىدا قورۇنۇپ ئۇخلايدۇ . مەن كۆزلىرىم بىلەن ئۇنى سىلىدىم ، ئىلگىرى ئۇنىڭ تېنىگە كىرگىنىمگە ئىشەنگۈم كەلمەيتتى . ئۇ شۇنداق قورغاق ، يۈزى قورغاق ، قولى قورغاق ، كۆكسى قورغاق ، ئۇياتلىق يېرىمۇ شۇنداق قورغاق ، سۇ دىدارى يوق . باۋئېر ئۆلۈپ كەتكەندىن بۇيان ، خۇاخۇا زادىلا يىغلاپ باقمىدى . نەچچە قېتىم مۇشۇكنىڭ ئىشى بىلەن ناھايىتى كۆڭلى يېرىم بولدى ، بىراق چىرايىدىن قاتتىق ئازابلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇرسىمۇ ، بىر تېمىم ياش تۆكمىدى . ۋەھالەنكى ، كۆز يېشى خۇاخۇا ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىم ئىدى - ھە ، ئۇ ئىلگىرى ئۇنىڭ ماڭا بولغان يالقۇنجاپ تۇرغان ھېسسىياتىغا ۋەكىللىك قىلاتتى . مانا ئەمدى ياشلىرى قۇرۇپتۇ ، بۇ ئۇنىڭ مەندىن يۈز ئۆرۈگىنى ئەمەسمۇ . مەن قوللىرىمنى ئۇزىتىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم ، بۇ قاقاس تۇپراقتىن ئازراق ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى ئىزدىمەكچى بولدۇم . ئۇ توساتتىن ئۆرۈلۈپ ماڭا دۈمبىسىنى قىلىۋالدى — ئۇنىڭ ئۇيقۇلۇقتىكى مۇنداقلا بىر ھەرىكىتىمۇ ئاللىقاچان مەندىن ئايرىلىپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىۋاتاتتى .

ئىسسىق بەلۋاغنىڭ سەھەرىدە قۇياشتىن بۇرۇن

ئويغىنىدىغىنى قويۇق ئورماندىكى ئاشۇ رەڭدار پەيلىك قۇشلار . سوغۇق تاڭ نۇرىدا ئۇلارنىڭ سايراشلىرى شۇنچىمۇ ئىچچىنىشلىق ، خۇددى تاڭنى كۆرەلمەيدىغان ئەرۋاھنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ تۆكۈۋېتىشكە ئالدىرىغىنىدەكلا . كارىۋاتتا يېتىپ بۇ مەيۈس ئاۋازلارغا قۇلاق سالغاچ ، ئېھتىمال ئەمدى تاڭ قايتا يورۇمىسا كېرەك ، دەپ ئويلىدىم . قۇياش شەرققە قىلغان سەپىرىدە بەختسىزلىككە ئۇچرىدى . باۋئېر بىر ياشتىن ئەمدى ئېشىپلا قازا قىلدى ، خۇاخۇا مېنىڭ غايەمنى قوغلىشىپ بېرىش جەريانىدا ئورنىدىن ئايرىلدى . مەنچۇ ، بەلكىم قۇلۇلە قېپى ئىزدەش بۇرچۇمنى ئادا قىلىش جەريانىدا ئادىشىپ يۇرۇش پېشانەمگە پۇتۈلگەن بولسا كېرەك ... ھەممە مۇشۇ دەقىقىلەردە توختىدى .

يۇرىكىم ئېغىپ ، دەرھال قوپۇپ ئولتۇردۇم ، ئاغزىمدا ئاستا ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىردىم . چۇن چى ، ئەزەلدىن ئۇنى مۇنداق چاقىرىپ باقمىغان ، توساتتىن بۇ دۇنيا گۇمۇرۇلۇپ چۈشىدىغاندەك ، كاللامدا بىرلا خىيال ئەكس ئەتتى — چۇن چىنى بىر كۆرۈش .

## 5

زورلاپ قەھۋە پۇرچىقى يېگۈزىدىغان قەبىھ جازا يەنە ئىككى كۈن داۋاملاشتى . مۇشۇك قۇسۇشقا باشلىدى . قەھۋە پۇرچىقى يېگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇ كېسەلچان ھالەتتە شىرە تۈۋىگە بېرىپ ئارام ئالدى . بىز ئۇنى ئۇخلاپ قالغان ئوخشايدۇ ، دەپ تۇرساق ، تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇردى - دە ، ئارقىغا نەچچە قەدەم چېكىنىدى ، بەدىنى دولقۇنسىمان ئۆرلەپ - پەسىيىپ ، كانىيىدىن غۇرت - غۇرت قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى . ئۇ ئېغىزىنى يوغان ئېچىپ ، قەھۋە پۇرچىقى ئارىلاش يېگەنلىرىنى ئۇزۇپ - ئۇزۇپ ياندۇردى . ئۇ چوقۇم بەك بىئارام بولغان بولسا كېرەك ، بوينىغا زەنجىر سىيلىقلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ ، توختىماي ئارقىسىغا چېكىنىۋەردى . ئاخىر زەنجىر تارتىشىپ ، يەرگە يىقىلدى ، پۈتۈن بەدىنى

مەينەتچىلىككە مىلىنىپ كەتتى . خۇاخۇا ئاستاغىنا ئۇنىڭ دۈمبىسىنى شاپىلاقلىدى ، ئاۋازى تىترىگىنىچە ماڭا :
— باۋىبىر تىترەپ كېتىۋاتىدۇ ، قانداق قىلىمىز ...
مەن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي ، نەزىرىمنى مۇشۇك ياندۇرۇۋەتكەن قۇسۇققا ئاغدۇردۇم . ئۇلارنى بىر پارچە ، بىر پارچىدىن ئالىقىنىمغا ئېلىپ سىرتقا چىقتىم . قوسۇق ئارىسىدىن قەھۋە پۇرچاقلىرىنى تېرىۋېلىپ ، يۇيۇپ يايدىم . بىراق ، مۈشۈك قۇسۇپ چىقىرىۋەتكەن قەھۋە پۇرچاقلىرىنىڭ پۇرىقى ئىنتايىن ئادەتتىكىچە ، ھېچقانداق ئالاھىدىلىك يوق ئىدى . شۇنى چۈشىنىپ يەتتىمكى ، قەھۋە پۇرچاقلىرى مۇشۇكنىڭ قورسىقىدا ھەزىم بولغاندىن كېيىنلا ، ئاشۇنداق ئالاھىدە پۇراققا ئىگە بولالايدىكەن .
مۇشۇك قۇسقاندىن كېيىن ھېچ نەرسە يېمىدى ھەم ئىچمىدى . خۇاخۇا ئۇنىڭ بەدىنىگە ئەدىيال ئوراپ قويدى . ئۇ ئەدىيالنىڭ ئىچىدىمۇ توگۈلۈپ تىترەيتتى ، يۇمالماي قېلىۋاتقان ئېغىزىدىن سۇس سېرىق سۇيۇقلۇق ئېقىۋاتاتتى . خۇاخۇا ئۇنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ توختىماي توۋا قىلماقتا ئىدى .
مەنمۇ لاسىدە بوشاپ كەتكەن تەنلىرىم بىلەن ئىشىككە يۆلەنگىنىمچە ، ئاستا ـ ئاستا غۇۋالىشىپ كېتىۋاتقان ئاسمانغا قاراپ تۇراتتىم — ئۇنىڭ كۆن ئولتۇرغانلىقتىن ياكى يامغۇر ئالدىدىكى ھاۋا تۇتۇلغانلىقىدىن قاراڭغۇلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ پەرق ئېتەلمىدىم .
ۋاقىت خۇددى بوغما يىلاندەك ، تەرىنىمۇ ئۆزگەرتمەستىن ، ئىز قالدۇرۇپ لۆمۈلدەپ كېتىۋەرمەكتە . مۇشۇكمۇ مىدىر ـ سىدىر قىلماي ئەدىيال ئىچىدە يېتىۋەردى . خۇاخۇا ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ ، باۋىبىرنى ئېلىپ تاغدىن چۈشۈپ كېسەلنى كۆرسىتىمەن ، دېدى . مەن خۇددى ئىلگىرى بولغان بىر ئىش قايتا تەكرارلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم ، كۆز ئالدىمدىكى ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسى ، سۆز ـ ھەرىكەتلىرى شۇنچە تونۇش ، بىر خىل

كېلىشمەسلىكتىن دېرەك بېرىۋاتاتتى . ئەگەر مۈشۈكنى ئەكەتسىلا ، قايتا يېنىپ كېلەلمەسلىكى مۇمكىن . ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشىغا يول قويالمايمەن .

تەڭرىم ماڭا ئىلتىپات قىلدى ، سىرتتا يامغۇر يېغىشقا باشلىدى .

ئۇنى رەت قىلمىدىم ، ئاستاغىنا ئىشىك ئالدىغا كەلدىم ـ دە ، ئىشىكنى ئېچىپ سىرتقا قاراپ :

— يامغۇر مۇشۇنداق قاتتىق يېغىۋاتسا ، باۋىرىنى ئېلىپ ماڭسىڭىز ، ئۇ يامغۇردا قالسا ، كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلاپ كېتەرمىكىن ، — دېدىم .

ئۇنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىدى ، يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىپ ، هايال ئۆتمەي چاچ ـ كىيىملىرى چىلىق ـ چىلىق هۆل قايتىپ كىردى ، بىلىكىمگە كاپ ئېسىلىپ ، جىددىيلەشكەن هالدا :

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز ، ئەمىسە قانداق قىلىمىز ؟ — دېدى .

ئۇنىڭ ئاشۇ بىچارە كۆزلىرىگە قاراشقا پېتىنالمىدىم . ئۇ ماڭا يەنىلا شۇنداق ئىشىنىۋاتسا ـ هە ! ئۇنىڭ يۈزىدىكى ياشلىرىنى سۈرتتۈم ، سەل ئىككىلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ :

— سىز تاغدىن چۈشۈپ تېۋىپنى چاقىرىپ كېلىڭ ، بولۇڭ ، ئۆلگۈرەلمەي قالمايلى يەنە ، — دېدىم .

قۇتىدىن بىرنەچچە يارماقنى ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇندۇم . ئۇ ئارىسالدى بولۇپ ، شىرە تۈۋىدە تۈگۈلۈپ ياتقان مۈشۈككە قاراپ تۇراتتى .

— خاتىرجەم بولۇڭ ، ئۇنىڭغا ئوبدان قارايمەن ، — دېدىم مەن ئۇنىڭ پېشانىلىرىگە چاپلىشىپ قالغان نەچچە تال چېچىنى قۇلىقىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتكۈزگەچ مۇلايىم قىياپەتتە .

خۇاخۇا كۈنلۈكنى ئېلىپ ئىشىك تۈۋىگە باردى ، لېكىن يەنىلا خاتىرجەم بولالماي ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ، تەشۋىشلىك كۆزلىرى بىلەن قاراپ قويدى ، قولىدىكى نەچچە تال تەڭگە ساراسىمىگە

چۈشكەنلىكىدىن توختىماي ئۇ قولىدىن بۇ قولىغا ئۆتۈپ چۆرگىلەۋاتاتتى .

— كېلىڭ ، — دېدىم غۇلاچلىرىمنى ئېچىپ بوغۇق ئاۋازدا ، بۇ قۇرغاق ئاۋازىم ھالاكەت گىردابىدىكى ئېچىنىشلىق تۈيغۇغا تويۇنغانىدى .

خۇاخۇا يەنىلا ئورنىدا ماڭا مىختەك قادىلىپ تۇراتتى . سىرتتا ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چاقتى ، كۆچلۈك ئاق نۇر قىيا ئىشىكتىن قىسىلىپ كىرىپ ، مۇزدەك كارىۋاتنى يورۇتتى ، لىققىدە قەھۋە پۇرچىقى قاچىلانغان ياغاچ تۇڭنى يورۇتتى ، مۈشۈكنىڭ ئازابلىق يۈزىنى يورۇتتى ، تەشۋىشلىنىپ روھى چىقىپ كېتەي دېگەن ئايالنىڭ جىسمىنى يورۇتتى . ئايالمۇ بۇ نۇردا قارشىسىدا تۇرغان ئەرنى كۆردى ، نۇر بەكلا كۈچلۈك ئىدى . ئۇ كۆز ئالدىدىكى بۇ يۈزنى ۋە ئۇنىڭ ئۇچۇن ئېچىلغان قۇچاقنى كۆرمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس . ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترىدى ، قولىدىكى كۈنلۈكنى تاشلاپ ، قوينۇمغا ئۆزىنى ئاتتى .

ئۇزۇندىن بۇيان قۇرۇپ كەتكەن ياشلار يەنە پەيدا بولدى . ئۇلار مېنى ئىسزدەپ كەلگەنىدى ، كۆڭلۈمدىن تېشىپ ئۆتۈپ ، ئەتلىرىمگە سىڭىپ كەتتى . ئۇلارنىڭ نەقەدەر قىممەتلىكلىكىنى ھېس قىلالىدىم . بۇ ئۇنىڭ تېنىدە قېلىپ قالغان بارلىق نەملىك ، ئايال بولۇش سۈپىتى بىلەن تەنلىرىنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىدا ساقلاپ قالغان ئازغىنە بايلىقى . مانا ئەمدى ئۇ بۇلارنى مەن ئۇچۇن ئاقتۇرۇپ تۈگەتمەكتە — مەن بۇنىڭدىن قانائەت ھېس قىلىشىم كېرەكمۇ قانداق ؟

ئۇ بىلىكىمدە ئاستا - ئاستا ئويغىنىشقا باشلىدى . بەلكىم ئاشۇ دەقىقىلەردە ، ئىككىمىزنىڭ ئىلگىرى ئۇچراشقان چاغلىرىمىزنى ، ئۆزىنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتىنى ئېسىگە ئالدىغۇ دەيمەن . ئاشۇ نەچچە دەقىقىدە بولسىمۇ ئۇ يەنىلا ئىلگىرىكى خۇاخۇا . ئۇ قوللىرىنى چىقىرىپ يۈزلىرىمنى سىلاپ تۇرۇپ ، ئاستاغىنا :

— بىلىمەن ، سىز قارىماققا ماڭا ناھايىتى سوغۇق مۇئامىلە

قىلغىنىڭىز بىلەن ، كۆڭلىڭىزدە ئۇنداق ئەمەس ، شۇنداقمۇ ؟ — دېدى .

ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ ، دېگىنىڭىزغا چىقىش ئالدىدىكى ئاشۇ ئاخشامدىمۇ ئۇ مۇشۇ سوئالنى سورىغان . شۇ چاغدا جاۋابىنى بىلمەيتتىم ، ھېلىمۇ ھەم بىلمەيمەن .

ۋاقىت ، ئورۇن ھەممىسى ئۆزگەردى ، پەقەت ئۇلا ئۆزگەرمىدى . دەرۋەقە ، ئۇ ئاشۇ ئاخشامدىكىگە ئوخشاشلا ، ئاستاغىنا :

— مۇشۇنىڭ ئۆزى كۇپايە ، ئۆزۈمنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلىۋاتىمەن ، — دېدى .

مېنىڭچە ، خۇاخۇا بۇ گەپنى كۆڭلىدە نۇرغۇن قېتىم دېگەن ، شۇڭا تەقدىر ئۇنى مۇشۇنداق خارابلاشتۇرۇۋەتسىمۇ ، يەنىلا ئۇنتۇماپتۇ . ئەمما ، ئۇ بۇ گەپلەرنىڭ مەن ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىملىقىنى بىلمەيدۇ . خۇددى نەچچە يىل ئاۋۋالقى ئاشۇ ئاخشامقىدەكلا تەشۋىشلەردىن خېلى خالىي بولۇپ قالدىم . ئەگەر بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ئۆزى خالاپ قىلغان بولسا ھەم مۇشۇ سەۋەبلىك يەنىلا بەخت ھېس قىلىۋاتقان بولسا ، ئۇنداقتا مېنىڭ گۇناھ تۇيغۇلىرىم خېلى يېنىكلەپ قالامدۇ .

— بېرىڭ ، باۋئېرنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىپ بولۇپلا ئۆيگە قايتىمىز ، — دېدىم سىپايىلىك بىلەن .

خۇاخۇا كۆزى قىيمىغان ھالدا مەندىن ئايرىلدى ، يەنە مۇشۇككىمۇ قاراپ قويدى ، ئاندىن يەردىن كونىلۇكنى ئالدى ـ دە ، ئارقىسىغىمۇ قارىماي ، يوگۇرگىنىچە قارا يامغۇرغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى .

ئىشىككە يۆلەنگىنىمچە ، ئۇنىڭ دەلدۈگۈنۈپ ـ مۇدۇرۇلۇپ تاغدىن ئوقتەك چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ قالدىم . ئۇ بارغانسېرى كىچىكلەۋاتاتتى ، يامغۇر بارغانسېرى كۈچىيىۋاتاتتى ، ئاخىر بىر تامچە يامغۇر سۈيى ئۇنى يۇتۇۋەتتى ، ئۇنىڭ قارىسى يىتتى .

ئىشىكنى ياپقان چېغىمدا، ئۆي تاپىسىنىڭ چىلىق - چىلىق هۆل بولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىدىم. يامغۇر تامچىلىرى مۈشۈكنىڭ ئۇستىۋاشلىرىغىمۇ ئۇرۇلۇپ، يۇمشاق تۈكلىرىنى بەدىنىگە ئارۋاڭ - سارۋاڭ چاپلىشۋېتىپتۇ. ئۇ تولىمۇ ئورۇق كۆرۈندى، ئومۇرتقا سۆڭەكلىرى چوقچايغان، قورساقلىرى ئىچىگە تارتىلىپ، ئىككى تەرىپى ئويمان بولۇپ قالغانىدى. ئەمما، ئۇ قىمىرلاپمۇ قويمايتتى، خۇددى تۇپراقتىن قېزىۋېلىنغان ئاسارئەتىقىدەك، زامانغا ماس كەلمىگەن نۇرغۇن ۋەقەلەرنى يوشۇرۇپ تۇراتتى. يەنە ئاشۇ غەلىتە خۇش پۇراقنى سەزدىم. بۇ قېتىم ئۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى، دەل شۇنداق بولغاچقا، سەل ھەسرەت ئارىلاش ئىدى، بىراق بۇ ھەسرەتمۇ ناھايىتى سۇس ئىدى، خۇددى بارلىق ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ كەتكەن نەرسىلەردەك، ۋاقىتنىڭ قاتمۇقات توسۇقلىرىنى بۆسۈپ چىقالمايتتى. ئۇ خۇددى ھەممىسىنى چۈشىنىدىغاندەك قىلاتتى، ھەتتا ئۇنىڭ بۇ ئالىچاپار يۈزىدىن ھەممىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتكەندەك بىر خىل ئىپادىنى كۆردۈم.

ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇردۇم. ئۇ ئەسلىدە مەندىن بەك قورقاتتى، ئەمما مۇشۇ مىنۇتلاردا ئۇنىڭ مەندىن قاچقۇدەكمۇ مادارى قالمىغانىدى. ئۇ كۆزلىرىنى قىيا ئېچىپ ماڭا قاراپ، بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ قويدى، مېھىرلىك كۆزلىرى شەبنەمدىنمۇ سۈزۈك ئىدى. نەقەدەر تونۇش - ھە! يۈرىكىم قارتلا قىلىپ قالدى، ئاستا ئېگىشىپ، ئۇنىڭ ئومۇرتقىلىرىنى سىلىدىم:

— سەن راستىنلا باۋئېرمۇ؟

ئۇ مۇنداق سىلاشنى بەك ياقتۇراتتى، كۆزلىرىنى قىسىپ، بوينىنى ئالدىغا سوزۇپ بەردى. ئۇ مۆجىزە يۈز بەرگەندەك ئەسلىگە كەلدى، ئۈزۈندىن بۇيان بىرەر كۈنىمۇ مۇنداق روھلۇق بولۇپ باقمىغانىدى.

— تەگرىم سېنى ماڭا ياردەمگە ئەۋەتكەن، شۇنداقمۇ؟ — ئۇنىڭ ھەلقۇمى ئاستىدىكى تۈكلىرىنى سىلىغىنىمچە ئاچچىق

كۆلدۇم .
ئۇ بېشىنى بىلىكىمگە قويۇپ ، مۇلايىملىق بىلەن سۇركەشكە باشلىدى . ئۇ ماڭا يول قويۇۋاتىدۇ . ئۇ ماڭا ياردەمگە كەلگەنىكەن ، چوقۇم ئاخىرقى مىنۇتلارغىچە ماڭا ھەمراھ بولىدۇ .

ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدىم ، ئاخىر قەھۋە تۇڭىنىڭ يېنىدا توختىدىم . بىر سىقىم قەھۋە پۇرچىقىنى ئالدىم ـ دە ، مۇشۇكنىڭ ئېغىزىنى كۇچەپ ئېچىپ بىر ـ بىرلەپ ئىتتىرىپ كىرگۈزدۇم ، بارماقلىرىم ئۇنىڭ بوغۇزىغا تاقاشتى . ئارقا ـ ئارقىدىن تىقىۋەردىم ··· ئۇنىڭ كېكىردەكلىرى يىرتىلىپ ، قان ئېقىشقا باشلىدى ، ئېغىزىغا قان لىق توشتى ، سالغان قەھۋە پۇرچاقلىرى قانغا مىلەندى . كېيىمىمنىڭ بىر پېشىنى يىرتىپ ، ئۇنىڭ ئېغىزىدىكى قانلارنى سۇرتۇۋېتىپ ، قەھۋە پۇرچاقلىرىنى داۋاملىق تىقتىم ···
ئۇنى تەڭرىم ماڭا ياردەمگە ئەۋەتكەن .
ئۇ چوقۇم ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلارغىچە ماڭا ھەمراھ .
ئۇ باشتىن ـ ئاخىر پەقەت تىركەشمىدى ، شۇنچىلىك قاتتىق ئازاب ئۇنىڭ قانلىرى بىلەن تەڭ ئېقىپ چىقىپ كەتكەنمىدۇ ؟ ئۇ ئىزچىل كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ماڭا قاراپلا تۇردى ، مۇلايىم جىمجىت كۆزلەر قەلبىمدىكى قورقۇنچلارنى پەسەيتىپ ، داۋاملىق مۇشۇنداق قىلىۋېرىشىمگە يول قويدى ···
ئۇنى يەرگە ياتقۇزۇپ ، قورسىقىنى مىجىپ باقتىم . ئۇنىڭ قورسىقى توشۇپ كېتىپتۇ ، ھەتتا قورسىقىنىڭ سىرتىدىنمۇ دانە ـ دانە قەھۋە پۇرچاقلىرىنى سىلاپ بىلەلىدىم . بارماقلىرىم ئاشۇ قاتتىق پۇرچاقلارنى مىجىغاندا ، غىرس ـ غىرس ئاۋاز چىقتى . بۇ ئاۋاز كىشىنى تولىمۇ مەپتۇن قىلاتتى . مەن خۇددى سېھىرلەنگەندەك ئۇنىڭ قورسىقىنى مىجىغاچ كۆزلىرىمنى يۇمدۇم . ئۇ ئاۋاز تونىل قىزىۋاتقاندەك ، ئىچكىرىلەپ مېڭىپ ، سۇ ئېتىلىپ

چىققانغا قەدەر بۇرغۇلاۋاتقاندەك بىلىندى . چۈن چىنىڭ ئەسلىمىلىرى بۆلدۈقلاپ چىقىشقا باشلىدى .

ئاخىر يېتىپ بارىدىغان بولدۇم .

كۆزۈمنى ئاچقان چېغىمدا ، مۈشۈكنىڭ كۆزلىرى چىڭ يۇمۇلغان ، تېنى پۈرلىشىپ كەتكەن لاتىدەك قوللىرىمدا يېنىكلا ياتاتتى .

مۈشۈك قايتا كۆزىنى ئاچمىدى ھەم ئاۋازمۇ چىقارمىدى . ئۇنىڭ بەدىنىدىن تارقىلىۋاتقان سۇس خۇش پۇراقمۇ بارا - بارا يوقىلىشقا باشلىدى . ھايات خۇددى كۆنلۈكتەك يېپىلدى .

*ئايلانما شەكىللىك پەلەمپەينى بويلاپ پەسكە چۈشسىڭىز ، بۇ يەردە كۆمۈلۈپ ياتقىنى بىر دوزاخ ئەمەس ، بەلكى خانلىق دۆلەت . مېڭىۋەرسىڭىز ، بوران ئاۋازى قۇلاقلارنى گاس قىلغاندا ، چاڭ - توزانلار كۆزلەرنى كور قىلغاندا ، تىكەنلەر پۇتلارغا چىرماشقاندا ، ئەسلىمىنىڭ ئىگىسى ئاستا - ئاستا پەيدا بولىدۇ .*

*ئۇ ئىبرى ئۆلگەن چاغدىكى ئاشۇ كۆرۈنۈشنى ئۇنتۇشقا مەڭگۈ ئامالسىز . گوللاندىيىلىك تۇيۇقسىز ئارقىغا بۇرۇلدى - دە ، شەمشىرىنى شىلتىندى ، ئۆتكۈر شەمشەر بىسى ئىبرىنىڭ بويىنىدىن سوزۇلۇپ ئۆتتى ، گوللاندىيىلىكنىڭ يۈزلىرىگە قانلار چاچرىدى . ئىبرى يىقىلدى . ئۇ توققۇز ياشلىق ئوغلىنى باغرىغا چىڭ باسقىنىچە چاتقاللىققا يوشۇرۇنۇۋالدى . كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاقاتتى . ئۇ ھېلىقى گوللاندىيىلىككە نەچچە قېتىم قارىدى ، ئۇنىڭ تۇرقىنى ئېسىدە مەھكەم ساقلىۋالدى . كېيىن ئوغلىنى ئېلىپ ، چىغىر يولنى بويلاپ قويۇق ئورماننىڭ ئىچكىرىسىگە قېچىپ كىرىپ كەتتى .*

*ئۈچ ئايدىن كېيىن ئۇ ئوغلى بىلەن يەرلىك ئوۋچى قەبىلىگە قوشۇلدى . بىر ئاقساق بويتاق ئۇلارنى ئېلىپ قالدى . ئۇ تاغ*

*باغرىدىكى ئۇزۇن بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتى. ئۇ بۇ ئەرنىڭ ئۇخلاۋاتقاندىكى ھالىتىدىن يىرگىنەتتى، ئۇنىڭ ئاجايىپ ئىشتىھا بىلەن يەيدىغان بامبۇك تامىقىغىمۇ ئىنزچىل قىزىقالمىدى. بىراق، ئۇ ئەر ئۇنىڭ ئوغلىغا تىغ پۈۋلەپ ئىتىشنى ئۆگەتتى. تىغنى ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بامبۇك ئىچىدىن پۈۋلەپ، قارىغا ئالغان ئوۋ ياكى دۈشمەننى ئىتىپ ئۆلتۈرگىلى بولاتتى. ئوغلى مەشىق قىلغانسېرى مەرگەن بولۇپ كەتتى، ئاخىر ئاتقان ئوقى زادىلا زايىگە كەتمەس بولدى.*

*ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ تورۇسىغا ئون بىر تال قۇرۇتۇلغان ئادەم بېشى سۆڭىكى ئېسىقلىق ئىدى. بۇلار ئۇ ئەرنىڭ ئەجدادىدىن ئەۋلادىغا ساقلاپ كېلىۋاتقان جەڭ مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ نامايەندىسى ئىدى. ئايال بۇلاردىن قورقمايتتى، ئەكسىچە يېقىشلىق ھېس قىلاتتى. بەزىدە ئەر ئۇنىڭ ئوغلىنى ئېلىپ ئوۋغا چىقىپ كەتكەندە، ئۇ ئىشىك تۈۋىدە باپكارچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. سەللا شامال چىقسا، ئاشۇ ئىچىنى ئېلىۋەتكەن قۇرۇق سۆڭەكلەر ئارىسىدىن چورا[1] دىن چىقىۋاتقاندەك سولغۇن ھەم ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىر خىل سادا چىقاتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارغا قاراپ قوياتتى. ئۇ ئوغلىنىڭ چوڭ بولۇپ، ھېلىقى گوللاندىيىلىك نىجىسنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كېلىپ مۇشۇ يەرگە ئېسىشىنى كۈتۈۋاتاتتى.*

*ئۇ قالغان ئۆمرىدە ھەر كۈنى ئاشۇ باش سۆڭەكلەرنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ ئۆتتى.*

## 6

خۇاخۇا تېۋۈپنى باشلاپ كەلگەندە يامغۇر خېلى پەسىيىپ قالغان، سىرتتىن پەقەت بوشقىنا شىرىق ـ شىرىق قىلغان ئاۋاز

① چورا — بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى، شەكلى تۇخۇمغا ئوخشايدۇ، ئالتە تۆشۈكى بار.

ئاڭلىنىۋاتاتتى . ئۇ ئىشىكنى ئىچىپ كىردى . شىرە قېشىدا ئۇنىڭغا دۈمبەمنى قىلىپ تۇراتتىم . ئۇ مېنى چاقىردى ، ئارقامغا قارىمىدىم . ئۇ ئاۋۋال قولۇمدىكى پىچاقنى كۆردىمۇ ياكى قاننى كۆردىمۇ ، چىرقىرىغىنىچە يۈگۈرۈپ كەلدى ، ھۆل چاچلىرىنى سىلكىگەندە چاچرىغان تامچە ـ تامچە سۇلار يۈزلىرىمگە ئۇرۇلدى . ئۇنىڭدىن كېلىۋاتقان ساپ پۇراق ئۆي ئىچىدىكى كۆچلۈك قان ھىدىنى سەل ـ پەل سۇسلاشتۇردى .

ئۇ مېنى ئىتتىرىۋېتىپ ، ئاستاغىنا شىرە تۈۋىگە كەلدى .

— باۋئېر ، باۋئېر… — پەس ئاۋازدا چاقىردى ئۇ .

ئۇ شىرەگە بىردەم قاراپ تۇرۇپ كېتىپ ، خۇددى بىر يېرى كۆيۈپ قالغاندەك ، تۇيۇقسىز كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى .

ئۇ تۇيۇقسىز گۇپپىدە قىلىپ يەرگە يۈكۈندى ، ئاندىن شىرەگە گۇرس ـ گۇرس ئۇسكىلى تۇردى .

ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى تىترەۋاتاتتى . ئۇ سەنتۈرۈلۈپ ئورنىدىن تۇردى ، گۇمان بىلەن ئەتراپقا قارىدى ، خۇددى كۆرگەنلىرىنىڭ بىر خىيالىي تۇيغۇ بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى ، لېكىن كۆز ئالدىدىكى بۇ مەنزىرە ئۇنى يەنە بىر قېتىم ئازابلىدى .

ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ، توختىماي بېشىنى چايقىدى ، بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن ئارقىغا داجىدى . تۇيۇقسىز ، پۈتۈن كۈچى بىلەن بىر چىرقىرىدى ـ دە ، ئوقتەك چىقىپ كەتتى .

ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قولۇمدىكى پىچاقنى يەنە ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ ، تېخى تاماملاپ بولالمىغان ئىشىمنى داۋاملاشتۇردۇم . باياتىن ئۇنىڭ ئارقىسىدا نېمە ئىشلىقىنى ئاڭقىرالماي تۇرغان تېۋىپ شىرە ئۈستىدىكى نەرسىنى ئاخىر ئېنىق كۆردى . بىر مۈشۈك ئوڭدىسىغا ياتاتتى ، قارنى يېرىلغان ، ئۈچەيلىرى شىرە يۈزىدە چېچىلغان ھالەتتە ئىدى ، مېنىڭ ئاشۇ بىر جۈپ ئالدىراش قولۇمغا چاپلىشىپ قالغانلىرى ئۈياق ـ بۇياققا پۇلاڭلاپ تۇراتتى . ئۇنىڭ قالايمىقان ئىچكى ئەزالىرى ئىچىدىن

قىپقىزىل قانغا بويالغان قەھۋە يۇرچاقلىرىنى بىر ـ بىرلەپ تېرىۋالدىم . ئۇلار سىر يوشۇرۇنغان غۇنچە ، ئۇلاردىن غەلىتە خۇش پۇراق تارىلىپ تۇراتتى .

تېۋىپىنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ ، ئىشىككە يۆلەنگىنىچە ياندۇرۇشقا باشلىدى . ئۇ مېگىش ئالدىدا بىر سوئال سورىدى :

— سىلەرنىڭ بالاڭلار نەدە ، زادى داۋالىتامسىلەر ، داۋالاتامسىلەر ؟

قەھۋە يۇرچاقلىرىنى پاكىز يۇيۇپ تازىلىدىم . تاڭ سۇزۇلدى ، يامغۇرمۇ توختىدى .

بۇ قەھۋە يۇرچاقلىرىنى قانچە يۇساممۇ ، يەنىلا بىر خىل قان ھىدى بار ئىدى ، قۇياش نۇرىدا ئۇنىڭدىن سۇس قىزىل رەڭنى بايقىۋالغىلى بولاتتى ، خۇددى يىغىدىن ئەمدىلا توختىغان ئايالنىڭ كۆزىدىكىدەك .

ئۇلارنى بوغچىغا قاچىلاپ ، بېس خېنىمنىڭكىگە ئېلىپ ماڭدىم .

كۆزلىرىمگە قان تولغان ، كىشى كۆرسە قورققۇسى كېلەتتى . ئەمما ، ئەڭ قورقۇنچلۇقى بوغچا ئىچىدىكى ئاشۇ قەھۋە يۇرچاقلىرى . ئۇلارنى ئالىقىنىمغا تۆككىنىمدە ، بېس خېنىم بىلەن ئۇنىڭ تىلمىچى بەكلا ھەيران قالدى .

— پەقەت مۇشۇنچىلىكلا . نېمە ئۈچۈنلۈكىنى سورىماڭ ، سىزگە بىردىنبىر ئېيتىپ بېرەلەيدىغىنىم ، بۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر بوغچا قىيام تەملىك قەھۋە ، ئەمدى ھەرگىز تېپىلمايدۇ ، — دېدىم سۇسلا .

بېس خېنىم ھەيرانلىقتا ماڭا قارىدى ، ئەمما مېنىڭ سۆزلىرىمگە ئىشەنمەسلىككە ئامالى يوق ئىدى . كەيپىياتىم شۈنچىلىك ئېغىر ، ئالىقىنىمدىكى بىر سىقىم قەھۋە يۇرچىقى ئالماستەك چاقناپ تۇراتتى .

— بۇلار نېمانداق قىزىل ؟ — بېس خېنىم تاقەت قىلالماي

سوريدى .
— بۇنى سىزگە چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىزمەن ، ئەمما شۇنىڭغا ھۆددە قىلالايمەن ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق قەھۆە بولمايدۇ ، — دېدىم جاۋابەن .
ئۇ نېمىنىدۇر بىرنېمىنى ھېس قىلغاندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى .
— سىزدىن قالغان ئۈچ دانە سۇ ئىلاھى ئوردىسى قۇلۇلە قېپىنىڭ ھەممىسىنى بېرىشىڭىزنى ئۆتۈنسەم بولامدۇ ؟ مېنىڭ كۆپ ۋاقتىم قالمىدى ، چوقۇم ئەڭ تېزدىن ئاپامنى كۆرمىسەم بولمايتتى ، — ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتۈۋاتقان ئاشۇ دەقىقىلەردە كاللامدىن نۇرغۇن خىياللار ئۆتتى . قەلبىم ئازابتىن مۇزلاپ ، ھەرقانچە قىلساممۇ ئۇلارنىڭ چىرايىمغا چىقىپ كېتىشىنى توسۇپ قالالمىدىم .
ئۇ مېنىڭ چىرايىمدىكى ھەسرەتكە قاراپ چۆچۈپ كەتتى . ئۇ ئاستاغىنا :
— نېمە ئۈچۈنكىن ، سىزنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈپلا ناھايىتى يېقىنشىلىق ھېس قىلغانىدىم ، سىزنى بۇ يەردىكىلەرگە ئوخشىمايدىكەن ، دېگەن ئويدا بولغان . شۇڭىنىسى ، مېنى ئەپۇ قىلىڭ ، ئارىمىزدا كېلىشىم بار ، سىزگە يول قويۇشۇم بەرەلمەيمەن . كېلىشىم بويىچە ، قەھۆە يېتەرلىك يىغىلغاندا كېلىپ سودىلىشىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن ، — دېدى .
بېشىمنى لىڭشىتتىم ، ئارقامغا بۇرۇلۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدىم . تىلىماچ مېنى چاقىرىپ ، قەھۆە پۇرچاقلىرىنى ئېلىۋېلىشىمنى ئەسكەرتتى .
— ئەمدى بۇ قەھۆە پۇرچاقلىرىنىڭ مەن ئۈچۈن ئەھمىيىتى قالمىدى ، — دېدىم ـ دە ، ئىشىكتىن چىقىپ ، چۈشتىن كېيىنكى يېشىللىقتىن تۇمان كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئورمانغا قاراپ ماڭدىم .
مېڭىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ، ئارقامدىن بىرەيلەننىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم . ئارقامغا بۇرۇلۇپ قارىدىم ، بېس

خېنىمنىڭ تىلمچى ماڭا قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى . ئۇ يېنىمغا كېلىپ قوينىدىن بىر بوغچىنى ئېلىپ ئاچتى ، ئالدىمدا ئۈچ دانە قۇلۇلە قېپى ماڭا كۈلۈپ باقماقتا ئىدى .

— بېس خېنىم يەنىلا سىزگە يول قويۇپ ، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم سودىلىشىشنى قارار قىلدى .

قۇلۇلە قاپلىرىنى قولۇمغا ئالدىم ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدىم .

قوينۇمدىكى قۇلۇلە قاپلىرىغا جىن ـ شاياتۇنلاردەك مۇغەمبەرلىك يوشۇرۇنغانىدى . قۇياش نۇرى ئاستىدا ئىزچىل ئۇلارغا قاراپ تۇراتتىم ، قاراۋەرسەم ، ئاپتاپتا يۇزلىرىدە ئالىچىپار يېشىل كېپىنەكلەر پەيدا بولدى ، يەنە قاراۋەرسەم ، ئۇلارنىڭ ئاپئاق يۈزلىرىدە بۆرتۈپ چىققان روشەن چىرايلارنى كۆردۈم . ئۇلار چۈن چى ، باۋئېر ، خۇاخۇا ۋە مەن .

## 7

بۇ ئۈچ تال قۇلۇلە قېپى خېلىلا ئېغىر ئىدى ، توختىماي دۈمبەمگە توك ـ توك ئۇرۇلۇپ ، كىچىك ۋاقتىمدىكى پانۇس كۆرگىلى بارغان ھېلىقى ئاخشامدا چۈن چى مېنى ئاداشتۇرۇۋېتىپ كەتكەندىن كېيىن ، قار ـ مۇزلۇق يولدا ئۆيگە قايتىدىغان يولنى ئىزدەپ كېتىۋاتقان چېغىمدىكى دۈمبەمگە ئۇرۇلغان ئۈچ تال ھورنانىنى ئەسلەتتى . غەلىتە يېرى ، سوغۇق ھەم جاپالىق يول چۈن چىگە بولغان ھېسسىياتىمنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتمەي ، ئەكسىچە تېزلىكتە ئەۋج ئالدۇرۇۋەتكەنىدى . شۇ چاغدا مەن كۆڭلۈمدە ، بۇنىڭ بىر خىل تىك ياردا ئۆسكەن ھېسسىيات ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭغا ئەقىلغا سىغمايدىغان قۇدرەتلىك كۈچنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ، جاپا ـ مۇشەققەتنىڭ بۇ ھېسسىياتنىڭ شەكلى ھەم تەقدىرىنى يارىتالىغانلىقىنى غۇۋا ھېس قىلغاندەك بولغان .

يامغۇردىن كېيىنكى تاغ يولىدا يۈگۈرۈشكە باشلىدىم ، خۇددى ئالدىمدىكىسىلا ئۆيىمىزدەك ، ھازىرلا چۈن چىنى كۆرىدىغاندەك

ھېس قىلدىم . بىز ئاشۇ خىرە ئۆيدە ئۇچرىشىمىز ، سەككىز كىشىلىك چاسا شىرەنىڭ ئىككى بېشىدا جىمجىت ئولتۇرۇپ ناشتا قىلىمىز . مەن يەنىلا ئۇنى كۆرسەم قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ كېتىدىغان بالا ، بىر تەرەپتىن چىنەمدىكى ئۇگرىنى خولۇپلىتىپ ئىچكەچ ، بىر تەرەپتىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ قويىمەن .

مەن يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ يىغلاپ تاشلىدىم . يىغلاپ باقمىغىنىمغا ئۇزۇن بولغانىدى ، ئەگەر بارلىق ياشلىرىمنى چۈن چىنىڭ ئازراق ھېسداشلىقىغا تېگىشكىلى بولىدىغان بولسا ، مەن پەقەت ئۇنىڭ ئالدىدىلا يىغلاشقا رازى ئىدىم .

تاغ باغرىدىكى ئۆيگە يېتىپ كېلەي دېگەندە ، بىر پارچە قىزىل رەختىنىڭ قويۇق ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدىن بىر كۆرۈنۈپ ، بىر يوقاپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا كۆزۈم چۈشتى . يىراقتىن قاراپ ، ئۇنى لەمپىگە قونۇۋالغان قۇش ئوخشايدۇ ، دەپتىمەن ، يۈگۈرۈپ كېلىپ قارىسام ، خۇاخۇانىڭ يالىڭاچ پۇتلىرى ۋە ئوت ـ چۆپلەرگە ئارىلىشىپ كەتكەن چاچلىرى . يۈگۈرۈشتىن توختاپ ، ئاستا ـ ئاستا ، بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم .

ئۇ ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغانىدى . بوينىدىكى ئارغامچىنى خېلى ھەپىلىشىپ ئاران يەشتىم . ئۇنىڭ ئاپئاق بوينىدىكى قان ئىزلىرى شۇنچىلىك گۈزەل ئىدىكى ، خۇددى چىنىگۈل سانجىلغان گۈل چەمبىرەككىلا ئوخشاپ قالغانىدى . پاتقاقلارنى سۈرتۈۋېتىپ ، ئاسمانغا قاراپ قالغان كىچىك يۈزىگە قارىدىم ، خۇددى فارفور بۇيۇملاردەك سۈزۈك ، ئاق ئىدى . بۇ يۈزگە ئىلگىرى ئۇنىڭ ھەسرەتلىرى ، ئەنسىرەشلىرى ، ئازابلىرى ۋە ھېسلىرى سىڭگەن ... ئەمما مۇشۇ مىنۇتلاردا ، بۇلارنىڭ ھەممىسى يىتىپتۇ . ئۇ قۇپقۇرۇق ، نۇرلۇق ، خۇددى يېڭىدىن ھاياتلىققا ئېرىشكەندەكلا تۇراتتى .

ئۇ ئاخىر يەنە كىچىك چاغلىرىدىكى گۈزەللىكىگە قايتىپ قالغاندەك قىلاتتى . چېھرىدىكى پاك ، سەبىي نۇرلار مېنى خىجىل

قىلغۇدەك سېھىرىي كۈچكە تولۇپ تۇراتتى .
كـۈنـدۈز گۈزەل بىلەن تەڭ كەتتى ، ئۇ كۈنىدىكى گۈگۈم ئادەتتىكىدىن تاشقىرى بالدۇر چۈشتى .

قـۇلـۇلـە قـاپلىرىنى سىقىملىغىنىمچە ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئـولـتـۇرىمەن ، خۇاخۇا كەينىمدىكىلا كارىۋاتتا ياتىدۇ . چىراغمۇ ياندۇرۇلمىغان ، ئوتمۇ يېقىلمىغان ، تىركىشىشمۇ يوق ، ئارزۇ - ئىستەكمۇ يوق ، پەقەت گۆرنىڭ ھىدىلا بار .
ئۈچ دانە سۇ ئىلاھى ئوردىسى قۇلۇلىسى ئالدىمدا تۇرۇپتۇ . چـۈن چـىنىڭ ئەسلىمىسىگە نەچچە قەدەملا قاپتۇ ، لېكىن ئاشۇ بوشلۇقتا پۇلاڭلاپ تۇرغان قوللار ھەرقانچە قىلىپمۇ پەسكە چۈشۈپ ئۇنى سىلىغىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ . بىلىمەن ، ناھايىتى تېزلا ھەممە ئـايان بولىدۇ ، پەقەت قۇلۇلە قاپلىرىنى ئاچسىلا ، ئەسلىمىنىڭ دولـقـۇنـلـىرى ئالدىغا ئىتتىرىپ ماڭىدۇ ، ئويلاشمۇ كەتمەيدۇ ، قـايـغـۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرمەيمەن ، شۇ لەيلىگەنچە ئايغى چىققۇچە ئاقىمەن .
ئارقامغا بۇرۇلۇپ كارىۋاتتا ياتقان خۇاخۇاغا قارىدىم . ئۇ مېنى يـەنـە بـىـر قـېـتـىم بالىلىق چاغلىرىمىزدىكى تۇنجى ئۇچراشقان چېغىمىزغا ئېلىپ كەتتى .
ئون تۆت ياشلىق خۇاخۇا ھويلىمىزدىكى تاش ئىدىشنىڭ يېنىدا تۇراتتى . ئۇ ئىدىش ئىچىگە ئېڭىشىپ ، رەڭگارەڭ قۇلۇلە قاپلىرىغا قـارىـدى ، ئـۇلاردىن ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنى سورىدى . قۇلۇلىلەر شـەبـنـەم ۋە بـۇ ئالەمدىكى ھەسرەت ، خۇشاللىقلاردىن تويۇنغان كۆزلىرى بىلەن مۇغەمبەرلەرچە ئۇنىڭغا تەبىر بەردى : بىر كۆزگە كۆرۈنمەس ئارغامچا ئۇنىڭ بوينىغا باغلىنىپتۇ ، ئۇنىڭ يەنە بىر ئۇچى ئاشۇ تەمكىن ، زىمىسىگە ئېغىر يۈك يۈكلەنگەن يىگىتنىڭ قولىدا ئىمىش .
بەزى ئادەملەرنى ئېلىپ كەتكىلى بولمايدۇ ، ئۇلار مېڭىپ - مـېـڭـىپ پۇتلىرى قالمايدۇ ، شۇنىڭ بىلـەن بـىـر مـەنزىـرىـگـە

ئايلىنىدۇ ـ دە ، ئىلگىرىكى مەلۇم بىر مەزگىلدە قېلىپ قالىدۇ .

كارىۋات يېنىغا كەلدىم ، ئۇنىڭ كىيىملىرىنى تۈزەشتۈردۈم ، چاچلىرىنى ئوڭشىدىم . «خەيرخوش ، خۇاخۇا» دېدىم ئاستاغىنا .

ئارقىدىنلا غۇۋا كۆلەڭگىدەك روھنىڭ ئۇنىڭ كاماك چىشلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ ، قىيا ئېچىلغان ئېغىزىدىن قېچىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم . ئۇ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاي نۇرىدا ئۆرە تۇراتتى ، خۇددى سىم ـ سىم يامغۇردەك سۇزۇك . ئۇ ئاستا قولىنى پۇلاڭلاتتى ، ھېچقانداق ئىپادە يوق ، پەقەت ھەرىكەتلا بار .

مەن تىنىقلىرىمنى توختىتىپ ، ئۇنىڭ ماموق پەيدەك كۆكتە لەيلەپ ، بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ قالدىم .

تۇيۇقسىز خۇاخۇانىڭ ئىلگىرى : «سىز كۆرەلمەيسىز ، چۈنكى سىز باۋئېرغا مېھرىڭىزنى بەرمىگەن» دېگىنى يادىمغا كەلدى .

جۇڭگونى مەنزىل قىلغان كېمىدە كېتىۋاتىمەن .

چۈن چىنىڭ ئەسلىمىلىرى تولىمۇ شىددەتلىك ئىكەن ، ئۇلار كۈن بويى كاللامدا داۋالغۇپ تۇرماقتا ، خۇددى ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىر قېتىملىق دېڭىز تاشقىنىدەك .

# كېمە كۆيدۈرۈش

*مەن يەنىلا سىرداش ئىقرارلىرىم خاتىرىلەنگەن ئاق قەغەزنى*
*ئاچتىم، بىرىنچى بىلەن ئېغىز چايقىدىم*
*ھەم قالايمىقان قىلىۋەتتىم!*

— مېڭ لاڭ: «مەخپىي خاتىرىلەر: بىر
دەۋرنىڭ گۇمران بولۇشى» دىن

# ئالدىنقى بۆلەك

## 1

ھىندى ئوكيان، ئاندامان دېڭىزى. جۇڭگودىن كېلىۋاتقان ناھايىتى ھەيۋەتلىك، قىزىل سىرلانغان چوڭ كېمىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنىڭ سىرلىرى چۈشۈپ كەتكەن، قېنىق - سۇس رەڭلەر گىرەلىشىپ، كۈچلۈك ئاپتاپتا بېلىق قاسىرقىدەك ۋىلىلداپ تۇراتتى. ئۈچ - تۆت ياشانغان مالاي پالۋىدا ئاپتاپقا قاقلانغاچ، دولقۇنلاپ تۇرغان دېڭىز سۈيىگە ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇلار ئىچكى قۇرۇقلۇقتىن كەلگەن، ئۆمرىدە دېڭىزنى كۆرۈپ باقمىغان، مۇشۇ دەقىقىلەردە مەۋج ئۇرۇپ تۇرۇۋاتقان دېڭىز ئۈستىدە چايقىلىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتاتتى. ھېلىمۇ ياخشى، ھاۋا ئوچۇق، ئىللىق ئاپتاپ ئۇلارنىڭ ئەندىشىلىرىنى پەسەيتىشكە خېلى مەدەت بولماقتا.

ئويما نەقىشلىك ئايلانما كارىدوردىن ئۆتسىلا كېمە بۆلمىسىگە كىرىدۇ.

كېمە بۆلمىسىگە بىر كارىۋات قويۇلغان، ئۇنىڭدا چۇن چىنىڭ ئاپىسى ئۇخلاۋاتاتتى. چۇن چى كارىۋات يېنىدا ئاپىسىغا قاراپ جىمجىت ئولتۇراتتى. دېڭىز - ئوكياننىڭ ھاۋاسىغا بىرنېمە دېمەك تەس، نەچچە كۈن تەننى كۆيدۈرگۈدەك ئاپتاپ چىقىپ كەتسە، نەچچە كۈن ئۇدا قار - يامغۇر يېغىپ كېتىدۇ. ئۇلار دېڭىزغا چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئاپىسى ئاغرىپ يېتىپ قالدى، ئاغرىغاندىمۇ خېلى ئېغىر ئاغرىدى. نەچچە كۈندىن بېرى يېمەي - ئىچمەي، مۇشۇنداق ھوشىنى بىر بىلىپ، بىر بىلمەي ئۇخلاپلا ياتاتتى. كېمىدە

جۇڭگوچە دورىلارمۇ بار ئىدى ، قايىنتىپ ئىچۈرۈپمۇ باقتى ، يەنىلا ھېچقانچە مەنپەئەت قىلمىدى .

چۈن چى چاكارغا يەنە دورا قايىنتىپ ئەكىلىشنى تاپىلاپ ، كارىۋات يېنىدا ئايىسىغا قاراپ ئولتۇردى .

ئون يەتتە ياشلىق چۈن چىننىڭ كۆزلىرى نۇرلۇق ، قاپقارا قـۇندۇزدەك چاچلىرى بوشلا ئارقىسىغا تاشلانغان ، ئاپئاق بويىنى بىلەن روشەن قارا ـ ئاق سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىپ تۇراتتى ، بۇ ئۇنىڭ گۈلدەك چاغلىرى ئىدى .

ئۇ ياتلىق بولۇش ئالدىدىكى كېلىنچەك ، ئۇنىڭ بولغۇسى ئېرى ئـاشـۇ مالاي تىلىدا سۆزلەيدىغان بابا قەبىلىسىدىن . ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ، بىر بىكار تەلەپ بەگزادىمىش ، ئۇنىڭ خانلىقى ئىسسىق بـەلـۋاغدا ئىكەن ، تۆت پەسلىنىڭ ھەممىسىدىلا ياز بولىدىكەن . شۇڭا ، ئۇ ھەر كۈنى قۇملۇقتا يېتىپ ئاپتاپ سۈنىدىكەن . ئۇجمە دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن ئۆتكەن قۇياش نۇرى سايىداپ ئـاسـتىدا ياتقان ئۇنىڭ قوڭۇر رەڭ ، پارقىراق تېرىسىگە ئالا ـ بۇلىماچ سايە تاشلىماقتا . بۇ چۈن چىننىڭ تەسەۋۋۇرى ئىدى ، بۇ تـەسەۋۋۇردا ئۇنىڭ بەدىنى خۇددى پۈتۈن تېنىدە ئالا ـ بۇلىماچ سـىزىقچىلىرى بار قاپلانغىلا ئوخشايتتى (چۈن چى ئەزەلدىن بۇ ئۆزۈن ھەم تىنچ ياشلىق باھارىدا ، ئۆزىنىڭ كۈتۈۋاتقىنىنىڭ سۆز بـىـلەن تەسۋىرلىگىلى بولمايدىغان زوراۋانلىق بولۇپ قېلىشىنى خـىـيـالـىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى ، بۇ خۇددى دەرەخلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ ياتقان يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ توساتتىن ئېتىلىپ چىقىپ ، ئـۇنـى كاپىلا قىلىپ تۇتۇۋالغىنىغا ئوخشاشلا بىر ئىش بولدى ) . ئـاڭـلاشـلارغـا قـارىـغـانـدا ، ئـۇ مـۇئـەلـلـەققە سېلىنغان ئۆيدە ئولتۇرارمىش ، ئۇ ئۆي خۇددى بۇلۇتلار ئارىسىغا سېلىنغان ئوردىغا ئوخـشـارمـىـش (ئەلۋەتتە ، بۇ ، ئىسسىق بەلۋاغدا يەر بەك نەم بـولغانلىقتىن ) ، ئەتراپىنى گۈل ـ گىياھلار ئوراپ تۇرارمىش ، كەڭ بالكوندا تۇرۇپ ئاسماندىكى تۈمەن مىڭ يۇلتۇزلارنى كۆرگىلى بولارمىش (چۈن چى كېيىن ، ئېكۋاتور ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلارنىڭ

ئىنتايىن ئاز بولىدىغانلىقىنى ئۇقتى ) .

چۇن چى ھەدەپ ئاشۇ يىراقتىكى ناتونۇش خانلىق دۆلەتنى تەسەۋۋۇر قىلاتتى . خۇش پۇراقلار گۈپۈلدەپ تۇرغان ئىمارەت ۋە ئەر . ئۇ مۇشۇ جاپالىق سەپەر ئاياغلاشسىلا ئاپىسى بىلەن بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىشكە تىرىشىۋاتاتتى .

بۇ دادىسىنىڭ ئۇلار ئۇچۇن چىقارغان تاللىشى . دادامغا ئىشىنىشىم كېرەك ، دەيتتى ئۇ ئۆزىگە . مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ توختىماي دادىسىنى چۈشىدى . چۈشىدە دادىسى پۈتۈنلەي كوكۇس دەرىخى ئۆسكەن دېڭىز بويىدا ئۇنىڭغا قاراپ قول پۇلاڭلىتىۋاتارمىش ، ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى كۈمۈش رەڭ زەر يىپتا كەشتىلەنگەن تونى بىردەمدىلا ئۇچۇپ ، يېيىلىپ ، بىر پارچە تەپسىلىي خەرىتىگە ئايلىنىپ قالغۇدەك . بۇ سىرلىق خانلىق دۆلەتنىڭ چىغىر يوللىرى خۇددى ئۆمۈچۈك تورلىرىدەك بىر - بىرىگە كىرىشىپ كەتكەنمىش . چۇن چى قىزىقىۋاتقۇدەك ، تەلمۈرۈۋاتقۇدەك ، لېكىن قىرغاققا يېقىنلاشقاندا ، ئاشۇ يەردە تۇرغان كىشىنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلمەيۋاتقۇدەك .

2

چۇن چىنىڭ بوۋىسى ئەينى يىللاردا خانغا ئەگىشىپ يۇرت ئېلىشقا قاتنىشىپ تۆھپە ياراتقاچقا ، بۈيۈك سەركەردە دەپ نام ئالغان . ئۇنىڭ دادىسىمۇ ئات ئۈستىدە چوڭ بولغان ، ياش تۇرۇپلا تۇتۇقبېگى بولۇپ ، بەش قوشۇنغا باش بولغان .

چۇن چى ئاشۇ تۇتۇق مەھكىمىسىدىكى قەلئە ئىچىدە تۇغۇلۇپ ، نۇرغۇن چاكارلارنىڭ ھىمايىسىدە چوڭ بولغان . دادىسى ئۇنىڭغا بەكمۇ ئامراق ئىدى ، لېكىن پەقەتلا يېقىنلىشىپ باقمىغان . قاتتىق تەرتىپ خۇددى قېلىن پەردىدەك دادىسىنى مەھكەم ئورىۋالغان بولغاچقا ، چۇن چى ئۇنىڭ چىرايىنى زادىلا ئېنىق كۆرۈپ باقمىغان . ئۇنىڭ خاتىرىسىدە ، دادىسى خۇددى يىراقتىكى تاغ چوققىسىدەك ، قارامتۇل كۆكۈچ كۆلەڭگىدىنلا ئىبارەت ئىدى .

بالىلىق چىغىدىكى ئاشۇ سەھەرلەر چۈن چىنىڭ ئېسىدە ، دادىسى ئۈچىسىغا قارا كۆك رەڭدىكى ئوردا تونى كىيگەن ، ئاپىسى ئۇنىڭ ئايىغىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ، تاۋار تونىنىڭ پۈرلەشكەن جايلىرىنى تۈزلەيتتى . ئۇنىڭدىن كېيىن دادىسى كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن دەبدەبىلىك ھالدا ئوردىغا قاراپ ماڭاتتى . ئاشۇ قىسقىغىنا بىر مەزگىللەردە ئاپىسى دادىسىنىڭ ئەڭ ئامراق توقلى ئىدى . كېيىن دادىسى نۇرغۇن ئاياللارنى ئالدى ، ئۇلار ئاپىسىنىڭ ئورنىنى باستى ، خۇددى ئاپىسى دادىسىنىڭ ئەسلىدىكى خوتۇنىنىڭ ئورنىنى باسقىنىدەكلا . ئۇلارمۇ ھەر كۈنى سەھەردە دادىسىنىڭ ئوردا كىيىمىنى تۈزەشتۈرەتتى . توقاللار ئالمىشىۋەردى ، بىردىنبىر ئۆزگەرمىگىنى دادىسىنىڭ ئاشۇ كۈمۈش رەڭ زەر يىپتا كەشتىلەنگەن ئوردا تونى . ئۇنىڭغا زادىلا چاڭ ـ توزان قونۇپ قالمىدى .

دادىسى چۈن چىڭە بەكمۇ قاتتىق قول ، تەلەپچان ئىدى . بۇ بەلكىم ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ غەزەلخان بولۇپ قالغانلىقىدىن بولسا كېرەك . ئەينى چاغدا دادىسىنىڭ «چىن خۇەيخى ئارامگاھى»دىكى بۇ غەزەلخان قىزنى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىشى بەلكىم بىر مەزگىللىك شەيدا بولۇپ ، كۆڭلى چۈشۈپ قالغانلىقتىن بولسا كېرەك . كېيىنچە سەل ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ قويغانلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولدى . بۇ غەزەلخان قىزنىڭ كېلىپ چىقىشى نامرات ، كىچىككىدىنلا سەرگەردانلىقتا ئۆتكەن ، گەرچە پەقەت غەزەلخانلىق بىلەنلا تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ ، بىراق ئىشقۋازلىق ، تاماشا سورۇنلىرىدا ئۇزۇن تۇرۇپ كەتكەچكە ، بىر خىل چاكىنىلىق سىڭىپ كەتكەن ، بۇ ئائىلىگە زادىلا ماس كەلمەيتتى . ئۇ بىر قىز تۇغدى ، چىرايى يېڭى چىققان ئايدەك سۈزۈك ، كۆزلىرى سۇبھىدەك نۇرلۇق ئىدى . دادىسى ئۇنى كۆرۈپ شۇنداق ئامراقلىقى كەلگەن بولسىمۇ ، كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى غەمدىن خالاس بولالمىدى . بۇ قىز ئاستا ـ ئاستا چوڭ بولدى ، تەقى ـ تۇرقى كېلىشكەن ، ئاۋازى نازۇك ، ئەينى چاغدىكى ئاپىسىدىنمۇ بەك كىشىنى جەلپ قىلاتتى .

دادىسى ئىلگىرى رەمبال چاقىرتىپ چۈن چىگە پال ئاچقۇرۇپ باققان. ئۇ رەمبال چۈن چىنى كىچىكىدە ناھايىتى بەختلىك ئۆتىدىكەن، ئەمما چوڭ بولغاندا غېرىبلىقتا، جاپادا قالىدىكەن، دېگەنىدى؛ دادىسى قانداقچىسىگە پاھىشىخانا كوچىلىرىدا تەمتىرەپ يۈرگۈدەك، دەپ سورىغاندا، رەمبال چەك باسمايدىغان، چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىرمۇنچە تايىنى يوق گەپلەرنى قىلغانىدى. دادىسىنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كەلگەنىدى، ئۇنىڭغا ئازراق ئاقچا بېرىپ، تالا - تۈزدە بۇ ھەقتە بىلجىرلاپ يۈرمە، دەپ تاپىلاپ، قول ئاستىدىكىلەرگە ئۇنى يولغا سالدۇرۇۋەتكەنىدى.

چۈن چى ئېسىنى بىلگىنىدىن تارتىپ ئۆزىنىڭ قاتمۇقات رېجىم ۋە چەكلىمىلەر ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. دادىسى ئۇنىڭ ناخشا ئېيتىشىنى، ئۇسسۇل ئوينىشىنى، سەيلىگە چىقىشىنى چەكلەيتتى، تېخى ئىنىكئانىسىغا پۇتىنىمۇ بوغدۇرغانىدى. بىراق، دادىسى يوق چاغلاردا، چۈن چى پۇتىنى بوغقان ئاق ماتانى ئوغرىلىقچە يېشىۋېتىپ، ئازادە ئايىغىنى ئالماشتۇرۇپ، جازا ئۆتەۋاتقان پۇتلىرىنى ئارامىغا قوياتتى. ئاپىسىمۇ ئۇنىڭ تەرىپىنى ئالاتتى، بەزىدە ئۇنىڭ ئۇچۈن دادىسىدىن تىل ئىشىتەتتى. كۆپ يىللار ئۆتۈپ كەتتى، چۈن چىنىڭ پۇتلىرى بىر سۆڭمۇ كىچىكلىمەي، ئەكسىچە دالىدىكى ئوت - چۆپلەردەك ئۆز مەيلىچە ئازادە ئۆسۈۋەردى.

3

دادىسىنىڭ مەنسەپ يولى ئىزچىل ئوڭۇشلۇق بولدى، كېيىن شاھقا ئەگىشىپ جەنۇبتىن شىمالدىكى يېڭى پايتەختكە كۆچۈپ كەلدى. سەلتەنەتلىك زىجىنچېڭنىڭ پۈتكەنلىكىنى تەبرىكلەش كاتتا مۇراسىمىغا قاتنىشىش شەرىپىگىمۇ نائىل بولدى. چۈن چى ھويلىدىكى ئايۋاندا تۇرۇپ، ئوردا ئالدىدا يېقىلغان ساليوتلارنى كۆردى. ئۇ ئەزەلدىن بۇنداق قىزىغان سورۇننى كۆرۈپ باقمىغانىدى. شۇ كۈنى ئۇنىڭ بۇ شىمالدىكى يېڭى پايتەختكە

كەلگەن ئىككىنچى كۈنى ئىدى . ئۇ بۇ يەرنىڭ قىش كۈنلىرىنى بەكمۇ ياقتۇردى ، لەپىلدەپ يېغىۋاتقان ئاپئاق يۇمشاق قار ئۈستىگە دەسسىگەندە ، خۇددى بۇلۇتلارنىڭ ئۈستىدە مېڭىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كەلدى . ئۇ يانچۇقىغا مۇز سېلىۋېلىپ ، تۇرۇپ - تۇرۇپ تۇتۇپ قوياتتى ، ئۇ خىل كىشىنى مەست قىلىدىغان ، يۈرەككىچە يېتىپ بارىدىغان سوغۇق نېمىدېگەن قالتىس - ھە ! ئاشۇ قىشتا ، ئۇ دادىسى بىلەن قار بوۋاي ياسىغان . شۇ يىلقى قار بەك قېلىن ، دادىسىمۇ خېلى ياش ، قاۋۇل ، ئالىقانلىرىدىن ھور چىقىپ تۇراتتى . كېيىن ئۇ بۇنىڭ تەپچىپ تۇرغان ھاياتىي كۈچ ئىكەنلىكىنى چۈشەندى . بىراق ، نەچچە يىل ئۆتمەيلا دادىسى بۇلارنى يوقاتتى .

شۇ يىلى دادىسى خان تەرىپىدىن تىنچلىق ئورناتقۇچى باش سەركەردە قىلىپ تەيىنلىنىپ ، دېڭىز سەپىرىنى باشلىۋەتتى . ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى زىجىنچېڭنىڭ سېلىنغانلىقىنى تەبرىكلەشكە كەلگەن ئەلچىلەرنى ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن ، يىراق دېڭىزدىكى خانلىقلارغا بېرىپ ، ئۇ يەردىكىلەرگە شەرقتە قۇدرەت تاپقان بىر خانلىقنىڭ بارلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش ھەم ئۇ يەردىكى ئەتىۋارلىق ، قىممەتلىك بۇيۇملارنى ئېلىپ كېلىپ خانغا تەقدىم قىلىش ئىدى . دادىسىنىڭ مالايا تاقىم ئاراللىرىغا بېرىشنى خالايدىغان - خالىمايدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى ، دادىسى كەتكەندىن كېيىن ، چۈن چى دائىم دادىسى قالدۇرۇپ كەتكەن دېڭىز قاتنىشى خەرىتىسىنى شىرەگە يېيىۋېلىپ ، ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتەتتى : پۇرچاقچىلىك كىچىككىنە ئۇزۇنچاق قۇرۇقلۇق ، ئۇنى ئوراپ تۇرغىنى قاتمۇقات دېڭىز - ئوكيان .

دادىسى دېڭىز سەپىرىگە ئاتلانغان ئاشۇ كۈن چۈن چىنىڭ ھېلىھەم ئېنىق ئېسىدە ، دادىسى ئاشۇ بىللە سەپەرگە چىقىدىغان ئەلچى ، ئاغۋاتلار بىلەن قىزىل رەڭلىك ئوردا تونىنى كىيىپ ، تۆت بۆلەك ئوردا كېمە ئەترىتىگە بۆلۈنۈپ يولغا چىقتى . ئۇ يېپەك

سايىۋەنلىك چاتما كېمىلەرنى ساغلام ئاتلار دېگىز ساھىلىغا سۆرەپ ماڭدى . ئىككى كۈندىن كېيىن ، ئۇلار خۇاڭخەي دېگىزى ساھىلىغا يېتىپ كەلدى .

چۈن چى بويىغا يېتىپ قالغان قىز ئىدى ، بىراق شۇ كۈنى دادىسى تاكى ئايرىلغانغا قەدەر ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدى . ئۇ مەڭگۈ ئۇنىڭ ئوماق قىزى ـ دە . دادىسى ئۇنى يېتىلەپ ، دېڭىزدا لەيلەپ تۇرغان چوڭ كېمىلەرنى كۆرسىتەتتى . ئۇ ئۇنداق چوڭ كېمىنى تېخى كۆرۈپ باقمىغانىدى . ھەربىر كېمىدە توققۇزدىن يەلكەن ئورالغان ماچتا بار ئىدى . ئۇ قىزىل رەڭلىك يىپەك يەلكەنلەر ئېچىلغاندا ، كۆيۈۋاتقان قىپقىزىل بۇلۇتلارغا ئوخشاپ قالدى . ئۇ دادىسى چىققان كېمىدىن كۆزىنى ئۈزمىدى ، قەلبى ھاياجاندىن دولقۇنلايتتى . غۇۋا بىر خىل سەزگۈ ئۇنى ئەسكەرتىۋاتاتتى : ئۇ كېمىنىڭ سىياقىنى ئېسىگە چىڭ تۇت ، ئۇ داداڭنى ئېلىپ كېتىدۇ .

كېمە دادىسىنىڭ كەينىدە ، سۇغا يېرىم چۆككەن ھالدا بىر كۆتۈرۈلۈپ ، بىر پەسىيىپ تۇراتتى ، خۇددى سۇ يۈزىدە قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن مەخلۇقتەك . كېمە ئىتتىرىپ چەتكە قېقىۋاتقان سۇلار خۇددى ئىڭراۋاتقاندەك قىلاتتى . ئۇ ئاۋازلار سىرلىق چاقىرىقتەك ، چۈن چىنى چەكسىز ئىنتىلدۈردى .

چۈن چى كېمىگە چىقىپ كۆرۈپ باقاي دەپ تۇرىۋېلىۋىدى ، دادىسى رەت قىلماي ، ئۇنى تارتىپ چىقىرىپ كېمىنىڭ ھەممە جايلىرىنى كۆرسەتتى . ئۇ ئۇلارنىڭ تاتلىق سۇ قاچىلىغان ئىدىشىنى كۆردى . ئۇلارنىڭ يېمەكلىكى — گۈرۈچ ، كۆكتات ۋە بېلىقلار تۇراتتى ، يەنە بېلىق تۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سۇغۇرمۇ ئېلىۋالغانلىقىنى بايقىدى . ئۇخلايدىغان كېمە بۆلمىسىدە ھەرقايسىسىنىڭ ئېلىۋالغان خاتىرە بۇيۇملىرىنى كۆردى . ئۇلار تېخى پۇراقلىق ئاق چايگۈلىدىنمۇ ئېلىۋاپتۇ ، ئۇلارنى كومزەككە سېلىپ قويۇپتۇ ، بۇ گۈللەرمۇ تاتلىق سۇدىن ئۇلار بىلەن تەڭ

بەھرىلىنىدىكەن . چۈن چى كېمىدىن چۈشۈش ئالدىدا ، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تۆمۈر كومزەكتىن باشلىرىنى چىقىرىپ تۇرغان چايگۈللىرىگە قارىدى . ئۇلار دېرىزە تەكچىسىگە قويۇلغان ، كېمە بىلەن تەڭ تەۋرىنىپ تۇراتتى . قىپقىزىل سىرلانغان دېرىزە تەكچىسىگە چۈشۈپ قالغان نەچچە تال گۈل بەرگى كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى ، خۇددى پارلاپ تۇرغان نۇرلۇق يولتۇزلاردەكلا . ئۇلار ئاشۇنداق تەۋرىنىپلا تۇرىدۇ تاكى دېڭىزغا چۈشۈپ كەتكۈچە . بۇ كىشى ئەسلىمىلىرى سىڭگەن كىچىككىنە كېپەكتەك نەرسىلەر ئەڭ ئاخىر دېڭىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ، جىمجىت تېگىگە چۆكۈپ كېتىدۇ . چۈن چى ئىختىيارسىز خورسىنىپ قالدى ، ئاندىن كۆڭلىكىنى ئۇستۇنرەك كۆتۈرۈپ ، كېمىدىن قىرغاققا قايتىپ چۈشتى .

كېچىلىك جېسەكچى ئىشتىن چۈشتى ، تاڭ سۈزۈلدى ، كېمىگە قاچىلىنىدىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم بويۇملارمۇ قاچىلىنىپ بولدى . كېمە لەڭگەرنى كۆتۈردى . ئالدى بىلەن دېڭىز مۇئەككىلىگە ئاتاپ دۇئا قىلىندى ، ئاندىن قىزىل يىپەك يەلكەن ئېچىلدى . كېمە شەرقىي شىمال شامىلى يېتىپ كېلىشتىن ئاۋۋال تېز سۈرئەتتە يۈرۈپ كەتتى . چۈن چى كېمە خۇاڭخەي دېڭىزىغا چىقىپ كەتكۈچە قاراپ تۇردى . كېمە بېشىدىكى ھېلىقى بالا ـ قازادىن ساقلىنىشنىڭ بەلگىسى بولغان ، پىلدىرلاپ تۇرغان يىلان كۆزىمۇ كۆزدىن يىتتى . چۈن چى ئۆزىنى شۇنچىلىك ھالسىز ھېس قىلدى ، خۇددى پۈتۈن يۈرىكىنى ئاشۇ كېمە ئېلىپ كەتكەندەكلا .

## 4

دادىسى ۋە كېمە كارۋىنىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ھېچكىم ئۇقالمىدى . قايتىپ كەلگەن كېمە كارۋانلىرىمۇ ھېچقانداق ئىنئامغا ئېرىشەلمىدى . بۇ بىر يىل ئاپەتلىك يىل بولدى . ئوتتۇرا باھاردا بوران ـ چاپقۇن ئەدەپ كېتىپ ، زىجىنچېڭنىڭ ئۈچ قەسىرىنى چاقماق سوقتى . ئوت ئالتۇن رەڭ ھەل بېرىلگەن ئۆگزىدىن

يامراپ ، قىزىل تۇۋرۇكلەرگە ، شايى پەردە ، چىمىلدىقلارغا تۇتاشتى ... ھەتتا خاننىڭ ئۇيما نەقىشلىك دېۋانلىرىمۇ كۆيۈپ كەتتى . ئوردىدا ئۇششاق ـ چوڭ بولۇپ نۇرغۇن ئادەم ئۆلدى ، خان بۇنىڭدىن بەك چۆچۈدى . ئۇ ، ئاشۇ بۈيۈك دېڭىز پىلانىم تەڭرىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگەن ئوخشايدۇ ، ئاشۇ ئۇقمايدىغان جايلاردا بىلىشكە تېگىشلىك بولمىغان سىرلار بار ئوخشايدۇ ، دەپ قارىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بۇ بىر يىلدا ۋابا تارقالدى ، ئاچارچىلىق بولدى ، دۆلەت خەزىنىسى قۇرۇقدىنىپ قالايلا دېدى . شۇنىڭ بىلەن ، خان قىممەتلىك كېمىلەرنىڭ دېڭىز سەپىرى پىلانىنى توختاتتى . ئاشۇ ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلگەن ۋەزىرلەرمۇ ھېچقانداق ئىنئامغا ئېرىشەلمىدى ، ئەكسىچە ، ئاستاغىنا سىرتىدىكى جايلارغا ئەۋەتىۋېتىلدى ، خۇددى ئۇلار ۋابا تارقىتىدىغاندەك .

چۈن چى ناھايىتى تېزلا دادىسىنىڭ خوتۇن ـ توقاللىرىنىڭ ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىدىن ناھايىتى قورقۇۋاتقانلىقىنى سەزدى . چۈنكى ، دادىسى كەلسىلا ، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ ، خوتۇن ـ بالىلىرىنى قوشۇپ ياقا يۇرتلارغا ئەۋەتىۋېتىلىشى مۇمكىن . ئۇنداقتا ، قانداقمۇ ھازىرقىدەك چوڭ سارايلاردا مالايلارنى ئىشقا سېلىپ ، راھەت ـ پاراغەتتە ياشىغىلى بولسۇن . پەقەت ئاپىسىلا ئۇلارغا ئوخشىمايتتى ، كۈن بويى بۇت ئالدىدا كۈجە كۆيدۈرۈپ ، ئۇنىڭ تېزرەك قايتىپ كېلىشىنى تىلەپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلاتتى . ئۇنىڭ ئۆپكە كېسىلىمۇ بارغانچە ئېغىرلاپ كېتىۋاتاتتى ، ھاۋا ئازراقلا ئۆزگەرسە ، شامال تېگىپ ، قان تۈكۈرگۈچە يۆتىلەتتى . ئۇ ھەمىشە كۈنلىرىنىڭ ئۇزۇن قالمىغانلىقىدىن ئۆكۈنۈپ ، چۈن چىنىڭ دادىسى قايتىپ كەلگۈچە ياشىيالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپلا يۈرەتتى .

كېيىن ئاخىر دادىسىدىن خەۋەر كەلدى ، ئۇ ھايات ئىكەن . مالايا تاقىم ئاراللىرىدىن كەلگەن بىر كېمە خادىمى بىر پارچە خېتىنى ئالغاچ كەپتۇ . ئۇ خېتىدە ، كېمە قارا بورانغا يولۇققاندىن كېيىن بىر قاقاس ئارالغا چىقىپ قالغانلىقىنى ، كېيىن ئۇ يەردىكى

يەرلىك قەبىلە ئاتامانىنىڭ ئۇنى ئېلىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ . ئۇلار ئۇنىڭغا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىپتۇ ، يەر ، ئۆي ، چاكار بېرىپتۇ . ھازىر ئۇ ئۇ يەردىكى چەكلىمىسىز ، ئازادە تۇرمۇشنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ ، قايتىپ كەتكۈسى يوق ئىكەن . ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن . ئۆزىنىڭ مالاي قەبىلە ئاتامانىنىڭ ئوغلىغا قىزىنى بېرىشكە قوشۇلغانلىقىنى ، مۇشۇنداق قۇدىلاشقاندا ئىككى تەرەپنىڭ مەڭگۈ دوستانە ئۆتەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ .

بۇ چوڭ ئائىلە كىشىلىرى ئۇنىڭ خېتىنى كۆرۈپ بىر ـ بىرىگە قارىشىپلا قالدى . ئۇلار ئۇنى ئېلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ ، دەپ قاراشتى . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مالايا تاقىم ئاراللىرى بىر قاقاسلىق ، ئۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ياۋايى ئادەملەردىن ھېچقانداق پەرقى يوق ئىدى . ئۇلار ئۇنىڭ دادىسىنى بۇ يەردىكى ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان ئوخشايدۇ ، قايتىپ كەلسە مەنسىپىدىن قالدۇرۇلۇپ ، سۈرگۈن قىلىنىدىغانلىقىنى بىلگەن بولغاچقا ، قەستەن شۇ يەردە قاپتۇ ، ئەمدى يالغۇزلۇق تارتىپ ، ئائىلىسىدىكىلەرنى قايىل قىلىپ ئەكەتمەكچى بوپتۇ ، دېيىشتى .

چۈن چى ئاپىسىنى يۆلەپ ھۇجرىسىغا ئېلىپ ماڭدى . بۇ قىش ئاپىسىنىڭ كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلاپ كەتتى ، تېۋىپ ئۇنى كارىۋاتتىن چۈشمىسۇن ، دەپ تاپىلىدى . چۈن چى ئۇنى قولتۇقلاپ چۆلدەرەپ قالغان خانىغا كىردى . ئاپىسى جىنچىراغنى يېقىپ ، شىرە يېنىدا ھېلىقى خەتنى يەنە بىر قېتىم تەپسىلىي ئوقۇپ چىقتى .

ئۇ يۆتەلدىن توختىدى ، لېكىن نەپىسى قىسىلىپ ، شىرەگە ئېڭىشىپ ، ئاشۇ خەتلەرگە يۈزلىرىنى يېقىپ يېتىپ قالدى . خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ، چۈن چىگە :

— چۈن چى ، بىز دادىڭىزنى ئىزدەپ بارايلى ، بولامدۇ ؟ — دەپ سورىدى .

ئاپىسىنىڭ ئاۋازى خۇددى ئۆتكۈر چوپىسىدەك ، قەھرىتان قىشتا قېلىن مۇز تۇتقان كۆل يۈزىدىن بىر يېرىق ئاچتى .

— ماقۇل ، — دېدى ئۇ .

ئۇ ئاپىسىنىڭ سالامەتلىكىدىن سەل ئەنسىرىدى ، لېكىن توسۇمىدى . ئۇنىڭ خاتىرىسىدە ، ئاپىسى بۇ ئۆمرىدە ئاساسەن ھېچقانداق قارار چىقىرىپ باقمىغان ، ئىزچىل پاسسىپ ھالدا باشقىلارنىڭكىنىلا ئاڭلايتتى ، ئىتائەت قىلاتتى . مالايا تاقىم ئارىلىرىغا بېرىش ئاپىسىنىڭ تۇنجى قارارى . چۇن چى رەت قىلىشقا ئامالسىز . ئۇ شۇنچىلىك تېز ماقۇل بولدىكى ، ھەتتا ئۆزىنىڭ نىكاھ ئىشىنىڭمۇ مۇشۇ جاۋاب بىلەن تەڭ بەلگىلىنىپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلەلمەيلا قالدى .

ئۇ ئۇنىڭ ئون يەتتە ياشقا كىرگەن قىش كۈنلىرى ئىدى . ئۇ قىش خېلى ئىللىق قىش بولدى . چۇن چى بېقىۋاتقان توشقىنىنى تۆتىنچى ھامىمىسىغا بەردى ، كەشتىلەپ يېرىم قىلغان ھەميانىنى ئاچياۋغا ساقلاپ قويغىن دەپ ئۆتۈندى . ئاشۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كوتو (چالغۇ )غا كەلگەندە ، ئاپىسىغا قايتا ـ قايتا يالۋۇرۇپ ، ئېلىۋېلىشقا ماقۇل كەلتۈردى .

ئۇلارنىڭ مالايا ئارىلىغا بېرىش قارارى ئائىلىدىكىلەرنى ئۆرتۆپە قىلىۋەتتى . ئانا ـ بالا ئىككىيلەن تۇرىدىغان ئۆي ، ئۆي جاھازلىرى ، ھەتتا كاتتا پاشىلىقتىن تارتىپ ئايال لار ئارىسىدا تالاش ـ تارتىشتا قالدى . چۇن چىنىڭ ئاپىسى پەقەت زىبۇزىنىنەتلىرىنى سېتىپ يول تەييارلىقىنى قىلدى . لېكىن ، قىزىنىڭ تويلۇق مىلىغا كەلگەندە بېخىللىق قىلماي راۋۇرۇس تەييارلىدى . چۇن چىنىڭ تويلۇق كىيىمىگىمۇ ئەڭ ئېسىلىنى ئالدى .

ئاپىسىنىڭ كېسىلى بەكلا ئېغىر ئىدى . تېۋىپ ئۇنىڭغا ھېچبولمىغاندا قىشنى ئۆتكۈزۈپ مېڭىشنى تاپىلىدى ، لېكىن ئۇ جاھىللىق بىلەن دەرھال يولغا چىقماقچى بولدى .

ئۇلار يولغا چىققاندا ، چاغان تېخى ئاخىرلاشمىغانىدى . چۇن چى پوجاڭزا قالدۇقلىرىغا دەسسىگىنىچە ئاپىسىنى قولتۇقلاپ ، ئىشىك ئالدىدىكى ئات ھارۋىغا چىقتى . چۇن چىنىڭ خىيالى

ئۆتمۇشكە قانات قاقتى . ئەينى ۋاقىتتا دادىسىنىڭ سەپەرگە چىققان ۋاقتى نەقەدەر داغدۇغىلىق بولغان ـ ھە ! بىراق ، بۈگۈنكى پىنھانلىق ئاپىسىنىڭ دىتىغا تېخىمۇ ياقسا كېرەك .

## 5

بەستىلىك ئۈچ ئەر كېمە بۆلمىسىگە ئۇسۇپ كىرگەندە ، چۈن چى كارىۋات يېنىدا ئاپىسىنى يۆلىگىنىچە ئاۋايلاپ دورا ئىچۈرۈۋاتاتتى .

بۇ ئەرلەر قارىماققا جۈڭگولۇقتەك قىلاتتى . بىراق ، كۆپ يىلللىق سەرسان تۇرمۇش ئۇلارنىڭ سىلىق يۈزلىرىدە قاتتىق قىرلارنى چىقارغانىدى . تېنىدىن ئىسسىق بەلۋاغنىڭ ئاچچىق زەنجىۋىل پۇرىقى كېلەتتى . ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىكى ئىشىكتىن تەيفېڭ بورىنى يوپۇرۇلۇپ كىردى ، كېچە ئاسمىنىنى ئاپئاق كۈچلۈك نۇر سىزىپ ئۆتتى ، خۇددى كانىيى يېرىلىپ كەتكەن كەپتەر تەشكىلى بولمايدىغان قارا بۇلۇتلارغا ئۆزىنى ئاتقاندەك .

چۈن چى چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ، قىزىق دورا قوللىرىغا تۆكۈلۈپ ، چىنە قولىدىن چۈشۈپ كەتكىلى تاسلا قالدى . ئۆتكۈر ئەر كىشىنىڭ پۇرىقى شىددەت بىلەن ئۇرۇلدى . ئۇلار نەقەدەر ناتونۇش ، نەقەدەر قارام ـ ھە ! ئوردىدا چوڭ بولغان چۈن چى ئىلگىرى بۇنداق ئەھۋالغا زادىلا يولۇقۇپ باقمىغانىدى . ئۈچ ئەر غايىبتىن چۈشكەن تاشتەك ئۇنىڭ دۇنياسىغا بۆسۈپ كىردى ، ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ئۇلارغا قاراپلا قالدى ، خۇددى قانداقتۇر بىرنېمە كۆكرىكىنى بېسىۋالغاندەك ، تىنىقى يېتىشمەي ، ئاغزىنى چوڭ ئېچىپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى .

بىر ئەر ئۇنىڭ قولىدىن تارتقىنىچە سىرتقا ئېلىپ ماڭدى . ئۇنىڭ قولىدىكى دورا ئاپىسىنىڭ قاقشال قوللىرىغا تۆكۈلدى . ئاپىسى يېنىككىنە مىدىرلىدى .

قاراقچىلار چۈن چىنىڭ تويلۇقلىرى سېلىنغان ساندۇقنى ئاچقاندا ، ئىچىدىكى زىبۇزىننەتلەرنى كۆرۈپ كۆزلىرى پارقىراپ

كەتتى. لېكىن، ئۇلار بۇغا مۈڭگۈزى، ئادەمگىياھ، ئېسىل لۈڭجىڭ كۆك چېيى دېگەنلەرنى بىلمىسە كېرەك، ئۇلارنى يەرگە چېچىپ، خالىغانچە دەسسەپ يۈرەتتى.

دېڭىز قاراقچىلىرى كېمىدىكى دارچىنگۈل ھارقىنىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ تەبرىكلىمەكچى بولدى. خۇشبۇي ھاراق بۇ كىشىنى مەست قىلىدىغان ئاخشام بىلەن تولىمۇ ماس كەلگەنىدى. خوشە، بىچارە گۈزەل. ئۇلار چۈن چىنىڭ بويىنىنى قىسىپ تۇرۇپ، دارچىنگۈل ھارقىنى ئۇنىڭ ئېغىزىغا تۇشقۇچە قۇيدى. نازىنىن بويىنىنى قايرىۋەتكەن ئاق قۇدەك تىركەشتى، تۇرۇۋالغان سۇمبۇل چاچلىرى چۇۋۇلۇپ چۈشتى. ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن تال - تال چاچلار ئەرنىڭ ئالىقانلىرىغا تېگىپ، ئۇنىڭ ھېسلىرىنى غىدىقلىدى. ئۇلار بارماق ئويۇنى ئويناپ، كىمنىڭ ئاۋۋال ئۇ قىزغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى بېكىتىشتى.

يېڭىۋالغىنى يېشى ئەڭ كىچىك ئاشۇ «لى لىپ» بولۇپ چىقتى. ئۇلار ئۇنى شۇنداق ئاتايدىكەن. ئىككى ئاكىسى لى لىپىنى مازاق قىلدى، چۈنكى بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىمى ئىدى. ئۇ شۇنداق ئورۇق، كۆزلىرىدىن خىجىللىق چىقىپ تۇراتتى. بۇ ئۇنىڭ ئاكىلىرى بىلەن تۇنجى قېتىم دېڭىزغا چىقىشى ئىدى.

ئۇ ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ ئۈستىگە ياتتى، بىراق چۈن چىنىڭ مۈزدەك تېنى ئۇنىڭغا تەگكەندە، بىر تىترەك ئولىشىپ، ھېلىقى نېمىسى چۆچۈپ كەتكەن تىيىندەك قورۇلۇپ قالدى. ئاكىلىرى قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈزلىرى ئۆپكىدەك قىزاردى. ئۇلار ئۇنى ئورنۇڭدىن تۇرۇپ قاراپ تۇر، دەپ، ئۆزلىرى ئۆلگە كۆرسەتمەكچى بولدى. ئۇ ناھايىتى ئوڭايسىزلانغان ھالدا ئورنىدىن تۇردى.

ئىككىنچى ئاكىسى ئۇنىڭ تېنىگە كىرگەن چاغدا، لى لىپ قىزچاقنىڭ ئېچىنىشلىق چىرقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى، ھەتتا قانىنىڭ ھىدىنىمۇ پۇرىدى. قىزچاقنىڭ كۆڭلەكلىرى يىرتىۋېتىلدى، بويىندىكى مارجانلىرى ئۈزۈلگەندە، خېلى ئېگىزگە

قاڭقىپ چىقىپ، قىزچاقنىڭ ئاپئاق بەدىنىگە يېنىپ چۈشكەندە، دانە ـ دانە يامغۇر تامچىلىرىغا ئوخشاپ قالدى. بۇ كۆرۈنۈش گەرچە ناھايىتى قەبىھ بولسىمۇ، بىراق قانلارنى ئۇرغۇتۇپ، ھاياجانغا سالدۇ. لى لېبىنىڭ بەدەنلىرى چىڭىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھېلىقى تىپىنىنىڭ ئاستا ئۆڭكۈردىن چىقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئىككىنچى ئاكىسى قىزچاقنىڭ ئۈستىدىن تۇرغىنىدا، ئۇنىڭ ماتا ئىشتىنىغا قىزچاقنىڭ قېنى يۇقۇپ قالغانىدى. ئۇ قاننىڭ رەڭگى ناھايىتى سۇس بولۇپ، ئىشتاننىڭ ئېغىدا، دەل ئوتتۇرىسىدا، ئۇۋلاپ قويغان گېنتىئانا گۈلىدەك، قىزغۇچ شىرنىلىرى ئەتراپقا يېيىلىپ تۇراتتى. لى لېپ قان داغلىرىغا بىردەم قاراپ قالدى، ئۇلار بارا ـ بارا كېڭىيىپ، قېنىقلىشىپ، كۆزگە تېخىمۇ ئېنىق چېلىقىۋاتاتتى، خۇددى ئۇنىڭغا تىكىلگەن يامان كۆزلەردەك، ئۇنىڭ مەغلۇبىيىتىنى ئەسكەرتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

## 6

چۇن چىنىڭ ئاپىسى، ئاشۇ كېسەل چىرمىۋالغان ئايال كارىۋاتتىن تەسلىكتە چۈشۈپ چىقتى. ئۇنىڭ قانچىلىك غەيرەت قىلىپ نىمجان تېنىنى سۆرەپ چىققانلىقىنى كىممۇ ھېس قىلالىسۇن. ئۇ ئۆمىلەيتتى، قان ياندۇراتتى. بىرىنچى بولۇپ كۆزىگە چېلىققىنى، پالوبىدا ياتقان، قان تامچىلاپ تۇرغان قىزىنىڭ تېنى بولدى. ئۇ بىر تىنىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، بۇ كۆزنى كۆيدۈرىدىغان قانلاردىن زەخىملەندى، ھەتتا غەزەپلىنىشكىمۇ ئۈلگۈرمىدى. بۇ قورقۇنچلۇق مەنزىرە ئۇنى تۈگەشتۈرۈۋەتتى. ئۇ ئىشىكنى تاتىلاشتۇرۇپ ئارانلا تۇتۇۋالدى ۋە ئازابلىق يىغلىۋەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە قىلىشىنى، قانداق قىلسا قىزىنىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتەلەيدىغانلىقىنىمۇ بىلەلمىدى. ئۇ يىغلىغاچ ئۆمىلەپ بېرىپ چۇن چىنى قۇچاقلىدى.

— بىز يەنە دادامنى ئىزدەپ بارامدۇق؟ — چۇن چى ئۇ

ئالەمدىن ئاستا ـ ئاستا قايتىپ كېلىپ ، كۆزلىرىنى ئېچىپ سورىدى ئاستاغىنا .

ئاپىسى ئۆتتەك قىزىق پېشانىسىنى چۆن چىنىنىڭ يۈزلىرىگە ياقتى ، ئازابتىن ئۇنىسىز تاراملاپ ياش تۆكتى . بەلكىم ئاشۇ دەقىقىلەردە ئۇ ھەقىقەتەن پۇشايمان قىلغان بولسا كېرەك . ئەگەر ئۇ جاھىللىق قىلىپ بارىمىز دەپ تۇرۇۋالمىغان بولسا ، چۆن چىمۇ بۇ خورلۇقتا ئۇچرىماس ئىدى . بىراق ، ئۇ ناھايىتى تېزلا ئۆزىنىڭ مۇنداق قىلماسلىقى كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى ، بالا ـ قازا ئالدىدا ئاجىزلىق قىلغانلىقىدىن نومۇس قىلدى .

— بارىمىز ، — دېدى باش لىڭشىتىپ .

— يوقال ! — ئەر كىشى قولىنى سوزۇپ چۆن چىنىڭ ئاپىسىنى چۆن چىنىڭ يېنىدىن تارتىپ تاشلىۋەتتى . ئايال يەردە بىر يۇمىلاپ ، تېزدىن ئۆمىلەپ كېلىپ ئەرنىڭ ئالدىدا يۈكۈندى ، ئۇنىڭغا باش ئۇردى ، ئۇنىڭدىن قىزىغا رەھىم قىلىشنى ئۆتۈندى . ئەر ئۇنىڭغا گەپ قىلغۇدەك پۇرسەتمۇ بەرمىدى ، ئۇنى ئىككى تېپىپ بىلەن ۋادەك يېنىغا ئۇچۇرۇۋەتتى .

چۆن چى «ئاپا» دەپ چاقىرىشقىمۇ ئۈلگۈرمىدى ، ئەر كىشى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتىلدى . ئۇ ئاغرىققىمۇ ، خورلۇققىمۇ چىدايتتى ، پەقەت ئاپىسىنى ئامان قويۇشىنىلا ئۈمىد قىلاتتى . ئۇلار ھايات قالغاندىلا ، بىر ئامال قىلىپ قېچىپ قۇتۇلۇپ مالايا ئارىلىغا دادىسىنى ئىزدەپ بارالايدۇ . بىراق ، چۆن چى بۇلارنى ئاپىسىغا دېگۈچە ، ئاپىسى ئۆمىلەپ كېلىپ ھېلىقى ئەرنىڭ پۇتىنى تارتتى ، ئۇنى قىزىنىڭ ئۈستىدىن تارتىپ چۈشۈرمەكچى بولدى . ئەر تازا ھۇزۇرلىنىۋاتسا ، بىراۋنىڭ دەخلى قىلىشىغا چىدىيالامدۇ . ئۇ سەت ۋارقىرىغىنىچە بىر پۇتى بىلەن ئايالنىڭ كۆكرىكىگە كۈچەپ تەپتى . ئايال ئۇنىڭ پۇتىغا بىرمۇنچە قان قۇسۇۋەتتى . ئۇنىڭ كەيپى ئۇچۇپ ، ئىككى ئىنىسىغا ئۇنى كېمىدىن تاشلىۋېتىڭلار ، دەپ بۇيرۇق قىلدى .

چۆن چى چىرقىرىغىنىچە ئۇنىڭ ئاستىدا تىركەشتى . ئۇ بايا

ئۆزىگە زوراۋانلىق قىلغان ئەرنىڭ ئاپىسىنى مۇرىسىگە ئارتىپ ، ۋادەك تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئۇ پۇتون كۈچى بىلەن ئۇستىدىكى ئەرنى ئىتتىرىپ چۇشۇردى ، لېكىن ئۆلگۇرەلمىدى . ئۇ ئاپىسىنىڭ ئورۇق تېنىنىڭ سۇنغان ھەسەن ـ ھۇسەنلەك بوشلۇقتا بىر پۇلاڭلاپلا ، دېڭىزغا چۇشۇپ كەتكىنىنى كۆردى . ئۇنىڭ كاللىسى قۇپقۇرۇق بولۇپ قالدى ـ دە ، ھوشىدىن كەتتى . كېيىن ھېلىقى ئەر يەنە ئۇنىڭ ئۇستىگە چىقىپ ، ئۇنى مىجىدى . لېكىن ، ئۇ ھېچنېمىنى سەزمىدى . ئۇ شۇ يەردە ئوڭدىسىغا ياتاتتى ، ناھايىتىمۇ ئاجىز ، خۇددى نېپىز ئۆسۇملۇك يىپپىنچىسىغىلا ئوخشاپ قالغان ، كائىنات بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەندى . ئۇنىڭ چىرايىمۇ ناھايىتى خاتىرجەم بولۇپ قالغانىدى . ئۇنىڭ ئاغرىق سېزىمىنى كائىنات سۇمۇرۇپ كەتكەن بولسا كېرەك .

لى ليې شۇ يەردە تەشۋىشلەنگەنچە تۇرۇپ قالدى ، قىزچاققا يەنە قاراۋېرىشكە چىدىماي ، دۇمبىسىنى قىلىپ دېڭىزغا قارىۋالدى . دېڭىز يۇزى شۇنچىلىك تىنچ ئىدى ، تاشلىنىۋېتىلگەن ئايالدىن ئەسەرمۇ يوق ، ئۇنى پۇتۇنلەي يۇتۇۋەتكەن بولسا كېرەك . ئۇ تۇيۇقسىز ئۆزىنى ناھايىتى قورقۇنچاق ھېس قىلدى . بايا ئىككىنچى ئاكىسى ھېلىقى ئايالنى دېڭىزغا تاشلىۋەتكەندە ، چۇن چىنىڭ چىرقىرىغىنىنى ئاڭلاپ يۇرىكى جىغىدە قىلىپ قالغانىدى . ئۇ ئادەم ئۆلتۇرگەن مەيدانلارنى جىق كۆرگەن ، لېكىن نېمىشقىكىن بۇ قېتىم كۆڭلى بەك يېرىم بولدى .

ئارقىسىدا ئاكىسى ھايۋانلاردەك ھاسىراۋاتاتتى ، ئۇ يۇقىرى پەللىگە چىقىپتۇ ـ دە ؟ ئۇنداق يېنىدا ئادەم بار ـ يوقلۇقىغىمۇ پەرۋا قىلمىغان ھۇزۇرلىنىش نەقەدەر بەتبەشىرە ـ ھە ! ، لى ليېنىڭ تۇيۇقسىز قېنى قىزىدى ، يۇگۇرۇپ بېرىپ ئۇنى يولقۇشلاپ تارتىپ ، ئۇنىڭ ئاستىدىكى ئولجىنى ئازاد قىلغۇسى كەلدى . لېكىن ، ھېچنېمە قىلمىدى ، پەقەت ئاستاغىنا كېمە بۆلمىسىگە كىرىپ كەتتى .

## 7

ئاياغلاشتى . يامغۇر تۆكۈلۈشكە باشلىدى .

يامغۇر بارغانسېرى كۈچەيگىلى تۇردى ، بېخىل تەگرى يۇلتۇزلارنىمۇ تىقىۋالدى ، مەيۈس ئاسمان قاپقاراڭغۇ . بۆلمە ئىشىكى ھەم يېپىلدى ، دېڭىز قاراقچىلىرى ئاغرىنىشتى ، تىللاشتى ، ئەمما بەك ھېرىپ كەتكەچكە ، ھايال ئۆتمەيلا قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى .

چۈن چى ئاستا ـ ئاستا ھوشىغا كەلدى ، ئۆزىنىڭ ئىككى قولى بېشىدىن ئېگىز قىلىپ باغلىنىپ ، باپكارنىڭ موكىسىدەك بىر بۇلۇڭغا تاشلاپ قويۇلغانلىقىنى كۆردى . ئازراقمۇ يورۇقلۇق يوق ، ھەتتا ئاۋۇ نەچچە ئەرنىڭ نەدە ياتقانلىقىنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى . ئۇلارنىڭ خورەك ئاۋازىدىن ياتقان ئورنىنى پەرەز قىلدى .

«ئاپام ئۆلدى» دېدى ئۇ ئۆزىگە ، ياشلىرى بۇلدۇقلاپ چىقىشقا باشلىدى . ئاپىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇنىڭ پېشانىلىرىنى سىلىغان قىياپىتى كۆز ئالدىغا كەلدى . نەقەدەر راھەت ـ ھە ! ئۇنىڭدىن دادىسىنىڭ يېنىغا يەنە بارامدۇق ، دەپ سورىغاندا ، ئاپىسى قەتئىيلىك بىلەن «بارىمىز» دېگەن ئەمەسمىدى . ئۇنىڭ جاۋابى شۇ قەدەر تەمكىن ۋە قەتئىي ئىدىكى ، ئاشۇ مىنۇتلاردا ، چۈن چىمۇ ئۆزلىرىنىڭ تېزدىنلا بۇ خېيىمخەتەردىن قۇتۇلىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ قالغانىدىغۇ .

ئۇ ئاپىسىنى مەڭگۈ دادىسىنىڭ يېنىغا ئاپىرالمايدۇ ، ئاپىسىنىڭ دادىسى بىلەن كۆرۈشكەندە قىلىدىغان خۇش تەبەسسۇمىنىمۇ مەڭگۈ كۆرەلمەيدۇ ، ھايات ئاخىرلاشتى ، ھەممە كۆككە سورۇلدى .

ئۇ قىيپاش بولۇپ ، ئېغىزىنى ياغاچ تامغا چاپلىۋالدى .

ئەمما ، بۇ كېچە ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك ئۇنچىلىك تەستە ئۆتمىدى ، چەكسىز قاراڭغۇلۇق ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدىن تىۋىشسىز بىر قول ئۇنىڭغا سۇنۇلدى ، ئۇنىڭ بارماقلىرىغا تەگدى .

ئۇ خۇددى گۇل بەرگىدەكلا يېنىك ئىدى . ئۇ ئەندىكتى ، ھەربىر مويلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى . بۇ چۈشمىدۇ ؟

بىراق ، ئەتراپ قۇپقۇرۇق ، مۇدھىش قاراڭغۇلۇق قاپلىغان . چۈن چى خورسىندى ، قەلبى يەنە قايغۇدىن مۇزلىدى . بىراق ، ھېلىقى قول يەنە ئاستا ـ ئاستا پەيدا بولدى ، ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقتى . بۇ ئىللىقلىق تولىمۇ ئۇشتۇمتۇت ۋە مۇجمەل كەلدى ، ئۇ ماياك ، ئۇ يۇلتۇز… بۇلار چۈن چى ئېسىگە ئالالايدىغان بارلىق يورۇقلۇقتا ۋەكىللىك قىلالايدىغان نەرسىلەر . ئۇ ئۇلارغا موھتاج ، قولنىڭ ئېگىسى ۋە مۇددىئاسىنى بىلىشكىمۇ تەخىر قىلالمىدى .

ئۇ قوللىرىنى ئاستا سۇندى…

ناتونۇش بارماقلار ئۇنىڭ ئالىقانلىرىدىن بارماقلىرىغىچە سىلاپ ئۆتمەكتە ، ئۇ تەگكەنلىكى جايلار كۆيمەكتە ، قايتا تىرىلمەكتە . بۇ سېھىرلىك قول پەند ـ نەسىھەت تارقاتقىلى كەلگەندەك ، قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچ ۋە ئىرادىنى دەل بۇلاردىن ۋاز كەچمەكچى بولۇپ تۇرغان قەلبكە يەتكۈزمەكتە ، ھەربىر كىچىككىنە تەۋرىنىشلەر بىر تۇتام ئوت ياندۇرماقتا . ئۇ ئاخىر يىغلىۋەتتى . بارماقلار ئىشەنچ بىلەن سۇنۇلۇپ ، بارماقلارغا چىرمىشىپ كەتتى ، كېيىنىڭ چايقالغاندىكى رېتىمىغا قېتىلىپ كەتتى . سۇنۇلغان قوللارنى كۆرگىلى بولمايدىغان بۇ گۆرىستان كېچىدە ، ئەرلەرنىڭ كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدىغان خورەك ئاۋازىنى ، ئازاب ـ ئوقۇبەتنى ، ئار ـ نومۇسنى تېشىپ ئۆتكەن بىر ئۇرۇقتىن بىر دانە ئاپپاق نېلۇپەر ئېچىلدى …

## 8

چۈن چى ئويغانغاندا تاڭ ئەمدىلا يورۇغان ، يامغۇرمۇ توختىغانىدى . بىرەيلەن دېرىزىنى ئاچتى ، غۇۋا قۇياش نۇرى ئۇنىڭ بەدىنىنى يورۇتتى ، ئۇ ئالىقانلىرىدىن تەر چىقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ، خۇددى قانداقتۇر بىر نەرسە ئۇ يەردە ئېرىۋاتقاندەك

قىلاتتى . ئۇ تۇنۇگۇن كېچە ئالىقانلىرىدا قالغان پۇراقنى پۇرىدى ، ئۇنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى پەرق ئەتمەك تەس ئىدى .

لــى ليې دېرىزە يېنىدا ئولتۇراتتى . ئۇ دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ يىراقلارغا نەزەر سالدى . قالغان ئىككى ئەر تېخىچە قاتتىق ئۇخلاۋاتاتتى ، خورەك ئاۋازى بىرىنىڭكىگە يەنە بىرىنىڭ ئۇلىنىپ چىقىۋاتاتتى . چۇن چىنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭ ئالىقانلىرىغا چۈشتى . ئۇ بۇ قوللاردىن تۇنۇگۇن كېچە ئۆزىنى يىغلاتقان پۇراقنى تېپىشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى — بۇ بىر ئەمگەك قىلغان قول ، بوغۇملىرى قوپال ، ھەم چوقۇم ئادەم ئۇرۇپ باققان قــول ، ئۇستىــدە سـەكسەنپۇتتەك يول ـ يول تاتــۇقــلار بــار . چۇن چى ئــاشۇنــداق تــىكىلــىپ قــاراپ تۇراتــتى . دەل بۇ چاغدا ئۇ دېرىزىدىن يېرىم چىقىرىپ تۇرغان بەدىنىنى ياندۇرۇپ كىردى — ئەسلىدە تېشىدا سىم ـ سىم يامغۇر يېــغــىۋېتىپتۇ ـ دە . ئۇنىڭ چوققىسىدىكى چاچلىرىغا تۇماندەك ئۇششاق سۇ تامچىلىرى قونۇپ قاپتۇ ، يۈزىمۇ ھۆل ، ئەمما كۆزى شۇنچە نۇرلۇق .

— دېڭىز تاشقىنى كېلەي دەپ قاپتۇ . نەچچە چوڭ كېمىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇش بايرىقى چىقىرىپ قويغانلىقىنى كۆردۇم ، — دېدى لى ليې چۇن چىگە قاراپ ئاستاغىنا .

— ســىلــەر دېــڭــىز قــاراقــچــىلىرىمۇ دېڭىز تاشقىنىدىن قورقامسىلەر ؟ — دېدى چۇن چى تەنە قىلىپ .

— كــىچىك ۋاقتىمدا ، ئاتا ـ ئانام ئۆلۈپ كەتكەندە ، بەك قورقۇپ كەتكەن ، ئۇلارنى دېڭىز تاشقىنى ئېلىپ كەتكەنىدى .

كــۆز ئالدىدىكى بۇ بالىنىڭ گۆدەكلىكى تېخى يوقالمىغان ، ئەمدىلا ئون ئالتە ـ ئون يەتتە ياشلار چامىسىدا بولسا كېرەك . دېڭىز قــاراقــچــىــسى بــولــغــۇدەك ھــەيــۋىــســمــۇ يوق ، تېخى تولۇق نىقابلانمىغانىدى . چۇن چى ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارىدى . ئۇ ئۇنىڭ جىسمىدىن مەلۇم بىر خىل ئاجىزلىقنى ئىزدەۋاتاتتى . بىر خىيال چۇن چىنىڭ كاللىسىدىن يالت قىلىپ ئۆتتى : بەلكىم مۇشۇ يەردىن قول سالسام بولار .

چۈن چى بوغۇق ئاۋازدا ئۇنىڭغا :
— ئەسلىدە سىز يېتىمكەنسىز ـ دە ، — دېدى .
لى لېي بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدى :
— شۇنداق ، بىراق بىزنىڭ قالتىس بىر ئاكىمىز بار ، ئۇ مېنى بېقىپ قاتارغا قاتتى . بىز تۆت ئاكا ـ ئۇكا ، شۇنچە يىللاردىن بۇيان جاپادىمۇ ، ھالاۋەتتىمۇ بىرگە بولۇپ كەلدۇق ، زادىلا ئايرىلمىدۇق .
— سىز دەۋاتقان «ھالاۋەت» كېمە بۇلاپ ، ئادەم ئۆلتۈرۈش ، ئاياللارنىڭ نومۇسىغا تېگىشمۇ ؟
ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇراتتى .
— سىز ئويلىغاندەك ئەمەس . بىزنىڭ چوڭ ئاكىمىز قەبىلە ئاتامانى . بىزنىڭ قەبىلىمىز ئىنتايىن باي ، دائىملا دېڭىزغا چىقىپ بۇلاڭچىلىق قىلمايدۇ ، پەقەت يېقىندا قەبىلىمىز باشقا قەبىلە بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقاچقا ، چوڭراق كېمىگە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالدۇق . شۇڭا چوڭ ئاكام بىزنى دېڭىزغا چىقارغانىدى ، — لى لېي نېمە ئۈچۈن بۇ گەپلەرنى ئۇنىڭغا دەۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى ، ئۇنى ئۆزىنى قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان دېڭىز قاراقچىسى ، دەپ قالمىسۇن دەپ ئۈمىد قىلىۋاتسا كېرەك .
— كېمە بۇلىساڭلارغۇ بوپتۇ ، نېمىدەپ ئادەم ئۆلتۈرىسىلەر ؟ سىلەر ئاپامنى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭلار… — چۈن چىنىڭ ئاۋازى بوغۇلدى .
— چۈنكى سىلەر خەنزۇ ـ دە . ئاۋۇ ئاكىلىرىم خەنزۇلارنى كۆزگە ئىلمايدۇ ، — دېدى لى لېي .
— چۈشىنەلمىدىم ، ئەجەبا سىلەرنىڭ ئەجدادىڭلار جۇڭگودىن كەلمىگەنمۇ ؟ بىزنىڭ ئەجدادىمىز بىرغۇ .
— ياق ، بىزنىڭ ئانىمىز ئالىي مەرتىۋىلىك دانا ۋۇزۇ مىللىتىدىن ، بىز مۇشۇ ماكانىمىزنىڭ خوجايىنى ، خەنزۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ قۇلىمىز .
— سىز خەنزۇلارنىڭ خانىدانلىقىنىڭ قانچىلىك چەكسىز ۋە بۈيۈكلۈكىنى كۆرۈپ باقمىغان ، خان ئوردىمىزنىڭ قانچىلىك

سەلتەنەتلىك ۋە ھەيۋەتلىكلىكىنىمۇ بىلمەيسىز !

— بولدى ، بىلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق . مەن پەقەت سىلەر خەنزۇلارنىڭ سەركەردىسىدىن تارتىپ ئاياللىرىغىچە تۇتۇلۇپ بىزگە قۇل بولغانلىقىنى بىلىمەن .

لى لىيې بىلەن چۇن چى قايتا ئېغىز ئېچىشمىدى ، خۇددى نـاھايـىتى كەڭ دەريا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا توغرىسىغا ياتقاندەك ، ئىككىسى ئىككى قىرغا بۆلۈۋېتىلگەندەك ھالەت شەكىللەندى .

## 9

— بەك توڭلاپ كېتىۋاتىمەن ، تىترەۋاتىمەن ، — بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن چۇن چى جىمجىتلىقنى بۇزدى .

لـى لىيې بېشىنى كۆتۈرۈپ ، قان تولۇپ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى . ئۇ بىر كىچە تۇزۇك ئۇخلىماپتۇ ، دەپ ئويلىدى چۇن چى . ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنە ئۇنىڭ قوللىرىغا چۈشتى .

— سىلەر مېنى قانداق قىلماقچى ؟

— بەلكىم قەبىلىگە ئېلىپ كېتەرمىز ياكى ... — لى لىيې داۋامىنى ئېغىزىدىن چىقىرالمىدى .

— ياكى يېرىم يولدا مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىسىلەر ، شۇنداقمۇ ؟ — چۇن چى ئاچچىق كۈلدى .

لى لىيې ئۈندىمىدى ، چىرايىدا ئازراق قايغۇ ئەكس ئەتتى . بىردەمدىن كېيىن ئۇ يېنىككىنە ئۇھ تارتىپ قويۇپ ، چۇن چىگە قاراپ كەلدى ، كېيىمە سەل ـ پەل لەپەڭلەپ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى سەل غىلغىتاتتى . چۇن چى بۇ مەزمۇت قەدەملىك ياشقا قارىدى ، ئۇنىڭ قاۋۇل ئۇستىخانلىرىغا تېخى مۇسكۇل يېتەرلىك قونمىغان ، ئوشۇق ۋە تىزلىرىدىكى يۇمىلاق سۆڭەكلىرىمۇ ئالاھىدە كۆزگە چېلىقاتتى . «بۇ بىر ھاياتىي كۈچكە تولغان بەدەن ئىكەن ، — دەپ ئويلىدى چۇن چى ، — ھەرگىزمۇ ئاۋۇ ئىككى ئاكىسىغا ئوخشىمايدىكەن . ئۇلارنىڭكىنى ئاللىقاچان چاڭ ـ توزان ۋە مايلار قاتمۇقات قاپلاپ

كېتىپتۇ، يەنە ئۆسۈشى مۇمكىن ئەمەس، ھەتتا ئەركىن نەپەس ئېلىشىمۇ تەسكە چۈشكۈدەك.»

تۈنۈگۈنكى خورلۇقتىن كېيىن ئاغرىق ئازابى ئاستا ـ ئاستا تارىدى. خۇپپيانە بىر ئىشىك چۈن چىگە ئېچىلىۋاتاتتى. سۆيگۈ ـ مۇھەببەت دېگەن دولقۇنلىرىدەك شىددەت بىلەن بۆسۈپ كىرىپ، ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا يىغىلماقتا. سۆيگۈ دولقۇنلىرى بىر ـ بىرىگە گىرەلەشتى — يىگىت ئىشتىنىنىڭ پۇچقاقلىرىنى تۈرۈۋالغان، قوڭۇر رەڭ تېقىملىرىغا قويۇق، تەكشى تۈكلەر ئۆسكەن، بىرنەچچە جايدا غىل ـ پال كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تاتۇقلار ئۇنى تېخىمۇ قاۋۇل كۆرسىتىپ تۇراتتى. چۈن چىنىڭ كۆزلىرى مىجىر ـ مىجىر تۈكلەرنىڭ ئاستىدىكى چىڭ، ھاياتى كۈچ يوشۇرۇنغان ئەتلەرنى كۆردى.

ئۇ چۈن چىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىرنېمە دېمەكچى بولدىيۇ، توختاپ قالدى. چۈن چى ئۇنىڭ بۇغدىيىكىنىڭ نەچچە قېتىم لىكىلداپ توختىغانلىقىنى كۆردى. چۈن چىنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپلا تۇراتتى. ئاشۇ نۇرلۇق كۆزلەردىن ئۇنىڭ چوقۇم بىر ئىللىق ئۆڭكۈر ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. چۈن چى پەس ئاۋازدا:

— بۇياققا كېلىڭ، — دېدى.

يىگىت چۈن چىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ يەردە يانپاشلاپ ياتقان چۈن چىنى يۆلىمەكچى بولدىيۇ، سۇنۇپ بولغان قوللىرىنى تارتىۋالدى. چۈن چى مېھرىلىك كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا باقتى:

— سىز ئىنىمنى ئەسلەتتىڭىز، ئۇنىڭ قاش ـ كۆزلىرى سىزنىڭكىگە ئوخشايدۇ، نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

— ئون ئالتىگە.

— ھە، سىز ئۇنىڭدىن چوڭراقكەنسىز، — چۈن چىنىڭ بېشىدىن ئۇستۇن قىلىپ باغلاپ قويۇلغان قوللىرى سىلكىندى. ئۇ لى ليېنىڭ ئىككىلىنىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ ئاچچىق

كۆلۈمسىرىدى :

— مەن پەقەت يۈزلىرىڭىزنى سىلاپ باقاي دېگەن . ئىنىمنى كۆرمىگىنىمگە بەك ئۇزۇن بولدى .

لى ليې بىردەم جىمىپ كېتىپ ، يەنىلا چۇن چىنىڭ قوللىرىنى بوشاتتى . ئارغامچا غولدۇر - غولدۇر سىيرىلىپ چۈشتى . چۇن چى يىگىتنىڭ نەپىسىنىڭ ئىتتىكلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى . چۇن چىنىڭ قوللىرى ئۇنىڭ يۈزىگە تەگكەندە ، ئۇنىڭ تېرىسى تىترەپ كەتتى .

چۇن چى لى ليېنىڭ يۈزلىرىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئالدى ، كېرىلگەن بارماقلىرى ئۇنىڭ مەڭزىلىرىنى بويلاپ ئاستا - ئاستا ئېڭەكلىرىگە چۈشتى . چۇن چىنىڭ قاراشلىرى مەشئەلگە ئوخشايتتى . لى ليې بېشىنى ئەپقاچتى .

چۇن چى باش بارمىقى بىلەن ئۇنىڭ لەۋلىرىنى سىلىدى :

— ئىككى ئاكىڭىز مېنى بوزەك قىلدى ، پەقەت سىزلا ئۇنداق قىلمىدىڭىز ، نېمە ئۈچۈن ، مېنى ياراتمىدىڭىزمۇ ؟

— ياق ، — لى ليې ئۆزىنىڭ يەنە ياغا بەتلەنگەن ئۇقتەك سوزۇلۇپ ، چېكىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى .

— ئۇنداقتا ، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىپتۇ - دە ؟ مېنىڭ چىديالماسلىقىمدىن ئەنسىرىدىڭىز ، شۇنداقمۇ ؟ ئاغرىق ئازابىدىن ئۆلەيلا دەپ قالغانلىقىمنى بىلىپسىز - دە ... — چۇن چىنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى پەسىيىپ ، ئاخىر ھەلقۇمىدا تۇرۇپ قالغىلى تاسلا قالدى ، كۆز ياشلىرى دانە - دانە تاراملاپ تۆكۈلدى .

لى ليې چۇن چىنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ باغرىغا باستى ، قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ ياشلىرىنى سۈرتتى . چۇن چى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق يىغلاپ كەتتى ، ئۇنىڭ قوللىرىنى مەڭزىلىرىگە سۈركىگىنىچە پىچىرلىدى :

— ئۇلار ھايۋان ئىكەن ، سىز ئۇنداق ئەمەس ...

لى ليې قىزچاقنىڭ ياشلىرىنى سۈرتىۋەردى ، ئىسسىق ياشلار بۇلاقتەك ئېقىپلا تۇراتتى . ئۇ ئەزەلدىن بۇنچە كۆپ كۆز يېشىنى

كۆرۈپ باقمىغان . ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى يىغلىمايدۇ ، ئۇ ، ئۇنىڭ ئاكىلىرى ، يەنە ئاكىلىرىنىڭ ئاشۇ خوتۇنلىرى ، ئۇلارنىڭ پۈتكۈل قەبىلىسى قاتتىقلا ، يىغىغا موھتاج ئەمەس .

لى ليې كۆز ئالدىدىكى بۇ قىزچاققا قاراپ تۇراتتى . باغرىدا ياتقان بۇ قىز نېمىدېگەن يۇمشاق ـ ھە ، خۇددى سۆڭىكى يوقتەكلا ، ئۇنىڭ ياشلىرى ھەقىقىي ھەم ئىللىق ، ئۇنى تەسىرلەندۈردى . قىزچاق توساتتىن ئۇنىڭ ياقىسىنى چىڭ تۇتۇپ ، لەۋلىرىنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا چاپلاپ تۇرۇپ :

— مېنى ئېلىپ كېتىڭ . بۇ يەردىن كېتەيلى ، ئىككىمىزلا ••• سىز مېنى ياخشى كۆرىسىز ، شۇنداققۇ ؟ — دېدى .

لى ليې ھاڭ ـ تاڭ قالدى ، ئاندىن تېزلا چۈن چىنى ئىتتىرىپ ئۆزىدىن ئايرىۋەتتى . ئۇ چۈشتىن ئەمدى ئويغانغاندەك بولدى . بايا ئۇ قىلتاقتا چۈشۈپ ، ئەس ـ يادىنى يوقىتىپ بۇ قىزنى قۇچاقلىغانىدى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولۇۋىدى ، چۈن چى پۇتلىرىغا ئېسىلىۋالدى . ئۇنىڭ قوللىرى ئۇنىڭ پۇتىدىكى بوغدايلىقتىن سىيرىلىپ ئۆتتى ، نېمىدېگەن سىپايە ـ ھە ، خۇددى شىر ـ شىر ياغقان باھار يامغۇرىدەكلا . يىگىت ئاجايىپ ھۇزۇر ھېس قىلدى ، ئۆزىنى تۇتالمىغىلى تاسلا قالدى . بىراق ، تېزلا ئېسىنى يىغىپ ، ئۇنىڭ قوللىرىنى سىلكىپ چۈشۈرۈۋەتتى ـ دە ، چوڭ ـ چوڭ قەدەملەر بىلەن ئىشىككە قاراپ ماڭدى . لى ليې كېمە بۆلمىسىدىن پالوبىغا چىقىپ ھاۋا رايىنى كۆزەتتى . چۈن چى شۇ جايدا ياتاتتى ، بىردەمدىلا يىگىت كۆرۈنمىدى ، پەقەت ئۇنىڭ پالوبىدا ماڭغاندىكى ئۆتۈكىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى . تاراق ـ تۇرۇق ، تاراق ـ تۇرۇق ••• ناھايىتى جاراڭلىق ھەم كۈچلۈك ئىدى .

سەھەر ، دېڭىزنىڭ ئەڭ تىنچ ھەم ئەڭ مېھرىبان چېغى . دېڭىز دولقۇنى كېمىنى ئاستاغىنا چايقىماقتا ، دېڭىز شامىلى قىيا ئىشىكتىن لەيلەپ كىرمەكتە . ۋاقىت ئوقى خۇددى پىلە قۇرتىنىڭ يىپەك قۇسقىنىغا ئوخشايتتى ، توختىماستىن ئۇزىرايتتى ، قىسقىرىيتتى ، ھەربىر مىنۇت ئۇزۇنغا سوزۇلغان يىپەك يىپقا

ئايلىناتتى ، توقۇلاتتى ، يۆگىلەتتى . مانا مۇنداق ھەددىدىن زىيادە ئاستا مۇھىتتا ، مۇھەببەت ، نەپرەت ، ئىستەك ، ئىرادە دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى تاراپ كېتىدۇ . بۇ كېمە نەگە بارىدۇ ، بۇ چۈن چى ئۇچۇن ئەمدى مۇھىم ئەمەس . ئۇ كۆزلىرىنى يۇمدى ، بىردەم ئۇخلىۋالماقچى بولدى . ئۇ قول يەنە كېلەرمۇ ، يەنە بىر قېتىم قاتمۇقات توسۇقلاردىن ئۆتۈپ ، ئۇنىڭ قوللىرىنى سىقارمۇ ؟

كېيىن چۈن چى ئۇيقۇغا كەتتى . بىراق ، بەكلا سەگەك ئىدى ، بەلكىم مۇشۇ ھالەتنىمۇ تىرىشىپ ئاران ساقلاۋاتقاندۇ . شۇ ئارىلىقتا ، چۈن چى بۆلمىدىكى ئىككى ئەرنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئويغىنىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى . ئۇ ئۇلارنىڭ ، دېڭىز تاشقىنى كېلەمدۇ قانداق ، يېرىم يولدا قىرغاققا چىقىۋېلىش كېرەكمۇ ، دېگەن ھەقتە تالاش ـ تارتىش قىلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى . ئۇلار خېلى ئۇزۇن مۇنازىرىلىشىپ ، ئاران دېگەندە قارار چىقاردى . يەنە خېلى ۋاقىت ئۆتتى . چۈن چى كېمە سۈرئىتىنىڭ ئاستىلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇلار قىرغاققا يېقىنلاشتى . چۈن چى تەگرىدىن بوران ـ چاپقۇننىڭ تېزرەك كېلىشىنى تىلىدى . ئۇلار بىلەن تەڭ ئۆلۈش ئۇنىڭ ئېسىگە كەلگەن تەگرىنىڭ ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن ئەڭ چوڭ ئىلتىپاتى . ئۇنىڭ كۆڭلىدە چىن قەلبىدىن چىققان مۇشۇ تىلەك بولغانلىقى ئۇچۇنلا ، ئۇ يىغلىمىدى ھەم تىركەشمىدى .

*ئايالنىڭ شەكىللىك پەلەمپەينى بويلاپ پەسكە چۈشىسىڭىز ، بۇ يەردە كۆمۈلۈپ ياتقىنى بىر دوزاخ ئەمەس ، بەلكى خانلىق دۆلەت . مېڭىۋەرسىڭىز ، بوران ئاۋازى قۇلاقلارنى گاس قىلغاندا ، چاڭ ـ توزانلار كۆزلەرنى كور قىلغاندا ، تىكەنلەر پۇتلارغا چىرماشقاندا ، ئەسلىمىنىڭ ئىگىسى ئاستا ـ ئاستا پەيدا بولىدۇ .*

*ئۇ مۇشۇ قۇدۇقنى بېقىشقىلا مەسئۇل ئىدى . ئېيتىشلارغا*

قارىغاندا ، بۇ قۇدۇقنى سەن باۋ ئالىيلىرى قازدۇرۇپتىكەن . سەن باۋ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «بۇددانىڭ ئۈچ ئەڭگۈشتىرى» دېگەنلىك ، جاۋا تىلىدىمۇ «سەن باۋلۇڭ» دېگەن سۆز بولۇپ ، ئۇنىڭ مەنىسى «شالاڭ يوپۇرماقلىق مۆڭگۈزسىمان مېۋىلىك دەرەخزارلىق» دېگەنلىك . ئۇ شۇ ئاچچىق مۆڭگۈزسىمان مېۋىلەرنى يەپ چوڭ بولغان . سەن باۋلۇڭدا سەن باۋ بۇتخانىسى بار . بۇتخانىدا بىر قۇدۇق بولۇپ ، ئۇنىمۇ سەن باۋ قۇدۇقى دەپ ئاتايدۇ . ئۇ ئاشۇ قۇدۇققا قارايدىغان ئادەم .

سەن باۋ كۆپ يىللار ئىلگىرى ئاشۇ كېمىلەرنى باشلاپ بۇ يەرگە كەلگەن جۇڭگولۇق . ئۇ بۇ يەردىكىلەرگە يەر تېرىشنى ، پىلە بېقىشنى ، بۇلاق سۈيىدە يۇيۇنۇشنى ، بۇغدايدىن ئۇن تاماقلىرىنى ئېتىشنى ئۆگەتتى . كىشىلەر سۇزۇۋېلىنغان كېمىنىڭ لەڭگىرىنى بۇتخانىغا تىزىپ قويدى ، سەن باۋ ئالىيلىرىنىڭ ئالتۇن ھەيكىلىنى ئوردىغا تەقدىم قىلدى .

ئۇنىڭ ئەجدادى سەن باۋ ئالىيلىرىنىڭ ھەمراھى ياكى ئۇنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشكەن ئادەم بولسا كېرەك . كېيىن ئۇ سەن باۋ بۇتخانىسىدا قېلىپ جېسەكچىلىك قىپتىكەن . لېكىن ، سەن باۋ بۇتخانىسىنىڭ داڭقى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، شۇ يەردىكى ھۆكۈمرانلار تارتىۋاپتۇ . ئۇ پەقەت ھېلىقى قۇدۇقنىلا باقىدىغان بوپتۇ . ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ، بۇ قۇدۇقنىڭ سۈيى بەكلا تاتلىق ئىكەن ، قۇرغاقچىلىق بولۇپ كەتكەندىمۇ قۇرۇپ قالمايدىكەن . كىشىلەر ئۇنى «مۇقەددەس سۇ» دەپ ئاتاپتۇ . چۈنكى ، بۇ سۇنى ئىچسە بالا ـ قازادىن ، ئاغرىق ـ سىلاقتىن ساقىت بولۇپلا قالماي ، يەنە ياشىرىپ كېتىدىكەن .

ئۇ بۇ «مۇقەددەس سۇ»نى ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ ئاسراپتۇ ، غازاڭ ۋە قۇش مايىقلىرىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن ساقلاپتۇ ، يامغۇر ، بورانلىق كۈنلەردىمۇ ئالاھىدە سەگەك تۇرۇپتۇ . چۈنكى ، ئىلگىرى ئاغدىن لاي ـ شېغىللار دوملاپ چۈشۈپ ، بۇتخانىلارنى بېسىۋالغان ئىشلار بولغانىكەن . شۇڭا ، ئۇ كېچىلىرى قۇدۇق

تۇۋىدىلا ئۇخلايدىكەن، دۇمبىسىنى دائىم سوغۇق قۇدۇق گىرۋىكىگە تىرەپ ئولتۇرغاچقا، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بەللىرى ئىچىگە ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ. شۇنداقتىمۇ «مۇقەددەس سۇ»دىن بىر يۇتۇم ئىچىشكىمۇ كۆزى قىيمايدىكەن.

ئۇ ئىلگىرىكى كۈنلەرنى تولىمۇ سېغىنىدىكەن. ئۇ چاغلاردا «مۇقەددەس سۇ» كېسەل، ئاجىزلارغىلا بېرىلەتتىكەن. ئۇلار بۇتخانىغا كېلىپ كۈچە كۆيدۈرۈپ بولغاندىن كېيىن بىر كومزەك «مۇقەددەس سۇ» تىلەيدىكەن. ئۇلار ئۆچىرەتتە تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىر - بىرلەپ ئۇسۇپ بېرىشىنى كۈتەتتىكەن. كېسەللەر شىپا تاپسا، رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن ياخشى يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ ئۇنى يوقلاپ كېلەتتىكەن. بىراق، كېيىنچە بۇ قۇدۇقنىڭ سۈيىنى خالىغانچە ئۇسۇپ بەرگىلى بولماس بوپتۇ. يەرلىك ئەمەلدارلار ئىلكىگە ئېلىۋېلىپ، سۈنى يۇقىرى باھادا پۇلدارلارغا، سودىگەرلەرگە، ئەمەلدارلارغا سېتىپتۇ. ئۇ دائىم نامراتلارنىڭ قۇدۇق ئالدىدا باش ئۇرۇپ سۇ تىلىگەنلىكىنى كۆرىدىكەن، لېكىن بېرەلمەيدىكەن. بىر قېتىم ئوغرىلىقچە بېرىپ قويۇپ، ئەمەلدارنىڭ جازاسىغا ئۇچراپتۇ.

پورتۇگالىيىلىكلەر بۇ يەرگە ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇ قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپتۇ. زەمبىرەكتىن چىققان ئىس - تۈتەكلەر ئاسماننى بىر قاپلاپ، ئاستا - ئاستا قۇدۇققىمۇ چۈشۈپتۇ. ئۇلار سەن باۋ ئىبادەتخانىسىنىمۇ ئىشغال قىپتۇ، ئەمدى بۇ قۇدۇق ئۇلارغا تەۋە بوپتۇ. ئۇ يەنىلا قالدۇرۇلۇپ قۇدۇققا قاراپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭغا بۇ قۇدۇقنىڭ سۈيىنى پورتۇگالىيىلىكلەردىن باشقىلارنىڭ ئىچىشىگە رۇخسەت يوق، دەپ ئۇقتۇرۇلۇپتۇ. سەن باۋ ئىبادەتخانىسىنى ياۋا ئوت - چۆپلەر بېسىپ كېتىپتۇ. چۈنكى، پورتۇگالىيىلىكلەر ئۇ يەرگە ئۆزىنىڭ چېركاۋىنى سايتۇ، كىشىلەرنى ئۇ يەرگە بېرىپ بۇۋىمەريەم ئانىسىغا چوقۇنۇشقا دالالەت قىپتۇ.

يەرلىكلەر نەچچە قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ۋاقتىنچە سەن

باۋ قۇدۇقنى قايتۇرۇۋاپتۇ . لېكىن ، ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئۇمىدى پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ ، بۇ قۇدۇقنى ئەمدى قولىغا ئالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ، ئۇنىڭغا سەكرەپلا تۈگىشىپتۇ . نۇرغۇن كۈنلەردىن كېيىن ، پورتۇگالىيىلىكلەر «مۇقەددەس سۇ» نى ئىچىۋاتقاندا ، ئىچىدىن بىر تال قارا چاچ چىقىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئادەم ئەۋەتىپ سۈزدۈرۈپ باقسا ، سۇدا قۇدۇققا قارايدىغان كىشىنىڭ جەسىتىنى بايقاپتۇ . ئۇ مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن پورتۇگالىيىلىكلەرنى بۇ قۇدۇقتىن ۋاز كەچۈرۈپتۇ . قۇدۇق ئېغىزى تاش بىلەن ئېتىۋېتىلىپتۇ . سەن باۋ قۇدۇقى مانا مۇشۇنداق تاشلىنىپ قاپتۇ .

قانچىلىك يىللار ئۆتتىكىن ، كىشىلەر بۇ قۇدۇقنىڭ ئېغىزىدىكى تاشنى ئېلىۋېتىپ قارىسا ، سۈيى ئەينەكتەك سۈزۈك ھەم تاتلىقمىش . بىراق ، بەزىلەر سۇدا سەل تۇز تەمى تۇرىدۇ ، بۇ قۇدۇق دېڭىزغا تۇتىشىدىكەن ، ئىچىگە سولىنىپ قالغان روھ ئاستىدىن يول ئېچىپ ، دېڭىز ئارقىلىق يۇرتىغا ئۈزۈپ كېتىپتۇ ، دېيىشىپتۇ .

# كېيىنكى بۆلەك

## 1

بۇ بىر ئادەمزاتسىز چەت ئارال ، ھەتتا ئىسمىمۇ يوق بولۇشى مۇمكىن ، ئەمما بۇ يەرگە كەلگەن ئادەملەر ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە ھاڭ - تاڭ قېلىشىدۇ . ئارالدىكى ئورمان ۋە جان - جانىۋارلار قالايمىقان ، رەتسىز مۇھىت شەكىللەندۈرمىگەن ، ئەكسىچە شۇنچىلىك رەتلىك ئىدىكى ، ئادەم ئۇلتۇراقلاشقان ئاراللاردىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ : جان - جانىۋارلىرى ياۋاش ، سىيلىق - سىپايە ، چاتاق چىقىرىدىغانلىرى يوق دېيەرلىك ، ئاشۇ ئېگىز دەل - دەرەخلەرمۇ ناھايىتى تۈز ئۆسكەن ، چاتىغۇدەك ياۋا شاخلىرىمۇ يوق دېگۈدەك ئىدى .

لى ليې ۋە ئۇنىڭ ئاكىلىرىنىڭ بۇ يەرنى بەش قولدەك پىششىق بىلىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئۇلار كېچە ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلارغا ئاساسلىنىپ بۇ قىرغاققا كەلدى ، تۇپتۇز چىغىر يولنى بويلاپ ، بىر قاقاس تاغنىڭ قاپ بېلىگە چىقتى . بۇ يەر گەرچە خېلى ئېگىز بولسىمۇ ، دېڭىز تاشقىنىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىمايدۇ ، دەپ كەتكىلى بولمايتتى . ئۇلار ھېچقانچە ئىزدىمەيلا بىر ئۆڭكۈرنى تاپتى . ئۆڭكۈر ئېغىزى ناھايىتى تار ، ياۋا ئوت - چۆپلەر باراقسان ئۆسۈپ توسۇۋالايلا دەپ قالغان ، بىراق ئۇلارنى قايرىۋېتىپ ئىچىگە كىرسە ، ناھايىتى كەڭ بىر دۇنيا ئىدى . ئۇ ئۈچ ئاكا - ئۇكا كېيىمدىكى ئون نەچچە تۆمۈر ساندۇق ئالتۇن - كۈمۈش ، ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى بىردەمدىلا بۇ يەرگە يۆتكەپ ئاچىقىپ بولدى .

ئۆڭكۈر ئىچى قاپقاراڭغۇ ، ئەرلەر ئوتۇن تېرىپ ئوت يېقىش

بىلەن ئالدىراش . چۈن چى ئۆزىنىڭ يەنە نېمە ئىشلارغا يولۇقىدىغىنىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇراتتى ھەم بۇ ئىشلارنىڭ باش ـ ئاخىرىنى ئويلىغۇدەك ماغدۇرىمۇ قالمىغاندەك قىلاتتى .

ئەرلەر ئۆڭكۈردە گۈلخان ياقتى ، تىنىمسىز ئوت ئۇچقۇنلىرى بىرلىشىپ يالقۇنجاپ كۆيۈشكە باشلىدى . چۈن چى ھارغىن كۆزلىرىنى يۇمدى . ئەرلەرنىڭ قوپال تىنغان ئاۋازلىرى ئەتراپنى بىر ئالغان ، بۇ ئاۋاز خۇددى ئۇلارنىڭ ئاشۇ ساقال ـ بۇرۇتلىرىدەكلا ئالا ـ بۇلا ۋە ئۆتكۈر ئىدى . بۇلار ئۇنى توساتتىن سەگەكلەشتۈردى . ئاپىسى ئۆلدى ، ئۇ ئۈچ دېڭىز قاراقچىسى بىلەن بىر ئۆڭكۈردە دېڭىز تاشقىنىدىن پاناھلانماقتا . مانا بۇ ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى تەقدىرى .

چۈن چى باغلانغان ، ئۆڭكۈرنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر يوغان تاشقا قىيپاش يۆلىنىپ ئولتۇراتتى . لى ليې چۈن چىگە قاراپ سەل ئىككىلەنگەندەك قىلدىيۇ ، يەنىلا ئۇدۇل ئۇنىڭغا قاراپ كەلدى . ئۇ ھېچنېمە دېمەستىن ، چۈن چىنى كۆتۈرگىنىچە گۈلخاننىڭ يېنىغا ئەكەلدى . بەلكىم چۈن چىنىڭ يامغۇردا چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن چاچ ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ يۈز ـ كۆز ، بەدەنلىرىگە چاپلىشىپ ، تۇڭلاپ دىر ـ دىر تىترەۋاتقانلىقىنى سەزگەن بولسا كېرەك . بۇ 12 ـ ئاي مەزگىلى ، ئىسسىق بەلۋاغ ئارىلىدىكى ئەڭ ئۇزۇن يامغۇر پەسلى . ھەر قېتىملىق يامغۇر نەچچە كۈنگىچە داۋاملاشقاچقا ، سوغۇق نەملىك ئادەمنىڭ ئۇستىخان ـ ئۇستىخىنىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ ، ئاسانلا سوغۇق تېگىپ ، زۇكامداپ قالىدۇ . چۈن چىنىڭ پۇت ـ قوللىرىدىن مۇز چىقىپ تۇراتتى ، لېكىن يۈزى ئوتتەك قىزىق ، تەنلىرى سېزىمىنى يوقاتقان . ئۇ گۈلخاننىڭ تۆۋىدە بىردەم قاقلانغاندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كەلدى . ئۇ ئۆزىنى قىزىۋاتقان ئوخشايمەن ، دەپ قىياس قىلدى ، لېكىن كاللىسى ناھايىتى سەگەك ئىدى . ئۇ سەكرەپ تۇرغان ئوت ئۇچقۇنلىرىنىڭ قارشىسىدىن لى ليېنىڭ يوغان بىر تاشنى يۆتكەپ

ئەكبىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. تاشنى چۈن چىنىڭ ئارقىسىغا قويدى، ئۇنىڭ باغلاقلىق تېنى يۆلەنچۈككە ئېرىشتى.

چۈن چى ئۇنىڭ ئىللىق چېھرىدىن مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش ئۈمىدىنى كۆردى، شۇڭا كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرۇۋالدى. ئۇ شۇنداق كۈچ بىلەن قارىدىكى، بەدىنىدىكى جاراھەتلەرمۇ چىڭقىلىپ يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدى. ئۇنىڭ كىيىملىرى ئۈچىسىنى ياپمىغان، تېرىلىرىدىكى جاراھەتلەر مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ بۇلارنى ئۇنىڭغا ئەتەي كۆرسەتمەكچى، ئۇنى بىئارام قىلماقچى، ئۇ ئۇنىڭ ئاشۇنداق ئىچ ئاغرىتقان نەزىرىدە ئۆزىگە قارىغىنىنى كۆرگەندىلا، ئاندىن قانائەت ھاسىل قىلىدۇ.

خىرە ئۆڭكۈردە پەقەت ئاشۇ تاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوتلا يۈزلەرنى قىزىتىدۇ. كېمىدە ئېشىپ قالغان ئەڭ ئاخىرقى يېرىم بۇغا گۆشىمۇ ئۆڭكۈرگە سۆرەپ ئەكىرىلىپ، بىر پارچە - بىر پارچىدىن كېسىلىپ، بامبۇك زىخلارغا ئۆتكۈزۈلۈپ كاۋاپ قىلىنماقتا. لى لىي بىر زىخ كاۋاپنى پىشۇرۇپ چۈن چىنگە سۇندى. چۈن چى لەپ قىلىپ قاراپ قويدى، لېكىن بېشىنى ئۇزىتىپمۇ قويمىدى. چۈن چى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ گۆشنى بىر پارچىدىن، بىر پارچىدىن ئاغزىغا سېلىپ قويۇشىنى كۈتۈۋاتاتتى — چۈن چى بۇ يىگىتنىڭ ئۆزىگە ئىچى ئاغرىپ قالغانلىقىنى بىلىپ قالغاچقا، يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۇرۇنۇپ باقماقچى ھەم سىناپ باقماقچى بولۇۋاتاتتى. دەرۋەقە ئۇ يەڭدى، يىگىت بىر ئاز ئىككىلەندىيۇ، گۈلخان يېنىدىكى ئەگرى پىچاقنى ئېلىپ چۈن چىنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، گۆشنى ئۇششاق پارچىلاپ ئۇنىڭ ئاغزىغا سالدى. چۈن چى گۆشنى چاينىغاچ، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇنىڭ قاراشلىرى سېپىلغا يۈرۈش قىلىشتىنمۇ بەك كۈچلۈك ئىدى.

چۈن چى مۇنداق بىر خىل ئېھتىماللىقنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى: بۇ يىگىت چۈن چىنى دەپ ئىككى ئاكىسى بىلەن قاتتىق ئېلىشسا، ئاخىرىدا ھەر ئىككىلا تەرەپ ئېغىر يارىلانسا، ئۇ

كۆرۈنۈش چوقۇم تولىمۇ ھەيۋەتلىك بولاتتى . چۈن چى گەرچە شۇنداق بولسا ئۆزىنىڭ خەتەردىن قۇتۇلدىغان ، قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغان بولسىمۇ .

ئۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچە گۆشنى چىشلىگەندە ، ئۇنىڭ بارمىقىنىمۇ قوشۇپ چىشلىدى . ئۇ كۈچەپ چىشلىمىدى ، لەۋلىرى ئارىسىغا قىسىۋېلىپ تىلىنىڭ ئۇچىنى تەگكۈزۈپ ئويناشتى . ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ چۈن چىگە قارىدى ، ئۆزىنى قاتتىق بېسىپ تۇرۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى .

— قويۇۋېتىڭ ، — پەس ئاۋازدا ۋارقىرىدى ئۇ قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ ھومايغىنىچە .

چۈن چىنىڭ ئۆچمەنلىكى يەنە قوزغالدى ، ئاخىر باغرىنى تاشتەك قىلىپ قاتتىق بىر چىشلىدى . قان ئۇنىڭ چىشلىرى ئارىسىدىن ئېقىپ چىقتى . لېكىن ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ چىرايىغا قارىۋىدى ، ئۇنىڭ قاراشلىرىنىڭ يەنىلا شۇنداق مۇلايىم تۇرغانلىقىنى كۆردى .

لى لىپىڭ ئىككى ئاكىسى بۇرۇلۇپ قارىدى ، ئارىدىكى بىرى مازاق قىلدى :

— شۇمتەك ، ئۆزۈڭچە شاپائەت ياغدۇرۇپ كېتىۋىدىڭ ، بۇ قانجۇق بىلدىمۇ ! ساڭا بۇرۇنلا دېگەنغۇ ، خوتۇن خەقكە قاتتىق قول بولۇش كېرەك ...

لى لىپىڭ توساتتىن ھوشىنى تاپقاندەك بولدى - دە ، يەنە بىر قولىنى چىقىرىپ چۈن چىنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى . ئۇمۇ نېمىلا دېگەنبىلەن بىر قاراقچى - دە ، رەھىمسىزلىك ئۇنىڭ ئەسلى ماھىيىتى . چۈن چى ئېغىزىدىكى قانلارنى يۇتقاچ ، ئازراق ئۈمىدسىزلەندى .

## 2

لى لىپىڭ ئاكىلىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئولتۇردى . بۇغا گۆشى ھېچقانچە قالمىغانىدى . ئىككىيلەن تويغۇچە يېگەندىن كېيىن ،

ھەرىكەتلىرى ئاستىلاپ، گۇلخان يېنىدا ھۇرۇنلۇق بىلەن ئوتقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ مۈگدەشكە باشلىدى. بىراق، مۇشۇنداقلا ئۇخلاپ قېلىشقا كۆڭلى ئۇنىمىغان بىرى ئورنىدىن ئىنجىقلاپ قوپۇپ، چۇن چىگە قاراپ كەلدى.

چۇن چىگە ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئايدىڭ ئىدى، شۇڭا ئىختىيارسىز لى لېيىنىڭ ئىنكاسىغا قارىدى. لى لېي ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن ئولتۇراتتى. ئۇ چۇن چىنىڭ «قۇتۇلدۇرۇۋالغىن» دېگەن نەزەردە قاراۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ، بىراق پەسكە قارىغانچە بىر پارچە يوغان پاچاق سۆڭەكنى غاجاپ شۈك ئولتۇرىۋەردى. بىرئازدىن كېيىن ئۇ خۇددى ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك:

— ئازراق ئوتۇن ئەكىرەي، — دېگەندەك قىلىپ، ئېڭىشىپ ئۆڭكۈردىن چىقىپ كەتتى. چۇن چى ئۇ چىقىپ كېتىپ بولغۇچە ئىزچىل ئۇنىڭغا قاراپ تۇردى، ئۇ قايرىلىپ قاراپ قويمىدى. چۇن چىنىڭ قەلبىدىكى ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى يەنە بىر قېتىم ئۆچتى.

چۇن چى ئۆزىنى ئىنتايىن ئاجىز ھەم نېپىز يۇمشاق رەختكە ئوخشاپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئەرنىڭ يىگىنىسى ئۇنى ئاسانلا تېشىپ ئۆتۈپ، ئۆزىگە مەھكەم چىگىۋالدى. چۇن چى تېنىدىكى يىپىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن ئۆتۈشۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، ھېچقانداق رېتىمى يوق، قوپال، قالايمىقان، خۇددى مۇشۇ بىمەنە كىشىلىك ھاياتتەكلا. ئەر شۇنداق نامرات، بىردەمدىلا يىپى تۈگەپ، ھاپىلا - شاپىلا يىپنى ئۈزۈپ يىگىنىنى سۇغاردى — مۇشۇ ئۇنىڭ نادىر ئەسىرىمىكەن؟ ئەر چۇن چىنىڭ چىرايىدىكى مەنىستىمەسلىكنى سەزمىگەندەك قىلاتتى.

ئىككىنچى ئەرمۇ ئاكىسىنىڭ ھەرىكىتىنى ئوخشاش دېگۈدەك تەكرارلىدى. ئۇنىڭ ئەزەلدىن ئۆز ئالدىغا قارىشى بولۇپ باققاندەك ئەمەس، ھەتتا ئەڭ مەردانىلىكى ئۇرغۇغان چاغدا ياراتقان ئەسىرىمۇ بىر تەقلىدىي ئەسەر. خىيالىدا مۇشۇنداق سېلىشتۇرۇش ئەكس ئەتكەن چاغدا، چۇن چى بۇ ئىككى ئەرنى خۇددى ھەزىلكەشلەردەك

كۇلكىلىك ھېس قىلدى . ئۇلار نېمىدېگەن بىچارە ··· بىراق ، ئۇ
يەنە ئازابلىق خىيالغا چۆمدى . لى لېيمۇ ئاشۇلارغا ئوخشاشمىدۇ ؟
بەلكىم ئۇ ئاكىلىرىغا قارىغاندا ياخشىراقتۇ ؟

شۇڭا ئۇ تېنىدە قالايمىقان ئۆتۈشۈۋاتقان يىڭنىگە پەرۋامۇ
قىلماي ، جىمجىت ياتقىنىچە ئۇنى كۈتۈۋاتاتتى .

لى لېي يېتەرلىك ۋاقىتتىن كېيىن قايتىپ كىردى . ئىككى
ئاكىسى ھايۋانىي ھەۋەسلىرىنى بىر ـ بىرلەپ قاندۇرغاندىن كېيىن
راھەت ئۇيقۇغا كەتكەندى . غاجاپ تاشلانغان بۇغا سۆڭەكلىرى چۇن
چىنىڭ ئەتراپىدا قالايمىقان چېچىلىپ ، ئاچ كۆزلەرچە يەپ ـ
ئىچىشتىن كېيىنكى ۋەيرانچىلىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى . لى لېي
بۇلۇڭدىكى ئوت ـ چاۋارلاردىن بىرئاز ئەكېلىپ چۇن چىنىڭ
يالىڭاچ تېنىگە يېپىپ قويدى ـ دە ، بۇرۇلۇپلا كەتتى .

ئۇ چۇن چىگە تەگمىدى ، ئۇنىڭ تېنىدىكى يىڭنە ئىزلىرىدىن
يىرگەنگەنمىدۇ ؟

چۇن چى گۇلخانىنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئولتۇرغان لى لېيگە
قارىدى ، ئۇنىڭ چىرايىدىن ھەۋەسنىڭ ئىزناسىنى كۆرمىدى .
شۇڭا ، ئۇنى بويسۇندۇرۇش ۋە كونترول قىلىش ئۈمىدىنىمۇ
كۆرەلمىدى . چۇن چىنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئوتتەك قىزىۋاتاتتى ،
خۇددى بۇ گۇلخان ئۇنىڭ تېنىگە تۇتاشقاندەك . ئەجەبا مۇشۇنداق
بولسا ئۇنىڭ تېنىدىكى يىڭنە ئىزنالىرى — ئار ـ نومۇسلار كۆيۈپ
تۈگەرمۇ ؟ بەلكىم بۇلارنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىدىغان
بىردىنبىر ئادەم ئۇنىڭدىن يىراقلاپ كەتكەندۇ .

ئۇلار ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆڭلىدە ئىش بولغاچقىمۇ ، بىردەم
ئۇخلاپلا ، دېيىشىۋالغاندەكلا ئويغىنىپ كەتتى ، كۆزلىرىنى
پارقىراتقىنىچە ئىككى ئەرنىڭ خورىكىنى ئاڭلاپ ياتتى . مۇشۇنداق
يېتىپ قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىنتاڭ ، لى لېي ئۆرۈلدى . چۇن
چى : «ھە ، ئۇ ئويغىنىپتۇ» دەپ ئويلىدى ـ دە ، ئۇنى گەپكە
سالماقچى بولدى :

— بۇياققا كېلىڭ ، گېپىم بار .

ئۇ قىمىرلىمىدى :

— مۇشۇنداق دەۋىرىڭ .

— سىزدىن سوراپ باقاي ··· — چۇن چى گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېمەي تۇرۇپلا بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى .

— نېمە ؟ — سورىدى ئۇ . چۇن چىنىڭ يېشى ھەمىشە ئۇنى بىئارام قىلاتتى .

— سىزدىن سوراپ باقاي ، ئەگەر سىز مېنىڭ ئورنۇمدا بولۇپ قالغان بولسىڭىز ، يەنە داۋاملىق ياشامتىڭىز ؟

ئۇ ئۈندىمىدى .

چۇن چى داۋاملىق سورىدى :

— نېمە ئۈچۈن ئۆلۈۋالمىغىنىمنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن ··· نېمە مېنىڭ مۇشۇنداق ئۇمىدسىز ياشاۋېرىشىمگە تۈرتكە بولۇۋاتقاندۇ ؟

لى لىي يەنىلا ئۈندىمىدى . بۇ يىگىت ئەقىللىق ، مۇلايىم ، سەزگۈر ، ساددىلىقىمۇ تېخى تولۇق تۈگىمىگەن ، ئەمما گەپ قىلماي تۇرۇۋالسا ، چىرايىدىن بىر خىل شۇملۇق چىقىپ تۇراتتى .

— بۇياققا كېلىڭە ، — بۇ قېتىم چۇن چى پۇتۇنلەي يېلىنغان تەلەپپۇزدا چاقىردى .

لى لىي ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى .

— سىز مېنىڭدىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇۋاتىسىز ، مەن بىلەن بىللە بولۇشتىن قورقۇۋاتىسىز . بۇ نېمە ئۈچۈن ؟ مېنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەۋاتامسىز ؟

قىزچاق ياش بىلەن يۇيۇلۇۋاتقان يۈزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى ، ئەمما ئۇنىڭ كۆزىدە بىر خىل قەتئىيلىك بار ئىدى . گەرچە بۇ قەتئىيلىك مۇشۇ دەقىقىلەرگە تازا ماس كەلمىگەندەك قىلىسىمۇ ، ھەتتا سەل بىمەنە بىلىنسىمۇ ، لېكىن كىشىنى تەسىرلەندۈرەتتى .

— ئۇخلىماي چۈش كۆرۈپسىز ، بىز خەنزۇ ئاياللارنى ياخشى كۆرمەيمىز .

— بوپتۇ . ئەگەر مەن خەنزۇ بولماي ، سىز بىلەن ئوخشاش مىللەتتىن بولۇپ قالغان بولسام ، مېنى ياخشى كۆرۈپ قالامتىڭىز ؟ مېنى قۇتۇلدۇرۇپ ، بۇ يەردىن ئېلىپ كېتەمتىڭىز ؟

— بۇنداق قىياسنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق ، سىز دېگەن خەنزۇ ، سىزنى كۆرگەن تۇنجى قېتىمدىلا شۇنداق ئىدى ، ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ ، — دېدى لى لىپ .

— مەن سىز بىلەن تونۇشمىغان بولسام بوپتىكەن ، — چۇن چى بېشىنى چايقاپ ، كۆزلىرىنى يۇمدى . ئۇنىڭ روھى چۈشۈپ قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى . بۇ چاغقا كەلگەندە ، ئۇ ئەمدى ئىنسىنىق تەر تەپچىپ تۇرىدىغان قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ قوللىرىنى ئىللىتقان ، ۋۇجۇدىدىن ئۆزىنى لال قىلىدىغان ئەرلىك جاسارەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بۇ ئەرنى ئۇنتۇپ كېتىشكە رازى ئىدى . چۇن چى ئەمدى ئۇ ۋۇجۇدىغا ئاتا قىلغان ، ئازلا قېلىپ قالغان ئاشۇ ئۇچقۇننىمۇ ئۆچۈرۈۋەتمەكچى .

بۇنىڭ بىر ئايەت ئىكەنلىكى چۇن چىگە باشتىن - ئاخىر ناھايىتى ئېنىق ئىدى . بۇنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بىلەن يامان بىرلىكتە گۇمران بولۇشتىنلا ئىبارەت . قانداقچىسىگە باشقىچە نەتىجە چىقسۇن ؟ ئۇ ئېلىشىپ قالغان بولسا كېرەك ، بىر قاراقچىدىن ئۆزگە مۇھەببەت تۇغۇلۇپ ، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۆز ئاكىلىرىدىن ئۆچ ئېلىپ بېرىدۇ ، دەپ ئۈمىد كۈتكىنىنى كۆرمەمدىغان !

ئۇ غەلىتىلا ھىجايدى ، خۇددى ئازراقمۇ نومۇسنى بىلمەيدىغان ساراڭ خوتۇندەك .

لى لىپ تۆۋەنگە قارىدى ، سۇيدۇك چۇن چىنىڭ تېنىدىن ئېقىپ چىقىۋاتاتتى — بۇ ئاچچىق بىلەن ئېقىپ چىققان ئىرىق سۈيى قۇرۇق ئوت - چۆپلەرنىڭ ئارىسىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ ، ئۇنىڭ ئايىغىغىچە ئېقىپ كەلدى ، رېزىنكە ئۆتۈكنى ھۆل قىلىۋەتتى . قىزىق ھور يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ ، ئەتراپنى سېسىق پۇراق بىر ئالدى ، ئۆڭكۈرگە كۈچلۈك ھاياتلىق ھىدى تولدى — قىزچاق تېنىدىكى ئەڭ ئاخىرقى كىچىككىنە ھارارەتنىمۇ ئىشلىتىپ بولماقچى ئوخشايدۇ .

شۇنىڭدىن كېيىن چۈن چى توختىماي قىزىدى ، ئۈمىد ئۆچكەندىن كېيىن ، تېنىدىكى ئاغرىق ئازابى بىلەن قارشىلاشقۇدەك ماغدۇرىمۇ تىرىپىرەن بولدى . ئۇتقا قاقلىغاندىكىدەك كۆيۈۋاتقان سىېزىم ئۇنىڭ هوشىنى ئاستا ـ ئاستا يۇتماقتا . ئۇ ئەمدى هېچنېمىنى ئويلىيالماس بولدى ، ئازابىنىمۇ هېس قىلالمىدى . بۇ دەل ئۇنىڭ ئۈمىد قىلغىنى بولسا كېرەك .

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن ، چۈن چىنىڭ پېشانىسىگە مۇزدەك بىر نەرسە تەگدى . ئۇ ئاستا كۆزىنى ئاچتى ، لى لىيېنىڭ ئۆز يېنىدا پېشانىسىگە سوغۇق لاتا قويۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى . بۇ بەلكىم يەنە بىر كېچە بولسا كېرەك ، ئەتراپ غۇۋا ، كىچىككىنە گۈلخاندا ئوت پاراسلاپ كۆيۈۋېتىپتۇ .

لى ليې قولىدىكى ناهايىتى ئەپچىل هەم ئىتتىك ئالتۇن بەكە بىلەن چۈن چىنىڭ بەدىنىدىكى باغلاقلىق ئارغامچىلارنى كېسىۋەتتى . ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرى سىېزىمىنى يوقاتقان ، ئەمما يۇزى ئوتتەك قىزىۋاتاتتى . چۈن چىنىڭ كۆزلىرىگە ئۇ ناهايىتى غۇۋا كۆرۈندى ، بىراق ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىدىكى قەتئىيلىكنى ئالاھىدە پەرق ئېتەلىدى . ئۇ ئاخىر مۇشۇنداق قىلىشنى تاللاپتۇ ـ دە ، چۈن چى ئۇنىڭ كەيپىياتىنىڭ ئېغىرلىقىنى هەم تەشۋىشلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى . چۈن چى مەلۇم بىهوش دورىنىڭ تەسىرىدە ئۆلۈكتەك ئۇخلاۋاتقان لى لىيېنىڭ ئىككى ئاكىسىغا قاراپ قويدى . لى ليې بىر خالتىغا ئالتۇن ـ كۈمۈش ، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلاردىن قاچىلىۋېلىپ مېڭىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى — ئۇ ئۇلارغا خائىنلىق قىلغانىدى .

چۈن چى سەل هەيران قالدى ، لېكىن نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ ئارزۇ قىلغان ئىش ئاخىر يۈز بەردى .

ئەمدى ئۇلارنىڭ قىلىدىغىنى چوقۇم ئەڭ تېز سۈرئەتتە دېڭىز بويىدىكى كېمىگە ئولتۇرۇپ بۇ يەردىن كېتىش . بۇ ئارال بەكلا

كىچىك ، پاناھلانغۇدەك باشقا ئۆڭكۈرمۇ يوق . يامغۇر پەسلىدە بۇ يەر پاتقاقلىق ، سازلىققىلا ئايلىنىپ قالىدىكەن .

چۇن چى لى لېينىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشكىنىچە ئورماننى كېسىپ ئۆتتى . قاتتىق يامغۇر توختىغان بولسىمۇ ، يوللار كۆلچەك ـ كۆلچەك بولۇپ كەتكەنىدى . چىرىپ كەتكەن غازاڭلارغا دەسسەپ ئۇچقاندەك يۈگۈرگەندە ، پاتقاقلار خېلى ئېگىزگىچە چاچراپ چىقاتتى . يىگىت رېزىنكە ئۆتۈك كىيگەن ، ئەمما چۇن چى ئۇنداق ئەمەس . چۇن چى ئىمكانقەدەر لى لېينىڭ ئىزىغا دەسسەپ يۈگۈردى . چۈنكى ، ئۇ دەسسىگەندە قېلىپ قالغان ئىز خېلى چىڭقىپ قالغاچقا ئاسانلىقچە پېتىپ كەتمەيتتى ھەم يىقىلمايتتى . دەسلەپىدە چۇن چى پۇتلىرىنى تازا كۆتۈرەلمەي ، قولىشالماي ئۇنىڭغا ئارانلا يېتىشىپ ماڭدى ، كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كەلدى ھەم يۈگۈرۈشتىن خۇشاللىق تاپتى . نېمىدېگەن ئەركىن جاھان ـ ھە ! ئۇ ئېچىلىپ قالغان پاچاقلىرىغا ، يىرتىلىپ كەتكەن كۆڭلەكلىرىگە پاتقاق چاچراپ كېتىشىنى پەرۋايىغىمۇ ئالمىدى .

ئاشۇ ئورمان ئىچىدىكى چىغىر يولنى يامغۇر سۇلىرى ئېقىتىپ پېتىق قىلىۋەتكەن بولغاچقا ، ئۇنىڭ نەگە تۇتىشىدىغانلىقىنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايتتى . ئۇلار چوقۇم يولنى خاتا ماڭدىغۇ دەيمەن ، خۇددى تېگى يوق تىلسىماتلىق ئوردىغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ، پاتقاق كېچىپ توختىماي يۈگۈرۈۋاتاتتى . بەلكىم بۇ دەل چۇن چىنىڭ كۈتۈۋاتقىنىدۇر : توختىماي مۇشۇنداق يۈگۈرۈۋەرسە ، تاكى پۈتۈنلەي ھالىدىن كەتكەنگە قەدەر ، ھەتتا ئەڭ ئاخىرقى تىنىقلىرىغىچە . شۇڭا ، ئۇ بىر پاي ئايىغى پاتقاققا پېتىپ قالغاندا ، لى لېينى توختاتمىدى .

يىگىت جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرمەكتە ، يۈگۈرۈش خەتەردىن قۇتۇلۇشتىن دېرەك بېرىدۇ ، يۈگۈرۈش ئۇ ئىككىيلەنگە تەۋە بولغان بەختنى قولغا كەلتۈرۈشتىن دېرەك بېرىدۇ . ھەربىر پارچە مۇسكۇل ، ھەربىر تال نېرىپ ، ھەربىر تال ھۈجەيرىلەرمۇ مۇشۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشماقتا .

شۇنداق ، چۈن چى ئۇنىڭ جىنىنىڭ بارچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ ، شۇڭا ئۇنىڭغا پەقەت كاشىلا قىلغۇسى يوق . ئۇنىڭ يالاڭ ئاياغ پۇتىغا پاتقاقلار چاپلىشىۋېلىپ ، ماڭمىقى تېخىمۇ تەسكە چۈشتى . چۈن چىنىڭ يۈرىكى سىقىلدى ، قىزىۋاتقان بەدىنى ھەر ۋاقىت «بوڭ» قىلىپ پارتلايدىغاندەكلا قىلاتتى . ئۇ تۈيۈقسىز بېشى قېيىپ يەرگە يىقىلدى — نەچچە كۈن ئۇدا يامغۇردا قېلىش ، قاتتىق چۆچۈش ، ئازاب ۋە ئۈمىد ئارىسىدا كۆپ قېتىم چۆرگىلەش ··· ئۇ بۇنچىلىك كۆپ قىيىنىلىشلارغا قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلىسۇن .

مۇرىسىدىكى خالتا بارغانچە ئېغىر بىلىنىشكە باشلىدى . لى لېيپ ئوڭ ـ سول مۇرىسىگە توختىماي يۆتكەپ باقتى ، لېكىن ئۆزىنىڭ ھېرىپ ماجالى قالمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇ كۈن پېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ئاكىلىرىنىڭ دورىنىڭ كۈچى كېتىپ ھوشىغا كەلگەنلىكىنى پەملىدى — كۆڭلى يۇمشاقلىق ئۇنىڭ ئاجىزلىقى ، ئەگەر ئۇ سەل باغرى قاتتىقلىق قىلىپ دورىنى كۆپرەك سېلىۋەتكەن بولسىغۇ ياخشى بولار ئىدى .

ئۇ ئۆزىنى ئەيىبلىگەچ ، چۈن چىنىڭ قولىنى كۈچەپ تارتتى ، ئۇ قايرىلىپ قارىۋىدى ، چۈن چى گويا ماموق پەيدەك ئۇنىڭ قولىدىن سىيرىلىپ چىقىپ ، يەرگە ئاستا ـ ئاستا يىقىلدى . پاتقاقتا دەسسەپ تۇرغان قىپقىزىل پۇتلىرىنى شاخ ـ شۇمبىلار تىلىۋەتكەن بولغاچقا ، توختىماي قان چىقىۋاتاتتى . لى لېيپ كۆڭلىكىدىن بىر پارچە يىرتىپ ئۇنىڭ پۇتلىرىنى تاڭدى . كۆل رەڭ پاتقاق سۇ چۈن چىنىڭ چاچلىرىدىن ، كىيىملىرىدىن تامچىپ تۇراتتى . ئۇ تولىمۇ رايىشلىق بىلەن ئۇنىڭ بىلەكلىرىدە جىمجىت ياتاتتى ، خۇددى خۇمدانغا ئەكىرىلىش ئالدىدىكى لاي قونچاقتەك .

لى لېيپ ئۇنى كۆتۈرۈپ داۋاملىق ماڭدى ، مۇرىسىدىكى ھېلىقى بايلىق قاچىلانغان خالتا ئەمدى ھەقىقەتەن ئېغىر كەلدى . ئۇ چىشىنى چىشلەپ خالتىنى يەرگە تاشلىۋەتتى .

ئۇ يېنىكلەپ قالغان مۇرىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ ، چۈن چىگە :

— ئەمدى پۇلىمىزمۇ قالمىدى ، بۇ يەردىن ئامان ـ ئېسەن قېچىپ چىقتۇق دېگەن بىلەنمۇ ، ئاچلىقتىن ئۆلىمىز ، قورقۇۋاتامسىز ؟

چۇن چى ھالسىز باقتى . بۇ يىگىت بۇنىڭدىن كېيىن راستىنلا ئۆزى بىلەن ياشىماقچىكەن ـ دە . چۇن چى سەل گاڭگىراپ قالدى . لېكىن ، تېزدىنلا بېشىنى چايقىدى ھەم تىرىشىپ كۈلۈمسىرىدى .

لى لىيې ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا ، خالتىدىن دومىلاپ چىققان بىر تال مەرۋايىتقا كۆزى چۈشۈپ قالدى . ئۇ ئېڭىشىپ ئۇنى ئالدى ـ دە ، چۇن چىنىڭ ئالقىنىغا قويدى :

— بۇنى سىز ساقلاپ قويۇڭ .

چۇن چى ئالقىنىدىكى مەرۋايىتقا قارىدى ، شۇنچە يۇملاق ، سىلىق ، رەڭگى قاشتېشىدەك ئاق ، كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇراتتى . بۇ مەرۋايىت بىرقۇر مارجاندىن ئۈزۈلۈپ چىققانىدى . ئۇ مارجاننى چۇن چىنىڭ ئاپىسى ئۇنى ياتلىق بولغاندا تاقايدۇ دەپ تەييارلىغانىدى .

ئۇ ئالقىنىنى ئاۋايلاپ يۇمدى . ئالقىنىدىكى مەرۋايىتنى سىقىملىغىنىدا ، ئاپىسىنىڭ ئۇ ئالەمدىن سۇنغان قولىنى سىقىملىغاندەك ھېس قىلدى .

— ئۇنى نەگە قويسام بولار ؟ ئۇ شۇنچە كىچىك تۇرسا ، سەل بىخەستەلىك قىلسىلا يىتتۈرۈپ قويىمەن .

لى لىيې ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك ئامالىنى ئىشلەتتى . ئۇ چۇن چىنىڭ قاپقارا سۇمبۇل چېچىدىن ئىككى تال يۇلۇپ مەرۋايىتنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ مەھكەم چىگدى ، ئاندىن چۇن چىنىڭ نامسىز بارمىقىغا باغلاپ قويدى .

چۇن چى ئىچ ـ ئىچىدىن كۈلدى ، لى لىيېمۇ ناھايىتى شادلاندى . ئۇ بۇ ئۈزۈك بىلەن سۆيگىنىمنىڭ قەلبىنى باغلىۋالدىم ، دەپ ئويلىدى .

ئۇلار يەنە يولغا ئاتلاندى ، بىر خالتا ئالتۇن ـ كۈمۈش ، جاۋاھىراتلار يەرگە چېچىلغىنىچە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا قالدى . ئاشۇ

جۇڭگودىن كەلگەن ئىبسل نەرسىلەر خۇددى ئۇيقۇسى كېلىپ كەتكەن پالتىراق قوڭغۇزدەك قويۇق ئورمانىنىڭ ئىچكىرىسىدە گىرىمسەن كۆزلىرى بىلەن ئەركىن ـ ئازادە يىراقلارغا ئۇچۇپ ماڭغان مۇھەببەتكە قاراپ قالدى . ئۇلار بۇ مۇھەببەتنىڭ قانچىلىك يىراقلارغا بارالايدىغانلىقىغا قاراۋاتاتتى .

## 4

لى ليې باغرىدىكى چۇن چىنىڭ خۇددىنى بىلەلمەي ياتقانلىقىنى ھېس قىلدى ، ئۇنى ئاستا تەۋرىتىپ ، دېڭىزغا قاراڭ ، دېدى . چۇن چى ساپ دېڭىز تۇزىنىڭ ھىدىنى پۇرىدى ، بۇ چاغدا دېڭىز بورىنىدىن سەل بېشارەت كېلىپ تۇراتتى . غايەت زور دولقۇنلار مەۋج ئۇرۇپ تۇرغاچقا ، دېڭىزدا ھېچقانداق كېمىمۇ يوق ، مەيۈس قارا كۆك ئاسمان شۇنچىلىك تۆۋەنلەپ كەتكەندەك كۆرۈنىدىكى ، ھېلىلا دېڭىزغا شۇڭغۇپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى .

دۇنيا خۇددى قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئىككىگە يېرىلىپ كەتكەن ياڭاقتا ئوخشاپ قالغانىدى . مۇشۇ دەقىقىلەردە دەل ئۇپۇق سىزىقىنى بويلاپ يېيىلىۋاتاتتى ، بەلكىم چىرىپ كەتكەن مېغىزىنى ئىچىگە سولاپ ، قايتىدىن قاتتىق ھەم قوپال مېۋىگە ئايلانماقچى بولۇۋاتسا كېرەك .

چۇن چى سەل ماغدۇرىغا كەلدى ، تاتىرىپ كەتكەن چىرايى دېڭىز شامىلىنىڭ يەلپۈشى بىلەن سەل قىزاردى .

دېڭىز بويىدا ئۇلار كېلىشىدە چىققان كېمە تۇراتتى ، ئۇنىڭغا ئانچە يىراق بولمىغان جايدا بىر قولۋاق توختىتىلغانىدى . بەلكىم بۇ چەت ئەللەرگە كەلگەن بېلىقچىلارنىڭ قولۋىقى بولسا كېرەك . لى ليې ھېچقانداق ئىككىلەنمەيلا قولۋاققا قاراپ ماڭدى .

— نېمىشقا كېمىگە چىقمايمىز ؟ — سورىدى چۇن چى .

— ئەگەر بىز كېمىنى ھەيدەپ كەتسەك ، بېلىقچىلار كېلىپ قالسا قولۋاقنى ھەيدەپ كېتىدۇ ، ئۇ چاغدا ئىككى ئاكام مۇشۇ چەت ئەللەرگە قامىلىپ قالىدۇ . مېنىڭ ئۇنداق قىلغۇم يوق ، — لى ليې

چۇن چىنى قولۋاققا چىقارغاچ ئۇنىڭغا چۈشەندۈردى .

قىرىنداشلىق مېھرى چوڭقۇر بولىدۇ ، دېگەن بىكار ئەمەسكەن ـ دە ، مۇشۇ چاغدىمۇ ئۇ قىرىنداشلىرىنى ئۇنتۇمىدى . چۇن چىنىڭ لى لىيىگە بولغان كىچىككىنە ئىشەنچى مۇشۇ مىنۇتلاردا تۇساتتىن يوقالدى .

ئەمما ئىغىزىدا ئەكسىچە :

— بۇمۇ خاتا ئەمەس ، ئۇلار دېگەن سىزنىڭ قان ـ قىرىنداشلىرىڭىز تۇرسا ، — دېدى .

قولۋاق ھېچقانداق بىر يەرنى نىشان قىلىپ ماڭمىدى ، پەقەت مۇشۇ چەت ئارالدىن تېزرەك يىراقلاپ كېتىش ئۈچۈنلا ، چەكسىز دېڭىزغا قاراپ ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتى . شىددەتلىك دېڭىز دولقۇنى ئادەم بويىدەك ئېگىزلىككە ئۆرلىگەن ، خۇددى ئادەملەرنى باقىي دۇنياغا تۇتۇپ كېتىش ئۈچۈن يەڭلىرىنى شىمايلاپ تۇرغان قارا تونلۇق ئەزرائىللغا ئوخشاپ قالغانىدى . چۇن چى لى لىيىگە يۆلىنىۋالدى . دېڭىز سۈيىگە چىلىنىپ كەتكەن تەنلىرى توڭلىغىنىدىن غال ـ غال تىترەيتتى . سوغۇق ئۇنىڭ ئاشۇ يارىلانغان تاپىنىدىن كىرىپ ، ئىزچىل ئۈستىگە ماڭماقتا . نېمىدېگەن سوغۇق ، ئۇ خۇددى بىر قۇرتتەك ، قان ۋە ئۇستىخانلىرىنى سۈمۈرۈپ كېتىپ ، ئۇنى قۇرۇقداپ قويماقچى .

قولۋاق ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە دولقۇن بىلەن تەڭ چايقالماقتا . دېڭىزدا ھېچقانداق ماياكمۇ كۆرۈنمەيتتى . ئاسماندىكى قارا بۇلۇتلار ئاينىمۇ توستى ، ئەتراپ قاپقاراڭغۇ ، قىلچىمۇ يورۇقلۇق يوق . چۇن چى تۇساتتىن چىرقىراپ كەتتى :

— ئۇزۇكۇم … ئۇزۇكۇم قولۇمدىن سىيرىلىپ چىقىپ كەتتى !

چۇن چى ئېڭىشىپ ، قوللىرىنى قولۋاق تاختايلىرىغىچە ئۇزىتىپ سىلاشتۇردى ، ئەمما ئەتراپ گۆرىستاندەك قاراڭغۇ ، ھەتتا قەيەرنىڭ قولۋاق ئاستىلىقىنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايتتى . شۇڭا ،

بۇ بىكارغىلا ئاۋارە بولۇش ئىدى .

لى لىي چۈن چىنى توستى ، ئۇنى يۆلەپ تۇتۇۋالدى :

— بولدى ئىزدىمەڭ ، بۇنچە قاراڭغۇدا قانداق تاپقىلى بولسۇن ؟

چۈن چى يەنىلا سىلاشتۇرۇۋاتاتتى — ئۇ قانداقمۇ ئاپىسى بىلەن ئايرىلىپ كەتسۇن؟ ئۇلار تېخى بايىلا جەم بولغان تۇرسا .

لى لىي ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ قويىنىغا سېلىۋالدى :

— كېيىن سىزگە يەنە سوۋغا قىلاي ، بولامدۇ ؟

چۈن چى لەۋلىرىنى چىشلىگىنىچە ئۈندىمىدى . لى لىي ئۇنى باغرىغا مەھكەم باستى . بىراق ، ئۇ ئازراقمۇ ئىسسىمىدى . ھارارەت ئۇنىڭ تېنىدىن تاراپ كەتمەكتە ، بىر خىل شۇم خىيال كاللىسىغا كىرىۋېلىپ ، ئۇنى تېخىمۇ تېز خارابلاشتۇرماقتا .

بۇ ئاپىسىنىڭ ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرەمدۇ قانداق؟ ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى قورقۇنچ ھېس قىلدى .

## 5

لى لىي بىر تەرەپتىن قولۋاق پالىقىنى چۆرىگەچ ، بىر تەرەپتىن توختىماي ئارقىسىغا قارايتتى . ئۇ ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىرى يۈز بەردى — ئۇنىڭ ئىككى ئاكىسى كېمىنى ھەيدەپ قوغلاپ كېلىۋاتاتتى .

— ئۇلار قوغلاپ كەلدى ! — لى لىينىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى .

چۈن چى ناھايىتى تەمكىن ئولتۇراتتى ، ھەتتا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپمۇ قويمىدى ، پەقەت بىرئاز مەيۈسلەندى . ئۇ ئىككى قاراقچىنىڭ ئۆزىنى تۇتۇپ كېتىپ ، خالىغانچە ئاياغ ئاستى قىلىشىنى ئويلىغاندا ، قاتتىق نومۇس ھېس قىلدى . ئۇ يېنىدىكى يىگىتكە قارىدى ، يىگىت پۈتۈن كۈچى بىلەن پالاق ئۇرۇۋاتاتتى . ئۇ نەقەدەر تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ ـ ھە ! چۈن چى ئۇنى چىڭ تۇتۇۋالدى .

ئۇ يۈزلىرىنى لى لېينىڭ ئېڭەكلىرىگە ياقتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى، قاڭشارلىرىنى سىلىدى.
لى لېينىڭ بۇلارغا دىققەت قىلغۇدەك ھەپسىلى يوق ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ پالاقنى تېخىمۇ كۈچەپ ئۇردى. ئۇنىڭ ھەربىر تىنىق سەل ئەسەبىي كۆرۈندى، خۇددى قاتتىق بوراندا ئۇشتۇلۇپ كېتەيلا دەپ قالغان دەرەخكىلا ئوخشاپ قالدى. چۈن چى يۈزلىرىنى ئۇنىڭ پاچاقلىرىغا ياقتى.
— ئۇلارنىڭ كېمىسى بىزنىڭ قولۋاقتىن خېلىلا تېز ماڭىدۇ، بىردەمدىلا يېتىشىۋالىدۇ.
— بۇنداق ئادەمنىڭ روھىنى چۈشۈرىدىغان گەپنى قىلماڭ! — لى لېي قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ ۋارقىراپ كەتتى.
كېمە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىلا تۇراتتى. ئۇ يەنىلا قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، جېنىنىڭ بارىچە پالاق ئۇرۇۋاتاتتى. دېڭىز سۈيى توختىماي قولۋاققا كىرمەكتە، قولۋاق ئاستا ـ ئاستا چۆكمەكتە. لى لېي خۇددى سۇغا دەسسەپ تۇرغاندەكلا كۆرۈندى.
چۈن چى ئۇھ تارتتى، تاپىنىدىكى سوغۇق ئېقىم يەنە ئۈستىگە ئۆرلىگىلى تۇردى. ئۇ كاسىلداپ تىترەپ كەتتى.
— مەنغۇ ھېچقانداق ئۈمىد كۈتمىدىم، پەقەت ئاشۇ ئۈزۈكنى تېپىۋالساملا بولاتتى ...
لى لېي ئېڭىشىپ قاراپ، چۈن چىنىڭ يەنە ئېگىلىپ سىلاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. يۈرىكى ئېچىشىپ، داۋاملىق تىركىشىشتىن ۋاز كەچتى. چۈن چى قىيپاش بولۇپ لى لېينىڭ پۇتىغا يۆلەندى. ئۇ ئەمدى قىزىمىدى، ئەكسىچە بەدىنى مۇزدەك بولۇپ كەتكەنىدى — ئۇ نېمىدىگەن ياداپ كەتكەن ـ ھە، لى لېي ھەتتا ئۇنىڭ بۆرتۈپ چىققان ئومۇرتقا سۆڭەكلىرىنىمۇ ھېس قىلالىدى.
لى لېي ئاخىر قايتا ھودۇقۇپ يۈرمىدى. ئۇ ئۆزىنى رۇسلاپ ئولتۇرۇپ، چۈن چىنى قۇچاقلىدى، ئۇنىڭ يۈزلىرىگە، لەۋلىرىگە سۆيدى ھەم ئاستاغىنا:

— سەل ئىسسىپ قالدىڭىزمۇ ؟ — دەپ سورىدى . چۇن چى ئازابلىق ھالدا قوشۇمىلىرىنى تۈرگىنىچە بېشىنى لىڭشىتتى .
ئەمدى كېمە ئۇلارنىڭ ئوڭ تەرىپىگىلا قوغلاپ كەلدى .
— لى لېي ، سەن بىر ئايالنى دەپ بىزگە ئاسىيلىق قىلدىڭ !
لى لېي ئاكىلىرىنىڭ ۋارقىراشلىرىغا پىسەنت قىلمىدى ، داۋاملىق چۇن چى بىلەن سۆيۈشۈۋەردى .
چۇن چى ئۇنىڭ لەۋلىرىدىن ئاجراپ سورىدى :
— لى لېي ، بىز قاچالمايدىغان بولدۇق ، شۇنداقمۇ ؟
— ھە ...
— بىراق ، مەن سىز بىلەن بىللە ھېچقانداق ئادەمزات يوق كىچىك ئارالغا بېرىپ ، غەم - غۇسسىسىز ياشىغان بولسام قانداق ياخشى بولاتتى - ھە ! ھېچكىم مېنى بوزەك قىلمىسا ... — چۇن چى ئاستا پىچىرلىدى .
— ھەئە ... — لى لېي كۆزلىرىنى يۇمۇپ ، جىمجىت كىچىك ئارالدا چۇن چى بىلەن قوغلىشىپ يۈرىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈردى . كېمىدىن تاشلانغان تۆمۈر ئىلغۇلۇق سالما ئۇلارنىڭ قولۇقىغا قاراپ ئۇچۇپ كەلدى ، بىراق قولۋاق بىلەن كېمە ئوتتۇرىسىدا دېڭىز دولقۇنى كۆتۈرۈلدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئەتراپتا چىراغ يوق ، ئاشۇ بۇركۇت تۇمشۇقىدەك ئۆتكۈر ، تىۋىنىشسىز كەلگەن سالما دولقۇنلار ئارىسىدا غىل - پال كۆرۈنۈپلا يوقاپ كەتتى . لى لېي چۇن چىنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى ، ئۇنى تامامەن گەۋدىسى ئىچىگە يوشۇرۇۋالدى . بۇنداق بولغاندا سالما كەلسىمۇ ئۇنى زەخىملەندۈرىدۇ ، چۇن چىگە تەگمەيدۇ .
— تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭە ، ئۇ نېمىدېگەن خاتىرجەم كۈنلەر ھە ...
چۇن چى كۆز ئالدىدا ئۇچۇپ يۈرگەن سالمىنى كۆرمىگەندەكلا قىلاتتى . ئۇ يەنىلا تەمكىن تەلەپپۇزدا :
— بىز يەنە نەچچە بالىلىق بولىمىز ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى گەپ ئاڭلايدۇ ، بىزگە ياردەملىشىدۇ . سىز ئوغۇللارنى

ئــوۋغا ئاچىقسىز ، مەن قىزلارغا كەشتىچىلىكنى ئۆگىتىمەن...
بىزنىڭ يوغان بىر كېمىمىز بولىدۇ ، بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى
دېڭىزغا چىقىپ ئوينايمىز ، بېلىق تۇتــىــمىز ، قــولــۇلــىــلــەرنــى
سۆزىمىز ...

چۈن چىنىڭ ئاۋازى بارغانچە پەسلەپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ بەكمۇ
مــۇزلاپ كەتتى ، تېنىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ماغدۇرى بىلەن مۇشۇ
گۈزەل ھېكايىنى توقۇدى .

لــى لــيــېــنىڭ پۇتۇن بەدىنى تىترەپ كەتتى . ئۇ غاچچىدە
ئورنىدىن تۇرۇپ ، چۈن چىنىڭ بېشىغا يېنىككىنە يەپىلەپ قويۇپ :

— مەن ئۇ كېمىگە چىقىپ ئۇلار بىلەن سۆزلىشىمەن ، —
دېدى .

چۈن چى ئۇنىڭ قولىغا چىڭ ئېسىلىپ قويۇپ بەرمىدى :

— مېنى تاشلاپ قويماقچىمۇ ...

— چــوقۇم قايتىپ كېلىمەن ، — دېدى ئۇ . چۈن چىنىڭ
ئــۇنــىــڭ بــويــنىغا كىرمەك سېلىۋالغان قوللىرى ئاستا ـ ئاستا
بوشىدى .

ئۇ چاپىنىنى يېشىپ چۈن چىگە ئوراپ قويدى ، ئاندىن ئۇچۇپ
كــەلگەن سالمىغا چاققانلىق بىلەن كاپ قىلىپ ئېسىلدى ـ دە ،
پولاڭلىغىنىچە ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى . چۈن چى ئۇنىڭ بوشلۇقتا ياي
شــەكــلــدە ئــۇچــۇپ ئــۆتــۈپ ، كــېــمە پالوبىسىغا گۈپ قىلىپ
ئۇرۇلغانلىقىنى غۇۋا كۆردى .ئاجىز كېمە پولىدىن غىچىر ـ غىچىر
ئاۋاز ئاڭلاندى . ئەتراپ سۈكۈتكە چۆمدى ، دېڭىز شاۋقۇنىدىن باشقا
ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمىدى .

ئۇ ئاكىلىرى بىلەن تاكاللىشىۋاتقانمىدۇ ، مۇشتلىشىۋاتقانمىدۇ
ياكى ئەپلىشىپ قالغانمىدۇ ... ئۇنداقتا ، ئۇ قايتىپ كېلەرمۇ ؟ چۈن
چىنىڭ كاللىسىدىن مۇشۇ خىياللار تېزلىكتە ئۇچۇپ ئۆتتى .

قــولۋاق دولقۇنلارغا ئەگىشىپ خالىغانچە لەيلەپ ، كېمىدىن
بارغانچە يىراقلاپ كەتمەكتە . قولۋاقتا يىغلىپ قېلىۋاتقان دېڭىز
سۈيــىــمــۇ ئــۈچ سۆڭ ئېگىزلىكتە ئۆرلىگەنىدى ، چۈن چىنىڭ

يارىلانغان پۇتلىرى ئۇنىڭغا چىلىنىپ تۇراتتى . جاراھەت ئېغىزى چىــرىشــقا باشلىغان بولسا كېرەك ، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭدىن قانلا ئــەمــەس ، يــىرىڭ ئېقىۋاتامدىكىن . چۇن چى ماغدۇرسىز ھالدا بېشىنى تىزلىرىغا قويدى . لى لىپ تېخىچە قايتىپ كەلمەيۋاتاتتى ، ئاكىلىرى ئۇنى قايتىپ كەتمەسلىككە كۆندۈردىمىكىنە ؟ ئۇ ئەمدى يېنىپ كەلمەسمۇ ؟ ئۇ ئاخىردا يەنىلا ئۇلارغا باش ئېگىپ ، ئۆزىدىن يۈز ئۆرۈپتۇ ـ دە ··· چۇن چى مۇشۇلارنى ئويلاپ ، كەمسىتىش نەزىرىدە كۈلۈپ قويدى .

ئــۇلار ئــەســلــىــدىــلا قــېرىنداش ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ، ياۋايى قاراقچىلار ، چۇن چى بولسا خورلانغان ، ئاياغ ئاستى قىلىنغان ياقا يــۇرتــلــۇق قــىــز ، لى لىپ مۇشۇنداق قارار چىقارسىمۇ ھەيران قــالغۇچىلىكى يوق . ئالدىدىكى ئاشۇ بۇزۇلماس ۋەدە دېگەنلىرى پەقەت بىر ياشنىڭ شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىغا ئاساسەن مۇنداقلا دەپ قويغان گېپى ، خالاس .

ھــازىــر چــۇن چىنىڭ كۈتۈۋاتقىنى تۆت تەرىپىدىن قاپساپ كېلىۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ ئۆزىنى يۇتۇۋېلىشى .

چۇن چى بۇ دېڭىزنى سۆيىدۇ ، چۈنكى ئاپىسى ئۇنىڭغا دەپنە قىلىنغان ـ دە .

## 6

بىراق ، لى لىپ تۇيۇقسىز يەنە ئاشۇ سالمىغا ئېسىلغىنىچە ئۇچۇپ كەلدى . ئۇ قولىۋاقا قايتىپ كەلدى ، چۇن چىنىڭ تۆپىسىگە دېگۇدەك مۆدۈرۈپ چۈشتى ، قولۋاق قاتتىق لەپەڭلەپ كەتتى . ئۇلار قاتتىق ئالاقزادە بولۇپ كەتتى . چۇن چىنىڭ بېشىنى كۆتۈرگۇدەك ماغدۇرىمۇ قالمىدى ، پەقەت ئاشۇ بىر جۈپ ئىللىق بىلەكنىڭ يەنە ئۆزىنى قۇچاقلىغانلىقىنى ھېس قىلدى .

— ئۇلار مېنى تۇتۇۋېلىپ قايتىپ كەتكىلى قويمىۋىدى ، ئۇلار بىلەن ئېلىشىپ كەتتىم ··· ئىككىسىگە پىچاق تىقىۋېتىپ ، ئاران قايتىپ كەلدىم !

ئۇنىڭ نەپەسلىرى ئىنتايىن جىددىي ئىدى ، سىقىلىپ چىقىۋاتقان ئاۋازى ئۇچالمايۋاتقان پەسىل قۇشلىرىنىڭ جىنىنىڭ بارچە قاناتلىرىنى پالاقلىتىشىغا ئوخشاپ قالغانىدى .

بۇ ھەقىقەتەن ياخشى خەۋەر بولدى ، دەپ ئويلىغان چۇن چى ئىچىدە كۈلدى . ئۇ ئاشۇ ئىككى قاراقچىنى ئويلىسىلا ، يۈرىكىگە ئاغرىق كىرىپ كېتەتتى ، ئۇلارنى پارە - پارە قىلىۋەتكۈسى كېلەتتى .

لى لېي توساتتىن قولىدىكى ئالتۇن رەڭلىك كالتە پىچاقنى چۇن چىنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويدى ، ئىككى قولىنى چىقىرىپ چۇن چىنىڭ يۈزىنى ئۇستىگە كۆتۈرۈپ ، لەۋلىرىنى ئىزدىدى ، ئاندىن سۆيۈشكە باشلىدى . چۇن چى ئېغىزىنى يوغان ئېچىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆيۈشتى . ئۇ خۇددى لى لېينىڭ ئېغىزىدىن نەپەسلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى . لەۋلەر ئارىسىدىكى بېغىشلاشلارنى ، ئاشۇ ئىللىق تىنىقلارنى چۇن چىنىڭ سېزىمىنى يوقاتقان نېرىپلىرى ئاللىقاچان سەزمەس بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى .

ئۇلار مۇشۇنداق قۇچاقلىشىپ تۇردى ، پەقەت قۇچاقلىشىپلا تۇردى ، ھېچقانداق گەپ - سۆز قىلىشمىدى . لى لېينىڭ ئۇنى قۇچاقلىغاندىكى قىياپىتىدىن ئۇنىڭ بىلەك ۋە گەۋدىسى بىلەن چۇن چىنى ئۆزىنىڭ كىچىك دۇنياسىغا سولىۋېلىپ ، سىرتقى دۇنيانىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇداپىئە قىلماقچى بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى . تاپىنى ئاستىدىكى بۇ قولۋاق ئۆلۈك بېلىقتەك ھېچقانداق تىۋۇش چىقارمايتتى ، پەقەت دېڭىز يەنىلا ئاشۇ ئاسمان - زېمىننى ئۆرتۆپە قىلىدىغان ئويۇننى ئويناۋاتاتتى . ئەمما ، بۇنىڭدىن كېلىۋاتقان شاۋقۇنلار خۇددى دېكوراتسىيىدەك ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا كۆۋرەپ تۇراتتى . ئۇلار ھازىر جىمجىتلىق بىلەن بىللە ، ئىللىقلىق بىلەن بىللە . چۇن چى ئۇنىڭ قوينىدا ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى ، قىپقىزىل تاپانلىرى ئاۋۋالقىدەك سوغۇق بىلىنمىدى . بۇ قۇچاقلىشىش ھەقىقەتەن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش سېھرىي كۈچىگە ئىگىمىدۇ ؟ چۇن چىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى . دېڭىز سۈيى يەنىلا

قولۋاقفا كىرمەكتە . لېكىن ، چۈن چىگە دېگىز سۈيىمۇ ئىللىق بىلىندى ، خۇددى بالىلىق چاغلىرىدا ھامىمىسىنىڭ ئۆيىدە چۈشكەن ئارىشاڭدەكلا . ئۇ ئاشۇ ئارىشاڭدا ئۆزىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ھەيزىنى كۈتۈۋالغانىدى . بىر دانە سىرلارغا تولغان ، تەقدىر ـ قىسمەتلەر يوشۇرۇنغان غۇنچە ئاشۇ سۇدا ئېچىلغانىدى . مۇشۇ دەقىقىلەردە ، بەختكە تولغان ئارىشاڭ ئۇنى يەنە بىر قېتىم قوينىغا ئالدى . ئۇ مۇشۇنداق ئىللىق ئېقىمنىڭ تاپىنىدىن كىرىدىغان سېزىمىگە ئامراق ، خۇددى ئىس ـ تۈتەكلەرنىڭ لەرزان ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ، بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرىپ كەتكىنىگە ئوخشاش .

چۈن چى ئاستا ـ ئاستا كۆزلىرىنى ئېچىپ ، لى لىيىگە پىچىرلىدى :

— ئەمدى مۇزلىمىدىم ، لى لىي .

— ھە ... — ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى يامغۇرلۇق كۈنلەردە تۇتاشتۇرغىلى بولمايدىغان ئوتۇندەك ، پەقەت سۇركەلگەن ئاشۇ دەقىقىلەردە يالتىلا قىلىپ ئۇچقۇنلاپ ئۆچكىنىدەك ، ئاجىز ھەم قىسقا چىقتى .

— ئازراقمۇ توڭلىمىدىم ، تاپىنىمدىكى جاراھەتلەرمۇ ئاغرىمىدى ، — چۈن چىگە بۇ سېزىم تولىمۇ غەلىتە بىلىندى . بىردەمدىلا ھەممە ئىشلار ياخشى بولۇپ كەتتىما ؟ بۇ ئۆلۈم ئالدىدىكى جانلىنىشمىدۇ ؟

— ياخشى بوپتۇغۇ ... — دېدى لى لىي ئاستاغىنا .

چۈن چى ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ ھالسىز ، ئۈزۈلۈپ ـ ئۈزۈلۈپ چىقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئازراق قورقتى ، بىراق يەنىلا غەيرەتكە كېلىپ :

— سىز دەم ئېلىڭ ، ھازىر مەن ئوڭشىلىپ قالدىم ، قولۋاقنى مەن ھەيدەي ، — دېدى ـ دە ، لىككىدە ئورنىدىن تۇردى . بىراق ، ئۇ تېخى بىر قەدەم ماڭمايلا ، لى لىينىڭ گۈپ قىلىپ يىقىلغانلىقىنى سەزدى . ئۇ قورققىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى ، دەرھال ئېڭىشىپ قولۋاقتىكى يىغىلىپ قالغان سۇغا

چىلىنىپ ياتقان لى لىيېنى يۆلىۋالدى . ئەمما ، چىلىق ـ چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەن لى لىيېنىڭ كۆزلىرى چىڭ يۇمۇلغان ، يۈزى ۋە پېشانىسىدىن ئېقىۋاتقىنى دېڭىز سۈيى ئەمەس ، ئىسسىق قان ئىدى .

شۇنداق ، گەرچە تۈن قاراڭغۇسى بولسىمۇ ، چۈن چى ئۇلارنىڭ قان ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلىدى . ئۇنىڭ بېشىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان قان چۈن چىنىڭ قوللىرىنى بويىدى . چۈن چى سەل تەئەججۈپلەندى ، قوللىرىنى كېمىدىكى سۇغا تىقىپ ، ئاستا ـ ئاستا چىقاردى — ئۇ ئۆزىنىڭ ئالىقانلىرىنى پەس ئۇچۇپ يۈرگەن قان سۈمۈرگۈچ شەپەرەڭلەرگە ئوخشىتىپ قالدى . ئۇ پۇتلىرىنىمۇ سۇدىن چىقاردى ، بارماقلىرى ئارىسىدىن ئېقىپ چۈشكەن قىپقىزىل قان خۇددى پىلەكتەك پۇتلىرىغا ۋە ئوشۇقلىرىغا يامىشىپ تۇراتتى .

ئەسلىدە ئۇنىڭ پۇتلىرى چىلانغان ئارىشاڭ سۈيىدەك ئىللىق ، يېقىشلىق نەرسە دېڭىز سۈيى ئەمەس ، ئىسسىق قان ئىكەن . چۈن چىنىڭ تەنلىرى تىترىدى ، لى لىيېنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلىدى . ئۇنىڭ ئاشىقى بارا ـ بارا كىچىكلىمەكتە ، بارا ـ بارا يىگلىمەكتە ، بارا ـ بارا بوشاشماقتا . چۈن چى ئۇنىڭ دۈمبىسىدىن مۇشتەك چوڭلۇقتىكى بىر جاراھەت ئېغىزىنى تاپتى . قان ھېلىمۇ ئېتىلىپ چىقماقتا . ئۇ قولى بىلەن ئېتىۋېلىۋىدى ، قاننىڭ ئۇنىڭ بەدىنىدىن چىقىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتقاندەك ھېس قىلدى . ھەربىر تېمىم قان لى لىيېنىڭ ھاۋالىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندەك ، ئۇدۇل چۈن چىنىڭ تاپانلىرىغا قاراپ ئېقىپ بېرىپ ، ئۇنىڭ تېنىدىكى سوغۇقنى ۋە ئاغرىق ئازابىنى قوغلاۋاتاتتى .

— لى لىيې ، لى لىيې ، — ئۇ ئاستا ئۇنى چاقىردى . سادا چىقمىدى . ئۇ ئۇنى ئاستاغىنا سىلكىپ باقتى ، لى لىيېنىڭ تېنى ئاڭسىز ھالدا سىلكىنىشكە ئەگىشىپ تەۋرەندى .

چۈن چى تۇرۇپلا قالدى ، كۆز ئالدىدىكىلەرنى قىياس قىلىپ باقمىغانىدى . ئۇ يىگىتنىڭ ئۆزى ئۈچۈن راستتىنلا جېنىنى تىكىپ قويغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمىدى . ئۇ ھاياتنىڭ ئاجىزلىقىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدى . ئالدىنقى دەقىقىلەردىلا ئۇلار تېخى

سـۆيۈشكەن ئەمەسمىدى ، مانا ئەمدى بۇ ئادەم يوقالدى . ئۇنىڭ بـايـىقى سۆزلىرىنى ئېسىگە ئالغىنىدا ، ئۇنىڭ تەنلىرى مۇزلاپ كەتتى . ئۇ بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆلۈكنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى . ئاپىسىنىڭ ئۆلۈمى تولىمۇ تاسادىپىي بـولـدى . ئـۇنـىڭ ئۇستىگە ، ئۇ ئاياغ ئاستى قىلىنىۋاتقان چاغ بولغاچقا ، تېزدىنلا ھوشىدىن كەتكەن ، ھوشىغا كەلگەن چېغىدا ، ھـەمـمە ئىشلار ئۆتۈپ كەتكەن . ئاپىسى بەلكىم تاغ ـ دەريالارنى بـېـسىـپ ئۆتۈپ ، قارشى قىرغاققىمۇ چىقىپ بولغان چاغ بولسا كـېـرەك . ھـازىـر ئۇ يېنىدىكى ئادەمنىڭ بارغانسېرى مۇزلاپ ، بـارغانسېرى قېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ ئولتۇراتتى . يۇمشاق قاش ـ كۆزلەر خۇددى لاي ھەيكەلدەك ئاستا ـ ئاستا قېتىپ تۇراقلاشماقتا . ئۇ ئۇنىڭغا يەنە يۆلىنىۋېرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى . بىراق ، جەسەت شـۇ تۇرغان پېتى تۇرالمىدى . چۈن چى قوللىرىنى قويۇۋېتىشى بىلەن تەڭ ، پۆلاڭلىغىنىچە سۇغا چۆكۈشكە باشلىدى . چۈن چى دەرھال ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى .

ئـاشۇ كۈنـى ئـاخـشـىـمى ، بـۇ قـولـلار كـېـچىدـىكى كېمىدەك ئاستا ـ ئاستا كېلىپ ، خورلۇققا ئۇچرىغان قىزچاقنى ئىسسىتقان ئەمەسمىدى . چۈن چى بۇ قوللارنى تۇتۇپ ، ئىلگىرى ئۇنىڭدىن ئالغان ئىللىقلىقنى قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولدى . بىراق ، بـۇ قوللارنىڭ بۇرچى ئادا بولۇپ بولغان ، ھازىر بارلىق قوبۇل قـىـلـىـشتىن توختىغانىدى . چۈن چى ئەمدى قايتۇرۇشقا مەڭگۈ ئامالسىز ، ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك قەرزدار بولدى .

بۇ چاغدا ، چۈن چى ئانچە يىراق بولمىغان بىر جايدىن بىر روشەن نۇرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇ نۇرنى بويلاپ قاراپ ، ھېلىقى يىتتۇرۇپ قويغان مەرۋايىت ئۇزۇكنىڭ قولۋاققا يىغىلىپ قالغان سۇ يۈزىدە تىپتىنچ لەيلەپ تۇرغانلىقىنى كۆردى . ياق ، سۇدا ئەمەس ، لى ليىنىڭ قېنىدا لەيلەپ تۇراتتى .

ئـۇ ئۇزۈك خـۇددى قـارغـىشقا كەتكەن ئۇيقۇ مەلىكىسىگە ئـوخشايتتى ، قېنى ئۇنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ ، ئاستا ـ ئاستا سۇ

يۈزىگە كۆتۈرۈپ چىققانىدى . ئىسىگە كەلگەن مەرۋايىت كۆزىنى قاماشتۇراتتى . قاشتېشىدەك سۈزۈك ئاق ، تاڭ نۇرىدەك ئانچە ـ مۇنچە سۇس قىزىل نۇرمۇ يالتىرايتتى .

مەرۋايىت سۇنىڭ ئىتتىرىشى بىلەن ئۈزۈپ يۈرگەن قومچاقتەك ، ئاستا ـ ئاستا چۈن چىنىڭ ئالدىغا كەلدى .

مەرۋايىت ئۈزۈك ئۆنى ئىزدەپ كەلگەنىدى .

چۈن چى قوللىرىنى سوزۇپ ، قان ئارىلاش سۇدىن مەرۋايىتنى ئاۋايلاپ ئالىقانلىرىغا سۈزۈۋالدى .

چۈن چى گاڭگىراپ قالدى . بۇ ئۈزۈكنىڭ يەنە بىر ئۇچىغا زادى ئاپىسى باغلانغانمىدۇ ياكى لى لىيې باغلانغانمىدۇ ؟

كېيىنمۇ ئەمەس ، بۇرۇنمۇ ئەمەس ، دەل مۇشۇ چاغدا دېڭىز تاشقىنى يېتىپ كەلدى . خۇددى مەخسۇس مۇشۇ پاجىئەلىك ئاقىۋەتنى يىغىشتۇرۇش ئۈچۈن كەلگەندەك ، دېڭىز بورىنى تولدۇرۇلغان قارا يەڭلىرىنى شىمايلاپ ، ھەممىسىنى ئىچىگە ئەكىرىپ كەتتى . چۈن چى دېڭىز يۈزىدە پەيدا بولغان قىزغۇچ سېرىق يورۇقلۇقنىڭ ئۆركەشلىگەن دېڭىز دولقۇنلىرىنى ئېلىپ ، ئۇ ئولتۇرغان غېرىبانە قولۋاققا قاراپ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى . كۆز ئالدىدىكىسى قىپقىزىل سۇ . ئۇ بۇ جاينىڭ ھەش ـ پەش دېگۈچىلا ئوت دېڭىزىغا ئايلىنىدىغانلىقىدىن قىلچىمۇ گۇمانلانمىدى ، ھېچكىممۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ ! ئاشۇ دەقىقىلەردە ، دېڭىز جاھاننىڭ مەركىزى ، ئەڭ قىزىغان سەھنە ، ئەڭ كەڭرى جازا مەيدانى .

بىراق ، چۈن چىنىڭ بۇلار بىلەن نېمە كارى . ئۇ ھازىر ھېلىقى قان تامچىلىرى يالتىراپ تۇرغان مەرۋايىتنى سۈرتۈش بىلەن ئاۋارە . ئاپئاق يالتىراق مەرۋايىت يۈزىدىكى قاتمۇقات جۇلالىنىۋاتقان نۇرلار خۇددى ئېچىنىش نەزىرىدە كۈلۈمسىرەپ تۇرغان كۆزلەرگىلا ئوخشايتتى .

قولۋاقنى غايەت زور دولقۇن ئۆرۈۋېتىشتىن بۇرۇن ، چۈن چى

مەرۋايىتنى ئېغىزىغا سېلىپ ، لەۋلىرىنى چىڭ يىمىرىۋالدى . ئۇ ئۆزىنى قارلىغاچقا ئايلىنىپ ، ئېغىزىغا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان قىزىل ياقۇتنى چىشلىگىنىچە شاھزادىسىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلدى . شاھزادىنىڭ قۇرۇپ كەتكەن كۆز چاناقلىرىدىن بەخت ياشلىرى سىرغىپ چىقتى[①] .

① قارلىغاچ ، قىزىل ياقۇت ، شاھزادە : ۋىلدېنىڭ «شاد ـ خۇرام شاھزادە» چۆچىكىگە قاراڭ .

# قۇلۇلە قېپى

*ئالتۇن ئاسماندا ئۇسسۇل ئويناۋاتىدۇ ،*
*ماڭا ناخشا ئېيت دەپ بۇيرۇق قىلىۋاتىدۇ .*

— مانگېرستام

# كېيىنكى بۆلەك

## 1

قىپقىزىل قۇلۇلە، ئالىقىنىمغا چاپلاشقىنىچە ئۇچقاندەك چۆرگىلەشكە باشلىدى. كۆزلىرىمنى يۇمدۇم، بارماقلىرىم بىر دانە كۆركەم سۇ ئىلاھى ئوردىسى قۇلۇلە قېپى ئۇستىنى يېنىككىنە سىيپاپ ئۆتتى — بۇ سىرلىق مۇنارنىڭ ئىشىكى چېكىلدى، مانا ئىشىكمۇ ئېچىلدى، ئىچىگە قامالغان سەرگۈزەشتىلەر قويۇپ بېرىلىشكە باشلىدى.

چۇن چى بەش ياشلاردا، يۇمران چاچلىرى ئەمدىلا ئارقىسىغا تارتىپ تۈگكۈدەك بولغان، ئۇچىسىغا قىزىل تاۋاردىن كەمزۇل كىيگەن، دادىسى بىلەن ئات هارۋىغا ئولتۇرۇپ يىراق سەپەرگە ئاتلانغانىدى. دادىسى ئۇنى كۆتۈرگىنىچە دېڭىز بويىدا تۇراتتى، بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم دېڭىزنى كۆرۈشى. ئۇ ئىلگىرى ئاسماننىلا ئەڭ گۈزەل دەپ بىلەتتى، چۈنكى ئۇ شۇنچە كۆك، شۇنچە چەكسىز، مانا ئەمدىلىكتە دېڭىزنىڭ هەممىدىن گۈزەل ئىكەنلىكىنى ئۇقتى. ئۇ دېگەن مىدىرلىيالايدىغان ئاسمان ئىكەن ئەمەسمۇ. ئۇ دېڭىزغا بەكلا ئامراق بولۇپ قالدى، دېڭىزدا ئۆزىنىڭ ئاززاق ئىزناسىنى قالدۇرغۇسى كېلىپ كەتتى. چۇن چى دادىسىغا هاپاش بولۇپ تۇرۇۋاتقاندا، بىر پاي كەشنى يەنە بىر پۇتى بىلەن ئاستاغىنا ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋەتتى. قىزغۇچ بىنەپشە رەڭلىك كەش خۇددى قولۋاقتەك دېڭىز دولقۇنىدا بىر ئۆرلەپ، بىر چۆكۈپ، بارا - بارا يىراقلاشتى، دادىسى ئېڭىشىپ ئاياغنى تۇتۇۋالماقچى بولدىيۇ، ئۈلگۈرەلمىدى. ئۇ قايرىلىپ قىزىنىڭ چىرايىغا قارىدى، قىزى كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپمۇ قويماي، لەيلەپ كېتىۋاتقان ئاياغقا

قاراپلا تۇراتتى ، چىھرىدە ئاجايىپ خۇشاللىق ئەكس ئەتكەنىدى . چۇن چى كۆز ئۇزمەي قاراپ تۇردى ، تاكى كەشى تامامەن كۆزىدىن يىتكەنگە قەدەر . دېڭىز ئۇنىڭ سوۋغىسىنى قوبۇل قىلدى ، ئۇ ئارزۇسىغا قانغان ھالدا دادىسى بىلەن ئۆيگە قايتتى .

چۇن چىنىڭ توققۇز ياش چاغلىرى ، ئۇ يەتتە تارلىق چالغۇ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ، ئۇنىڭ تارلىرىنى لەرزان ئىلىۋاتاتتى . ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ ، بارماقلىرى چالغۇغا تەگكەندە چىقىۋاتقان ئاۋازنى زەن قويۇپ ئاڭلايتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ ساز چالغاندىكى قىياپىتىگە مەپتۇن بولۇپ كېتەتتى ، بارماقلىرى نەقەدەر يېڭىل ـ ھە ، ئۆزىنى ھېچقانداق كۈچىمەيۋاتقاندەكلا ھېس قىلاتتى . شۇنداق ، ئۇ ئارقىسىدا پەرىشتىنىڭ تۇرغانلىقىغا ، ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ مىدىرلىتىۋاتقانلىقىغا ئىشىنەتتى . ئۇ ئارقىسىغا قاراشقىمۇ پېتىنالمايتتى ، پەرىشتىنىڭ ئۆزىنى تاشلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى ، چالماي توختاپ قېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى ، بۇ ئاجايىپ ، تىل بىلەن تەسۋىرلەشكە ئاجىزلىق قىلىدىغان مىنۇتلارنى قەدىرلەيتتى . ئۇ تاماشىبىنغىمۇ ، تەرىپلەشلەرگىمۇ موھتاج ئەمەس . ئاشۇ روھلارنىڭ لەرزان ئۇسسۇللىرى ئالدىدا ، بۇلارنىڭ ھەممىسى تولىمۇ ئارتۇقچە ھەم ساختا . ئەمما ، بۇ چاغدا ئۇ تېخى بىر ئۆمۈر يېگانىلىكتە ئۆتۈشىنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەنلىكىنى بىلمەيتتى .

ئۇ ئون تۆت ياش . دادىسى يەنە يېڭى توقال ئالدى . چۇن چى قىزىقىپ كېلىنچەككە قارىدى ، ئۇ شۇنداق ياش ، قارىماققا ئۆزىدىن نەچچە ياشلا چوڭدەك قىلاتتى . ئۇ تولىمۇ گۈزەل ، مەڭزىلىرى شۇنچە قىزىل ، بۇ قىزىللىق ئاۋۇ بېشىغا ئارتقان قىزىل رومالنىڭ شولىسىمىدۇ ياكى ئىزا تارتقانلىقىدىنمىدۇ ؟ ئەگەر بۇ گۈزەل چۇن چىنىڭ ئاپىسىنى ئازابقا قويمىغان بولسا ، بەلكىم ئۇ ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قالار بولغىيدى . بۇ يېڭى كېلىنچەك كەلگەندىن بۇيان ، دادىسى ئاپىسىنىڭ قېشىغا تېخىمۇ كەلمەس بولدى . پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر ئولىشىپ تاماق يەۋاتقان چاغدىمۇ ، دادىسىنىڭ يېڭى

كېلىنچەككە ئامراقلىقى بىلىنىپلا تۇراتتى . ئۇ كېلىنچەكنىڭ قاچىسىغا قورۇمىلارنى سېلىپ قوياتتى ، كېلىنچەك ئۇنىڭ ماڭلايلىرىدىكى تەرلىرىنى سۇرتۇپ قويسا ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ ، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ بېرەتتى . بۇ ھەرىكەتلەر ئەسلىدىلا تامىقى ئاز ئاپىسىنىڭ گېلىدىن تېخىمۇ تاماق ئۆتمەس قىلىپ قوياتتى . ئۇ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىغا قارىغاندا ، ئازابلىرى چىرايىغا چىقىپلا كېتەتتى . ئاپىسىنىڭ ئاجىزلىقى چۇن چىنى ساراسىمىگە سېلىپ قوياتتى . دادىسىنىڭ سەككىز خوتۇنى بار ، ئالدىدا ئالغان ئايالىلارنىڭ ھەممىسى ، ئاپىسىدىن باشقا ، يېڭى كېلىنچەكنىڭ كىرىشىگە سەزگۈرلۈكىنى يوقاتقان ، ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا قىزىقىشلىرى بار ، شىشىخال ئويناش ، مۇشۇك بېقىش ، گۈل ـ گىياھ بېقىش ··· دېگەندەك . ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئېرىدە ئەمەس . پەقەت ئاپىسىنىڭلا ھېچقانداق قىزىقىشى يوق . ئۇ پەقەت پەنجىرە تۈۋىدە جىمجىت ئولتۇرۇپ ئېرىنى ئويلايدۇ ، ئېرىگە كىيىم تىكىدۇ ، كەش شىرىيدۇ . ئاپىسى ئۇچۇن دادىسىنى كۆرۈۋېلىش شۇنچىلىك قىممەتلىك . مۇبادا دادىسىنىڭ شاپائىتى تۇتۇپ كېتىپ ، ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە ئېغىز پاراڭلىشىپ قويسىلا ، سەل سىپايە مۇئامىلىدە بولۇپ قويسىلا ، ئۇ بەختكە چۆمۈلۈپ ، نەچچە كۈنگىچە ئۇخلىيالمايدۇ . ئەگەر دادىسىنىڭ باشقا ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلغىنىنى كۆرۈپ قالسا ، يوشۇرۇنچە ياش تۆكىدۇ . ئۇ بەكمۇ كۆپ يىغلايدۇ ، كۆزلىرى ھەمىشە دېگۈدەك قىزىرىپ ئىششىپ قالىدۇ . ئاپىسى ئاشۇنداق بىئارام بولغان چاغلاردا ، چۇن چى ھەمىشە يېقىنچىلىق بىلەن يېنىدا ئولتۇرۇپ ، ئاپىسىغا تەسەللى بولىدۇ ، ئاپىسىنىڭ جۇدەڭگۈ ، تىترەۋاتقان چىرايىغا قارىغىنىدا ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالىدۇ . ئاپىسى ئۇنىڭغا ، پەقەت ئۆزى بىلەن چۇن چىنىڭ دادىسى ئوتتۇرىسىدىكىسىنىڭلا ھەقىقىي ھېسسىيات بولغاچقا ، مۇشۇنداق ئازابلىنىدىغانلىقىنى ئېيتقان . ئۇ يەنە شۇنداق بىر كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتىدىغانلىقىنى ، دادىسىنىڭ تۇرمۇشى ناچارلىشىپ ، ھازىرقى سەلتەنىتىنى يوقىتىشىنى ، شۇ چاغدا

كىشىنىڭ كۆڭلىنى ھەقىقىي بىلگىلى بولىدىغانلىقىنى — ھازىرقى قىزغىنلىقلار پەسىيىپ، ئۇ ساختا كەرەشمىلىك ئادەملەر تەرەپ - تەرەپكە تارىلىپ كەتكەندە، پەقەت ئۆزىنىڭلا بىردىنبىر ئۇنىڭ قېشىدا قېلىپ قالىدىغان كىشى بولالايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئاپىسى مانا مۇشۇنداق بىر يىراق ئارزۇسى ئۈچۈنلا ئازابلارغا بەرداشلىق بېرىپ ياشىماقتا ئىدى.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، چۇن چى دادىسىنىڭ يېڭى خوتۇنىغا قارىغىنىدا تەبىئىي بولالمىدى، ئۇنىڭ ھەربىر قىلىقلىرى، كۈلكىلىرىمۇ ساختا بىلىندى.

ئون يەتتە ياشلىق چۇن چى كېمە بېشىدا تۇراتتى، ئۇ ئاپىسى ئۈچۈن دېڭىزغا چىقتى، مالايا تاقىم ئاراللىرىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆزى ئۈچۈن يولغا چىققىنى يوق، ئۇ ئەمەلىيەتتە بىر ئۇلۇغ مۇھەببەتكە ۋەكىللىك قىلدى، جۇڭگودىن ئوكيان ئاتلاپ مالايا ئارىلىغا ئەۋەتىلگەن مۇھەببەتكە. لېكىن، ئۇ يەنىلا خۇشال، چۈنكى يەنە بىر قېتىم دېڭىزغا يېقىنلاشتى. ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى ئۇ تېخى كىچىكىدە دېڭىزغا چۈشۈرۈۋەتكەن كەشىنى چۈشەپ قالدى، چۈشىدە كەشى چوڭىيىپ، بىر قولۋاققا ئايلىنىپ قاپتۇمىش، ئۆزى ئۇنىڭغا چىقىپ، دېڭىزدا كېتىۋاتقۇدەك ...

## 2

مەن چۇن چى بىلەن بۆلەك - بۆلەك ئەسلىمىلەر ئىچىگە كىرمەكتىمەن. ياق، مەن دېگەن ئۇ، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئويلىنىۋاتىمەن، تەڭ قايغۇرۇۋاتىمەن، تەڭ خۇشاللىنىۋاتىمەن. بۇ بىر خىل ئاجايىپ تۇيغۇ: بىر ئادەم بىلەن تامامەن بىرىكىش، ئۇنىڭ تېنىدە ياشاش؛ ھەممە شۇنداق ھەقىقىي، ھەتتا بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆتكەن يىگىرمە يىلمۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەس بولۇپ چىقتى.

مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى، چۇن چىنىڭ يوقاتقان

ئەسلىملىرى ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن تۆگە ئوتتۇرىسىدىكى قەلبىگە ئورناپ كەتكەن مۇھەببەت يوق ئىدى، ھەتتا تۆگىنىڭ بىرەر ئىزناسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، تۆگە ئۇنى ئالدىغانىدى. بىچارە چۈن چى شۇنچە ئەقىدە بىلەن ئۇنى ئىزدەپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆزلىرىنى كور قىلىپ، تىرناقلىرىنى سۇغۇرۇپ، يىگىرمە يىللىق ھاياتىنى زايە قىلىپ، راھىبەدەك ئۆتكەن ئەمەسمىدى! چۈن چىنىڭ كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان، ھاۋا ئۆتۈشمەيدىغان ئۆيگە سولىنىۋېلىپ، لىق بىر شىرە قولۇلە قېپىغا قاراپ تېڭىرقاپ ئولتۇرۇشلىرى يادىمغا كەلدى؛ چۈن چىنىڭ كېمىدە غەزەلخانلىق قىلىپ، تۈن نىسپى بولغاندا ھەممە ئۇخلاپ قالغاندا، بىر بۇلۇڭغا تىقىلىۋېلىپ، ياغاچ ساندۇقتىن قولۇلىدىن بىرنى چىقىرىپ، ئېھتىيات بىلەن سىلاشتۇرۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم ... يۈرىكىم قاتتىق ئېچىشىپ كەتتى، نەچچە تامچە ياش كۆز قۇيرۇقلىرىمدىن ئېقىپ چىقتى.

دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئېچىنىشلىق ئالداش بولماس. ھەقىقىي ئەھۋال نېمە قىلارىمنى بىلەلمەس قىلىپ قويدى. بۇنى چۈن چىگە دېسەم بولارمۇ؟ مۇبادا دېسەم، ئۇ شۇنچە يىلدىن بۇيانقى تىرىشچانلىقلىرىنىڭ بىھۇدە ئاۋارە بولۇش ئىكەنلىكىنى ئۇقسا، بۇ زەربىگە بەرداشلىق بېرەلەرمۇ؟ ئەگەر ئېيتمىسام، ئۇ داۋاملىق ئىزدەۋېرىدۇ، پۈتكۈل ئۆمرىنى خورىتىدۇ — بۇنىڭغا قانداقمۇ چىداپ تۇرالايمەن!

قەھۋەزارلىقنى، ياغاچ ئۆينى ھەم خۇاخۇا بىلەن بىللە ئىشلەتكەن كۈندىلىك بۇيۇملارنىمۇ سېتىۋېتىپ، دەرھال كېمىگە ئولتۇرۇپ قايتماقچى بولدۇم. بىراق، مېڭىش ئالدىدا يەنىلا ئارىسالدى بولۇپ قالدىم. قايتىپ بارغاندا چۈن چىگە نېمە دەرمەن؟ ئارالدا يەنە نەچچە كۈن تۇرۇپ قالدىم، كۈندۈزلىرى خامۇش، كېچىلىرى ئۇيقۇسىز كۈنلەرنى ئۆتكۈزدۈم.

كېيىن ئاخىر ئۇخلاپ قاپتىمەن، چۈشۈمدە چۈن چىنى كۆردۈم. ئۇ قاتتىق ئاغرىپ قېلىپ، كارىۋاتتا سەكراتتا ياتقۇدەك، يېنىدا بىرەرىمۇ يوقمىش. ئۇ ھەدەپ مېنىڭ ئىسمىمنى

چاقىرىۋاتقۇدەك: شىياۋشىڭ، شىياۋشىڭ ... ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچىلىك ئېنىقكى، يۈرىكىمگە دۈك ـ دۈك ئۇرۇلۇۋاتقۇدەك. چۆچۈپ ئويغاندىم، ئۆزۈمنى كېچىكىپ قالغاندەك، ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرۈشكە ئۇلگۈرەلمەيدىغاندەك ھېس قىلدىم.

ئاخىر قايتىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش قارارىغا كەلدىم. ھېچنېمە بۇنىڭدىن مۇھىم ئەمەس.

قەبرىگە بېرىپ خۇاخۇا بىلەن باۋئېرنى يوقلىدىم. چوڭ قەبرىنىڭ ئۇستىگە ئۆسكەن ئوت ـ چۆپلەر كىچىك قەبرىنىڭ ئۇستىدىكى ئوت ـ چۆپلەر بىلەن تەڭ بولايلا دەپتۇ. يەنە بىر ـ ئىككى ئاي ئۆتسە، ئىككى قەبرىنىڭ ئوت ـ چۆپلىرى بىر ـ بىرى بىلەن تۇتىشىپ كەتكۇدەك؛ يەنە بىر ـ ئىككى ئاي ئۆتسە، قەبرىنىڭ شەكلىمۇ كۆرۈنمەي قالغۇدەك ... مۇشۇنداق قىلىپ، تەبىئەت بۇلارنى يۇتۇپ كەتكۇدەك. بىلىمەن، خۇاخۇا بۇ ئارالنى ياخشى كۆرمەيتتى، ئەگەر مېنى دېمىسە بۇ يەردە بىر كۈنمۇ تۇرغۇسى يوق ئىدى. ئەمما، ھازىر ئۇ بۇ يەردە مەڭگۈگە قېلىپ قالدى.

بەلكىم ئۇنى ۋاقىت چىقىرىپ پات ـ پات يوقلاپ تۇرۇشۇم لازىم بولغىيدى. مېنىڭ ئاق كۆڭۈل خوتۇنۇم. بىراق، قەلبىمنى قۇلۇپلە قاپلىرىنىڭ ئىشلىرى چىرمىۋالغاچقا، ئازراقمۇ ۋاقىت چىقىرالمىغاندىم. بەلكىم بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاياغلاشقاندا، ئاستا ـ ئاستا خۇاخۇانى ئەسكە ئېلىشىم، ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئويلاپ قېلىشىم، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغىنىمغا ھەسرەت چېكىشىم مۇمكىن.

## 3

ئاخىر ماڭا ئەڭ تونۇشلۇق بولغان جايغا قايتىپ كەلدىم. بۇ مەكتەپتىن ئۆيگە تۇتىشىدىغان يول — بالىلىق چاغلىرىمدا بۇ كۆكتاش ياتقۇزۇلغان يولدا ئۇچقاندەك يۈگۈرۈيتتىم، بىردىنبىر ئارزۇيۇم چۈن چىنى بىر كۆرۈۋېلىش ئىدى.

بۇ قېتىم سىم ـ سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى. ياغاچ ساندۇقنى

دۈمــبــەمــگــە ئــارتــقىنىمچە مۈخ ئۈنۈپ كەتكەن تاش پەلەمپەيدە كــېتىۋاتىمەن ، بىراق يۈگۈرگۈدەك ماجالىم يوق . ئاخىر شۇنى چــۈشــەنــدىــم يــەتــتــمــكــى ، يۈگۈرۈشمۇ ھېچقانداق تولۇقلىما بولالمىغۇدەك ، ھەرقانچە ئىتتىك يۈگۈرگەن بىلەنمۇ ، تەقدىرنىڭ بىر قول ئىشارىتىچىلىكمۇ بولالمىغۇدەك . ھازىر مەن تەقدىرگە تەن بەرگەن ئادەتتىكى بىر ئەر . ياغاچ ساندۇق شۇنداق ئېغىر ، مېنى بــېــســىــپ تۇرىدۇ ، بىلىمنى رۇسلىيالمايۋاتىمەن . جۇڭ ئۇستام يادىمغا يەتتى ، ئۇنىڭ ياغاچ ساندۇقنى يۈدۈپ ئىشىكىمىزگە كەلگەن چــاغلىرى ئېسىمگە كەلدى ، ئۇنىڭ رۇسلىيالماس بولۇپ قالغان دۈمچەك قامىتى ۋە قېقىلىپ يۆتىلىشلىرى كۆز ئالدىمغا كەلدى . ئۇنىڭ چىرايى مۇلايىم ، تەمكىن ئىدى ، ئازراق ئىنتىلىشى باردەك قىلسىمۇ ، ناھايىتى سۇس ئىدى .

مــانا ھازىر مەن ئۇنىڭغا تامامەن ئوخشاپ قالدىم . ئىشىك ئــالــدىــغــا كــېــلــىــپ ، ياغاچ ساندۇقنى يەلكەمدىن چۈشۈردۈم ، بەللىرىمنى ئاستا ـ ئاستا رۇسلىدىم . ئىشىكنى چەكتىم ، تاڭ ... تاڭ ... تاڭ ... ئىشىك چەككەندىكى ئاۋاز يۈرەكلىرىمنى چەككەندەك بىلىندى ، كۆڭلۈم ئاجايىپ يېرىم بولدى .

ئــوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال مايلىق كۈنلۈكنى كۆتۈرگىنىچە ئىشىكنى ئاچتى . ئۇ بەلكىم خۇاخۇا چۈن چىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ياللىغان مالاي بولسا كېرەك . ئۇنىڭدىن : «سىز جۈەن ھــەدىــمــۇ» دەپ ســورىــسام ، ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى ھەم مېنىڭ شياۋشىڭ بەگزادە ئىكەنلىكىمنى قىياس قىلىپ تېپىۋالدى .

زالــغــا كىردىم ، ئىچى غۇۋا . ھەر قېتىم يامغۇر ياغقاندا ، ئۆينىڭ ئىچى كۆك پۇراپ قالاتتى ، بۇ پۇراق ماڭا تونۇش . ئۆيدە پەقەتلا دېگۈدەك ئۆزگىرىش يوق ، ئولتۇردۇم ، جۈەن ھەدە ئىسسىق چاي كۆتۈرۈپ كىردى . چايدىن بىر ئوتلاپ ، ئۇنىڭغا : «چۈن چىنى كۆرۈپ چىقاي» دېدىم . بۇ چاغدا ئۇ :

— چۈن چى خېنىم كېتىپ قالدى ، — دېدى .

گېلىمــغا بــىرنېــمە تــۇرۇپ قــالــغانــدەك ، گەپ قىلالماي

قالدىم — چۇن چى كېتىپ قالدى، ئۇ بۇ يەردىن كەتكەنىمدۇ ياكى بۇ دۇنيادىن كەتكەنىمدۇ، ئۇقالمىدىم، سوراشقىمۇ پېتىنالمىدىم.

جۇەن ھەدە، چۇن چىنىڭ ئىلگىرى قاتتىق بىر ئاغرىغانلىقىنى، ئۆلۈپ كەتكىلى تاسلا قالغانلىقىنى، كېيىن يەنە ياخشى بولۇپ كەتكەنلىكىنى، پۈتۈنلەي ساقايغاندىن كېيىن دېڭىزغا قۇلۇلە قېپى ئىزدەپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى، ھەرقانچە قىلىپمۇ تۇتۇپ قالالمىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

بېشىمنى ئاستا لىڭشىتتىم. گەرچە كۆڭلۈم بەك يېرىم بولغان بولسىمۇ، بىراق خېلى يېنىكلەپ قالدىم. چۇن چىنىڭ تەقدىرىگە مۇشۇ سۇ ئىلاھى ئوردىسى قۇلۇلىسى بىلەنمۇ سۈركىلىپلا ئۆتۈشۈپ كېتىش پۈتۈلگەن بولسا كېرەك.

چۇن چىنىڭ ئۆيىگە كىردىم. ئۆي ئىچىگە ئېغىزى ئوچۇق ياغاچ ساندۇقلار توشۇپ كېتىپتۇ — قۇلۇلە قاپلىرى ساندۇقلارغا رەتلىك تىزىلىپتۇ، قۇلۇلە قاپلىرىنىڭ ھەممىسى سىلىقلانغاچقا، بەكمۇ پارقىراق ئىدى، ئۆينىمۇ يورۇتۇۋەتكەنىدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان چۇن چىنىڭ يىغقان قۇلۇلىلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە بولسا كېرەك. ئۇ مېڭىش ئالدىدا رەتلەپ قويۇپتۇ-دە.

جۇەن ھەدىنىڭ ئېيتىشىچە، چۇن چى كېسىلى ئېغىرلاشقاندا، ھەمىشە بېشىنى خۇددى يېرىلىپ كېتىدىغاندەك قاتتىق ئاغرىيدۇ، دەيتتىكەن. بىراق، ئۇنىڭ كېسىلى تولىمۇ غەلىتە بولۇپ، نۇرغۇن تېۋىپلارمۇ نېمە كېسەللىكىنى تاپالماپتۇ، دورا بېرىشكىمۇ پېتىنالماپتۇ. بىراق، چۇن چى ھەقىقەتەن ئاشۇنداق ئازابلىنىپتۇ: تىت-تىت بولۇپ تۇرالمايدىكەن، كارىۋاتتىن دومىلاپ چۈشۈپ كېتىدىكەن، يامغۇر ياغقان چاغلاردا بولسا، يۈگۈرگىنىچە گۈللۈككە چىقىپ ئۆزىنى يامغۇرغا تۇتىدىكەن. ئۇ، تېنىمدىكى نەرسە ئىچىگە پاتماي تېشىپ چىقىدىغاندەكلا قىلىدۇ، دەپتىكەن.

بىلىمەن، ئۇ دەل ئەسلىمىلەر.

جۇەن ھەدە يەنە مۇنداق دېدى، كېيىن چۇن چى ئۇنىڭغا بىر ياغاچ ئىدىشقا لىق سۇ قۇيدۇرۇپتۇ، تۇڭنىڭ ئاستىغا بىر قەۋەت

قۇلۇلە قاپلىرىنى يېيىتىپتۇ، بۇ ئىدىشنى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇۋېلىپ، كۈن بويى ئۇنىڭغا چىلىنىپ ئولتۇرىدىكەن. بارماقلىرىنى يىڭنە بىلەن سانجىپ تېشىپتۇ، ئەتىۋارلىق قىزىل يوللۇق قۇلۇلىنى ئۈستىگە قويۇپ، ئۇلار بىلەن بىرگە چىلىنىپتۇ. مۇشۇنداق نەچچە كۈن چىلانغاندىن كېيىن، ئاشۇ قىزىل يوللۇق قۇلۇلە قاپلىرى تېخىمۇ قىزىرىپتۇ، چېكىتلىرىمۇ كۆپىيىپتۇ. جۇەن ھەدە بۇنىڭ قانداق غەلىتە چارىلىكىنى چۈشىنەلمەپتۇ، بىراق ئۇ ھەقىقەتەن ئۇنۇمىنى كۆرسىتىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چۈن چېنىڭ كېسىلى بارا - بارا ئوڭشىلىپ كېتىپتۇ، كېسىلىنىڭ تۇتۇش قېتىم سانىمۇ ئازىيىپتۇ.

بېشىمنى لىڭشىتتىم. مېنىڭچە، ئۇ قۇلۇلە قاپلىرىغا بارماقلىرىدىكى قانلىرىنى شۈمۈرتۈۋېتىش ئارقىلىق، ئۇنىڭغا چىرمىشىۋالغان بەزى ئەسلىمىلەرنى چىقىرىۋەتمەكچى ياكى سۇسلاشتۇرماقچى بولغان. قۇلۇلە قېپى دېگەن دېڭىزدىكى قاشتېشى. خۇددى قاشتاشتەك، قۇلۇلە قېپى بىلەن ئەت سۈركەلگەندە، قاندىن رەڭ ئېلىپ، ئەت ئىچىدىكى ئىسسىقلىقلارنى سۈمۈرۈپ، ئەسلىمىلەر كۆيدۈرۈۋاتقان تەننى سوۋۇتىدۇ. ئەسلىدە مۇشۇنداق قان قويۇپ بېرىش ئۇسۇلى ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قاپتۇ - دە.

چۈن چى بىر قىسىم ئەسلىمىلىرىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن سەل يېنىكلەپ، يەنە ئىزلەش سەپىرىنى باشلاپتۇ.

## 4

ھېلىقى ياغاچ ئىدىشنىڭ قېشىغا بېرىپ قاراپ باقتىم. جۇەن ھەدە ئۇنى ھويلىغا يۆتكەپ ئاچىقىپ قويۇپتۇ، ئىچىدە بىرنەچچە پارچە پاقىئوتى لەيلەپ تۇراتتى. پاقىئوتىنى قايرىۋېتىۋىدىم، تېگىدە چۆكۈپ ياتقان قۇلۇلە قاپلىرى كۆرۈندى. ئۇلار چۈن چى ياخشى كۆرىدىغان قىزىلگۈل مەرۋايىت قۇلۇلە قاپلىرى ئىدى. كۈل رەڭ كۆكۈچ قۇلۇلە قېپى يۈزىگە جىگەر رەڭ تەڭگىچىلەر پەيدا بولغان،

سۇ ئاستىدا تىپتىنچ ياتاتتى ، خۇددى تەۋرىنىپ تۇرغان سۇ ھالقىلىرىدا نەپەس ئېلىۋاتقان يەر بېغىرلىغۇچى قۇرتلارغىلا ئوخشايتتى . ئۇلارنى سۆزۈۋالدىم .

قۇلۇلە قاپلىرىنى ئوقۇشقا باشلىدىم ، بىراق ئۇنىڭ سىزىقلىرىغا مۆكۈنگەن ئەسلىمىلەر ناھايىتى سۇس بولغاچقا ، يېنىش ـ يېنىشلاپ ، زېھنىمنى يىغىپ ئوقۇساممۇ ، ئۇنىڭدا چېچىلىپ ياتقان ئەسلىمىلەرنى تېرىۋېلىشىم بەكلا تەسكە چۈشتى . ھەر كۈنى ئۇلار بىلەن ھەپىلەشتىم ، قايتا ـ قايتا ئىشىك چەكتىم ، بىراق ئۇلار ئۆلۈكتەكلا تىمتاس تۇراتتى .

يەنە بىرمۇنچە كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى . بىر كۈنى كەچ ، قۇلۇلە قاپلىرىنى سىلاپ ھېچقانچە ئەسلىمىلەرنى يىغالمىغاچقا ، ئاخىر چارچاپ ئۇلارنى سىقىملىغىنىمچە ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن . ئەمما ، چۈشۈمدە يەنىلا مۇشۇ قىزىلگۈل مەرۋايىت قۇلۇلىلىرىنى سىلاۋاتقۇدەكمەن ، ئۇلار ئالىقانلىرىمدا ئاستا ـ ئاستا ئېرىپ ، يېيىلىپ ، بىردەمدىلا ئوت يالقۇنىدەك يېلىنجاۋاتقۇدەك . ئوت يالقۇنى ئىچىدە چۈن چىنىڭ تىرىسى يېيىلىپ تۇرغۇدەك ، تېرە خۇددى فارفور ئۇستىخاندەك ئوتتا ئاستا ـ ئاستا كۆيۈپ ، كۆيگەنسېرى ئاقىرىپ ، سۇپسۈزۈك پارقىراپ كېتىۋاتقۇدەك . پېشانىلىرىمنى ئۇنىڭغا تىرەپتىمەن ، بۇرنۇمنى سۈركەپتىمەن ، لەۋلىرىمنى تەگكۈزۈپتىمەن . چۈشۈمدىن ئويغىنىپ كۆزۈمنى ئاچسام ، قىزىلگۈل مەرۋايىت قۇلۇلىسى ئۇستىدىكى جىگەر رەڭ تەڭگىچىلەرنىڭ قىپقىزىل رەڭگە كىرىپ ، لۆمۈلدەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم . قانلىرىم تېپچەكلىدى ، بۇ قۇلۇلە بىلەن ئاشۇ پاراسلاپ كۆيۈپ قاقشال بولۇپ كەتكەن تېنىمنى ئوزۇقلاندۇرۇشقا ئالدىرىدىم …

قىزىلگۈل مەرۋايىت قۇلۇلىسى تەنلىرىمگە سۈركىلىپ ئۆتكەندە ، ئۇنىڭدىكى ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان قاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم . ھەربىر تال تۈكلىرىممۇ بۇ قاندىن نەمدىلىپ پارقىراپ كەتتى . ئۇنىڭ ئەڭ ئىچكى قىسىملىرىغىچە كىرىپ ، بۇ قانغا

مىلەنگەن ئەسلىمىلەرنى قېزىپ چىقتىم . ئۆمرۈمدە ھېس قىلىپ باقمىغان ھۇزۇر ئىلكىدە چۈن چىنىڭ يېرىم ئۆمرىدىكى ئەسلىمىلىرىنى ئوقۇپ چىقتىم . دادام ، ئاپام ، ئۆزۈمنىڭ دۇنياغا كېلىشتىكى غەلىتە سەزگۈزەشتىم بىلەن تونۇشۇپ چىقتىم… قۇلۇلە قېپى ئېلىپ كەلگەن ھۇزۇردىن سۇغۇرۇلۇپ چىققان ھامان ئۆزۈمنى شۇنچىلىك ئاجىز ، بىچارە ھېس قىلدىم . كارىۋاتتا تۈگۈلۈپ يېتىپ ، ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتىم . شۇنچىلىك ئازابلىق يىغلىدىمكى ، خۇددى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقتەك — ياق ، بۇ دەل تۇغۇلغان چېغىمدىكى يىغام ، پەقەت كېيىن بولۇپ قالدى ، خالاس .

چۈن چى ئىزچىل ئېسىپ يۈرگەن پىچاقنى تېخى تۆگە ئىلگىرى ئۇنىڭغا بەرگەن سوۋغا دەپ قاراپتىكەن (تۆگىنى دادا دەپ ئاتاشقا پەقەت ئادەتلىنەلمىدىم ) ، ئەمما ئۇ لى لىپېنىڭ ئىكەن . تۆگىنىڭ ئۇنىڭدىن چوڭراق بىر پىچىقى بار ئىكەن ، تۆگىنىڭ قاش - كۆزلىرىمۇ لى لىپېگە ئوخشاپ كېتىدىكەن — مېنىڭچە ، لى لىپې ئېيتقان چوڭ ئاكىسى دەل ئۇ بولسا كېرەك .

تۆگە چۈن چىنىڭ بويىدىكى لى لىپېنىڭ پىچىقىنى كۆرۈپ ، ئۇنى لى لىپې بىلەن ئالاقىسى بار ئىكەن ، دەپ بىلگەن . ئەپسۇس ، چۈن چى ھېچنېمىنى ئەسلىيەلمىگەن . شۇڭا ، تۆگە چۈن چىنى ئەسلەشكە قىستىغان . شۇ چاغدا تۆگىنىڭ ليەنيەن ئارىلىدا ھەربىر جەسەتنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ قارىشى ئىنىلىرىنى تېپىش ئۈچۈن ئىدى .

ئۇلارنىڭ ھېكايىلىرىنى ئاخىر يىپقا مارجان ئۆتكۈزگەندەك ، تىزىپ ، رەتلەپ چىقتىم . ئۇلارنىڭ باش - ئاخىرلىرى جىپسىلىشىپ ، گۈزەل بىرقۇر مارجانغا ئوخشىدى .

بىراق ، ئۆزۈمنى قەيەرگە قويۇشنى بىلەلمىدىم .

مەن پەقەت بۇ گۈزەل بىرقۇر مارجاندىن ئايرىلىپ قالغان بىر تال مارجان ، مۇشۇ ھېكايىلەرنى خاتىرىلەش ئۈچۈن يارالغان ، مانا بۇ دەل مېنىڭ بۇرچۇم .

ئۆزۈم ئەكەلگەن سۇ ئىلاھى ئوردىسى قۇلۇلىسىنىمۇ ئېلىپ

چىقتىم . چۈن چىنىڭ بارلىق ئەسلىمىلىرى مۇشۇ ئۆيگە يىغىلدى . مەن ئۇلار بىلەن كېچە ـ كۈندۈز بىللە ، ئۇلارنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ چىقتىم ، تاكى ئۇلار مېنىڭ ئەسلىمىلىرىم بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەنگە قەدەر .

ئۈچ ئاي ئۆتۈپ كەتتى ، بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاقتۇ ، ئۆيدىن چىقتىم ، يورۇقلۇقنى كۆرگۈم كەلمىدى ، ئاسمانمۇ قېرىپ كەتكەندەك بىلىندى .

5

چۈن چى قايتىپ كەلمىدى . مەنمۇ ئۇنى بۇرۇنقىدەك سېغىنماس بولدۇم ، چۈنكى ئۇنىڭ بارلىق ئەسلىمىلىرىگە ئىگە بولغاندىن بۇيان ، ئۆزۈم ئۇنىڭ بىلەن بىرىكىپ كەتتىم ، ئۇنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى ھېس قىلالايدىغان بولدۇم ، ئۇنىڭ ناھايىتى ياخشى ياشاۋاتقانلىقىنى بىلەلىدىم . مۇبادا ئۇنى كۆرسەممۇ ، ئەكسىچە ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغان بولاتتىم ، چۈنكى ھېلىقى سۇ ئىلاھى ئوردىسى قۇلۇلىسىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىشىم كېرەك ياكى كېرەك ئەمەسلىكىنى بىلمەيتتىم .

كېيىن يەنە بىر قېتىم مالايا تاقىم ئاراللىرىنى كېزىپ چىقتىم ، بۇ ھەرگىزمۇ ئۇنى ئىزدەش ئۈچۈن ئەمەس ، پەقەت چۈن چىنىڭ ئەسلىمىلىرى يۈز بەرگەن جايلارنى ئايلىنىپ كەلگۈم كەلدى . لومبوك ئارىلىغا كەلگىنىمدە ، دادام تۆگىنىڭ قەبرىسىنى تاپتىم . ئىپتىشلارغا قارىغاندا ، ئەينى يىلى دادام سانغۇن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى قەبرىنى يوشۇرۇنچە قاتۇرۇپ قويۇپتىكەن . لومبوك ئارىلىدا خېلى تۇرۇپ قالدىم . ئاپام سۆك سۆك ھەققىدىمۇ نۇرغۇن ھېكايىلەرنى ئاڭلىدىم . يەرلىك ئاھالىلەر ئۇنى تازا ياقتۇرمايدىكەن ، نۇرغۇن ھېكايىلەرنىڭ ھەممىسىدىلا ئۇ بىر ھالاكەت ھىدىنى ئېلىپ دادام ۋە قەبىلىگە يېقىنلىغان گۈزەل جادۇگەر بولۇپ چىقتى . ئۇلار تېخى ، سۆك سۆك كېيىن گۈندىپاي بىلەن هارامدىن بىر بالىلىق

بولغان، دېيىشتى.

لومبوك ئارىلىدىن كېتىشىمدە ئولتۇرغان كېمىنى ھەيدەيدىغان قىرانىغا يەتكەن ئەر ئۆزىنى زاۋاللاشقان ئاق سۆڭەك دەپ ئاتىۋالغان ئادەم ئىكەن. ئۇ ناھايىتى بەستلىك بولسىمۇ، كۆزلىرىدىن مەيۈسلۈك چىقىپ تۇراتتى. كېمىدىن چۈشىدىغان چېغىمدا ئۇنىڭغا بىرنەچچە تەڭگىنى ئارتۇق بەرسەم، ئۇ بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى، پرىستاندا ساقلايدىغانلىقىنى، باشقا جايغا بارسىمەن دېسەممۇ ئاپىرىپ قويىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ قويدۇم، ئۇنىڭغا زەن سېلىپ قاراپ كەتتىم. ئۇنىڭغا سەپىرىمنىڭ ۋاقتى - قارايىنىڭ يوقلۇقىنى، شۇڭا ساقلىماي مېڭىۋېرىشنى ئېيتتىم. ئۇ بىرمۇنچە تەكەللۇپ سۆزلىرىنى قىلىپ، كۆزى قىيمىغان ھالدا كەتتى. قىرغاقتا بۇ قېرىنداشىمنىڭ سىيماسى كىچىكلەپ، ئۇپۇق سىزىقىدىكى ئاشۇ بىر توپ چايكىلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتكۈچە قاراپ تۇردۇم. كۆزلىرىمنى يۇمۇپ، خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىلا، ئاندىن بۇ قېرىنداشىمنىڭ كۆزلىرىدىكى مەيۈسلۈكنى ئۇنتۇيالىدىم.

لىيەنيەن ئارىلىدىكى چىركاۋدا بىر قېتىم ئىبادەتكە قاتناشتىم. ئاندىن پوپ ئاللېن بىلەن چۈشلۈك تاماقنى بىرگە يېدىم. پوپ دادىسى قازا قىلغاندىن كېيىن، ئاللېن ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، بۇ يەردە تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇ بىر گەۋدىلىك گوللاندىيە ئوغلانى ئىكەن، بومبا ساقال، بوم ئاۋازلىق. ئۇ مەن بىلەن ئىلگىرىكى ئىشلارنى ئەسلەپ، ئاپامنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشقانلىقىنى، ئۇ جازىبدار ئايالنىڭ يامغۇردىن كېيىنكى نەم تۇپراقتا كۆمۈلگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ يەنە ئەينى ۋاقىتتا ئاپىسىنىڭ مېنى تولىمۇ بېقىۋالغۇسى كەلگەنلىكىنى، بۇنىڭ ئاپامغا ئېچىنغانلىقتىنلا ئەمەس، مېنىڭدە تۆتتىن بىر ئۈلۈش گوللاندىيە قېنى بولغانلىقى ئۈچۈنلۈكىنىمۇ ئېيتىپ بەردى. بىراق، مەن پوپتىن بەكلا ياتسىراپتىمەن، پوپنىڭ قېشىدا بىر مىنۇتمۇ تۇرغۇم كەلمەپتۇ. بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭ

دادىسىنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بوپتۇ. بۇلارنى ئاڭلاپ سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم. نېمىلا دېگەنبىلەن شۇنچە يىللاردىن بۇيان ماڭا غەمخورلۇق قىلغان ئادەملەر ساناقلىقلا ـ دە، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئاشۇ پوپ ئىكەن ئەمەسمۇ، ھاياتىمنىڭ تۇنجى مىنۇتلىرىدا ماڭا ئىللىق قولىنى ئۇزىتىپتىكەن ئەمەسمۇ. ئىختىيارسىز، مۇبادا پوپنىڭ قېشىدا قېلىپ قالغان بولسام، قانداقراق ئادەم بولار بولغىيدىم، ئالدىمدىكى ئاللېنىدەك ئادەتتىكىچە، ئەمما جۇشقۇن ئادەم بولار ئىدىممۇ ياكى ھېلىقى كېمە ھەيدەيدىغان قېرىندىشىمدەك سەۋرچان، ئەمما نادان ئادەم بولۇپ قالار بولغىيدىممۇ؟ مەن پەقەت مۇشۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن كۈنلەرنىڭ سەل تېزرەك ئۆتىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. چۈنكى، ئاللېن ھەمىشە ۋاقىت ئۇچقاندەك ئۆتۈپتۇ، دەيتتى. ئۇ يەنە ماڭا قاراپ ھەيرانلىقتا يېنىش ـ يېنىشلاپ تەكرارلايتتى:

— ھەش ـ پەش دېگۈچە مۇشۇنچە چوڭ بولۇپ كېتىپسىز.

## 6

داۋاملىق مالايا تاقىم ئاراللىرىدا ئايلىنىپ يۈردۈم. كېيىن چۈن چىنىڭ خەۋىرىنىمۇ ئالدىم: چۈن چى مالايا تاقىم ئاراللىرى ئىچىدىكى مەلۇم ئارالغا بارغاندا، ئۇ يەردە ۋابا تارقىلىپ كېتىپ نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئاشۇ يەردىكى مۇساپىرلار لاگېرىدا، ئۇ كېسەل ئازابىدا ئىڭراپ ياتقان باللارنى ئۇچرىتىپتۇ. ئۇلار ئۇيقۇلۇقتا ئارامخۇدا ئۆلۈپ كېتىشكە رازى ئىكەن، لېكىن ئاغرىق ئازابىدا زادىلا ئۇخلىيالمايدىكەن. چۈن چى ئۇلارغا بەزى كۆڭۈللۈك ئەسلىمىلەر قاچىلانغان قۇلۇلە قاپلىرىدىن تارقىتىپ بېرىپتۇ. چۈن چى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى ئېتىۋېلىپ، بارماقلىرىنى قۇلۇلە قاپلىرىغا يېنىككىنە سۈركىتىپتىكەن، ئەسلىمىلەر سۈزۈك بۇلاق سۈيىدەك ئۇلارنىڭ قاقشال تېنىگە كىرىشكە باشلاپتۇ. باللار كۆيۈۋاتقان كۆزلىرىنى ئاچقىنىدا، يۇلتۇزلارنى، گۈل ـ گىياھلارنى ھەم ئەما ئايالنىڭ پەرىشتە سۈپەت چىرايىنى كۆرۈپتۇ.

يەنە بىر كۈن ئۆتتۈپتۇ ، ئۇلار ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلۇپتۇ . بالىلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ ، ئۇنىڭ قىپقىزىل تاپانلىرىغا سۆيۈپتۇ ، ئۇنى ئۇلۇغ ئانا دەپ ئاتىشىپتۇ .

كېيىن ، مالايا تاقىم ئارالىرىنىڭ ئەڭ شەرقىدىكى بىر ئارالدا ، قىسقا بىر مەزگىل قۇلۇلە قېپى پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان بىر دۆلەت شەكىللىنىپتۇ . ئۇ يەردىكى خەلقلەر تېرىقچىلىق قىلمايدىكەن ، ئوۋچىلىقمۇ قىلمايدىكەن ، پەقەت ياۋا مېۋىلەر بىلەن ئەپلەپ - سەپلەپ قورساق تويدۇرغاندىن باشقا ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسىدە قۇلۇلە قېپىلا يىغىدىكەن . ئۇلار قۇلۇلە قاپلىرى ئىچىدىكى ئەسلىمىلەرگە مەپتۇن بولۇپ كېتىدىكەن ، باشقىلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى قوبۇل قىلىپ ، ئۆز تۇرمۇشىغا دەسسىتىدىكەن . مول شېرىن ئەسلىمىلەرگە ئېرىشكەن كىشىلەر بايلار ئىكەن ، نامراتلار پەقەت قىرغىنچىلىق ، ئۇرۇش خاتىرىلىرىگىلا ئىگە بولالايدىكەن . ئۇ بىر بۇرۇقتۇرمىلىق ۋە بىخۇدلۇققا تولغان دۆلەتمىش ، ئەسلىمىلەر ھەربىر ئادەمنىڭ خۇمارى ، ھەربىر ئادەمنىڭ زەھەرلىك دورىسى ئىكەن .

مەن شۇنداق بىر ئارالنىڭ بارلىقىنى ئوقۇپ ، قۇلۇلە قېپى سودىگىرى سالاھىيىتى بىلەن زىيارەت قىلماقچى بولۇپ يولغا چىقتىم . بىراق ، يېرىم يولدا بوران - چاپقۇنغا يولۇقۇپ ، كېمە ئۆرۈلۈپ كېتىپ ، مەلۇم ئارالدا تۇرۇپ قالدىم . كېيىن قايتىدىن رۇسلىنىپ ئۇ ئارالغا بارغىنىمدا ، بۇ قۇلۇلە دۆلىتى گۇمران بوپتۇ . بەزىلەر كونا قەلئەدىكى تاشلاندۇق خىش - كېسەكلەر ئارىسىدا بىر ئەما ئايالنىڭ جەسەتلەر ئۈستىدىن قۇشتەك ئاتلاپ ئۇچۇپ يۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا چېچىلىپ ياتقان ، قوللىرىدا سىقىمىلىنىۋالغان قۇلۇلە قاپلىرىنى تېرىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپتىكەن . قۇلۇلە قېپى دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلغان لەشكەرلەرمۇ قىزىل تاپانلىق بۇ ئايالنىڭ غۇلاپ چۈشكەن لىم ياغاچ ۋە جەسەتلەر ئۈستىدە ئۇسسۇل ئويناپ يۈرگىنىنى كۆرۈپتىكەن .

ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرمەپتۇ ، ئۇ زاۋاللاشقان دۆلەتنىڭ ئەڭ

ئاخىرقى بىر ئىلىم قېنى سوپىتى بىلەن هايات قاپتۇ.

خەنجەردەك قۇياش نۇرىدا، لەشكەرلەر ئەما ئايالنىڭ سەۋدايىلارچە قۇلۇلە قاپلىرىنى يىغىشىغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ؛ ئۇلار ئۇنى قانداقمۇ چۈشەنسۇن — ئۇ دېگەن بۇ دۇنيادىكى ئەڭ باي ئايال.

# مەن بىر چۈشپەرەس، چۈش سېتىپ جاھاندارچىلىق قىلىمەن

(خاتىمە)

## قۇقۇلە قىپى

*بالىلىق چاغلىرىمدا، بىر ئوغۇل بالىنىڭ ئۆزىدىن چوڭ بىر ئايالغا بولغان مۇھەببىتىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «مەن ئۇنىڭ كىيىمىدىكى ھەربىر قاتلاقلارنىمۇ ياخشى كۆرىمەن، ھەتتا يول ماڭغاندا ئېتىكى تېقىملىرىغا سۈركەلگەندە چىققان ئاۋازنىمۇ ياخشى كۆرىمەن.» ئۇنىڭ بۇ گەپلەرنى قىلغان چاغدىكى تىترەپ چىققان ئاۋازى ۋە تومۇر ـ تومۇرلىرىدىن بالقىپ چىققان ھېسسىياتىنى تا ھازىرغىچە ئۇنتۇغىنىم يوق. ئاشۇ ئايالغا بەكمۇ ھەۋەسىم كەلدى. مەيلى ئۇنىڭ ھايات يولى قانچە ئەگرى ـ توقاي، ئوڭۇشسىز بولسۇن، بىر بالىنىڭ مۇشۇنداق سۆيۈشىگە نائىل بولالىغانىكەن، ئۇنىڭ ئۆمرى زايە كەتمەيتۇ.*

*ئوغۇل بالا مىس رەڭ چاچلىق بىر ئايالنىڭ ناخشىسىنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى مۇھەببەت ئەڭ ئۇلۇغلانغان بىر پلاستىنكىنىڭ ئىسمى «يانار تاغ ئىلاھەسىگە ئۆزىنى ئاتىغان بالا» (Boys For Pele).*

## موكا سېلىش

*مەجنۇن ئايال جاھاندىكى ئەڭ گۈزەل جانىۋار، دەل مۇشۇ سەۋەبلىك ئۆزۈمدىن يىرگىنىشكە ئامالسىزمەن.*

*مەن ئاشۇ ۋەيرانە بىر دۆۋە ۋولقان تۈۋىدە ساقلاشقا رازى، تاكى يۈزلىرىم قۇرۇپ قورۇلۇپ، ئاخىردا قوشۇپ دەپنە قىلىنىدىغان قەغەز ئادەم بولۇپ، قەبرىگە كىرىپ كەتسەممۇ، ھەتتا*

قايسى بىرىنىڭ مېنىڭ ھاياتىمنى تراگېدىيىگە چىقىرىۋېتىشىگە رازىلىق بەرسەممۇ .

### ئەينەك سىلىقلاش

مەن ئوغۇللارنىلا ياخشى كۆرىمەن ، قىزلارنى ياخشى كۆرۈشكە ئامالسىز . بىراق ، ئەڭ جاپالىق چاغلىرىمدا ماڭا ھەمراھ بولغانلار قىزلار بولدى ، ئەمما ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلالمىدىم .

ئۇ قىزلارنىڭ ھەممىسى ئۇن - تىنسىز ئايرىلدى . مەن پەقەتلا سەزمەيتىمەن ، تاكى مەلۇم بىر كۈنى ئەتىگىنى چۆچۈپ ئويغىنىپ ، كۆرگىنىم پەقەت قۇپقۇرۇق ئەينەكلا بولدى ، كۈن نۇرى ئاستىدا كېتىۋاتساممۇ ، يەردە ماڭا يول باشلايدىغان سايەمنى كۆرەلمىدىم .

### قەغەز سار

بۇ بىر ھالاك بولۇشقا ئائىت ھېكايە . ئېتىقادنىڭ ھالاك بولۇشى ، ھاياتلىقنىڭ غۇلاپ چۈشۈشى .

نۇرغۇن كىشىلەر دىنغا كىرىش ياكى دىندىن چېكىنىش ئوتتۇرىسىدا ئالدى - كەينىگە دەسسىشىپ قېلىشىدۇ . چېركاۋدا چوقۇنۇۋاتقان مۇراسىمنى كۆرگىنىمدە ، ھەقىقەتەن ئاشۇ يۇقىرىدىن ئۆزۈمنى پەسكە تاشلاشنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتىم . بۇ ھۆرمەتسىزلىكتە چېكىگە يەتكەن خىيال ئاشۇ دەقىقىلەردە مېنى ناھايىتى خۇشال قىلىۋەتتى .

يامانلىقنىڭ تۇغۇلۇشى بىزنىڭ ئىشەنگۈمىز كەلمىگەنلىكىمىزدىن بولىدىكەن . بارلىق قارا نىيەتلەرنىڭ مەنبەسى ئۆزىنى قوغداشكەن . غەربىي شىمال تەرەپنىڭ ئاسمىنىدا زادى پەرىشتە بارمىدۇ؟ ھەر كۈنى بىرمۇنچە باللار تولۇپ تاشقان ئارزۇلار بىلەن باشلىرىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا باققاندا ، يامغۇر سۈيى كۆزلىرىنى نەمدەيدۇ . كۆز چاناقلىرىدىكى ياشلىرى قۇرۇغاندا ، ئۇلارمۇ چوڭ ئادەم بولۇپ قالىدۇ .

### قاشتېشى تېرىش

مەن كونا دوستلۇقنى بەكمۇ ئەسلەيمەن ، ھېچنېمىنى تاشلىغۇم كەلمەيدۇ ، شۇڭا ئاداۋەتنى ، قەرزنى ، ھەممىسىنى

تومۇرلاردىن ئانا تېنى ئارقىلىق بوۋاق تېنىگە يەتكۈزدۇم .
ياز ئاسمىنىدىكى پارقىراق قوشقۇز ئەما قىزنىڭ كۆزىنى يورۇتالمايدۇ ، لېكىن يىگىت ئاللىقاچان ئۆزىنىڭ بۇرچىنى يۇدۇپ بولغا چىقىپ كەتتى .

## خۇشبۇي مۇشۇك

قەھۋە پۇرچىقى خۇددى يۇپيۇمىلاق مەرۋايىتتەك مۇشۇكنىڭ قورسىقىدا ، مۇشۇكنىڭ تېنى ئۇنىڭ نەپسىگە ئەگىشىپ بىر كۆتۈرۈلسە ، بىر پەسەيمەكتە . خۇددى گۈلدۈر - گۈلدۈر مېڭىۋاتقان ماشىنىدەك قالتىس .
تۇنجى قېتىم مۇشۇكنىڭ تەرتىدىن تېرىۋېلىنغان قىممەت باھالىق مۇنداق قەھۋەنى ئاڭلىغىنىمدا ، كۆز ئالدىمغا نەچچە يۈز يىل ئىلگىرىكى ئاشۇ خۇشبۇي مۇشۇكنىڭ تەقدىرىنى ، پىچاق كۆتۈرۈپ تۇرغان يىگىتنىڭ تىك تۇرغان قىياپىتىنى كۆرگەندەك بولغان .
چوقۇم مۇشۇنداق ھېكايىلەر يۈز بەرگەن ، ھەرقانداق بىر قىممەتلىك بۇيۇمنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئارقىسىدا ، نەچچە قېتىملىق قان تۆكۈلۈشلەر ۋە قىرغىنچىلىقلار بولىدۇ .

## كېمە كۆيدۈرۈش

كىچىك ۋاقتىمدا «ئىنجىل» دىكى نۇرغۇن ھېكايىلەرنى ئاڭلىغان . كېيىن ئېسىمدە ئەڭ ئېنىق قالغىنى ، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى بولدى . پۈتكۈل دۇنيانىڭ ھەممىسى ئۆكيان ئىكەن ، پەقەت بىر كېمىگىلا جۈپ - جۈپى بىلەن ھەر خىل ھايۋانلار سىغىنىپ دولقۇن يېرىپ كېتىۋاتقۇدەك .
كېيىن ، بۇ يەرلەر يېڭى جاھان ، يېڭى تۇپراققا ئايلىنىپتۇ ، كىشىلەر ئىلگىرىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ كېتىپتۇ .

بۇ يەردە بەزى تەشەككۈر سۆزلىرىنى قىلىۋېلىشنى لايىق تاپتىم . ئالدى بىلەن ئۆچمەس ھەمشىرەم يەن خېغا رەھمەت ئېيتىمەن ، ئۇ مۇشۇ كىتابنى يېزىپ بېرىشتىن باشقا ، قىلغۇدەكلا

يـاردەم بولسا قىلدى . ئۇنىڭدىن ئايرىلغان بولسام قانداق قىلار بولغىيدىم؛ مەڭگۈلۈك كىچىك ھەمراھىم ماۋ ماۋغا رەھمەت ، ئۇ بىـر كـۆلكىسى گۈلدەك پەرىشتە؛ يىراق شياڭگاڭدىكى ياخشى دوسـتـۇم گـې لـيـاڭـغىمۇ رەھمەت ، ئۇ بۇ كىتابىمنىڭ تۇنجى ئـوقـۇرمـىـنى ، ئۇنىڭ بەزى تەكلىپ ـ پىكىرلىرى رومانىمنىڭ ئـىـنـچـىكە ھالقىلىرىغا سىڭدۈرۈلدى؛ ئايالىغا رەھمەت ، ئۇنىڭ زەربىلىرى ۋە ئىنكارلىرى ماڭا مەدەت بولدى ، مېنىڭ ئىنىرگىيە مەنبەيىم بولدى .

ئەلۋەتتە ، ئاتا ـ ئانامغىمۇ رەھمىتىم بار ، قەلبىمنىڭ ئەڭ زەئىپ ۋاقىتلىرىدا ، مەسىلەن ، ھازىرقىدەك مىنۇتلاردا ، ھەمىشە ئۇلارنى ئويلايمەن . ئەمەلىيەتتە ، ھېچ نەرسە ئۆزگەرگىنى يوق ، مەن يەنىلا يۈزۈمنى يۇغاندا ھەمىشە يېڭىمنى ھۆل قىلىۋالىدىغان كىچىك بالا . گەرچە دائىم ئۇلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان ئىشلارنى قىلسامىمۇ ، قەلبىمدە يەنىلا ئۇلارنى چوڭقۇر سۆيىمەن .

مـەن بـىـر چۈش ساتقۇچى ، نۇرغۇن كىچىلەرنى قەرەلسىز ئـىشلىتىپ ، ئۆزۈمنى قاراڭغۇلۇققا بەند قىلىۋالىمەن . لېكىن ، شۇنىسى ماڭا ئايان ، چۈشنى ھامان بىر كۈنى سېتىپ تۈگىتىمەن ، ئـاشـۇ چاغـدا ، كـۈن ۋاللىدە چاقناپ ، جاھان ئاجايىپ يورۇپ كـېـتـىـدۇ ، دۇنـيـا خـۇددى ئوپېراتسىيە سۈپىتىغا ئوخشايدۇ ، بىردەمدىلا ئاشۇ چۈش كۆرگۈزىدىغان بەزلەرنى كېسىپ تاشلايدۇ . ھوشۇمغا كەلگەن چېغىمدا يوپيورۇق بىر دۇنيانى كۆرىمەن .

نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئاخىر چۈشەندىم ، چۈش مېنىڭ ھاياتىمنىڭ بارلىقى ئەمەس ئىكەن . چۈش توختاپ قالسىمۇ بولىدۇ ، ئـەمما ھايات يەنىلا داۋاملىشىۋېرىدۇ ، بەلكىم تېخىمۇ جانلىقراق بولۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن . شۇغىنىسى ، ئۇ چاغدا ، سىلەر بىلەن مۇنداق پاراڭلىشالمايمەن .

بۇ كىتاب نۇر گېزىتى نەشرىياتىنىڭ 2006 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2006 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据光明日报出版社2006年11月第1版2006年11月第1次印刷本翻译出版。

# ئەقىدە

ئاپتورى: جاك يۆرەن
تەرجىمە قىلغۇچى: ئۆمەرجان ئامۇت
مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇنارجان توختاخۇن
مەسئۇل كوررېكتورلىرى: زەمىرە، سەنەۋەر
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ۋەلى زەيدۇن
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون: 0991—2827472
پوچتا نومۇرى: 830001
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 14.875
نەشرى: 2008 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2008 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1—3000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978—7—228—12203—5
باھاسى: 35.00 يۈەن